# زۇلمەتلىك تۇپراق

ئابلىمىت غوجابدۇللا قاراقاش (شەيخىم)



# زۇلمەتلىك تۈرمە

**ئابلىمت غوجابدۇللا قاراقاش(شەيخىم)**

رومانىدىكى ۋەقەلىك پۈتۈنلەي ئويدۇرما بولۇپ شەخسىنىڭ قىزىقىشىغا ئاساسەن يېزىلغان. ئەينەن ئېلىنغان جاي ئىسىملىرى سىيۇژىت تەلىپى بويىچە ئېلىنغان. ھەرگىز باشقا مەقسەت يوقتۇر.

تۇنجى رومانىمنى، تۇنجى ئۇستازىم ھەم دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئايال ئانام قەمەرنىساخانغا بېغىشلايمەن!

— ئاپتوردىن

# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب  ئەنسىزچىلىك ........................................ 1
ئىككىنچى باب  بىر مەيدان چېلىش ................................. 27
ئۈچىنچى باب  ئاشىق ........................................... 34
تۆتىنچى باب  يامان چۈش ........................................ 60
بەشىنچى باب  ئوچۇق كەتكەن كۆزلەر ............................... 68
ئالتىنچى باب  تىلتۇمار ئېسىلغان بۇۋاق ............................ 112
يەتتىنچى باب  ئىنىك ئانا ......................................... 145
سەككىزىنچى باب  مۇدھىش كۈنلەر .................................. 171
توققۇزىنچى باب  كونا خومداندىن قايتىش ............................ 209
ئونىنچى باب  بىنزىنىنىڭ كارامىتى .................................. 249
ئون بىرىنچى باب  ۋىلادىمىر ........................................ 275
ئون ئىككىنچى باب  بورھانبەگ ....................................... 300
ئون ئۈچىنچى باب  تۈركلەر ئىتتىپاقى ................................ 337
ئون تۆتىنچى باب  سىرلىق پۈتۈك .................................... 377
ئون بەشىنچى باب  ئۆلۈم ئەلچىسى .................................... 414
ئون ئالتىنچى باب  تەقدىرنىڭ چاقچىقى ............................... 442
ئون يەتتىنچى باب  سۈرە ياسىن ..................................... 479
خاتىمە ......................................................... 509

## بىرىنچى باب

## ئەنسىزچىلىك

1970-يىلى، ئامېرىكا

كىراۋىن ھەربىي ئىشلار تەتقىقات بازىسى ـ نامدا ھەربىي تەتقىقات ئورگىنى بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئامېرىكا ھەربىي تەرەپ ئەدلىيىسى تىزىملىكىگە كىرمىگەن بىي رەسمىي ھەربىي تۈرمە بولۇپ بىۋاسىتە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ «ئالاھىدە ئىشلار مەھكىمىسى»گە قارايتتى. يىللىق خام چوتى يەتتە مىليارد دوللاردىن ئاشىدىغان بۇ ئالاھىدە ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ تۆرلۈك خىزمەتلەردىكى نەتىجىسى بەزىدە مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ نەتىجىسىدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى.

ئامېرىكىنىڭ كوزىر ئورگانلىرىدىن بىرى بولغان بۇ «مەھكىمە»گە قاراشلىق كىراۋىن ھەربىي ئىشلار تەتقىقات بازىسى - ئامېرىكا دېڭىز تەۋەلىكىدىكى قۇرۇقلۇققا ئانچە يېقىن بولمىغان جايدىكى ئۆزىنىڭ يېشىللىقى، مۇھىتىنىڭ يېقىشچانلىقى بىلەن كىشىنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان يېگانە ئارال—كىراۋىن ئارىلىغا جايلاشقان ئىدى. بۇ ھەربىي تەتقىقات بازىسى 1955-يىلى پېرىزدىنت ئېزىنخاۋىرنىڭ تەستىقلىشى بىلەن نېۋادا ئۇران تەتقىقات تەجرىبىخانىسىنىڭ تارماق تەجرىبىخانىسى نامىدا يەرلىك ئاھالىلىرىگە ناھايىتى زور تۆلەم تۆلەش

ئارقىلىق باشقا جايغا كۆچۈرۈلۈش بەدىلىگە قۇرۇلغان ئىدى، بۇ تەتقىقات بازىسى ھەربىي تەرەپ تەۋەلىكىدىكى ئۇران تەتقىقات بازىسى بولسىمۇ ئەمەلىيەتتە شۇ دەۋردىكى ئامېرىكا ئىلىم-پەن ساھەسىدىكى بولۇپمۇ ھەربىي ئىشلار پەن-تېخنىكا ساھەسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلىيالمىغان ئۇ تەجرىبە تەتقىقاتىدىكى ئالىم-مۇتەخەسسىلەرنى مەڭگۈلۈك نەزەر بەند قىلىش مەخستىدە قۇرۇلغان تۈنجى تۈرمە ئىدى.

كېيىنچە بۇ تۈرمىگە ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىختىساسلىقلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش پىلانىغا ئاۋاز قوشۇشنى خالىمىغان باشقا ئەللەردىكى نوپۇزلۇق «ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى بولغان خەتەرلىك جاھىل شەخسلىرى» ئىچىدىكى مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ قەتلى قىلىنىش پىلانىغا كىرمىگەن ئەمما تۇتۇپ ئەكېلىنىش تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن بىر تۈركۈم مۇھىم شەخسلىرى مەخپىي نەزەر بەند قىلىنىدىغان بولغان ئىدى.

بۇ تۈرمىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى مەھبۇسلارنىڭ تۇرالغۇجاي شارائىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ ئالى دەرىجىلىك خان - سارايلاردىن قېلىشمايتتى، يېمەك -ئىچمەك جەھەتتە قىسىلمايتتى، ھەر بىر ئادەمنىڭ بىردىن سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى ۋە خىزمەتكارى بولمىغىنىنى ھىساپقا ئالمىغاندا بۇ جاي دۇنيادىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك داچىنىڭ ئۆزى ھېسابلىناتتى. ئۇلار تېلېۋىزۇر ئارقىلىق سىرىتقى دۇنيادىكى ئىشلاردىن خەۋەر تاپالايتتى، ئىلىكتىرلەشكەن شەخسى كۈتۈپخانىسى بار ئىدى خالىغان ماتىرىياللارنى كومپيۇتېردا كۆرەلەيتتى، يېزىقچىلىق، تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنالايتتى. تاماقتىن كېيىن گۈللۈكدە مېڭىپ سەگىدەلەيتتى بىراق بۇ جايدىكى مەھبۇسلارنىڭ سىرىتقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنىنىڭ ئۈستىگە قەتئى بىر-بىرىنى كۆرەلمەيتتى پەقەت بىر ئۆمۈرتىكەندەك يالغۇز ياشاش، ئۆزىگە تونۇش بولغان تېما ئۈستىدە ئىزدىنىش ياكى مەلۇم بىرخىل تەتقىقات بىلەن

شۇغۇللىنىشقا مەجبۇرلىنىش بۇلارغا بېرىلگەن ئەڭ ئېغىر جازا ھېسابلىناتتى.

كىراۋىن ئارىلىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى ئون ئىنگلىز مىلى دائىرە ئىچىدىكى تەۋەلىكتە مەيلى سۇ ئاستىدىن بولسۇن مەيلى ھاۋا يۈزىدىن بولسۇن بىر تال ئۇچار قانات ياكى كىچىك بېلىقجانمۇ ئىلغار رادار سېستىمىسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى ھەم زۆرۈر بولغاندا بىرلا كۇنۇپكا بىلەن بۇ تەۋەلىككە كىرىپ قالغان باشمالتاق چوڭلۇقىدىكى ھەرقانداق جانلىق ـ جانسىز جىسىم ۋەيران قىلىش كۈچى زور بولغان ئىلغار قۇراللار تەرىپىدىن كۇكۇم تالقان قىلىناتتى.

شۇنداقلا قاتمۇ-قات ھەربىي مۇھاسىر ئىچىدىكى بۇ ئالاھىدە تۈرمە مەھبۇسلىرىنىڭ بۇ يەردىن قېچىپ كېتەلىشى ياكى سىرتتىكىلەرنىڭ بۇلارنى ئېلىپ چىقىپ كېتەلىشى ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى.

تۈن يېرىم بولغاندا مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقىنىڭ تېلېفۇنى تۇيۇقسىز جىرىڭلىدى:

- كاپىتان، مەن جەننەت رايۇنىدىكى يەتتىنچى نۇمۇرلۇق مەھبۇس بولىمەن، سىز بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم. . .

مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى كاپىتان جونسۇن تېلېفون تۇرۇپكىسىدىن كەلگەن بۇ ئاۋازدىن بەكلا چۆچۈپ كەتتى، چۈنكى ناتونۇش بۇ ئاۋاز ئۈچ يىلدىن بىرى سۆزلەش ئىقتىدارىدىن قالغان ئىزچىل تىلسىز دەپ قارالغان بىر مەھبۇستىن كەلگەن ئىدى. ئۇ ئۇيقۇلۇق ھالىتىنى دەرھال ئوڭشاپ تېلېفون تورۇپكىسىنى ئورنىغا قويىدى دە كەلگەن تېلېفون نومۇرىغا قايتىدىن سىنچىلاپ قاراپ چىقتى ئاندىن قاتتىق جىددىيلىشىپ سول تەرىپىدىكى بىر قانچە كۇنۇپكا ئىچىدىن جەننەت رايونى ھەربىي قاراۋۇللۇق بۆلۈمىنىڭ جىددى ئالاقىلىشىش كونۇپكىسىنى ئالدىراپ باستى:

- دوكلات كاپىتان!، ـ دەقىقە ئىچىدە قاراۋۇلدىن جاۋاب قايتتى.

- رايوندىكىلار جىددىي ھالەتكە ئۆتسۇن!، - كاپىتان ئالدىراپ ھەربىي فورمىسىنى كىيگەچ ئارخىپ بۆلۈم لىنىيىسىنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ ئىيتتى ـ جەننەت يەتتىنىڭ يازما ئارخىپىنى دەرھال سۇراق ئۆيىگە ئەكىلىڭ!

ئارىدىن ئون نەچچە مىنۇت ئۆتۈپ سۇراق ئۆيىنىڭ چىرىقى كۆندۈزدەك يورۇپ كەتتى، يۇمىلاق ئۈستەلدە مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى، ئارخىپ بۆلۈم، ساغلاملىق مەركىزى ۋە جەننەت رايونىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ جەمئىي تۆت ئادەم جىددى تۈستە ئۆز قوللىرىدىكى ماتىرىياللارنى ۋاراقلىغاچ يېرىم كېچىدىكى تويۇقسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ سۇراققا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، ئالدى بىلەن مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى جونسون سۆز قىلدى:

- ئەپەندىلەر، جەننەت يەتتە تۈرمىمىز تارىخىدىكى ئەڭ ئالاھىدە مېھمانلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ تۈرمىگە كىرىش رەسمىيىتىگە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى شۇنداقلا مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسى بىۋاستە قول تىققان، ئارخىپىدا ئۇنىڭ ئىسمى، دۆلەت تەۋەلىكى، مىللىتى ياكى شۇغۇللىنىدىغان كەسپى جەھەتلەردە ھېچنىمە دېيىلمىگەن پەقەت ئىككى قۇر ئىزاھات «بۇ كىشى خاتىرسىنى يۇقىتىش بىلەن بىرگە مەڭگۈلۈك سۆزلەش ئىقتىدارىدىن قالغان، بىر قىسىم مەخپىيەتلىكلەرنى چەتئەللەرگە سېتىۋەتمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇلغان» دەپ تولدۇرۇلغان مەخسەتكە كەلسەك ئەپەندىلەر بايام جەننەت يەتتىگە تويۇقسىز زۇۋان كىرىپ قالدى، بۇ ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش، سىز قولىڭىزدىكى ساغلاملىق ئارخىپىغا قاراپ بېقىڭ؟-كاپىتان شۇنداق دىگەچ ساغلاملىق مەركىزىنىڭ مەسئۇل دوختۇرىغا قاراپ قويدى.

- كاپىتان، ئارخىپتا دىيىلىشىچە جەننەت يەتتە تۈرمىگە ئېلىنغان ۋاقتىدىلا چوڭ مېڭە قانتومۇر ئۆسمىسى سەۋەپلىك خاتىرىسىنى يوقاتقان ھەم سۆزلەش ئىقتىدارىدىن مەڭگۈلۈك قالغان ئىكەن. ھۈجەيرە DNA تەكشۈرۈشىدە ئۇنىڭ 1941-يىلى 9-ئاينىڭ21-كۈنى تۇغۇلغانلىقى ئىسپاتلانغان. بىر ئاي ئالدىدىكى يىللىق سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىمۇ كېسەللىك ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولمىغان. بۇ زادى نېمە گەپ ئەمدى؟- ساغلاملىق مەركىزىدىكى مەسئۇل دوختۇر گېپىنى تۈگىتىپ تاماكىسىنى قاتتىق بىر شوراپ قويدى.

- ليتىنانت سىز شۇ رايۇنغا مەسئۇل، باشقا بايانلىرىڭىز بارمۇ ؟ - دېدى كاپىتان جونسۇن ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ.

- كاپىتان، - دېدى ليتىنانت سەل دۇدۇقلاپ، -بۇ مىنىڭ رايونۇمدىكى ئەڭ يۇۋاش مۇسۇلمان مەھبۇسنىڭ بىرى، تۈرمىگە كىرگەن ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇنىڭ ناماز ئوقۇش ۋە كىتاب كۆرۈشتىن باشقا ھېچقانداق ئىشى يوق، يېقىندىن بىرىمۇ ئۇنىڭ ھەركىتىدە ياكى پسىخىكىسىدا بىرە غەيرىلىك سەزمىدۇق. قۇلۇمدىكى كۆزىتىش خاتىرىسىدىمۇ شۇنداق ئىكەن.

- ئەمىسە باشقا گەپ بولمىسا جەننەت يەتتە كىرسۇنمۇ؟، - كاپىتان قالغان ئۈچەيلەنگە قارىدى، ئۇلار بىردەك بېشىنى لىڭشىتتى. ئىشىك ئېچىلىپ يەتتىنچى نۇمۇرلۇق مەھبۇس ئىككى قاراۋۇلنىڭ ھەمرالىقىدا كىرىپ كەلدى.

مەھبۇس ئوتتۇرا بوي ئەمما مۇرىسى ناھايىتى كەڭرى، بىلەكلىرىنىڭ بۇلجۇڭ گۆشلىرى خۇددى تېرىسىگە پاتماي ئېتىلىپ كىتىدىغاندەك، چېچى قارا، يۈزلىرى ئاق، ساقاللىرى شالاڭ، بورنى سەل چوڭ، ئېغىزى كىچىك، چىرايلىق قوي كۆزلىرىدىن مۇلايىملىقى

چىقىپ تۇرۇدىغان ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى تەنھەرىكەتچىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ناھايىتىمۇ كېلىشكەن ئاق تەنلىك يىگىت ئىدى. ئۇ بىر قارىماققا گېرمانىيىلىككە ئوخشاپ قالسا يەنە بىر قارىماققا ئامېرىكا ھىندىئانلىرىغا ئوخشاپ قالاتتى، ئۇ ئۇرۇندۇققا ئاستا كىلىپ مۆتىۋەرلەرچە ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئولتۇرۇشتىكى بۇ سىپايە ھەركىتىدىن ئۇنىڭ ناھايىتىمۇ پاراسەتلىك ھەم پىششقان بىر ئەر ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى، ئىككى قاراۋۇل قائىدە بويىچە بۇ مەھبۇسقا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئىشىكنى ئاستاغىنا يېپىپ چىقىپ كىتىشتى.

كاپىتان ئورنىدىن تۇرۇپ ئالاھىدە ياسالغان ئەينەك تامغا يېقىن كىلىپ بۇ مەھبۇسقا خۇددى داڭلىق رەسساملارنىڭ سىزما پورترىتلىرىغا زەن سالغاندەك قايتىدىن بىر قاراپ چىقىپ ئاندىن ئېغىز ئاچتى:

- ئەپەندىم، مەن كاپىتان جونسۇن، كىراۋىن ھەربىي تۈرمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قېنى قۇلىقىم سىزدە، - بۇ ئەستايىدىل ئېيتىلغان سۆزلەر مەھبۇس تۇرغان ئۆيگە ئۆز پېتى ئاڭلاندى. مەھبۇس گەرچە ئالدىدىكى تۇرسۇق ئەينەك تامدىن ئۆزىنىڭ ئەكسىدىن باشقىنى كۆرەلمىسىمۇ لېكىن ئۇ خۇددى كاپىتاننى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەينەككە قاراپ تۇرۇپ پىششىق ئامېرىكا تەلەپپۇزىدا ئالدىرماي سۆز قىلدى:

- كاپىتان، بۇ سۆزلىرىمنى مارشالغا يەتكۈزۈڭ، ئەتە ئامېرىكىنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى ۋال - ستىرت كوچىسىدا قەستكە ئۇچرىشى مۇمكىن، ۋاقتى بەلكىم چۈش سائەت ئون ئىككى يېرىم ئەتراپىدا بولسا كېرەك!

- ئەپەندى، سىز كىم؟- كاپىتان جونسۇن داڭ قاتقىنىچە ھودۇقۇپ سورىدى، ئۇنى مۇشۇ تاپتا سوغۇق تەر باسقان ئىدى، چۈنكى

بۇ تۇرمىدىكى مەھبۇسلار ئادەتتىن تاشقىرى ئەتىۋارلىنىپ دۆلەت گۆھىرىدەك قوغدىلاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاددىي قاراشقا بولمايتتى. ئۇ قولىدىكى تېخى تۈگىمىگەن سىگارتىنى ياندىكىلەرگە سۇنۇپ بىرىپ قول ياغلىقىدا پىشانىسىنى سۈرتكەچ مەھبۇستىن كۆزىنى ئۈزمىدى.

- كىملىگىمنى بىلمەيمەن كاپىتان، خاتىرەم تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەن چېغى، ئېغىر ئالمىسىڭىز مەن قايتسام.

- بولىدۇ ئەپەندىم، سىزگە كۆپ رەھمەت، مەن ھازىرلا سۆزىڭىزنى مارشالغا يەتكۈزىمەن، يەنە باشقا سۆزىڭىز بارمۇ؟-كاپىتان شۇنداق دىگەچ يېنىدىكىلەرگە ئىشارەت قىلدى.

- ھازىرچە يوق كاپىتان، بۇ كېچىدە تۆتىڭلارنى ئاۋارە قىلغىنىمدىن تولىمۇ خىجىلمەن.

- ماقۇل ئەمىسە ئەپەندى، ياخشى ئارام ئېلىڭ ـ دېدى كاپىتان تۆپۆكىنى غۇرتتىدە يۇتۇپ.

ئىككى قاراۋۇل مەھبۇسنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

كاپىتان جونسۇن جىددىيلەشتى، كاپىتان ئوڭ قولىدا قاس چىقىرىۋىدى داك قېتىپ قالغان ئۈچەيلەن دەرھال ھەركەتكە كىلىپ جەننەت يەتتىنى سوراق قىلغان چاغدىكى بارلىق سىن كۆرۈنۈشلەرنىڭ كومپيۇتېرلىق تەكشۈرۈشنى باشلىۋەتتى.

- كاپىتان، جەننەت يەتتىنىڭ بايامقى سۆز قىلغاندىكى كومپيۇتېرلىق پىسخىكا ئانالىزىدىن قارىغاندا يالغان ئېيتماپتۇ. . .

- كاپىتان، ئۇنىڭ مېڭە توقۇلما سىكانىرىدا چوڭ مېڭىسىدىكى قانتومۇر ئۆسمىسى ئالدىنقى ئايدىكىگە قارىغاندا تەڭ يېرىمدەك كىچىكلەپتۇ. . . خاتىرسى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگىنى راستتەك

قىلىدۇ. . .

- ئۇنىڭ يېقىنقى مەزگىللىك يۈرۈش - تۇرۇش ھەركىتىنىڭ كومپيۇتېرلىق ئانالىزىدىن قارىغاندىمۇ بىرە روھىي كىسەللىكنىڭ ئالامىتى ياكى يالغۇزلۇقتىن پەيدا بولغان خامۇشلۇق ئالامىتى يوق. . .

كاپىتان تېخىمۇ جىددىيلەشتى:

- ئەپەندىلەر، دېمەك ئۇنىڭغا ھازىرچە «يېرىم ئۇيقۇ» تەجرىبىسى ئىشلىگەنىنىڭ پايدىسى يوقكەندە ؟

- شۇنداق كاپىتان، مېڭىسىدىكى ئۆسمە تېخى تولۇق يوقالماپتۇ، ناۋادا ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ گەپ كوچىلايمىز دەپ «يېرىم ئۇيقۇ » تەجرىبىسىدە كەتكۈزۈپ قويساق ئۇنىڭ مېڭىسى كاردىن چىقىدۇ. . . ئۇ چاغدا يۇقىرىغا جاۋاب بېرىشىمىز تەسكە توختايدۇ.

كاپىتان ئۈستەلدىكى بايام چىكىپ بولالمىغان يېرىم سىگارىتىنى قولىغا ئېلىپ ئوت ياقتى ئاندىن تازا بىر شورىۋەتكەندىن كېيىن ئالدىرماي ئېيتتى:

- ئەپەندىلەر، سىلەرگە ئايان، بىزنىڭ بۇ يەردىكى ئاددى بىر ئاشپەزمۇ نەچچە ئايلىق تەمىناتى بىلەن نيۇيوركتىكى ئەڭ چوڭ بايغا ئايلىنالايدۇ، ناۋادا بۇ قېتىمقى ئىشىمىزدىن چاتاق چىقسا خان-سارايلىرىمىزنى قوغداپ قېلىش ئەمەس جېنىمىزنى ساقلاپ قېلىشىنىڭ ئۆزىمۇ بىر گەپ، بۇپتۇ ئۇنى ئەقلىدىن ئازدىمۇ دەيلى لېكىن ئۇ بىزنىڭ تۆت ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى قانداق بىلدى؟ مېدىتسىنا ئىلمىدە گاچا دەپ قارالغان ئادەم زادى قانداق بولۇپ گەپ قىلىپ قالدى؟

- گەپ مۇشۇ يەردە كاپىتان، بەلكىم ئۇ ئەمەلدارلارنىڭ پائالىيىتىنى تېلېۋىزوردىن ئاڭلىغاندۇ بىراق بىزنىڭ مۇزاكىر گۇرۇپپىمىزدىكى ئىككى ئادەمنىڭ يوقلىقىنى قانداق بىلگەندۇ؟ ياكى بولمىسا ئۇنىڭدا ئالدىن كۆرۈش ئىقتىدارى بارمىدۇ؟

كاپىتان ئېغىر بىر خۇرسىنغاندىن كېيىن ئۈنلۈك ئاۋازدا بۇيرۇق قىلدى:

- سىلەر ھازىردىن باشلاپ جەننەت يەتتىنىڭ يۈرۈش-تۈرۈشىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق يۇشۇرۇن سىن كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرۈپ چىقىڭلار، يېڭىلىق بولسا خەۋە قىلىڭلار، ئۇنىڭ يىللىق سالامەتلىگىنى تەكشۈرگەن دوختۇرنىڭ شەخسى ئارخىپىنى ماڭا يەتكۈزۈڭلار، بولدى باشلاڭلار !

كاپىتان جونسۇن ئۇيقۇسىزلىقتىن چارچاپ كەتكەن بولسىمۇ ھەربىيلەرگە خاس جاسارىتى بىلەن سوراقخانىدىن مەغرۇر ھالدا چىقىپ كارىدور بىلەن ئانچە يىراق بولمىغان جايدىكى ياتىقىغا كىردى-دە قۇلىغا تېلېفوننىڭ تورۇپكىسىنى ئېلىپ ھاۋايىغا دەم ئالغىلى كەتكەن تۈرمە باشلىقى مارشال ھايكىرغا تېلېفون ئۇرماقچى بۇلدى بىراق يەنە تورۇپكىنى ئورنىغا قۇيۇپ قويدى. «قانداق قىلىش كېرەك، مارشالغا زادى نېمە دىسەم بۇلار، دوكلات قىلمىسامچۇ؟. . ناۋادا ئىشلار بۇ ساراڭنىڭ دېگىنىدەك چىقىپ قالسا ئۇچاغدا. . .» كاپىتان ئويلىنىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنى قارا تەر باسقاندەك بولدى، ئۇ غەيرەتكە كىلىپ تورۇپكىنى ئالدى-دە تۈرمە باشلىقى مارشال ھايكىرنىڭ نۇمۇرىنى بېسىشقا باشلىدى.

*     *     *     *     *

بۈگۈن ۋال - ستىرىت كوچىسى ئادەتتىن تاشقىرى قىزىپ كەتتى. رەڭگارەڭ كىيىملەرنى كېيگەن كىشىلەر سەلدەك مەيدان تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى، كوچا-كويلاردا يۈزلىرىنى ھەرخىل رەڭدە بويىۋالغان

ھەزىلكەشلەر، ھەرخىل ھايۋانلار سىياقىغا كىرىۋالغان قىزىقچىلار، قولىدا گۈل-چەمبىرەكلەرنى پۇلاڭلىتىۋاتقان ئېگىز پاچاقلار كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ بۈگۈنكى يىغىلىشقا تېخىمۇ خۇشاللىق قاتقان ئىدى. ئىسقىرتىش، داقا-دۇمباق، سۇناي ئاۋازى، كەپسىز بالىلارنىڭ ئۇيان-بۇيان قوغلىشىپ تووۋلاشلىرى ھەممىسى بىر بولۇپ ۋال - ستىرىت كوچىسىنى بىر ئالغان ئىدى. قۇمدەك ساناقسىز كىشىلەر توپى ئىچىدە قانداقتۇر بىركىملەر قوللىرىدا پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈۋېلىشىپ ھايۋانات-ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسراش توغرۇلۇق ھەدەپ نۇتۇق سۆزلەۋاتسا يەنە قانداقتۇر بىر كىملەر قوللىرىغا كىچىك بايراقلارنى كۆتۈرۈۋېلىشقان ئىدى. بۈگۈنكى بۇ يىغىلىش قارىماققا شۇنداق قالايمىقاندەك كۆرۈنسىمۇ ئەمەلىيەتتە كىشىلەر توپى خۇددى يىراقتىن تىزگىنەكتە باشقۇرۇلۇۋاتقاندەك يەنىلا ناھايىتى تەرتىپلىك ھەم رايىش ئىدى.

مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە بەش بۇرجەكلىك بىنادىكى «بىخەتەرلىك ئىشخانىسى» دا دۆلەت ئىشلار كاتىپى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى، مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسىدىكى مۇھىم شەخسلەردىن بولۇپ ئون نەچچە كىشىلىك جىددى مۇزاكىرە گۇرۇپپىسى ۋال كوچىسىدىكى مەيداندىنمۇ بەك قىززىپ كەتكەن ئىدى. ئۇلارنىڭ قىزغىن مۇزاكىرىسى ئىچىدە كىراۋىن ھەربىي تۈرمىسىنىڭ باشلىقى مارشال ھايكىر ئەپەندىمۇ بېشى چۈشكەن ھالدا ئاران ئولتۇراتتى. . .

- بۇپتۇ، بۇنى قويۇپ تۇرايلى ئەپەندىلەر ھازىرقى مەسىلە مەيداننىڭ بىخەتەرلىك مەسىلىسى، قېنى مۇتەخەسسىلىرىڭىزنىڭ يېڭى پىكىرىنى ئاڭلاپ باقاي -مۇداپىئە مىنىستىرى خاككىر سالماق ھالدا بىخەتەرلىك ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى مايور مىخائىلغا قاراپ بۇيرۇق قىلدى.

- بۇ قېتىم پىرىزدىنىت ۋە ئۇنىڭ خانىمى بىرلا ۋاقىتتا مەيدانغا چىقىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەيدانغا يىغىلىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى كۆپ، ئەتراپىتىكى ئوچۇقچىلىق دائىرە بەك چوڭ، بىخەتەرلىك دەرىجىسى تۆۋەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەڭ زور تىرىشچانلىقنى كۆرسەتتۇق. بىرىنچىدىن ۋول كوچىسىغا تەۋە بارلىق يەرئاستى يوللىرى، ھەرخىل تونىللار، ئەۋرەز، گاز يوللىرىغا بولغان تەكشۈرۈش قاراۋۇللۇق كۈچەيتىلىپ يەر ئاستىدىن بولىدىغان خەۋپ يوقىتىلدى، ئىككىنچىدىن يەر يۈزىگە نىسبەتەن ئەسلىدە كوچا-مەيدانغا ئورۇنلاشتۇرغان پۇقراچە كىيىنگەن ئالاھىدە خادىم بىرمىڭ بەش يۈز ئىدى، مارشالنىڭ ئاخشامقى خەۋىرىگە ئاساسەن يەنە بىر يېرىم مىڭنى كۆپەيتتۇق، پەمىچە ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا مەيدان - كوچىلاردىكى بارلىق كىشىلەر ھازىر قولىمىزدا بار بولغان ئەڭ ئىلغار رېنتېگېنلىق سىكانىرلاشتىن ئۆتۈپ بولدى، بۇ خىل سىكانىرلاشتا كىشىلەرنىڭ يۇشۇرۇن ئېلىپ ماڭغان يىڭنە چوڭلۇقىدىكى ھەرقانداق مېتال جىسىمنى بىلگىلى بولىدۇ دېمەك مەيدان ئىچىدىن ياكى كوچا ئىچىدىن قاتىلنىڭ قول سېلىش مۇمكىنچىلىكى تۈگىتىلىدۇ، ئۈچىنچىدىن مەيدان ھاۋا بوشلۇقى كىچىك كۆلەمدىكى «قوغدىنىش سىستېمىسى»غا كىرگۈزۈلدى، بۇ خىل سىستېمىدا مەيدان يۈزى ھاۋا بوشلۇقىدا ئاۋاز سۈرئىتىدىن تىز يۈرىۋاتقان ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن تېزلىكتىكى تۇخۇم چوڭلۇقىدىكى ھەرقانداق جىسىم رادار سېستىمىسىغا چۈشۈش بىلەن بىرگە قوغدىنىش سىستېمىسى تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنىدۇ. تۆتىنچىدىن خەۋپىنىڭ كېلىش ئېھتىماللىقنى يۇقىرى بولغان ئەتراپتىكى جايلارغا قاراپ باقايلى، بىزگە بېسىم ئەكەلگىنى دەل مۇشۇ بىنالار - قىزغىن سۆزلەۋاتقان قىرىق ياشلار چامىسىدىكى بۇ ۋىجىك ئادەم ئامېرىكا تېرورلۇققا قارشى ئىچكى قاتىلمىدىكى «دىلو ئانالىز ئاتىسى» دەپ نام

ئالغان تالانتلىق شەخس مايور مىخائىل بولۇپ گەرچە ئۇ «ئامانلىق ئىشخانىسى» نىڭ ئاددى بىر ئەزاسى بولسىمۇ بىراق ئۇنىڭ تېروررلۇق - قاتىللىق رازۋېتكىسى توغرىسىدا يازغان بەزى ماقالا-كىتاپلىرى ياۋروپادىكى داڭلىق ساقچى ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ھېلىھەم دەرىسلىك قىلىنىپ ئۆتۈلۈۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئەتىۋارلىق گۆھىرى ھېسابلىناتتى ھەتتا پېرىزدىنىت نىكسونمۇ بۇ كىشىگە ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرەتتى، ئۇ گەپ قىلىۋاتقاندا مۇزاكىرىدىكى بارلىق خادىملار باشقىچە زەن قويۇپ ئاڭلىدى، مىخائىل كىچىك ئېكراندىكى ئاسمان پەلەك بىنالارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى - پىرىزدىنىت سۆز قىلىدىغان سەھنىنىڭ كەينى ئىككى تەرىپى شۇنداقلا ئۈستى ئوق ئۆتمەس ئەينەكتىن ياسالغان يۆتكىمە تام بىلەن بېزەلدى، شۇنداقتىمۇ سەھنە يۈزى ئالاھىدە چوڭ، ئالدى تەرەپتىن كېلىدىغان خەۋپنى ئازايتىش ئۈچۈن بىزدە ھازىر بار بولغان ئەڭ ئىلغار يىراق مۇساپىلىق قۇرال ئوقىنىڭ ئەڭ يىراققا بېرىش ئارىلىقى ئىككى مىڭ مېتىرغا يىتىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن شۇنداقلا بۈگۈنكى شامال كۈچى ۋە يۆنىلىشىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇشۇ دائىرىدىكى بارلىق بىنالارنى نىشانغا كىرگۈزدۇق، سائەت ئونغا يېقىن زور كۆلەملىك ئاختۇرۇش-تىنتىش خىزمىتى تامام بولىدۇ مۇنداقچە ئېيتقاندا بۇ بىنالارنىڭ ھەر بىر دەرىزىسىگە بىردىن ئالاھىدە قىسىم ئەسكىرى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، سۆزۈم تامام ئەپەندىلەر.

- ناھايىتى ياخشى قىپسىز مىخائىل، سىزنى قوللايمەن، ھە راست تۈرمە باشلىقى ھايكىر، ھېلىقى تىجىمەل ئەپەندىگە ئاپىرىپ بەرگەن مەيدانغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن جاۋاب كەلمىگەندۇ؟- دېدى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى خاككېر جىددىي تەلەپپۇزدا.

- ياق مىنىستىر ئەپەندى، تېخىچە جاۋاب يوق. . . ، - مارشال

ھايكىر چۈشۈپ كەتكەن بېشىنى كۆتۈرۈپ دۇدۇقلىغىنىچە جاۋاب بەردى.

-بۇپتۇ ھېچقىسى يوق، - مىنىستىر سالماقلىق ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىدىكى مايۇر مىخائىلنىڭ قولىنى تۇتتى ئاندىن سەممىلىك بىلەن ئېيتتى، - بۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ زور قوغداش ھەرىكىتى ھەم بىزنىڭ ۋەتەن ئالدىدىكى باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىمىز، ھەممە ئىشلار ئېيتقىنىڭىزدەك بولغاي ئىلاھىم، سىزنىڭ غەلىبىڭىز بىزنىڭ غەلىبىمىز شۇنداقلا ئامېرىكا خەلقىنىڭ غەلىبىسى قەدىرلىك مايۇر! ۋەتەننىڭ كېلەچىكى سىزنىڭ قولىڭىزدا، تەگرىم ئامېرىكىنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ! سىز بىزنىڭ پەخرىمىز مىخائىل! - مۇداپىئە مىنىستىرى خاككېر تۇلۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن مىخائىلنىڭ مۈرىسىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا مەدەت بەردى ۋە سورۇننى ئاخىرلاشتۇردى.

*　*　*　*　*

چۈشكە يېقىن كىشىلەر بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلاپ مەيدان تېخىمۇ ئاۋاتلاشتى، سەھنىدە ئورۇنلىنىۋاتقان ناخشا-مۇزىكا ئەترىتىنىڭ شوخ- يېقىملىق كۈيلىرى پۈتۈن مەيدان ئەھلىنى ئۆزىگە رام قىلىۋېلىپ چوڭىدىن كىچىككىچە ھەممىسى مۇزىكا دۇنياسىغا غەرىق بولۇپ كەتكەن ئىدى پەقەت تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن مۇخبىرلار لاققۇ-لۇقىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ نۇتۇق سەھنىسى تەرەپتە ئالا-تۇپۇل مېڭىشىپ يۈرىشەتتى. پىرىزدىنت كېلىدىغان ۋاقىتمۇ بولاي دەپ قالدى. . .

پىرىزدىنت ئاخىرى كەلدى.

مۇزىكىنىڭ ئورنىنى نەچچە مىڭ ئاممىنىڭ ئىچى-ئىچىدىن ياغدۇرغان قىزغىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى بىر ئالدى، ئاسمان - زېمىن ئالقىش ئىسقىرتىشلاردىن تىترىدى، پېرىزدىنت ۋەزىپىگە ئولتۇرغان نەچچە يىلدىن بىرى ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئىشسىزلىق ئازايتىلدى، بولۇپمۇ مال باھاسى مۇقىم بولدى، ياشانغانلارنىڭ بېقىلىش مەسىلىسى ئۇنۇملۇك ھەل قىلىندى، زەھەر ئەتكەسچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەركىتى تارىختىن بۇيانقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىدە بولدى، خەلقئارادىكى «ئۆز خەلقىنى ئۆزى قانلىق باستۇرۇشقا كۇنۇپ كەتكەن جاللاتلارنى تازىلاش» كۈرىشىگە ئامېرىكا ئۆزى باش بولۇپ قاتناشتى ھەم زور غەلىبىگە ئېرىشتى، ئۇرۇش چىقىمى كۆرۈنەرلىك ئازايتىلىپ ئۇرۇشتا قۇربان بولغان ھەربىيلەرنىڭ نەپىقە پۇلىنى كۆپەيتىش ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىش جەھەتلەردىكى بىر قاتار مەسىلىلەر ياخشى ھەل قىلىندى. . .

پېرىزدىنت خانىمى بىلەن ماشىنىدىن چۈشتى، ئالقىش ساداسى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى، ئۇلار مەيدانىدىكى ئاۋامغا خۇددى يىراق سەپەردىن قايتىپ كەلگەن ئاتا ئۆز باللىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈشكە تەشنا بولغاندەك يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ ئاۋامغا قانماي قارايتتى، قانماي كۈلۈمسىرەيتتى، قانماي قول پۇلاڭلىتاتتى، ئۇلار يېڭى توي قىلغان ئەر-خوتۇنلاردەك قول تۇتۇشقىنىچە نۇتۇق سەھنىسىگە قاراپ ماڭدى، چاۋاك توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، پېرىزدىنت كېلىنچەكنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەستىن مىكروفوننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قولىنى ئېگىز پۇلاڭلىتىپ مەيداندىكىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن خانىمىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. خانىم كۈلۈمسىرىگىنىچە كەينىگە سەل يېنىپ تۇردى، پېرىزدىنت مەيدان ئەھلىگە قاراپ سۆزىنى باشلىدى:

- ئەزىزلىرىم، چۈشلىكىڭلار خەيرلىك بولسۇن! قىممەتلىك ۋاقتىڭلارنى ئالغىنىمدىن تولىمۇ خىجىلمەن! - يەنە قىزغىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، پېرىزدېنت كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بۇ قېتىم سۆزىنىڭ بېشىدا «ھۆرمەتلىك خانىملار-ئەپەندىلەر» دېگەن سۆزنى ئىشلەتمىدى، ئۇ ئىككى قولىنى ئاستا چىقىرىپ ئۇلارغا تەشەككۈرىنى بىلدۈرگەندەك ئۇلارغا قارىتىپ پۇلاڭلاتتى، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - بۈگۈن ھەرقايسىڭىزلار بىلەن قۇياش كەبى قەدىرلىك ھەم سۆيۈملۈك بولغان ئامېرىكىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقى ئاستىدا ئوخشاش بىر مەيداندا ئوخشاش بىر ھاۋادىن نەپەس ئېلىۋاتقىنىمدىن ئۆزەمنى تولىمۇ بەخت ھېس قىلىمەن - ئالقىش چاۋاكلار تەدرىجىي بېسىقىپ مەيداندىكى مىڭلىغان - ئونمىڭلىغان تەشنا كۆزلەر پېرىزدېنتقا تىكىلدى. پېرىزدېنت سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. . .

دانە-دانە ئېيتىلغان دەبدەبىلىك سۆزلەر كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىسىنى چېكىپ ئۇلارنى چەكسىز ھاياجانغا سېلىۋاتقان پەيتتە مەيدانغا يېقىن جايدىكى «ئامانلىقنى قوغداش ئىشخانىسى»نىڭ قۇماندانلىق ماشىنىسىدىكى ئون نەچچە خادىم خۇددى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئاتوم بومبىسى پارتلايدىغاندەك جىددىي ھالەتتە خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى بۇ نۇتۇقنىڭ مەزمۇنى بولماستىن بەلكى نۇتۇقنىڭ بالدۇرراق تۈگەپ پېرىزدېنتنى بەش بۇرجەكلىك بىناغا ئامان-ئېسەن قايتۇرۇش ئىدى. كونترول سۇپىسىدا قولىقىغا تىڭشىغۇچ تاقىۋالغان ئالاھىدە خادىملار ئالدىدىكى كومپيۇتېر ئېكرانىدىن كۆزىنى ئۈزمەي ئەتراپقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەخپىي ھەم ئاشكارا قاراۋۇللار بىلەن توختىماي ئالاقىلىشاتتى. ماشىنا ئىچى خۇددى پايچىك بازىرىدەك قىززىپ كەتكەن بولۇپ «ئۈچىنچى نۇمۇرلۇق سۈنئىي ھەمراھتىن كەلگەن سىگنال ياخشى ئەمەس، يەتتىنچىسىگە

ئالماشتۇرۇك، ئون سەككىزىنچى بىنا جاۋاب قايتۇرۇڭ، ھە ياخشى، ئالتىنچى بىنا جاۋاب قايتۇرۇڭ ياخشى،. . . ياخشى. . . جاۋاب قايتۇرۇڭ. . . ياخشى. . . » دىگەندەك ئاۋازلار ماشىنا ئىچىنى بىر ئالغان ئىدى. ھەر كىم ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى، پەقەت بۇ قېتىمقى قوغداش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل بولغان مايۇر مىخائىل قۇلىدىكى قەلەمنى چىشلىگىنىچە پات ـ پات قول سائىتىگە قاراپ ماشىنا ئىچىدىكى تار يولدا ئۇيان-بۇيان ماڭاتتى، ئىشلار نورمال كىتىۋاتقان بولسىمۇ لېكىن مايۇر يەنىلا جىددىيلەشكىنىدىن سائىتىگە قارايتتى. . . ۋاقىت ئۇنىڭغا ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كەينىگە مېڭىۋاتقاندەك بىلىندى. . .

- دوكلات مايۇر، تۆت بال شەرق شامىلى، كۆچىيىش ئېھتىماللىقى زور! ـ دېدى ھاۋا رايىغا مەسئۇل خادىم گەپنى قىسقارتىپ.

- بايام تېخى ئىككى بال ئىدىغۇ ؟

- شۇنداق مايۇر، لېكىن شامال كۆچى بارغانسېرى كۆچىيىۋاتىدۇ. ھازىر بەش بالدا تۇراقلاشتى.

- ئۇ نان قېپىلارنىڭ ھاۋارايى مۆلچىرى قانداقتى؟

- دۆلەتلىك ھاۋارايى ئىدارىسى تەمىنلىگەن ئەڭ يېڭى مۆلچەر ئىككى بال شەرق شامىلى ئىدى مايۇر.

مايۇر جىددىيلەشتى.

- ئاناڭنى. . . ، نۇتۇق تۈگەشكە يەنە قانچىلىك قالدى؟

- تەخمىنەن بىر يېرىم مىنۇت.

مايۇر مىخائىل يانىدىكى دۇربۇننى ئېلىپ دەرھال ماشىنىدىن چۈشتى ـ دە چىمچىلاق بارمىقىنى ئاغزىدا ھۆلدەپ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئاندىن شامال كېلىۋاتقان تەرەپتىكى بىنالارغا دۇربۇن بىلەن

قاراشقا باشلىدى، ئىشلار ئۇنىڭغا نورمالدەك بىلىندى. ئۇ دۇربۇننى كۆزىدىن ئېلىپ ماشىنىغا چىقىشقا تەمشەلدى، بىراق كۆڭلى بىر نەرسىنى سەزگەندەك بولۇپ كەينىگە ئۆرۈلگىنىچە دۇربۇننى ناھايىتى تېزلىكتە كۆزىگە ئەكىلىپ بايام قارىغان تەرەپكە قايتا قارىدى. دۇربۇننىڭ پارقىراق بىر جۈپ كۈزى شامال كىلىۋاتقان تەرەپتىكى بىر جۈپ قوشماق بىناغا تىكىلدى، بۇ بىر جۈپ قوشماق بىنا مەيدانىغا ئەڭ يىراق بىنالاردىن بولۇپ بىرى مەيدانىغا بىر يېرىم مىڭ مېتىر يىراقلىقتا بولسا يەنە بىرى مەيدانىغا ئىككى مىڭ مېتىر يىراقلىقتا ئىدى، كۆز بىلەن قارىغاندا ئىككى بىنا خۇددى قوشماق بىنادەك ياكى بىر پۈتۈن سېپىل تامدەك كۆرۈنەتتى. دۇربۇن بىلەن سىنچىلاپ قارىغاندا ئاندىن ئىككى بىنانىڭ ئارلىقىدا بىر مېتىرچە بوشلۇق بارلىقىنى كۆرگىلى بۇلاتتى. ئەمما مايۇرنىڭ دىققىتى بۇ ئىككى بىناغا ئەمەس بەلكى ئىككى بىنانىڭ ئارلىقىدىكى بوشلۇقتا يەر يۈزىدىن ئاران كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر مۇنارغا يەنى ئىككى بىنادىن سەل يىراق جايدىكى قەدىمىي چېركاۋ مۇنارىدا ئىدى. . . ئۇنىڭ يۈرىگى «قارتتىدە» قىلىپ قالدى گەرچە بۇ چېركاۋ مۇنارى بۇ قېتىمقى قاراۋۇل ئۇرۇنلاشتۇرۇش پىلانىدىن چىقىرىۋېتىلگەن بولسىمۇ ئەمما ھازىرقى شامال يۆنىلىشى ھەم شامال كۈچى مايۇرنىڭ پىلانىغا پايدىسىزدەك بىلىندى. ئۇ جىددى بۇيرۇق قىلدى «نىشان بىلىسۇن چېركاۋى، يەر يۈزى ھەم ھاۋادىن دەرھال ھەركەتكە كەلسۇن!»

بۇيرۇق تۈگىمەستە بوشلۇقتا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر قانچە تىك ئۇچار ئايروپىلان يۆنىلىشىنى چېركاۋ تەرەپكە ئۆزگەرتتى. ئالەم بوشلۇقىدىكى سۈنئىي ھەمراھلارمۇ سىكنۇت ئىچىدە نىشاننى چېركاۋ مۇنارىغا قارىتىشقا باشلىدى. چىركاۋغا ئەڭ يېقىن جايدىكى ئالاھىدە قىسىم چاقماق تېزلىكىدە ھەركەتكە كەلدى. . .

پېرىزدېنت ھېلىھەم نۇتۇقنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى. . .

«...-مىڭلىغان بالىلار بىزگە تەلمۈرمەكتە ئۇلار تويغۇدەك تاماققا موھتاج بولماقتا. . . شۇنداق، ئىستىبداتلار تېخى يوقىتىلغىنى يوق، مىڭلىغان ئانىلار ئەشۇ ئىستىبداتلارنىڭ زۇلمى تۈپەيلى كېچىسى تېخى ئارامىدا ئۇخلىغىنى يوق، ئۇلارنىڭ كۆز يېشى دەريا بولۇپ ئاقماقتا، ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇش، نامراتلىققا قارشى تۇرۇش بىزنىڭ مەڭگۈلۈك شۇئارىمىز! بىز كۆز يېشىمىز بىلەن ئەمەس ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز بىلەن كۈرەش قىلغۇچىلارمىز. . . مانا بۇ تەڭرىنىڭ بىز ئامېرىكىلىقلارغا بەرگەن ھوقۇقى!. . .» نۇتۇق مۇشۇ يەرگە كەلگەندە مەيداندا گۈلدۈراس ئالقىش كۆتۈرۈلدى.

نۇتۇق تېخى تۈگىمىگەن ئىدى، پېرىزدېنت نىكسون ئالدى تەرەپتىن كەلگەن ئىللىق شامالدىن چوڭقۇر نەپەس ئالماقچى بولدى. ئۇ بۇ شامالدىن خۇددى قانداقتۇ بىرخىل خۇشپۇراقنى تاپقاندەك كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ ئاسمانغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى، چۈنكى ئالدى تەرەپتىن كەلگەن بۇ شامال مەيداندىكى ئاۋامنىڭ تەر پۇراقلىرىنى ئۆز پېتى ئەكەلگەن ئىدى. بۇ خىل پۇراق پېرىزدېنتقا خۇددى ئۆز ئانىسىدىن كەلگەن مەززىلىك تەر پۇرىقىدەك ياكى ئۆزىنىڭ بوۋاق بالىسىدىن كەلگەن تاتلىق سۈت پۇرىقىدەك بىلىنىۋاتاتتى. . . مانا بۇ كىشى - ئۆز خەلقىنىڭ ئاچچىق تەر پۇرىقىنى ئۆزىگە خۇشپۇراق بىلگەن بۇ ئادەم تەڭرىنىڭ ئامېرىكىلىقلارغا بەرگەن كاتتا بىر مۇكاپاتى ئىدى. ئەپسۇس بۇ ئىللىق مەيىن شامال پۇراپ قانغىلى بولمايدىغان تاتلىق پۇراقنى ئەكىلىش بىلەن بىرگە يەنە بىر شۇم نەرسىنىمۇ ئەكىلىۋاتقان ئىدى. . .

پېرىزدېنت كۈلۈمسىرىگىنىچە سۆز قىلىشقا تەمشىلىپ ئىككى قولىنى شۇنداق كۆتۈرۈشى سول كۆكرىگى چىممىدە قىلغاندەك بولدى. سول مۈرىسىنىڭ ئاستىدىن يەنى سول مەيدىسىدىن قىپقىزىل قان بولدۇقشىپ ئېتىلىپ چىقتى. . .

پېرىزدىنت يېقىلدى. . .

ئۇنىڭ يېنىغا ئەڭ دەسلەپ كەلگىنى ئۇنىڭ خانىمى بولدى، خانىم شۇنداق ھەسرەت بىلەن قاتتىق بىر چىقىردىكى بۇ ھەسرەتلىك ئاۋازدىن پۈتۈن ئامېرىكا تىترەپ كەتتى. . .

* * * * *

پېرىزدىنت يېقىلغاندا ھېچقانداق ئاغرىقنى سەزمىدى. باشتا ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ بىر نەرسىنى كۆرەلمىدى كېيىن خىرە بىر يورۇقلۇقنى كۆردى، يورۇقلۇق بارغانسېرى كۈچەيدى، پېرىزدىنت كۆزىنى تەستە ئېچىۋىدى ئانىسىنىڭ يېنىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى:

- بالام ئويغىنىڭ، دادىڭىزنىڭ كېلىدىغان چېغى بولدى. تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە كۆپ سوۋغات ئەكىلىدىكەن. . . - ئانا مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ قۇيۇپ كىچىك ھۇجرىدىن يىنىك دەسسەپ چىقىپ كەتتى.

ئۈچ ياشلىق بالا ئورنىدىن ئەسنەپ ئويغاندى ئاندىن پىلتىڭلاپ يۈگرەپ چىقىپ تاماققا تۇتۇش قىلىۋاتقان ئانىسىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىۋېلىپ بىردەم ئەركىلىۋالغاندىن كېيىن دادىسىنىڭ تىزراق كېلىشىگە تەقەززا بولۇپ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك يولغا چىقىپ ساقلاپ تۇردى. شۇ ئەسنادا بىر كىچىك قارا ماشىنا يولنىڭ بۇيىدا توختاپ ئىچىدىن ئىككى ئادەم چۈشكىنىچە كىچىك بالىنى ماشىنىغا سۆرەپ تارتىپ ئاچىقتى. بالا شۇنچە ۋاقىرىسىمۇ بۇنى ھېچكىم ئاڭلىمىدى، ئۇ تولۇدى، يىغلىدى، تېپىچەكلىدى. . . ئۇلار بالىنى

بازار سىرتىدىكى بىر خارابىلىكتىكى تاشلاندۇق ئۆيگە ئەكەلدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا چوڭ بىر ئۇستەل تۇراتتى. ئۇلار بالىنى ئۇستەلگە ياتقۇزدى ئاندىن قۇللىرىغا ئۇستىرا، پىچاقلارنى ئېلىپ بالىنىڭ يۈرىكىنى سۇغارماقچى بولۇشتى. بۇ بۇرنى پاناق كەلگەن ئىككى پاكار ئادەم ئەسلىدە ئادەم ئەزالىرى سودىسى قىلىدىغان سودىگەرلەرنىڭ ياللانما نىمكارلىرى بولۇپ بۇلار يىراق ئەلدىكى «ئادالەت هامىيسى» دېگەن دۆلەتتىن كەلگەن ئاققۇن مۇناپىقلار ئىدى. پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى بۇ دۆلەتنىڭ نامى گەرچە «ئادالەت هامىيسى» بولسىمۇ بىراق بۇ ئەلدە نە قانۇندىن نە ئادالەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى. بۇ ئەل شۇنداق بىر ئىستىبداتنىڭ قولىدا قالغان ئىدىكى «كىمكى خانلىقنىڭ ئادالەتسىزلىكى توغرىسىدا بىر ئېغىز گەپ قىلسا ئۇنىڭ ئۈچ ئەۋلادى، ئىككى ئېغىز گەپ قىلسا ئۇنىڭ يەتتە ئەۋلادى قىرىلىپ تاشلىنىدۇ»دەيدىغان قانۇن بار ئىدى. پۈتۈن دۇنيادىكى ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىلەردە ئىشلىتىلگەن ئون ئادەم ئەزاسىنىڭ توققۇزى مۇشۇ «ئادالەت هامىيسى» دىن كىلەتتى.

بالا ئۇستەلدە ئوگدىسىغا ياتقۇزۇلۇپ پۇت-قولى تۆت تەرەپتىن باغلاندى بالا توختىماي « ئانا ! ئانا » دەپ ۋاقىرايتتى. ئۇلار بالىنىڭ بۇرنىغا بىرنىمىنى پۇرىتىۋىدى بالا شوك بولۇپ هۇشىدىن كەتتى. ئۇلار بالىنىڭ كۆينىكىنى يىرتىپ كۆكرىكىگە قەلەم بىلەن كېسىدىغان ئورنىغا بەلگە سىزىۋاتقان پەيتتە « قارس- قۇرۇس » قىلغان ئاۋاز بىلەن ئىشىك ئۆرۈلۈپ ئۆيدىن تۇپا -چاڭ كۆتۈرۈلدى. ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئاتلىق بىر ئادەم قولىدا بىسى ۋاللىداپ تۇرىدىغان بىر ئاي پالتىنى تۇتقىنىچە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئىككى ۋىجىك قاۋان ئالا-تۇپۇر بولۇشۇپ قورققىنىدىن لاغ-لاغ تىترىگىنىچە قوللىرىدىكى ئۇستىرا -پىچاقلارنى تاشلاپ ئاتلىق ئادەمنىڭ ئالدىدا تىزلاندى.

- سەنلەر كىم ؟ - دېدى ئاتلىق ئادەم غەزەپ بىلەن.

- بىز. . . بىز پادىشاھىمىز ئۈچۈن بايلىق توپلىغۇچىلارمىز - دېدى ئۇلار يەر سۈيۈشۈپ تۇرۇپ.

- ھازىرچە ئاچكۆز شاھىڭغا ئىككى باش بېرەي، قالغان سوۋغىنى ئوغلۇمدىن ئالسۇن! - ئاتلىق ئادەم ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئىككى قاۋاننىڭ كاللىسىنى تىنىدىن جۇدا قىلدى. ئاندىن بالىنى كۆتۈرۈپ باغرىغا باستى بالا ھۇشىغا كىلىپ كۆزىنى ئېچىۋىدى، دادىسىنىڭ يېنىدا كۆلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

مۇشۇ چاغنىڭ ئۆزىدە پېرىزدىنىت ھۇشىغا كەلدى. بايامقى ئىشلار ئۇنىڭ بىھوش ھالەتتىكى كۆرگەن چۈشى ئىدى، بەختكە يارىشا بۇ قېتىمقى قەستلەشتە چېركاۋ مۇنارىدىن ئېتىلغان ئۇق ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگمىگەن ئىدى. نەچچە سائەتلىك جىددىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئۆپكە ۋىناسىغا كېلىپ توختاپ قالغان ئۇق ئېلىۋېتىلدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ بەكلا قانسىراپ كەتكەنلىكتىن ئىككى كۈندىن بىرى بىھوش ياتاتتى.

پېرىزدىنىت كۆزىنى تەسلىكتە ئاچتى، يېنىدا قىزى ۋە ئايالى كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇ قىزىنى يېنىغا چاقىرىپ پىشانىسىگە سۈيۈپ قويدى ئاندىن ئايالىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى. خانىمنىڭ كۆزىدىن خۇشاللىق يېشى توختىماي دومىلايتتى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن خانىم ئىللىق كۈلۈمسىرەپ ئاستاغىنا ئېغىز ئاچتى:

- قەدىرلىكىم ئەزىز مېھمانلىرىڭىز ساقلاپ قالدى؟ - خانىم دۆلەت ئىشىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان ئاق كۆڭۈل ئېرىنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشىنەتتى.

پېرىزدىنىت بېشىنى لىڭشىتتى. دەسلەپتە مۇئاۋىن پىرىزدىنىت

كەيندىن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى، ئاندىن دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى قاتارلىقلار نۆۋەت بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ھەقىيقى دوستلۇق يېشىنى تۆكتى. پېرىزدېنت كىراۋىن تۇرمىسىدىكى ئىشلاردىن باشلاپ بېلسۇن چېركاۋىدىكى قاتىلىنىڭ يوقاپ كەتكىنىگىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خەۋەر تاپتى. ئاخىرىدا ئۇ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بىلەن مۇداپىئە مىنىستىرىنى قايتا چاقىرىپ بىر ئىش ئۈستىدە توختالدى:

- «ئادالەت ھامىيسى» نىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ - پېرىزدېنتنىڭ بۇ سوئالىدىن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بىر نەرسىنى چۈشەنگەندەك بولدى.

- سۈت بىلەن كىرگەن خۇي جان بىلەن چىقىدىكەن، ئۇ خۇن ئاسالار ئۆز خەلقىنى ئاچلىقتىن ئۆلتۈرۈپ ئۇلارنىڭ خۇن بەدىلىگە ئاشلىق توپلاپ باشقا ئەللەرگە ياردەم قىلىپ ياخشىچاق بولماقتا، ئەسلى ـ ۋەسلىدىن كىچىپ موسكوۋاغا خۇشامەت قىلىپ ئۆزىنىڭ ئورنىنى ساقلىماقتا، ب د ت دا بۇ توغرىلىق ئىختىلاپ كۆپ.

- ب د ت نىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان قاراشلىرى يېتەرلىك ئەمەس. ئۇلارغا تاشلاپ قويساق «ئادالەت ھامىيسى» نىڭ مەيدان- كوچىلىرى يۈتكەن بالىسىنىڭ دەردىدە ساراڭ بولغان ئانىلارغا تولىدۇ. موسكىۋامۇ ئۆز بىلگىنىچە پۇرۇقشىپ قاينىۋاتىدۇ. ئەمدى قاراپ تۇرۇۋەرسەك ئۆزىمىزگە يۈز كىلەلمەيمىز، مۇۋاپىق كۆرسەتمىز ئىشنى باشلىساق بولاتتى! ـ دېدى پېرىزدېنت ئابايامقى چۈشىگە تەبىر بەرگەندەك ئۇھ تارتىپ.

- بىزمۇ شۇنى كۈتۈۋاتاتتۇق، مىنىستىر ئەپەندىنىڭ ناگانلىرى غىلىپىدا قىززىپ كەتكىلى نەۋاق، ئەمدى شامالدايدىغان چاغلىرى بولىدىغۇ دەيمەن ـ دېدى باش كاتىپ مۇداپىئە مىنىستىرىغا قاراپ

چاقچاق ئارىلاش سۆز قىلىپ.

- راس گەپنى دىسـەم مۇشـۇ ئىش سـەۋەبىدىن سـىگارىتىمغا پۇل تاشـىمىغان ئىدى، ئەمدى خۇماردىن چىقىدىغاندەك تۇرىمەن! ـ دېدى مۇداپىئە مىنىستىرى باشقىچە روھلىنىپ.

- ئەمىســە ئۆزەڭلار بىلىڭلار، ئۆز ئىچىدىن يىمرىلىش ئاســاس بولســۇن لېكىن پەيتى كەلگەنـدە ئـاۋايلىمـاڭلار! ـ دېـدى پىرىزدىنىت مەنىلىك قىلىپ.

- خاتىرجەم بولۇڭ ـ دېدى باش كاتىپ بېشىنى لىڭشىتىپ.

قەدىناســلارنىڭ ســۆھبىتى پات تۈگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. پىرىزدىنىت ئـالـدى تەرەپتىكى تـام سـائىتىدىن چىققان داڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ باش كاتىپقا قاراپ سۆز قىلدى :

- ھېلىقى مېھمىنىڭىزنىـڭ كېلىدىغان چېغى بولدىغۇ دەيمەن. ھە راسـت، ئامانلىق ئىشـخانىسـىدىكى مايۇر مىخائىلنىڭ ئىسـتىپانامىسـىنى قايتۇرۇۋېتىڭلار، ئۇنىڭغا دەڭ، مىنى بالدۇرراق ســاقايســۇن دىســە دەرھال ئۆز ئورنىغا كەلسۇن! ـ دېدى پىرىزدىنىت بۇيرۇق قىلىپ.

- بـاش ئۇســتىگە پىرىزدىنــت، مـايۇرغـا ســالىمىڭىزنى ئۆزۈم يەتكۈزىمەن، ئەمدى ئۇ كىرسـۇنمۇ؟ - دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى ئىشىكنى ئېچىپ سىرتتا ئولتۇرغان مەھبۇسقا ئىشارەت قىلدى.

يېرىم ئېچىلغان ئىشىكتىن ئۇستىگە يارىشىملىق كۈلرەڭ كاستيۇم-بۇرۇلكا كىيگەن، پىشانىسى شـەبنەمدەك يالتىراپ تۇرغان، كېلىشكەن بىر يىگىـت ئەدەپ بىلەن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇدۇل پىرىزدىنىت ياتقان كارۋاتنىڭ يېنىغا يېقىن بېرىپ ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن «پىرىزدىنىت ئەپەندى، سـىزنى كۆرگىنىمدىن خۇشالمەن » دەپ ھۆرمەت بىلدۈردى. پىرىزدىنىتمۇ جـاۋابەن ئۇنىڭغا ئىللىق كۈلۈمســرەپ ئۇنى ئۆزىگە ئەڭ

يېقىن كىرىسلودا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ئاندىن يېنىدىكىلەرگە ئۇنىڭ بىلەن يالغۇز پاراڭلاشقۇسى بارلىقىنى ئېيتتى.

بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ گۈللەرگە تولغان ئازادە يورۇق ئايرىمخانىسىدا پېرىزدېنت ۋە ھېلىقى «مەھبۇس» ئىككىيلەنلا قالغان ئىدى.

بىر دەملىك جىمجىتلىقتىن كېيىن پېرىزدېنت بۇ ناتونۇش يىگىتنى يېنىغا چاقىردى. ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ «رەھمەت ئوغلۇم، سېنى قىيناپ قويدۇق، ئالدىڭدا خىجىلمەن !» دەپ ئۇنىڭغا ئۆز سەممىيتىنى بىلدۈردى. پېرىزدېنتنىڭ ھازىرقى مۇئامىلىسىدىن خۇددى ئاتىنىڭ ئوغلى بىلەن كۆرۈشكەندىكى ھەقىقىي قىزغىنلىقى چىقىپ تۇراتتى. پېرىزدېنت يىگىتنىڭ قولىنى بوش تۇتۇپ تۇرۇپ دېرىزە سىرتىدىكى گۈللۈككە نەزەر سالدى. ئاندىن ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ بىر تىنىدى. ئۇنىڭ بۇ تىنىقىدىكى ئېغىر ھەسرەت، كۆز يەتكۈسىز ئارمان ياش يىگىتنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالدى، ناۋادا بۇ ئازاپلىق تىنىق گۈلخانىغا ئايلانغان بولسىدى پۈتۈن دۇنيانى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغان بولاتتى. . .

- بالام، سەن قايسى باغنىڭ گۈلى؟ نېمە ۋەجىدىن گۈلزارلىقىڭنى تاشلاپ تاغنى ماكان تۇتتۇڭ؟ خالىساڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگىن، ھېكايەڭنى ئاڭلاشقا بەكمۇ تەشنامەن ! ـ پېرىزدېنت ئاتىلىق سالاپەت بىلەن ئۇنىڭ قول بارماقلىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىگە تىكىلدى.

يىگىت ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىنسانلاردا بولىدىغان ھەقىقىي سەممىيلىكنى كۆرگەندەك بولدى، ئۇنىڭ يۇمران ئىسسىق قولىدىن بىرخىل ئاتىلىق مېھرىنى سەزگەندەك بولدى. ئۇ بىرنېمىدىن ئىزا

تارتقاندەك ئاســتاغىنا ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە تۈۋىگە كەلدى. كىچىك گۈللۈكتىكى ئۈچۈۋاتقان كېپىنەكلەرگە، غۇڭۇلداپ ئۇچۇۋاتقان ھەسەل ھەرىلىرىگە قاراپ بىردەم تۇرغانىدىن كېيىن چوڭقۇر بىر ئۇھ تىنىدى، ئاندىن روھلۇق ھالدا كارۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېغىز ئاچتى:

- مۇكەممەللىك بىزگە خاس ئەمەسكەن، ئىنسان خاتالىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن يەنە خاتالىق ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرى بولىدىكەن، قاراڭ ئاۋۇ ھەسەل ھەرىسىگە، پېرىزدىنىت ئەپەندى، ئۇ بىر ئۆمۈر ھەسەل يېغىپ، بىر ئۆمۈر كۆنەك ياسىدى، ئادەملەر ئەكسىچە ئۆزىنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ھەسەل ھەرىسىنىڭ مەۋجۇتلىقى بىلەن كارى بولمىدى! ئۇلارنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ ھەسەلىنى ئېلىۋالدى، ئاقىۋەتتە ھەسەل ھەرە ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلدى! شۇنداقتىمۇ ھەسەل ھەرىلىرى ئۆزىگە كېلىدىغان تالاپەتنى بىلىپ تۇرۇپ يەنىلا بوشاشمىدى، مەڭگۈ ھەسەل يېغىشنى، كۆنەك ياساشنى توختاتمىدى! شۇنداق، بىز ھەممىگە ئېرىشتۇق. لېكىن ئېرىشكەنلىرىمىزدىن يۇقاتقىنىمىز كۆپ بولدى. غەم-قايغۇدىن، ۋەھىمىدىن قۇتۇلالمىدۇق! ھەسەل ھەرىسى بولسا خالىغان يەرگە ئۇچالىدى. خالىغان يېرىگە قونالىدى، يەنىلا قايغۇ ۋەھىمىدىن خالىي ئۆتتى!. . . دەپ كەلسەم مىنىڭمۇ ئەشۇ كېپىنەكتەك، ئەشۇ ھەسەل ھەرىسىدەك غەمسىز، بىغۇبار چاغلىرىم بولغان، لېكىن گۈللۈكۈم ۋاقىتسىز كۈز شامىلىدا تۇزۇپ، دەھشەتلىك بوران بېغىمنى خازان قىلىپ مېنى قاراڭغۇ زۇلمەتكە تاشلىدى. شۇنداقتىمۇ پەرۋانىدەك ئۈمىدۋار ياشىدىم، بىر ئۆمۈر يورۇقلۇق ئىزدىدىم! ئەشۇ ئۈمۈتۋارلىق ئالدىمدىكى قاراڭغۇلۇقنى يورۇقلۇققا، گىياھسىز چۆللۈكنى يېشىل چىمەنلىككە ئايلاندۇردى! ھازىر ئويلىسام دۇنيانى رەڭگا -رەڭ كۆرسەتكىنى كۆز ئەمەس كۆڭۈلكەن. كۆڭۈل قانچە كىرلەشكەنسىرى دۇنيا شۇنچە

رەڭسىزلىشىدىكەن! ئەكسىچە كۆڭلۈڭ قانچە پاكىزلانغانسىرى دۇنيا شۇنچە رەڭگە تولىدىكەن! ھەسەل ھەرىسىنىڭ گۈل شىرنىسى يىغقاندىكى ھۇزۇرى بىلەن پەرۋانىنىڭ شام يالقۇنىغا ئۆزىنى ئاتقاندىكى ھۇزۇرى پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىگە ئايان، ئەكسىچە بىزگە يىراق. . .- يىگىت سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە جىمىپ كەتتى.

- سۆزلە، ئوغلۇم، ، قۇلۇقۇم سەندە، ـ دېدى پىرىزدىنىت بېشىنى لىڭشىتقىنىچە يىگىتكە ئىلھام بېرىپ.

- قەدىرلىك پىرىزدىنىت ئەپەندى، گۈلزارلىقىمىنىڭ ھىكايىسى بەك يىراقتا. بىلمىدىم سەيلە قىلىشقا راستىنلا تاۋىڭىز بارمىدۇ؟!

- مەرھابا ئوغلۇم، يول باشلىشىڭغا ئىنتىزارمەن !

شاش ئاتلار قامچىلانماستىلا يۈرۈپ كەتكەندەك، ۋاقىت تۇلپىرى بۇ ئىككى ئادەمنى ئېلىپ ئۇچقاندەك چاپقىنىچە بۇنىڭدىن يىرىم ئەسىر بۇرۇنقى چاغلارغا ئېلىپ ماڭدى.

# ئىككىنچى باب

## بىر مەيدان چېلىش

1938-يىللىرى، تۈركمەنىستان.

19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىنچى يىللىرىدا تۈركمەنىستاننىڭ ھازىرقى ئاشخابادتا نەچچە ئەسىرلىك تارىخنىڭ بوران-چاپقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرىپ ئۆزىنىڭ زېمىن پۈتۈنلىكىنى ساقلاپ كەلگەن ئاسمىنى سۈزۈك، تۇپرىقى يېشىل كىچىك بىر تۈركمەن خاندانلىقى بار ئىدى. قىرىقىنچى يىللارغا كىرىش ئالدىدىكى بۇ پادىشاھلىق تۈزۈمدىكى دۆلەت گەرچە ياۋروپا سانائەت ئىنقىلابىنىڭ گۈدۈك ئاۋازىنى كېچىكىپ ئاڭلىغان بولسىمۇ ئەمما ئۆزىنىڭ ئادىللىقى، سۈيىنىڭ موللىقى، زېمىنىنىڭ مۇنبەتلىكى بىلەن باشقا دۆلەت- خاندانلىقلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنەتتى. خەلق پادىشاھتىن، پادىشاھ خەلقىدىن رازى ئىدى.

مۇشۇنداق ئاسايىشلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈرك خەلقىنىڭ ئايەملىرىدىن بىرى بولغان يېڭى يىل - نەۋرۇز يېتىپ كەلدى. ئاۋام خۇشاللىقتا تولۇپ بۇ يېڭى يىلنى ياخشى كۈتۈۋالماقچى بولۇشتى. بەگ -تۆرىلەر قوي- كالا سويدى، يوقسۇللارمۇ تۇخا-توشقانلىرىنى ئايىمىدى. ئۇلار مەيدان- مەيدانلاردا داش قازان ئېسىپ خەتمە- نەزىر قىلىشنى باشلىدى. ئۇلار خۇدادىن بۇ بىر يىلدا كاتتا مولچىلىقنىڭ، توقچىلىقنىڭ بولۇشىنى، سۇ- يامغۇرنىڭ كۆپ بولىشىنى، خاندانلىقنىڭ ئەمىن بولۇشىنى تىلەپ دۇئا-تىلاۋەت قىلىشتى.

ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئەتىسى يۇرت-يۇرتلاردىن كەلگەن كۈچتۈڭگۈر پالۋانلار، باتۇر چەۋەندازلار، چېلىشچى مەرتلەر، ئوقياچى مەرگەنلەر ھەممىسى بىر بولۇپ خانلىق مەيدانىغا يىغىلىپ ئۆز كارامەتلىرىنى كۆرسىتىپ بەسلىشەتتى، زەپەر قوچقۇچىلار خانلىق تەرىپىدىن ئالاھىدە تارتۇقلىناتتى.

بۈگۈن چېلىش مەيدانى ئالاھىدە قىززىپ كەتكەن ئىدى، يىراق ـ يېقىندىن كەلگەن يۇرت پالۋانلىرى بەس-بەستە مەيدانغا چۈشۈشتى. بەزىلىرى ئۈجمىدەك تۆكۈلسە بەزىلىرى مەيداندا قوزۇقتەك تۇرۇپ ئاسمانغا تۇپا ئاتتى، چۈش بۇلا ـ بولماي ناتۇنۇش بىر زەڭگى پالۋان ئارقا-ئارقىدىن رەقىبلىرىنى يېقىتىپ مەيداننى بىر ئالدى قىسقىسى ئۇنىڭغا ئادەم تۇشمىدى. . .

پادىشاھ ئەلەمدار-قەلەمدارلىرىنى ئېلىپ نەۋرۇزدا بەكراق قىزىيدىغان بۇ چېلىش مەيدانىغا كىلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. ئۇستىخىنى كىلەڭسىز بۇ زەڭگى پالۋاننىڭ خان ئالدىدا ئۆزىگە ھېچكىمنىڭ چىقالمىغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ دىمىغى ئاشتى،. ئۆز كىبىرىنى كۆرسىتىپ يولۋاستەك ھۆكىرگىنىچە مەيدىسىگە تۇپا سۈركەپ ئاشقان توپىنى ھاۋاغا سورىدى. ئاۋام ئۇنىڭغا ئاپىرىنلارنى ئۇقۇشتى. خانمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ پالۋانلىقىغا قايىل بولدى.

زەڭگى پالۋان خاننىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلغانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھاياجانلاندى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ ئۆزىنى تۇتالماي ئەقلىدىن ئېزىپ ئاۋامغا قاراپ ھۆركىرىدى : «تۇپا سورۇپ قۇلۇم تالدى، ئاستانىنىڭ ئەركەكلىرى قېنى؟! » بۇ سۆز خانغا ياقمىدى. خان يېنىدىكى ئوردا پالۋانلىرىغا ئىشارەت قىلدى. ئادەتتە ئاۋام ئىچىدىكى بۇنداق كۈچتۈڭگۈرلەر مۇسابىقىسىگە خان ئۆزى يارلىق بەرمىسە ئوردا ئىچىدىكى پالۋانلار قاتنىشالمايتتى.

ئوردا پالۋىنى مەيدانغا چۈشتى، ئىلگىرىكى چېلىش مۇسابىقىلىرىدە ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە قاۋۇل بولغان پالۋانلارنى يەر چىشلەتكەن ئوردا پالۋىنى بۇ قېتىم زەڭگى پالۋان بىلەن بىر ئاز ھەرە تارتىشىپ قالدى. ئوردا پالۋىنى ھەرخىل ئامال ئىشلىتىپ باقتى، لېكىن ئۈنىمى بولمىدى. ئەگەر زەڭگى، ئوردا پالۋىنى بىلەن ئەمەس باشقا ئاۋام ئىچىدىكىلەر بىلەن تۇتۇشقان بولسا بۇ ۋاقىتچە كامىدا ئۈچ-تۆتىنى يولغا سېلىپ بولغان بولاتتى، پەن ئىشلىتىش نۆۋىتى ئەمدى زەڭگىگە كەلدى. ئۇ يان قىلىپ - بۇيان قىلىپ شۇنداق بىر كۈچ بىلەن ئوردا پالۋىنىنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ چالما ئاتقاندەك ئېتىۋەتتى. مەيداندا قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈلۈپ زەڭگىگە ئاپىرىن ئوقۇلدى.

بۇ ئىش خانغا ھار كەلدى. چۈنكى، زەڭگى پالۋان بۇ خاندانلىقنىڭ ئادىمى بولماستىن بەلكى باشقا ئەلدىن كەلگەن ئۆتكۈنچى سودىگەرلەرنىڭ خىزمەتكارى ئىدى، ئۇلار سودا سەپىرىدە بۇ يەردىن ئۆتۈپ قېلىپ بۇ نەۋرۇز پائالىيىتىگە تاسادىپى قاتنىشىپ قالغان ئىدى. خان ئاچچىق بىلەن يېنىدىكى باش سانغۇنغا قاراپ قويدى. خان جەمەتىدىن بولغان باش سانغۇن ئوتتۇز ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ياۋروپادىكى داڭلىق ھەربىي مەكتەپلەردە مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن ئالاھىدە پاراسەتلىك، ئەلەمدىمۇ-قەلەمدىمۇ يېتىشىپ چىققان تەڭداشسىز باتۇر يىگىت بولۇپ يىراق - يېقىندىكى دۆلەت - خاندانلىقلارنىڭ ھېچقايسىسىدا بۇنداق ياشتىكى ئادەم باش سانغۇن بولۇپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ جەڭگاھتىكى كارامىتى خەلق ئارىسىدا داستان بولۇپ تارقىلىپ يۈرەتتى. قىسقىسى، بۇ خاندانلىقنى خاندانلىق قىلىپ قوشنا ئۇلۇسلارنىڭ يامان كۆزىدىن ساقلاپ تۇرغان ئادەم دەل مۇشۇ باش سانغۇن-پاششاخان ئىدى.

باش سانغۇن پاششاخان مۇشۇ تاپتا شاھتىنىمۇ بەك تاتىرىپ

كەتتى. ئۇنىڭ غۇرۇرى خورلۇقتىن ئېچىشىپ مۇشتۇمى ئىختىيارسىز تۈگۈلۈپ كەتتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۆزۈم مەيدانغا چۈشسەم ئۇنى يېڭىشىمدا گەپ يوق. بىراق، تاش يۈرتتىن كەلگەن بىر پالۋانغا ئادەم چىقماي خاندانلىقنىڭ باش سانغۇنى ئۆزى چۈشۈپتۇ، دېيىشسە قانداق قىلغۇلۇق؟ چۈشمەي دېسەم زەڭگىنىڭ ئەپتى يامان. . . هەي بوپتىلا نېمە دېسە دېمەمدۇ ؟ ئىشقىلىپ زەڭگىنى زەڭگى بولغىنىغا توپغۇزمىسام ئەر بولماي كېتەي!؟» باش سانغۇن غەزەپتىن كەمەر-ناگانلىرىنى بىر يانغا چۆرۈپ تاشلاپ خانغا ئۆتۈنۈش كۆزى بىلەن قارىدى.

بۇ ئىش خانغا ياقتى.

دەل شۇ پەيتتە ئاۋام ئارىسىدىن بىر يىگىت مەيدانغا چىقتى. يىگىتنىڭ قامىتى، يېشى باش سانغۇنغا يانداش بولۇپ كىيىمىنىڭ ئاددىيلىقىنى هىساپقا ئالمىغاندا ئۇنىڭ قاۋۇل بەدىنى ۋە نۇر يېغىپ تۇرغان چىرايىغا قاراپ كىشىلەر ئۇنى بىرە خاندانلىقنىڭ شاهزادىسىمىكىن دەپ قالاتتى. يىگىت ئوۋدىن قايتقان تايغاندەك توختىماي نەپەس ئېلىپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ ئالدىدىلا چەۋەندازلىق ماهارىتىنىڭ ئۈستۈنلىكى بىلەن ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىدا كارامەت كۆرسىتىپ غەلبە خۇشاللىقى سۈرۈۋاتقاندا بىر توپ باللار ئۇنى ئالايىتەن بۇ يەرگە باشلاپ ئەكەلگەن ئىدى.

چېلىش باشقۇرغۇچى خۇشاللىق بىلەن ئۈنلۈك ئاۋازدا توۋلىدى:«ئەييۇهانناس ! شەرقىي خانلىقتىن كەلگەن زەڭگى پالۋان بىلەن تۈركمەن خاندانلىقىمىزنىڭ پالۋىنى ئېلىشىدىغان بولدى!»

كىشىلەر هۇررا - ئالقىش ياڭراتتى. باللار بۇ يىگىتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىشتى. يىگىت مەيدانغا چۈشتى. ئاللا كارامەت باشلاندى، قارىماققا يىگىتنىڭ جۇغى زەڭگىنىڭكىدىن كىچىك كۆرۈنسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ چېلىشقانىدىكى چەبدەس هەركىتى بەئەينى يۈگرەۋاتقان

يىلپىزنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايتتى. زەڭگى كۆپ خىل ھۈجۈملارنى قىلىپ باقتى نەتىجىسى بولمىدى، كۈچەپ باقتى يىگىت تۈتۈق بەرمىدى. زەڭگى بار كۈچى بىلەن ئۇنى يەردىن يۇلۇپ ئاستىغا باسماقچى بولدى. بۇ چاغدا ئۇ خۇددى بوغما يىلاندەك ئۇنىڭغا يېپىشىۋالاتتى، زەڭگى ئەمدى ئۇنى يانپاشقا ئېلىپ سالاي دىگەندە ھەرىكەتچان بىلىنى بەئەينى ئاغمىخاننىڭ بېلىدەك ھەركەتلەندۈرۈپ چەبدەسلىك بىلەن ئۇنىڭدىن ئاجرىۋالاتتى. ئىككى تەرەپ قاتتىق تۇتۇشۇپ كەتتى. پۈتۈن مەيداندىكىلەر ئۆز خاندانلىقىنىڭ يىگىتىگە يان باساتتى، ئۇلار كۆڭلىدە ئۆز يىگىتىنىڭ ئۇ زەنگىنى ئاستىغا بېسىپ قوپالماس قىلىۋېتىشىنى خالايتتى. دەل مۇشۇ پەيتتە ئاۋامنىڭ تىلىگى ئىجابەت بولدىمۇ يىگىتكە شۇنداق بىر كۈچ كەلدىكى ئۆزىدىن خېلىلا ئېغىر بولغان زەڭگىنى يەردىن چامغۇر يۇلغاندەك يۇلۇپ ئالدى-دە يانپاشقا ئالغىنىچە كۈچەپ ئاتتى، «ئاھ! » قىلغان ئىڭراش ئاۋازى بىلەن بىچارە زەڭگى پالۋاننى خۇدا ئوردى، ئۇ ياتقان يىرىدىن قوپقىلى تەمشەلگەندە ئاندىن مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇپا سورىغان ئوك قۇلىنىڭ سۇنۇپ كارغا كەلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئاۋام يىگىتنىڭ يېنىغا گۈرردە يېغىلىپ ئۇنى ئارىسىغا ئېلىۋالدى ھەمدە ئۇنى ئاسمانغا ئېتىپ غەلبە تاماشاسى قىلىشتى. خان بىلەن باش سانغۇنمۇ خۇشاللىقتا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، خەلق بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئۆز پالۋاننى كۆتۈرۈشكىنىچە خاننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى چۈنكى ئۇلار خاننىڭ بۇنداق خۇشاللىق ئىچىدە بۇ پالۋان يىگىتنى ياخشى تارتۇقلايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

خان كۈلۈپ سورىدى :

- قايسى ئاتىنىڭ گۆھىرىسەن بالام، نام شەرىپىڭ نىمە؟

- گۈلستانىڭىزدىكى كىتابچى ـ جالال شەيخنىڭ يالغۇز ئوغلى

ياۋۇزبەگ بولىمەن شاھىم!

- سىنى باققان ئاتاڭغا سالاملار بولسۇن ئوغلۇم! خالىساڭ ئىشىكىم ساڭا ئوچۇق، ماقۇل كۆرسەڭ پەخرىم ۋە كىلىچىگىم بۇ سانغۇنۇمغا قېرىنداش بول !

خان ئۆزىنىڭ ئوغلىدەك كۆرۈنىدىغان باش سانغۇنغا مەنىلىك قارىدى. باش سانغۇنغا بۇ گەپ بەك ياقتى ھەم خاننىڭ سۆزىدىن سۆيۈنۈپ خۇشاللىقىدا يېنىدىكى ياقۇت كۆز قويۇلغان ئالتۇن دەستىلىك قەلەمتۇراچنى دەرھال خانغا قوش قوللاپ سۇندى، بۇ قىممەت باھالىق قەلەمتۇراچ ئەمدىلىكتە جالال شەيخنىڭ ئوغلى ياۋۇزبەگنىڭ مۇكاپاتى بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. خان ئۆز قولى بىلەن قەلەمتۇراچنى يىگىتكە بەردى، يىگىت رەھمەت ئېيتىپ بۇ سۆيۈنچىنى قوش قوللاپ ئالدى. ئەتراپتىكى خەلق خاننىڭ ۋە باش سانغۇننىڭ ئالى-جاناب مەردلىكىگە ئىچ-ئىچىدىن ئاپىرىن ئوقۇشتى، ھۇررا - ئالقىش سادالىرى خانلىق مەيداننى بىر ئالدى.

شۇ چاغدا بىر توپ ئۇششاق باللار بىر نىمىنى كۆتۈرۈشكىنىچە يىراقتىن يۈگۈرۈشۈپ كىلىپ ۋارقىراشقىلى تۇردى «ياۋۇزبەگ ! ياۋۇز بەگ ! ئوقيايىڭنى ئەكەلدۇق، ئەمدى ئۇ يەرگە بارمىساق مۇكاپاتنى باشقىلار ئېلىپ كىتىدۇ، تىز بول!»

يىگىت بېشىنى كۆتۈرۈپ خانغا قارىدى، خان ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭ مۆرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ئېيتتى : «بارغىن، ئوغلۇم ! كىرىچىڭنى بۇلىشىغا تارت، غەلبەڭدىن نەۋرۇز كۈلسۇن! خانلىقىم كۈلسۇن ! سەن بىزنىڭ بالىمىز !. . . » يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ خانغا ۋە باش سانغۇنغا قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى ۋە رەھمىتىنى بىلدۈردى، ئاندىن بايامقى چەۋەندازلىق بەيگىسىدە مۇكاپات ئالغان ئالاھىدە كەشتىلىك تىللا قاچىلانغان ھەميانىنى يېنىدىن چىقىرىپ خان بەرگەن

ئالتۇن دەستىلىك قەلەمتۇراچنى ئىچىگە سالدى. ھەميانىنىڭ ئاغزىنى چىڭ بۇغۇپ بىلىگە مەھكەم تاڭغاندىن كېيىن بالىلار بىلەن يۈگۈرۈشۈپ مەرگەنلەر مەيدانىغا كەتتى.

خان يىراقتىن ئۇنىڭغا نەزەر سالدى ئاندىن باش سانغۇنغا قاراپ ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ ئېيتتى : «ئۇ ياشلىقىمنى ئىسىمگە سالدى، سەنمۇ ئۇنى ئەزىز بىلىپ ئۈزۈك ئەتىۋارلايدىغان گۆھەرنى ئۇنىڭغا بەردىڭ. پاششاخان، ئىسىڭدە بولسۇنكى، زېمىن تېخى ئىللىغىنى يوق، بوران-چاپقۇنلۇق كۈنلەر ئالدىمىزدا، بېشىمدىكى بۇ تاجغا تىنىم ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ. ئەمدى سانغۇنلۇق كەمرىڭنى تاشلاپ مېنى يېنىكلىتىدىغان چېغىڭ بولاي دېدى. بىلسەڭ ئۈنچە-مەرۋايىتنىڭ قىممىتى پەقەت جاۋاھىرخانىدا ئوغلۇم! بارغىن! ئىچى-تېشىڭ جاۋاھىرغا تولسۇن!»

# ئۈچىنچى باب

## ئاشىق

شۇ قېتىملىق چېلىشتىن كېيىن باش سانغۇن پاششاخان بىلەن كىتابچىنىڭ ئوغلى ياۋۇزبەگ ناھايىتى ئىجىل دوستلاردىن بولۇپ قالدى. پاششاخان ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ئوردىدىن مۇقىم تەمىنات ۋە ئۆي خىزمەتچىسى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەردى.

جالال شەيخنىڭ ئەسلى ئىسمى جالالىدىن پەتتار بولۇپ يىراق شەرقتىن ئىلىم تەھسىل قىلىش ئارزۇسىدا بۇ يۇرتقا كەلگەن، كېيىن ئانا يۇرتى ئۇرۇش مالىمانچىلىقىغا پېتىپ قالغانلىقى سەۋەبلىك ئۆز ۋەتىنىگە قايتالماي بۇ يەردە ئۆي-ئۇچاقلىق بولۇپ ئوردىدا خانلىقنىڭ دىن ئىشلىرى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئۇقۇمۇشلۇق كاتتا ئۆلىما ئادەم ئىدى. كېيىن ئايالى ياش تۇرۇپلا كېسەل سەۋەپلىك ئۈچ ياشلىق يالغۇز ئوغلى ياۋۇزبەگنى ئېرىگە تاشلاپ قويۇپ دۇنيادىن كېتىپ قالدى. ئەزىز ۋەتىنىدىن، مۇساپىرچىلىقتا بېشىنى سىلىغان، مېھرى ئىسسىق ئايالىدىن ئايرىلىپ قالغان جالال پەتتار ئوردىدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ شەھەر سىرتىدىكى ئايالى ياتقان مازارلىقنى ماكان تۇتۇپ شۇ يەردە شەيخلىق قىلدى ھەم ئوغلىنى ئۆزى بىر قوللۇق تەربىيەلەپ ئەلەمدىمۇ-قەلەمدىمۇ بار پالۋان يىگىت قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقتى. جالال پەتتارنىڭ يىغىپ ساقلىغان كىتاپلىرىنىڭ سانى ھەددى ھىساپسىز بولۇپ ئۇنىڭ ئۆي -ئۆي كىتابىدىن باشقا مال- بىساتى

بولمىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى «كىتابچى جالال شەيخ» دەپ ئاتايتتى.

ياۋۇز بەگ چىرايدا ئانىسىنى تارتقانلىقى ئۈچۈن ئاپتاپتەك يېنىپ تۇرىدىغان كەڭ پېشانىلىك، ئاق يۈزى بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان بىر جۈپ قويۇق كۆزى ھەرقانداق كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. خۇلقى دادىسىنى تارتقان بولسا كېرەك، ئادەتتىن تاشقىرى كىتاب مەستانىسى بولۇپ چىققان ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ئوردا كۈتۈپخانىسى ئۇنى ئۆزىگە بەكلا رام قىلىۋالدى. باش سانغۇن دوستىنىڭ بۇ قىزىقىشىنى بىلىپ ياۋۇزبەگنىڭ قولىغا ئوردا كۇتۇپخانىسىغا خالىغان ۋاقىتتا كىرىپ چىقالايدىغان خان يارلىقىنى تۇتقۇزۇپ ئۇنى ئوردا كۇتۇپخانىسىنىڭ دائىملىق ئەزىز مېھمىنىغا ئايلاندۇردى. بولۇپمۇ ھەر جۈمە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوردا كۈتۈپخانىسىدا بولىدىغان ئالىم - ئۆلىمالارنىڭ ئىلىم - تەھسىل بەس - مۇنازىرە يىغىلىشىغا ئۇ ئەڭ بۇرۇن كېلىپ ئىشتىراك بولاتتى. بۇ خىل يىغىلىشقا خان ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر - ۋۇزرالىرى تولۇق قاتناشقاندىن سىرت خانلىق ئونىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدىن باشلاپ ئەل ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن شائىر- مەددھلىرىغىچە نۇرغۇن ئادەم قاتنىشاتتى. بۇ كۈنى مەيلى شاھ بولسۇن مەيلى گاداي بولسۇن ئىلىم تەھسىل يۈزىسىدىن ھەرقانداق پىكىرىنى بىمالال ئوتتۇرىغا قويالايتتى. بەزى كۈنلىرى بەس - مۇنازىرە شۇنداق قىزىيتتىكى چۈشتە باشلانغان مۇتالىئە توختىماستىن كېچىنىڭ يېرىمىغىچە سوزۇلاتتى.

بۈگۈنكى مۇتالىئەگە قاتناشقان كىشىلەرمۇ ئادەتتىكىدىن كۆپ بولۇۋاتاتتى. بۇنداق بولۇشتىكى سەۋەب خانلىق ئونىۋېرسىتېت تەكلىپ قىلغان ياۋروپادىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن كەلگەن بىر قانچە پەيلاسوپ- ئۇستازلارنىڭ بۇ يىغىلىشقا ئىشتىراك بولغانلىقىدىن ئىدى.

چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن كۈتۈپخانا زالىغا يىغىلدى، باشتا خانلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەت ئىلمىنىڭ ئۇستازى سۆز قىلىپ «ئەنئەنىۋى تىبابەتتىكى كېسەللىنىش جەريانى» دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنى ئۇقۇپ تۈگەتتى، ماقالا شۇنداق مۇكەممەل ئەتراپلىق يېزىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇئەللىپ شۇ زاماننىڭ يىراق-يېقىنغا نامى مەشھۇر بولغان تېبابەت نەزەريە ئەللامىسى بولۇپ ئۇنىڭ تېبابەت توغرىسىدىكى ئېيتقانلىرىغا ئادەتتىكى ئىلىم ئىگىلىرى ئالدىراپ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. ئۇستاز ئولتۇرغانلارنىڭ ئوخشىمىغان پىكىر-قاراشلىرى بولسا ئوتتۇرىغا قويۇشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى، سورۇندىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى. يىغىن باشقۇرغۇچى ئۈنلۈك قىلىپ باشقا پىكىر بولمىسا يەنە بىر تېمىغا ئۆتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. شۇ چاغدا سورۇن ئەھلىدىن تۆۋەندە ئولتۇرغان بىر ياش ئورنىدىن تۇرۇپ ناھايىتى خىجىل بولغان قىياپەتتە پىكىر قىلدى:

- ھۆرمەتلىك ئۇستاز، كەمىنە شاگىرتىڭىزنىڭ بۇ توغرىلىق ئازراق ئۇيۇم بار ئىدى، رۇخسەتمىدۇ؟

ئەڭ ئارقا سەپتىكى ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن چىققان بۇ ئاۋازدىن سەل ئەندىكىپ گۇررىدە قاراشتى. چۈنكى ئادەتتە مۇنازىرىگە قاتناشقۇچىلار ياكى پىكىر بەرگۈچىلەر ياش ۋە ھۆرمەتتە چوڭ ئۇستازلاردىن بولاتتى.

- روخسەت! ـ دېدى يىغىن باشقۇرغۇچى تېبابەت ئۇستازىنىڭ كۆز ئىشارەت ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتىپ.

- رەھمەت ئۇستاز، بايام ماقالىڭىزدىكى «قىزىتما ياندۇرۇشىنىڭ رولى» دېگەن ئىبارىدە قىزىتما كېسەللىكلەرنى تەرلىتىش ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق قىزىتما ياندۇرۇپ بەدەننى تۇراقلاشتۇرۇشنى

تەكىتلەپسىز مېنىڭچە بۇ مەن تەھسىل قىلغان ۋە ئاڭلىغان زامانىمىزدىكى قىزىتما توغرىسىدىكى ئەڭ مۇپەسسەل ئەڭ ياخشى شەرھىلەنگەن بىر ماقالا بولۇشى مۇمكىن، ئەجرىڭىزگە ئاللاھ كۆپ رەھمەت قىلغاي ئۇستاز! شۇنداقتىمۇ سىز تەكىتلىگەن بۇ ئۇسۇل بارلىق قىزىتما كېسەللىكلەرگە مۇۋاپىق كېلىشى ناتايىن دەپ قارايمەن، ئۇستاز سىلىگە ئايانكى كېسەللەنگەن بەدەننىڭ قىززىشى بەدەننىڭ ئۆزىدە تەبىئى بار بولغان ئۆز-ئۆزىنى قوغداش جەريانى، بەدەن بۇ جەريان ئارقىلىق ئۆزىدىكى شۇ خىل كېسەللىككە قارشى ئىممۇنىت سىستېمىسىنى قوزغىتىدۇ ھەم ئىممۇنىت ھۇجەيرىلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بەدەن تېمپېراتۇرىسى 37 گرادۇس بىلەن 39 گرادۇس ئارلىقىدا بەدەندىكى كېسەللىك بىلەن ئېلىشقۇچى ئاق قان ھۇجەيرىسى ئەڭ ئاكتىپ ئەڭ جەڭگىۋار ھالەتكە ئۆتكەن بولىدۇ، شۇنىڭدەك جىگەرنىڭ زەھەرسىزلەندۈرۈش رولىمۇ كۈچىيىپ بەدەننىڭ ماددا ئالمىشىشى تېزلەشتۈرىدۇ. ناۋادا بىز بەدەندىكى بۇ قىززىش جەريانىنى ۋاقىتلىق ئۈزۈپ قويساق بەلكىم بىمارنىڭ كېسەللىك ئالامىتى ۋاقىتلىق ياخشىلىنىشى مۇمكىن لېكىن كېسەللىكنىڭ ساقىيىش جەريانى ئۇزىراپ كېتىشى ياكى ئۈزۈل كېسىل ساقايماسلىقى تەبىئى. شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەلنىڭ تۈرى ۋە قىزىتمىنىڭ يۇقىرى تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئاندىن قىزىتما قايتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان بولسا دېمەكچىمەن. . .

يىگىتنىڭ سۆزى تۈگىمەستە سورۇن ئەھلى نارازى بولغان قىياپەتتە غۇدۇڭشىپ يىگىتكە سۇغۇق قاراشتى، يىگىت ئۇلارنىڭ مەسخىرە قاراشلىرىدىن خىجىل بولۇپ ئۆپكىدەك قىزارغىنىچە سۆزىدىن توختاپ قالدى. بۇنى سەزگەن تېبابەت پاكالتۇت ئۇستازى كۈلۈمسىرىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپ يىگىتكە مەدەت بەرگەندەك قىلىپ ئۈنلۈك ئېيتتى:

- قېنى يىگىت سۆزىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ!

يىگىت يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلىرىنىڭ ئاخىرىنى بايان قىلىشقا باشلىدى:

- ئىككىنچى پىكرىم، ئۇستاز «دورا تەسىرى» دېگەن ئىبارىدە مەيلى ئەنئەنىۋى تىبابەتتە بولسۇن ياكى غەرب تىبابىتىدە بولسۇن دورا بېرىشتىن ئىلگىرى بىمارنىڭ پىسخىكا تەڭپۇڭلۇقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش دېگۈدەك ئېتىۋارغا ئېلىنمىغان، تەجرىبىلەردىن ئايانكى قوي قۇتىنىغا بۆرىنى يېقىندىن باغلاپ قويغاندا بۆرىسىز قوتاندىكى قويلارنىڭ تۆللىنىش ئەھۋالى بۆرە بار قوتاندىكى قويلارغا قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ياخشى بولغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۆرە بار قوتاندىكى قويلارنىڭ كېسەللىك بىلەن ئاغرىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان، شۇنىڭدەك قەرىزگە پاتقان بىمارنىڭ قەرزى يوق بىمارغا قارىغاندا ئوتتۇرىچە يۈرەك رېتىمى تېز، قان بېسىمى يۇقىرى بولغان، جۈملىدىن ئوخشاش دورىنىڭ ئوخشىمىغان ماكان-زاماندىكى تەسىرىمۇ ئوخشاش بولماسلىق پىرىنسىپىغا ئاساسەن مېنىڭچە دورا بېرىشتىن ئىلگىرى بىمارنىڭ پىسخىكا ھالىتىنى تۇراقلاشتۇرۇش دورىنىڭ تەسىر قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىشى مۇمكىن، دېمەكچىمەنكى بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشنى مۇمكىن بولسا خانلىق ئونۋېرسىتېت باش بولۇپ چوڭقۇرلاشتۇرغان بولسا، قەدىرلىك ئۇستاز. . .

يىگىت سۆزىنى تۈگەتتى، مەيدان ئەھلى تىمتاس سۈكۈت ئىچىدە قالدى. شۇ چاغدا خانىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئاق ئۈجمىدەك جۇلالاپ تۇرغان چىرايىدىن باشقا پۈتۈن بەدىنى قىپقىزىل شايى بىلەن ئورالغان پەرىزات كەبى شۇنداق ئۇز بىر قىز ئورنىدىن تۇرۇپ سۆز قىلدى، ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئۇزلىقىغا ئاۋازىنىڭ ئىنچىكە ھەم زىلىلىقى بەكمۇ ماسلاشقان بولۇپ بەئەينى تۇخۇمدىن يېڭى چىققان چۈجىنىڭ

چۈكۈلدىغان ئاۋازدەك بىرخىل يېقىملىق سەبىي ئاۋاز پۈتۈن مەيداندىكى كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزەتتى:

- قېرىندىشىمنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەق، لېكىن قىزىتمىنىڭ يامان تەرەپلىرىمۇ بار، بىمار قىزىغاندا ئۇنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ غىدىقلىنىشى كۈچىيىدۇ بولۇپمۇ 40 گرادۇستىن 41 گرادۇسقا يەتكەندە جۆيلۈش، خىيالىي سېزىم بولۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ بالىلارنىڭ مەركىزى نېرۋا سىستېمىسى تولۇق پىشىپ يېتىلمىگەچكە ئاسانلا تارتىشىپ قالىدۇ، چوڭ ئادەملەرنىڭ قىزىتمىسى ئوتتۇرىچە ھېساپتا ھەر بىر گرادۇس يۇقىرىلىغاندا يۈرەك رېتىمى مىنۇتىغا 15 نى ئارتۇق سالىدۇ، بالىلارنىڭ يۈرەك قېتىم سانى بۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولىدۇ، يۈرەك رېتىمىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق تېزلىشىپ كېتىشى يۈرەك كېسىلى ياكى قان ئازلىق بارلارنىڭ يۈرەككە كېلىدىغان بېسىمىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ ھەتتا يۈرەك زەئىپلىشىشىنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. . .

قىزچاقنىڭ يىگىتنىڭ ئىككى خىل پىكرىنى رەت قىلىش يولىدىكى يېقىملىق ئەمما كەسكىنلىك چىقىپ تۇرىدىغان بايانلىرى زال بوشلۇقىدا توختىماي جاراڭلايتتى. ئاندىن يىگىتمۇ بوش كەلمەي ئۆزىنىڭ ئاساسلىرىنى تەمكىنلىك بىلەن ئەڭ ئۇقۇملۇق تىلدا بايان قىلاتتى. مۇنازىرە داۋاملىشىۋاتاتتى، ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە قايىل بولمىدى. . .

ئاخىرىدا يىراق ئەلدىن تەكلىپ قىلىنغان ياش ۋە ھۆرمەتتە ئەڭ چوڭ ئۇستاز سۆز قىلىپ ياش يىگىتنىڭ قىزىتما توغرىسىدىكى بايانلىرىنىڭ ناھايىتى توغرا ئىكەنلىكىنى، داۋالاشتىن ئىلگىرىكى پىسخىكا تۇراقلاشتۇرۇش گەرچە بەرھەق بولسىمۇ ئەمەلىي داۋالاش جەريانىدا قوللىنىشنىڭ بەكلا مۈشكۈللىكىنى ئەملى مىساللار بىلەن

قايىل قىلارلىق سۆزلەپ پۈتۈن مەيدان ئەھلىنى قايىل قىلدى.

مۇتالىئە ئاخىرلىشىپ ھەممەيلەن تارقاشتى، خاننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ھېلىقى قىز خانغا ئەركىلەپ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ سورىدى:

- خان ئاتا ! مەن بىلەن جاڭجاللىشىشقا پېتىنغان بايامقى سەھرالىق كىم ئۇ؟

- ياۋۇزبەگ دېگەن شۇ قىزىم، - دېدى خان كۈلگىنىچە مەلىكىنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ.

- چۆرە قىزلار تولا گېپىنى قىلىدىغان ياۋۇزبەگ شۇكەندە، ئەدەپسىز!-دېدى مەلىكە خان ئاتىسىغا ئەركىلەپ.

شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىمۇ ياۋۇزبەگ يېنىدىكىلەردىن ئۇ قىزچاقنى سۈرۈشتە قىلىپ ئۆلگۈرگەن ئىدى:

- ئۇ قىز كىم ؟ گەپلىرى نىمانچە قاتتىق ئۇنىڭ؟

- كىم بۇلاتتى، خاننىڭ ئەتىۋارلىق مەلىكىسى- كۈنچىچەكقۇ شۇ!

- مەلىكە بولسا نېمە بۇپتۇ؟ ئەپتىنىڭ يامانلىقىنى تېخى. . . - ياۋۇزبەگ ئاچچىقى بىلەن كەينىگە ئۆرۈلۈپ مەلىكىگە سۇغۇق قارىماقچى بولدى. مەلىكىمۇ دادىسىنىڭ مۆرىسىگە ئېسىلغاچ ئۆمرىدە ئۆزىگە تۇنجى بولۇپ گەپ ياندۇرغان يىگىتكە ھومىيىپ قارىماقچى بولدى. . . ئىككىيلەن تەڭلا قاراشتى. باشتا ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە ئىلىم ئەھلىلىرىدە بۇلىدىغان بىر خىل تۇغما قىزغىنىش ھەسەتخورلۇق ئىپادىلەندى، ئارقىدىن بىر-بىرىگە بولغان قايىللىق ۋە ھۆرمەت ئەكس ئەتتى. ئاخىرىدا بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ كۆزىدە ئېغىزدا ئىپادىلەش قىيىن بولغان شۇنداق تاتلىق بىر سېزىم پەيدا بولدى. مەلىكە كۆزىنى دەرھال ئېلىپ قاچتى. يىگىتنىڭ كۆزىمۇ مەلىكىنىڭ ئوتقاشتەك چاقناپ تۇرىدىغان كۆزىدىن كۆيگەندەك بولدى. . .

شۇ كېچىسى ياۋۇزبەگ زادى ئۇخلىيالمىدى، ئۇنىڭ مەھەللىدە نۇرغۇن قىز-ئوغۇل دوستلىرى بار ئىدى. لېكىن ھېچقانداق قىز بالىنىڭ كۆزىدە مەلىكىنىڭ كۆزىدە كۆرگەن ئۇنداق شېرىن، تاتلىق نۇرنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇنىڭ كاللىسى قالايمىقان خىياللارغا تولدى، ئۇيان ئۆرۈلدى، بۇيان ئۆرۈلدى. مانا ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئېيتقۇسىز بىرخىل قىيىن ئازابتا ياتتى.

پادىشاھنىڭ مەلىكە كۈنچىچەكتىن باشقا پەرزەنتى يوق ئىدى. خانلىقنىڭ ئەنئەنىۋى تۈزىمى بويىچە شاھنىڭ تەخت ۋارىسى بولغان مەلىكە جەزمەن خان جەمەتىدىن بولغان كىشىگە ياتلىق قىلىنىشى كېرەك ئىدى. مەلىكە بىلەن تەڭ دىمەتلىك بولغان باش سانغۇن پاششاخان بولسا دەل خان جەمەتىدىن بولۇپ بۇ خاندانلىقتىكى بىردىن بىر مۇۋاپىق نامزات ھېسابلىناتتى. ئەمەلىيەتتە ئەخلاق پەزىلەتتە بولمىسۇن ئەلەمدە ياكى قەلەمدە بولمىسۇن خاندانلىق تەۋەلىكىدە پاششاخاندەك يەنە بىر يىگىتمۇ تېپىلمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شاھ ئۇنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆز ئوغلىدەك ئەتىۋارلايتتى، قەدىرلەيتتى. قىسقىسى ئۇنى ئۆزىگە بەكلا ئوغۇل قىلىۋېلىش ئارزۇسى بار ئىدى. مەلىكىمۇ باش سانغۇن پاششاخانىنىڭ ھەر جەھەتتىن كېلىشكەن يىگىت ئىكەنلىكىگە قايىل ئىدى، ئۇنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا خان ئاتىسىغا ئاساسلىق ياردەمچى بولغانلىقىدىن بەكلا سۆيىنەتتى. ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ھۆرمەت قىلاتتى.

لېكىن كۈتۈلمىگەن بۇ ئىش مەلىكىنى بىئارام قىلدى. خان ئاتىسىنىڭ مۆرىسىگە ئېسىلىپ تۇرغاندا ياۋۇزبەگنىڭ كۆزىدىن ئاجايىپ بىر شېرىن سىزىمنى سەزدى، بۇ سېزىم شۇنداق ئوتلۇق، شۇنداق قىزىق ئىدى. كۈن چىچەكمۇ بۇ كېچىسى ياخشى ئۇخلىيالمىدى. ئۇ چەكسىز خىياللار دۇنياسىغا غەرىق بولدى، تاتلىق بىر ئوت ئۇنىڭ

يۈرىكىگە كىلىپ قادىلىۋالدى. ئۇ مەيلى خانلىق ئۇنىۋېرسىتىتتا بولسۇن مەيلى ياۋرۇپادا ئۇقۇۋاتقان ۋاقتىدا بولسۇن نۇرغۇن يىگىتلەر بىلەن يېقىن ئۆتكەن، لېكىن ھېچقانداق بىر يىگىتكە بۇنداق قىزىقمىغان، مەلىكە يالغۇز قالغاندا مەڭگۈلۈك غەمگۈزارى بولۇش ئالدىدىكى يىگىتى پاششاخاننى ئويلىغان، ئۆزىچە خىيالىدا ئۇنىڭ بىلەن تاغ- داللاردا چېپىپ دەريا -كۆللەردە ئۈزگەن، شېرىن خىياللاردىن مەستخ بولۇپ مۇھەببەتكە تەشنا قەلبىنى ئىللىتقان. لېكىن مۇشۇنداق چاغدىمۇ ئۇ بۇخىل ئوتلۇق سىزىمغا كىلەلمىگەن ئىدى.

مانا ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز بىر ياۋايى يىگىت پەيدا بولۇپ ئەركەكلەرچە قۇپاللىق بىلەن ئۇنىڭ كۆكسىنى مۇجۇپ يۈرىكىگە ئوتلۇق نەشتىرىنى سانچىپ تۇرىۋالدى. مەلىكە ئۇيان يېتىپ باقتى، بۇيان يېتىپ باقتى، قىلدەك تولغاندى، ئۆزىگە زادى نېمە بولغىنىنى بىلەلمىدى. ئەمما يۈرىكىگە قادالغان ئوتلۇق نەشتەر پات سۇغۇرۇلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

*   *   *   *   *

ياۋۇزبەگ شۇندىن باشلاپ جىمغۇر بولۇپ قالدى، ئەتىدىن كەچكىچە بېشىنى كىتاپتىن كۆتۈرمەيدىغان، باشقىلار گەپ سورىمىسا بىر ئېغىزمۇ ئارتۇق گەپ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى. ياشانغان جالال شەيخنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالغان بولسىمۇ ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ تىنىق تاۋۇشلىرى كۆڭۈل كۆزىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. بىر كۈنى جالال شەيخ ئوغلىنى چاقىرىپ بېشىنى سىلىدى:

- ئېغىر تىنىقىڭدىن تەسۋىرىمنى سىيرىيالمىدىم، بالام. سەن

مېنىڭ قۇچىقىمدا چوڭ بولغان، يۈرۈكۈم چىدىمايدىكەن ! ياۋۇزۇم، ساڭا زادى نېمە بولدى؟

- ئۆزلىرىگە ئېيتىشقا تىلىم كۆيىدۇ، نېمە بولغىنىمنى بىلەلمىدىم دادا. . .

جالال شەيخنىڭ ئويلىغىنى توغرا چىقتى، ئۇ ئوغلىنىڭ ئالقىنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى ئاندىن كۈلۈپ سورىدى:

- بۇلبۇلنىڭ خۇشاللىقى گۈلزارلىقتا ئوغلۇم، تاڭ ساباسىدا سايرىمىغان بولسا ئۇ بۇلبۇل ئەمەس، ھېچ بىلەلمىدىم، بۇلبۇلۇڭنى خەندان ئۇرۇپ سايراتقۇزغان قايسى باغنىڭ گۈللىگىدۇ ئۇ ؟

- مۇڭ-زار ئانام بولسا ئاللاھنىڭ يېنىدا. ئەمدى سىلىگە بايان قىلماقتىن ئۆزگە چارەم يوق ئاتا، يېشىل دالىدىن سۈيۈنۈپ كۆك ئاسمانىدا پەرۋاز قىلىۋاتقان ئەركىن قۇش ئىدىم. بىر كۈنى زېمىنىدىكى ئەڭ ھەشەمەتلىك بىر باغقا قۇنۇپ قاپتىمەن، باغنىڭ ئېرىقلىرىدىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇلار، تۈرلۈك مېۋىلەر، يېشىل چىمەنلەر، رەڭگارەڭ گۈللەر ئەقلىمنى لال قىلدى، بۇلارغا قاراپ ئاللاغا شۈكرى - ھەمدۇسانا ئېيتماي تۇرالمىدىم، باغنىڭ گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىپ يۈرگەن كۈنلىرىمدە نازۇك چىمەنلەر ئارىسىدىن پورەكلەپ ئېچىلغان بىر گۈل كۆزۈمگە چېلىقىپ قالدى، ئۇنىڭ خۇشبۇي ھىدى دىمىغىمغا توختىماي ئۇرۇلۇپ خۇش ئاۋازىمنى مەس قىلدى، سايراي دىسەمۇ ئۈنۈم يوق، پەرۋاز قىلاي دىسەم قانىتىم بوغۇلغاندەك. ئېيتسىلا ئاتا، ئەمدى مەن قانداق قىلاي؟!- پۇلاتتەك ياۋۇزبەگ ئېرىتىلگەن تۆمۈردەك ياۋىشىپ دادىسىنىڭ تىزىغا بېشىنى قويدى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ئىككى تامچە ياش كۆيۈپ ئاققان شامدەك دادىسىنىڭ يۈرىكىگە تامچىلىدى. ئاتا چىدىمىدى، ئۇ بەكمۇ ئېغىر تىنىغاندىن كېيىن ياشاڭغىرىغان نۇرسىز كۆزىنى ئوغلىغا تىكتى:

- ئوغلۇم ئۇ باغ ئەسلىدە ھۆر-پەرىزاتلارنىڭ نەزىرى چۈشكەن ئۇلۇغ جاي ئىدى، ئۇنىڭ ئىشىگى بىزگە ئەمەس ئۇلۇغلارغا ئېچىلغان ئىدى، بىلمەي قۇنۇپسەن، گۈلنىڭ تەبىئىتىلا بۇلبۇلنى ئۆزىگە ئاشىق قىلىش. سەن يۇلۇقتۇرغان ئۇ گۈل بارچە گۈللەرنىڭ زىنىنىتى، ئۇنىڭ خۇش ھىدى يارىتىلىشىدىنلا ساماۋى بۇلبۇلغا تەۋە ئىدى. بولغۇلۇق بۇپتۇ، ئاللاھ ئىگەم ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى، بۇنى سەندىن كۆرگىلى بولماس، ئورنۇڭدىن تۇرغىن، خۇشپۇراقنى ساڭا بىلدۈرگەن ئىگەم گۈلنىمۇ سەندىن ئايىماس، بارغىن بالام. . .

ياۋۇزبەگنىڭ كۆڭلى ئاتىسىنىڭ سۆزىدىن بىر ئاز ئارام تاپقاندەك بولدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ئۈچ ياشلىق چېغىدىكى سەبىيلىكىگە قايتىپ دادىسىنىڭ قولىنى ئىنىكىگە ياقتى، ئاتا بالىسىنىڭ بۇ خىل بالىلىقىدىن سۆيۈنۈپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ خۇشاللىقىدىن ئاللاغا شۈكرى ھەمدۇسانا ئوقۇدى ئاندىن ئىسسىق نەپەسلىرى بىلەن ئاللاھتىن ئىلتىجا قىلدى.

شۇ چاغدا سىرىتتىن ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەپ كىشنىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ ھايال ئۆتمەي خىزمەتچى باش سانغۇننىڭ كەلگەنلىكىنى ئۇلارغا ئېيتتى. ياۋۇزبەگ باش سانغۇن پاششاخاننىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ كۆڭلى باشقىچە ئېچىلدى. ئۇ ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ دوستىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئىشىك تۈۋىدە يارىشىملىق ھەربىي فورمىسىنى كېيگەن پاششاخان جابدۇقلۇق ئارغىماقنى مىنگىنىچە قۇياشتەك كۈلۈپ تۇراتتى.

- ئەسسالام ياۋۇز بەگ، ماۋۇ ئاتنى ساڭا ئەكەلدىم، سىناپ باققىن! ـ دېدى پاششاخان يېنىدىكى يىگىتلىرى تۇتۇپ تۇرغان ھەشەمەتلىك ئىگەر جابدۇقلار بىلەن بېزەلگەن ئورنىدا تۇپ-تۇرالمىغان بىر شاش ئارغىماقنى كۆرسىتىپ.

- ۋاھ، نىمانچە ھەيۋەت! - ياۋۇزبەگ خۇشاللىقىدىن بېرىپ ئاتنىڭ چولۋىرىنى تۇتتى، - كۆڭلۈمنى سەنلا خوش قىلىسەن مېنىڭ، - ئۇ شۇنداق دېگىنىچە شاش ئاتقا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئاتنىڭ يايلىسىنى سىلىدى.

- قېنى، كونا ئورمانلىقتا كۆرۈشەيلى، مەنزىلگە كىم بۇرۇن يېتىپ بارسا شۇ ئۇتسۇن!، - پاششاخان شۇنداق دېگىنىچە ئېتىغا قامچا سالدى. بەش-ئالتە ئاتلىق يىگىتمۇ سانغۇنغا ئەگىشىپ ئاتلىرىنى قويۇندەك چاپتۇرۇپ ئورمانلىققا قاراپ چېپىشتى، ياۋۇزبەگ چاققانلىق بىلەن ئېتىغا مىنىپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى.

ياۋۇزبەگ ئورمانلىقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە پاششاخان ئەمدىلا ئۆزەنگۈدىن پۇتىنى ئېلىپ قامچىسىنى يېنىدىكىلەرگە سۇنۇۋاتاتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈۋاتقان ياۋۇزبەگدىن كۈلۈپ سورىدى:

- قانداق بولدىغاندەكمۇ؟

- كاساپەت ئۇچىدىكەنغۇ! نەدىن ئالدىڭ؟

- قوشنا ئەلدىكىلەرنىڭ سوۋغىسى ئىكەن، ساڭا گېلىم سىقىلدى.

- ساڭا نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولا، ساڭا قەرزدارغۇ مەن.

- قويغىن ئۇ گەپنى، شەيخ ئاتاڭنىڭ دۇئاسى ماڭا كۇپايە.

ئۇلار شۇ تەرەققىدە قىزغىن پاراڭلىشىپ ئورمانلىقنىڭ يېنىدىكى يېشىل چىملىققا كىلىپ توختىدى، پاششاخان كەمەر قاتارلىق لاققۇ-لۇقىلىرى بىلەن چاپىنىنى سېلىپ خىزمەتچىگە تۇتقۇزغاندىن كېيىن ئىككى قۇلىنى كۆتۈرۈپ ساپ ھاۋادىن چوڭقۇر نەپەس ئالدى ئاندىن قوغلىشىپ ئويناپ ھېرىپ كەتكەن بالىدەك چىملىققا ئۆزىنى ئوڭدىسىغا ئاتتى، ياۋۇزبەگمۇ پاششاخاننىڭ بىر دۆلەتنىڭ باش سانغۇنى ئەمەس تايتاڭلاپ يۈرگەن بالىغا ئوخشاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى-دە

كىلىپ پاششاخانغا ياندىشىپ ئوڭدىسىغا ياتتى، كۆك ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار لەيلىشەتتى، كۆكتىكى بىر لاچىن بۇلۇتلار بىلەن بەسلىشىۋاتقاندەك ئۇيان-بۇيان ئۇچۇپ يۈرەتتى، ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە لام-جىم دېيىشمىدى، پاششاخان ئارىدىكى جىمجىتلىقنى تۈگىتىپ سۆز ئاچتى:

- ياۋۇزبەگ، قارىغىنا ئاۋۇ لاچىنغا، قۇش بولۇشنىڭ ئۆزىمۇ نېمە دېگەن ياخشى ھە، بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، ئەشۇ لاچىندەك ھەممىنى ئۇنتۇپ يىراق-يىراقلارغا ئۇچسام، تاغ-دەريالاردىن ئاشسام دەيمەن. . . لېكىن پاسىل ئادەملەرگە خاس ئىكەن. . . بەزى ئىشلاردىن قاچاي دېسەڭمۇ ئۇ خۇددى بەدىنىڭدىكى خالدەك ساڭا يېپىشىۋالىدىكەن، بەزى ئىشلارنى قوغلاشساڭ ئۇ خۇددى ئاسماندىكى قۇياشتەك سەندىن قاچىدىكەن، ئۇنى قوغلاپ يېتەلمەي ئەمدى ئۈمىدىڭنى ئۈزەي دېسەڭ ئەتىسى يەنە شەرقتىن كۆتۈرۈلۈپ ساڭا يەنە كۈلۈپ قارايدىكەن. . . قارىغىنا كۆينەكچان ھالىتىمگە، دائىم مۇشۇنداق يىنىك يۈرسەم دەيمەن لېكىن بۇ مۇمكىنمۇ؟. . .

- شۇنداق دوستۇم، ئىشلار كۆپىنچە بىزگە باقمايدىكەن. ھەربىي فورماڭنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، ئەمما فورماڭ قامىتىڭگە ياراشقان، مەيدەڭدىكى گىربە-مىداللىرىڭدىن قايتقان قۇياش نۇرى نامراتنىڭ غېرىبخانىسىنى ئىللىتتى. قومۇش كەپىسىدە ئوغلىنىڭ ئېتىزدىن كېلىشىنى كۈتۈپ ئۇخلاپ قالغان ئانىغا خاتىرجەملىك ئەكەلدى، ئېيتقىنا ئادەمگە بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت بولامدۇ!؟ ئىلگىرى ۋەتىنىمدىن، ئاتامدىن پەخىرلىنەتتىم ئەمدىلىكتە سەن قېتىلدىڭ ئەمەسمۇ. . .

- ئېيتقانلىرىڭ بەلكىم توغرىدۇ، ئاياللار ۋە بالىلارنى ئۆز ۋەتىنىدە خاتىرجەم قىلىش ئەسلىدىلا ئەرلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى ھەم

خۇشـالliqى ئىدى. بۇلارنى ئويلىسـام خېلىلا يىنىكلەپ قالىمەن، بارلىق ھەمدۇسـانا سـېنى ماڭا مۇكاپات قىلىپ بەرگەن ئاللاھىمغا بولسـۇن. . . ياۋۇزبەگ قارىغىنا ئاسمانىنىڭ بۇنچە ئوچۇقلۇقىنى كۆرگەنمۇ سەن؟

- ياق، دىققەت قىلماپتىمەن. . .

- سـاڭا دىسـەم ياۋۇزبەگ، ھاۋانىڭ بۇنچە ئۇچۇق بولۇپ كىتىشـى يامغۇرنىڭ يېغىشىدىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن، تىنچ-خاتىرجەم كۈنلەر بەك ئۇزۇنغا سـوزۇلۇپ كەتتى، ئارتۇق ئۇخلاش تەنگە زىيانلىق ئىدى. ئاتلىقلار پىيادىلىكلەرگە قارىغاندا مەنزىلگە يېقىن، باشـقىلار يىراقلارغا ئۆزۈپ كەتتى، بىز تېخىچە مەسـچىتلەرگە ئۇلاغـدىن كىچىـپ پىيـادە بېرىشنى تەكىتلەۋاتىمىز، كۆڭلۈم تازا خاتىرجەم ئەمەس. . .

- توغرا دېدىڭ، بىز قۇرئاننى يادىلاشنى تەكىتلەپ، ئىلىم-پەنگە سـەل قارىدۇق،. تالاق سۆزى ئەرلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە غۇرۇرىغا ئايلاندى. بىز بۇلار توغرىلىق گەپ قىلالمايمىز، سـۆزلىسـەك خەلق بۇلارنى قوبۇل قىلمايدۇ ھەم تىلىمىزنى كىسىدۇ. بىز ئەمەس دۇنيا مىقياسىدىكى بارلىق مۇسـۇلمانلار مۇشـۇ يولنى تاللاۋاتىدۇ. ئەتراپ تىنچ ئەمەس، ئاچ بۆرىلەر قوي پادىسىدىن كەچكىنى يوق، ئاتلار بەك ئۇرۇق پاششاخان !

- شـــۇنـداق، غەزىنىمىز ئـالتۇن-كۈمۈش بىلەن تولۇپتۇ. لېكىن باشـــقىلار ئايروپىلان، تانكا دىگەنلەرنى ئاتتەك چاپتۇرۇپ يۈرىۋاتىدۇ. خانلىق كېڭىشىدە بۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، ئۆزەمنىڭ ئاتىسى بولغان ئادەم مىنى چۈشەنمىگەن يەردە باشقا ۋەزىر-ۋۇزىرالار بۇنى چۈشىنەمتى؟ ئۇلار خاندانلىق تەۋەلىكىدىكى بارلىق مەسـچىت-خانىقالارنىڭ تېمىنى مەر-مەر تـاشـــتىن قىلىـپ قـايتىدىن قۇرۇپ چىقىشـــنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىۋالدى، مەن ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تېخى بالا ئىكەنمەن، ياۋۇزبەگ. . .

- ئەي ئاللاھىنىڭ ئەزىزى، بۇلارنى سـەندىن كۆرگىلى بولماس. بار

كۆچۈك بىلەن تىرىشىتىڭ، ھەممە ئادەم ئۆز بېشىغا كەلگەندە بىلىدۇ. لېكىن بۇلارنى چۈشەنگەندە ئۆزلىرىنىڭ بەكلا كېچىككەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، سۈنىڭ قەدرىنى پىژغىرىم ئاپتاپتىكى چاڭقىغان يۈرەك ھېس قىلىدۇ. خەلق تېخى ئۇسسىمىدى. . .

- توغرا دېدىڭ ياۋۇزبەگ، سەن بىلەن پاراڭلاشسام باشقىچە يېنىكلەپ قالىمەن، سەن راستىنلا مىنىڭ خۇشاللىقىم ! - پاششاخان شۇنداق دىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى، - ھە راست، مەلىكىنىڭ كېلىدىغان چېغى بولاي دېدى، يۈرگىن ئالدىغا بارايلى!

ياۋۇزبەگ «مەلىكە» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ چاپىنىنى كىيىۋاتقان پاششاخاننىڭ يېنىغا بېرىپ سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى، پاششاخان ياۋۇزبەگنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ كۈلۈپ ئېيتتى:

- سىنىڭ بۇنداق سورۇنغا خۇشۇك يوقلىقىنى بىلىپ ساڭا دىمىگەن، بۈگۈن مەلىكىنى ئورمان سەيلىسگە تەكلىپ قىلغان ئىدىم. ئۇ ھازىر ئوردا قىزلىرىنى باشلاپ كىلىۋاتىدۇ، بۇلە تىز كىيىمىڭنى ئالماشتۇر، ساڭا ئاتاپ بۇ كىيىمنى بۇيرۇتتۇم.

- سەن مەلىكە كۈنچېچەكنى دىمەكچىمۇ؟

ياۋۇز بەگنىڭ يۈرىگى قارتتىدە قىلدى.

- شۇنداق، ئۇنىڭ بىلەن كىچىكىمىزدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان، توققۇز يېشىمىزدىلا بىزگە چاي ئىچۈرۈلدى. شۇندىن بىرى ئاكا-سىڭىللاردەك ئۆتىدىغان كۈنىمىز ئاخىرلىشىپ بىر-بىرىمىزنى كۆرسەك يەرگە قارىشىپ ماڭىدىغان بولدۇق. ئۇ ئەخلاق پەزىلەتتە بارچە قىزلارنىڭ ئۆلگىسى، ئېلىم-ئىرپاننىڭ ئاشىقى، ئۇنىڭدەك قىز پۈتۈن ئىقلىمدىن تېپىلماس، ئۇنىڭدىن قۇياش ھەم ئاي خىجىل. . .

پاشىشاخان مەلىكە كۈنچىچەكنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئۆز بايانلىرىدىن ئاشىكارىلىدى. ياۋۇزبەگنىڭ قۇلىقىغا ئاخىرقى گەپلەر كىرمىدى، ئۇنىڭ بېشى زىڭىلداپ نەپسى كەپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى « جاھان نىمانچە تار، مىنىڭ كۆيگىنىم، ئاللاھ يولىدىكى تۇتقان دوستۇمنىڭ مەشۇقى ئىكەنغۇ؟! ئاتامنىڭ ئېيتقانلىرى نېمە دېگەن بەرھەق. . . » ياۋۇزبەگ ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۇنىڭغا ئاسمان يىراق يەر قاتتىق بىلىندى. ئەمدى ئۇنىڭ مەلىكىنى كۆرگۈسى يوق ئىدى، ئۇ مەلىكىدىن نەپرەتلەنمەكچى بولدى، پاشىشاخاندىن نەپرەتلەنمەكچى بولدى. لېكىن ئۇ ئاخىرى ئۆزىنىڭ تەقدىرىدىن نەپرەتلەندى. بۇ خىل نەپرەتلىنىش ئەمەلىيەتتە توغرا بولمىسىمۇ ئىنسانىنىڭ ئاجىزلىقى بۇنى توغرا دەپ كۆرسەتتى، شۇ تاپتا پاشىشاخانىنىڭ پەتنۇستىكى كىيىمنى ئۇنىڭغا ئۆز قولى بىلەن سۇنىشى ئۇنىڭ ئادىمىلىكىنى ئويغاتتى:

- ياۋۇزبەگ، قارىغىنا ئەپتىڭگە، قىزلارنىڭ كىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر قىسىملا بولۇپ قالدىڭغۇ، بولە كىيىمىڭنى ئالماشتۇر!- دېدى پاشىشاخان پەتنۇسنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ.

خىزمەتچى ياۋۇزبەگنىڭ يېڭىدىن تارتىپ چېدىرغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ياۋۇزبەگ يېڭى كىيىمنى كىيىپ چېدىردىن چىقتى، ئەتراپتا تۇرغان يىگىتلەر ئۇنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ كېيگەن كىيىمى باش سانغۇن پاشىشاخانىنىڭ ھەربىي كىيىمى بىلەن ئوخشاش بولۇپ ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ باش سانغۇن بىرىنىڭ ياۋۇزبەگلىگىنى پەقەت پاگۇن بىلەن ئالتۇن دەستىلىك ناگانغا قاراپ ئايرىمىسا بىلگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئوخشىشىپ قالغان ئىدى، پاشىشاخان ياۋۇزبەگنىڭ بۇنچە قاملاشقان يىگىتلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئىشىنەلمەي قالدى. «ئاللاھنىڭ قۇدرىتى نېمە دېگەن چەكسىز،

ئۇغۇ يۇسۇپنىڭ ئەۋلادىدىن بولمىغىيدى؟! ئاللاغا مىڭ شۈكرى. . . »
پاششاخان دەقىقە ئىچىدە شۈك بولۇپ قېلىپ يەنە دەقىقە ئىچىدە خۇشال ھالىتىگە قايتتى.

- ۋاھ. . . ۋاھ قارىغىنا ئۆزۈڭگە، ئادەم بالىسى بولسا سەنچىلىك بولار، لاچىنىمغۇ سەن! - دېدى چىن كۆڭلىدىن سۆيۈنگەن پاششاخان ياۋۇزبەگنىڭ دولىسىغا مۇشتلاپ.

ياۋۇزبەگ ئۇچىسىدىكى كىيىمنى سېلىۋېتىپ يېڭى كىيىمنى قانداق كىيگەنلىگىنىمۇ بىلەلمىدى، ئۇنىڭ كاللىسىنى تۈگىمەس، گىدىرماچ خىياللار قاپلىۋالغان ئىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆڭلى ئادەم خالىمايتتى. بولسا ئۇنىڭ بۇ سورۇندىن ئايرىلىپ ناھايىتىمۇ پىنھان جايىدا بىردەم يالغۇز تۇرغۇسى بار ئىدى.

پەستىكى چوڭ يولدا 1935-يىلى ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «مېركۇرى» ماركىلىق ئۈستى ئۇچۇق ماشىنىسىدىن ئىككىسى ناھايىتى ئاستا سۈرئەتتە قاتار تىزىلىپ كىلىۋاتاتتى. ماشىنىلار ئورمانلىققا يېقىنلاشقاندا يول ئەپسىز بولغانلىق سەۋەبلىك ئاستا توختىدى، ئاندىن بىر توپ قىزلار كۈلكە-چاقچاق قىلىشقىنىچە ماشىنىلاردىن چۈشۈشتى. پاششاخان قاتارلىق يىگىتلەر ئۇلارنى قارشى ئالغىلى پەسكە چۈشۈپ مەلىكە كۈنچېچەككە چوڭقۇر ھۆرمەت سالىمى قىلدى. مەلىكە باشلىق قىزلارمۇ كۈلكە-چاقچاقلىرىنى توختىتىشىپ باش سانغۇنغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈشتى. مەلىكە يۈزى تۆۋەنلىك بىلەن پاششاخان قاتارلىق يىگىتلەرگە سالام قايتۇردى، ئاندىن پاششاخانغا يېنىك بىر قاراپ قويۇپ يېنىدىكى يىگىتلەرگە سەپ سېلىشتىن ئۇيالدى ھەم ياۋۇزبەگنىڭ بۇ يەردە بارلىقىغا دىققەت قىلمىدى. ياۋۇزبەگمۇ شۇ تاپتا مەلىكىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالماي چەكسىز خىجىلچىلىق ئىچىدە يىگىتلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغان ئىدى.

ئارىدىن گۈزەللىك ھەم لاتاپەتتە كۈن چېچەكتىن قېلىشمايدىغان پاششاخاننىڭ كۈلگۈنچەك نەۋرە سىڭلىسى ئايچېچەك شوخلۇقىنى چىقىرىپ سۆز قىلدى:

- ئاكىجانىم، قارىغىنا، ھۆر-پەرىلەرنىڭ نەزىرى بۇگۈن سىلەرگە چۈشۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى باشلاپ كەلدىم. ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويماڭلار يەنە؟

- قارىغىنا قولى گۈل يىگىتلىرىمگە، پەرىزاتلىرىڭ ئەمدى ئۆز گۈلزارلىقنى تاشلاپ بۇ ئورمانلىقنى ماكان تۇتمىسا مەيلى ئىدىغۇ؟!- دېدى پاششاخانمۇ بوش كەلمەي.

- ھەممىڭلار قوينۇڭلارغا بىردىن قايچا تىقىۋېلىپ قانىتىمىزنى قىرقىۋالمايدىغانسىلەر؟

- ياق بوينۇڭلارنى قىلدا باغلايمىزغۇ بۈگۈن!

سورۇن ئەھلى بۇ چاقچاقتىن كۈلۈشۈپ كىتىشتى. بۈگۈنكى بۇ يىغىلىشقا داخىل بولغان قىز-يىگىتلەرنىڭ ئالدى ۋەزىر -ۋۇزرالارنىڭ ئەتىۋارلىق كۆز قارىچۇقلىرى بولسا كەينى يۇرتتىكى كاتتا بەگ-ئەمەلدارلارنىڭ يۈرەك پارىلىرى ئىدى. گەرچە ياۋۇزبەگنىڭ كىلىپ چىقىشى ئاددى بولسىمۇ پاششاخان ئۇنى بارچە يىگىتلەردىن ئۈستۈن كۆرەتتى. ئۇنىڭ بۈگۈنكى سورۇندا نەسەب سەۋەبلىك قىسىلىپ قېلىشىنى قەتئىي خالىمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ياۋۇزبەگنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش كىيىندۈرۈپ ئۇنىڭ خاندانلىق ئىچىدە قانچىلىك مۇھىم، قانچىلىك يۈزى بار ئادەملىكىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويماقچى بولغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ نەۋرە سىڭلىسى ئاي چېچەكنى مۇشۇنداق بىر يىگىتكە تالالىق قىلىشنى چىن كۆڭلىدىن ئارزۇ قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن پاششاخان مۇشۇ پۇرسەتتە ياۋۇزبەگنى ئۇلارغا تونۇشتۇرماقچى بولدى:

- ھەممىڭلار ئۆز-ئارا تونۇشسىلەر شۇنداقتىمۇ سىلەرگە بىر ئەزىز مېھماننى تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، ئۇ بولسىمۇ خاندانلىقىمىزنىڭ پەخرى، ئاللاھ يولىدىكى جان-جىگەر قېرىنداشىم ياۋۇزبەگ!- دېدى پاشاخان قىزلارغا ياۋۇزبەگنى كۆرسىتىپ.

يىگىتلەر دەرھال كەينىگە ئۆتۈپ قالغان ياۋۇزبەگكە يول بېرىپ ئارىلىقنى ئاچتى، ئوچۇقچىلىقتا قالغان ياۋۇزبەگ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي يۈزلىرى قىزارغىنىچە يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ مەلىكە قاتارلىق قىزلارغا سالام قىلدى. مەلىكە كۆن چېچەك ياۋۇزبەگنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ شۇئان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا لاپپىدە قارىدى. ياۋۇزبەگمۇ ئۇدۇللا كۆن چېچەككە قاراپ سالدى. بۇ قېتىمقى دەقىقە ئىچىدىكى كۆزلەرنىڭ ئۇچرىشىشى ئۆتكەن قېتىمقىدىنمۇ بەك ئوتلۇق بولۇپ بۇ قېتىمقى قارىشىشتا ئىككەيلەننىڭ كۆزىدىن بىر-بىرىگە بولغان غايىبانە ئاشىقلىق ۋە ئېيتقۇسىز تەڭلىك ئازابى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

قىزلار ياۋۇزبەگنىڭ بۇنچە پوزۇر، شۇنچە قاملاشقان يىگىتلىكىگە قاراپ ئۇنى باشقا تۈركى ئەللەرنىڭ شاھزادىسىمىكىن دەپ ھەيران قېلىشتى. گەپنىڭ قىسقىسى، مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنىڭمۇ قۇلىغا «پياز بىلەن پىچاق تۇتقۇزۇلغان بولسا ئۇلارمۇ پيازنى ئەمەس قۇلىنى توغرىغان بولاتتى«.

سورۇن ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى سۇلىرى شاقىراپ ئېقىپ تۇرىدىغان بىر ئېقىننىڭ يېنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، داستىخانلار تارتىلىپ پۈتۈن ئىقلىمنىڭ تۈرلۈك نازۇ-نېمەتلىرى تىزىلدى، ئوردا سازەندىلىرى كۈيلىرىنى ياڭراتتى، قىزىقچىلار پات-پات ھەييارلىق قىلىپ سورۇن ئەھلىنى ئۈچيى ئۈزۈلگۈدەك كۈلدۈرەتتى، يىگىتلەرنىڭ كۆزى قىزلارنى ئىزدەيتتى، قىزلارنىڭ كۆزى ئاستىرتىن يىگىتلەرنى

مارىلايتتى. مەلىكە كۆن چېچەك قاتتىق ئەركە قىز بولسىمۇ ئۆزىنىڭ ئىسلامى ئەخلاقى ۋە نوپۇزى ئۈنى بەزمىدە يۈزى تۆۋەنلىك بىلەن ئولتۇرۇشقا دەۋەت قىلاتتى. پاششاخانىنىڭ نەۋرە سىڭلىسى ئاي چېچەك بولسا ھەر قېتىم ناز خۇلقى بىلەن كۈلگەندە ياۋۇزبەگكە قاراپ قۇياتتى. لېكىن ياۋۇزبەگ ئۆزىنى شۇنچە ئەتىۋارلاپ ئېزىزلىغان دوستى پاششاخانغا يۈز كېلەلمىگەندەك ھىس قىلىپ قىزلار تەرەپكە زادى قارىيالمايتتى. ئۇ گەرچە سورۇندا ئولتۇرۇشتىن بىئارام بولغان بولسىمۇ پاششاخانىنىڭ كۆڭلىنى دەپ بۇ يەردىن كېتەلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ پاششاخانىنىڭ قۇلىقىغا ئۆزىنى تەڭشەپ كىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كۆڭۈل ئېچىش سورۇنىدىن ئاستا سۇغۇرلۇپ قويۇق ئورمانزارلىقنىڭ تېخىمۇ ئىچكىرىسىدىكى ئېقىننىڭ بېشىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ شۇ ماڭغىنىچە بەزمىدىكى چالغۇ ئاۋازى قۇلاققا ئاڭلانمىغۇدەك يەرگە بېرىپ توختىغاندىن كېيىن ھەربىيچە چاپىنىنى سېلىپ چوڭ بىر قارىغاينىڭ يان شېخىغا ئىلدى ئاندىن ھەربىي ئۆتۈكىنى سېلىۋېتىپ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئېقىن بۇيىدىكى سۇ يۈزىگە چىقىپ قالغان چوڭ بىر قۇرام تاشقا چىقىپ پۇتىنى سۇغا ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. پېژغىرىم ئىسسىقتىكى مۇزدەك ئېقىن سۇ ياۋۇزبەگنىڭ پۇت بارماقلىرى ئارقىلىق ئۆتتەك قىززىپ كەتكەن يۈرىكىگە بىر ئاز ئارام ئەكەلدى، ئۇ ھازىر ھېچنېمىنى ئويلىماستىن كۆزىنى يۇمغىنىچە ئاسماندىكى پارلاۋاتقان قۇياشقا يۈزىنى قىلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قىپقىزىل دۇنياغا ئايلاندى. ھەرخىل شەكىلدىكى رەڭگارەڭ نۇر دەستىلىرى كۆز ئالدىدا ئۇيان-بۇيان ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. . .

ھېچنېمىدىن غەمسىز شوخ يۈرۈيدىغان مەلىكە ھازىرغا كەلگەندە ئېغىر بېسىق تېخىمۇ خىجىلچان بولۇپ قالغان ئىدى. پاششاخان مەلىكىدىكى بۇ ئۆزگۈرۈشنى ئۆزلىرىگە يېقىنلاپ قالغان توي

ئىشلىرىدىن بولغان قورۇنۇش دەپ قارايتتى. شۇڭا پاششاخان مەلىكىنىڭ كۆزىگە بۇرۇنقىدەك ئۇنداق كىرىشىۋالمىدى، مەلىكە يىگىتلەر ئولتۇرغان تەرەپكە ئانچە قارىيالمىغاچقا ياۋۇزبەگنىڭ سورۇندىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىگەن ئىدى. ئۇ چېلىنىۋاتقان كۈي ئاخىرلاشقاندا يېنىدىكى ئاي چېچەك قاتارلىق بىر قانچە قىزنى ئېلىپ سىرتقا ماڭدى. پېشىن ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا پاششاخان ئۇلارنى ناماز تەييارلىقىغا ماڭغان بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدى.

مەلىكمۇ قىزلارنى باشلاپ ئېقىننىڭ يۇقىرىسىغا ماڭدى، ئۇلار پاراڭلاشقاچ مېڭىۋاتقاندا مەلىكىنىڭ كۆزى يىراق جايدىكى قارىغاي شېخىدا ئېسىغلىق تۇرغان ھەربىي چاپانغا چۈشتى ھەم قاراپلا ئۇنىڭ ياۋۇزبەگنىڭ چاپىنى ئىكەنلىكىگە كۆڭلى تويدى. مەلىكە يا ئالدىغا يا كەينىگە يېنىشنى بىلەلمەي تىڭىرقاپ تۇرغاندا ياۋۇزبەگنىڭ چىرايلىق سىماسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرىۋېلىپ ئۇنى دەرەخ تۈۋىگە بېرىشقا مەجبۇرلىدى. مەلىكە يېنىدىكى قىزلارغا مۇشۇ يەردە ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرۇشىنى جېكىلەپ ئىتتىك قەدەم بىلەن چاپان ئېسىلغان دەرەخ تۈۋىگە كەتتى.

ياۋۇزبەگ قۇرام تاش ئۈستىدە ئولتۇرۇپ نۇرغۇن خىياللارغا پاتتى. ئۇ كونىلارنىڭ شېئىرىدىكى «بىر كۆرۈپ ئاشىق بىقارار بولدۇم» دېگەن مىسراسىغا ئانچە ئىشەنمەيتتى لېكىن بۇ قېتىم ئىش ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمىدى، ئەكسىچە ئۇ مەلىكىنى بىر كۆرۈپلا ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئاشىق بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم مەلىكە كۈنچېچەكنى ئويلىغاندا چەكسىز شېرىن خىياللارغا پاتاتتى. ئارقىسىدىن دوستى پاششاخاننى ئويلىسا ئازاپتىن يۈرىكى يۇم-يۇم يىغلايتتى. ياۋۇزبەگنىڭ پۈتى چىلانغان مۇزدەك ئېقىن سۇ ئۇنىڭ يۈرىگىنى سۇۋۇتالمىدى. ئۇ ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن يېقىن

ئەتراپتا ھېچبىر ئادەم يوقلىقىنى بىلىپ ئاق كۆينىكىگە بىلەن ھەربىيچە تامبالنى سالدى ـ دە ئۇلارنى قۇرام تاشنىڭ ئۈستىدە قاپ قويۇپ ئۆزىنى ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇغا ئاتتى، مۇزدەك راھەت سۇ ياۋۇزبەگنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ تومۇر-تومۇرلىرىغا تارىدى ئاندىن ئاشقىلىقتىن كاۋاپ بولغان يۈرىكىگە ئاقتى. ئۇ سۇغا ئۈزۈن-ئۈزۈن شۇڭغىدى، يۈرىكىدىكى قىزىقلىق پەسسەيگەندەك بولۇپ يىغا تۇتۇۋالغان كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈشتى. . .

ئۇ ئېقىن سۇدىن چىقماي تۇرۇپ غۇسلى تاھارەت ئالدى. ئاندىن ئېقىن بويىدىكى چاتقاللىقنىڭ ئىچىگە كىرىپ تۇرۇپ كالتە ئىشتىنىنى سىلىپ ئۇنى سىقىپ سۈيىنى چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن ناھايىتى تىزلا كىيىۋالدى، ئاندىن ھەربىيچە تامبىلىنى كىيمەكچى بولۇپ قۇرام تاشنىڭ ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى. كالتە ئىشتان تېخى نەم ھالىتىدە بولغاچقا ياۋۇزبەگ ئۇنى بىر ئاز شامالدىتىپ كىيمەكچى بولدى، ئاق كالتە ئىشتان ھۆل ۋاقتىدا ئادەم بەدىنىگە چىڭ چاپلىشىپ تۇرىدىغانلىقتىن يىراقتىن قارىغان ئادەمنى بەئەينى يالىڭاچتەك كۆرسىتەتتى.

مەلىكە كۆن چېچەك دەل مۇشۇ ۋاقىتتا چوڭ قارىغاينىڭ تۈۋىگە كىلىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزى توختىماي ياۋۇزبەگنى ئىزدەيتتى، چۈنكى مەلىكىنىڭ يۈرىكىدىكى ئوت ياۋۇزبەگنىڭكىدىن كەم ئەمەس ئىدى. ئۇ قارا دىگەندەك بولۇپ قۇرام تاشتىكى ئادەمگە قارىۋىدى، بەدىنى بولجۇڭ گۆش بىلەن تولغان مۈرىسى كەڭ بېلى ئىنچىكە كۈچ-قۇۋۋەتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىر ئەركەك يېرىم يالىڭاچ ھالدا ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئەر زاتىنىڭ يالىڭاچ ھالىتىنى كۆرىشى ئىدى. مەلىكىنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. ئۇ ياۋروپادىكى داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇۋاتقان چېغىدىمۇ داڭلىق

رەسسام-ھەيكەلتاراشلارنىڭ يالڭاچلىق تەسۋىرلەنگەن ھەرقانداق ئەسىرىگە قاراشنى خالىمايتتى. كۈچلۈك دىنىي ئېتىقادى سەۋەبلىك ئۆزىنى قاتتىق چەكلەيتتى. ئۇ خىجىل بولغىنىدىن يىغلاپ سالاي دەپ قالدى، لېكىن ئۇ ياۋۇزبەگنىڭ پۈتۈنلەي يالڭاچ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى. راستىنى ئېيتقاندا مەلىكىنىڭ ئۇنىڭ يېرىم يالڭاچ بەدىنىنى يەنە كۆرگۈسى بار ئىدى. ئۇ كۆزىنى يېرىم ئېچىپ ياۋۇزبەگكە يوشۇرۇنچە قارىۋالدى، ئۇنىڭ يۈرىگى تېخىمۇ دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتىپ ئاغزىدا نەم دىدارى قالمىدى، بەدىنى ئوت ئېلىپ كەتكەندەك بولۇپ باشقىچە بىرخىل ھىسسىياتقا كىلىپ قالدى. ياۋۇزبەگ تامبىلىنى كىيىۋاتاتتى. مەلىكە بۇ ئىشلاردىن كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئاۋازىنىڭ چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئاغزىنى ئىككى قولى بىلەن تۇتۇۋېلىپ دەرەخ تۈۋىدە ئۈن چىقارماي ئۇنىڭ كىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ياۋۇزبەگ كىيىملىرىنى كىيىپ بولۇپ چاپىنىنىڭ يېنىغا كەلمەي يەنە قانداقتۇ بىر خىل خىيال بىلەن قۇرام تاش ئۈستىدە تۇرىۋەردى.

مەلىكە ئۇنىڭ كىيىنىپ بولسىمۇ بۇ تەرەپكە كەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ يالغاندىن يۆتەلدى. ياۋۇزبەگ ئايال كىشىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال ئىسىنى يىغدى-دە تاقلاپ سەكرىگىنىچە چاپىنى ئېسىلغان قارىغاينىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇ مەلىكە كۈن چېچەكنىڭ يەرگە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ باياتتىن بىرى قىلغان ئەدەپسىزلىگىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. بۇنى سەزگەن مەلىكە ئۇنى تەڭقىسچىلىقتا قالدۇرماسلىق ئۈچۈن ئېغىز ئاچتى:

- ياۋۇزبەگ، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن ھازىرلا كەلگەن. سىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن؟

- ياق مەلىكەم، مەن. . .

ياۋۇزبەگ ئۇزۇندىن بىرى كۆرۈشۈشكە تەشنا بولغان كۆڭلىدىكى مەشـۇقىنىڭ ئۆزىدىن بىر قانچە قەدەم نېرىـسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ نەپسى يۈرىكىگە تىقىلدى. ئىككىيلەن تۇنجى قېتىم بىر- بىرسىگە قانغۇدەك تىكىلىپ قاراشتى. ئاشىق كۆزلەر ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم خۇمارلىشىپ ھۇشسىز ھالەتكە ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئەمدىلىكتە كۆزلىرىنىڭ بىرسى-بىرسىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا ئېيتىشقا پېتىنالمىغان كۆڭلىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىكى دەرد-ئەلەملىك مۇھەببەت بايانلىرىنى كۆزلىرى ئاللاقاچان ئاشكارىلاشقا باشلىدى. . . مەلىكىدىن كىلىۋاتقان شۇنداق تاتلىق بىرخىل خۇشپۇراق ياۋۇزبەگنى مەست قىلىپ ئۇنى ئۆزىگە تارتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چاپان كۆتۈرىۋالغان قولى بىلىنەر-بىلىنمەس تىترىدى. ياۋۇزبەگ بۇلالماي دەرەخكە يۆلىنىۋالدى، ئۇ يىغلاپ سالىدىغاندەك ئىدى.

ساتارنىڭ باش تارىسىنى چەككەندە چىققان مۇڭ ئاۋاز ئۆزىنىڭ كۆرۈنمەس ئاۋاز دولقۇنى- يېنىدىكى ياندىشىما تارىنىڭ ئىچىدىكى پەقەت ئۆزىنىڭ ئاۋازىغا مۇناسىپ كېلىدىغان شۇ تارىنىلا ئۆزلىگىدىن تىترىتىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن مۇناسىپ ئاۋاز چىقىرىدۇ، باشقا ياندىشىما تارىلار بولسا قەتئىي تىترىمەيدۇ ھەم ئاۋاز چىقارمايدۇ ئەمما بۇ تارىلارمۇ ئۆزىگە ماس ئاۋاز دولقۇنىغا ئۇچرىغاندا ئاندىن ئۆزلىگىدىن تىترەپ ئاۋاز چىقىرىدۇ، مانا بۇ تارىلىق چالغۇلارنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيتى. ئىنساندىكى سىرلىق نەرسىلەرنىڭ بىرى بولغان كۆزمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى، ئادەم مۇھەببەتلىشىش جەريانىدا بەزىدە شۇنداق بىر كۆزلەرگە ئۇچرايدۇ، مەيلى ئۇ قانچىلىك كېلىشكەن، قانچىلىك جەزبىدار بولسۇن كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرالمايدۇ، كىشىنى ئانچە ئويلاندۇرمايدۇ، ئادەم بەزىدە يەنە شۇنداق بىر كۆزلەرگە

ئۇچرايدىكى ئۇ مەيلى قارا كۆز بولمىسۇن ياكى خۇما كۆز بولمىسۇن كىشىنى ئۆزىگە ئاجايىپ جەلپ قىلىدۇ، ئادەمنى چەكسىز خىياللارغا باشلايدۇ ھەتتا ۋاقتى كەلگەندە كىشىنى يىغلىتىپ پەرۋانىدەك ئوتقا ئاتقۇزىدۇ.

مەلىكىمۇ مۇشۇ تاپتا كىچە-كىچىلەپ كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلغان، قايناق ھىسسىياتقا تولغان يۈرىگىنى مۇجۇپ ئارام بەرمىگەن كۆڭلىدىكى ئاشىقىنىڭ ئۆزىگە شۇنچە يېقىن يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھۇشىدىن كەتكىلى ئاز قېلىۋاتاتتى، ئۇمۇ بۇ قارىغايغا ئاران يۆلىنىۋالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ يۆلىنىپ تۇرغان قارىغاي دەرىخىنىڭ دەرەخ ئەمەس ياۋۇزبەگ بولۇشىنى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ياۋۇزبەگنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىدىن كىلىپ ناھايىتىمۇ چىڭ قۇچاقلاپ تۇرىشىنى بەكمۇ بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى ئەمما ئۇنىڭ بۇ ئارزۇسى پەقەت ئۆزىگە مەڭگۈلۈك سىر ئىدى. . .

بۇ بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق ھېلىھەم قۇچاققا پاتمايدىغان قارىغاي دەرىخىگە يۆلىنىپ ئاسمانغا قاراشقىنىچە ھەسرەتلىك تىنىقلىرى بىلەن ئۈنسىز پاراڭلىشىۋاتاتتى، شۇ چاغدا مەلىكە كۈن چىچەكنىڭ خاندانلىقىنىڭ مەلىكىسى بولۇش سالاھىيىتى ئۈستۈن كەلدى ئۇ قەتئىي نىيەتكە كىلىپ ياۋۇزبەگكە سوئال نەزىرى بىلەن ئۆرۈلۈپ قارىدى، ياۋۇزبەگ مەلىكىنىڭ كۆزىدىن بىرخىل ھەقىقىي ئاشىقلىقىنى كۆردى ئاندىن مەلىكىگە خاس ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان قارامىلىقنى ئارقىدىن بىرخىل ھۆكۈم -خۇلاسىنى كۆردى. ئۇ مەلىكىنىڭ كۆزىدىن ھەممىنى چۈشۈنۈپ يەتتى، ئۇنىڭ ئەمدى مەلىكىگە بولغان ئاشىقلىقى تېخىمۇ كۈچەيدى. . .

لېكىن ئۇنىڭ ئەركەكلىكى يەنىلا ھەممىدىن ئۈستۈن كىلىپ كۆزلىرىدە ياش لىغىرلىدى ئۇ ناھايىتى پەس ئاۋازدا مەلىكىگە ئېيتتى:

-قۇرئان تۇتۇشقان دوستۇمدىن كەچكىنىم ئاللاھتىن تانغىنىم. . . ئاللاھسىز تىرىكلىكىمدىن تۇرغۇن تاش بولغىنىم مىڭ ئەۋزەل، قىزىق چوغنى يۇتىۋېلىپ كۆلخان دەسسەپ يۈرگەن بىچارە ھالىمنى ئاتام كۆرمىسۇن، ئەلۋىدا مەلىكەم، بۇ زىمىندا ياشاش ئەمدى ماڭا ھارام بولدى، سىز ئۈچۈن، دوستۇم ئۈچۈن، ئاللاھىم ئۈچۈن ۋەتىنىمدىن كېچىپ يىراق-يىراقلارغا كېتىمەن، غارلارنى ماكان قىلىپ زاھىدلىق كەمەرىمنى باغلايمەن. . .

ياۋۇزبەگ گېپىنى تۈگىتىپ مەلىكىدىن كۆزىنى ئۈزگەندە ئۇنىڭ ئازاب ۋە ھەسرەتكە تولغان كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى، مەلىكىنىڭ ياۋۇزبەگكە دەيدىغان نۇرغۇن -نۇرغۇن گەپلىرى بار ئىدى، لېكىن مەلىكە بۇ گەپلەرنى ئېيتالمىدى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بارلىق ئازاب -ھەسرەت يىپسىز بىر تىزىق مارجانغا ئايلىنىپ ئۇنىڭ كۆزىدىن مۆلدۈرلەپ تۆكۈلدى، ياۋۇزبەگ ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ چىدىيالمىدى، ئۇ «ئاھ خۇدا، يېنىڭغا مىنى ئېلىپ كەتسەڭچۇ!» دەپ ئاللاغا ئۈنلۈك ئىلتىجا قىلىپ دەرەخنى چىڭ قۇچاقلىدى، قېرى دەرەخنىڭ قاۋزاقلىرى ئۇنىڭ كۈچلۈك بارماقلىرى ئارىسىدا قاراسلاپ ئىزىلدى. مەلىكىنىڭ يېشى ئۈنچىدەك قۇيۇلدى، ئۇمۇ ياۋۇزبەگ قۇچاقلىغان دەرەخنى باغرىغا باستى. ۋىسال شەربىتىگە تەشنا قوللار تىگىشەي- تىگىشەي دەپ قالدى. ئەمما قېرى قارغاينىڭ ھەددىدىن زىيادە توم غولى بۇ ئاجىز قوللارنى بىر-بىرىگە يېقىنلاشتۇرمايدىغاندەك ئىدى.

ياۋۇزبەگ چاپىنىنى دولىسىغا سېلىپ دەرەخ تۈۋىدىن ئايرىلدى، ئۇ مەزمۇت ۋە چوڭ-چوڭ قەدەملەر بىلەن سورۇن تەرەپكە ئەمەس، مازار تەرەپتىكى ئۆيىگە قاراپ ماڭغان ئىدى. . .

# تۆتىنچى باب

## يامان چۈش

شۇ كۈنى كەچتە جالال شەيخ خۇپتەن نامىزىدا ئوغلىنىڭ مەسچىتتە يوقلىقىنى سەزدى. ئۇ نامازنى تۈگىتىپ ئۆي خىزمەتچىسىنىڭ ھەمرالىقىدا ئۆيگە ئالدىراپ قايتتى، خىزمەتچى ياۋۇزبەگنىڭ ئۆزىنىڭ ھوجرىسىدا جەيناماز ئۈستىدە قورئان تۇتقىنىچە ئۇخلاپ قالغانلىقىنى ئېيتتى.

جالال شەيخ بىچارە ئوغلىنىڭ كىچىك چاغلىرىدا دائىم ئاخشاملىرى ئۆيدە يالغۇز قالغاندا ئۇنىڭ ئەشۇنداق جەيناماز ئۈستىگە چىقىۋېلىپ قورئان تۇتىۋېلىپ ئولتۇرىدىغان بالىلىق ئۇماق چاغلىرىنى ئەسلەپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى. ئۇ ھوجرىغا ئاستا كىرىپ ئوغلىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى. ياۋۇزبەگ قورئاننى قۇچاقلىغان پېتى يېنىك تىنىپ ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇ تاپتا چۈش كۆرىۋاتاتتى، چۈشىدە ياۋۇزبەگ نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن بىر باغدا سەيلە قىلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالىرى بار ئىدى. بىر چاغدا خان ئاق ئۈجمە ئۇسۇلغان بىر ئالتۇن قاچىنى باش سانغۇن پاششاخانغا سۇنغۇدەك، پاششاخان تازىم قىلىپ سوۋغىنى ئالغاندىن كېيىن ئەمدى يەي دەپ تۇرۇشىغا ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ زىمىننى تۇمان باسقۇدەك. شۇ ئەسنادا باغنىڭ شىمالىي ئىشىكىدىن بىر سېرىق قاۋان بوينىدىكى ئۈزۈلگەن زەنجىرىنى

سۆرگىنىچە شىددەت بىلەن ئىتتىلىپ كىرىپ پاششاخاننى چىشلىۋالغۇدەك، پاششاخان ياۋۇزبەگكە ئالتۇن قاچىنى سۇنۇپ بىرىپ قاۋان بىلەن ئېلىشىۋاتقۇدەك. قاۋاننىڭ يۈزىدىكى تۈكلەر ئۇنىڭ قان تېمىپ تۇرغان ئاغزىنى يېپىۋالغان بولۇپ ھىڭگاي چىشلىرى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرارمىش. ياۋۇزبەگ ئاچچىققا چىدىماي ئۇچقاندەك سېرىق قاۋاننىڭ ئەدىپىنى بەرگىلى بارسا، كاللىسىنىڭ يېرىمىنى قۇتۇر باسقان ئۇ لالما ئىت پاششاخاننى سۆرەپ مېڭىۋاتقۇدەك. . . ياۋۇزبەگ دوستىنىڭ بۇنداق ھالىتىنى كۆرۈپ چىدىماي ۋارقىرىغۇدەك. . .

مۇشۇ چاغدا ياۋۇزبەگ «پاششاخان. . پاششاخان. . . » دەپ ۋاقىرىغىنىچە ئويغىنىپ كەتتى. جالال شەيخ چىلىق-چىلىق قارا تەر باسقان ئوغلىنىڭ پىشانىسىنى سۈرتۈۋىدى ئۇنىڭ قىزىتمىسىنىڭ يۇقىرىلاپ كاۋاپتەك بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

- نېمە بولغانسەن جىگىرىم بالام، ساڭا دورا تەڭشەپ بېرەي - دېدى جالال شەيخ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ.

- ھېچقىسى يوق ئاتا، چۈشتە ئېقىن سۇدا ئۇزۇن تۇرۇپ قاپتىمەن. ئازراق سوغۇق ئۆتۈپ قالغان ئوخشايدۇ، - دېدى ياۋۇز بەگ ئاتىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، - ئۆزلىرىگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى.

- قېنى ئېيتقىن، بالام - دېدى جالال شەيخ ئىككى قولى بىلەن ئوغلىنىڭ پىشانىسىنى سۈرتۈپ.

- سىلى توغرا دەپتىكەنلا ئاتا، مەن باغقا خاتا قونۇپ قاپتىمەن. . .

- دېمەكچى بولغىنىڭ؟. . .

- باغ بىنا بولۇشتىن ئىلگىرى ئاللاھ ئىگەم ئۇ گۈلنى پەرۋىش

قىلىشنى دوستۇم پاششاخانغا پۈتۈپتىكەن.

جالال شەيخ بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتى، چۈنكى ئۇ ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ ئۇلۇغ ئاللاھتىن، ئۆزىدىن ۋە پاشىشاخاندىن بۆلەك يېقىننىڭ يوقلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇنداقلا ئوغلىنىڭ خاراكتېرىنى بەش قولدەك چۈشىنەتتى.

ياۋۇزبەگ ئېغىر بىر ئۇھ تارتقاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام قىلدى:

- بايام مېنى قارا بېسىپ قاپتۇ. سىلىگە ئېيتماي دىسەم ئۇ چۈش يۈرىگىمدە تۇرىۋالدى، قانداق قىلاي ئاتا؟

- ياخشىلارنى ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، ئېيتىۋەرگىن بالام.

ياۋۇزبەگ ئابايام كۆرگەن چۈشىنى دادىسىغا ئۆز ئەينى بايان قىلدى. جالال شەيخ گەپ - سۆز قىلماي ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن ئوغلىنىڭ قۇلىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى:

- ئوغلۇم يامان چۈش شەيتاندىن، ياخشى چۈش ئاللاھتىن، خاتىرجەم ئارام ئالغىن. ئۇلۇغ ئاللاھ پۈتۈن خەلىققە خاتىرجەملىك ئاتا قىلغۇدەك، ئاسايىشلىق كۈنلەر ئۇزۇنغا داۋاملاشقۇدەك، خىزمەتچىدىن دورا تەڭشەپ كىرگۈزەي، قالغان گەپنى ئەتە دىيىشەيلى، بالام.

جالال شەيخ ئوغلىنىڭ ھوجرىسىدىن چىققاندىن كېيىن خىزمەتچىنى چاقىرىپ ئوغلىغا دورا كىرگۈزدى. ئاندىن تاھارىتىنى يەڭگۈشلەپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. ئۇزۇن دۇئادىن كېيىن ئوك يېنىنى بېسىپ ئۇخلاشقا تەمشەلدى. ئۇ كېچىچە ئوغلىنىڭ دېگەن گەپلىرىنى ئويلاپ ياخشى ئۇخلىيالمىدى.

ئەتىسى جالال شەيخ ئادەتتىكىدىن بۇرۇن ئويغىنىپ ناماز بامداتقا تەييارلىق قىلىۋاتقاندا ئوغلىنىڭمۇ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى سەزدى. ئوغلىنىڭ ئۆزىگە قىلغان سالام ئاۋازىدىن ئۇنىڭ سەللىمازا

ساقايغانلىقىنى بىلىپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇلار مەسچىتكە چىقىشىنىڭ ئالدىدا ياۋۇزبەگ دادىسىغا بىر گەپنى دېدى:

- ئاتا، بىر تەلىپىم بار ئىدى، دېسەم رۇخسەت قىلالىمۇ؟

- قۇلىقىم سەندە ئوغلۇم!

- ئۇزۇندىن بىرى سىلىگە ئېيتىمغان بىر ئىستىكىم بار ئىدى، ئۇ بولسىمۇ جاھاننىڭ ئۇ قېتىغا بېرىپ نەزەر كۆزۈمنى ئېچىپ بېقىش. ئاڭلىسام ياۋرۇپالىقلار ئايغا چىقماقچى بولۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ قاتار-قاتار ئۇنىۋېرسىتېتلىرى دۇنيانىڭ يەر-يەرلىرىدىن ئوقۇغۇچى ئېلىشىپتىمىش، خالىسىلا مەنمۇ شۇ ئۇنىۋېرسىتېتلارغا بېرىپ تەشنالىقىمنى قاندۇرسام دەيمەن، ئاتا!

جالال شەيخ قەدىمىنى توختىتىپ ئۆزىنى يېتىلەپ ماڭغان ئوغلىنىڭ قۇلىنى ئىككى ئالقىنىنىڭ ئارىسىغا ئالدى ئاندىن:

-ئوغلۇم، سەن ئويلىغاننى مەنمۇ بۇرۇنلا ئويلىغان. لېكىن سەن يۈرەك پارەمدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيماي، سىنى مۇشۇ كەمگىچە ھېچيەرگە ئەۋەتمەي يېنىمدا ساقلىغان ئىدىم. ئىلىم ئىگىلەش بىز مۇسۇلمانلارغا پەرز. ئاخشام ئېيتقان سۆزلىرىڭ كېچىچە كاللامدىن كەتمىدى. ھەي!. . . بۇنى ھازىرچە دىيىشمەي تۇرايلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاششاخان سىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدۇ. بىزنىڭ تومۇرىمىزدا ئېقىۋاتقىنى تۈركلەرنىڭ قېنى. مەنمۇ بۈگۈن ساڭا ئېيتاي دەپ تۇرغان. ئاللاھ يولىدا ھىجرەت قىلغۇچىلارنى ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ، بارغىن بالام، قانچە تىز بولسا شۇنچە ياخشى! ئىلىم دېڭىزىدىن ئۈنچىلەرنى سۈزۈپ ئۇنى خەلقىڭگە سۇنغىن، مەندىن ئەنسىرىمىگىن. . .

- ياۋۇزبەگ دادىسىنىڭ بۇ ئىشقا شۇنچە تىز ماقۇل بولغانلىقىنى

كۆرۈپ ھەيران قالدى ھەم بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتەلمىدى.

ئۇلار مەسچىتتىن قايتىپ كىرگەندە خىزمەتچى ئادىتى بويىچە مەسچىتتىن بالدۇرلا كىرىپ ناشتىلىق تەييارلىۋاتاتتى. ياۋۇزبەگ ئازراق نەرسە يەپلا ھوجرىسىغا كىرىپ بىردەم يېتىۋالماقچى بولۇپ ماڭدى. جالال شەيخ ئوغلىنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن خىزمەتچىنى يېنىغا چاقىرىپ پەس ئاۋازدا گەپ قىلدى:

- بۇرادەر، ئوغلۇم بىر ئاز يامان چۈش كۆرۈپ قاپتۇ، مىنىڭ كۆرگەن چۈشۈممۇ ئانچە ياخشى ئەمەس. يېقىندىن بىرى قاپىقىم تولا تارتىپ كۆڭلۈم ئارامىدا ئەمەس، پات ئارىدا چاقماق چېقىپ مۆلدۈر ياغىدىغاندەكلا بىلىنىپ قالدى شۇڭا جۇدۇن ئۆرلىمەستە بالىنى ئارۇزۇسىغا قاندۇرايلى، ئانىسى رەھمەتلىكمۇ ھايات چېغىدا بالىنىڭ ئۇقۇشى توغرىلىق شىرىن ئارزۇلارنى قىلىدىغان، ئۇنىڭ ياۋرۇپادا ئىلىم تەھسىل قىلغۇسى بار ئىكەن. ئاۋۇ ساندۇقتا ئازراق بىر نەرسە بار شۇنى تەييار قىلغىن. ھازىر بېرىپ باش سانغۇننى ئىزدەپ باقايلى، چىگرىدىن چىقىش خېتىغا ئۇ مېڭىپ قالسا ئەجەب ئەمەس !

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئات ھارۋىسى بىلەن سەھەردە شەھەرگە قاراپ ماڭدى، قۇياش ئۆرلىمەستە جالال شەيخ ئوردىنىڭ ئالدىدا پاشاخاننىڭ ئىشقا كىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

ئۇزاق ئۆتمەي باش سانغۇننىڭ مەخسۇس كىچىك ھەربىي ماشىنىسى خان ئوردىسى ئالدىدىكى چوڭ سەينادا توختاپ ماشىنىدىن پاشاخان چۈشۈپ كەلدى. بىر قولىدا تەسۋىر، بىر قۇلىدا ھاسا تۇتقان جالال شەيخ خىزمەتچىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ماشىنا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. پاششاخان ئۆزىنى ئەزەلدىن ئىزدەپ باقمىغان جالال شەيخنى كۆرۈپ خۇددى ئۆز ئاتىسىنى كۆرگەندەك خۇشال بولدى. ئۇ

ئالدىراپ ـ تىنەپ ئۇدۇل ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى ۋە جالال شەيخ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

-مۇبارەك قەدەملىرى يېتىپ قاپتۇ ئاتا، ياۋۇزبەگكە بىرە ئىش بولمىغاندۇ؟- دېدى پاشاخان ياۋۇزبەگدىن ئەنسىرەپ.

ئەسلىدە ياۋۇزبەگ مەلىكە كۈن چېچەكنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ بەزمىگە بارماي ئۇدۇل ئۆيىگە كەتكەن ئىدى. پاشاخان ياۋۇزبەگنىڭ بىر كەتكىنىچە كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ خىزمەتكاردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سۈرۈشتە قىلغان، خىزمەتكار ئۇنى ئىزدەپ تاپالماي ئۇنىڭ ئۆيى تەرەپكە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ پاشاخانغا ئېنىق جاۋاب بىرىش مەخسىتىدە ھېلىقى جەڭ ئېتىنى جالال شەيخنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەرگەچ ياۋۇزبەگنىڭ مىجەزىنىڭ يوقلىقىنى، ئۇنىڭ پاشاخاننىڭ كەيپىياتىنى بۇزۇپ قويماسلىقى ئۈچۈن پاشاخانغا دەپ قويماي ئۆيىگە كەتكەنلىكىنى بىلگەن ھەم بۇ خەۋەرنى پاشاخانغا يەتكۈزگەن ئىدى.

- ياۋۇزبەگ ئۇ ساقىيىپ كەتتى، ئوغلۇم. ئۇلۇغ ئاللاھ سىزنى بىزنىڭ بوسۇغىمىزغا قەدەم تاشلاتقۇزغاندىن بىرى ئائىلىمىزدىن خۇشاللىق كەتمىدى، بالام!ـ دېدى جالال شەيخ پاشاخاندىن مىننەتدار بولۇپ، - لېكىن سىزگە دەيدىغان جىددى بىر ئىشىم چىقىپ قالدى، شۇ سەۋەپتىن يولىڭىزغا قاراپ تۇرغان ئىدىم.

- قېنى ئېيتىڭ ئاتا، نېمە ئىشتى؟

- دەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن بالام، ياۋۇزبەگ ئانىسىدىن كىچىك قالغان، كۆڭلى يېرىم چوڭ بولدى. ئۇ بىچارىنىڭ، رەھمەتلىك ئانىسىنىڭ ئارزۇسىمۇ بالىنى ناھايىتى ياخشى تەربىيەلەش ئىدى. ئەمدىلىكتە ئىلىم-بىلىم يىغىلىنىپ مەغرىپ ۋە مەشرىق جانلىنىپتۇ.

ئۇنىڭ ياۋروپادىكى ئالى مەكتەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغۇسى بار ئىكەن. شۇ ئانىسى رەھمەتلىكنىڭ، ئوغلىنىڭ ئارزۇسى سەۋەبلىك روھى قوۋۇنۇپ قالمىسا بولاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى سىزنى ھەل قىلىپ بېرەرمىكىن، دەپ ھوزۇرىڭىزغا كېلىۋىدىم، بالام، - دېدى جالال شەيخ كۆزىگە ياش ئېلىپ.

- شۇ ئىشمىدى ئاتا، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنى ئاۋارە قىلىش بىھاجەتقۇ؟! ياۋۇزبەگ ئۆزەمنىڭ ئىنىسى. ئۇنىڭ پۇتىغا تىكەن كىرسە ئەلۋەتتە مىنىڭ پۇتۇمۇ ئاغرىيدۇ، ئۇنىڭ ئارزۇسى مىنىڭ ئارزۇيۇم. ئۇنى ھەپتە كۆرمىسەم يۈرۈگۈمنىڭ قانچىلىك ئېچىشىدىغانلىقىنى ئەشۇ دوستلۇق مېھرىنى سالغان بىر ئاللاھ بىلىدۇ. مەنچە بولسا ئۇنى ھېچيەرگە بارغۇزمايتتىم. بۇپتۇ، سىلى ئېغىز ئېچىپلا ئاتا، ئۇنىڭ يول تەييارلىقىنى قىلسىلا. ھەپتە ئاخىرىغىچە پۈتۈن ئىشلارنى پۈتكۈزىمەن، ئۇنىڭ يول چىقىمىدىن باشلاپ مەكتەپ ۋە تۇرمۇش چىقىملىرىغىچە ھەممىنى ئۆزۈم بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرىمەن. قەيەرگە چىققۇسى بارلىقىنى مەسلىھەتلەشكەچ تۇرۇشسىلا، مەن ئۆيلىرىگە خانلىق ئۇنىۋېرسىتېتتىن مۇناسىۋەتلىك ئادەم ئىۋەتىمەن قالغىنىغا شۇ مەسلىھەت بىرىدۇ!

- ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن بالام!

- ھە راست ئاتا، مىنىڭمۇ سىلىدىن ئۆتۈنىدىغان بىر تەلىپىم بار ئىدى، ئېيتىشتىن ئۇيۇلىمەن. . .

- سىزمۇ ئۆزەمنىڭ ئوغلى بالام، تارتىنماي ئېيتىۋىرىڭ.

-بىر قانچە قېتىم ياۋۇزبەگكە پۇرىتىپ باقتىم. ئېنىقىنى دېسەم خاندانلىقنىڭ ھەربىي كۈچى ناھايىتى كىرىزىس ئىچىدە قالدى، ئاتا. ۋەتەن ئىختىساسلىق ھەربىيلەرگە موھتاج بولىۋاتىدۇ. بىز باللىرىمىزنى دىنىي ئۇنىۋېرسىتېتلارغا تۈركۈملەپ يولغا سېلىۋاتىمىز-يۇ بىراق ئىلغار

تېخنىكىلارنى ئۆگىنىدىغانغا بالىمىزنى بەرمەيۋاتىمىز. بۇنداق كېتىۋەرسەك ئاقىۋىتىمىز ياخشى بولمايدۇ. بولسا بىزمۇ باللىرىمىزنى ھەربىي ئونىۋېرسىتېتقا ئېۋەتىپ ئىلغار ھەربىي تېخنىكىلىرىنى خانلىق ئىچىدە تەرەققى قىلدۇرساق بولاتتى. مۇشۇ ئىش سەۋەپلىك ئۇيقۇ ماڭا ھارام بولدى، ئەگەر بۇ گېپىم كۆڭۈللىرىدىن ئۆتسە. . . ئاتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايدىغان بالا يوق، سىلىنىڭچە. . . ؟، - دېدى ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزى بىلەن پاشاخان جالال شەيخنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

- كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز ئوغلۇم، پەيغەمبىرىمىزنىڭ «ۋەتەن ئىمان جۈملىسىدىن، جەننەت قېلىچنىڭ ئاستىدا» دېگەن سۆزلىرى ھېلىمۇ ئارىمىزدا كۈچىنى يوقاتقىنى يوق. بۇپتۇ، مەن ئۇنىڭغا دەپ باقاي! - دېدى جالال شەيخ ئىشەنچ بىلەن ئىللىق كۈلۈمسىرەپ.

ئۇلار ئوردا ئالدىدىلا ئىشىنى تۈگۈتۈپ خوشلاشتى. جالال شەيخ باش سانغۇنىنىڭ پەرزەنتلەرچە قىلغان مۇئامىلىسىدىن ئاپارغان نەرسىلىرىنى قەتئىي چىقىرالمىدى ھەم پاشاخاندىن چەكسىز خوش بولۇپ يول بويى ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى.

## بەشنچى باب

## ئوچۇق كەتكەن كۆزلەر

دېگەندەك ھەپتە ئاخىرىغا قالمايلا ياۋۇزبەگنىڭ چەتئەلدە ئوقۇش رەسمىيىتى خانلىقنىڭ جىددى ئىشى سۈپىتىدە ناھايىتى تېز بېجىرىلىپ مۇناسىۋەتلىك يول خېتى، خىراجەت قاتارلىق لازىمەتلىكلەر ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ بولدى. ئۇنىڭ گەرچە ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇغۇسى بولمىسىمۇ دادىسىنىڭ تەلىۋى شۇنداقلا دوستى پاشىشاخاننىڭ يۈزىنى دەپ ياۋروپادىكى بىر داڭلىق ھەربىي ئۇنىۋېرسىتىتتا ئوقۇيدىغان بولدى.

جالال شەيخ بۇ ئىشىنىڭ شۇنچە تېز ھەل بولغانلىقىدىن ھەيران قالدى ھەم چەكسىز خوش بولدى. ئۇنىڭ بۇنچە تېز بۇنچە بالدۇر يولغا چىقىشىنى باش سانغۇن پاشىشاخان ئۆزى ئالاھىدە تەكىتلىگەنلىكتىن ئۇلار ئۇنى ئەتە سەھەردىلا يولغا سېلىپ قويماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى ياۋۇزبەگنىڭ ئانا تەرەپ جەمەتىنىڭ تۇققانلىرى بىلەن تولدى. جالال شەيخ داش قازان ئىسىپ مەسچىت جامائىتىگە نەزىر بەردى. ئۇلار ئۇزاقتىن-ئۇزاق ياۋۇزبەگكە ئاق يول تىلەپ دۇئا قىلىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە پاشىشاخان بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن شەھەرگە كىرىپ كەتكەن ياۋۇزبەگ پېشىنگە يېقىن ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قاپىقى سېلىنغان بولۇپ كۆڭلى خاپا ئىدى. جالال شەيخ

ئوغلىنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئۇنىڭدىن گەپ سورىدى :

- سانغۇن بىلەن كۆرۈشتۈڭمۇ؟

- ياق. . .

- ئالدىراشمىكەن- يا؟

- چىگىراغا خىزمەت تەكشۈرگىلى كىتىپتۇ.

- ئۇنداقتا خوشلىشالماپسەندە؟ بىرە خەت - چەكمۇ قالدۇرماپتىمۇ؟

- شـــۇنى دەيمەن ئاتا، ئۇ ھەرقانچە ئالدىراش بولســـىمۇ بۇنداقلا كەتمەيتتى، ئۇنىڭغا بىرە ئىش بۇپتۇ ياكى مەندىن ئاغرىنىپتۇ. . .

جالال شەيخ ئوغلىنىڭ پاشاخانغا نەقەدەر ئامراقلىقىنى بىلەتتى، شۇ سەۋەپتىن ئوغلىنىڭ قانچىلىك بىئارام بولغانلىقىنى ھېس قىلدى.

- ئۇنداقمۇ ئەمەســتۇ بالام، بولمىســا ئۇ بۇ ئىشــلارنى بۇنچە تىز پۈتكۈزۈپ بەرمەستى؟ سېنى چېگرا ئېغىزىغىچە ئاپىرىدىغانغا مەخسۇس ماشــىنا ئورۇنلاشــتۇرغىنىنى دىمەمسىنا ئۇنىڭ؟! ئاللاھ ئۇنى ئۆز پاناھىدا ساقلايدۇ! باشقىچە ئويلىمىغىن، - دېدى جالال شەيخ ئوغلىغا تەسەللى بىرىپ.

ياۋۇزبەگ بىر ئاز تەســـەللىي تاپقاندەك بولۇپ ئېغىلغا ماڭدى. ئۇ ئېغىلغا كىرىپ پاشــاخان سوۋغا قىلغان جەڭ ئېتىنىڭ بېشىنى سىلاپ دوســـتى پاشـــشـــاخاننى خىيال قىلدى، ئاندىن مەلىكە كۈنچېچەكنى ئويلىدى. مۇشۇ تاپتا شــاش جەڭ ئېتى ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشـەنگەندەك بـېشـــنى مۇلايىملىق بىلەن لىڭشـــىتىــپ يــاۋۇزبەگكە يېقىنچىلىق قىلىۋاتاتتى.

يــاۋۇزبەگنىــڭ ماڭىدىغان كۈنى توشـــتى. ئەتىســـى ئەتىگەندە ياۋۇزبەگ مەسچىتتىن يېنىپ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا قىلدى.

ئاندىن ئۆيگە كىرىپ دادىسى ۋە خىزمەتچى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. قارا ماشىنا ئۇنىڭ ئۆيى ئالدىدا ئۇنىڭ چىقىشىنى ساقلاپ تۇراتتى. خىزمەتچى بىلەن شوپۇر چامادان- سومكىلارنى ماشىنىغا ئورۇنلاشتۇردى. شۇنداق قىلىپ ياۋۇزبەگ يولغا ئاتلاندى.

ئۇ يول بويى شوپۇرغا گەپ قىلمىدى. گاھىدا مەلىكە كۈن چېچەكنى خىيال قىلسا گاھىدا پاششاخاننى خىيال قىلاتتى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلى خوش ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇ ھەر ئىككى يېقىن ئادىمى بىلەن خوشلىشالمىغان ئىدى. بولۇپمۇ پاششاخاننىڭ ئۆزىگە خوش دىمەي يوقاپ كېتىشى ھەمدە پاششاخاننىڭ ئۆزىنى بۇنچە تېز ماڭدۇرۇشى ئۇنى گاڭگىرىتىپلا قويغان ئىدى. قىرىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان ئاق چاچ شوپۇر ئۇستام گەپچى ئادەم بولۇپ ھەرخىل قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ ياۋۇزبەگنىڭ كۆڭلىنى ئۇتماقچى بولدى، شوپۇر ئۇستام كۆڭلىدە بۇنچە ئىمتىيازغا ئېرىشكەن ياۋۇزبەگنى خاندانلىقنىڭ كاتتا مۇھىم ئادىمى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى.

شەھەر بىلەن چېگرا ئېغىزىغىچە بولغان ئارىلىق ماشىنا بىلەن ئۈچ -تۆت كۈنلۈك يول بولۇپ ماشىنا ماڭىدىغان چوڭ يول دېگۈدەك ياخشى بولمىغانلىقتىن سەپەردە كېچىسى قۇنۇپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئۇلار ئىككىنچى كۈنى شامغا يېقىن بىر ئۆتەڭگە كېلىپ توختاپ شۇ يەردە غىزالىنىپ شۇ يەردە قۇنۇپ قالدى. ئەتىسى ئەتىگەندە ناماز بامداتتىن كېيىن يەنە يولغا چىقتى. بۇ كۈنى ياۋۇزبەگنىڭ كۆڭلى ئالدىنقى كۈنىدىكىگە قارىغاندا بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولۇپ ئۇلار ئۇياق- بۇياقتىن ئاز تولا پاراڭلاشتى. چۈشكە يېقىن ئۇلار سايلىقتا توختاپ چۈشلۈك تاماق يېمەكچى بولۇپ ماشىنىدىن چۈشۈشتى. غىزالىنىۋاتقان ۋاقىتتا شوپۇر ئۇستام ياۋۇزبەگكە يەنە گەپ ئاچتى:

- ياۋۇزبەگ ئۇكام، ئاڭلىسام ئۆزلىرىنى ھەربىي مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن دېيىشىدىغۇ؟

شۇپۇر تۈنۈگۈندىن بىرى ياۋۇزبەگنىڭ شەخسى ئىشلىرى توغرىلىق گەپ ئاچالمىغان ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ پۇرسەتتە قىزىقسىنىپ سورىدى.

- شۇنداق، گېرمانىيىدىكى بىر ھەربىي ئونىۋېرسىتېتقا ماڭدىم، - دېدى ياۋۇز بەگ بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

- باشقىلارنىڭ ئېيتقىنى راستكەندە، ئۇلار سىلىنى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن باش سانغۇن پاشاخاننىڭ ئورنىدا ئولتۇرىدىكەن دىيىشىدۇ، بۇلار راستمۇ ئۇكام؟

ياۋۇزبەگ دوستى پاشاخاننىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئېچىشقاندەك بولۇپ ئېغىزىدىكى چايناۋاتقان ناننى تەستە يۇتتى. ئەمما ئۇ بۇ گەپكە ئېنىق جاۋاب بەرمىدى.

- پاشاخان. . . پاشاخان ئۇ زادى نەلەردىدۇر؟ - دېدى ياۋۇزبەگ ئامراق دوستىنى ئويلاپ خىيالغا پاتقىنىچە.

- ئاڭلىسام شىمالىي چېگرادا ئىش چىقىپتۇمىش. باش سانغۇن شۇ يەرگە كەتكەن ئوخشايدۇ، ئۇكام. . .

- نېمە، شىمالىي چېگرادا نېمە بوپتۇ؟

پاشاخان قولىدىكى نان ۋە سۇنى تاشلاپ قويۇپ ئىنتايىن جىددىيلەشتى. چۈنكى ئۇ «شىمال» دېگەن ئىبارىنى ئۇ ئىككى كۈننىڭ ئالدىدىلا چۈشىدە كۆرگەن ئىدى.

- دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىي چېگراسىدا توقۇنۇش بوپتۇمىش. . .

- نېمە توقۇنۇشكەن ئۇستام؟

- مەنمۇ ئېنىقىنى بىلمىدىم، لېكىن ئەھۋال ئېغىردەك قىلىدۇ. . .

ئۇنىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ چەكسىز ئۆيلىنىش ئىچىدە قالدى. «پاشـــاخانىنىڭ مىنى ئالدىراپ مېڭىشــقا زورلىشـــى مۇشـــۇ ئىشــتىن بـولـمىغىيتتى. ئەســـتەخپۇرۇللاھ. . . ئۇ شـــۇڭلاشــقــا مەن بىلەن خوشلىشالماپتۇ- دە، ئۇ مىنىڭ بۇ ئىشنى بىلسەم مېنىڭ تەلەپ قىلىپ ئالدىنقى ســـەپكە بېرىۋېلىشـــىمدىن ئەنســـىرگەن گەپ. ئاھ دوســـتۇم! ئەســـلىدە مىنى ئاۋايلاپســـىكەن-دە ! » ئۇ بۇلارنى ئويلاپ كۆزىگە ياش ئالدى. ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ شوپۇرغا جىددى بۇيرۇق قىلدى:

- ماشىنىنى كەينىگە ياندۇرۇڭ، ئۆيگە قايتىمىز!

- بۇ. . . بۇ ئەمدى قانداق بولغىنى ئۇكام؟ - دېدى شوپۇر ئۇستام نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ.

- تىز بۇلۇڭ ؟ قانچە تىز بولسا شۇنچە ياخشى!

شـــوپۇر ئىتائەتمەنلىك بىلەن ماشـــىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ كەينىگە ياندۇردى.

ئۇلار شـــۇ ماڭغىنىچە كىچىســـىمۇ ئارام ئالمىغانچىلىك قىلىپ ئىككىنچى كۈنى تاڭ ئاتارغا يېقىن مازارلىقنىڭ يېنىدىكى ياۋۇزبەگنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كىلىپ توختىدى.

ياۋۇزبەگ ئىشىكنى يېنىك قاقتى. جالال شەيخ ئويغۇنۇپ بولغىچە خىزمەتچى چىقىپ ئىشـــىكنى ئاچتى. ئۇ يـاۋۇزبەگنىـڭ قـايتىـپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ســـورىدى. يـاۋۇزبەگ ئۇنىڭغـا ھېچ ئىش بولمىغانلىقىنى، مـاشـــىنىدىكى يۈك-تاقلارنى چۈشۈرىۋېتىپ دەرھال ئاتنى تەييار قىلىشنى بۇيرىدى.

ئۇ خىزمەتچىنىـڭ قۇلىـدىكى چىراقنى كۈتۈرۈپ ئۇدۇل ئـاتىســـى يـاتقـان ھوجرىنىـڭ ئـالـدىغـا كىلىـپ يىنىـك يۆتەلدى، ئاڭغىچە جالال شەيخ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كىلىپ بولغان ئىدى.

- ئوغلۇم بۇ زادى نېمە ئىش، بىرە چاتاق چىقتىمۇ؟-دېدى جالال شەيخ جىددىيلىشىپ.

- ياق ئاتا ئەنسىرمىسىلە، چوڭ ئىش يوق. ئاڭلىسام شىمالىي چېگرادا ئىش چىققان ئوخشايدۇ. پاششاخاننىڭ مەن بىلەن خوشلاشمىغىنى مۇشۇنىڭدىن ئىكەن. . .

- ئەمدى نېمە قىلاي دەيسەن بالام؟

- ئۇنىڭ بىلەن مەن قىيامەتلىك دوستلاردىن، بۈگۈن ماڭمىسام ئەتە ماڭارمەن. روخسەت قىلسىلا شۇ دوستۇمنى بىر كۆرۈۋالغان بولسام، كۆڭلۈم بىر شۇملۇقنى تۇيۇپ تۇرىدۇ. ماڭا دۇئا قىلغان بولسىلا ئاتا!

جالال شەيخنىڭ ئەنسىرگەن ئىشى ئاخىرى يۈز بەردى. ئۇ ئوغلىنىڭ ۋەتەن ئۈچۈن يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ بېرەلەيدىغان ۋىجدان ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. مانا ئەمدى بۇنداق چاغدا جالال شەيخنىڭ ئوغلىغا دۇئا قىلىپ ئۇنى يولغا سالماقتىن باشقا چارىسى يوق ئىدى.

»ئەي-كۆزۈمنىڭ نۇرى ئوغلۇم، سىنى ئۇلۇغ ئاللاھقا تاپشۇردۇم، بېرىپ دوستۇڭنى تاپقىن، مەجبۇرىيىتىڭنى ئادا قىل، ناۋادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، مەن سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى ئوغلۇم! سەن دوستلۇق، مىللەت، ۋەتەن، ئاتا-ئانا، قېرىنداشلىرىڭ ئالدىدىكى قەرزىڭنى ئادا قىل! سەن ئاللاھ تاپشۇرغان مۇقەددەس ۋەزىپىنى يەنى ۋەتەننى، مىللەتنى، ئاچا -سىڭىللىرىڭنى قوغدا، دۈشمەنگە قىلچە رەھىم قىلما! ئۆلسەڭ شېھىت قالساڭ غازى ئوغلۇم! ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر!« ئاتا كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقارماي ئوغلىغا دۇئا قىلدى. ئاتىسىنىڭ بۇنداق قەيسەرلىكىنى ئوغلى تۇنجى قېتىم كۆرىۋاتاتتى مۇشۇ تاپتا ياۋۇزبەگكە دادىسىنىڭ مۆكچەيگەن تېنى تېخىمۇ ئۇلۇغ كۆرۈندى.

ئىگىســـىنى تونىغـان جەڭ ئېتى ھويلىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولدا كىشـــنەپ تۇرالـماي قـالغـان ئـىدى. يـاۋۇزبەگ بېرىــپ ئاتقا مىندى-دە شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىگە تۇتىشىدىغان يولغا قاراپ چېپىپ كەتتى.

ئۇ ئـالەم ســۈزۈلەي دىگەنــدە شـــەھەردىن خېلى يىراقلاپ تـاغ بـاغرىـدىكى چىغىر يولدا چېپىپ كېتىۋاتاتتى. ناماز ۋاقتى بولغانلىقىنى بىلىپ تەرلەپ كەتكەن ئاتنى ئېرىق بۈيىدىكى بىر تۈپ ئۈجمىگە باغلاپ قۇيۇپ تاھارەت ئالدى-دە ئۈچىســـىدىكى چاپاننى يول بۈيىغا ســېلىپ ناماز ئۇقۇشــقا باشــلىدى. ئۇ دۇئاغا قول كۆتۈرگەنــدە ئالەم ســۈزۈلگەن بولۇپ ئـالـدى تەرەپتىكى چىغىر يولـدىن بىر توپ جـامـائەتنىڭ ئۈپۈر-توپۈر چىقىشــىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئالدىراپ دۇئانى تۈگەتتى ئاندىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدى.

- ئەسـسـالامۇئەلەيكۇم جامائەت، شـۇنچە ئالدىراش مېڭىشىپلا. . . ؟-دېدى ياۋۇزبەگ سوئال نەزىرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ.

- ۋەئەلەيكۇم ئەســـــالام قېرىنــدىشـــم، ئۇرۇش بۇلــدىغـان ئوخشــايدۇ، بىزمۇ بۇ گەپنى ھازىر مەســچىتتە ئاڭلىدۇق. . . - دېدى جامائەت ئارىسىدىكى ياشتا چوڭ بىر كىشى جاۋابەن.

- خــاتىـپـمىـزنىــڭ ئـېـيـتىشــىـچە چـېـگـرادا قــاتتىق ئۇرۇش بۇلىۋېتىپتىمىش. . . - دېدى يەنە بىرەيلەن گەپ قىستۇرۇپ.

يـاۋۇزبەگ بۇلارنى ئـاڭلاپ تېخىمۇ جىددىيلەشـــتى. ئۇ چاپىنىنى ســـىلكىپلا ئۈچىســـىغـا كـيـدى- دە ئېتىغـا قامچا ســـالدى. ئۇ يولنى قىســـقـارتىش ئۈچۈن گــاھى چىغىر يوللاردا، گــاھى ئويــداڭ-چوڭقۇر ئېـدىرلاردا چېپىشـــقـا مەجبۇرى بولـدى. ئۇنـىڭ ئـات ئۇســـتـىـدىكى چەۋەندازلىق ماھارىتى ئۇستۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككى كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە باســـتى. ئۇنىڭ نەســـىللىك جەڭ ئېتىمۇ باشـــقا ئاتلاردىن

پەرىقلىق بولغاچقا شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىنى ھاردىم-تالدىم دىمەي چاپتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ قاش قارايغاندا بىر كەنتىگە يېقىنلاشتى. چىگرىغا يەنە ئاتلىق بىر كۈنلۈك ئارىلىق قالغان ئىدى.

ياۋۇزبەگ ئۇيقۇسىزلىقتىن شۇنداقلا ئات ئۈستىدىكى يول ئازابىدىن قاتتىق چارچاپ كەتكەچكە ئۇنىڭ باشلىرى زىڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى. ئۇ مەھەللە دوقمۇشىدىكى ناتونۇش بىر ئۆينىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. ئىچىدىن ئون نەچچە ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل چىقىپ دەرۋازىنى ئاچقاندىن كېيىن ياشتا چوڭ بىر بوۋاي ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاتا، يولدىن ئۆتۈۋاتقان يولۇچى ئىدىم. ئاي قاراڭغۇسىدا يول مېڭىش ئەپسىزدەك تۇرىدۇ، شۇڭلاشقا. . . - دېدى ياۋۇزبەگ ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىدا تۇتۇپ تۆۋەنچىلىك بىلەن.

- غېرىبخانەمنى كۆڭلىڭىز تارتقان بولسا بۇ بىزنىڭ بەختىمىز بالام، سىز دېگەن ئاللاھنىڭ مېھمىنى شۇنداقلا بىزنىڭ مېھمىنىمىز. قېنى ئۆي ئىچىگە مەرھەمەت ئوغلۇم! - دېدى گەپنىڭ ئاخىرىنى چۈشەنگەن بوۋاي ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىپ.

ئۆي ئىچىدىن يەنە بىر جۇپ قىز-يىگىت چىقىپ ياۋۇزبەگ بىلەن سالاملاشتى ئاندىن ھېلىقى يىگىت ئاتنى سۇۋۇتقىلى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

بوۋاي ياۋۇزبەگنى ئۆيگە باشلىدى، ئاندىن ئالدىغا داستىخان سېلىپ ئاش كۆكى پۇراپ تۇرغان بىر قاچا ئۇگرىنى ئالدىغا ئەكەلدى. ياۋۇزبەگ ئىشتاھا بىلەن تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن بوۋاي يەنە بىر تاۋاقتا تەكشى تىلىنغان مۇزدەك قوغۇن -تاۋۇز ئەكىلىپ ئۇنىڭ ئۇسسۇلۇقىنى قاندۇردى. ياۋۇزبەگ ئۆي ئىگىسىدىن مىننەتدار بولۇپ رەھمىتىنى بىلدۈردى. دۇئا قىلىپ بوۋاينىڭ ئائىلىسىگە مىڭلاپ بەرىكەت تىلىدى.

تاماقتىن كېيىن بۇۋاي ياۋۇزبەگكە پاراڭ قىلىپ بەردى.

- بالام تەققى تۇرقىڭىزغا قارىغاندا خانلىقنىڭ ئادىمىدەك تۇرىسىز، ئالدىنقى سەپكە مېڭىۋاتامسىز؟- دېدى بۇۋاي ئويچان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ.

- ئۇنداقمۇ ئەمەس ئاتا، ئاڭلىسام چېگرىدا توقۇنۇش بولۇپتۇ دەيدۇ، بۇ زادى راستمىدۇر؟- دېدى ياۋۇزبەگ بوۋايدىن ياندۇرۇپ سوراپ.

- شۇنداق، ئۇرۇش بولغىنى راست بالام، تېخى تۈنۈگۈنلا بۇيەردىن نۇرغۇن يىگىتلىرىمىز ھەربىي مارشىنى ياڭرىتىپ ماڭغان ئىدى. مەن ئۇلاردىن ھال سورىغاچ بۇ ئىشنىڭ راستلىقىنى بىلدىم. ئاڭلىساق رۇس ئەسكەرلىرى باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇدەك، جەڭ مەيدانىدا يىگىتلىرىمىز نىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئېقىپتىمىش. يەنە باشقىلارنىڭ دېيىشىچە باش سانغۇنىمىز بۇ قېتىمقى جەڭدە باتۇرلىقىنى كۆرسىتىپ دۈشمەننى بىر قەدەم ئالدىغا ماڭغىلى قويماپتىمىش. يىگىتلىرىمىز قالتىس كارامىتىنى كۆرسىتىپتۇدەك. . .

- قوشنا ئەلدىكىلەر بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزدىن ئىدى، قانداق بولۇپ رۇسلار پەيدا بولۇپ قالغاندۇ؟

- ئاڭلىشىمچە ستالىن «خەلقىنى ئازاد قىلىش» دېگەن شۇئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنىڭ دۆلىتىگە باستۇرۇپ كىرىپتۇدەك. ئەمدى ئاڭلىساق بىز تۈركمەنلەرنى ئازاد قىلماقچىمىش. . .

- شۇنداق، رۇسلارنىڭ كۆزى ئەسلىدىلا بىزدە ئىدى. بايلىقىمىزغا كۆزى چۈشكەن گەپ ئۇلارنىڭ!. . . - ياۋۇزبەگنىڭ غەزەپتىن مۇشتۇمى تۈگۈلۈپ كەتتى.

- رۇسلارنىڭ ھەربىي كۈچى ئاجايىپ زورمىش. ئاڭلىساق قوشنا

دۆلەتنى بىر كۈن ئىچىدىلا تۈزلەپ خەلىقنىڭ بېشىدا مۇنار ياساپتىمىش. . .

- بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ھازىر قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟

- ئاڭلىساق يىگىتلىرىمىز جەڭ مەيدانىدا قاتتىق باتۇرلۇق كۆرسىتىپتۇ. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە بىر تۈرۈكمەن ئەسكەرگە يەتمىش ئۇرۇس يامىشىپتۇدەك. شۇنداقتىمۇ باش سانغۇن ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ ئۇلارنى بىر قەدەم ئالدىغا سىلجىتماپتىمىش، بەزىلەر ئاللاھ تائالا پاششاخانغا ئوق ئۆتمەيدىغان، تىغ تەگمەيدىغان بىرخىل نىسبەتنى بىرىپتۇ دېيىشىدۇ. ئۇلۇغ ئىگىمىز ئۇ زاتنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي. . .

- ھەممىگە قادىر ئىگىمىز چوقۇم پاششاخانغا شۇ نىسبەتنى بىرىدۇ. . .

- مىنىڭمۇ چوڭ ئوغلۇم يېشىنىڭ چوڭلۇقىغا قارىماي ئىككى ئىنىسىنى ئېلىپ ئالدىنقى سەپكە پىدائى بولۇپ كەتتى. بايامقى نەۋرە ئوغلۇم شۇنىڭ بالىسى. ئۇمۇ بارىمەن دەپ بېشىمنى ئوچاق قىلدى. دادىسىدىن جاۋاب كەلمىگىچە ئۇنى يولغا سالالمىدىم. . .

- رەھمەت ئاتا، ئاللاھ سىزنى دۇنيا ئاخىرەتتە ئەزىز قىلغاي!

- ئوغلۇم، بىزنىڭ تومۇرىمىزدا ئۆركەشلىگىنى تۈرۈكلەرنىڭ قېنى، باتۇرلارنىڭ روھى!! ئەتە تاڭ يورۇغاندا ھەممىنى كۆرىسىز، كەنتىمىزدىكى قېرى -ياش، قىز- ئوغۇل ھەممىسى جەڭگە تەييار بولدى. ئۇلار ئەتە ئەتىگەندە يېغىلىپ ئالدىنقى سەپكە ماڭىمىز، دەپ تۇرىشىدۇ.

ياۋۇزبەگ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شۇنداق ھاياجانلاندى. كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ ئۆز خەلقىدىن پەخىرلەندى، ئاللاھتىن خۇشال

بولۇپ ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىپ ئاللاھقا سېغىنىپ كۆز يېشى قىلدى. ئۇلار شۇ تەرزدە پاراڭلىشىپ ئۇخلاپ قالدى.

ئەتىسى ناماز بامداتتىن كېيىن ياۋۇزبەگ بوۋاي بىلەن خوشلىشىپ چېگرا تەرەپكە قاراپ ئېتىغا قامچا سالدى.

ئۇ شۇ چاپقىنىچە نامازشامغا يېقىن ئالدىنقى سەپكە يېقىنلاپ قالدى. يىراقتىن قارىغاندا جەڭگاھ مەيدانى پۈتۈنلەي ئىس تۈتەككە تولۇپ كەتكەن بولۇپ ئازگال ۋە دۆڭلەرنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ياۋۇزبەگ ئېتىنىڭ شۇنچە چاپقىنىغا قارىماي يەنە قامچا سالدى. بىچارە جانىۋار ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك بار كۈچى بىلەن سۈرئىتىنى تېزلىتىپ تېخىمۇ ئىتتىك چاپتى.

ئۇ جەڭ مەيدانىغا يېقىنلىغانسېرى كۆزىگە چۈمۈلىدەك سانسىز ئادەملەر تۈپى كۆرۈنىشكە باشلىدى. قۇلىدا ئاپتومات كۆتىرىۋالغان تۈرك يىگىتلىرى توپ-توپ بولۇشۇپ ئىستىھكام-ئازگاللارنى قوغداۋاتسا، بەزىلىرى چىلىق-چىلىق تەر ئىچىدە ئازگال-لەخمىلەرنى كولاۋاتاتتى. قاتار-قاتار چېدىرلاردا سېستىرا-دوختۇرلار ئۇيان-بۇيان يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى.

ناھايىتى تېزلا زېمىننى قاراڭغۇلۇق باستى. ياۋۇزبەگ ئاتتىن چۈشۈپ ئەسكەرلەردىن باش سانغۇن پاششاخانىنى سۈرۈشتە قىلدى. ئۇلار بىردەك پاششاخانىنى ئالدىنقى سەپتىكى قۇماندانلىق ئىشتابىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭ بايام كۆرگىنى تېخى رەسمىي ئالدىنقى سەپ ئەمەس ئىدى.

ياۋۇزبەگ يىراقتىكى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان ھىساپسىز گۈلخانلارنى نىشان قىلىپ ئاتنى يېتىلەپ يەنە ئالدىغا ماڭدى. ئۇ ئالدىغا ماڭغانسېرى بۇ يەرنىڭ ناھايىتى جىمجىتلىقىنى شۇنداقلا

گۇلخان بولۇپ كۆرۈنگەن ئوت-يالقۇنلىرىنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى چاتقال، دەل-دەرەخ، ئوت-چۆپلەر دۆۋىسىنىڭ كۈيۈپ تۈگىمىگەن ئوت قالدۇقلىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، شۇ چاغدىلا ئۇ بۇنىڭدىن دەھشەتلىك كۈندۈزلۈك جەڭنىڭ تېخى ئەمدىلا ئاخىرلاشقانلىقىنى بىلدى.

قاراڭغۇدا ياۋۇزبەگ قەيەرگە مېڭىشىنى بىلەلمەي يولنى سىلاشتۇرۇپ پەرەز بىلەن ئالدىغا مېڭىۋەردى. توساتتىن يان تەرەپتىن بىر ئادەم ئۇنىڭ ئالدىنى تۇسۇپ پەس ئاۋازدا سورىدى:

- سىلى ياۋۇزبەگمۇ؟

- مەن شۇ!

ياۋۇزبەگ قاراڭغۇدىكى يۇچۇن ئادەمنىڭ چىرايىنى كۆرەلمىگەنلىكتىن بىر ئاز جىددىيلەشتى.

- ئاخىرى كەلدىلە. . . مىنى باش سانغۇن ئالدىلىرىغا ئىۋەتكەن.

- پاششاخان ئۇ قەيەردە؟

- باش سانغۇن ئۇ. . . ئۇ سىلىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ھالى بەك خاراب. مەن سىلىنى ساقلاۋاتقىلى ئۇدا بىر كېچە- كۈندۈز بولدى. ئەكەلسىلە ئاتنى، مەن يول باشلاي. . .

قاراڭغۇدىكى يىگىت ياۋۇزبەگنىڭ قولىدىن ئاتنىڭ چولۋۇرىنى ئېلىپ ئۆزى ئالدىدا يول باشلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ يىغلامسىراپ ئېيتقان سۆزىدىن ياۋۇزبەگنىڭ يۈرىكى تېخىمۇ سىقىراپ كەتتى.

- ئۇنىڭغا زادى نېمە بولدى؟ پاششاخان ئۇ. . . ؟- دېدى ياۋۇزبەگ گېپىنىڭ ئايىغىنى ئېيتالماي.

- باش سانغۇن ئۇ قاتتىق يارىلاندى. ئۇنىڭ يارىسى بەكلا ئېغىر،

ئۇنىڭ قىزىتمىسى بارغانسېرى ئۆرلىۋاتىدۇ. ئۇ تۇنۇگۈنلا بۇلالماي قالغان ئىدى. دوختۇرنىڭ دېيىشىچە بۈگۈن تاڭنى ئاتقۇزالمايدىكەن. . . ئۇ. . . ئۇ بەلكىم سىلىگە ساقلىۋاتسا كېرەك.

يىگىت بۇنى دەپ بولۇپ پاڭگىدە يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ياۋۇزبەگنىڭ كۆز ئالدى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. نەپسى قىستىلىپ بوغۇزىغا بىرنەرسە كەپلىشىۋالغاندەك بولۇپ قالدى.

- تىز بول، ئۇ قەيەردە؟- دېدى ياۋۇزبەگ ئۆزىنى ئارانلا تۇتىۋېلىپ.

- ئۇنىڭ كۆڭلى تۇيۇپتىكەن. . . تۇنۇگۈنلا ئۇ سىلىنىڭ ئاتلىق مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقلىرىنى، مىنىڭ ئالدىلىرىغا چىقىشىمنى تاپىلىغان ئىدى. . . سىلى ئاخىرى كەلدىلە. . . - يىگىت ئىسەنكىرەپ يىغلاپ كەتكەنلىكتىن گېپىنىڭ ئايىغىنى ئېيتالمىدى.

ئۇلار چوڭقۇر ئېرىققا ئوخشايدىغان ئەگرى-بۈگرى ئازگاللارنىڭ ئىچىدە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن ئاجىز چىراغ نۇرى يېنىپ تۇرغان چوڭ بىر چېدىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. چېدىر ئەتراپىدا ئون نەچچە ئەسكەر قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان بولۇپ يېقىن كېلىپ قارىمىسا ئۇلارنىڭ مىدىر - سىدىر قىلماي ئۆرە تۇرغان ھالىتىدىن ئۇلارنىڭ نە ئادەم نە ھەيكەللىكىنى بىلگىلى بولمايتتى.

يىگىت قاراۋۇللار بىلەن پاروللاشقاندىن كېيىن ئاتنى بىرسىگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ياۋۇزبەگنى چېدىرغا باشلاپ ئەكىردى.

غۇۋا يورىغان چېدىرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەش- ئالتە ئادەم غۇجمەك بولۇپ بىر كارىۋاتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئىدى. يول باشلاپ كىرگەن يىگىت كارۋاتنىڭ ئەتراپىدىكى دوختۇرغا بىرنىمىلەرنى

دىگەندىن كېيىن ئۇلار بىردەك ياۋۇزبەگكە ئۆرۈلۈپ قاراشتى، ئاندىن ئاستا ئىككى يانغا بۆلۈنۈپ ئۇنىڭغا يول بەردى.

ياۋۇزبەگ كارۋاتتىكى ئادەمگە قارىدى. ئاھ خۇدا! كارىۋاتتا پاششاخان ئۇنىڭغا قاراپ ياتاتتى. پاششاخاننىڭ باش قىسمى بىلەن كۆكرىكى داكا بىلەن تېڭىلغان بولۇپ يۈزىلا ئۇچۇق قالغان ئىدى. ئوڭ بىلىكى كارۋاتقا تېڭىلغان بولۇپ ئاسما ئوكۇل مۇشۇ بىلىكىدىن چۈشۈۋاتاتتى. ئۇ ياۋۇزبەگكە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. ئاڭغىچە ياۋۇزبەگنىڭ كۆزىدىن ياشلار تاراملاپ ئاقتى. ئۇ ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي كارۋاتنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ پاششاخاننىڭ سول قولىنى ئىككى قوللاپ تۇتتى:

- پاششاخان!. . . بۇ سەنمۇ دوستۇم.!. .

- ياۋۇزبەگ ئاخىرى كەلدىڭ. . .

پاششاخاننىڭ ئاۋازى ئىنتايىن پەس بولۇپ ئېغىزىنى ئاران-ئاران مىدىرلىتاتتى.

- شۇنداق مەن كەلدىم پاششاخان!. . . مەن يېنىڭدا. . .

ياۋۇزبەگ ئۈنسىز يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ قولىنىڭ دۈمبىسىگە ئىڭىكىنى ياقتى. پاششاخانمۇ خۇددى يۈتتۈرۈپ قويغىنىغا ئۇزۇن بولغان ئىنىسىنى قايتا تاپقاندەك كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

- ياۋۇزبەگ مىنى كەچۈرگىن. . . بۇ ئىشلارنى ساڭا . . . سۆزلەپ بىلدۈرگۈم يوق ئىدى. . . - پاششاخان ھاسىرايتتى، سۆزىنىڭ ھەر بىر بۇغۇمى ئارلىقىدا بىر قېتىم تەستە تىنىغانچىلىك قىلاتتى. ئەتراپىدا قاراپ تۇرغان ئىككى سېستىرا قىز ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ چىداپ تۇرالماي يىغلاپ تاشلىدى، - ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار ئىدى. . . ئەھۋالىم ئۆزۈمگە ئايان. . . مەن ئىشلارنىڭ بۇنداق بولۇپ

كىتىشـــنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن. . . ئۇلار بىزنى ئالداپتۇ. . . مەن تېخى ئوتتۇرىمىزدا كېلىشـــىم بـــار دەپ ئويلاپتىمەن. . . ئـــارمـــانـــدا كىتىدىغان بولدۇم ياۋۇزبەگ. . .

- ياق پاششاخان. . . بىز ئاللاھ ئالدىدا نېمە دېيىشكەن. . . قۇرئان تۇتقان قولۇڭ مۇشۇغۇ. . . بىزنىڭ ۋەدىمىز بار پاشاخان. . .

- ياۋۇزبەگ. . . ۋاقىت قىستاپ قالدى. . . ھېلىقى كۈنى. . . ئوۋغا چىققاندا. . . چايان پۇتۇمنى چېقىۋالدى. . . سەن ئۇيەرنى پىچاق بىلەن تىلىپ. . . زەھەرنى شۈرىۋەتتىڭ. . . مەن ساق قالدىم. . . لېكىن سەن نەچچە كۈن ھۇشـــسىز ياتتىڭ. . . شـــۇندىن بىرى. . . مىنىڭ يېنىمغا سىنى ئاللاھ ئەۋەتتى دەپ ئويلايتتىم. . . ئەمدى گىپىمگە قۇلاق سال. . . ئويلىغانلىرىم توغرىكەن. . . ســـەن يەنە كەلدىڭ. . . ســـەن ئەمدى قايتقىن. . .

ياۋۇزبەگ پاشاخانىنىڭ بۇنچە تەسلىك تارتىپ كەتكىنىگە چىداپ تۇرالماي بۇغۇلۇپ يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

- ياق مەن قايتالمايمەن. . . قاراپ تۇر پاشـــشـــاخان. . . يا ئۇلار ياشايدۇ. . . يا مەن ياشايمەن. . .

- ياۋۇزبەگ. . . گىپىمگە قۇلاق سال. . . بىز بولالمىدۇق. . . پەرق بەك چوڭكەن. . . ســـاڭـــا دېســـەم. . . خـانـدانلىقىمىزدىن ئونى بىر بولســـمۇ. . . ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيدىكەن. . . يىگىتلىرىمىزنىڭ جەڭ مەيدانىدا نېمە ياســـىغانلىقىنى بىلەمســـەن. . . ئۇلار تىزلىق ياســـىدى ياۋۇزبەگ، تىزلىق!. . . دۈشمەنلەر تانكا بىلەن باستۇرۇپ كەلگەندە. . . يىگىتلىرىمىز كەينىگە قاراپ سـالماسـلىق ئۈچۈن. . . ئەشـۇ تىزلىقلارنى ســېلىۋالدى. . . ئۇلار تانكىنىڭ ئاســتىغا شـۇ پېتى كىرىپ كەتتى. . . ئۇلارنىـڭ ھېچقايســـىســـى كەينىگە بىر غېرىچ چېكىنىپ قالمىدى. . .

ئۇلارنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى بىر-بىرىگە قارشىپ كۈلۈشۈپ خوشلاشقان قىياپىتى ھازىرمۇ ئىسىمدىن كەتمەيدۇ. . . مانا بۇ بىزنىڭ يىگىتلىرىمىز. . .

پاشىشاخان بۇلارنى ئېيتىۋاتقاندا چېدىر ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۆز يېشى قىلدى. پاششاخان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى:

- ئاڭلىسام يۇرتلاردىن مىڭلىغان قىز-يىگىتلەر پىدائى بولۇپ كىلىۋېتىپتۇ. . . سەن دەرھال قايتىپ خانغا مەلۇم قىلغىن. . . ئاۋۋال ئۇلارنى ياندۇرۇۋەتسۇن. . . ئىش ئۇلار ئويلىغاندەك ئەمەس. . . ئۆزىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ ئوتقا تاشلىمايلى. . . ئاندىن. . . خەزىنىدىكى پۇتۇن ئالتۇن- كۈمۈشلەرنى خەلققە تارقىتىۋەتسۇن. . . ئاخىرىدا يۇرت بايلىرىغا ئېيتقىن. . . بىساتىنىڭ قولى ئىلگەننى ئېلىپ يىراقلارغا كەتسۇن. . . قانچە يىراققا كەتسە شۇنچە ياخشى. . .

پاشىشاخان پۈتۈنلەي ئۈستىگە تىنىپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي شۈك بولۇپ قالدى. كارىۋات يېنىدىكى دوختۇر يىگىت دەرھال ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ دەقىقە ئىچىدە ئوڭ بىلىكىدىكى سېلىنىۋاتقان ئاسما سۇيۇقلۇقنىڭ شىلانكىسىغا بىرخىل دورا سۇيۇقلىقىنى كىرگۈزۈپ ماڭدۇرۇۋەتتى.

پاششاخاننىڭ يۇمۇلغان كۆزى يەنە ئاستا ئېچىلدى. ياۋۇزبەگنىڭ كۆزىدىن بولسا توختىماي ياش تاراملايتتى.

- ياۋۇزبەگ سەن بارمۇ. . . ؟-دېدى پاشىشاخان ناھايىتى تەسلىكتە بەكمۇ پەس ئاۋاز بىلەن.

- مەن بار دوستۇم. . . - دېدى ياۋۇزبەگ بېشىنى پاششاخاننىڭ بېشىنىڭ يېنىغا يېقىنلاشتۇرۇپ.

- خانغا يۇقىرىقى گەپنى ئېيتەلمىدىم. . . ھازىرغىچە جاۋاب

يوق. . . ئۇ ماڭا ئىشەنگەن تەقدىردىمۇ، ۋەزىرلەر ئىشەنمىدى بولغاي. . . ماۋۇ شەمشىرىم بىلەن ناگانىمنى ئېلىۋال. . . ئۇلارغا بۇنى كۆرسەتكىن. . . پايدىسى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. . . ئاتا-ئانامغا قاراپ قوي. . . مىنىڭمۇ كىتىدىغان چېغىم بولاي دېدى ياۋۇزبەگ. . . مەن شېھىتلىرىمنىڭ يېنىدا تۇرۇشۇم كېرەك. . . يىگىتلىرىمنىڭ روھى مىنى چاقىرىۋاتىدۇ. . . سەن هازىرلا ماڭغىن. . . بولمىسا كىچىكىپ قالىمىز. . . مەن بىلەن كارىڭ بولمىسۇن. . . مەن ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم. . .

- ياق ئۇنداق دېمىگىن پاششاخان . .!.

- سەندىن يەنە بىر ئىشنى ئۆتىنەي. . . ئۇنى ساڭا تاپشۇردۇم. . . ئۇنى ئېلىپ يىراققا كەت. . . چېچىگىم ئۇ. . .

- ئۇنى ئۆزۈمگە مەڭگۈلۈك سىڭىل قىلىۋالىمەن، پاششاخان. . .

- ياۋۇزبەگ. . . ماڭا قەسەم قىلغىن. . . ئاللاھنىڭ نامىدا قەسەم قىلغىن. . .

- ماقۇل مەن قەسەم قىلاي دوستۇم. . .

- ئۇنى. . . يالغۇز تاشلاپ قويمىغىن. . .

- ماقۇل. . . جېنىم دوستۇم. . .

- ئۇنى. . . ئۇنى ئەمرىڭگە ئالغىن. . .

- دوستۇم. . . بۇ. . .

- ياق، قەسەم قىلغىن. . . مەن بولالمىدىم ياۋۇزبەگ. . .

- ماقۇل پاششاخان. . .

- ماڭغىن ئەمىسە. . . دوستۇم.

- جېنىم دوستۇم. . . مەن. . .

- ياۋۇزبەگ. . . ۋەتەن ئۈچۈن ماڭغىن!

پاشىشاخان ئەڭ ئاخىرقى بۇ بىر جۈملە سۆزنى بار كۈچى بىلەن ئۈنلۈك تووۋلاشقا تىرىشتى، لېكىن ئۇنىڭ ئاۋازى ئۈنلۈك چىقالمىدى. ياۋۇزبەگ دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان چۈشىنەتتى، ئۇ دوستىنىڭ قولىنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم چىڭ تۇتتى. ئۇنىڭ پاشىشاخانغا دەيدىغان نۇرغۇن-نۇرغۇن سۆزلىرى بار ئىدى، ئەپسۇس ئۇ دوستىنىڭ ئۇزۇنغا بارالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ كۆڭلىدىكى گەپلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى پاشىشاخانغا ئېيتالمىدى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى ئاندىن پاشىشاخانغا ھەربىيچە چاس بىرىپ سالام قىلدى.

مانا مۇشۇ تۈركچە ھەربىيچە سالامدىن پاشىشاخان ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ سول قولىنى ھەرىكەتلەندۈرمەكچى بولغاندەك سول قولىغا كۈچەپ باقتى، سول قولى كارغا كەلمىدى، پاشىشاخان دوختۇرغا تەلمۈرۈپ قارىغان ئىدى. دوختۇر بىر نىمىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ ئۇنىڭ بىھوش چېغىدا قولىنى قالايمىقان ھەركەتلەندۈرۈپ قويۇشتىن ساقلاش ئۈچۈن كارۋاتقا تېڭىپ قويۇلغان ئوڭ بىلىكىنى يېشىۋەتتى.

پاشىشاخانىنىڭ چىرايىدا كۈلكە جىلۋە قىلدى، ئۇ ئوڭ قولىنى ناھايىتى تەسلىكتە ھەركەتلەندۈرۈپ ياۋۇزبەگكە ھەربىيچە سالام قايتۇردى. ياۋۇزبەگ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. چېدىردىكى ھەممەيلەن كۆزىدىكى ياشلارنى ئالقىنى بىلەن سۈرتىۋېتىپ ھەربىيچە سالام بىلەن باش سانغۇن پاشىشاخانغا بولغان ھۆرمىتىنى بىلدۈردى.

شۇنداق، ياۋۇزبەگنى ئۇلۇغ ئاللاھ راستىنلا پاشىشاخانغا ئۆۋەتكەن ئىدى. ئەگەر ياۋۇزبەگ ئالدىنقى سەپتىكى ئوت يالقۇنىنىڭ ئارىسىغا كىلىپ بۇ تۈركچە ھەربىي سالامنى بەرمىگەن بولسا پاشىشاخان مەڭگۈ

ئارماندا كەتكەن بولاتتى.

ياۋۇزبەگ ھېلىقى يىگىت بىلەن چېدىردىن چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم جان جىگەر دوستى پاششاخانغا ئۆرۈلۈپ قارىدى.

پاششاخان ھېلىھەم ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭغا سالام بېرىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ يېقىملىق ھەربىيچە سالىمىدىن ئۇنىڭ ياۋۇزبەگكە بولغان چەكسىز دوستلۇقى، ئىشەنچىسى ۋە ئاخىرقى ئۈمىدى چىقىپ تۇراتتى.

ياۋۇزبەگ چېدىردىن چىقىپ كەتتى.

ياۋۇزبەگ بىلەن يول باشلىغۇچى يىگىتنىڭ ئاياق تىۋىشى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن پاششاخاننىڭ كۆزى تەدرىجىي يۇمۇلۇشقا باشلاپ قولى پەسكە ئاستا چۈشۈپ كەتتى.

چېدىرنىڭ ئىچىدە يىغا - زار كۆتۈرۈلدى.

* * * * *

ياۋۇزبەگ يول باشلىغۇچىنىڭ ھەمرالىقىدا پاششاخاننىڭ ھەربىي قوماندانلىق ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ ئۇچقاندەك مېڭىپ كەتتى. چەتئەلدە ئىشلەنگەن بۇ دالا ماشىنىسى مەخسۇس جەڭ مەيدانلىرىغا ماسلاشتۇرۇلۇپ ئىشلەنگەن بولۇپ شۇ دەۋرلەردىكى ئەڭ ئىلغار ماشىنىلاردىن ھېسابلىناتتى. ئۇ مەيلى قۇملۇقتا ياكى پاتقاق سازلىقتا بولمىسۇن بەئەينى يىلپىزدەك يۈرۈپ كېتەتتى.

ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ئەتىسى ئېغىر ئەل ياتقۇدا شەھەرگە كىرىپ

كەلدى، شـــەھەرنىڭ ئىچى ناھايىتى جىمجىت بولۇپ ئادەملەر خۇددى ئۇخلاپ قالســـا ھەممىنى ئۇنتۇپ كىتىدىغاندەك چىراقلىرىنى ئۆچۈرۈپ بـالـدۇرلا يېتىۋېلىشـــقـان ئىدى. ماشـــىنا خان ئوردىســـىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ياۋۇزبەگ ماشـــىنىدىن ئالدىراپ چۈشـۈپ يول باشــلىغۇچى بىلەن تىز-تىز قەدەم ئېلىپ خان قەسرىگە كىرىپ كەتتى.

مۇشـۇ تاپنىڭ ئۆزىدە خان تۇرۇشـلۇق قەســر بەس مۇنازىرىدىن ئوتتەك قىززىــپ كەتكەن بولۇپ پۈتۈن ۋەزىر -ۋۇزرالارنىــڭ چىرايى ئۆگۈپ كەيپى بۇزۇلغان ئىدى. خان تەخت ئۈســتىدە بېشــى چۈشــكەن ھالدا بىرنىمىنى ئېغىر خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى. چوڭ ئىشــك ئېچىلىپ يـاۋۇزبەگ بىلەن يول بـاشـــلىغۇچى كىرىـپ كەلـدى. ئۇلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى خۇددى قاينىغان قازانغا سـۇغۇق سـۇ قۇيغاندەك توختاپ گويا بىرســى خوشـخەۋەر ئەكىلىدىغاندەك بېشــىنى كۆتۈرۈشـۈپ ياۋۇزبەگكە تەلمۈرۈپ قـاراشـــتى. خـان ئۆزىنىـڭ يۈرىگى ھەم قانىتى بولغان باش سـانغۇن پاشىشاخانىنى كۆرگەندەك ھەيران ھەس قالدى، خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ياۋۇزبەگكە قۇچاق ئاچتى.

ئۇلار قۇچاقلىشــىپ كۆرۈشـــتى، خان ئۆزىنى تۇتالماي كۆز يېشـــى قىلـدى. چۈنكى خـان پـاشـــشـــاخانىنىڭ ئالدىنقى ســـەپتە شـــېھىت بولغانلىقىنى ياۋۇزبەگلەر يىتىپ كەلمەستە خەۋەر تېپىپ بولغان ئىدى. ئەمـا خـان باش ســـانغۇنىنىڭ ئۆلۈمى ســـەۋەبىدىن ئوردىدىكىلەرنىڭ قـالايمىقـان ئىش چىقىرىــپ قويمـاســـلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ بۇ خەۋەرنى تېخى ئاشكارىلىمىغان ئىدى.

- ئالدىنقى سـەپنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىۋاتىدۇ؟ - دەپ سورىدى خان تەقەززالىق بىلەن ياۋۇزبەگنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغاچ.

- خـان ئـالىيلىرى! پاشـــشـــاخانىنىڭ يىگىتلىرى ئۆزىدىن نەچچە

ھەسسە كۈچلۈك دۈشمەنلەر بىلەن باتۇرلارچە ئېلىشىۋاتىدۇ. گەرچە دۈشمەنلەر ئېپلاس قەدىمىي زېمىنىمىزغا ئالالمىغان بولسىمۇ لېكىن ئەھۋالىمىز ياخشى ئەمەس. . . پاشاخانىنىڭ دېيىشىچە دۈشمەنلەر تېخى رەسمىي ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سالماپتۇ. يىگىتلىرىمىزنىڭ قاتتىق مەرگەنلىكى ۋە ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان باتۇرلۇقى ھازىرچە ئۇلارنى ئالدىغا سىلجىتماپتۇ. ئەمما بىزدىن بولغان خۇن چىقىمى ھەددى ھېساپسىز ئىكەن. باتۇرلىرىمىز پەقەت ئۆزىنىڭ قېنى ۋە تېنى بىلەنلا تاغدەك ئىستىھكام ياساپتۇ. . .

- رۇسلارنىڭ مەقسىتى بىزنى بېسىۋېلىش ئىدى. ئۇلار ئاخىرى ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. پاشاخان، ئۇ نىمىلەرنى تاپىلىدى؟- دېدى خان مەخسەتلىك ھالدا باشقىلارغا بۇنى ئېنىق ئاڭلىتىش ئۈچۈن.

- پاشاخان. . . ئۇ ئالدى بىلەن يۇرت-يۇرتلاردىن پىدائى بولىۋاتقان قىز-ئوغۇللىرىمىزنى دەرھال ياندۇرۇپ خانلىق خەزىنىدىكى بارلىق ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى خەلققە تارقىتىۋېتىشنى، يۇرت بەگ - ئەمەلدارلىرى بىساتىنىڭ قولى ئىلگەننى ئېلىپ يىراقلارغا چىقىپ كىتىشنى تاپىلىدى. . .

ۋەزىر-ۋۇزىرالار بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك غوڭۇلدىغىنىچە غۇلغۇلا قىلىشىپ كىتىشتى:

- نېمە گەپ بۇ ئەمدى، خەلقنى ئۇرۇشقا سەپەرۋەر قىلىش يوق تېخى ئەكسىچە بۇ ئىشنى قىلامدۇق؟!

- خانلىق تەختىنى ئۇ تاجاۋۇزچىلارغا قوش قوللاپ سۇنساق بولىدىكەندە؟!

- خانلىقنى خانلىق قىلغان خەزىنىمىزدىكى بايلىققۇ! قاراپ تۇرۇپ ئۇنى بۇزۇپ-چاچساق ئۇنىڭ گۇناھىدىن قاچان چىقىمىز؟!

- ئۇ ئىش بىزگە خاس ئەمەس، ئاخىرغىچە ئېلىشىمىز. . .
- توغرا ئېلىشقىنىمىز ئېلىشقان. . .
- ئاخىرقى تىنىقىمىزغىچە كۈرەش قىلىمىز!
غۇلغۇلا ئىسيانغا ئايلىناي دەپ قېلىۋاتاتتى.

خان قاتتىق غەزەپ بىلەن «خەپ شۇك » دەپ ۋارقىردى. سورۇن ئەھلى خانىنىڭ بۇنداق غەزەپلەنگىنىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، خانمۇ مۇشۇ تاپتا ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى ياۋاش سىپايىلىقىنى تاشلاپ ھەقىقى غەزەپ قىلىچىنى كۆتۈرگەندەك قىلاتتى. چۈنكى باش سانغۇن پاششاخانىنىڭ ئۆلۈمى خانغا قاتتىق تەسىر قىلغان بولۇپ ئۇنى ئېغىر ئۇيقۇدىن سىلكىپ باشقىچە بىر ئادەمگە ئايلاندۇرغان ئىدى. كۆپچىلىك خانىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ سەلدەك ئاققۇزغان غۇلغۇلىسىنى دەرھال توختاتتى.

- پاششاخان توغرا ئېيتىپتۇ!-دېدى خان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، - بىز ئۆزۋاقتىدا ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالمىدۇق، ئۇنىڭ سۆزى ئالدىمىزغا كەلدى، بۇلىدىغان ئىش بولدى. يەنە ھازىر ئۇنىڭ پىكىرىگە ھۆرمەت قىلمايۋاتىمىز. قېنى قايسىڭلار بالىلىرىڭلارنى ئالدىنقى سەپكە يولغا سالالىدىڭلار؟ قايسىڭلار جەڭگە بېرىپ قان كېچىپ باقتىڭلار؟ ئەي قېرىنداشلىرىم، بىزگە ئەسقاتقىنى يەنىلا خەلق ! خوش، ئويلاپ بېقىڭلار، قوشنىمىز بولغان دۆلەت ھەربىي كۈچتە بىزدىن قانچىلىك كۈچلۈكتى؟ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى ؟ يامىنى كەلسە مىنىڭغۇ كاللام ئېلىنار، لېكىن ئىش بۇنىڭلىق بىلەن ئاخىرلىشامدۇ؟! ئەمەلىيەتتە دۈشمەنلەرنىڭ مەقستى نېمە؟ ئۇلارنىڭ مەقستى بىزنىڭ بايلىقىمىزنى بۇلان تاراج قىلىش، بايلىقلىرىمىزنى ئۆزىنىڭ زىمىنىغا باشلاش، ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن بىزنىڭ بىگۇناھ كىشىلىرىمىزنى، بەگ-

تۆرىلىرىمىزنى قىرغىن قىلىدۇ، ئاندىن تەدرىجىي قىز-ئاياللىرىمىزنى دەپسەندە قىلىدۇ. بىز ئەمدى بەكلا كېچىكتۇق. . . خېلىلا كېچىكتۇق. . . ئەمدىكى مەجبۇرىيىتىمىز نېمە؟ بىز ئەمدى نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ ئەمدىكى مەجبۇرىيىتىمىز قانداقلا بولمىسۇن خەلقنى قوغداپ قېلىش، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش . .!.

خان بۇ سۆزلەرنى ئېيتىۋاتقاندا ئوردا ئەھلى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئىلگىرى ئۆزلىرىنىڭ باش سانغۇنغا قىلغان مۇئامىلىسىنى قايتا ئويلىنىشقا باشلىدى. دۆلەت مۇداپىئە ئىشلىرىغا بولغان پەرۋاسىزلىقىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىشتى.

- شۇنداق مەن باشتىن ئاخىرى سىلەرگە ھۆرمەت قىلدىم، -خان غەزەپ بىلەن سۆزىنى داۋام قىلىۋاتاتتى، - خانلىقنىڭ ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بارچە ئىشلارنى سىلەرگە مەسلىھەت سالدىم. پىكرىڭلارنى ئاڭلىدىم، ئاخىرى نېمە بولدى؟. . . ئوت يالقۇنجاپ ئۆگزىمىزگە تۇتاشتى. . . قاراڭلار ياۋۇزبەگ بىزگە نېمە ئەكەپتۇ. . . مانا قاراڭلار، باش سانغۇنىمىز پاششاخاننىڭ شەمشىرى ۋە ناگانى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. . . بۇ نىمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟! شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆز نامىم بىلەن يارلىق چۈشۈرىمەن، ۋەتەن قوغداش ئۇرۇشىغا ئاتلانغان بارلىق قىز-ئوغۇل پىدائىيلىرىمىز ئالدىنقى سەپكە بېرىشتىن دەرھال توختىسۇن! تاڭ ئاتقۇچە خەزىنىدىكى بارلىق ئالتۇن - كۈمۈشلەر خەلقنىڭ ئۆزىگە تارقىتىۋېتىلسۇن ! تەخسىمات جەريانىدا ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىتلىرىغا بىرىلىدىغان نەپىقە خەزىنىدىكى بايلىقنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىدىن ئاز بولمىسۇن! مالىيە ۋەزىرى، سىز بۇ ئىشقا ئۆزىڭىز قول تىققايسىز، تاڭ ئاتقۇچە پۈتۈن خەلق بۇنىڭدىن خەۋەر تاپسۇن ! تاشقى ئىشلار ۋەزىرى سىز قوشنا ئەلدىكىلەر بىلەن دەرھال ئالاقىلىشىڭ بەزى ئادەملىرىمىزنى ئۇلار تەرەپكە

ئۆتكۈزىۋېتەيلى! ، كىشى بېشىغا ھەق ئالىمىز دېسمۇ مەيلى. ئامال بار ھەربىيلەر تاۋابىئاتلىرىنى باشتا چىقىرىۋېتەيلى. ئاندىن قالسا يۇرت بايلىرىنى چىقىرىۋېتەيلى، ئېسىڭلاردا بولسۇن دۈشمەن شۇ دەرىجىدە قەبىھكى بىر تال تىللا ئۈچۈن يۈز ئادەمنىڭ بېشىنى كېسىشتىن يانمايدۇ. ھۆرمەتلىك ئەزىزلىرىم ھازىردىن باشلاپ ھەرقايسىڭلار ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىڭلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭلارنى سورايمەن. ناۋادا ئارىمىزدىن خان يارلىقىغا بويسۇنماي ئىشنى كەينىگە سۆرىگۈچىلەر چىقىپ قالسا خانلىقنىڭ قانۇنى بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنىدۇ! بۇ ئىشلار ئۇڭۇشلۇق ئورۇندالغاندىن كېيىن چېگرىدىن چىقىپ كىتىشنى خالايدىغانلار بولسا بىز ئۇلارنى دېگەن يىرىگە يەتكۈزۈپ قويىمىز. ئاڭغىچىلىك كىمدىن كىم بۇ خىزمەتكە پۇتلىكاشاڭ بولىدىكەن، باش سانغۇن پاششاخاننىڭ ئىز باسارى ياۋۇزبەگ ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا تامامەن ھوقۇقلۇق !

خان بۇلارنى دىگەندىن كېيىن بۇرۇلۇپ ياۋۇزبەگكە قارىدى. ياۋۇزبەگ چېچەن يىگىت بولغاچقا خاننىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ دەرھال خاننىڭ ئالدىدا تىزلاندى. خان قائىدە بويىچە سول قولى بىلەن قۇرئاننى مەيدىسىگە تېڭىپ تۇرۇپ ئوڭ قولى بىلەن شەمشىرىنى سۇغاردى-دە ياۋۇزبەگنىڭ ئوڭ دولىسىغا قويۇپ تۇرۇپ ئۈنلۈك جاكارلىدى:

-خان بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن شۇنى جاكارلايمەنكى، جالال ئوغلى ياۋۇزبەگ، سىز ھازىردىن باشلاپ خانلىقنىڭ ھەربىي ئىشلار باش ۋەزىرى بولغايسىز، خانلىققا ئاداققىچە سادىق بولۇپ ئاللاھ ۋە خەلقنىڭ ئالدىدىكى بۇرچىڭىزنى ئادا قىلغايسىز!

خان سۆزىنى تۈگىتىپ قولىدىكى قۇرئاننى ئالدىدا تىزلىنىپ

تۇرغان ياۋۇزبەگكە سۇندى. ياۋۇزبەگ قۇرئاننى ئېلىپ مەيدىسىگە تېڭىپ تۇردى. خان يەنە پاشىشاخاننىڭ شەمشىرىنى ياۋۇزبەگكە سۇندى، ياۋۇزبەگ ئوڭ قولىدا شەمشەرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ قەسەم سۆزى قىلدى:

- مەنكى جالال ئوغلى ياۋۇزبەگ، شۇنداق قەسەم قىلىمەنكى خانلىققا ئاداققىچە سادىق بولۇپ ئاللاھ ئالدىدىكى بۇرچۇمنى ئادا قىلىشقا بار كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن !

ياۋۇزبەگنىڭ ۋەزىپىگە ئولتۇرۇش قەسەم سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن خاننىڭ يېنىدىكى خاس خىزمەتچى تىزلىنىپ خانغا ھۆرمەت بىلدۈردى، ئارقىدىن ئوردا ئىچىدىكى بارلىق ۋەزىر-ۋۇزىرالار زادى نېمە ئىش بولىۋاتقانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراشقىنىچە كەينى-كەينىدىن تىزلىنىپ خاننىڭ قارارىغا ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى.

خان ياۋۇزبەگنىڭ تۇرىشىغا ئىجازەت قىلدى. ياۋۇزبەگ ئورنىدىن تۇردى ئارقىدىن باشقا ۋەزىر-ۋۇزىرالرمۇ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ قائىدە بويىچە « باش سانغۇن ياۋۇزبەگكە مۇبارەك بولغاي! باش سانغۇن ياۋۇزبەگكە مۇبارەك بولغاي!» دەپ ئۈنلۈك توۋلىشىپ ئۇنى تەبرىكلەشتى.

خان ھەممەيلەنگە قاراپ ئۈنلۈك بۇيرۇق قىلدى:

- قېنى ئەزىزلىرىم ئاتلىنىڭلار!

ۋەزىر-ۋۇزىرالار دەرھال تارقىلىشىپ ھەممىسى ئۆز ئىشىغا مېڭىشىپ كەتتى، كىڭەش زالىدا پەقەت خان، ياۋۇزبەگ شۇنداقلا خاننىڭ خاس خىزمەتچىسى ئۈچەيلەنلا قالغان ئىدى. خان خىزمەتچىگە قاراپ قويغان ئىدى ئۇمۇ دەرھال چىقىپ كەتتى. خان تەختتە چېكىسىنى ئىككى قوللاپ تۇتقىنىچە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ

كەتتى. ئاندىن قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى.

-ياۋۇزبەگ، يەنە قانچىلىك بەرداشلىق بېرەلەيمىز؟ -دېدى خان يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەستىن.

- ئۇزۇنغا قالمىدى خان ئالىيلىرى، ئەتىكى ئاخشامنى ئۆتكۈزەلىسەك چوڭ ئىش بولاتتى. . .

- پەرق شۇنچە زورمىكەن؟

- بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىنمۇ زور ئالىيلىرى!

- خاندانلىقنىڭ بۈگۈنكى ھالىغا مەن سەۋەپچى ياۋۇزبەگ. . .

- ياق ئالىيلىرى، سىلى تىرىشىپ باقتىلا ئەمما زامان سىلىگە باقمىدى. . .

- شۇنداق، مەن قانچە قىلىپ باقتىم، ئەسلىدە بەزى ئىشلارنى شەمشەر ئارقىلىق ھەل قىلسام بوپتىكەن. . . بۇنى بەك كىچىكىپ ھېس قىپتىمەن.

- توغرا ئېيتتىلا، ھەددىدىن تاشقىرى سەممىيلىك ئادەمنى بەزىدە پۇشايمانغا قالدۇرىدىكەن. . .

- بىز كىرەكسىز تاشقا گۆھەر پورۇشىنىڭ كۆزىدە قاراپتىمىز، گۆھەرنى تاشقا ئۇرساق گۆھەرنىڭ چېقىلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپتىمىز ياۋۇزبەگ. . .

- گۆھەر دېگەن گۆھەر ئالىيلىرى شۇڭا ئۇ ئەتىۋارلىنىپ تاجلارنىڭ يۈزىدىن ئورۇن ئالىدۇ، تاش بولسا ئۇ ھامان تاش ئۇنىڭ ئورنى ئەۋرەز يوللىدا، ھەممىنى ۋاقىت ھەل قىلىدۇ ئالىيلىرى.

- ئەمدى نېمە قىلاي دەيسەن ياۋۇزبەگ؟

- دوستۇم پاشاخانغا قەسەم قىلغان ئىشلىرىمنىڭ بىر قىسمىنى

ئورۇندىدىم ئەمدى. . .

ياۋۇزبەگ گېپىنىڭ ئايىغىنى يۇتۇۋەتتى. خان پاشاخانىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى، بېشىنى كۆتۈرۈپ زالنىڭ تۇرۇسىغا ئۇزۇن قارىدى، ياش تامچىلىرى ئۇنىڭ قورۇق باسقان كۆز جىيەكىدىن ئېقىپ قۇلاق يۇمشىقىنى نەمدىۋەتكەن ئىدى.

- ئوغلۇم پاشاخان ئۇ ماڭىمۇ خوش دېيەلمەي كېتىپ قاپتۇ. . . مەن ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەيمەن. . .

خان خۇددى كىچىك بالىدەك ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، ياۋۇزبەگ پاشاخانىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ بېشىدىن سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكتى، بۇ گەپ ئۇنىڭغا گويا ئاسماندا چاقماق چېقىلغاندەك ئاڭلاندى، ئۇنىڭ پۈت-قولى سىقراپ تېنىدە كۈچ قالماي «ئاھ قېرىندىشىم. . !» دىگىنىچە ئولتۇرۇپ پاشاخانىنىڭ شەمشىرىنى يۈزىگە ياقتى. خان ئورنىدىن تۇرۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ كۆز يېشى قىلىۋاتقان ياۋۇزبەگنىڭ قېشىغا باردى، ئاندىن ئۇنىڭ بېشىنى ئاتىلارچە سىلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا سۆز قىلدى:

- ئوغلۇم، كۆز يېشى بىلەن هەممىنى ئەسلىگە ئەكەلگىلى بولمايدىكەن، ئەمدى ئورنۇڭدىن تۇرغىن، نەچچە كۈندىن بىرى قانچىلىك جاپا تارتقىنىڭ ماڭا ئايان، شۇنداق بولسىمۇ يەنە بەرداشلىق بەرگىن، بېرىپ خىزمەتلەرنى نازارەت قىلغىن، پاشاخانغا هېچنىمە قىلىپ بىرەلمىدۇق، ئۇنىڭ ئارزۇسىنى بولسىمۇ ئورۇندايلى، تۇرغىن ئوغلۇم بۇ ئىشلار توگىگەندە ساڭا دەيدىغان گېپىم بار، ئىشنى بالدۇر تۈگەتكىن، كىمكى بۇ ئىشقا پۇتلىكاشاڭ بولىدىكەن، ئۇنى ئاياپ ئولتۇرما! ئىشلار تۈگىگىچە سىنى مۇشۇ يەردە كۈتىمەن!

ياۋۇزبەگ قايغۇنى جاسارەتكە ئايلاندۇرۇپ ئورنىدىن دەس تۇردى،

خان بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، ئۇ بارچە غەزىپىنى پۇتىغا يىغىپ ئەركەكلەرچە مەزمۇت قەدەم بىلەن زالدىن چىقىپ كەتتى.

خان ياۋۇزبەگ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئورنىغا چىقىپ ناھايىتى ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتتى، تەختنىڭ ئالتۇن بىلەن بىزەلگەن ئويما نەقىشلىرىنى خۇددى تۇنجى كۆرگەندەك بىرمۇ بىر سىلاپ چىقتى، ھەشەمەتلىك خان ئوردا زالىنىڭ قۇچاق قۇچاق كېلىدىغان زور تۈۋرۈكلىرىگە، ئاسمان پەلەك گۈمبەز، تورۇسلاردىكى سىپتا نەقىشلەرگە تەپسىلى بىلەن قاراپ چىقتى ئاندىن قاتتىق ئۇھ تارتىپ كەينىگە يۆلىنىپ كۆزىنى يۇمۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى. خاس خىزمەتچى ئۇنىڭ قېشىغا كىلىپ قارىۋىدى، خان كۆزىنى ئاستا ئېچىپ بۆگۈن ئاخشام مۇشۇ يەردە ئۆزىنىڭ يالغۇز تۇرغۇسى بارلىقىنى ئېيتىپ ئۇنى ئارام ئېلىشقا بۇيرىدى.

ئەتىسى قۇياش نەيزە بويى ئۆرلىگەندە مەلىكە كۈن چېچەك خان ئاتىسىنى ئىزدەپ ئوردا زالىغا كىرىپ كەلدى، خان كېچىچە ئۇخلىمىغانلىقتىن ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن ئىدى، مەلىكە ھېچقاچان ئاتىسىنىڭ بۇنداق ھارغىن ھالىتىنى كۆرۈپ باقمىغاچقا ئاتىسىنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بولدى.

- خان ئاتا، ئازراق نەرسە يەۋالسلا. . . - دېدى مەلىكە ئاتىسىنىڭ قۇلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

- كۆڭلۈم ھېچنەرسىنى تارتمايدۇ قىزىم-دېدى خان قىزىغا قانماسلىق بىلەن قاراپ.

مەلىكە ئاتىسىغا باشقا گەپ قىلىشنى خۇپ كۆرمىدى، چۈنكى بۇنداق چاغدا ھەرقانچە تەسەللى بىرىدىغان سۆزلەرمۇ خانغا تەسىر

قىلمايتتى. مەلىكە ئۇن-تىنسىز ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يېنىدا ئۇرە تۇردى. خان قىزىغا قايتىدىن سەپ سالدى، ئۇنىڭ كىچىكلىكىدىكى ئوماق بالىلىق چاغلىرىنى كۆز ئالدىغا ئەكەلدۈردى. . .

مەلىكە پاششاخاننىڭ جەڭدە شېھىت بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن سىرداش دوستىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىدىن ئىنتايىن ئازاپلانغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە خانلىقنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ ۋەتىنىنىڭ مۇنقەرىز بولۇشى ئېھتىماللىقنى ئۇنىڭغا بەكمۇ ئېنىق ئىدى. مۇشۇ تاپتا ئاتىسى رۇخسەت قىلسا ئۇ ئالدى-كەينىگە قارىماي ئالدىنقى سەپكە كىتەتتى.

خان مەلىكىنىڭ قارىلىق كىيىمگە قاراپ ئۇنىڭغا بەكلا ئىچى سىيرىلدى، ئۇ پاششاخاننى قىزىنىڭ بۇ دۇنيادىكى بىردىن بىر جۇپتى دەپ بىلەتتى، ئەمدى قىزىنىڭ تىكەندەك يالغۇز قېلىشىنى ئويلاپ كۆزىگە ياش ئالدى، ئۇ قىزىنىڭ مىسكىن چىرايىغا قاراپ چىدىمىدى.

- قىزىم، ھەممە ئىشلار ئاتاڭنىڭ بولۇمسىزلىقىدىن بولدى. . . - دېدى خان ناھايىتى تەسلىكتە.

- ياق خان ئاتا، ھەرگىز ئۇنداق دىمىسىلە. . . -دېدى مەلىكە ئاتىسىنىڭ كۈزىدىكى تاراملاپ ئاققان ياشىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ.

- ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار، سىنىڭ قارىلىق كۆز يېشىڭ قۇرۇماستا بۇ گەپنى دىمىسەم بولاتتى قىزىم، لېكىن ۋاقىت بارغانسېرى قىستىۋاتىدۇ. . .

- ئېيتىسلا ئاتا. . .

- ئاتا-بوۋام ئەسىرلەپ ياشىغان بۇ خانلىق ئوردا ئەلىھال بۇ كۈنگە كەلگەندە مىنىڭ قولۇمدا خازان بولدى، ئۇلۇغ ئاللاھ ئىگەم پەقەت سەن

بىرلا كۆز نۇرۇمنى ماڭا بىرىپتىكەن، ئەجدادلىرىمنىڭ ئالدىدا مەڭگۈ ئاسىي بولۇپ كەتمەسلىكىم ئۈچۈن سەن بولساڭمۇ ھايات ياشاپ ئۇرۇق ئەۋلادىمىزنى ئۈزۈپ قويماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلاتتىم قىزىم. . .

- قەدىرلىك خان ئاتا. . . باغرىڭىزدا ئۆسۈپ چوڭ بولدۇم، يۈرىكىمدە ئۆركەشلىگىنى سىزنىڭ قېنىڭىز، گەرچە قىز بولۇپ تۆرەلگەن بولسامۇ كىچىگىمدىن شەمشەر ئويناپ چوڭ بولغانمەن، ياتلارنى قاراپ تۇرۇپ زىمىنىمغا دەسسەتكەندىن كۆرە شەمشىرىمنى بوينۇمغا سالغىنىم ئەۋزەل، خالىسىلا مىنىڭ نامىزىمنى ئۆتىۋەتسىلە، ياۋنىڭ كاللىسىنى ئالمىغىچە شەمشىرىم غىلاۋىمغا كىرمەس ئاتا. . .

- جېنىم يۈرەك پارەم قىزىم. . . مەن سەندىن مىڭ مەرتىۋە رازى. . . ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن سەندىن ئۆتىنەي، مىنى خاتىرجەم كەتكىلى قويغىن، ئاتا-بوۋامغا ھېلىمۇ قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن. . . سىنى ئۇزۇتۇپ قۇياي يىراقلارغا كەتكىن. . .

خان ئامراق قىزىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ يامغۇر كەبى ياش تۆكتى. مەلىكە ئاتىسىنىڭ ئۆمرىدە كۆزىدىن ياش چىقارمايدىغان جەسۇر تەمكىن خانغا لايىق دادا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇ ئاتىسىنىڭ بۇنچە مىسكىن بۇنچە غېرىب بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ زادى چىدىيالمىدى، ئاتىسىنىڭ مۆرىسىدە بېشىنى قويۇپ تۇرۇپ كوزىدىن ئۈنچىدەك ياش تۆكتى ئاندىن ئۆزىنىڭ بەكلا ئازاپلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئاتىسىغا بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئاتىسىنىڭ يېنىدىن يېشىنى سۈرتكىنىچە يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى شەھەر ئىچى ئالا-تۇپىلاڭ بولۇپ كىشىلەر ئۇرۇش ۋەھىمىسىدىن ئالاقزادە بولۇپ كىتىشتى، قاچىدىغانلار قاچتى، قالىدىغانلار قالدى، ئۇرۇسلار پۈتۈن ھەربىي كۈچىنى ئىشقا سېلىپ قارا

بوراندەك تاپ باستۇرۇپ كىلىۋاتقان ئىدى.

خان ھېلىمۇ تەخت ئۈستىدە كىرپىك قاقماي ئاتىسىدىن قالغان يالتىراق شەمشەرنى تۇتۇپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇراتتى، شامغا يېقىن باش سانغۇن ياۋۇزبەگ قاتارلىق بىرمۇنچە ۋەزىرلەر ئوردىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى ئاندىن خانغا سالام قىلىپ خىزمەتلەرنى دوكلات قىلىشقا باشلىدى. باشتا ياۋۇزبەگ ئېغىز ئاچتى چۈنكى خانلىق تۈزۈمىدە ھەربىي ۋەزىر ۋە باش سانغۇنلۇقنى بىرلا ئادەم ئۆتەيتتى، شۇڭا ياۋۇزبەگ بارچە ۋەزىرلەردىن ئۈستۈن تۇراتتى.

- خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغاي، خىزمەتلەر ئاساسەن ئۇگۇشلۇق ئورۇندالدى، بۇ قېتىمقى تەخسىمات تىزىملىكى، دۆلەتنىڭ ھەربىي، مالىيە- ئىقتىساد، سانائەت، يېزا ئىگىلىك، تەبىئى بايلىق قاتارلىق مۇھىم ساھەلەرنىڭ شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك باشقا ساھەلەرنىڭ بارلىق ماتىرىياللىرى بىردەك كۆيدۈرۈپ تاشلاندى، كۆيدۈرۈشكە مەن ۋە باش ۋەزىر ئۆزىمىز قاتناشتۇق.

- خان ئالىيلىرى!، ـ سۆز باشلىدى تاشقى ئىشلار ۋەزىرى خانغا ھۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ، - قوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئالاقىلاشتۇق، ئۇلار بىزدىن بارغانلارغا ئىشىگىنى ئاچىدىغان بولدى، لېكىن ئۇلارمۇ قورقۇپ قاپتۇ، ناھايىتى ئاز ساندىكى يۇرت بايلىرى، ساناغلىق ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىلا چىكىتىشىنى خالايدىكەن، ئۇلارنى يولغا سېلىۋەتتۇق، كۆپىنچە يۇرت بايلىرى قەسىر ھەم مال-ۋارانلىرىغا پايلىماي چىكىتىشىنى خالىمىدى، ئۇلار بىزنىڭ سۆزىمىزگە قارىغاندا يىغقان ئالتۇن-كۆمۈشكە بەكراق ئىشەندى بولغاي ئالىيلىرى. . .

- ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكى، ـ دەپ سۆز باشلىدى شەھەر قوغداش قۇماندانى ـ ئەسكەرلىرىمىز تولۇق قوراللىنىپ شەھەر

ئەتراپىغا ئورۇنلىشىپ بولدى، يىگىتلىرىمىزنىڭ ئىرادىسى بەك مۇستەھكەم، ئۇلار دۈشمەن كاللىسىدىن دو تىكىشىۋاتىدۇ. . .

خاننىڭ كۆڭلى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىرئاز ئارامغا چۈشكەندەك بولدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ۋەزىرلىرىگە سۆز قىلدى:

- ئاللاھ سىلەرنى مەڭگۈ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، ھەرقايسىڭلار كۆپ ئەرزىيەت چەكتىڭلار، ھەرقايسىڭلارغا ئاتاپ خەزىنىدە ئازراق بىر نەرسە قالدۇردۇم، ئالدىغىنىڭلارنى ئېلىپ دەرھال ئوردىدىن ئايرىلغايسىلەر، قانچە يىراققا كەتسەڭلار شۇنچە ياخشى، شەھەر قوغداش قوماندانى سىز يىگىتلىرىڭىزنى دەرھال تارقىتىۋېتىڭ، ئوردىنىڭ پۈتۈن ئىشىگى تولۇق ئېچىۋېتىلسۇن. . .

ۋەزىرلەر خاننىڭ بۇ سۆزىدىن ھەيران قالدى ھەم قاتتىق تەسىرلەندى، ئۇلار كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشىپ خانغا بولغان ساداقىتىنى بىلدۈرۈشتى. باش ۋەزىر ئەتراپىدىكى ۋەزىرلەرگە تازا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن سۆز باشلىدى:

- خان ئالىيلىرى، بايا بىز ھوزۇرلىرىغا كىرگۈچە ئالدىنئالا دېيىشىپ بولغان، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ قۇلى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن خاندانلىقفا بىر ئۆمۈر سادىق بولۇپ كەلدۇق، خاننىڭ ئاش-تۇزىنى يەپ ۋەتەننىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولدۇق، ئەمدى خانلىقنىڭ بېشىغا كۈن كەلگەندە پېشىمىزنى قېقىپ كىتىش بىز ئەرلەرگە قىلىنىدىغان زور ھاقارەت، بېشىمىزنىڭ چېپىلىشىغا رازىكى تېنىمىزنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلىپ ئۆزگە يۇرتلاردا يۈرىشىگە ئەسلا رازى ئەمەسمىز. . . ئاتىمىزنىڭ ئوغلى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭ قېنىمىزنى ۋەتەن تۇپرىقىغا ئاققۇزۇشتىن ئۆزگە خۇشاللىقىمىز يوق ئالىيلىرى بىزنى كەچۈرگەيلا!.

خان ۋەزىرلىرىنىڭ بۇنداق خۇلاسە چىقىرىشىنى ئويلاپ باقمىغان ئىدى، ئۇ ۋەزىرلىرىگە قايتىدىن قاراشقا باشلىدى «شۈكرى ئي ئاللاھ! مىنى شۇنچە ئەزىزلىغىنىڭغا مىڭ شۈكرى، ماڭا بىرىپسەن، ھەزرىتى ئېلىيدەك باتۇر ۋەزىرلىرىم بارلىغىنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن. . . » خان بۇلاردىن قاتتىق تەسىرلەندى شۇنداقتىمۇ ئۇ سۆزىنى كەسكىن داۋاملاشتۇردى:

- ئېيىتقىنىڭلار بەرھەق ۋەزىرلىرىم، لېكىن مەن سىلەرنىڭ شاھىڭلار، مىنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار، مىنىڭ سىلەرگە ئېيتقانلىرىم پۈتۈنلەي يارلىق! مەندىن رازى بولغايسىلەر، مەنمۇ سىلەردىن مىڭ مەرتىۋە رازى، كۆزۈمنى ئۇچۇق كەتمىسۇن دېسەڭلەر دەرھال دېگەنلىرىمنى بىجا كەلتۈرۈڭلار، يارلىق تامام!

خان سۆزىنى تۈگىتىش بىلەن ئوردا ئىچىنى يىغا زار قاپلىدى، چۈنكى خانلىقنىڭ يارلىقىغا بويسۇنماقتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە خان يارلىقىغا بويسۇنماسلىق ئاللاھ ئالدىدىكى ئاسىيلىقتىن دېرەك بىرەتتى، ۋەزىرلەر خانىنىڭ ئالدىغا نۆۋەت بىلەن كىلىپ قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ئاندىن ئېغىر قەدەملەر بىلەن خانغا قىيالمىغان ھالدا ئوردا زالىدىن چىقىپ كىتىشتى.

زالدا خان بىلەن ياۋۇزبەگ ئىككىيلەنلا قالدى. بىردەملىك سۈكۈتتىن كېيىن خان ياۋۇزبەگنى ئالدىغا چاقىردى.

- ياۋۇزبەگ، ساڭا دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى، رەت قىلماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن.

- دەۋەرسىلە ئالىيلىرى. . .

- قىزىم كۈن چېچەك تۇغۇلغاندا ئانىسى ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەي بۇ دۇنيا بىلەن ۋىدالاشقان، ئۇنى ھازىرقى ئىنىك ئانىسى بېقىپ چوڭ

قىلدى، مەن دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ ئۇنىڭغا ئاتىلىق مېھرىمنى تازا جايىدا بىرەلمىدىم، ئەمدىلىكتە پاششاخانىمۇ ئۇنى تاشلاپ قويۇپ كەتتى، بىچارە قىزىمنىڭ يالغۇز تىكەندەك قىلىشىنى زادى خالىمايمەن، ئۇ خانلىقنىڭ بىردىن بىر مىراسخورى، ئۇنى ساقلاپ قېلىش خانلىقنى ساقلاپ قېلىش بىلەن باراۋەر، شۇڭلاشقا ئۇنى ئاۋۋال ئۇلۇغ ئاللاھقا ئۇندىن قالسا ساڭا تاپشۇرماقچىمەن. . .

ياۋۇزبەگ ئالدىنقى نۆۋەت خان بىلەن كۆرۈشكەندە پاششاخانغا بەرگەن قەسەمدىكى بۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىغان ئىدى، شۇڭلاشقا ئۇ باشقا ئارتۇق گەپ قىلمىدى ئۇنىڭ ئۈستىگە دۈشمەنلەر شەھەرگە بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتاتتى.

خان خاس خىزمەتچىسىنى چاقىرىپ مەلىكە ۋە ئۇنىڭ ئىنىك ئانىسىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرىدى، ھايال ئۆتمەي مەلىكە كۈن چېچەك بىلەن ئىنىك ئانا زالغا كىرىپ كەلدى. مەلىكە خانلىقنىڭ قايغۇسىنى ئۆز قايغۇسى دەپ بىلگەچكە خاننىڭ ئالدىدا بېشىنى يەردىن ئۈستۈن كۆتۈرمەستىن ئازاپلانغان پېتى تۇراتتى شۇنداقلا خاننىڭ يېنىدا ياۋۇزبەگنىڭ بارلىقىنىمۇ بىلمەيتتى.

خان ئورنىدىن تۇرۇپ شەمشىرىنى قولىغا ئېلىپ «ئەڭ ئاخىرقى يارلىق!» دەپ ئۈنلۈك جاكارلىدى، خاس خىزمەتچى دەرھال قۇرئاننى خاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى:

- خانلىقنىڭ ئاخىرقى مەلىكىسى كۈن چېچەك!

مەلىكە ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قائىدە بويىچە تىزلىنىپ تۇردى.

- مەن خانلىقنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى بولۇش سالاھىيىتىم بىلەن شۇنى جاكارلايمەنكى سىز خاندانلىقىمىزنىڭ ۋارىسلىق تۈزۈمىگە ئاساسەن ھازىردىن باشلاپ خانلىقنىڭ شاھلىقىغا تەيىنلەندىڭىز! ئاللاھ

ئالدىدىكى بۇرچىكىزنى ھەم خاندانلىق ئالدىدىكى ۋەزىپىكىزنى ياخشى ئورۇندىغايسىز! ھەربىي ۋەزىر ياۋۇزبەگنى سىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ھالال جۈپتىڭىز بولۇشقا لايىق دەپ بىلىپ ئۇنى ئوغۇللۇققا تاللىدىم يارلىقىمنى قوبۇل قىلغايسىز!

مەلىكە بۇنداق چاغدا ئارتۇق گەپ قىلسا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭلاشقا ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئوڭ قولى بىلەن ئاتىسى بەرگەن قۇرئاننى مەيدىسىگە تېڭىپ تۇرۇپ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن قەسەم قىلدى:

- ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ قۇرئانى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى شاھ ئاتام بەرگەن ھۇقۇقنى قوبۇل قىلىمەن، خانلىققا ئاداققىچە سادىق بولۇپ ئاللاھ ۋە خەلقىم ئالدىدىكى بۇرچۇمنى جان دىل بىلەن ئادا قىلىمەن!

خان بېشىدىكى قىزىل گۆھەر قويۇلغان ئالتۇن تاجنى ئاۋايلاپ ئېلىپ مەلىكىنىڭ بېشىغا كېيگۈزۈپ قويدى ئاندىن ئۇنىڭ تۇرىشىغا ئىجازەت قىلدى. خاننىڭ خاس خىزمەتچىسى، ئىنىك ئانا ۋە ياۋۇزبەگ مەلىكە كۆن چېچەككە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئۇنىڭغا تازىم قىلدى. ياۋۇزبەگ دەقىقە ئىچىدە يۈزبەرگەن بۇ ئىشلاردىن ھەيرانۇ ھەس قېلىپ زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەيلا قالدى.

خان ياۋۇزبەگنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى ئاندىن مەلىكىنىڭ قولىنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزغاندىن كېيىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپ ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى. ئاتىسىنىڭ بۇ ھەركىتىدىن مەلىكە ئاتىسىنىڭ بۇ يەردىن كەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قالدى.

- خان ئاتا، ئۇنداقتا بىز بىلەن بىرگە كەتسىلە، سىلىدىن ئۆتىنەي! - دېدى مەلىكە ئۆكسۈپ يىغلىغىنىچە ئاتىسىنى قۇچاقلاپ.

- ئەي يۇرەك پارەم قىزىم ! شاھ ئاتام قالدۇرغان قەسرنى تاشلاپ قەيەرگىمۇ بارارمەن، كىندىك قېنىم مۇشۇ قەسىرگە تۆكۈلگەن، مىنى يەنە مۇشۇ زېمىن چاقىرىۋاتىدۇ، مىنىڭ قىممىتىم مۇشۇ تۇپراقتا قىزىم، ماڭىدىغان چېغىڭلار بولۇپ قالدى، دەرھال مېڭىڭلار، مەندىن ئەنسىرمەڭلار باللىرىم، سىلەرنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، تىز بۇلۇڭلار!

خان ياۋۇزبەگكە ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قارىدى، ياۋۇزبەگ خاننىڭ كۆڭلىنى چۈشەندى ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋاقىت بارغانسېرى قىستاپ كىلىۋاتاتتى شۇڭا ئۇ مەلىكىنىڭ قولىنى ناھايىتى ئاۋايلاپ خاننىڭ مۆرىسىدىن ئاجراتتى ئاندىن ئۇنى تارتىپ ئېلىپ ماڭدى، مەلىكە ماڭغاچ توختىماي يىغلايتتى، ئاتىسىغا قانماي قارايتتى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ ئاتىسىنى نارازى قىلىشنى خالىمىدى، شۇڭلاشقا ئاتىسى بىلەن ئۈن-تىنسىز كۆز يېشى ئارقىلىق ۋىدالاشتى.

ئۇلار خان قەسرىدىن چىققاندىن كېيىن مەلىكە ئىنىك ئانىسىنى بىرگە ئېلىۋالىدىغان بولدى، سەپەرنىڭ بەزى لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلىۋېلىش ئۈچۈن مەلىكە ئىنىك ئانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ قەسرىگە كەتتى، ئاڭغىچە ياۋۇزبەگ پاشىشاخاننىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن كۆرۈشىۋالماقچى بولۇپ ئالدىراپ ئۇلارنىڭ ئوردا ئىچىدىكى ئۆيىگە ماڭدى.

ياۋۇزبەگ پاشىشاخاننىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بىر قانچە خىزمەتچىدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، ياۋۇزبەگ چوڭلارنى سۈرۈشتە قىلغان ئىدى، ئۆي خىزمەتچىلىرى ئۇلارنىڭ ئىككى كۈن ئالدىدا پاشىشاخاننىڭ ئالدىنقى سەپتە شېھىت بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئامراق ئوغلىنىڭ مېيىتىنى بولسىمۇ كۆرۈۋېلىشنى ئويلاپ شىمالىي چېگرا تەرەپكە يولغا چىقىپ

كەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

ياۋۇزبەگ مەيۈسلەنگەن هالدا پاشاخاننىڭ ئۆيىدىن چىقىپ مەلىكىنىڭ قەسرىگە باردى، ئاندىن پاشاخاننىڭ هەربىي ماشىنىسىغا ئۇلارنى سېلىپ ماشىنىنى ئۆزى هەيدىگىنىچە مازارلىق تەرەپكە يول ئالدى.

ئۇلار جالال شەيخنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كىلىپ توختىغاندا خۇپتەن ۋاقتى بولۇپ قالغان ئىدى. ياۋۇزبەگ ئىشىكنى قاقتى، ئۆي خىزمەتچىسى ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنىڭ بىلەن ئەهۋاللاشقاندىن كېيىن جالال شەيخنىڭ جايىنامازدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۇنى باشلاپ ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ياۋۇزبەگ ئۆي ئىچىگە كىرگەندە جالال شەيخ جەينامازدا ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىۋاتاتتى، ئۇ ئوغلىنىڭ ساق-سالامەت كەلگەنلىكىنى بىلىپ دەرهال دۇئانى تۈگىتىپ ئوغلىنىڭ ئالدىغا باردى، ئۇلار قۇچاقلىشىپ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن ياۋۇزبەگ پۈتۈن ئەهۋاللارنى ئاتىسىغا بىرمۇ-بىر بايان قىلدى ئاندىن ۋاقتىنىڭ قىستاپ قالغانلىقىنى ئاتىسىنىڭ دەرهال تەييار بولۇپ ئۆزى بىلەن بىرگە مېڭىشىنى تەلەپ قىلدى.

جالال شەيخ ئوغلىنىڭ بۇ تەلىپىدىن بىر ئاز شۈك بولۇپ قالدى، ئۇ ئوغلىنى يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇنىڭ قۇلىنىڭ بارماقلىرىنى ئۆزىنىڭ قۇلىنىڭ بارماقلىرى ئارىسىغا ئالدى، ئاندىن كۆزىگە ياش ئېلىپ ئوغلىغا سۆزلىدى:

- ئوغلۇم، سىنى قايتا كۆرگىنىمدىن بەكمۇ خۇشالمەن، ئاللاه بىزنى يەنە جەم قىپتۇ، ئەهۋالدىن قارىغاندا سىنىڭ ئاللاه ئالدىدىكى ۋەزىپەڭ تېخىمۇ ئېغىرلاپتۇ، بۇپتۇ ئوغلۇم، پىشانىدىكىدىن هېچكىم

قېچىپ قۇتۇلالماس، سەن مىنىڭ ئوغلۇم شۇنداقلا ۋەتەن-خەلقىڭمۇ ئوغلى، ئادىل شاھنى قوغداش ئىمان-ئېتىقادنى قوغداش بىلەن باراۋەر، دەپ كەلسەم گەپ ئۇزۇن بالام، ئاناڭ رەھمەتى ئۆز ۋاقتىدىكى خانلىق مەدرىسىنىڭ ئەڭ چىرايلىق گۈلى ئىدى، گۈزەللىك لاتاپەتتە گۈل ئۇنىڭدىن خىجىل ئىدى، شۇ چاغدا ئۇ بايلىق ۋە ئىناۋەتتە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ۋەزىرنىڭ ئوغلىنى تالliماي مەندەك بىر مۇساپىرنى تاللاپ مەن بىلەن بىر ئۆمۈر ئاددى تۇرمۇش كەچۈرۈشكە رازى بولدى، مىنى ئۆز قېتىغا ئېلىپ مۇساپىرلىقىمنى بىلدۈرمىدى، مەن ئاناڭ رەھمەتلىكنى بۇ يەردە يالغۇز قۇيۇشنى خالىماي بۇ مازارلىقنى ماكان تۇتتۇم، ناۋادا ياشانغان جېنىمنى راھەت سۈيى بىلەن قانسۇن دىسەڭ مىنى بۇ ئاناڭنىڭ تۇپراق بېشىدىن ئېلىپ كەتمىگەن بولساڭ بالام. . .

جالال شەيخ سۆزىنى تۈگۈتۈپ ئوغلىنى باغرىغا باستى، ياۋۇزبەگ ئاتىسىنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى، ئۇ ئاتىسىنىڭ كۆزيېشىنى قولى بىلەن سۈرتۈپ ئاتىسغا ئېيتتى:

- بوپتۇ ئاتا، سىلىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇم، ئىشلار تېخى ئالدىمىزدا، بىزگە دۇئا قىلغايلا!

ياۋۇزبەگ ئاتىسىدىن دۇئا ئېلىپ خوشلاشتى، جالال شەيخ ئۆزىگە تونۇش بولغان كونا ياغاچ ساندۇقنى سىلاشتۇرۇپ ئىچىدىن ياغلىقا ئورالغان بىر نەرسىنى قولىغا ئالدى ئاندىن ئوغلى بىلەن سىرتقا ماڭدى، ئۇلار ئىشىك تۈۋىگە چىققاندا مەلىكە كۆن چېچەكمۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كىلىپ تۇرغان ئىدى. مەلىكە جالال شەيخنىڭ كۆزىنىڭ كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە ئالدىن سالام قىلدى.

- ئەســـالام ئاتا !- دېدى مەلىكە ئىنتايىن خىجىل بولغان هالدا چوڭقۇر تازىم قىلىپ.

جالال شـــەيخ مەلىكىنىڭ ســـالام ئاۋازىدىن ئۇنىڭ نەقەدەر چىرايلىق، نەقەدەر تەربىيە كۆرگەنلىكىنى بىلىپ چەكسىز خۇشاللىققا پاتتى.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام قىزىم- دېدى جالال شەيخ چىرايىغا ئىللىق كۈلكە يۈگۈرتۈپ- ســلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىڭلاردىن خەۋەرســىز قاپتىمەن، ســلەرگە تۇتقۇدەك تۈزۈك بىرە نەرســەم يوق باللىرىم، بۇ ياغلىققا ئۇرالغىنى ياۋۇزبەگنىڭ ئانىســى رەهمەتلىك هايات چېغىدا ئىشلەتكەن زىننەت بۇيۇملىرى ئىدى، ئۇ ماڭار چېغىدا بۇ نەرسىلەرنى قىزىمىزغا تاپشۇرۇشنى ۋەسىيەتلىگەن، ئۇنىڭ روهىناتى ئەمدى ئارام تاپىدىغان بولدى، ئاددى بولسىمۇ بۇنى ئېلىڭ قىزىم. . .

مەلىكە كۆن چېچەكنىڭ باغرى ئىنتايىن ســۇنۇق ئىدى، جالال شـــەيخنىڭ ئاتىلارچە قىلغان قىزغىن مۇئامىلىســـدىن ئۇ قاتتىق تەســـرلىنىپ يالغۇز قالغان خان ئاتىســـنى ئېســگە ئالدى، ئاندىن كۆزىگە كەلگەن ئىســـسىق ياشــنى كۆرســەتمەســتىن ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە سوۋغىنى قوبۇل قىلدى.

- بالىلىرىم تېز بولۇڭلار، مەنزىل يىراق، ۋاقىت قىس، سەپىرىڭلارنىڭ قاياققا ئىكەنلىكىنى مەنمۇ سورىماي، سىلەرمۇ ئىنسانىغا تىنماڭلار، تاڭ ئاتقۇچە بۇ يەردىن كېتىڭلار، يولدا پەخەس بولۇڭلار، سىلەرنى ئۇلۇغ ئاللاغا تاپشۇردۇم. . . قېنى يولغا چىقىڭلار!

- جالال شـــەيخ قۇلىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى، ئاندىن ئۆزىنىڭ بويىندىن دائىم چۆشۈرمەي ئېسىۋالىدىغان كىچىك بىردانە قارا تۇمارنى يېشىپ ئېلىپ ئوغلىنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويۇپ ئېيتتى: «ئوغلۇم ! بۇ

تۇمارنى ئۆز ۋاقتىدا مەن سەپەرگە ماڭغاندا ئاتام ئۆز قولى بىلەن بوينۇمغا ئېسىپ قويغان ئىدى، مەن بۇنى ئىزچىل يېنىمدىن ئايرىمىغان ئىدىم، ئەمدى ساڭا بەردىم، بۇنى يوتتۇرۇپ قويمىغىن، بالاڭدىن بالاڭغا قالسۇن!»

ياۋۇزبەگ ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان هالدا ئاتىسى بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، ئاندىن ماشىنىنى ئۇچقاندەك هەيدەپ مازارلىقتىن چىقىپ كەتتى.

ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ئەتىسى تاڭ يورۇغاندا شەهەردىن خېلىۋەك يىراق جايدىكى ئاچا يول ئېغىزىغا كېلىپ توختاپ توڭدا ئېلىۋالغان زاپاس ماينى ماشىنىنىڭ ماي باكىغا قۇيۇپ يول تەييارلىقىنى قىلىۋالدى، بۇ ئاچا يول ئېغىزىنىڭ بىرى جەنۇبىي چېگرا ئېغىزىغا بارىدىغان يول ئېغىزى يەنە بىرى غەرب تەرەپتىكى تاغ-ئورمانلىقلا تۇتىشىدىغان يول ئېغىزى ئىدى، ياۋۇزبەگ بىلەن مەلىكە خاندانلىقتا يۈز بىرىۋاتقان بۇ بىر قاتار ئىشلار تۈپەيلىدىن يول بۇيى ئىچى پۇشۇق تارتىشىپ تۈزۈك پاراڭ قىلىشمىغان ئىدى، نەگە بارىدىغانلىقىنىمۇ تېخى ئېنىق بىرنىمە دېيىشمىگەن ئىدى، ياۋۇزبەگ كۆڭلىدە چېگرىدىن چىقىپ كېتىش ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل دەپ ئويلايتتى شۇڭا ئۇ سورىمايلا چېگرا ئېغىزىغا تۇتىشىدىغان يول ئېغىزىغا مېڭىشقا تەمشەلدى.

- ياۋۇزبەگ ! چېگرىدىن چىقىپ كېتىشنى خالامسىز؟- دەپ يېنىك سورىدى مەلىكە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

ياۋۇزبەگ مەلىكىنىڭ بۇ سۆزىدىن بىر ئاز گاڭگىراپ ماشىنىنى ئاستا تورمۇزلىدى.

- مەلىكە، سىزنىڭچە قانداق بولار؟ - دېدى ياۋۇزبەگمۇ بېشىنى ئۆرۈشۈن كۆتۈرمەي مەلىكىگە بولغان چەكسىز هۆرمىتىنى بىلدۈرۈپ.

- مەن ئاللاھنىڭ ئالدىدا قەسەم بىرىپ بۇ تاجنى تاپشۇرۇپ ئالدىم ياۋۇزبەگ، بۇنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقى سىزگە ئايان، بۇنى ئەجداتلىرىمىز نەچچە ئەسىردىن بۇيان مۇشۇ زىمىندا تاۋلاپ مۇشۇ زىمىندا تاقاپ كەلگەن، بۇ تاجنىڭ قىممىتىمۇ دەل مۇشۇ زىمىندا، ئەلىھال بۇ كۈنگە كەلگەندە بۇ بىباھا گۆھەرنى ئۆزگىلەرنىڭ ۋەتىنىدە خار قىلغۇم يوق، ناۋادا خالىسىڭىز ئەجدادلىرىمىنىڭ روھى قوۋۇنۇپ قالماسلىق ئۈچۈن مەن بۇنى ئېلىپ قېلىپ ۋەتىنىمنىڭ تاغلىرىنى ماكان قىلىپ بۇ يەردە قالسام سىز ئىنىك ئانامنى ئېلىپ چېگراغا قاراپ ماڭسىڭىز قانداق بولار؟!- دېدى مەلىكە ياۋۇزبەگكە تىكىلىپ قاراپ.

ياۋۇزبەگ مەلىكىنىڭ قاراشلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي كۆزىنى يانغا ئېلىپ قاچتى، ئۇ كۆڭلىدە «مەلىكەم تىنىقىملا بولىدىكەن، سىزدىن مەڭگۈ ئايرىلالمايمەن، بۇ مىنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى قەسىمىم ۋە بۇرچۇم!» دىگەننى ئويلىدى، لېكىن بۇنى ئېغىزىدىن چىقىرالمىدى، ياۋۇزبەگ ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرماي، ماشىنىنى ئوك تەرەپتىكى تاغ ئورمانلىقىغا تۇتىشىدىغان چوڭ يولغا بۇرىدى. مەلىكىمۇ ياۋۇزبەگنىڭ ئۆزىنى قەتئىي تاشلاپ كەتمەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئەگرى-بۈگرى كەتكەن يىلان باغرى يوللاردا ماشىنىسىنى گۈرۈلدىتىپ ھەيدىگىنىچە چەكسىز سوزۇلغان تاغ ئورمانلىق تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كەتتى.

خان مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ شاھلىق تەختىدە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇنغا ئولتۇردى، خاس خىزمەتچىمۇ ئۇنىڭدىن بىر قەدەم ئايرىلمىدى، خان ئۇنىڭ كىتىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ خىزمەتچى ئۇنىڭ گىپىنى تىڭشىغىلى ئۇنىماي كۆز يېشى ئارقىلىق ئۇنىڭ بۇيرىغىنى رەت قىلدى. . .

ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتكەچكە قۇياش ئۆزىنى دالدىغا ئالغاندەك قىلاتتى. خان كىچىككىنە قاقماي چىققانلىقتىن سەھەرگە يېقىن كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپ قالغان ئىدى، تۇيۇقسىز كىملەردۇر بىر كىملەر خاننىڭ ئولتۇرغان زالىغا ئالا- تاغىل تووۇلىشىپ قۇراللىق باستۇرۇپ كىلىشتى، ئاندىن تەختتە ئولتۇرغان خاننىڭ ئەتراپىغا چىۋىندەك ئۇلىشىپ ئۇنىڭغا تۇشمۇ- تۆشتىن قۇراللىرىنىڭ ئۇچىنى تەڭلەشتى، خان بۇ قالايمىقان ئاۋازدىن كۆزىنى ئېچىپ قارىۋىدى، بىر توپ رۇس ئەسكەرلىرى ئۆزىنى قورشىۋاپتۇ.

شۇ پەيتتە تەلەتىدىن شۇملۇق چىقىپ تۇرىدىغان رۇس ئەسكەرلەرنىڭ ئالى قۇماندانى زالغا كىرىپ كەلدى، ئۇ خاننىڭ تىرىك قولغا چۈشكەنلىكىدىن خوش بولۇپ خۇدىنى يوقاتقاندەك قىلاتتى، ئۇ ئۇدۇل خاننىڭ ئالدىغا كىلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى بولدى.

- سەن يەنە نېمە ئويۇن ئوينىماقچى، تېخى شەھەرنىڭ ئىشىگىنى بىزگە ئېچىپ قۇيۇپسەن، بىلىپ قوي مەن سەندەكلەرنىڭ دېپىغا ئۇسۇل ئوينايدىغانلاردىن ئەمەس، راستىڭنى ئېيت!

تەرجىمان رۇس ئەسكىرى راۋان تۈرك تىلىدا خانغا بۇنى ئۇقتۇردى. خان ئالدىدىكى گىدىيىپ تۇرغان بۇ سېرىق چاشقانغا مەنسىتمىگەندەك قىلىپ كۈلۈپ قويدى. ئاندىن تەرجىمانغا قاراپ:

- ئالدىمدىكى بۇ ئاقلاندىغا دەپ قۇيۇڭ، ئۇنىڭ مەن بىلەن سۆزلىشىش سالاھىيتى يوق، مەن بۇ ئەلنىڭ خانى، مەن بىلەن سۆزلەشكۈسى بولسا ئۇنىڭمۇ بېشى كەلسۇن !

تەرجىمان ئالى قوماندانغا خاننىڭ سۆزىنى بىرمۇ بىر دېدى، باش قوماندان بۇنى ئاڭلاپ خاننىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ بېرىپ ئۇنىڭ

ياقسىنى تۇتماقچى بولدىيۇ لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ خاننىڭ ئالدىدىكى ئوتقاشتەك ئىران گىلىمىگە «تۈفي » دىگىنىچە كۈچ بىلەن بىرنى تۈكۈردى. خان ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن كۈلۈپ كېتىپ تەرجىمانغا قاراپ ئېيتتى:

- بۇ تەربىيە كۆرمىگەن كىشىگە ئېيتىپ قويۇڭ! ئاتىسى ئۇنىڭغا ياشتا چوڭلار بىلەن قانداق كۆرۈشۈشنى ئۈگەتمەپتىكەن، ئەمدى بۇنىڭغا مەن ئۈگۈتۈپ قوياي!

تەرجىمان رۇس قوماندانغا گېپىنى دەپ تۈگىتىشى خان قۇلىدىكى شەمشەرنى شۇنداق كۆتۈرگەندەك قىلىۋىدى ھايىنى-ھۇيت دىگىچە خاننىڭ ئالدىدا كۆرەڭلەپ چېتىغا پاتماي قالغان ئالى قوماندان ئىككى قۇلى بىلەن بويۇن تومۇرىنى تۇتقىنىچە كۈزىنى پۇلتايتىپ خاننىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ قالدى، خاننىڭ ئەتراپىدىكى ئەسكەرلەر زادى نىمە بولغىنىنى بىلەلمەي ئۈرە-تۆپە بولۇشۇپ تۇرغاندا رۇس قوماندانىنىڭ بويۇن تومۇردىن چىققان قان ئەتراپتىكى ئەسكەرلەرگە پۇنتاندەك چاچراشقا باشلىدى، باللىقىدىن باشلاپ شەمشەر ئويناپ چوڭ بولغان تۈركمەنىستان خانى ئاتىسىدىن بۇ ھۈنەرنى ياخشى ئۈگەنگەن بولغاچقا بايام چاقماق تىزلىكىدە ئالدىدىكى خىقىراپ تۇرغان توڭگۇزنىڭ بويۇن تومۇرىنى بىر شەمشەر بىلەن ئۈزۈپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. ئەسكەرلەر قوماندانىنىڭ شەمشەر زەربىسىدە جان تالىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ خانغا ئوق ئاتماقچى بولۇشتى لېكىن يەنە دەرھال توختاپ قالدى چۈنكى بۇ قېتىملىق مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشىدا ئادەتتىكى رۇس ئەسكەرلەرنىڭ خانلارنى ئۆزى بىلىپ ئېتىش ھوقۇقى يوق ئىدى، مۇشۇ تاپتا خان شۇنداق چەبدەسلىك بىلەن شەمشىرىنى يەنە بىر ئوينىتىۋىدى، خاننىڭ ئەتراپىدا يۇملاق بولۇپ تۇرغان ئەسكەرلەر قىيا-چىيا قىلىشىپ چىقىراشقىنىچە يۈز-كۆزلىرىدىن چىققان قاننى ئالقىنى بىلەن تۇتۇپ

ئۆلگۈرەلمىدى، شۇ چاغدا ئاچچىقىغا چىدىمىغان بىر رۇس ئەسكىرى قۇيۇلۇپ كەتكەن كۆزىنىڭ ئېقىپ كەتكىنىگە قارىماي خانغا قارىتىپ قارىسىغا ئوق ئۈزدى، ئوق ئاۋازىدىن يۈرەككە كەلگەن باشقا ئەسكەرلەرمۇ ئاچچىقىدا تاتىلدىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا ئاسماندىكى قارا بۇلۇتلار توپلىنىپ چاقماقلار چېقىلدى، گۈلدۈرمامىلار زىمىننى تەۋرەتتى، خان باتۇرلارچە شېھىت بولدى، قارا يامغۇر شاقىراپ ياققىنىچە خاننىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇسىنى بىلدۈرۈپ كۆز يېشى قىلدى.

## ئالتىنچى باب

### تىلتۇمار ئىزسىلغان بوۋاق

ئــارىــدىن بىر يىلــدەك ۋاقىــت ئۆتتى، رۇســـلارنىــڭ تۈركمەن خاندانلىقىغا باســتۇرۇپ كىرگەن ۋاقتى دەل ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشـــى پــارتلىغــان ۋاقىتقــا توغرا كەلگەنلىكى ئۈچۈن زامــان زورنىــڭ بولۇپ كەتكەن ئىــدى، مــانــا بۇ ئــادالەتســــىز زامــاندا كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنىڭ تەقدىرىنى پۈتىۋاتاتتى.

رۇســـلار بۇ زېمىنغــا بــاســـتۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن بۇ يەردىكى خەلقنىڭ ئۈلۈمدىن ئانچە قورقۇپ قالمايدىغانلىقىنى ھە دىسە قارشىلىق كۆرسىتىپ چاتاق چىقىرىۋاتقانلىقىنى سەزدى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باشقا مۇســـتەملىكە رايۇنــدىكى ســـيــاســـەتلىرىنىــڭ بۇ يەردە ئــانچە ئــاقمــايــدىغــانلىقىنى بىلىــپ قېلىــپ دەرھال باشـــقىچە بىر يول تۇتۇپ مەخسىتىگە يەتمەكچى بولدى.

ئۇلار ئــالدى بىلەن خاندانلىق تەۋەلىكىدىكى بارلىق چوڭ بايلارنى قەتلى قىلدى، ئاندىن ئۇلارنىڭ ســاپ ئالتۇن-كۈمۈشــلىرىنى پۈتۈنلەي ئۆزىنىڭ دۆلەت خەزىنىســـگە يۆتكەپ قالغان مال-ۋاران، يەر-زېمىن، قەسىر-داچا دىگەنلەرنى شۇ يەردىكى نامرات كىشىلەرگە بۆلۈپ بەردى، بــايلارنىــڭ ئۆيــدىكى گىلەم-زىلچىلارغــا ئۆزلىرىنىــڭ يېنىدىكى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان بايلىقلاردىن ئازراق قېتىپ پۈتۈن مەسـچىت-خانىقالارنىڭ

مەيدانلىرىغىچە گىلەم سالدى.

مەكتەپلەردىكى پەننىي دەرىسلەرنى زور كۆلەمدە قىسقارتىپ ئورنىغا پۈتۈنلەي قۇرئان ئوقۇش ۋە قۇرئاننى يادلاشنى ئاساس قىلدى، لېكىن قۇرئاننىڭ مەنىسىنى يېشىشنى ئاستىرتتىن چەكلىدى. يۇرت ئىچىدىكى زىيالىيلارنى شۇنداقلا ئۇقۇمۇشلۇق زاتلارنى ھەرخىل نام بىلەن قەتلى قىلدى ياكى ئادەم سېتىۋېلىپ يوشۇرۇن ئۆلتۈردى.

مەسچىتلەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىماملىرىغا تۈرلۈك بەتناملارنى سۇۋاپ ئۇلارنىڭ ئورنىغا تۆۋەن سەۋىيىلىك مولللارنى قويدى، ھەم يۇقىرى تەمىنات بىلەن ئۇلارنىڭ مايىللىقىنى قولغا كەلتۈردى.

شۇنداق قىلىپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە خەلقنى يېتەكلەيدىغان، ئۇلارغا ئاق-قارىنى چۈشەندۈرىدىغان بارلىق ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر خەلقنىڭ ئارىسىدىن يوقالدى. خەلق سەركىسىدىن ئايرىلىپ قالغان پادىدەك ئۇيان-بۇيان يۈرۈپ بېقىپ ئاخىرى رۇسلارنىڭ سېزىپ بەرگەن سىزىقىغا بىلىپ-بىلمەي كىرىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ستالىن بۇ ۋاقىتلىق تىنچلىقتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنىڭ تەبىئى بايلىقلىرىنى شىددەت بىلەن شۇراشقا باشلىدى.

ياۋۇزبەگ مەلىكە بىلەن ئىنىك ئانىنى ئېلىپ تاغلىق ئورمانلىقنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى ئادىمزات ئايغى باسمىغان بىر تاغدىكى قارىغايزارلىقنى ماكان تۇتۇپ شۇ يەردە تۇرۇپ قالدى. مەلىكە ماڭار ۋاقتىدا ئېلىۋالغان قىممەت باھالىق ئالتۇن تىللا، گۆھەر-ئۈنچىلەر بۇ ئۈچەيلەننىڭ ئۆمۈر بۇيى ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈشىگە ئازادە يېتەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرغان ئورنى ئادەملەر ئولتۇراق رايونىغا بەكلا يىراق بولغانلىقتىن ياۋۇزبەگ ئۇلاغ بىلەن ئايدا بىر قېتىم تاغدىن ئوزۇق-تۈلۈك سېتىۋالغىلى چۈشەتتى.

بۈگۈن ھاۋا ئىنتايىن ئۈچۈق بولۇپ تىنىق كۆك ئاسماندا ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈچۈشۈپ يۈرەتتى. ياۋۇزبەگ ئىككى ئاتىنىڭ بىرىنى ئىگەرلەپ يەنە بىرىنى ئۈنىڭ كەينىگە چېتىپ مېڭىشقا تەمشەلدى، مەلىكە ئاشخانا ئۆيگە يۈگرەپ كىرىپ ئىنىك ئانا ھېلىلا ياغلىققا ئۈراپ قويغان ئىسسىق گۆش ناننى ئات ئۈستىدىكى ياۋۇزبەگكە ئالدىراپ سۇندى.

- يولدا دىققەت قىلىڭ، يامغۇر ياغىدىغاندەكلا تۇرىدۇ. . . - دېدى مەلىكە ئۈچۈق ئاسمانغا تازا بىر قارىۋېتىپ.

- مەندىن ئەنسىرىمەڭ مەلىكەم، - دېدى ياۋۇزبەگ مەلىكە كۈن چېچەككە قىيمىغاندەك كۈلۈپ قاراپ ـ ئەمدى ئۆيگە ئاخشىمى قايتمايمەن، كېچىسى ئالدىمغا چىراغ كۈتۈرۈپ چىقماڭلار !

- بىلدىم، كېچىسى ماڭماي ئۈنداقتا كۈندۈزى ماڭارسىز! ـ دېدى مەلىكە ئۈنىڭغا ئەركىلەپ قۇشۇمىسىنى تۈرۈپ.

ياۋۇزبەگ ئەتراپىغا قارىۋېتىپ ئىنىك ئانىنىڭ ئارقا ئېغىلدىكى مالغا ئوت سالغىلى چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ دەرھال ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ مەلىكىنى كىچىك بالىنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرگىنىچە ئۈيگە ئەكىرىپ يەردە قاپ قۇيۇپ بىلىگە گىرە سېلىۋالدى، مەلىكىمۇ قورسىقىدىكى توققۇز ئايلىق بالىسىنى ئۈنتۇغان ھالدا ياۋۇزبەگنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالدى، ياۋۇزبەگ ئايالى كۈن چېچەككە تىكىلىپ قاراپ ئۈنىڭدىن ئەپۇ سورىماقچى بولدى:

- مەلىكەم، مىنىڭمۇ تاغدىن چۈشكۈم يوق، بولمىسا ئەتە ماڭايچۇ!

- ياق. . . قۇرغۇيۇم، ھازىرلا مېڭىڭ، كىچىك ياۋۇزبەگنىڭ كۈزى يۈرىيدىغانغىمۇ ئاز قالدى، ئۈچاغدا سىز بولمىسىڭىز بولمايدۇ. . .

- ئەمىسە بايامقى گېپىڭىزنى ياندۇرۇۋېلىڭ، بولمىسا سىزنى قويىۋەتمەيمەن. . .

- قارىغە سىزنى ھېلى ئىنىك ئانام كىرىپ قالىدۇ، قويۇۋېتىڭلا مىنى. . .

- ئەمىسە مىنى سۆيۈپ قويۇڭ. . .

- ياق. . . ياق. . . ئىنىك ئانام كىرىپ قالىدۇ.

- ياق كىرمەيدۇ، بولىڭە تىز. . .

- قورسىقىمنى سىقىۋەتتىڭىز ياۋۇزبەگ. . .

ياۋۇزبەگ شۇئان مەلىكىنىڭ بىلىنى قويىۋېتىپ خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا كۆز ئالدىدىكى دادا بولۇش رېئاللىقىدىن پەخىرلەنگەندەك ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى سىلاشقا باشلىدى ئاندىن مەلىكىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قورساقتىكى بالىنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى ئاڭلىغۇسى باردەك قۇلىقىنى مەلىكىنىڭ قورسىقىغا ياقتى، مەلىكە مۇشۇ تاپتا چەكسىز ئېچىتىخارلىنىش تۇيغۇسىدا ياۋۇزبەگنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى. . .

ئىنىك ئانىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازىدىن ياۋۇزبەگ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ مەلىكە بىلەن خوشلاشتى، مەلىكە ياۋۇزبەگنىڭ تەلىپىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ پىشانىسىگە يىنىك سۆيۈپ قويۇپ ئاللاھتىن ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلىدى.

ياۋۇزبەگ شۇ ئاتقا مىنگىنىچە خەتەرگە تولغان تاغ يوللىرىدا ساق ئىككى كۈندۈز يول يۈرۈپ كەچكە يېقىن لازىمەتلىكلەرنى سېتىۋالىدىغان بازارغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئادىتى بويىچە ئېلىم-بېرىم قىلىدىغان زەرگەرنىڭ ئۆيىگە كىلىپ يېنىدىكى يېشىل ياقۇتنى ئۇنىڭغا بەردى، زەرگەر ئۇستام بۇ قىممەتلىك مالنىڭ ئىلگىرىكىسىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدە قىممەت باھالىق مال ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا تونۇپ قالدى، ياۋۇزبەگ ئادەتتە بۇ كىشى بىلەن سودا قىلغاندا قەتئىي

باھا تالاشمايتتى، بەرگىنىنى ئالاتتى شوٗكٗلاشقا زەرگەر ئوٗستام بوٗ قىتىم ئوٗنىڭ قوٗلىغا خىلىلا جىق قەغەز پوٗلنى توٗتقوٗزوٗپ ئوٗنى ئىتتىك يولغا سالدى.

خاندانلىق ئىلگىرى ئالتوٗن-كوٗموٗشتىن ياسالغان پوٗللارنى ئىشلىتەتتى يېڭى روٗس ھوٚكوٗمىتى خەلق ئىچىدىكى ئالتوٗن -كوٗموٗش پوٗللارنى يىغىۋېلىپ ئورنىغا قەغەز پوٗللارنى تارقاتتى، شوٗنداق قىلىپ توٗركمەنىستان تەۋەلىكىدىكى بارلىق ئالتوٗن-كوٗموٗشلەر ئاساسەن روٗسلارنىڭ مەركىزى غەزىنىسىگە كىرىپ ئېقىۋاتاتتى.

ياۋوٗزبەگ كەچ قالغىنىغا قارىماي دوٗكاندارلار بىلەن سودىسىنى توٗگىتىپ لازىمەتلىكلەرنى تولوٗق تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن بازاردىن كىچىلەپ چىقىپ كېتىپ تاغ ئېغىزىدىكى بىخەتەر دەپ قارالغان كىچىك ئورمانلىقتا قوٗنوٗپ قالدى. ئاندىن ئەتىسى ئەتتىگەندە يەنە ئالدىراپ تاغدىكى ئوٗيىگە راۋان بولدى.

ياۋوٗزبەگنىڭ تاغدىن چوٗشوٗپ كەتكىنىگە توٚت كوٗن بولاي دېدى، بەختكە يارىشا يامغوٗرموٗ ياغمىدى، مەلىكە بوٗگوٗن ئاخشام كوٗن ساناپ توٗزوٗك ئوٗخلىيالمىدى، ئوٗنىڭ ھېسابىدا ياۋوٗزبەگ ئەتە ئەسىرگە يېقىن كىلىشى كېرەك ئىدى، لېكىن مەلىكىگە ياۋوٗزبەگ ھازىرلا كېلىدىغاندەك بىلىنىپ قالدى، ئوٗنىڭ يوٗرىگى سىلىپ بارغانسېرى ئوٗيقوٗسى قېچىشقا باشلىدى، ئوٗ ياستوٗق ئاستىدىكى ئالتوٗندىن ياسالغان پوسپوٗرلوٗق يانچوٗق سائىتىگە قاراپ سائەتنىڭ ئوٗچتىن ئاشقانلىقىنى بىلدى، ئورنىدىن ئاستا توٗروٗپ ئەينەكلىك ئاسما چىراقنى ياقتى، ئىنىك ئانىسىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئوٗچوٗن چىراقنى كوٚتوٗرگىنىچە پوٗتىنىڭ ئوٗچىدا يىنىك دەسسەپ سىرتقا چىقتى.

كېچىدىكى غوٗي-غوٗي تاغ شاملى مەلىكىنىڭ يېپىنچىسىنى

پۈلاڭلىتىپ بوش چىگىلگەن ياغلىقىدىن چىقىپ قالغان سۇمبۇل چاچلىرىنى ھەريانغا سىلكىيتتى. ھۇشيار ياتقان قارا بويناق ئىت ئۇنى كۆرۈپ قۇيرىقىنى شىپاڭلاتقىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، مەلىكە قارا بويناق بىلەن بىرگە ئۇينىڭ ئالدىدىكى قويۇق ئوت باسقان دۆڭلۈككە چىقىپ ياۋۇزبەگنىڭ كېلىدىغان يولغا قاراپ تۇردى، ئاسماندىكى تولۇن ئايمۇ خۇددى مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك پۈتۈن ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى.

مەلىكە يورۇق ئايدىڭغا قارىماستىن چىراقنىڭ پىلىكىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ئۇنى بىر قۇلىدا كۆتۈرگىنىچە دۆڭ ئۈستىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئۆرە تۇردى، ئۆرە تۇرۇپ بېلى تالغان مەلىكە چىراقنى يېنىدىكى چوڭ قۇرام تاشنىڭ ئۈستىگە مۇقىمداپ قويۇپ ئۆزى ياندىكى كىچىك قۇرام تاشقا كىلىپ ئولتۇردى، قارا بويناقمۇ مەلىكە بىلەن تەڭ قۇيرىقىنى شىپاڭلىتىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، مەلىكە ئۇنىڭ بۇ خىل ئوماق ھەركىتىدىن زوقلىنىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۇنى ئەركىلەتتى. تويۇقسىز قارا بويناق ئالدى تەرەپكە بېشىنى سوزۇپ بىر ئىككىنى قاۋاپ قويدى-دە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى، مەلىكە قارا بويناقنىڭ بۇنداق يۈگۈرۈپ كىتىشىدىن ياۋۇزبەگنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى، ئۇ خۇشاللىقىدىن قۇرام تاش ئۈستىدىكى چىراقنى قۇلىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىككى يانغا يىنىك پۈلاڭلاتتى. ياۋۇزبەگ ئەسلىدە كېچىسى يول ماڭماسلىق نىيىتىگە كەلگەن بولسىمۇ لېكىن بۇ كېچە يورۇق ئايدىڭغا توغرا كىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۇ مەشۇقىنىڭ يېنىغا ئالدىراپ بۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغان ئىدى.

ياۋۇزبەگ يىراقتىكى تۆپىلىكتە مەلىكىنىڭ ئۆزىگە ساقلاپ چىراغ كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئېتىغا قامچا سالدى، ئاڭغىچە قارا بويناق قۇيرىقىنى شىپاڭشىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىلىپ بولدى، ئۇ ئاتتىن

سەكرەپ چۈشۈپ ئامراق ئىتىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنى ئەركىلەتتى. ئاندىن يەنە ئېتىغا مىنىپ سۈرئەتنى تىزلەتتى.

ياۋۇزبەگ بىلەن مەلىكە خۇددى كۆرۈشمىگىلى نەچچە يىل بولغان ئاشىق -مەشۇقتەك ناھايىتى قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ياۋۇزبەگ ئات ئۈستىدىكى نەرسە كىرەكلەرنىمۇ چۈشۈرمەستىن ئاتنى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى قارىغايغا باغلاپ قويۇپ مەلىكىنى يەنە خوشلاشقان چېغىدىكىگە ئوخشاش قۇچىقىغا ئېلىپ توغرىسىغا كۆتۈرۈۋالدى، مەلىكىمۇ ئەركىلىگىنىچە ئىككى قولىنى يەنىلا ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالغان ئىدى، مەلىكە ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئېغىزىنى يېقىپ تۇرۇپ ھۇجرىسىدا ئىنىك ئانىسىنىڭ بارلىقىنى پىچىرلىدى، بۇنى بىلگەن ياۋۇزبەگ كۈچكە تولغان بىر قولىدا مەلىكىنى قۇچاقلىغىنىچە كۆتۈرۈپ تۇرۇپ يەنە بىر قولى بىلەن كەينىگە كىرىۋالغان قارا بويناقنى ئېگىشىپلا ئۇۋىسىغا باغلاپ قويدى. ئاندىن مەلىكىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىنىڭ خىلىلا كەينىدىكى ئوت-چۆپ قۇيىدىغان ئۆيگە ئەكىرىپ شۇ يەردىكى يۇمشاق چۆپ دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە ياتقۇزدى. . .

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ مەلىكە كۈن چېچەكنىڭ بۇشىنىدىغان چېغىمۇ يېقىنلىشىپ قالدى، بىر كۈنى ئىنىك ئانا ياۋۇزبەگنى چاقىرىپ تۇغۇتقا لازىمەتلىك نەرسىلەرنىڭ بەزەنلىرىنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى يەنە ئوزۇق - تۈلۈكنى زاپاس قىلىۋېلىشىنىڭ لازىملىقىنى ئېيتتى. ياۋۇزبەگ تاغدىن چۈشۈپ ئۇلارنى تولۇقلايدىغان بولدى.

ياۋۇزبەگ تاغدىن چۈشىدىغان كۈنىنىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن بىر-بىرىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ياتتى. . . بىر چاغدا ياۋۇزبەگنىڭ كۆزى ئۇيقىغا كېتىپ

دوستى پاشىشاخاننى چۈشەپ قالدى، چۈشىدە ياۋۇزبەگ سۈيى سۈزۈك بىر دەريادا مەلىكە كۆپ چېچەك بىلەن سال ھەيدەپ كېتىۋاتقۇدەك، سۇ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ ئۇلار سالنى توختىتالماي قالغۇدەك، بۇ چاغدا دوستى پاشىشاخان قىرغاقتا پەيدا بولۇپ قولىنى سۇنۇپلا ئىككەيلەننى قىرغاققا ساق-سالامەت چىقىرىۋالغۇدەك. . .

ياۋۇزبەگ دەل مۇشۇ چاغدا ئۇيقۇسىدىن ئويغۇنۇپ كېتىپ چۈشىنىڭ ئايغىنى كۆرەلمىدى، ئۇنىڭ دوستى پاشىشاخاننى بەكراق كۆرۈۋالغۇسى بار ئىدى، ئۇ كۆزىنى ئاستا ئېچىپ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالغان مەلىكىنىڭ چېچىنى يىنىك سىلاپ دوستى پاشىشاخاننى ئويلاپ كۆزىنى يۇمىدى. مەلىكە ياۋۇزبەگنىڭ ئۆزىنىڭ چېچىنى سىلىشىدىن ئويغۇنۇپ ئۇنىڭ ئۇخلىماي بىرنىمە خىيال قىلىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

- نىمىلەرنى خىيال قىلىۋاتىسىز ياۋۇزبەگ؟- دېدى مەلىكە ياۋۇزبەگنىڭ مەيدىسىدىن بېشىنى ئالماي تۇرۇپ.

- دوستۇم پاشىشاخاننى چۈشەپ قاپتىمەن، ئىككىمىز دەريادا سال بىلەن كېتىپ بېرىپ سالنى توختىتالماي قالغان ئىدۇق، ئۇ ئىككىمىزنى قىرغاققا ئاچىقىپ قويغىدەك ! ـ دېدى دوستىنى سېغىنغان ياۋۇزبەگ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ.

- ئۇلۇغ ئاللاھ بىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغۇدەك، ئۇنىڭ روھى بىزگە مەدەت قىپتۇ ياۋۇزبەگ.

- مەن پاشىشاخاندەك ياخشى يىگىتنى ئۆمرۈمدە ئۇچراتمىغانمەن، بەزىدە ئۇنى ئىنسانلار ئارىسىغا چۈشكەن خىزىرمىكىن دەپلا قالىمەن.

- شۇنداق پاشىشاخان خاندانلىقنىڭ كۆزى ئىدى، ئۇنىڭغا يامانلارنىڭ كۆزى تەگدى. . .

- ناۋادا مەن جەننەتتى بولسام مەندىن نېمە تەلىپىڭ بار دەپ سورىسا نېمە دەيدىغانلىقىمنى بىلەمسىز مەلىكەم؟

- دەپ بېقىڭە قېنى؟

- مەن ئاللاھتىن پاشىشاخاننى تىلەيتتىم. . .

مەلىكە ياۋۇزبەگنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇنىڭ مەيدىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى ئاندىن چىراينى ئۆمچەيتىپ ياۋۇزبەگكە كەيننى قىلىپ يېتىۋالدى. ياۋۇزبەگ مەلىكىنىڭ بۇ ئوماق قىلىقىدىن كۈلۈپ كېتىپ ئۆرۈلگىنىچە مەلىكىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئۇنى باغرىغا بېسىۋالدى.

- ئەلۋەتتە بېشىدا سىزنى تىلىمەكچى ئىدىم، لېكىن سىز ئۇ دۇنيادىمۇ مەندىن ئايرىلمايسىز، شۇنداققۇ؟

مەلىكە ياۋۇزبەگنىڭ ھەقىقەتەن ۋىجدانلىق يىگىت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ دوستى پاشىشاخاننى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى شۇنداقلا مەلىكە ياۋۇزبەگ بىلەن پاشىشاخاننىڭ دوستلۇقىدىن پەخىرلىنەتتى، بايامقى گەپتىن ئۇ ئەمەلىيەتتە تەسىرلىنىپ خوش بولغان بولسىمۇ لېكىن ياۋۇزبەگ بىلەن قەستەن ئۆچەكىشىپ ئۇنىڭغا ئەركىلەپ قويغان ئىدى. شۇڭا مەلىكە دەرھال ياۋۇزبەگنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى يەنە ئېلىۋېلىپ ئۇنىڭغا ئەركىلىگىلى تۇردى.

- مەلىكەم سىزگە بىر گەپنى دىسەم ماقۇل دىيەرسىزمۇ؟ - دېدى ياۋۇزبەگ مەلىكىنىڭ چېچىنى قۇل بارماقلىرىغا يۆگەپ تۇرۇپ.

- ئالدى بىلەن ئاڭلاپ باقاي. . . - دېدى مەلىكە ئۇنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى چىڭ يېقىپ.

- ناۋادا بالىمىز دۇنياغا كۆز ئاچسا ئۇنىڭ ئىسمىنى. . .

- ئىسمىنى زادى نېمە قويغۇڭىز بار، ئۆتكەندە بۇ توغرىلىق گەپ قىلسام كۈلۈپلا تۇرۇۋالدىڭىز. . .

- ئىسمىنى پاششاخان قويغۇم بار مەلىكەم سىزنىڭچە. . .

مەلىكە ئىرىنىڭ پەرىشتىدەك ياخشى ئادەملىكىدىن بەكمۇ ئېپتىخارلاندى، ئۇ ياۋۇزبەگنى كۈندىن-كۈنگە ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتى، ئۇ مۇشۇ تاپتا ئۇ ئىرىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

- ناۋادا قىز تۇغسامچۇ؟

- ياق سىز ئوغۇل تۇغىسىز، خاندانلىقنىڭ شاھزادىسىنى تۇغىسىز مەلىكەم. سىزنىڭچە بۇ ئىسىم بۇلامدىكەن؟

- بۇپتۇ، ئەمىسە ماڭا ۋەدە بېرىڭ، تاغ يۇلىدا كېچىسى ماڭماسلىققا ۋەدە بېرىڭ. . .

ياۋۇزبەگ مەلىكىنىڭ بۇ جاۋابىدىن ئالەمچە خۇشال بولۇپ ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىۋالدى، ئۇلار يەنە ھەشقىپىچەكتەك ئىرماش - چىرماش بولۇپ كەتتى. . .

ئەتىسى ئەتىگەندە ياۋۇزبەگ يەنە سەپەرگە ئاتلاندى، لېكىن بۇ قېتىم ئۇنىڭ كۆڭلى نىمىشقىدۇر بىرخىل خۇشال ئەمەس ئىدى، مەلىكىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن ئايرىلغۇسى يوقتەك قىلاتتى. لېكىن ئۇ تاغدىن چۈشۈپ لازىمەتلىكلەرنى ئاچىقمىسا بولمايتتى.

ياۋۇزبەگ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ چېغىر يولدىن چۈشۈۋاتقاندا مەلىكىنىڭ كۆڭلىنى بىرخىل ۋەھىمە قاپلىۋالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ تۇغۇتىدىن ئەنسىرەپ قالدىمۇ ياكى تاغ يۇلىنىڭ خەتىرىدىن ئەنسىرەپ قالدىمۇ ئىشقىلىپ ياۋۇزبەگنى قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك بىر خىل سېزىمغا كىلىپ قالدى، ئۇنىڭ شۇ تاپتا ياۋۇزبەگ بىلەن تازا بىر

قۇچاقلىشىپ خوشلىشىۋالغۇسى كەلدى، شۇڭلاشقا ئۇ يىراقلاپ كەتكەن ياۋۇزبەگ بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ يېنىدىكى سۇ ئېلىپ چىقىدىغان چېغىر يولدىن تەستە مېڭىپ چۈشۈپ كەتتى، ئىنىك ئانا ئۇنىڭ مەخسىدىنى چۈشىنىپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالغىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ چۈشتى.

چېغىر يولدا ئاتلىق چۈشۈۋاتقان ياۋۇزبەگ ئېغىر خىيالنىڭ تەسىرىدە ئېتىنىڭ توختاپ قالغانلىقىنى سەزمىدى، ئۇ نېمە بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىۋىدى ئالدىدا مەلىكە يىغلامسىراپ تۇرۇپتۇ، ياۋۇزبەگ ئاتتىن دەرھال سەكرەپ چۈشۈپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى، مەلىكە كۆزىدىن تاراملاپ ئاققان ياشنى ياۋۇزبەگكە كۆرسەتمەي ئالقىنى بىلەن سۈرتىۋېتىپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى، ياۋۇزبەگ شۇئان بوينىدىكى ئاتىسى بەرگەن تۇمارنى يېشىپ ئېلىپ مەلىكىنىڭ بوينىغا ئېسىپ قويۇپ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ھەممە ئىشنى ئاسان قىلىدىغانلىقىنى ئاللاھ خالىسا نەچچە كۈنگە قالمايلا يەنە قايتىپ چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ مەلىكىگە تەسەللى بەردى.

شۇنداق قىلىپ ياۋۇزبەگ بىر كۆزى مەلىكىدە قالغان ھالدا ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى، ئۇلار بۇ خوشلىشىشنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ تەسىرلىك شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق خوشلىشىش ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيتتى.

*     *     *     *     *

ئۆتكەن قېتىم ياۋۇزبەگ تاغتۇرادىن ئوزۇق-تۈلۈك سېتىۋالغىلى

چۈشــــكەندە ئۆزىنىڭ كونا چۆپقىتى بولغان زەرگەر ئۇســـتامغا بىردانە يېشـــىل يـاقۇت بەرگەن ئىـدى، بۇ زەرگەر ئۇســـتا گەرچە گۆھەر ئۈنچىلەرنى ئانچە تونۇپ كەتمىسمۇ لېكىن بۇنداق چوڭلۇقتىكى يېشىل گۆھەرنىڭ ھېساپسىز پۇلغا يارايدىغانلىقىنى پەرەز قىلالايتتى. شۇڭا ئۇ ئەتىســـى دۇكىنىنى تـاقـاپ بۇ گۆھەرنى تـازا پۇل قىلىش ئۈچۈن خـانىدانلىقنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى پايتەختى بولغان ئەڭ چوڭ شـــەھىرى- ئاستانە شەھىرىگە قاراپ يول ئالدى، چۈنكى چوڭ شەھەردىكى داڭلىق جاۋاھىر پورۇشــلارلا بۇ مالنىڭ قەدرىنى بىلەتتى ھەم ئۇنىڭ قىممىتىدە پۇل چىقىرالايتتى.

زەرگەر ئۇســـتا شـــەھەرگە يېتىپ كەلگەنـدىن كېيىن ئـاۋات رەســـتىدىكى ئۆزىگە تونۇش بولغان چوڭ بىر يېغىپ ســـاقلىغۇچىنىڭ دۇكىنىغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى.

بۇ دۇكـانىنـىڭ خۇجـايىنى گەرچە شـــەھەردە نـامى ئـاتـالغان باي بولمىسىمۇ ئەمما ئۆزى مەككە مۇكەررەمگە نەچچە قېتىم بېرىپ كەھبىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن يولى راۋان توققۇزى تەل ھاجى كىشـى ئىدى. ئۇ ئۆز دۇكىنىغا جىددىي كىرگەن بۇ يىراق ســـەھرالىق كونا مېھمىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ نېمە مەقســـەتتە كەلگەنلىكىنى پەملىدى-دە ئۇنى ئۇدۇل ئارقا ھويلىغا باشـلىدى، بىردەملىك ســالام ـ ســائەتتىن كېيىن زەرگەر ئۇستا ئۆزى ئېغىز ئاچتى:

- ھـاجى ئـاكـا، يېقىنـدا قۇلۇمغـا تېپىلغۇســـز بىر تـال گۆھەر چۈشۈپتۇ، كۆڭلۈم يەنىلا سىلىنى تارتىپ ئۇدۇل يانلىرىغا ئەكىلىشىم،
ـ دېـدى زەرگەر خۇپســـەنلىـك بىلەن كۆلگىنىچە قۇلـدىكى كىچىـك ياغلىققا ئورالغان مالنى ھاجى كىشىگە سۇنۇپ.

- ياخشـــى قىپســـز دوســـتلۇق دىگەننى مانا مۇشـــۇنداق چاغدا

يەتكۈزگۈلۈك، جاھاننىڭ قانداق بولۇپ كەتكەنلىكى سىزگە ئايان، دىققەت قىلمىساق ئاران تۇرىمىز قارا بالاغا ئۇسكىلى، قېنى مەن كۆرۈپ باقاي!- دېدى ھاجى تۈگۈنچىنى يەشكەچ قۇلىدىكى مالنى مەنسىتمىگەندەك قىياپەتتە.

ھاجى تۈگۈنچىنى يېشىپ ئىچىدىكى يېشىل مالنى كۆرۈپ باشتا ئۇنى ساختىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدى، كېيىن ياقۇتنى قولىغا ئېلىپ كۆزىگە يېقىن ئەكىلىپ قۇياش نۇرىغا تۇتۇپ باقتى، ئۇنىڭ راستلىقىغا جەزم قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ھەيران قالغانلىقىنى زەرگەرگە چاندۇرماي ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ بىردانە لوپا ئەينەكنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ياقۇتنى يەنە قايتىدىن ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى، ئاندىن قولىدىكى بۇ يېشىل ياقۇت بىلەن قولىدىكى لوپا ئەينەكنى جىجىلاپ باقتى، دەرۋەقە لوپا ئەينەكنىڭ يۈزىدە ئىنچىكە بىر سىزىق پەيدا بولدى، دېمەك بۇ يېشىل ياقۇت ھەقىيقى ئالماس بولۇپ چىقتى، ھاجى ئۆمرىدە بۇنداق چوڭلۇقتىكى يېشىل ئالماسنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇنداق يېشىل ئالماسنىڭ ناھايىتى كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغانلىقىنى كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدىنلا ئاڭلىغان ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ زەرگەرنىڭ دولىسىغا مۇشتلىدى.

- قېنى دوستۇم، مېلىڭغا قانچىنى بېرەي؟- دېدى ھاجى خۇشاللىقىنى ئىچىگە يۇشۇرۇپ.

زەرگەر ئالماسنىڭ ساختا ئەمەسلىكىنى ھاجىنىڭ ھىلىگەرلىك چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئاللاقاچان بىلىپ قالغاچقا بوش يەردىن چۈشمىدى:

- سىلى بۇ خىل سودىنى قىلىپ كۈنۈك ھاجى ئاكا، بۇنداق مالنى

خاندانلىق تەۋەسىدىن ئەمەس پۈتكۈل يەتتە ئىقلىمدىن ئىزدەپ تاپماق بىر ئىش، شۇڭا ئۆزلىرى بىلىپ بىرنىمە دېگەيلا، باشـقىلار بۇ ئىشنى ئاڭلىسا ماڭا بىر ئۆمۈر قارىمايدۇ. . .

زەرگەر«باشقىلار» دېگەن سۆزنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئېيتقاچقا ھاجىنىڭ يۈرىگى بىر ئاز جىغىلداپ قالدى، ئەمەلىيەتتە ئۆزىدەك ھاجىدىن مىڭنىڭ مۈلۈكىنى بىر قىلغان تەقدىردىمۇ بۇ يېشىل ئالماسقا چىقىشالمايتتى، ھاجىنىڭ تۇرۇپ كاللىسىغا بىر خىيال كەلدى، ئۇ دەرھال زەرگەرنى ئۆيدە بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇشنى ئۆزىنىڭ يېنىدىكى نەخ پۇلنى باشقا بىر دوستىغا بىرىپ تۇرغانلىقىنى شۇڭا بۇ گۆھەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ پۇلنى ھازىرلا ئەكىلىپ بېرىدىغانلىقىنى جېكىلەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ھاجى ناھايىتى ئالدىراش شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى ئىلگىرىدىكى خانلىق ئوردىنىڭ ئالدىغا كىلىپ توختىدى. ئوردا دەرۋازىسى ئالدىدا رۇس ئەسكەرلىرى پوستا تۇرىۋاتقان بولۇپ رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ ھەربىي باش قۇماندانى مۇشۇ يەرنى ئىش بىجىرىش ئورنى قىلىۋالغان ئىدى.

ھاجى خۇشامەت بىلەن قۇراللىق پوستقا يانچۇقىدىكى پۈرلىشىپ كەتكەن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ كۆرسىتىۋېدى، ئۇلار ئۇنى ئوردىغا كىرگۈزىۋەتتى، ھاجى قەدىمىنى تىزلىتىپ ئۇدۇل باش گىنېرال تۇرۇشلۇق قەسىرنىڭ ئالدىغا كىلىپ توختىدى ۋە ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان قاراۋۇلغا ئۆزىنىڭ باش گېنىرالنى مۇھىم ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، قاراۋۇل ئۇنىڭ ئىسمىنى سورىۋېلىپ قەسىرگە كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي چىقىپ ئۇنىڭغا يول باشلاپ ئۇنى گىنېرال تۇرۇشلۇق ئۆيگە باشلاپ كىردى.

خام سىمىز كەلگەن گېنېرال خىزمەت ئۈستىلىدە باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋاتقان بولۇپ ئۆي ئىچى كۈچلۈك ۋوتكا پۇرىقىغا تولۇپ كەتكەن ئىدى. هاجى گېنېرالغا كۈچۈكلىنىپ سالام قىلدى، گېنېرال ئۇنى خوشياقمىغاندەك كۈتىۋالدى.

- گېنېرال جاناپلىرى، ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كېلىشىمدە، قولۇمغا بىر تال گۆھەر چۈشىۋىدى، ئۆزلىرىنىڭ ماڭا قىلىپ كەلگەن ئاتىدارچىلىقلىرىنى شۇنداقلا ئۆزلىرىنىڭ ياخشى مال چۈشسە ماڭا ئالدى بىلەن كۆرسەت دېگەن سۆزلىرىنى ئىسىمدە تۇتۇپ بۇنى ئالدىلىرىغا ئەكەلدىم، كۆرۈپ باقسىلا ئالىيلىرى! ـ دېدى هاجى دۇدۇقلاپ قولىدىكى تۈگۈنچەكلەنگەن ياغلىقنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ.

گېنېرال تۈركمەن تىلىنى بۇ خاندانلىققا كىرمەسىنىڭ نەچچە يىل ئالدىدا يۇقىرىنىڭ پىلانىغا ئاساسەن پىششىق ئۆگەنگەن بولغاچقا تۈركمەنچىنى بىمالال سۆزلىيەلەيتتى. گېنېرالغا هاجىنىڭ بۇ خەۋىرى ئالاھىدە بىلىنىپ ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ تۈگۈنچىنى قولىغا ئېلىپ يەشتى.

ئۇ يېشىل ئالماسنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي قالدى، ئۇ ئالماسنى قولىدا تۇتقىنىچە دېرىزە تۈۋىگە ئەكىلىپ قۇياش نۇرىغا تۇتۇپ باقتى، ئاندىن خۇشاللىقتا قىلغىلى قىلىق تاپالماي هاجىنى بېرىپ قۇچاقلاپ ئۇنى تەبرىكلىدى.

- يارايسىز هاجى، مانا ئەمدى مېنىڭ دوستۇمدەك ئىش قىلدىڭىز، دەڭا نېمە ئالىسىز؟- دېدى گېنېرال ئالماسنى توختىماي كۆزىگە سۈرتۈپ.

- مالنىڭ ئىگىسى هازىر ساقلاپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ باھاسى سەل ئۈرىدەك قىلىدۇ، شۇڭا. . . - هاجى گېنېرالنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ

قويماسلىق ئۈچۈن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى.

گېنېرال ئۇ گەپكە قۇلاق سالمىدى، ئۇنىڭ ئالدىدا بۇ دۆلەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان قەغەز پۇل ھېچنىمە بولۇپ ئۇنىڭغا لازىمى ئالتۇن-كۈمۈش، لەئلى-ياقۇت ئىدى. شۇڭا ئۇ ھاجىنىڭ دولىسىغا مۇشتلاپ قويۇپ ئىچكىرىدىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ئىككى تاغار پۇل ئاچىقىپ ھاجىنىڭ ئالدىدا قويدى، ھاجى كۆز ئالدىدىكى بۇنچە جىق پۇلنى كۆرۈپ چۈش كۆرىۋاتقان بولماي يەنە دەپ ئۆزىنىڭ قۇلىنى ئۆزى چىمداپ باقتى.

- ئېلىڭ بۇرادەر، بۇ مىنىڭ سىزگە قىلغان ئازراق كۆڭلۈم، سىزنىڭچە بۇ پۇل يىتەرمۇ؟ - دېدى گېنېرال ھاجىنىڭ ھاياجاندىن يوغىناپ كەتكەن كۆزىگە قاراپ.

- يەتمەمدىغان، يەتمەمدىغان گېنېرال ئالىيلىرى. . . دېدى ھاجى ئۇنىڭغا ھىجايغىنىچە خۇشامەت قىلىپ.

- بۇندىن كېيىن ھەمكارلىقىمىز تېخىمۇ كۈچەيسۇن!

- چاتاق يوق ئالىيلىرى، ئۇنداق بولسا مەن ماڭاي. . .

گېنېرال ھاجىنىڭ بۇ يەردىن تىزراق يۇقىلىشىنى خالايتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ خۇشاللىقتىن توۋلاپ ۋارقىرغۇسى كىلىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ ھاجىنى ئىتتىك ئۇزۇتۇپ قويۇپ يېشىل ئالماسقا قايتىدىن سەپ سېلىشقا باشلاپ ئۆزىنىڭ كىتاب جازىسىدىن مەخسۇس ئالماسقا ئائىت رۇسچە قامۇسنى قولىغا ئالدى.

ھاجى ئىككى تاغار پۇلنى يۈتكىنىچە ئوردىدىن چىقىپ ئۇدۇل دۇكىنىغا كەلدى ئاندىن دۇكان خىزمەتچىسىگە دۇكاننى تاقىۋېتىپ دەم ئېلىشىنى بۇيرىدى، خىزمەتچى ئىشىكنى تاقىۋېتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ ئىككى تاغار پۇلنىڭ بىر يېرىم تاغار پۇلنى تىقىپ قويۇپ قالغان

يېرىم تاغار پۇلنى كۆتۈرۈپ ئارقا هويلىدا ساقلاپ ئولتۇرغان زەرگەرنىڭ ئالدىغا قويدى.

زەرگەر خالتىنى ئېچىپ ئىچىدىكى پۇلغا قاراپ هاڭ-تاڭ قالدى، ئاندىن ئايلانغاندەك بولۇپ ئالدى-كەينىگە قارىۋەتكەندىن كېيىن هاجىغا دېدى:

- هەممىسىنى ئالامدىم ؟

- ئېلىڭ، ئېلىڭ، شۇنچە يىراقتىن ئاز جاپا بىلەن كەلمىدىڭىز، لاياقىتىڭىزدە بولمىدى، قالغىنى كۆڭلۈمدە بار. . .

- يۇقسۇ، يۇقسۇ هاجىم ئاكا، سەت بولدى!- زەرگەر شۇنداق دېگىنىچە ئاغىزى قۇلىقىغا يېتىپ تاغاردىكى پۇلنى خۇددى هازىرلا بىرسى تارتىۋالىدىغاندەك مەيدىسىگە چىڭ باستى.

- بۇندىن كېيىن يەنە ئېسىل ماللار قولىڭىزغا چۈشسە، ئۇدۇل مىنى ئىزدەڭ، ئەجرىڭىزنى هەرگىز يەردە قويمايمەن - دېدى هاجى غادايغىنىچە ئۆزىنى كۆرسىتىپ.

زەرگەر خۇشاللىقىدىن هاجىغا تۈزۈكمۇ خوش دىمەي چىقىپ كەتتى، هاجى ئۇنى يولغا سېلىپ قۇيۇپ ئىشىك دەرىزىلەرنى مەهكەم تاقاپ بايامقى تىقىپ قويغان پۇللارنى ئېلىپ ساناشقا باشلىدى.

گېنېرال هاجى بىلەن خوشلىشىپ توم كىتاپنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ يېشىل ئالماسنىڭ پەقەت ئافغانىستان تاغلىرىدىن كەمدىن كەم چىقىدىغانلىقىنى، بۇنداق چوڭلۇقتىكى يېشىل ئالماسنىڭ دۇنيادا پەقەت ئىككى تاللا بارلىقىنى بىلدى، لېكىن كىتاپتا بۇ ئالماسلارنىڭ نەدە، كىملەرنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى تولۇق قەيت قىلىنمىغان ئىدى.

ئاچكۆز گېنېرال كىتاپنى دەرهال يېپىپ قويۇپ هەربىي فورمىسىنى

كېيىپ ئالدىراپ ھاجىنىڭ دۇكىنىغا ماڭدى، چۈنكى ئۇنىڭ تويىماس نەپسىگە بۇ ئالماسنىڭ يەنە بىرىنىڭ ئىزدىرىكىنى قىلىپ بېقىش ئۆتى تۇتاشقان ئىدى.

گېنېرال ھەربىي ماشىنىسى بىلەن ھاجىنىڭ دۇكىنى ئالدىدا توختاپ شوپۇرىغا ئۆزىگە ساقلاپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ خىزمەت سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە تاقالغان دۇكان ئىشىگىنىڭ يېنىدىكى ھەشەمەتلىك دەرۋازىنى قاقتى.

ھاجى ئۆيىنىڭ ئىچىدە پۇلنى ئەمدى ساناپ بولۇشى ئىدى، ئۇ تۇيۇقسىز قېقىلغان ئىشىك ئاۋازىدىن پۇللارنى ئالدىراپ-سالدىراپ تاغارغا سېلىپ كارۋاتنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇپ قويۇپ يۈگۈرگىنىچە چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى.

ھاجى ئىشىك تۈۋىدە كۆلۈمسىرەپ تۇرغان گېنېرالنى كۆرۈپ «پۇلنى ياندۇرۇۋالغىلى كەلمىگەن بولمىسۇن يانا» دىگەننى ئويلاپ قورقىنىدىن ئەرۋايى قىزىق گەز ئۆرلىدى.

- گېنېرال بۇ. . . بۇ. . . ئۆزلىرىمىدىلە. . . - دېدى ھاجى ئېغىزىدىكى تۈپۈكنى ئاران يۇتىۋېتىپ جىددىيلەشكەنلىكىنى بىلدۈرمەي - قېنى ئۆيگە كىرسىلە!

گېنېرال ئۇنىڭ ئۆزىدىن بەك چۈچۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى، ھاجى بىر ئاز خاتىرجەم بولۇپ گېنېرالنى ئۇدۇل مېھمانخانىسىغا باشلاپ چاي ئەكىرگىلى مېڭىۋىدى، گېنېرال ئۇنى توستى:

- بۇرادەر، بولدى ئاۋارە بولماڭ، كىلىشتىكى مەقسىتىم مۇنداق، بايامقى گۆھىرىڭىزگە قىزىقىپ قېلىپ ماتېرىيال ئاختۇرۇپ باققان ئىدىم، قارىسام ئۇنىڭ ئاسارە-ئەتىقىلىك قىممىتى خېلى يۇقىرى

ئىكەن، شـۇڭا ئۇنى سـىزگە بەرگەن ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ باقاي دېۋىدىم. . .

گېنېرال شـۇنداق دېگەچ خىزمەت سـومكىسـىدىن بىر قانچە باغلام ئامېرىكا دوللىرىنى چىقىرىپ ھاجىنىڭ قولىغا سـۇندى. ئىشـىنىڭ تېگى تەكتىنى چۈشـەنگەن ھاجىنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ ئىچىدە خۇداغا مىڭ شۈكرى قىلدى، ئۇ دوللارنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ:

- ئـالىيلىرى بۇنىڭغىمۇ بۇنچىلىـك كـايـاپ كىتىش كىتەمـدۇ، قارىسـىلا سـىلىنى، مىنى ئۆز كۆرمەيدىكەنلادە - دېدى ھاجى پۇلنى ئالغىلى ئۇنىماي.

- ئېلىڭ، ئېلىڭ، ئۆيىڭىزگە بۇنداق قۇرۇق كەلمىسـەم بولاتتى، بۇمۇ مىنىـڭ كۆڭلۈم - دېـدى گېنېرال بۇيرۇق تەلەپپۇزدا پۇلنى ئۇنىڭ قولىغا مەجبۇرى تۇتقۇزۇپ قويۇپ.

ھاجى ئۈسـتى-ئۈسـتىلەپ كەلگەن بۇ ئامەتلەردىن خوش بولۇپ گېنېرالنىـڭ يېنىغـا يېقىن كىلىـپ ئۇنىـڭ قولىقىغـا بىر نىمىلەرنى كۇسۇرلىدى، گېنېرال بېشىنى لىڭشىتىپ ئۇنىڭ كۆرسەتكەن مەسلىھەتى بويىچە ئىش قىلىدىغان بولدى.

ئەتىسى ھاجى يىراق سـەھرادىكى زەگەر ئۇستىنىڭ يۇرتىغا قاراپ سـەپەرگە ئاتلاندى، بىر قانچە كۈنلۈك سەپەردىن كېيىن ھاجى ھېلىقى زەرگەرنىـڭ ئۆيىگە بېرىـپ ئون نەچچە بـاغلام پۇلنى ئۇنىـڭ ئـالدىغـا قـويـۇپ مەخسـىتىنى ئېيتتى، زەرگەر يـاۋۇزبەگنىـڭ كىملىكىنى بىلمەيتتى، شـۇنـداقتىمۇ پۇلنىـڭ قىزىقتۇرىشـى بىلەن يـاۋۇزبەگ كەلگەنـدە ئۇنى گېنېرالغـا تۇتۇپ بېرىـدىغـانغـا ھـاجىمۇ ئـاڭغىچە زەرگەرنىـڭ ئۆيـدە يـاۋۇزبەگنىـڭ كىلىشـىنى سـاقلاپ تۇرىـدىغانغا مەسلىھەتلەشتى.

ياۋۇزبەگ مەلىكە بىلەن خوشلىشىپ ئىككى كۈندىن كېيىن ھېلىقى بازارغا يېتىپ كەلدى، ئۇ ئادىتى بويىچە كونا چۆپقىتى بولغان زەرگەرنىڭ ئىشىگىنى يېنىك چەكتى. زەرگەر ئىشىكنى ئېچىپ ياۋۇزبەگنى كۆرۈپ ئىنتايىن جىددىلىشىپ يۈرىگى باشقىچە سېلىپ كەتتى، زەرگەر بىر تۇرۇپ يەنە كۆڭلىدە ئۇنىڭ بۇيەرگە مەڭگۈ كەلمەسلىكىنى ئۈمىد قىلاتتى ئەمما پۇلنىڭ شەيتىنى ئۇنىڭ ئىمانىدىن غالىب كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاجىنىڭ كۆرسەتكەن پىلانى بويىچە ياۋۇزبەگنى ئۆيىگە چېك تۇتتى، ياۋۇزبەگ ناھايىتى ئەخلاقلىق كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋايلايدىغان ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ قېتىم زەرگەرنىڭ كۆڭلىنى رەت قىلالماي ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ دۇئا ياندۇرۇپلا چىقماقچى بولدى.

ياندىكى ئۆينىڭ دەرىزىسىدىن ئۇلارنىڭ ھەركىتىنى مۆشۈكتەك مارىلاپ تۇرغان ھاجى ئىشىكتىن كىرگەن بۇ يۇچۇن ئادەمنىڭ تەققى تۇرقى زەرگەر تەسۋىرلەپ بەرگەن يېشىل ياقۇتنىڭ ئىگىسىگە ئوخشايدىغانلىقىنى بىلىپ دەل ساقلاۋاتقان ئادىمىنىڭ شۇ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى.

ياۋۇزبەگ دۇئانى ياندۇرۇپ قوپۇشقا تەمشەلگەندە ھاجى ئالدىراپ كىرىپ كەلدى، ئۇ ياۋۇزبەگ بىلەن ئىنتايىن قىزغىن كۆرۈشۈپ ئۆزىنى زەرگەرنىڭ يىراق نەمەنگاندىكى تاغىسى ئىكەنلىكىنى ئاتىسىنىڭ بېشىنىڭ مۇشۇ يۇرتتا ئىكەنلىكىنى قەبرە بېشىنى يوقلاش ئۈچۈن ئاتايىن يىراق يەردىن بۇ يەرگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ كۆز يېشى قىلدى.

- كۆڭۈللىرىنى بۇزمىسىلا ئاكا، ئاللاھ بىزدىكى بۇ ئامانەتنىمۇ ھامان بىر كۈنى ئېلىپ كىتىدۇ، يېقىنىدىن ئايرىلمىغان كىم بار، سەۋر

قىلسـىلا. . . - دېدى ياۋۇزبەگ يىغلاپ ئېقىپ كەتكەن نەمەنگانلىق بۇ كىشىگە تەسەللى بېرىپ.

- شـۇنـداق ئۇكام، ئېيتقانلىرى توغرا، لېكىن ئادەم دېگەن ھۆل نەرسىكەن، ياش چوڭايغانسېرى مۇشـۇنداق باغرى سـۇنۇق بولۇپ قالىدىكەن، ئالدىلىرىدا سـەت بولدى ئۇكام، - ھاجى شـۇنداق دېگىنىچە كۆزىدىكى ياشـنى قولياغلىق بىلەن سـۈرتكەچ كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا زەرگەرگە قاراپ قويدى. ئاڭغىچە زەرگەر ياۋۇزبەگكە چاي دەملەپ ئەكىرمەكچى بولۇپ سـىرتقا ماڭدى، ياۋۇزبەگ بۇنى كۆرۈپ قوپۇشقا تەمشىلىۋىدى، نەمەنگانلىق بۇۋاي ياۋۇزبەگنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ ئۇنى ئورنىدىن قوپقىلى قويمىدى.

- توۋۋا ئۇكام، بىر پىيالە چاي بولسـىمۇ ئىچىپ مېڭىڭ، كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنىۋىدىڭىز ئەتىنىڭ ياقى سىزگە دەرد تۆكۈپ يىغلاپتىمەن، بىر ئاز تەخىر قىلىڭ، سـىزگە بىر پىيالە بولسـىمۇ چاي تۇتاي - نەمەنگانلىق كىشـى ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشـخانا ئۆيگە چىكەتكەن زەرگەرگە ئۈنلۈك توۋلىدى - ھاي ئۇكام، ئاۋۇ دەرىزىگە ئېلىپ قويغان بوغچىدا نەمەنگاننىڭ دورىلىق چېيى بار ئىدى، مېھمانغا شـۇنى بىر دەملەپ ئاچىققىنا. . . توختىغىنا بولمىسا ئۆزەم چىقاي!

نەمەنگانلىق كىشـى ئالدىراپ كالىچىنى سـېپىپ ئۆزى تۇرىدىغان ھوجرىغا كىرىپ سومكىسىدىن كىچىك بىر شىشە قۇتىنى ئالدى ئاندىن ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ چاي دەملەيدىغان چەينەكنىڭ ئىچىگە قۇلىدىكى شـېشـىدىكى دورىدىن ئىككى-ئۈچ چىمدىم سـالدى. ھاجىنىڭ بۇ ئىشـلىرىنى كۆرۈپ زەرگەرنىڭ قورقىنىدىن چىرايىدا قان قالمىدى، ئۇ چەينەكنى پەتنۇسقا سـېلىپ مېڭىۋىدى، قولى تىترەشـكە باشـلىدى، بۇنى كۆرگەن ھـاجى ئۇنىڭغا تازا بىر ئالىيىپ قويۇپ پەتنۇسـنى ئۆزى

ئېلىپ ماڭدى.

ئۇ ياۋۇزبەگنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۈچ پىيالىگە چاي قۇيدى، ئاندىن ياۋۇزبەگكە قاراپ:

- ئېلىڭ ئۇكام، بىز تەرەپلەرگە بېرىپ قالسىڭىز مەندەك بىر غېرىب ئاكىڭىزنى يوقلاپ ئۆتەرسىز، مەندەك بىر مۇساپىرنىڭ تۇتقان چېيىنى ئۇنتۇپ قالماسسىز ئۇكام. . . - نەمەنگانلىق شۇنداق دېگەچ يەنە كۆزىگە ياش ئېلىپ مىچىلداپ يىغلاشقا باشلىدى.

ياۋۇزبەگ مېڭىشقا ئالدىرايتتى، بىراق ئالدىدىكى ناتونۇش ئادەمنىڭ يىغىسى ئۇنى چاي ئىچىپ مېڭىشقا دەۋەت قىلاتتى، ياۋۇزبەگ ناماز شامنىڭ قىستاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ پەتنۇستىكى ئۆزىگە تەۋە چاينى بىر ئوتلاپلا كۆتۈرۈۋېتىپ ساھىبخاندىن مېڭىشقا ئۆزرە سورىدى. زەرگەر بىر ئاز تەكەللۇپ سۆزى قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مېڭىشىغا رۇخسەت قىلدى، ياۋۇزبەگ نەمەنگانلىق بىلەن خوشلىشىپ زەرگەر بىلەن دۇكان ئۆيگە كىرىپ كەتتى، بۇ قېتىم ياۋۇزبەگ ئالتۇن تىللا ئالغاچ كەلگەن بولۇپ زەرگەر ئۇنىڭ قولىدىكى پارقىراپ تۇرغان تۆت- بەش تال ئالتۇن تىللانى كۆرۈپ كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولدى، ئۇ تەڭگىلەرنى قولىغا ئېلىپ بىرمۇ بىر پۇۋلەپ باققان بولدى، دەل مۇشۇ پەيتتە ياۋۇزبەگنىڭ ئىچكەن ئۇيقۇ دورىسى كۈچىنى كۆرسىتىپ ئۇنىڭ پۇت-قولىنى بوشىتىشقا باشلىدى، ياۋۇزبەگ نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي دۇكان ئۆيدىكى كارۋاتتا ئېغىر تىنىقىنچە ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئىچكىنى ئۇيقۇ دورىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ ئۇنى مۇشۇ ئوخلاتقىنىچە بىر كېچە كۈندۈز ئۇخلىتالايتتى. ياۋۇزبەگنىڭ بېشى قېيىپ، پىشانىسى تەرلەشكە باشلىدى، ئاخىرى كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كارۋاتقا ئۆزىنى قويىۋەتتى.

زەرگەرنىڭ قورققىنىدىن قۇلىدىكى ئالتۇن تىلالىرى يەرگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ يۈگۈرگىنىچە ھاجىنىڭ يېنىغا چىقىپ ئەھۋالنى بايان قىلدى، ھاجى دۇكان ئۆيگە كىرىپ ياۋۇزبەگنىڭ كۆز قاپىقىنى ئېچىپ قاراپ بېقىپ دورىنىڭ راستىنلا كارامىتىنى كۆرسەتكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى.

ئاندىن ئۇ دەرھال نېپىز چاپىنىنى كىيىپ چاپاننىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ گېنېرال يېزىپ بەرگەن رۇسچە تونۇشتۇرۇش خېتىنى قۇلىغا ئېلىپ يۈگۈرگىنىچە چىقىپ كەتتى، ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە بۇ بازارنىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل ئەسكەرلەر تۇرۇشلۇق ئەترەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان رۇس ئەسكىرىگە تونۇشتۇرۇشنى بەردى، ئەسكەر تونۇشتۇرۇشنى ئۇقۇپ ھاجىنى دەرھال ئىشخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى باشلىقنىڭ ياتىقىغا باشلاپ ئاچىقىپ خەتنى باشلىقىغا بەردى، باشلىق خەتنى چىراغقا تۇتۇپ ئوقۇغاندىن كېيىن دەرھال پۈشتەك چېلىۋىدى، ئوتتۇز-قىرىقچە قۇراللىق رۇس ئەسكىرى يەردىن ئۈنگەندەك پەيدا بولۇپ سەپكە تىزىلدى، باشلىق ھاجىغا ئىشارەت قىلدى، ھاجى ئۇلارنى باشلاپ زەرگەرنىڭ ئۆيىگە ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

ياۋۇزبەگ ئويغانغاندا ئۆزىنىڭ پۇت- قۇلىنىڭ كىشەنلەنگەن ھالدا توك ياندۇرۇلغان بىر ئۆيدە تۆمۈر ئورۇندۇقتا زەنجىر بىلەن مەھكەم باغلانغانلىقىنى كۆردى. ياۋۇزبەگ ھەربىي ماشىنا بىلەن ئاستانىگە يالاپ ئەكېلىنىش جەريانىدا چاتاق چىقىپ قالماسلىق ئۈچۈن ھەربىي دوختۇر ئۇنىڭغا يول بويى ئۇيقۇ دورىسىنى ئوكۇل قىلىپ كەلگەن ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغانغاندا ئىسىنى ئوبدان يېغىلمايۋاتاتتى.

- بۇ قەيەر؟

ياۋۇزبەگ غەزەپ بىلەن ۋارقىردى.

- بۇ دېگەن رۇسلارنىڭ تۈرمىسى جانابى باش سانغۇن! - دېدى ئۇنىڭ ئويغىنىشىنى كۈتۈپ تۇرغان گېنېرال مۇكەممەل تۈركمەن تەلەپپۇزىدا.

ياۋۇزبەگ مۇشۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ھېلىقى ئىككى مۇناپىق تەرىپىدىن سېتىۋېتىلگەنلىكىنى ئويلاپ يېتىپ قىلغان ئىشىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلدى، مەلىكىنىڭ ھازىر نېمە ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى خىيال قىلىپ كۆز ئالدىنى قاراڭغۇلۇق باستى، ئۇ ئاچچىقتىن ۋارقىردى :

- سەنلەرگە نېمە لازىم، مىنى قويىۋېتىش!

- بىزگە لازىمى خانىدانلىق غەزىنىسىدىكى ئەشۇ بايلىقلار ياۋۇزبەگ! ئاخشاملا ئادەملىرىنىڭ سىنى بىزگە تۇنۇپ بىرىپ ئەھۋالىڭنى يىپىدىن -يىڭنىسىغىچە ئېيتىپ بەردى، ئاڭلىساق غەزىنىدىكى بايلىقنى تەقسىملەشكە سەن ئۆزۈڭ باش بولۇپسەن، سەن ئۆزەڭگە بىرتال تەڭگىمۇ قالدۇرماي تارقىتىۋەتكەنسىمۇ؟ بىزنى نېمە كۆرۈپ قالدىڭ، راستىنى ئېيت! - گېنېرال سېرىق بۇرۇتىنى لىكىلدىتىپ ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى.

- تولا جۆيلىمە ! مەن سەندەكلەردەك پەس ئەمەسمەن!

- ئۇنداق بولسا بۇ يېشىل ئالماسنى نەدىن تاپتىڭ؟

ياۋۇزبەگ ئۆزىنىڭ قەيەردە كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلدى، مەلىكە كىچىكىدىن باشلاپ ئالتۇن-جاۋاھىراتلارنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئالماسنى تاش ئورنىدا كۆرەتتى، ياۋۇزبەگ كىچىكىدىن ئاددى - ساددا ياشاپ كەلگەچكە ئالماسنىڭ نېمىلىكىگە قىزىقمايتتى، ئۇ كېيىن ئالماس توغرىلىق خېلى بىرنەرسە ئۆگەنگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ باقمىغاچقا ئۇنىڭ زادى

قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئىككىسى ھاياتىدىكى بۇ خاتا قەدەمنى بېسىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەلىكىنىڭ ئاي-كۇنى يېقىنلاپ قالغاچقا ياۋۇزبەگ مۇشـــۇ تاپتا مەلىكىنىڭ ئامانلىقىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق تىت-تىت بولۇپ كىتۋاتاتتى.

- ئەي رۇس ئەمەلـدارى، گېپىمگە ئىشـــەنگىن، خەزىنىــدىكى بـايلىقنى مىنىـڭ تارقاتقىنىم راســـت، لېكىن قولۇمدا ئۇنچە زور بايلىق يوق، مىنى قويىۋۈەتكىن، قولۇمـدا بـارىنى ســـاڭـا بېرەي! ـ دېـدى ياۋۇزبەگ ناھايىتى زەردە بىلەن گىنىرالنىڭ شـــۇملۇققا تولغان چىرايىغا قاراپ.

- ھىم، سـاڭا ئىشـەنگەنمۇ بۇلاي، ئۇنداقتا سـىنىڭ قولۇڭدا زادى نىمىلەر بار؟

- مىنىــڭ قولۇمــدا بــارى كۆپ ئەمەس، لېكىن مەنــدە بـارىنىــڭ ھەممىنى ساڭا بېرەي، مىنى تىز قويىۋۈەتكىن!

- ئـۇنــداقتــا ســـەن ئــالـدى بىلەن ئۇلارنى نەگە يۇشـــۇرۇپ قويغانلىقىڭنى ئېيت، ناۋادا دېگەنلىرىڭ راست بولۇپ چىقسا، سەندەك بىر چۈپرەندىنىڭ كاللىســنى ئېلىش ماڭا ئۇنچە زۆرۈرمۇ ئەمەس، قېنى ئېيتە!

- ھەي رۇس ئەمەلدارى، مەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلاي، مىنى قويىۋۈەتكىن، ساڭا لازىمىنى مەن ئەكىلىپ بېرەي!

- مىنى كىچىك بالا چاغلاپ قالغان ئوخشـايســەن باش ســانغۇن، بۇپتۇ تېرىغىنىڭنى ئورىغىن!

گېنېرال يېنىدىكى رۇس ســـوراقچىلىرىغا ئىشــارەت قىلدى، ئۇلار گۆركىرەپ كۆيىۋاتقان چوڭ بىر مەشنى كۆتۈرۈپ ئەكىرىپ ئىچىگە چوڭ بىر ياپىلاق تۆمۈر پارچىســـنى ســېلىپ قىزدۇرۇشــقا باشــلىدى، تۆمۈر

پارچىسى قىززىغىنىدىن ئوتقاشتەك قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن ئىدى، سوراقچى ئۇنى ئۇزۇن بىر لاخشىگىر بىلەن قىسىپ ئېلىپ ياۋۇزبەگنىڭ بەدىنىگە ياقماقچى بولدى. مۇشۇ چاغدا گېنېرال سوراقچىنى توختىتىپ ياۋۇزبەگدىن قايتا سورىدى:

- ياۋۇزبەگ، بۇ يەردىن ئەمدى ئۆلۈكۈڭ چىقسا چىقىدۇ، ھەرگىز تىرىكىڭ چىقالمايدۇ، گۆشۈڭ كاۋاپ بولۇپ ئۆلگەندىن كۆرە، راست گېپىڭنى دېسەڭ بولمامدۇ؟

- ئارىلىقىمىز يىراق ئىكەن، ھەي ئەمەلدار! سەن ماڭا ئىشەنمىدىڭ، بۇپتۇ تەقدىرىم شۇنداق ئىكەن، قولۇڭدىن كېلىدىغاننى قىل !

سوراقچى گېنېرالنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ياۋۇزبەگنىڭ ئۈستىۋېشىنى يالىڭاچلاپ قىزىق تۆمۈر پارچىسىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە ياقتى. ۋاشىشىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئاپئاق بۇس كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ ئۆي ئىچىنى كاۋاپ ھىدى قاپلىدى، ياۋۇزبەگ دەھشەتلىك ئاغرىق ئازابىدىن « ئاللاھۇ ئەكبەر! » دەپ ۋاقىرىغىنىچە ھوشىدىن كەتتى.

ياۋۇزبەگ كۆيۈك ئازابىدىن قاتتىق ۋاقىرىغان شۇ دەقىقىدە ياۋۇزبەگنىڭ يۈلغا قاراپ يىغلاپ ئېلىشىپ قالاي دېگەن مەلىكىمۇ قورسىقىنى تۇتقىنىچە «ۋايجان» دەپ توۋلاپ ئولتۇرغان قۇرام تاش ئۈستىدە يېتىپلا قالدى، يېنىدىكى قارا بويناق مەلىكىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزىنى تاشلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۈنلۈك قاۋاشقا باشلىدى. ئىنىك ئانا قارا بويناقنىڭ ھاۋشىغىنىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ بىچارە مەلىكىنىڭ تولغاق ئازابى تارتىۋاتقانلىقىنى بىلدى-دە ئۇنى ناھايىتى تەسلىكتە يۆلەپ ئۆيگە ئەكىردى.

سوراقچىلار بىر چېلەك سۇنى ھۇشىدىن كەتكەن ياۋۇزبەگنىڭ يۈزىگە چاچتى، ئۇ ھۇشىغا كەلدى. گېنېرال ئۇنىڭدىن گەپ سورىدى، ياۋۇزبەگ ھېچقانداق گەپ قىلمىدى. سوراقچىلار يەنە قىزىق تۆمۈر پارچىسىنى ئۇنىڭ بەدىنىگە چاپلىدى، ئۇ يەنە ھۇشىدىن كەتتى. . . سوراقچىلار ئۇنى مۇشۇ تەرزدە بىر كېچە-كۈندۈز قىينىدى، ئۇنىڭ بەدىنىدە تەڭگىچىلىك ساق يەر قالمىدى. . . لېكىن ئۇ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دىن باشقا ھېچقانداق گەپنى قىلغىلى ئۇنىمىدى.

ئامراق يۆلەنچۈكى ياۋۇزبەگدىن ئايرىلغان مەلىكىمۇ ساق بىر كېچە-كۈندۈز تولغاق ئازابىدىن قىينىلىپ چىقتى، ئىنىك ئانا ئەتىۋارلىق قىزىنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ پەرۋانىدەك چۆرگىلەيتتى، توختىماي كۆز يېشى قىلاتتى.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئالەمنى قاراڭغۇلۇق بېسىشقا باشلىدى، تۇيۇقسىز ئۆيىنىڭ ئىچى كېچىدەك بولۇپ كېتىپ ئىنىك ئانا بىر نەرسىنى ئوبدان كۆرەلمەي چىراغ يېقىشقا مەجبۇرى بولدى، دەل مۇشۇ چاغدا مەلىكە قاتتىق بىر تولغاق تۇتۇش بىلەن ئاخىرى بىر سىمىز بۇدرۇق ئوغۇلنى تۇغدى، بوۋاق دۇنياغا كۆز ئاچتى، قاراڭغۇلۇقمۇ تەدرىجىي يوقىلىپ ئالەم يورۇشقا باشلىدى. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ يىغىسى پۈتۈن تاغ تورانى بىر ئالدى، تاغ شاملى بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازىنى قىيا-جىلغىلاردىن ئاتلىتىپ ھۇشسىز ياتقان ياۋۇزبەگنىڭ قۇلىقىغا بىلىنەر-بىلىنمەس ئاڭلاتتى.

ياۋۇزبەگ ئوغلىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولۇپ ئاستا-ئاستا ھۇشىغا كەلدى، ئۇ بالىسىنىڭ يىغا ئاۋازىدىن كۈلۈپ كەتتى. . .

گېنېرال سوراقخانىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ كېچىدىن ياۋۇزبەگنى سوراق قىلمەن دەپ تۈن يېرىمىغىچە بۇ يەردە تۇرغاچقا كۆزلىرى

ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ قاپاقلىرى تومپىيىپ كەتكەن ئىدى، شۇ تاپتا ئۇ بەئەينى بىر كۆزىگە قان چۈشكەن چوشقىغىلا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

ياۋۇزبەگ ھېلىمۇ تۆمۈر ئۇرۇندۇقتا زەنجىر-كىشەنلەر بىلەن باغلىنىقلىق تۇراتتى. گېنېرال شۇنداق قاۋۇل بەدەنلىك ياۋۇزبەگنىڭ بىر كېچىدىلا مۇشۇنداق ئېچىنىشلىق بىر ھالەتكە كىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى ھەم ئۇنىڭ كۆيۈپ كاۋاپ بولۇپ كەتكەن تىنىدىن يىرگەنگەندەك بولدى. سوراقچىلار گېنېرالغا بېشىنى چايقاپ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق جاۋاب چىقمىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

گېنېرال ياۋۇزبەگنىڭ ئالدىغا كىلىپ تۇيۇقسىز بىر گەپنى قىلدى:

- باش سانغۇن، مەلىكە كۈن چېچەكنى سىز بىلەن بىرگە بۇلىشى مۇمكىن دېگەن خەۋەر بۇگۈن سەھەردە قۇلىقىمغا كىرىپ قالدى بۇ راستىما؟

ياۋۇزبەگنىڭ قورققان ئىشى ئاخىرى يۈز بەردى، ئەمدى ئۇ مەلىكىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى، ئىشلارمۇ بارغانسېرى يامانغا قاراپ ئۆزگىرىۋاتاتتى.

- ئەگەر مەن. . . بايلىقنى نەگە يوشۇرغانلىقىمنى. . . دەپ بەرسەم. . . راستىنلا. . . مىنى. . . قۇيۇپ بېرەمسەن. . . ؟

ياۋۇزبەگنىڭ ھەر بىر ئېغىز گېپى ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن ئاران چىقاتتى. شۇڭا ئۇ ياۋۇزبەگنىڭ پەس ئاۋازدىكى گېپىنى ئوبدان ئاڭلىيالمىدى.

- نېمە دېدىڭ يەنە بىر دىگىنە؟

- بايلىقنىڭ. ئورنىنى. . . دەپ بەرسەم. . . راستىنلا. . . مىنى قۇيۇپ. . . بېرەمسەن. . . ؟

گېنېرال ئۇنىڭ ئاخىرى گەپكە كىرگەنلىكىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئۇ كۆڭلىدە «سىنى مۇشۇ سېسىغان تىنىڭ بىلەن قۇيۇۋەتسەممۇ قۇيۇۋەتمىسەممۇ ئەتىگە قالماي بەرىبىر ئۆلۈپ كېتىسەن، ھەي بىچارە بايقۇش» دىگەننى ئويلاپ ئۇنىڭ ئاخماقلىقىدىن كۈلۈپ كەتتى.

- ئەلۋەتتە قۇيۇپ بىرىمەن، قېنى ئېيتە!

- گېپىڭ. . . راستمۇ. . . ؟

- راست بولمامدىغان. . . راست!

- ماڭا. . . بىر يۇتۇم. . . سۇ. . .

- ئۇنىڭغا سۇ بىرىڭلار!

ياۋۇزبەگ سۇنى ئېغىزىغا ئالالمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ بويىنىنى ئالدىغا ئىگىلەلىگۈدەك ياكى ئېغىزىنى چوڭراق ئاچالىغۇدەك ماغدۇرىمۇ قالمىغان ئىدى. گېنېرال سوراقچىلارغا زەنجىرنى ئازراق بوشۇتۇپ قۇيۇشقا ئىشارەت قىلدى، چۈنكى گېنېرال ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئەمدى گەپ ئالاي دەپ تۇرغاندا ئۇنىڭ تۇيۇقسىز نەپەستىن قېلىشىنى خالىمايتتى.

سوراقچىلار ئۇنى ئازراق بوشىتىپ قويدى، ياۋۇزبەگ ئەمدى بويىنىنى بوشىراق سوزۇپ سۇنى ئاغىزىغا ئېلىپ بىر قانچە يۇتۇم يۇتالىدى.

- سۆزۈمنى. . . ئېسىڭلاردا تۇتۇڭلار. . . جەنۇبىي چېگرادىكى. . . خان يايلىقىنى. . . بىلەمسىلەر. . . ؟

ياۋۇزبەگنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى چۈشۈپ كەتتى.

گىنىرال ئۇنى ئۆلۈپ قالىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ قېلىپ جىددىيلەشكىنىچە دەرھال دوختۇرغا ئادەم چىقارتتى.

- ياۋۇزبەگ غەيرەت قىلىڭ، گېپىڭىزنىڭ ئاخىرىسىنى دەڭ! - دېدى گېنېرال ياۋزبەگنىڭ ئېغىزىغا قۇلىقىنى يېقىن ئەكىلىپ.

- خان يايلىقىدا. . . بىر قەدىمىي. . . مازار بار. . .

- شۇنداق، شۇنداق، كونا بىر مازار بار. . .

- شۇ مازارنىڭ. . . غەربىدە. . . نېرىسىدا. . .

گېنېرال نېمە گەپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئاڭلىيالماي قۇلىقىنى ياۋۇزبەگنىڭ ئېغىزىغا چاپلىغانچىلىك قىلدى:

- باش سانغۇن، مازارنىڭ غەربىدىكى قەيەردە؟

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ياۋۇزبەگ تۇيۇقسىز شۇنداق بىر كۈچكە كىلىپ بېشىنى ئالدىغا سۇنۇپلا خۇددى بۆرە ئولجىسىنىڭ ئەجەللىك بوينىنى ئېلىۋالغاندەك توڭغۇز گېنېرالنىڭ گېلىنى ئاغزىغا كاپپىدە ئېلىۋالدى-دە بار كۈچى بىلەن قاتتىق چىشلەپ قاۋاننىڭ پوكىنىنى قويىۋەتمىدى، دەقىقە ئىچىدە گېنېرالنىڭ قۇلىدىكى تاپانچا يەرگە چۈشۈپ كېتىپ ئىككى قۇلى بوغۇزلانغان كەپتەرنىڭ قانىتىدەك ھاۋادا تىترەپ لەيلەشكە باشلىدى، ياۋۇزبەگ ئەسلىدە بىر چىشلەشتىلا گېنېرالنىڭ بويۇن ئارتېرىيىسىنى ئۈزىۋەتكەن بولغاچقا ئاخماق گېنېرال يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن يېشىل ئالماسقا قاراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي جان تەسلىم قىلغان ئىدى. ياندىكى سوراقچىلار نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي يەردىكى تاپانچىنى ئېلىپلا ياۋۇزبەگنىڭ بېشىغا قارىتىپ ئوق ئاتتى. . .

ياۋۇزبەگ ئوق ئاۋازدىن چۆچۈپ يانغا قارىۋىدى، مەلىكە كۆن چېچەك ئىشىك تۈۋىدە ئۈنىڭغا قاراپ قۇلىنى سۇنغىنىچە كۈلۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ مەلىكىنىڭ ئالدىغا باردى، مەلىكە ئۇنى باغرىغا چىڭ باستى، ياۋۇزبەگ خۇددى ئىلگىرىكىگە ئوخشاش مەلىكىنى توغرىسىغا كۆتۈرۈۋالغىنىچە بۇيەردىن يىراقلاپ كەتتى. . .

ياۋۇزبەگنىڭ چېكىسىدىن شىرىلداپ چىققان قىپقىزىل قان ئۇنىڭ قۇلاق يۇمشىقىدىن ئېقىپ شېھىتنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى يۇيۇپ چىقتى ئاندىن پۈت بارماقلىرى ئارىسىغا كىلىپ بىردەم توختاپ شېھىت بىلەن ۋىدالاشقاندىن كېيىن ئۇدۇل شېھىت دەسسىگەن تۇپراققا سىڭىپ كەتتى.

ئوق ياۋۇزبەگنىڭ چېكىسىدىن تىشىپ كىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ چېكىسىدىن بۇقۇلداپ قان ئېقىشقا باشلىغان مۇشۇ پەيتتە مەلىكە كۈن چېچەكمۇ ئۆزىدىن ئىسسىق بىر نەرسىنىڭ مېڭىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى، ئۇنىڭ يۈرىگى ئۆرۈلۈپ نەپەسلىنىشى قىينالدى، ئىنىك ئانا مەلىكىدىن تۇيۇقسىز كۆپلەپ قان چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئەس-هۇشىنى يۇقاتتى، چۈنكى تۇغۇتتىن كېيىنكى بۇنداق قاناشتا هېچقانداق ئانا ساق قالالمايتتى، مەلىكە ئۆزىنىڭ بارغانسېرى بولالمايۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ ئىنىك ئانىنى چاقىردى:

- ئانا. . . مەن بولالمىدىم. . .

ئىنىك ئانا هۆڭرەپ يىغلاپ كەتتى.

- جېنىم قىزىم. . .

- ئانا. . . ياۋۇزبەگ مىنى چاقىرىۋاتىدۇ. . .

- هەئە، بالام. . .

- ياۋۇزبەگنىڭ. . . بالىنىڭ ئىسمىنى پاششاخان قويغۇسى بار ئىدى. . .

- شۇنداق بالام. . .

ئىنىك ئانا يامغۇر كەبى ياش تۆكەتتى.

- ئەمدى يىغلىماڭ ئانا. . . مەندىن رازى بۇلۇڭ. . .

- مىڭ مەرتىۋە رازى بالام. . . مەن يىغلىمىدىم. . .

- بېشىمدىكى قۇرئان بىلەن. . . ئاۋۇ يەردىكى. . . تاجنى ئەكىلىپ بېرىڭ. . .

ئىنىك ئانا قۇرئان بىلەن خانلىق تاجنى مەلىكىنىڭ قولىغا تۇتقازدى، مەلىكە بارغانسېرى ئۈستىگە تىنىپ چىرايى سۈتتەك ئاقىرىشقا باشلاپ ياتقان يېرى پۈتۈنلەي قانغا توشتى. ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە يېنىدىكى چۈۋەككە ئورالغان بالىسىنىڭ ئۈستىگە قۇرئاننى قويۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە تاجنى قويدى ئاندىن ئىنىك ئانىسىدىن بوينىدىكى تۇمارنى ئېلىپ تاجنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويۇشنى ئېيتتى. مەلىكە ناھايىتى پەس ئاۋازدا گەپ قىلىۋاتاتتى.

- مەن. . . تۈركمەن خانلىقنىڭ پادىشاھى بولۇش. . . سۈيپتىم بىلەن. . . ياۋۇزبەگ ئوغلى. . . پاشاخاننى. . . خاندانلىقنىڭ. . . خانى بولۇشنى جاكارلايمەن. . .

مەلىكىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى پەسلەپ گېپىنىڭ ئايىغىنى دېيەلمىدى.

تاغ شامىلى ئىشىكنى غىچىرلىتىپ ئاچتى، مەلىكە كۆزىنى تەسلىكتە ئېچىپ ئىشىككە ئاخىرقى قېتىم قارىۋىدى ئىشىك ئالدىدا ياۋۇزبەگنىڭ ئاپتاپتەك كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، مەلىكە ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان ئوماق ئوغلىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ ياۋۇزبەگكە ئۆزىنى ئېتىپ ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالدى، ياۋۇزبەگ ئۇنى خۇددى بۇرۇنقىدەك توغرىسىغا كۆتۈرۈۋالدى، مەلىكە كۈلگىنىچە ياۋۇزبەگنىڭ قولىقىغا ئىنىك ئانام بار دەپ ئاستا پىچىرلىدى، ياۋۇزبەگ ئىككى يانغا قارىۋېتىپ كەينىگە كىرىۋالغان قارا بويناقنى بۇرۇنقىغا ئوخشاش بىر

قۇلى بىلەنلا باغلاپ قۇيۇپ مەلىكىنى كۆتۈرگىنىچە تاغنىڭ يۇقىرىسىدىكى يېشىل چىمەنلىككە ئېلىپ چىقىپ چېكەتتى. . .

## يەتتىنچى باب

## ئىنىك ئانا

1941-يىلىدىن كېيىنكى سوۋېت مۇستەملىكىسىدىكى تۈركمەنىستان

ياۋۇزبەگ بىلەن مەلىكە كۈنچېچەك ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق ئوغلى پاششاخاننى بۇ ئادالەتسىز دۇنياغا تاشلاپ قويۇپ كېتىپ قالدى، ئاتا-ئانىسىنىڭ دۇنيادىن خوشلاشقان كۈنىدە، كۈن بىلەن ئاي بىر يەرگە كىلىپ زىمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان يەنى تۈركمەنىستان زىمىنىدا كۈن تۇتۇلغان بۇ كۈندە تاغ قاپتىلىدىكى ئورمانلىقتا بۇ بالا دۇنياغا كەلدى.

ئىنىك ئانا جېنىدىن ئېزىز كۆرىدىغان قىزى كۈنچېچەكنىڭ مېيىتى بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن بۇۋاقنى باغرىغا چىڭ بېسىپ تۈمەنمىڭ جاپالار بىلەن تاغدىن چۈشۈشكە مەجبۇرى بولدى، ئانىسىنىڭ ئىسسىق ئوغۇز سۈتىنى ئېغىزىغا ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بۇ بوۋاق ئاچلىقتىن ئىڭراپ يىغلايتتى. . . ئاللاھ شۈبھىسىزكى ناھايىتى قۇدرەتلىك ئىدى، سۇسىز چۆلدە يۇمران گىياھنى ئۈندۈرگەن بۇ زات بۇ يىگانە بوۋاقنىڭ بۇ دۇنيادىكى رىسقىنى تېخى ئۈزمىگەندەك قىلاتتى.

ئىنىك ئانا بوۋاقنىڭ ئېچىنىشلىق يىغىسىنى توختىتىش ئۈچۈن ئاللاغا زور ئۈمىد باغلاپ ئۆزىنىڭ كۆكسىنى بىچارە بوۋاقنىڭ ئاغزىغا سالدى. . .

بوۋاقنىڭ زېمىندىن كەتكۈسى يوق ئىدى، ئۇ بار كۈچى بىلەن ئىنىك ئانىنىڭ كۆكسىنى شورىدى، ئۇلۇغ ئاللاھ بوۋاققا ئىلتىپات قىلدى، ياشتا چوڭ ئىنىك ئانىنىڭ كۆكسى تومۇرلىرى سىيقىرغاندەك بولۇپ بوۋاقنىڭ يىغا ئاۋازى پەسەيدى، گەرچە ئىنىك ئانىدىن بۇلدۇقلاپ ئاق سۈت ئېتىلىپ چىقمىغان بولسىمۇ لېكىن سۈتكە ئوخشايدىغان بىر خىل ئېقىش سۇ ئۇنىڭ كۆكسىدىن بوۋاقنىڭ ۋۇجۇدىغا ئاقتى، بوۋاقنىڭ تەشنالىقى قاندى. . .

ئىنىك ئانىنىڭ مىنىپ ماڭغۇدەك ئۇلىغى بولمىغاچقا تاغدىن پىيادە چۈشۈشكە مەجبۇرى بولغان ئىدى، ئۇنىڭ پۇتلىرى قاپىرىپ تاپانلىرى يېرىلدى، ئۆشنىسىگە ئارتىۋالغان ئېغىر بوخچا بىلەن قۇچىقىدىكى يېڭى جان ئۇنىڭ ياشانغان تېنىنى ئېگىپ ئالدىغا بىر قەدەم ئالالماس قىلىۋەتكەن ئىدى لېكىن قىزى كۈنچېچەكنىڭ ئۆلۈمى ھەم ئۆزىنىڭ بوۋاققا بولغان ئانىلىق مېھرى ئۇنىڭغا چەكسىز كۈچ قۇۋۋەت ئاتا قىلدى، ئۇ لىۋىنى چىشلەپ خەتەرگە تولغان قىيا-جىلغىلاردىن ئېشىپ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى، قارا بويناق گاھىدا ئۇلارنى قوغداپ گاھىدا ئۇلارغا يول باشلاپ ئالدىدا ماڭدى. مانا مۇشۇنداق نەچچە كۈنلۈك جاپا مۇشاققەتلىك تاغدىن چۈشۈش سەپىرىدىن كېيىن ئىنىك ئانا ئاخىرى ھالسىزلانغان ھالدا ھېلىقى بازارغا كىرىپ كەلدى.

ئۇ زەرگەرنىڭ كىملىكىنى ئىلگىرى ياۋۇزبەگدىن ئاڭلىغاچقا ئۇدۇل زەرگەر بىلەن كۆرۈشمەكچى بولدى لېكىن ئىنىك ئانا ئىشلارنىڭ بۇنچە ئاددى ئەمەسلىكىنى بىلەتتى چۈنكى ياۋۇزبەگنى رۇس قۇراللىق كۈچلەر تۇتۇۋالمىسا ئوغرى-قاراقچىلار ياكى خەتەرلىك تاغ يولى ئۇنىڭغا ھېچنېمە ئىدى.

شۇڭا ئۇ بىرىيەرگە چۈشۈپ ئارام ئالماقچى بولدى، ياتاق-دەڭلەر

ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىخەتەر ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ ئۆشنىسىدىكى بوخچىدا ھېساپسىز بايلىق يۇشۇرۇنغان، ئۇ بۇ بايلىقلارنى ئۆزىنىڭ ئېتىقادى ۋە ئەقىدىسى بويىچە قۇچىقىدىكى بوۋاق بالىغا شۇنداقلا خاندانلىقنىڭ يېڭى خانىغا ساق-سالامەت تاپشۇرۇپ بېرىشى كېرەك.

ئۇ ھالسىز قەدىمى بىلەن بازارنىڭ ئىچىدىكى كۆڭلى تارتقان بىر ئۆيگە كىرىپ پانالىق تىلىدى، ئۆي ئىگىسى باغرى يۇمشاق ئادەم بولغاچقا ئۇلارغا ئىچى ئاغرىپ ئېھسان قىلدى.

ئەتىسى بامدات ۋاقتى بىلەن پۇت-قولى تېلىپ ماگالمغۇدەك بولۇپ كەتكەن ئىنىك ئانا ئاغرىق ئازابىغا چىداپ ئۆي ئىگىسى بىلەن خوشلىشىپ رەستىگە چىقتى ئۇ ئالدى بىلەن يۈرىكىگە تاشنى قويۇپ ئۆزىگە ئەگىشىۋالغان نەسىللىك قارا بويناقنى كۆزىگە ياش ئالغىنىچە ئۆتكۈنچى بىر ئادەمگە بېرىۋەتتى، ئاندىن بۇۋاقنى قۇچاقلىغىنىچە مەسچىت تەرەپكە بېرىپ ناماز بامداتتىن يانغان كىشىلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردى.

كىشىلەر مەسچىتتىن يانغاندا ئىنىك ئانا جامائەتنى ئالدىنى توسۇپ قۇچىقىدىكى بوۋاقنىڭ ئۆزىنىڭ نەۋرىسى ئىكەنلىكىنى ئانىسىنىڭ تۇغۇتتا تۈگەپ كېتىپ مۇشۇ ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى بولسا يېڭى تۇغۇلۇق بىرە ئائىلىنىڭ ئۆزىگە خەيرى-ئېھسان قىلىشىنى ئۆتۈندى.

جامائەتنىڭ بىردەك ئىنىك ئانىغا ئىچى ئاغرىشتى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قانچەيلەن ئۆيىدە قىزى ياكى كېلىنىنىڭ يېڭى تۇغۇلۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئېنىك ئانىنى ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى. ئىنىك ئانا خۇشاللىقىدىن كۆز يېشى قىلىپ ئۇلارغا رەھمىتىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يۈرۈش-تۇرۇشى پاكىزە سالاپەتلىك

بىرەيلەننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار ئۆيگە يېتىپ بارغۇچە ئىنىك ئانا ئۇيەر-بۇيەردىن گەپ قىلغان بولۇپ بۇ ئوتتۇرا ياشتىن ئاشقان كىشىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە ئىگىلەپ كۆڭلى ئەمىن تاپتى، چۈنكى خانلىق دەۋرىدە خانلىقنىڭ شاھزادىسىنى ياكى مەلىكىسىنى ئېمىتمەكچى بولغان ئايالنىڭ يەتتە ئەجداد نەسەبى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىنىپ ئىنىك ئانىنىڭ ئالىي نەسەبلىك بۇلىشىنى ئالاھىدە تەكىتلەيتتى، ئىنىك ئانا گەرچە ئۈنچىلىك تەپسىلى سۈرۈشتە قىلالمىغان بولسىمۇ ئەمما بۇ كىشىنىڭ نەچچە ئەۋلاد تېۋىپ ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى ئايالىنىڭمۇ كونىدىن -كونا دىندار ئائىلىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى بىلىپ ئالەمچە خۇشال بولدى.

ئۇلار ئۆيگە كەلگەندە قۇياش ئەمدى ئۇپۇقتىن بېشىنى كۆتۈرگەن بولۇپ ئازادە ھەم پاكىزە ھويلا كىشىگە بىر خىل مېھرى ئىسسىقلىق تۇيغۇسىنى بىرەتتى، تېۋىپ ئىنىك ئانىنى ئىچكىرىدىكى ئۆيگە باشلاپ كىردى، نەرسە كېرەكلەر رەتلىك قويۇلغان ئۆينىڭ ئىچىدىكى سۇپىدا چىرايلىق بىر جۇۋان بالىسىنى ئېمىتكىنىچە يوتقان كۆرپە ئىچىدە ئۇرۇنۇپ ئولتۇراتتى.

- قىزىم قارىغىنا، ساڭا ئاللاھنىڭ بىر مېھمىنىنى باشلاپ ئەكەلدىم، بۇ ئوغۇلنى ئوغلۇڭغا جۈپلىشۋالغىن، بۇمۇ ئاللاھنىڭ بىزگە قىلغان ئىلتىپاتى. . . - دېدى تېۋىپ ئىنىك ئانىنىڭ قۇچىقىدىكى بۇۋاقنى زاكىسى بىلەن كۆتۈرۈپ قىزىغا سۇنغاچ - بۇ بىچارىنىڭ ئانىسى ۋاقىتسىز كېتىپ قاپتۇ، تېخى ئاران يەتتە كۈنلۈك بوپتىكەن، ئۈنى سۈتكە بىر قاندۇرغىنە قىزىم!

جۇۋان بۇۋاقنى قوش قوللاپ ئالدى، ئۇ كۈلۈمسىرىگىنىچە بۇۋاقنى ئەركىلىتىپ:

- ۋاھ، قۇرغۇيىنىڭ ئۆزىكەنغۇ بۇ بالا، ئوغلۇمدىن ئاران ئۈچ كۈنلۈك چوڭ ئىكەن، قېنى بالام تويغىچە شۇرىغىن، مەن سىنىڭ ئۆز ئاناڭ.

جۇۋان ئاتىسىدىن خىجىل بولۇپ يانغا ئۆرۈلدى-دە ئەمچەك توپچىسىنى ئاپئاق بىر ماتا رەختتە سۈرتىۋېتىپ قۇچىقىدىكى بوۋاقنىڭ ئاغزىغا سالدى، بوۋاق زوق-ئىشتىياق بىلەن يېگى ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى كۈچەپ شۇراشقا باشلىدى.

تېۋىپ قىزىنىڭ بۇ ئىشىدىن بەك خۇشال بولدى، قىزىنىڭ ئانىسىمۇ پەيدا بولۇپ قىزىغا مەدەت قىلىپ بۇ ئىشنى تەبرىكلىدى. ئىنىك ئانا بۇ ئائىلىدىكى ياخشى كىشىلەردىن تەسىرلىنىپ كۆز يېشى قىلىپ ئاللاھقا شۈكرى-ھەمدۇسانا ئۇقۇدى، ئۇلارغا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن دۇئا قىلدى.

ئىنىك ئانا تەربىيە كۆرگەن بىلىملىك ئايال بولغانىنىڭ ئۈستىگە بەكلا كېلىشكەن چىرايلىق ئايال ئىدى، گەرچە ئۇ ياشانغان بولسىمۇ گەپ-سۆز، ئىش ـھەرىكەتتە خانىش ئايىملاردەك لاتاپەتلىك ئىدى، شۇڭا ئۇيدىكى ئايالنىڭ ئۆزىگە سەل-پەل دىققەت قىلىپ قالغانلىقىنى سېزىپ قېلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ قالسىلا دېگەن تەلىۋىنى چىرايلىقچە رەت قىلدى ھەم بالىنى كۈندە نەچچە ۋاق ئەكىلىپ ئېمىتىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

ئىنىك ئانا ئېغىر بوخچىسىنى ئۆشىنىسىگە ئارتىپ بوۋاقنى كۆتۈرگىنىچە يەنە كوچىغا چىقتى، دالىدا بىر يەرگە كىلىپ بوخچا ئىچىدىكى ئۈنچە ـياقۇتلار ئىچىدىن ئىككى تال ئالتۇن تىللانى ئېلىپ كىچىكرەك بىر زەرگەرچىلىك دۇكىنىدا ئۇنى قەغەز پۇلغا ئالماشتۇردى.

ئىنىك ئانىنىڭ ئاستانىدە ئۇرۇغ-تۇققانلىرى بولسىمۇ ئۇ

قۇچىقىدىكى پاشىشاخانىنىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇشۇ يۇرتتا تۇرۇپ قېلىپ ئالدى بىلەن بالىنى ئىككى يېشىغىچە ئېمىتىۋېلىشىنى ئويلىدى چۈنكى ئىنىك ئانىنىڭ ئورىدىدا تۇرىدىغانلىقىنى شۇنداقلا ئۇنىڭ مەلىكە كىچىكىدەك بىلەن بىرلا ۋاقىتتا يوقاپ كەتكەنلىكىنى پۈتۈن ئاستانە ئەھلى بىلەتتى.

ئىنىك ئانا بالىنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە ئېمىتىش ئىشىنى ئويلاپ تېۋىپنىڭ ئۆيىگە يېقىنراق بىر يەرگە ئورۇنلاشماقچى بولدى، لېكىن ئۇنىڭ بوخچىسىدىكى دۇنيا ئىنىك ئانىنى بەكلا بىسەرەمجان قىلغان بولۇپ ئۇنى ساق-سالامەت ئىگىسىگە يەتكۈزۈش بەس مۈشكۈل بولىۋالاتتى.

ئىنىك ئانا سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق تېۋىپ تۇرىدىغان كوچىنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرىدىغان كىشىلەر تەقۋا دەپ قارىغان بىر كىشىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىگىنى چەكتى، ئۆي ئىگىسى قىرىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان كىچىك تىجارەتچى بولۇپ ياشانغان ئىنىك ئانىنىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىپ ئايالى بىلەن مەسلىھەت قىلغىلى كىرىپ كەتتى، ئىنىك ئانا قولىغا بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ ئۇلار مەسلىھەتلىشىۋاتقان ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى ئاندىن ئۆيدىكى ئايالغا ئۆزىنىڭ ئۆي ئىشلىرىنى ياخشى قىلالايدىغانلىقىنى، ياقا يۇرتتىكى ئوغلىنىڭ ۋاقتى-ۋاقتىدا ئۆزىگە تۇرمۇش پۇلى ئىۋەرتىپ تۇرىدىغانلىقىنى، نەۋرىسىنى ئېمىتىش ئىشىنى ئويلاپ بۇ يەردە تۇرۇپ قالغۇسى بارلىقىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈندى.

تىجارەتچىنىڭ ئايالى كۆڭلى ياخشى ئايال بولسىمۇ ئۆيىنىڭ ئانچە چوڭ ئەمەسلىكىنى ئويلاپ ئىنىك ئانىنى يولغا سېلىپ قويماقچى بولغان ئىدى، لېكىن ئىنىك ئانىنىڭ قولىدىكى بىر تۇتام پۇلنى ئىرى

نەچچە ئاي كوچىمۇ-كوچا توۋلاپ يۈرۈپ ئاران تاپايلىدىغانلىقىنى بىلىپ ئۇ بۇ قاراردىن يانىدى. «بۇپتۇ ئانا، مۇشۇ ئۆيدە تۇرسىلا، سىلىنى كۆرۈپ ئانام رەھمەتلىك يادىمغا كېلىپ قالدى. . . » ئايال شۇنداق دېگەچ ئىنىك ئانىغا چوڭ ئوغۇللىرى تۇرىدىغان ئۆينى بىكارلىتىپ ئىككى ئوغلىنى ئۆينىڭ ئۇستىدىكى بالىخانىغا يۆتكىدى، ئىنىك ئانىمۇ دەرھال قولىدىكى قەغەز پۇللارنى تىجارەتچىنىڭ ئالغۇسى بولسىمۇ ئەدەپ يۈزىسىدىن ئالغىلى ئۇنىمايدىغانلىقىنى بىلىپ ھويلىدا ئويناۋاتقان كىچىك باللىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۈلگۈردى.

ئىنىك ئانا بۇ ئۆيگە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن شۇ ئاخشىمى بوخچىسىدىكى بايلىقلاردىن ئۆزىگە لازىم دەپ قارالغان خەتىرى يوقلىرىنى ئېلىپ بىلىگە تېڭىۋالغاندىن كېيىن بوخچىدىكى قالغان كۆپ مىقداردىكى بايلىقنى باشقا بىر ماتا رەختكە قاتمۇ-قات ئوراپ ئۆزى ياتىدىغان سۇپىغا چانىمغۇدەك قىلىپ كۆمۈۋەتتى.

بالا نەچچە كۈن ياخشى ئوزۇقلىنالماي تۇساتتىن ئانا سۈتىنى ئەمگەچكە كېچىچە بىئارام بولۇپ يىغلاپ چىقتى. بالىنى قورۇقداش ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە بولۇپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىغان ئىنىك ئانا ئەتىسى سەھەردە بالىنى ئېلىپ تېۋىپنىڭ ئۆيىگە بالىنى ئېمىتكىلى ئاپاردى ھەم ئۇلارغا پۇل بىلەن ئادىمگەرچىلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆي ئىچىنىڭ كەيپىياتى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ ئۇلار ئىنىك ئانىغا بولغان ھۆرمەتنى ۋە ئامراقلىقنى ھەسسىلەپ ئاشتى.

ئىنىك ئانىنىڭ پۈتۈن خىيالى ياۋۇزبەگنىڭ ئىزدىرىكىنى قىلىپ بېقىش بولغاچقا ئۇ بالىنى جۇۋاننىڭ يېنىدا بىردەم قاپ قۇيۇپ ياۋۇزبەگ مۇئامىلە قىلىدىغان ھېلىقى زەرگەرنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئۇ ئالدى بىلەن ئاۋات رەستىدىكى تىككۈچىلەرنىڭ شايى ـ دۇردۇنلاردىن تىككەن كىيىملىرىدىن باشتىن ئاياق بىر قۇر سېتىۋالدى ئاندىن هاممامغا بېرىپ پاكىزە يۇيۇنۇپ تارانغاندىن كېيىن سېتىۋالغان كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆزىگە خاس هالدا ياساندى، ئىنىك ئانا تاغدا ياشاپ ئاددى كىيىملەر بىلەن يۈرۈپ بۇ بازارغا كەلگەن بولغاچقا ئۇنىڭ مۇشۇ تاپتىكى هالىتى بىلەن ئابايامقى چاغدىكى هالىتى ئاسمان-زېمىن پەرىقلىنەتتى.

ئۇ ئۇدۇل هېلىقى زەرگەرنىڭ دۇكىنىغا باردى، زەرگەر ئۇستام دۇكىنىدا بولۇپ قەددى-قامىتى كېلىشكەن بۇ ئانا سۈپەتلىك ئايالنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا هۆرمەت بىلدۈردى، ئۇ ئىنىك ئانىنىڭ تاشقى كۆرۈنىشىدىن ئۇنى چوڭ شەهەردىن كەلگەن كاتتا باينىڭ ئايالى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى.

- كەلسىلە هەدە، مۇبارەك قەدەملىرى دۇكىنىمىزغا يېتىپ قاپتۇ، ئۆزلىرىگە نېمە لازىم بولغىيتتى؟ - دېدى زەرگەر شىرىن تىلىنى ئىشقا سېلىپ كۈلۈمسىرىگىنىچە.

- مەن ئاستانىدىن تۇغقان يوقلاپ كەلگەن بالام، كېلىنىم يېڭى تۇغۇتلۇق ئىدى، يۇرتقا قايتقىلىۋاتىمەن، شۇڭا زىرىدەك بىر نەرسە سوقتۇرغاچ باراي دىۋىدىم، ـ دېدى ئىنىك ئانا كىبىرى ئۇستۇنلۈك بىلەن.

- چاتاق يوق هەدە، زىرە دىگەننى ئاجايىپ تىزىۋېتىمىز، قالغىنىغا پۈتكەندە كۆرەلا، قانچە گىرام ئەتراپىدا قىلساق بۇلا؟

- جۈپتى يىگىرمە گىرامدىن ئىككى جۇپ بولسۇن!

زەرگەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى.

- بايام كېلىنىمگە ئاپىرىمەن دىگەندەك قىلىۋىدىلە، ئىككى جۇپ

بولسا بۇلاۋېرەمدۇ؟

- ھەي، ئادەم قېرىغاندا ئۇنتۇغاق بولۇپ قالىدىكەن، يەنە بىر تال ئازرۇلۇق قىزىممۇ بار، شۇنىڭغىمۇ ئالغاچ باراي ئەمدى.

- ئوبدان ئويلاپلا ھەدە، ئايال زاتى دېگەننىڭ كۆڭلى ئالتۇندا ئېچىلىدۇ ئەمەسمۇ؟

- شۇنى بىر دىمىسىلە ئۇكام- دېدى ئىنىك ئانا ناھايىتى ئۇلۇق كىچىك تىنىپ ھەسرەتلەنگەن قىياپەتتە- ئالىلاھ شۇ قىزىمنىڭ چىرايدا بەختىنى بەرگىنى بىلەن ئەردىن تەلىيىنى بەرمىدى، ئالتۇن-كۈمۈش دىگەنلەرغۇ ئائىلىمىزدە تۆكۈلۈپ تۇرۇپتۇ لېكىن شۇ قىزىمنىڭ ئايدەك رۇخسارى ۋاقىتسىز خازاڭ بولدى دىسىلە ئۇكام. . .

زەرگەر بويتاق ئىدى، ئۇ ئىنىك ئانىغا سەپ سېلىپ قاراپ كۆڭلىدە«ئانىسى بۇنچە كېلىشكەن يەردە قىزى قانچىلىك چىرايلىقتۇ. . . » دىگەننى ئويلاپ ئىختىيارسىز ئىنىك ئانىنىڭ بۇ قىزىغا قىزىقىپ قالدى.

- سىڭلىمىز ئۇ. . . تېخى تالالىق بولماپتۇ-دە. . . - دېدى زەرگەر ئىنىك ئانىغا ھىسداشلىق قىلغان قىياپەتتە.

- ياقەي بالام، ئۇنى تالاغا چىقارغان، لېكىن كىيئوغۇل قۇلاق كەستى چىقتى دىسىلە، قۇلىدىكى نەچچە دۇكاننى ئۇتتۇرۇپ يەنە بولدى قىلمىدى، دادىسى بىچارە شۇ ئەتىۋارلىق قىزىنىڭ كۆڭلىنى دەپ مەيلى ئوغۇل بالىكەن ئويىنسا ئوينىسۇن دەپ ئالقىنىنى كەڭ ئېچىپ چۆنتىكىنى ئالتۇن-كۈمۈشكە تولدۇرسىمۇ بۇ كاساپەت ئۆيگە كەلگىلى ئۇنىمىدى، قەيەرلەردە يۈرىدىكىن ئۇ قىمارۋاز. . . - دېدى ئىنىك ئانا ئېغىر ھەسرەت بىلەن ئۇھ تىنىپ.

- تووۋا خۇدايىم، شۇنداقمۇ ئادەملەر بۇلىدىكەن-ھە، قۇلىغا

كەلگەن ئامەتنى بىلمەيدىغان!

- ئىمىسسىنى دەيدىغانلا بالام، دەپ كەلسەم قايىناپ كىتىمەن، شەھەر ئىچىدىكى ئۆي-زېمىن، دۇكان-سارايلىرىمىز دوقمۇش-دوقمۇشلارنى ئىگىلەپ تۇرۇپتۇ، خۇدايىم ماڭا پەقەت ئىككىلا بالا بىرىپتىكەن، ئارزۇلۇق ئوغلۇم سودا قىلىمەن دەپ سەئۇدى تەرەپكە چىكەتكەنچە كىرگىلى ئۇنىمىدى، ئاڭلىساق شۇ يەردىكى كاتتا بىر باينىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپ بالا چاقىلىق بولۇپتىمىش، ئەمدىلىكتە دۇكان-ساراي، ئېتىز-ئېكىنلارغا قارايدىغان ئادىمىمىز يوق بولدى، بىزمۇ قېرىپ قالدۇق، ئۆلۈپ كەتسەك بېشىمىزدا خەتمە ـ قۇرئان ئوقۇغۇدەك ئوغلىمىز تېخى يوق، كىيئوغۇل دېگەن ۋاپاسىز پەيدا بولغان بولسا بارلىق بىساتىمىزنى بۇلارغا خەتلەپ بىرىپ بىزمۇ مەككە تەرەپكە چىكەتكەن بۇلاتتۇق دىسىلە بالام. . .

ئىنىك ئانا يالغاندىن كۆز يېشى قىلىپ ياغلىقىنىڭ بۇرجىكىدە يېشىنى سۈرتكەن بولۇپ ئولتۇردى.

ئاڭغىچە دۇكاندىكى شاگىرت بالا زەرگەرنىڭ ئىشارىتىگە ئاساسەن ئارقا ئۆيگە چىقىپ چاي چەينىكىنى ئەكىرىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى، زەرگەر قىزىق چايدىن بىر پىيالىنى ئىنىك ئانىغا قوش قوللاپ تۇتۇپ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەت ۋە مېھماندوستلۇقىنى بىلدۈردى.

ئىنىك ئانا قۇلىدىكى چاينى پۈۋلىگەن بولۇپ زەرگەرگە قىزىققان قىياپەتتە سەپ سېلىپ قاراشقا باشلىدى، زەرگەر ھۇشيار ئادەم ئىدى، ئىنىك ئانىنىڭ ئۆزىگە ئانىلارچە قارىغان كۆز نۇرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى بىرنىمىنى تۇيۇپ يۈرىگى ئويناپ كىتىۋاتاتى.

- مەن ماڭاي بالام، قىزىم تۇققانلارنىڭكىدە قېلىۋىدى، كۈزى يولۇمدا قالدى ھەقىچان، ماۋۇنى ئالغاچ كېلىۋىدىم، بولسا مۇشۇنىڭ

ئۆزىدە سۇقۇپ بەرگەن بولسىلا، ـ ئىنىك ئانا شۇنداق دېگەچ يانچۇغىدىن يەتتە-سەككىز تال ئالتۇن تىللانى شاراقلىتىپ ئېلىپ بوتكىنىڭ ئۈستىدە قۇيۇپ قويدى، زەرگەر بۇنى كۆرۈپ ھەيرانۇ-ھەس قالدى، ئەسلىدە ئىككى جۇپ زىرە سوقۇش ئۈچۈن ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ ئۈچ-تۆت تال تىللا بولسا يېتەتتى.

- ھەدە بۇلارنى نەدىمۇ ساقلىغان بولغىيتىلە، ھازىر بۇنداق ئەتىۋا ماللارنى ئۇچراتماق بەك تەس بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جىق بولۇپ كىتىپتۇ، مۇشۇنىڭ يېرىمى بولسا كۇپايە. . . - دېدى زەرگەر ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن تىللالارنى ئىنىك ئانىنىڭ قولىغا سۇنۇپ.

- ھېچقىسى يوق، بۇ بىرنىملەر كۆتۈرۈپ يۈرۈپ نېمە قىلارمەن، كۆزۈمگە ئىسسىقلا كۆرۈنۈپ قالدىڭىز بالام، ئەپ قۇيۇڭ لازىمى بولۇپ قالىدۇ، -دېدى ئىنىك ئانا ئۇ ئالتۇن تىللالارغا كۆز قىرىنى سالماستىن.

زەرگەرنىڭ ئاغزى قولىقىغا يەتتى، ئۇ كۆڭلىدە « توۋۋا ئاللاھ ئىگەم مۇشۇ كۈنلەردە ئارقا ـئارقىدىن بېرىۋاتىدۇيا ماڭا، ئادەمنىڭ ئامىتى كەلسە ئىشىكنى ئېتىۋالسا تۈڭلۈكتىن چۈشىدۇ دىگىنى ئەجەب راسكىنا. . . » دىگەننى ئويلىدى.

- ھەدە ئۆزلىرى يۇرتىمىزغا مېھمان ئىكەنلا، ناۋادا مىنى يات كۆرمىسىلە ئۆيۈمگە كىلىپ بىرە پىيالە چېيىمغا داخىل بۇلغان بولسىلا، گەرچە مەن بويتاق بولسامۇ قولۇم گۈل مىنىڭ، چوڭلارنىڭ دۇئاسىنى ئالماق بۇ ھۈنىرىمدىن مىڭ ئەۋزەل ھەدە. . . - دېدى زەرگەر ئىشلارنىڭ ناھايىتى ئۇڭۇشلۇق كېتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى پەملەپ.

- بولىدۇ بالام، ھازىر يىراق-يېقىندىكى تۇققانلار كەلگىنىمىزنى بىلىپ بىزگە ئارام بەرمەيۋاتىدۇ، بىر كۈنى مەن ئالايىتەن ۋاقىت چىقىرىپ قىزىمنى بىرگە ئېلىپ كىلەي، شۇ چاغدا ئولتۇرۇپ ئالدىرماي

پاراڭلىشارمىز، مەن قايتاي بالام. . .

ئىنىك ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ زەرگەر بىلەن خوشلىشىپ دۇكاندىن چىقتى، زەرگەر ئىنىك ئانىدىن ئايرىلىشقا قىيمىغاندەك ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كوچىنىڭ خېلى بىر يېرىگىچە بېرىپ ئۇنى ئۇزۇتۇپ قويدى.

ئىنىك ئانا زەرگەر بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ پىلانى بويىچە رەستىدىكى يەنە بىر ئاۋات كوچىغا ئىتتىك قەدەم باستى.

ئۇ باشقىلارغا ئۆزىنىڭ قىزىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ ئۆيگە پەيدا بولمىغانلىقىنى، قىزىنىڭ ئىلگىرى جەمىيەتتىكى يامان ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ كۆز يېشى قىلدى، ئاندىن بىرەيلەننىڭ ئارقا رەستىدىكى خام بازىرىدا كېچىسى ئېچىلىدىغان بەزمىخانىنىڭ بارلىقىنى بەزمىخانىنى ئىسمايىل سەتەڭ دەپ ئاتىلىدىغان بىرسىنىڭ ئاچىدىغانلىقىنى بەزمىخانىدىكى رەققاس قىزلارنىڭ ئىچىدە ئەشۇنداق نارەسىدە قىزلارنىڭمۇ چىقىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

ئىنىك ئانا دەرھال ئارقا رەستىدىكى خام بازىرىغا ئالدىرىدى، ئۇ كىشىلەرنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسەن قىزىل سىرلانغان چوڭ بىر دەرۋازىلىق ئۆينىڭ ئىشىگىنى قاقتى.

ئۆي ئىچىدىن بىر خىزمەتچى چىقىپ ئىنىك ئانىدىن نېمە ئىشى بارلىقىنى سورىدى. ئىنىك ئانا ئىسمايىل سەتەڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشى بارلىقىنى ئېيتتى. خىزمەتچى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي ئىنىك ئانىنى چوڭ ھويلىنىڭ كەينىدىكى قاتار-قاتار سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرىسىدىكى بىر ئۆيگە باشلاپ ئەكىردى، بۇ ئۆي مېھمانلارنىڭ ئارام ئالىدىغان ئۆيى بولسا كېرەك، قات-قات سېلىنغان زىلچا گىلەملەر ئۈستىدە تاۋار-دۇردۇنلاردىن ئىتىلگەن كۆرپىلەر،

كەشتىلەنگەن ياستۇقلار شۇنداق رەتلىك سېلىنىغلىق تۇراتتى. ئىنىك ئانا بۇ ئۆينىڭ زىننەتلىنىشىگە قاراپ ئىسمايىل سەتەڭنىڭ بوش ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىپ كۆڭلىدىكى پىلانىنى پىششىقلىدى.

شۇ چاغدا سىرتتىن قىرىق ياشلار چامىسىدىكى سىمىز بىر ئەركىشى ئاۋازىنى قويىۋېتىپ كۈلگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئىنىك ئانا ئۇنىڭ بىلىنى تولغاپ ماڭغىنىغا قاراپ ئۇنىڭ ئىسمايىل سەتەڭ ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

- ۋايىەي ! ئۆزلىرىنى ساقلىتىپ قويۇپتىمىنا، مىنى نېمە ئىش بىلەن ئىزدىگەن بولغىيتتىلا؟ - دېدى ئىسمايىل سەتەڭ ئىنىك ئانىنىڭ پوزۇر كېلىشكەن تۇرقىغا قاراپ كۈلگىنىچە.

- ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كېلىشىمدە ئازراق ھاجىتىم چىقىپ قالغان ئىدى، بىلمىدىم ياردەم قوللىرىنى سۇنالىمىكىن؟ - ئىنىك ئانا شۇنداق دىگەچ نەزىرى ئۇستۇنلۇك بىلەن يانچۇغىدىن بەش تال ئالتۇن تىللانى چىقىرىپ ئىسمايىل سەتەڭنىڭ ئالدىدا قويۇپ قويدى.

بۇنى كۆرگەن ئىسمايىل سەتەڭ قىلغىلى قىلىق تاپالماي ھىجايغىنىچە ئىنىك ئانىنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

- ۋايىەي، بۇنداق قىلىش كېتەمتى ھەدە، نېمە گەپ بولسا ماڭا دەۋەرسىلە، قۇلۇمدىن كېلىشىچە كۈچەيمەن. . . قېنى نېمە گەپتى. . . ؟ - دېدى ئىسمايىل سەتەڭ ئىككى قۇلىنى كۆكسىگە قويۇپ قىزلاردەك نازلىنىپ.

- ئۇنداقتا گەپنى ئۇچۇقلا دەي ئۇكام، ئاستانە شەھرىدە بىجىرىدىغان ئازراق يەر ئىشىمىز بار ئىدى، ئاڭلىساق يەر ئىشلىرىغا مەسئۇل رۇس ئەمەلدار ئاستانىدىن مۇشۇ يۇرتقا قاراپ مېڭىپتۇ، قارىساق پەيتى كەلگەندەك تۇرىدۇ، شۇڭا كىچىلەپ يول يۈرۈپ بۇ يەرگە يىتىپ

كەلدۇق، ئاڭلىساق ئۇ هارامزەدىنىڭ پۇل-بايلىققا خوشى يوق ئىكەن لېكىن گۈزەل نازىنىنلارنى كۆرسە شۆلگىيى ئېقىپ تۇرالمايمىش، سىزنى ئىزدەپ كېلىشتىكى مەقسىتىم ئۇكام، بىزگە ناز خۇلقلىق ھەقىقى ساھىبجامالدىن بىرنى تېپىپ بەرگەن بولسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى ياقا يۇرتلۇق قىز بولغان بولسا ياپقان تۇۋاق ياپقان پېتى قالسا بۇلاتتى، بىزنىڭ بىگىم ئەر كىشى بولغاچقا ئەپسىز ھېس قىلىپ مىنى بۇيەرگە ئەۋەتتى، ئىش مۇۋاپىقىيەتلىك بولسا پۇلنىڭ كۈزى سىزگە قاراپ تۇرمايتتى ئۇكام.

ئىنىك ئانا بۇ گەپلەرنى قىلىپ بولۇپ سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قارىدى، ئىسمايىل سەتەڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاغزىنى تۇتۇپ كۈلۈپ كەتتى.

- ۋاي جېنىم، ئاران مۇشۇ ئىشمىدى ھەدە، خاتىرجەم بولسىلا يىراق شەھەردىكى دوستۇم نۇرى نايناق بىلەن دىيىشىپ قويغان، ئۆگۈنلۈككە ئۇنىڭ يېنىدا تۇرىدىغان بىر رەققاس قىز بۇ يەرگە كەلمەكچىدى، ئاڭلىسام كاساپەتنىڭ ئىچكەن سۈيى بوينىدىن كۆرۈنۈپ تۇرارمىش، ھىلە-نەيرەڭدە شەيتانمۇ ئۇنىڭغا قول باغلاپ تۇرغۇدەك، شۇنىلا ئۇدۇللىمايمۇ؟

- ياخشى ئېيتتىڭىز ئۇكام شۇنداق بولسۇن، ئۇنى ئېلىپ كېتىشكە ئۆگۈنلۈككە قانداق ۋاقىتتا كېلەي؟

- سورۇننى بۇ يەردە تۈزمەمدۇق ھەدە، ناۋادا سىرتتا بىرە كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالسا نۇرى نايناقتىن قۇتۇلماق تەستى. . . ۋاي جېنىم ئەمدى قانداق قىلارمىز. . .

ئىسمايىل سەتەڭ چىمچىلاق بارمىقىنى چىشلەپ ئالدىدىكى ئالتۇن تىللاغا قاراشقا باشلىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن ئىنىك ئانا

يانچۇغىدىن يەنە ئىككى تال تىللانى چىقىرىپ ئالدىدىكى تىللارنىڭ ئۈستىگە شاراقلىتىپ قوشۇپ قويغاچ:

- مېھمان بەك نازۇكتى ئۇكام، ئۇنى بۇيەرگە باشلاپ ئەكىلىش قۇلايسىز، شۇڭا ئۇنى ماڭا بىر كېچە -كۈندۈزلۈك بىرىپ تۇرسىڭىز ئىش پۈتكەندە ھاردۇقىڭىزنى باشقىچە چىقىرىمەن ئۇكام - دېدى ئىنىك ئانا مەنلىك قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ.

- ۋاي چاتاق يوق ھەدە، ئۆگۈنلۈككە چۈشتە بىر كىلىڭە، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزەم بىر نېمە دەپ چىقارمەن، ئۇ چوشقا ھەرقانچە بولسىمۇ ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويماس. . . ھى. . . ھى. . . - دېدى ئىسمايىل سەتەڭ ئىنىك ئانىنىڭ بېقىنىنى چىمداپ.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئۆگۈنلۈككە چۈشتە كۆرۈشىدىغانغا پۈتۈشۈپ خوشلاشتى.

- ئىنىك ئانا يولدا كەلگۈچە ياۋۇزبەگنى خىيال قىلىپ ئۇنىڭ ئىزدىرىكىنى ئېلىش ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنىڭ بىكار بولۇپ كەتمەسلىكىنى ئاللاھتىن تىلىدى.

ئۇنىڭ ئىسمايىل سەتەڭ بىلەن دىيىشكەن كۈنمۇ يىتىپ كەلدى.

چۈشكە يېقىن ئىنىك ئانا بالىنى سۈت ئانىسىنىڭ يېنىدا قاپ قۇيۇپ كىيىم سالغان بوخچىسىنى كۆتۈرگىنىچە رەستىگە چىقتى ئاندىن خالى بىر جاينى تېپىپ ئۈستىۋېشىنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن ئىسمايىل سەتەڭنىڭ قېشىغا ئالدىراپ ماڭدى.

ئىسمايىل سەتەڭمۇ ئۆزىگە ئالدىنى قىلغان بۇ بايلىقتىن خۇشال بولۇپ ئىنىك ئانىنىڭ يولىغا ئىنتىزار بولۇپ تۇراتتى، ئىشىك قېقىلىپ ئىنىك ئانا كىرىپ كەلدى، ئىسمايىل سەتەڭ ئاۋالقىدەكلا كاسىسىنى سىلكىپ ئىنىك ئانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىگىلىپ سالام قىلدى.

- ۋاييەي ئەمدى كەلدىلىمۇ، يوللىرىغا قاراپ تۇرغىلى نەۋاخ، ماگسىلا ئۇ قىزنى سىلىگە بىر كۆرسىتەيچۇ. . . - ئىسمايىل سەتەڭ شۇنداق دىگىنىچە ئىنىك ئانىنىڭ قولىنى يىتىلەپ مېھمانخانىغا ئەكىردى.

دىگەندەك مېھمانخانىدا ئاي دىسە ئاي ئەمەس كۈن دىسە ئەمەس بىر قىز ناز بىلەن ئولتۇراتتى، ئۇ قىز ئىنىك ئانىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىگىلىپ سالام قىلدى، ئىنىك ئانا رەققاس قىزنى كۆرۈپ ئىسمايىل سەتەڭدىن رازى بولۇپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

ئۇلار ئۇ ئۆيدىن چىقىپ بازارنىڭ سىرتىدىكى پىنھان بىر جايغا بېرىپ شۇ يەردىكى شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بويىدا پاراڭلاشتى.

- گەپنى ئەگىتمەي سىزگە ئۇدۇللا دەۋېرەي، بىر ئىشتا سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج بولۇپ قالدىم، بولسا ماڭا بىر ياردەم قىلسىڭىز بوپتىكەن قىزىم، - ئىنىك ئانا شۇنداق دىگەچ يېنىدىن ئون نەچچە دانە ئالتۇن تىللانى چىقىرىپ سەككىز تالنى قىزنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

قىزچاق ئۆمرىدە بۇنچىلىك جىق ئالتۇن تىللانى تۇتۇپ باقمىغان ئىدى، ئۇ بۇ تىللانى قولىدا سىقىمداپ تۇرۇپ ئىنچىكە ئاۋازىنى تىترىتىپ سورىدى:

- نېمە ئىشتى ئانا ئۇ، شۇنچە سىرلىق؟

- سىرلىقمۇ ئەمەس قىزىم، بىر ھىساپتا بۇغۇ ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدى، مەن ئاستانىدىكى ھاشىم باي دېگەننىڭ چوڭ خۇتۇنى بولىمەن بالام، ئۆيىمىزدە ئىش قىلىدىغان بىر يىگىت بار ئىدى، ئۇنى كىچىگىدىن باشلاپ بىز بالىچىلاپ بېقىۋالغان، كونىلار ئادەم بالىسى باقساڭ ئاغزى بۇرنۇڭ قان بولۇر دەپ توغرا دەپتىكەن، ئۇنىڭ قولى

قېيىق چىقىۋالدى دىسىلە، باي ئاكىڭىز بىرسىنىڭ ئامانىتىنى ماڭا ساقلاپ قويغىن دەپ بىرىۋىدى مەن ئادەتتىكى ئالتۇن-كۈمۈش ئوخشايدۇ دەپ مۇنداقلا تىقىپ قويۇپتىمەن، ئەسلىدە ئۇنىڭ ئىچىدىكى پۈتۈنلەي قىممەت باھالىق ئۈنچە مەرۋايىت ئىكەن، كىم بىلسۇن ئۆيىمىزدىكى ھېلىقى يىگىت بۇنى كۆرۈپ قېلىپ ئوغۇرلاپ كىتىپتۇ، ھازىرغا كەلگەندە باي ئاكىڭىز ياكى ئامانەتنى تاپسەن ياكى بولمىسا ئۇ ئوغرىنى تاپسەن بولمىسا سۈزۈڭ شۇ دەپ تالاق قىلغىلىۋاتىدۇ، ئۇ ئوغرى تاھازىرغىچە تېپىلمىدى، بۇپتۇ سۆزۈمنى ئالاي دىسەم شۇنچە يىل تۇتقان ئۆيۈم، يىغقان ئالتۇن-كۈمۈشلىرىم ئەشۇ توقال خوتۇنلارغا شۇ پېتى قالغۇدەك، ئايال كىشى دېگەن ئاجىز ئىكەن بالام، بۇ گەپلەرنى ئىسمايىل سەتەڭگە دىيىشكە بولمايتتى شۇڭا ماڭا بىر ياردەم قىلسىڭىز بولاتتى. . .

ئىنىك ئانا ياۋۇزبەگنى خىيال قىلىپ كۆزىگە لىق ياش ئالدى، رەققاس قىز بۇلارنى ئاڭلاپ يۈرىگى بىر ئاز جايىغا چۈشكەندەك بولۇپ ئىنىك ئانىدىن سورىدى:

- ئېيتسىلا ئانا مەن سىلىگە قانداق ياردەم قىلىمەن؟

- بۇ ئاسان بالام، ئاڭلىساق ئۆيىمىزدىكى ئۇ ئوغرى مۇشۇ بازاردىكى بىر زەرگەر ئۇستا بىلەن باردى-كەلدى قىلارمىش، زەرگەر قاتتىق قاقۋاش نىمكەن، ئىس-بۇسنى چىقارمىدى، بەك چىڭ تۇتايلى دېسەك، رۇسلار كۈتكەن يەردىن چىقمايدۇ، شۇڭا بىز ئالدى بىلەن. . .

ئىنىك ئانا قالغان گەپنى قىزنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ سۆزلەشكە باشلىدى، قىزچاق ھەممە گەپنى ئاڭلاپ بولۇپ قاقاخلاپ كۈلۈپ كەتتى.

- خاتىرجەم بولسىلا ئانا، ھېلىغۇ زەرگەر گاچا ئەمەسكەن، ناۋادا ئۇ گاچا بولغان تەقدىردىمۇ ئۇششاق تىلىنى چىقىرىپ ناخشا

تۇۋلاتقۇزىمەن ئۇنىڭغا. . .

- ئەمىسە قىزىم ئىشلار دېيىشكىنىمىزدەك بولسۇن، ئەتە ئەتىتىگەن خۇش خەۋىرىڭىزنى كۈتىمەن، بۇ ئىشنى ياخشى ئورۇندىسىڭىز قالغان بۇ تەڭگىلەرنىمۇ سىزگە مۇكاپات قىلىپ بېرىۋېتىمەن قىزىم !

ئۇلار ئەتە ئەتىتىگەندە مۇشۇ جايدا كۆرۈشىدىغانغا دېيىشىپ هېلىقى زەرگەرنىڭ دۇكىنى بار كوچىغا قاراپ مېڭىشتى.

ئەسىرگە يېقىن زەرگەر دۇكىنىدا ئولتۇرۇپ زوق بىلەن هۈنەر قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئىشكتىن بىر قىز كىرىپ زىل ئاۋاز بىلەن پەس يۈتۈلۈپ قويۇپ تىزىپ قۇيۇلغان زىننەت بۇيۇملىرىغا قاراشقا باشلىدى، زەرگەر بۇ يېقىملىق ئاۋازدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزنى كۆردى، زەرگەر ئۆمرىدە بۇنچىلىك كېلىشكەن چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، ئۇنىڭ قولى ئىشتىن توختاپ يۈرىكىنىڭ سالغىنى ئۆزىنىڭ قۇلقىغا ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئۇنىڭ مۇشۇ تاپتا لەۋلىرى قۇرۇپ ئاغىزىدا نەم دىدارى قالمايۋاتاتتى. . .

- ئۆزلىرىگە. . . نى. . نى. . . نېمە لازىم ئىدىكى؟ - دېدى زەرگەر ئۇ قىزنىڭ خۇما كۆزلىرىگە قاراپ ئەقلىدىن ئازغاندەك بولۇپ.

- ماڭا لازىم نەرسىلەر بۇ يەردە يوقتەك قىلىدۇ ئۇستام. . . -دېدى قىز خىجىل بولغان قىياپەتتە نازلىنىپ كۈلۈپ زەرگەرگە تىكىلىپ قاراپ.

زەرگەر دەرهال شاگىرتىنى چاي دەملەپ ئەكىرىشكە بۇيرۇپ قىزچاقنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى:

- ئۆزلىرىگە بۇ يەردىن يارىغۇدەك بىرە نەرسە چىقىپ قالار سىڭلىم. ـ دېدى زەرگەر ئاران تەسلىكتە گېپىنى تېپىپ.

- چاقچاق قىلدىم زەرگەر ئۇستام ـ دېدى قىزچاق قاش كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ـ ئانام قايسى كۈنى ئىككى جۈپ زىرە بۇيرۇتۇپ قويغان چېغى، شۇ يىگىتنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۇقۇپ كەل، قاچانلارغا پۈتىدىكەن دەيدۇ.

- هە. . . هە. . . سىلى هېلىقى ئاستانىدىكى هاجى خېنىمنىڭ يالغۇز قىزىمۇ؟ - دېدى زەرگەر تېخىمۇ قىزغىن بولۇپ ـ هازىر ياساۋاتىمەن، سىلىگە يارىغۇدەك قىلىپ ياسىمىسام تاشلاپ قويالا هېلى.

- قىزچاق ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ قاقاخلاپ كۈلگىنىچە زەرگەرگە چاقچاق قىلدى:

- ئۆزلىرىدەك قاملاشقان يىگىت ياسىغان يەردە كۆزىمىزدىن ئوت چىققۇدەك ياسىۋېتەلا ئۇنى.

زەرگەر قىزنىڭ قاش-كۆزىنى ئوينۇتۇپ گەپ قىلىشلىرىغا قاراپ ئۇنىڭ ئېرىدىن ئايرىلغىنىغا راستىنلا ئۇزاق بولغانلىقىنى پەملىدى، بولۇپمۇ «قاملاشقان يىگىت» دېگەن سۆز ئۇنىڭ قۇلىقىدىن كىرىپ يۈرىگىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى.

- ياسىمامدىغان. . . ياسىمامدىغان. . . ئوت چىقىرىۋېتىمىز دىسىلە- دېدى زەرگەر شالۋۇرىنى ئېقىتىپ.

ئاڭغىچە شاگىرت بالا چاينى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئۆزىنىڭ كىچىكلىكىگە باقماي قىزغا هاڭۋېقىپ قاراپ كۈلۈپ تۇراتتى، زەرگەر چاي چەينىكىنى قولىغا ئېلىپ شاگىرتىغا ئالىيىپ قويۇپ قىزنى گەپكە سالدى:

- بۈگۈن سىلىنىڭ كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلمەپتىمەن، مۇبارەك قەدەملىرى دۇكىنىمغا يېتىپ قاپتۇ، ئۆيۈمگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇپ

ماڭسىلا، قۇرۇق چاي بولسىمۇ تۇتاي سىڭلىم- دېدى زەرگەر ئاغىزىدىن نېمە گەپ چىققانلىقىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ.

- بۇپتۇ، بۈگۈنچە قۇرۇق چايلىرىنى بولسىمۇ ئىچىپ تۇراي، ھەممىنى قىلغان شۇ ئانام دىسىلە. . .

قىزچاق كۈلگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ زەرگەرنىڭ يول باشلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. زەرگەر كۆز ئالدىدىكى ئىشلارغا ئىشەنمىگەندەك كالپۇكىنى چىشلەپ بېقىپ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ دەرھال يول باشلاپ ئالدىدا ماڭدى.

زەرگەر قىزنى ئىچكىرىدىكى مىھمانخانا ئۆيگە باشلاپ قويۇپ شاگىرت بالىنى دۇكاننى تاقاپ بازاردىن نەرسە كېرەك سېتىۋېلىشقا بۇيرىدى. ئاندىن ئالدىراپ قىزنىڭ قىشىغا كىردى، قىزچاق زەرگەر كىرگۈچە بېشىدىكى شارپىنى ئېلىپ تاشلاپ چىرايلىق تىكىلگەن كەمزۇلنى سېلىۋېتىپ ئىچىدىكى ئۇتقاشتەك قىزىل دۇخاۋا كۆينىكى بىلەن توم ئۆرۈلگەن سۇمبۇل چېچىنى تومپايغان كۆكسىنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قۇلىدا ئويناپ ئولتۇراتتى، زەرگەر ئىختىيارسىز قىزنىڭ دۇخاۋا كۆينىكىنىڭ ئالدىدىكى ياقا ئويمىسىدىن دۈمبىدەك پارقىراپ چىقىپ قالغان يېرىم كۆكسىگە قاراپ سالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بەدىنى ئوت ئېلىپ قەيەرگە دەسسەپ تۇرغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى.

قىزچاق ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ ئىشىنىڭ ئاسانغا تارتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ زەرگەرگە سۆز قىلدى:

- تووۋا دەيمەن، ئەركەك زاتىنىڭ چىرايىغا قاراپ باقمىغىلى قانچە ئۇزۇن بولدى ماڭا، بۈگۈن ھەجەپ بىر ئىش بولدى، ئۆزەمچە ئۆيلىرىگە كىرىپ قاپتىمەن، سىلىمۇ بوش ئەمەسكەن ئۇستام قارىغاندا. . . - قىزچاق يەنە نازلىنىپ كۈلدى.

زەرگەر گەپ سۆزلەرنىڭ باشقىچە مېھرى ئىسسىق بولىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇتقان-قويغىنىنى بىلەلمەي قالدى.

- بۈگۈن تاغنى بەرگەنىدەك خوش بولدۇم، ئازادە ئولتۇرسىلا، كەچتە ئۆزەم ئاپىرىپ قويىمەن.

- ناۋادا ئەتە كېتەي دىسەم قوغلىغىدەكلا مىنى. . . - دېدى قىزچاق كۈلگىنىچە ئۈنچىدەك چىشىنى چىقىرىپ.

- توۋۋا دىسىلە، سىلىدەك پەرىزاتنى قوغلامدىغان. . . -دېدى زەرگەر ئاغزىغا كەلگەن شۈلگىينى يۇتىۋېتىپ.

- كېچىچە توڭدۇرۇپ سالالىمۇ يا. . . ؟ - قاقاخلاپ كۈلدى قىزچاق ئوتلۇق كۆزى بىلەن زەرگەرگە يەنە تىكىلىپ قاراپ.

مۇشۇ تاپتا زەرگەر تۈگەشكەن ئىدى، ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇ قىزنىڭ ۋەسلىگە يېتىش ئۈچۈن پۈتۈن بىساتىدىن كېچىشكە رازى ئىدى. قىزچاق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ زەرگەرگە ئېيتتى:

- ئانام ئېيتقاندەك مېھرى ئىسسىق يىگىتكەنلا، راستىنى دىسەم كۆڭلۈمنىڭ ھەقىقەتەن ئارامى يوق، ئاز تولا مۇسەللەس دىگەندەك بىرنىمە ئەكىرسىلە، ئالدىلىرىدا يۈرۈگۈم سېلىپ خىجىلچىلىقتا بەكلا بىئارام بولۇپ كەتتىم، قېنى دەردىمگە دەۋا بۇلالامدىلا كۆرۈپ باقاي.

زەرگەر ئەزەلدىن كەيىپ قىلمايتتى، لېكىن بۈگۈن مۇسەللەس ئەمەس، زەھەر بولسىمۇ ئىچىشتىن يانمايتتى، شۇڭا ئۇ ئالدى-كەينىگە قارىماي رەستىگە يۈگۈردى.

زىمىننى قاراڭغۇلۇق باستى، ھايىنى-ھۇيت دىگۈچە داستىخانلار سېلىنىپ توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسىلەر تىزىلدى، كۈلكە-چاقچاق ئىچىدە قىزچاق بىلەن زەرگەر قەدەھلىرىنى تولدۇرۇپ راسا

ئىچىشتى. قىزچاق كۈنى-كۈنى مۇسەللەس ئىچىپ بەگ-ئەمەلدارلارنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ نەغمە-ناۋا ئىچىدە يۈرگەچكە بۇنچىلىك مەي ئۇنىڭغا نىسبەتەن بىر پىيالە سۇ ئىدى، لېكىن زەرگەرنىڭ تۇنجى ئىچىشى بولغاچقا شەھۋەتى بارغانسېرى ئۆرلەپ ئەقلىدىن ئېزىپ تاققۇ-تۇققۇ سۆزلەشكە باشلىدى، قىزچاق پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ ئىنىك ئانىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئىش كۆرۈشكە باشلىدى.

- ۋاييەي ئۇستام، قەيەردە سىز، باشلىرىم قېيىپ يۈرۈگۈم ئوت ئېلىپ كەتتىيا مىنىڭ. . . - دېدى قىزچاق يۈرىگىنى چىڭ بېسىپ.

- مانا مەن جېنىم، قېنى يۈرىكىڭىزنى تۇتۇپ باقاي، راست قىزىۋاتامدۇ. . . - زەرگەر شۇنداق دىگىنىچە مەيىنىڭ كۈچى بىلەن قىزنىڭ لىغىرلاپ تۇرىدىغان كۆكسىنى مۇجۇشقا باشلىدى.

- ۋايجان ئۇز جېنىم، چىدىيالمىدىم بوشراق. . .

قىز ئىڭراپ كەتتى.

- زەرگەر ھاسىرىغىنىچە قىزنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇشقا ئۇرۇندى، شۇ چاغدا قىزچاق ئىككى قولى بىلەن زەرگەرنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىۋېلىپ ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىۋالدى، زەرگەر تېنىگە تۇتاشقان لەززەتلىك ئوتتىن ھۇشىنى يوقۇتايلا دەپ قالدى.

- سىزنىڭ بۇنچە ئوتلۇق يىگىتلىكىڭىزنى بىلمەپتىمەن، ئانامنىڭ كۆزى راستىنلا مال تونۇيدىكەن، بىز ئەمدى بولدى قىلايلى. . . مەن قايىتاي. . . -دېدى قىزچاق يىغلامسىرىغان قىياپەتتە.

- سىزگە نېمە بولدى ئەمدى جېنىم مەلىكەم. . . مىنى مۇشۇنداق تاشلاپ قويۇپ كىتىشكە كۆڭلىڭىز ئۇنامدۇ زادى؟- دېدى زەرگەر ئاستىدا ياتقان پەرىزاتنى قويۇپ بەرمەي.

- سىزگە ئېيتماپتىمەن، ئىلگىرى ئۆيدىكىلەر مىنى بىرسىگە ياتلىق قىلغان ئىدى، ئۇ ۋاپاسىز قىمارۋاز چىقىپ قېلىپ بۇ يولدىن قايتقىلى ئۇنىمىدى، ھەتتا ئۆيدىكىلەر تويۇمدا ئېلىپ بەرگەن يېشىل ئالماس كۆزلۈك زۇننارىمنىمۇ ئوغۇرلاپ كەتتى، ئاڭلىسام بۇنچە چوڭلۇقتىكى يېشىل گۆھەرنىڭ جاھاندا ئىككىنچىسى تېپىلماسمىش، ئۇ ئوغرىنى ئادەم ياللاپ ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، ئۇنىڭ كۆنلەرنىڭ بىرىدە قايتىپ كىلىپ غوۋغا كۆتۈرۈشىدىن شۇنداق قورقىمەن دەڭا، نىمىشقىمۇ خۇدايىم ماڭا سىزدەك ياخشى يىگىتنى ئۇچراشتۇرمىغان بولغىيتتى. . . ئۇ بىر بەدنىيەت نېمە سىزنى كۆرسە سىزگە قەست قىلىشتىن يانمايدۇ، مىنىڭ ھازىر سىزدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلغۇم يوق دەڭا. . .

قىزچاق يالغاندىن يىغلىغان بولۇپ يىگىتنى يەنە چىڭ قۇچاقلىۋالدى. زەرگەرنىڭ بېشى پىيقىرغاندەك بولۇپ قىزچاقتىن سورىدى:

- سىزنىڭ ئۇ ئېرىڭىز مەندىن ئېگىز، مەندىن غوللۇقمىدى؟

- ھەئە شۇنداق، كۆرگەنمىدىڭىز ئۇ مۇناپىقنى. . . ياردىن تېيىلىپ كېتىپ ئۆلگۈيدى ئۇ ئەبلەخ. . .

زەرگەر پۈتۈنلەي ئەقلىدىن ئازدى.

- شۇنداق كۆرگەن، ئۇ ئەمدى قايتا پەيدا بولمايدۇ.

قىزچاق بۇ گەپنى ئاڭلاپ زەرگەرنىڭ لىۋىگە لىۋىنى يېقىپ ئېيتتى:

- گىپىڭىز راست بولسىغۇ، جېنىمنى دىسىڭىزمۇ بىرەتتىم، لېكىن ئۇ ناھايىتى ئەسكى بەدبەخ، ئۇنىڭغا بالدۇر ئۆلۈم كەلمەسمىكىن.

زەرگەر كەيپچىلىكتە قىزچاقنىڭ بۇ مۇئامىلىسىدىن ھەممە گەپنى

ئۇنىڭغا دەپ ئۇنىڭ يۈرىكىگە تۈكۈرمەكچى بولدى.

- ئۇ ئەبلەخ مىنىڭ يېنىمغا پات-پات ئۇنى بۇنى ئەكىلىپ تۇراتتى، بىر كۈنى ئۇ سىزدىگەن ھېلىقى تويلۇق مېلىڭىزنى ماڭا ئەكەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ يېشىل گۆھەرنى ئاستانىدىكى شاكىرخان ھاجى دېگەنگە ئاپىرىپ بەردىم، شاكىرخان بۇنى ئاستانىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارغا سوغا قىلىپتۇ، كېيىن شاكىرخان ئۇ ھەربىي ئەمەلدارنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئېرىڭىزنى ياق ئۇ ئوغرىنى تۇتۇپ ئېلىپ كەتتى. . .

زەرگەر بۇ گەپنى پورسوققىدە دەپ قىزچاقنىڭ چىرايىغا قارىدى. قىزچاق شۇنداق خوش بولغان قىياپەتتە زەرگەرنىڭ كۆينىكىنىڭ ئىچىگە قولىنى تىقىپ دۈمبىسىنى ئالقىنى بىلەن سىلاشقا باشلىدى.

- رەھمەت جېنىم، ئىلاھىم دېگىنىڭىزدەك بولغۇيتتى، بۇنى ئاڭلاپ يۈرۈگۈم بىر ئاز جايىغا چۈشتى، ئۇ ئەبلەخنىڭ تۇرمىدە قەبرىسىگە خادا تىكلەنگەي ئىلاھىم. . . - قىزچاق شۇنداق دېگەچ زەرگەرنىڭ كۆينىكىنىڭ تۈگمىسىنى ئېچىشقا باشلىدى ـ لېكىن ئۇ قارا يۈز يەنە تۈرمىدىن چىقىپ قالامدىكىن دەيمەن. . .

قىزچاقنىڭ قولى ھەركەتتىن يەنە توختاپ قالدى.

- خاتىرجەم بولۇڭ، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن ئۆلۈشكۈن رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ بۇيرىتمىسىغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ ئايالىغا زىننەت بۇيۇمى ئاپىرىپ بەرگەن ئىدىم، مەن ئالايىتەن شۇ ئوغرىنى سۈرۈشتە قىلىپ باقتىم، چۈنكى ئۇ مىنى ئۆزىگە چېتىۋالامدىكىن دېگەن قورقۇنچامۇ بار ئىدى، ھېلىقى قولىقى ئۇزۇن رۇس ئەسكىرىنىڭ دېيىشىچە ئۇ ئوغرى تۈرمىدە ھېلىقى ھەربىي ئەمەلدارنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. . . شۇنىڭ بىلەن باشقىلار ئۇنى نەخ مەيداندا ئېتىپ

تاشــــلاپتىمىش. . . بۇ گەپ راســــتكەن جېنىم، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلاي. . .

زەرگەر بۇلبۇلدەك سايراپ قىزچاقنىڭ كۆڭلىنى ئۆزىگە قاراتماقچى بولدى، قىزچاق بۇ گەپلەرنىڭ راستلىقىغا ئىشەنگەندەك بولۇپ قۇلىنى يەنە ھەركەتكە كەلتۈرۈپ قولتۇقى زاغۇن پۇراپ تۇرىدىغان زەرگەرنىڭ كىيىملىرىنى ســـالدۇرۇپ باغرىغا چىڭ باســـتى ھەمدە كېلەركى ئايدىلا توي قىلىدىغانغا ۋەدىلەشتى. . .

ئەتىســـى ئەتىگەندە قىزچاق زەرگەر بىلەن خوشلىشــــىپ ئۇدۇل ھـاماممغا بېرىپ يۇيۇنۇپ تارانغاندىن كېيىن ھېلىقى كونا جايدا ئىنىك ئانا بىلەن كۆرۈشۈپ بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا يىپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە بايان قىلدى. ئىنىك ئانا ۋەدىسى بويىچە رەققاس قىزنى ئوبدان رازى قىلدى.

رەققاس بىلەن خوشـلاشـقاندىن كېيىن ئىنىك ئانا بۇ گەپلەرنىڭ راســـتلىقىغـا بىر ئـاز چىن پۈتتى، ئېرىق لېۋىدە تىزىنى قۇچـاغلاپ ئولتۇرۇپ ئۇزۇنــدىن-ئۇزۇن يـاش تۆكۈپ يـاۋۇزبەگكە ئىچى ئـاغرىتىـپ يىغلىدى ئاندىن بۇ ئىشـــلارنى قانداقلا بولمىســۇن قەغەزگە تەپســـىلى پۈتۈپ شاھزادە پاششاخانىنىڭ ھېساب ئېلىشىغا قالدۇرماقچى بولدى.

## سەككىزىنچى باب

## مۇدھىش كۈنلەر

ۋاقىت سۇدەك ئۆتۈپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە پاششاخان يەتتە ياشنىڭ قارىسىنى ئالدى.

ئىنىك ئانا تۈركمەن خاندانلىقىنىڭ ئەنئەنىسىدىكى شاھزادىلەرنى تەربىيەلەش تۈزۈمىگە ئاساسەن پاششاخانغا يەتتە ياشقا كىرگۈچە بىرقانچە چەتئەل تىلىنى ئۆگىتىشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنىك ئانا بالا پادىشاھ ـ پاششاخانغا رۇس تىلى، ئەرەب تىلى ۋە پارس تىللىرىدىن دەسلەپكى قەدەمدە ئاساس تۇرغۇزماقچى بولدى، ئىنىك ئانا پارس تىلى بىلەن ئەرەب تىلىغا پۇختا ئىدى، شۇڭا ئۇ بۇ ئىككى تىلنى ئۆزى بىرىپ ئالدىنقى بىر تىل-رۇس تىلىغا ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلدى.

ئىنىك ئانا كامىل مۇسۇلمان بولسىمۇ ئەرەب تىلىغا قارىغاندا رۇس تىلىنى مۇھىم دەپ بىلەتتى ئۇنىڭ نەزىرىدە «يامانلىق ۋە شۇملۇق دوستتىن ئەمەس دۈشمەندىن كېلىدۇ شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەننىڭ تىلىنى پۇختا بىلىپ مۇستەملىكىچى دۈشمەن مىللەتنى ئۆز ۋەتىنىدىن ئۈزۈل-كېسىل قوغلاپ چىقىرىش كېرەك» دەيدىغان ئىدىيە بار ئىدى.

مەلىكە كۈنچېچەكنىڭ ھايات ۋاقتىدا ئىنىك ئانىغا ئېيتقان ئارزۇسىمۇ بالىنى يەتتە يېشىغىچە چوقۇم ياۋروپالىقلارنىڭ تىلىدىن

مۇكەممەل ساۋات چىقارغۇزۇش ئىدى شۇنداقلا بۇ تۈركمەن خاندانلىقىنىڭ شاھزادە -مەلىكىلەرنى تەربىيەلەشتىكى ئەنئەنىۋى قائىدە-تۈزۈمگە قېتىلغان يېڭى بىر ماددىسى ھېسابلىناتتى، شۇنداق قىلىپ پاششاخان بەش يېشىغىچە ھېلىقى بازاردا چوڭ بولۇپ ئالتە ياشقا قەدەم قويغان يىلى بازاردىن ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى تېپىلماسلىق سەۋەبلىك بۇ يەردىن ئايرىلىشقا مەجبۇرى بولدى، ئىنىك ئانا بۇ بازاردىكى يېقىن-يورۇق، قۇلۇم-قوشنىلار بىلەن خوشلىشىپ رازىلاشقاندىن كېيىن ئاستانىگە قاراپ يولغا چىقتى.

نەچچە كۈنلۈك جاپا-مۇشاققەتلىك ماشىنا سەپىرىدىن كېيىن ئىنىك ئانا ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان شەھرىگە يېقىنلاپ كەلدى. ئىنىك ئانا بۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە بالا بېقىش ۋە بالا تەربىيەلەش ئىشى بىلەن بەكلا جۈدەپ كەتكەن بولغاچقا شەھەردىكى ئۇرۇق-تۇققانلىرىمۇ ئۇنى كۆرسە تونۇماسلىقى ئېنىق ئىدى. بالا پادىشاھ-پاششاخان ئىنىك ئانىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بەدەل تۆلىگىنىگە يارىشا ھەقىقەتەن بەكمۇ ئەقىللىق بالا بولغان ئىدى، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپ تىرىشچان، ئىرادىلىك بالا بولدى، مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام دېگەندەك بۇ بالا ياۋۇزبەگ بىلەن مەلىكىنىڭ ئەڭ ياخشى جەۋھەرلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغاندەك مەيلى چىرايدا بولمىسۇن مەيلى قىلىق-ھەرىكەتلىرىدە بولمىسۇن كۆرگەنلىكى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈپ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇ ئىنىك ئانىسىغا شۇ دەرىجىدە ئامراق ئىدىكى ئۇ تاكى تۆت يېشىغىچىمۇ ئىنىك ئانىسىنىڭ ئەمچەك توپچىسىنى شوراپ ئۇخلايتتى. ئىنىك ئانىمۇ ياشنىپ قالغاندا بۇ بالىغا ئادەتتىن تاشقىرى ئامراق بولۇپ كەتكەن ئىدى، ھە دىسىلا بالىنىڭ غېمىنى يەپ «بارغانسېرى قېرىپ كىتىۋاتىمەن ناۋادا ئاللاھ تۇيۇقسىزئامانەتنى تاپشۇرۇۋېلىپ بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالسام يۈرەك

پارەم پاشـــاخان نەلەردە بوينىنى قىســـپ قالار؟!» دىگەننى ئويلاپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا يىغلاپ كىتەتتى. بۇنداق چاغلاردا پاشىاخان ئىنىك ئانىنىڭ ئاقارغان بېشىنى قۇچاغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يۈزىگە يۈزىنى چىڭ يېقىـپ، ئۇنىـڭ بىلەن تەڭ يىغلاپ ئىنىـك ئـانىنىـڭ يۈرىكىنى تېخىمۇ ئېزىۋىتەتتى.

شـەھەرگە ئاز قالغاندا ئىنىك ئانا بوخچىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ بالا بىلەن قارا ماشىنىنىڭ كوزۇپىدىن چۈشـۈپ قالدى، چۈنكى شەھەر ئىچى ھازىرچە ئىنىك ئانىغا نىسبەتەن يەنىلا ناتونۇش خەتەرلىك جاي ھېسابلىناتتى.

ئۇلار ياۋۇزبەگنىڭ دادىسى جالال شـەيخنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان مازارلىققا قاراپ يول ئالدى، بالا پادىشـاھ- پاشـاخان ئىنىك ئانىنىڭ ئـالـدىـدا گـاھى پىلتىڭلاپ گـاھى يۈگۈرۈپ مېڭىـپ ئىنىـك ئـانىنىـڭ خوشـلىقىنى كەلتۈرەتتى. ئۇلار چۈشـكە يېقىن جالال شەيخنىڭ ئۆينىڭ ئەتراپىغـا يىتىــپ كەلـدى لېكىن ئۆيلەر يىقىۋېتىلگەن بولۇپ پەقەت ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى سوقما پاكار تامنىڭ بىر قىسمىلا قالغان ئىدى.

ئىنىـك ئانا بىردەم ســـاقلاپ تۇرۇپ مەســـچىتكە پىشـــىن نامازغا كەلگەن بىرەيلەندىن جالال شـەيخنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سـۈرۈشتە قىلدى، ئۇ كىشـــى ئېغىر خورســـىنىپ رۇس ھەربىي ئەمەلدارلىرىنىڭ جالال شەيخنى ئوغلۇڭ باش سانغۇن بولۇپتىكەن شۇنى تېپىپ بەر دەپ تۈرمىـدە قىينـاپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، ئۆيىنىمۇ يىقىـپ تۈزلەپ مۇشـــۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

ئىنىـك ئـانا بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ رەھىمســـىز تەقدىردىن ئېچىنىپ جـالال شـــەيخنىـڭ روھىغـا يىغلاپ تۇرۇپ ئۇزۇن دۇئـا قىلـدى، ئالتە ياشـلىق پاشـاخانمۇ ئىنىك ئانىسـىنىڭ تەلۋىگە ئاسـاسـەن سـۈرە

ياسىنىنىڭ ئالدىنقى بىر مۇبىيىنىنى يېقىملىق ئاۋازدا قىرائەت قىلىپ ئۇلارغا ئاتاپ دۇئا قىلدى.

ئۇلار بۇ كېچە مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئورنىدىكى سوقما تامنىڭ بۇلۇڭىدا يېتىپ ئۇخلايدىغان بولدى، چۈنكى كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇسى چوڭ شەھەرگە قانچە يېقىن بولغانسېرى ئۇلارنىڭ سىرتى پارقىراق ئىچى كىرگە تولغان بۇلاتتى، بۇلاردىن كېلىدىغان خەۋپ ھېلىقى بازاردىكى كىشىلەرگە قارىغاندا خېلىلا يۇقىرى بۇلاتتى.

ئۇلار ئەتىسى ئاش ۋاقتى بىلەن شەھەرگە كىردى، شەھەر ئاندا-ساندا بىنا ئۆيلەرنىڭ سېلىنغانلىقىنى ھېساپقا ئالمىغاندا ئاۋۋالقىدىن ئانچە ئۆزگەرمىگەن ئىدى، كوچا-كويلارنى پەقەت رۇسلار قاپلاپ كەتكەن بولۇپ ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سودىگەر-بايلار ياكى بۇ شەھەرنى مۇقىم ماكان تۇتقان رۇس پۇقرالىرىدەك قىلاتتى. قاتار تىزىلغان قۇراللىق رۇس ئەسكەرلىرى كوچا-رەستىلەرنى دەمدە بىر ئايلىنىپ قۇلىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان شەھەر پۇقرالىرىغا ھەيۋە كۆرسىتىپ شەھەرنىڭ ئامانلىقىغا كاپالەتلىك قىلاتتى.

ئىنىك ئانىنىڭ يېنىدا ئېلىپ يۈرگەن بايلىقى ئەمەلىيەتتە شەھەرنىڭ يېرىمىنى سېتىۋېلىشقا ئازادە يېتەتتى، ئۇلار شەھەر مەركىزىدىن ئۇبدان بىر ئۆينى سېتىۋېلىپ ئولتۇرسىمۇ بۇلاتتى لېكىن بۇنداق قىلىشنىڭ خەتىرى بەكلا چوڭ بۇلاتتى ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆي-زېمىن ئېلىم-بېرىم قىلغۇچىلار شۇ ۋاقىتتىكى قورچاق ھاكىمىيەتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى تىزىملىتىپ باج تۆلىشى، تۈرلۈك ھۆججەتلەرگە قول بېسىپ رەسمىيەتلەرنى ئۆتىشى كېرەك ئىدى، بۇنداق ئىشنى قىلىدىغان ئورگانلار كاللا كېسەر مۇناپىقلار بىلەن رەھىمسىز رۇس خىزمەتچىلىرىگە تولۇپ كەتكەچكە رۇس پۇقرالىرىغا ئىش بىجىرىش

ئۇيۇنچىلىق، تۈركمەن پۈقرالىرىغا ئىش بىجىرىش ناھايىتى بەس مۈشكۈل ئىدى. شۇڭلاشقا ئىنىك ئانا بالىنىڭ ئوقۇش ئىشىنى ئويلاپ شەھەردىن بىر ئۆي ئىجارە ئېلىشنى ئويلىدى.

ئىنىك ئانا كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يۈزىنى يېرىم ئورىۋېلىپ قەدىمنى «قەلەندەر كوچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان مەھەللىگە قاراتتى، چۈنكى بۇ يەر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە نامراتلارنىڭ تۇرالغۇسى دەپ قارالغاچقا مەيلى رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ ياكى شۇ چاغدىكى قونچاق ھاكىمىيەتنىڭ چارلاپ ـ تەكشۈرۈشلىرىدىن بىر ئاز خالىي ئىدى.

ئىنىك ئانا پاششاخانىنىڭ قۇلىنى يېتىلەپ ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ ئاخىرى كىچىك بىر ئۆينى ئىجارە ئېلىپ شۇ يەردە مۇقىم ئولتۇراقلاشتى.

ئاي-يىللار بىر بىرىنى قوغلىشىپ ھەش-پەش دىگۈچە پاششاخان يەتتە ياشقا كىرىپ قالدى، ئىنىك ئانىمۇ بار ئامالللار بىلەن بالىنى مەلىكە كۈنچېچەكنىڭ ئارزۇسى بويىچە ياخشى تەربىيىلىدى. ئۇنىڭ خەتنىسىنى قىلدۇرۇپ سۈننەتنى ئادا قىلدى.

لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنداق تىنچ-ئامان كۈنلىرىمۇ ئۇزۇنغا بارالمىدى، مۇشۇ مەزگىلدە بۇ شەھەردە بىرخىل ۋابا پارتلىدى. بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغۇچىلارنىڭ باشتا كۆڭلى ئېلىشىپ ئۇڭ بېقىنى تېلىپ ئاغرىيتتى ئاندىن نەچچە كۈن ئۆتمەيلا كۆزىنىڭ ئېقى سارغىيىپ كۆپىنچىسى بىھوش بولۇپ ئۆلۈپ كىتەتتى.

بۇ كېسەل مىللەت ئايرىمىدى، شەھەر تۇيۇقسىز يىغا-زار ئىچىدە قالدى، بۇنىڭدىن رۇس ھاكىمىيىتىمۇ جىددىيلىشىپ ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش ئىشلىرىنى قاتتىق كۈچەيتىپ باقتى، لېكىن بۇ كېسەلدىن يۇقۇملىنىپ ئۆلگەنلەرنىڭ سانى كۈنسايىن كۆپىيىشكە باشلىدى.

بىر كۈنى ئىنىسى ئانىسىنىڭ چۈشىدە بۇزۇلۇپ تاڭ سۈزۈلمەستە پاششاخاننى ئويغاتتى.

- پاششاخان بالام، ئورنۇڭدىن تۇرغىن بىر يەرگە بېرىپ كېلەيلى- دېدى ئىنىسى ئانا ئۆشنىسىگە بوخچىسىنى ئارتىپ تۇرۇپ.

- يەنە يۆتكىلەمدۇق ئانا؟ - دەپ سورىدى پاششاخان كۆزىنى ئۇۋۇلاپ.

- ياق بالام بارغاندا بىلىسەن، چاققان بوله. . .

پاششاخان ئورنىدىن تۇرۇپ كېيىملىرىنى كىيىپ ئانىسىنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، ئىنىسى ئانا هويلىدىكى بىر كىچىك قۇرۇق كومزەكنىمۇ قولىغا ئېلىۋالغان ئىدى، ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە جامائەت مەسچىتتىن يانار چېغىدا جالال شەيخنىڭ ئۆيىنىڭ ئورنىغا يېتىپ كەلدى، ئىنىسى ئانا قولىدىكى كومزەكنى تامنىڭ تۈۋىدە قاپ قويۇپ مەسچىتتىن كىشىلەرنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردى، شۇ ئەسنادا جامائەت مەسچىتتىن چىقىشقا باشلىدى، ئىنىسى ئانا كىشىلەرنىڭ ئارسىدىكى ساقاللىرى ئاقىرىپ قېرىلىقتىن ئاران مېڭىۋاتقان بىر كىشىگە سالام قىلىپ ئۇنى يانغا تارتىپ جالال شەيخنىڭ ئايالىنىڭ قەبرە بېشىنى سورىدى. بۇۋاي جالال شەيخ بىلەن تەڭ دىمەتلىك بولۇپ ئۇنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ قىينالمايلا ئىنىسى ئانىغا يول باشلاپ هېلىقى قەبرە بېشىنى كۆرسىتىپ قويدى. قەبرە ياغاچ سالاسۇن بىلەن ئورالغان بولۇپ باشقا قەبرىلەردىن ئالاهىدە پەرىقلىنەتتى.

ئىنىسى ئانا پاششاخاننى هېلىقى قەبرە بېشىغا يېتىلەپ ئەكىلىپ قولىدىكى كۆمزەككە بوخچىسىدىكى ئالتۇن تاجىدىن باشلاپ بويىنىغا ئاسىدىغان تۇمارغىچە هەممە نەرسىلەرنى سالدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى چوڭ -كىچىكلىكى ئوخشاش بولىمغان ئالماسلار بولۇپ ئالتۇن تىللالار

ئىلگىرىكىدىن ئاز قالغان ئىدى، ئۇ بارلىق نەرسىلەرنى كومزەككە قاچىلاپ ئاغزىنى راسا پۇختا ئەتتى.

ئىنىك ئانا ئەتراپقا سەپسىلىپ ئادەم شەپىسىنى سەزمىگەندىن كېيىن سالاسۇندىن تەسلىكتە ئارتىلىپ كىرىپ بوخچىسىدىكى تەييارلىۋالغان ئوتئۇغۇچ بىلەن قەبرىنى خېلى چوڭقۇر كولاپ كومزەكنى كۆمۈۋەتتى، ئۈستىگە غازاڭ-شاخلارنى چاندۇرماي تاشلاپ قويۇپ ناھايىتى ئالدىراپلا سالاسۇنىنىڭ ئىچىدىن چىقىۋالدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەركىتىنى ئىنىسى-جىن كۆرمىگەن ئىدى. ئىنىك ئانا ئەتراپقا تازا بىر قارىۋېتىپ خۇداغا شۈكرى دەپ يېنىك نەپەس ئالدى، ئاندىن ئۇ پاشاخاننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئېيتتى:

- ئوغلۇم پاششاخان مىنىڭ بۇ سۆزلىرىمنى ئىسىڭدە مەھكەم تۇتقىن، شەھەردە كېسەل تارقاپ مۇسىبەت -يىغا-زار ھەممە ئۆيىنى قاپلىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈم بۇزۇلۇپ كۆڭلۈم بىرنىمىنى تۇيۇپ تۇرىدۇ، بۇ چاققىچە سەن كىچىك بولغاچقا بۇ گەپلەرنى دېمىگەن ئىدىم، ئەمدى دەيدىغان چاغلار بولۇپ قالدى- ئىنىك ئانا بۇلارنى دېگەچ كۆزىگە ياش ئېلىپ يىغلاپ كەتتى- مەن سېنىڭ ئۆز ئاناڭ ئەمەس. . . سېنىڭ ئۆز ئاناڭ مۇشۇ خاندانلىقنىڭ مەلىكىسى شۇنداقلا خاندانلىقنىڭ ئاخىرقى شاھى -مەلىكە كۈنچېچەك. . . سېنىڭ ئاتاڭمۇ خانلىقنىڭ ھەربىي باش ۋەزىرى ھەم باش سانغۇنى ياۋۇزبەگ ئىدى، بالام. . . تەقدىرنىڭ چاقى تەتۈر چۆرگىلەپ رۇسلار زىمىنىمىزغا باستۇرۇپ كىرىپ خەلقنى دەھشەتلىك قىرغىن قىلدى، يالغاندىن ئادالەت بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ئەكسىچە كىشىلەرنى قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ قەتلى قىلدى. . . سېنىڭ ئاتاڭنىڭمۇ. . . ئاناڭنىڭمۇ قاتىلى دەل مۇشۇ رۇسلار. . . سەن ئاددى كىشىلەردىن ئەمەس بالام. . . ئاناڭ سەن بىلەن ۋىدالاشقان چاغدا سېنىڭ مۇشۇ خاندانلىقنىڭ شاھى

بولغانلىقىڭغا يارلىق چۈشۈرگەن. . . سەن مۇشۇ ئەلنىڭ خانى ئوغلۇم!- ئىنىك ئانا يىغلاپ ئېقىپ كەتكىنىچە پاششاخاننى باغرىغا چىڭ باستى.

پاششاخان ئانىسىنىڭ گېپىنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى، ئۇمۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ ئىنىك ئانىنىڭ يېشىنى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈپ ئاۋالقىدەك تەڭ يىغلاشقا باشلىدى.

- بالام، بۇ گەپلەرنى قەتئىي كىشىگە تىنما، ئىسىڭدە مەھكەم تۇت، ئاتاڭنىڭ قاتىلىنىمۇ ھېلىقى تۇمارنىڭ ئىچىگە پۈتۈپ قويدۇم، ئۇ تۇمار ساڭا بوۋاڭدىن قالغان ئىكەن، داداڭ ئۇنى يېنىدىن ئايرىمايتتى، ئىسىڭدە بولسۇنكى يىگىرمە ياشقا كىرمىگۈچە بۇ قەبرىدىكى كومزەكنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ سالما، بىلدىڭمۇ؟- دېدى ئىنىك ئانا يىغلاپ تۇرغان پاششاخاننىڭ ئىككى قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ كۆزىگە تىكىلىپ قارىغىنىچە.

- ماقۇل، ئىسىمدە ساقلايمەن ئانا ! - دېدى پاششاخانمۇ ئانىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ ئىشەنچ بىلەن.

ئىنىك ئانا پاششاخانغا يول بويى يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى تاپىلىدى، ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئۆيىگە قايتتى.

ئارىدىن نەچچە كۈن ئۆتمەيلا ئىنىك ئانىنىڭ كۆرگەن چۈشى ئالدىغا كېلىپ كۆزىنىڭ ئېقىنى سېرىقلىق باستى، ئىنىك ئانا ئۆزىنىڭ ۋابا بىلەن ئاغرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ ئوڭ بېقىنىنى تۇتقىنىچە ئوغلى پاششاخانغا ئۆزىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىشىنى ئېيتتى. پاششاخان يۈگرەپ چىقىپ قوشنىلارنى چاقىردى، ئاڭغىچە ئىنىك ئانا ھۇشىدىن كېتىپ سۇپىغا يىقىلىپ بولغان ئىدى، بۇ خىل كېسەل بىلەن ئاغرىغانلار بەك كۆپ بولغاچقا دوختۇرخانىلار تۇشۇپ كەتكەنلىكتىن يېڭى ھۆكۈمەت مەھەللىدىكى ئىش بىجىرىش ئۆيلىرىنى ھەتتا

مەكتەپلەرنىڭ سىنىپلىرىنىمۇ كېسەلخانا قىلغان ئىدى، بۇنداق ۋابادىن ئاغرىغان بىمارلارنىڭ ساقايغىنىدىن ئۆلگىنى كۆپ بولسىمۇ لېكىن دوختۇرلار قولىدىن كېلىشىچە داۋالاش -قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى ئىشلەيتتى.

ئىنىك ئانا قوشنىلارنىڭ ياردىمىدە مەھەللىگە يېقىن بولغان مەكتەپكە يۆدۈپ ئاپىرىلدى، كىچىك ياتاق ئۆيىنىڭ ئىچىدە تىقما-تىقما بەش كارىۋات قويۇلغان بولۇپ ئىنىك ئانا يان تەرەپتىكى كارۋاتقا ياتقۇزۇلدى، دوختۇر-سېستىرالار ھەش-پەش دىگۈچە ئۇنىڭغا ئاسما ئوكۇل ئۇرۇپ قۇتقۇزۇشنى باشلىۋەتتى. ئىنىك ئانا شۇ ياتقىنىچە ئەتىسى ئەتتىگەندە ئازراق ھوشىغا كەلگەندەك بولۇپ يېنىدا كېچىچە ئانىسىغا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان پاشاخاننىڭ قولىنى ئاستا تارتتى. پاشاخان ئويغۇنۇپ دەرھال ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن كىلىپ:

- ئانا، ساقايدىڭمۇ. . . - دېدى ئۇ ئانىسىنىڭ ھوشىغا كەلگەنلىكىدىن خوش بولۇپ يۈزىنى ئانىسىنىڭ يۈزىگە يېقىپ.

ئىنىك ئانىنىڭ كۆزىنى ئاچقۇدەكمۇ مادارى قالمىغان ئىدى، ئۇ ئاغزىنى بوش-بوش مىدىرلىتىپ پاشاخانغا گەپ قىلدى:

- بالام. . . مىنىڭ بولغىچىلىكىم قالمىدى. . . ھېلىقى گەپ ئىسىڭدىمۇ. . . ؟

- ئىسىمدە ئانا. . . ھەممىسى ئىسىمدە. . .

- قەبرىنى پات-پات يوقلاپ تۇر. . . ئىسىڭدىن كۆتۈرۈلۈپ قالمىسۇن. . .

- ماقۇل ئانا. . . بىرىپ تۇرىمەن. . .

ئانا-بالا ئىككىيلەن ئايرىلغىلىۋاتاتتى، بۇ قېتىم پاشاخاننىڭ

كۆزىدىن توختىماي ياش تاراملاشقا باشلىدى. ئانىنىڭ بولسا كۆزىدىن ياش چىقارالىغۇدەكمۇ ھالى قالمىغان ئىدى.

- ئۆيىنىڭ ئىجارىسىنى. . . ئالدىغا بېرىۋەتتىم. . .

- بىلدىم. . . ئانا. . .

- سۇپىنىڭ ئاستىدا. . . ئازراق نەرسە قالدۇردۇم. . .

ئىنىك ئانىنىڭ نەپىسى جىددىلىشىپ ئاۋازى چۈشۈپ كەتتى، ياندىكى كىسەلنىڭ ئىگىسى دەرھال سېستىرانى ئىزدەپ يۈگۈردى، رۇس دوختۇر يۈگۈرۈپ كىرىپ ئىنىك ئانىنىڭ مەيدىسىگە تىڭشىغۇچنى قۇيۇپ زەن سېلىپ تىڭشىغاندىن كېيىن قول بېغىشىدىن تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىپ ئوكۇل كۆتۈرۈپ كىرگەن سېستراغا بېشىنى چايقاپ ئوكۇلنى ئۇرغانىنىڭ پايدىسى يوقلىقىنى بىلدۈردى.

ئىنىك ئانا ئاخىرقى قېتىم كۆزىنى كۆچەپ ئېچىپ ئوغلى پاششاخاننى قانغۇدەك كۆرۈۋالماقچى بولدى، لېكىن ئۇ كۆزىنى ئاچالمىدى ئۇ پەقەت «جېنىم بالام. . . » دەپ ئۈنلۈك بىرنى تۈۋلاپلا شۇك بولۇپ قالدى.

دوختۇر ئۇنىڭ قول بېغىشىنى قۇيۇپ بىرىپ يۈزىنى ئاستا يېپىپ قويدى.

پاششاخان ئانىسىنى يەنە ھۇشىدىن كەتتى دەپ ئويلاپ قالغان چېغى ئۇ ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتقىنىچە چوڭقۇر ئويغا پېتىپ ئولتۇردى، ئەتراپتىكى باشقا كىشىلەر بالىنىڭ بۇ سەبىيلىكىگە قاراپ ئىچى-ئىچىدىن يىغلاپ كىتىشتى، شۇ چاغدا سېسترا قىز پاششاخاننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سورىدى:

- سىنىڭ داداڭچۇ؟

- ئۆلۈپ كەتكەن. . .

- ئۇنداقتا ئاكا-ئاچىلىرىڭ بارمۇ؟

- ياق. . . مەن يالغۇز. . .

- باشقا تۇققانلىرىڭ بارمۇ؟

- ياق. . . مەن بىلمەيمەن. . .

سىپىترا قىزنىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى.

- ئاناڭ ئۇ. . . ئۇ ئەمدى ئارام تاپتى. . .

پاشىشاخان سەبىي كۆزلىرى بىلەن سىپىتراغا سوئال نەزىرىدە قارىدى.

- ئۇ. . . ئۇ ئەڭ گۈزەل جايغا كەتتى. . . كەلمەسكە كەتتى. . . - دېدى سىپىترا پاشىشاخاننىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

- سىز جەننەتنى دىمەكچىمۇ؟ ياق. . . ياق. . . سىز يالغان ئېيتتىڭىز. . . -پاشىشاخان چىقىراپ يىغلاپ ئانىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. . . ئۆيىنىڭ ئىچىنى يىغا ئاۋازى قاپلىدى. . .

- ياق ئانا. . . ئويغىنە ئانا. . . بىز كىتەيلى. . .

بالا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ ئانىسىنى خېلى ئويغۇتۇپ باقتى، ئانا ئويغانمىدى. . .

پاشىشاخان شۇ تەرىقىدە ئانىسىنى قۇچاغلاپ يېتىپ كەتتى، بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ بىچارە، ئەڭ كۆپ يىغلىغان چېغى بولدى. . .

شۇ چاغدا ئۇنىڭ يېڭىنى بىرسى يىنىك تارتتى، ئۇ يىغىدىن ئىشىسىپ كەتكەن كۆزىنى تەستە ئېچىپ قارىغان ئىدى، ئۈچ ياشلار چامىسىدىكى كىرپىكلىرى ئۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئۇلاشما قاش كىچىك بىر

قىزچاقنىڭ ئۆزىگە بىردانە ئالمىنى تەڭلەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. پاشىشاخان ئالمىنى ئالماي يەنە ئانىسىنى قۇچاقلاپ دۈم ياتتى. قىزچاق يەنە ئۇنىڭ يېڭىنى تارتىپ تۇرۇپ ئېغىز ئاچتى:

- ئاكا. . . بۇنى ئالە. . . ئەمدى يىغلىمىغىن. . . -دېدى قىزچاق چۈچۈك ئاۋازدا گەپنى ئاران قىلىپ.

- ياق. . . يىغلايمەن. . . - پاشىشاخان بېشىنىمۇ كۆتۈرمەستىن جاۋاب بەردى.

- ئەمدى ئاناڭ ئويغانمايدۇ. . . مىنىڭ ئانامۇ ئويغانمىدى. . .

پاشىشاخان بېشىنى كۆتۈرۈپ قىزچاققا قارىدى.

- سىنىڭ ئاناڭمۇ شۇ جايغا كەتكەنمۇ؟

- ياق. . . مىنىڭ ئانام ئۇ يەرگە كەتمىدى جەننەتكە كەتتى. . .

- ئاناڭ قاچان كەتكەن؟، - پاشىشاخانىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى.

- ئانامۇ مۇشۇ يەردىن جەننەتكە كەتكەن. . . كەتكىلى مانا مۇنداق كۈن بولدى. . . ، - قىزچاق شۇنداق دىگەچ قاپقارا بولۇپ كەتكەن بارمىقىدىن ئۈچىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا كۈلدى.

پاشىشاخان بۇ قىزچاقنىڭ تەقدىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭكى بىلەن ئوخشاشلىقىنى پەملەپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

- سەن كىم بىلەن تۇرىۋاتىسەن؟

- ئۆزەم بىلەن تۇرىۋاتىمەن. . . كىشىلەر ئاناڭ جەننەتتە هايات. . . ئۇ هامان سىنى يوقلاپ كېلىدۇ دىيىشىدۇ. . . بۈگۈنمۇ مەن ئانامنى ئىزدەپ كەلگەن. . .

قىزچاقنىڭ جاۋابى پاشىشاخانىنىڭ يۈرىگىنى تېخىمۇ ئەزدى، ئۇ

قىزچاقىنىڭ تېخىچە ئۆزىگە ئالمىنى سۇنۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالمىنى ئۇنىڭ قولىدىن ئالدى.

شۇ چاغدا سىرتتىن دوختۇر-سېستىرالار كىرىپ ئىنىك ئانىنى بىر غالتەكلىك هارۋىغا يۆتكەشكە باشلىدى.

- ئانامنى قەيەرگە ئاپىرىسىلەر؟، - دەپ سورىدى پاششاخان هېلىقى سېسترانىڭ يېڭىنى تارتىپ.

سېسترا قىز قاتتىق ئالدىراش ئىدى، ئۇ گەپ قىلىشقا ئۈلگۈرمەي ياندىكى كارۋاتتىكى كېسەلنىڭ باققۇچىسىغا قاراپ قويدى. ئۇ كىشى سۈرۈلۈپ كىلىپ پاششاخاننى ئىككى قولى بىلەن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ مۇلايىملىق بىلەن ئېيتتى:

- بالام، بۇ خىل كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى دوختۇرلار بىر خىل دورا بىلەن يۇيۇپ ئاندىن يەرلىكىدە قويىدىكەن، بولمىسا بۇ كېسەل يەنە نۇرغۇن ئادەملەرگە يۇقۇپ ئۇلارنىڭ جېنىنى ئالىدىكەن، قارىغىنا ماۋۇ بىچارە قىزغا. . . ئۇنىڭ ئانىسىمۇ بۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى، ئۇمۇ بىزنىڭ گېپىمىزگە ماقۇل بولدى. . . دوختۇرلار ئاناڭنى هېلىقى دورا بىلەن پاكىزە يۇيۇپ ئاندىن بىز بىلمەيدىغان ئايرىم يەرگە دەپنە قىلىدۇ، باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلدى، ئۇلارنىڭمۇ باللىرى چىدىدى، ئەمدى ئۇلارغا ماسلاشقىن بالام. . .

پاششاخان تولا يىغلاپ مادارىدىن كەتكەن ئىدى، ئۇ هېلىقى ئادەمنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ غالتەكلىك هارۋىدا ئېلىپ مېڭىلىۋاتقان ئانىسىنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولدى ئەمما ئۇنىڭ كۈچى يەتمىدى، ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىراپ يىغلىماقچى بولدى ئەمما ئاۋازىنى تېشىغا چىقىرىپ يىغلىيالمىدى. . . ئۇ تىركىشىپ-تىرمىشىپ باقتى، كىچىك قىزچاقىنىڭ پاششاخاننىڭ بۇ هالىغا ئىچى

ئـاغرىـدى، ئۇ يۈگۈرۈپ كىلىپ پاشـــشـــاخاننىڭ كەيىنىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ يىغلاشقا باشلىدى. . .

يەتتە ياشـلىق پاشـشـاخان تەقدىرگە تەن بەردى، ئۇ ئانىسىنىڭ قەيەرگە دەپنە قىلىنىدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى. ئۇنىڭ بېشـــى قېيىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. . . ئۇ دوختۇرخانىدىن چىقىپ نەگە مېڭىشىنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى ئاندىن ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ھېلىقى ئۈچ يـاشـــلىق يىتىم قىزمۇ ئۇنـىڭ كەينىگە كىرىۋالغـان ئىدى، پاشاخان كەينىدىكى ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپ قارىغان ئىدى، قىزچاق كۈلگىنىچە تامنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالدى، پاشـــشـــاخان كەينىگە يېنىپ قىزچاقتىن سورىدى:

- سەن نەدە تۇرىسەن؟

- شۇ. . . بىلمەيمەن. . .

- سىلەر قەيەردىن كەلگەن؟

- بىز تۇرمىدىن كەلگەن. . .

- تۈرمىدىن. . . ؟ تۈرمىدە ئۆي يوق. . . !

- ياق. . . دادامنىڭ ئۆيى بار. . . بىز دادامنى يوقلاپ كەلگەن. . . ئۇلار دادامنى ئۆلۈپ كەتتى دېدى. . .

- كېيىنچۇ؟

- ئانام يىغلاپ. . . يىغلاپ ئۇخلاپ قالدى. . . كىشـــىلەر ئانامنى يۆلەپ بايامقى ئۆيگە ئەكىلىپ قويغان. . .

- ئۆيۈڭلەرنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەمسىلەر؟

- بىلمەن. . . ئۆيىمىزنىڭ كەينىدە چوڭ تاغ بار. . .

قىزچاق ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ خىيالى كۆلۈپ تۇراتتى، پاششاخاننىڭ بۇ يېتىم قىزنى كوچىغا تاشلاپ قويغۇسى كەلمىدى. چۈنكى بۇ كىچىك قىزچاق ئۆلۈمنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى تېخى چۈشىنەلمىگەن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆينىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيتتى.

- مەن بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە كەت. . .

پاششاخان قولىنى قىزچاققا سۇندى، قىزچاق مۆكۈپ ئولتۇرۇۋالغان يېرىدىن دەس تۇرۇپ كۆلگىنىچە پاششاخاننىڭ قولىغا ئېسىلدى.

بۇ رەھىمسىز ۋابا ياز چىكىتىپ قىش كىرەي دېگەندە تارقىلىشتىن توختىدى، بۇ بىر يىل ئىچىدە بۇ خىل كېسەللىك نەچچە يۈزمىڭ ئادەمنىڭ جېنىنى ئېلىپ نەچچە ئونمىڭ بالىلارنى كوچىلاردا يېتىم قالدۇردى، يىغا-زار، مۇسىبەت پۈتۈن ئەلنىڭ يېرىمىنى قاپلىغىلى تاس قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ستالىن دېھقانلارنىڭ قولىدىكى تېرىلغۇ يەرلەرنى تارتىۋېلىپ «ئورتاق تېرىقچىلىق قىلىپ ئادىل تەقسىم قىلىش» دېگەن سىياسەتنى كۈتۈرۈپ چىقىپ بۇ مۇستەملىكە رايۇنىدا ئەمەس ئۆزىنىڭ ئېلىدىمۇ ئاچارچىلىقتىن نەچچە يۈزمىڭ كىشىنىڭ بىھۇدە ئۆلۈشىگە سەۋەپچى بولىۋاتاتتى.

ئاچارچىلىق پۈتۈن ئەلنى قاپلاپ بىر تال نان ئۈچۈن كىشىلەر زار-زار يىغلايدىغان دەۋر باشلاندى. بۇ مۇدھىش كۈنلەردە بۇ بىر جۈپ يېتىم بالا ئالالاھنىڭ ھىممىتى بىلەن ۋابادىن ساق قېلىپ ئىككى يىلنى خاتىرجەم ئۆتكۈزدى.

پاششاخان توققۇز ياشقا، قىزچاق بەش ياشقا كىرگەن ئەشۇ يىللارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى پاششاخان مەكتەپتىن قايتىپ كىلىپ بوخچىسىنى ھويلىغا تاشلاپ قۇيۇپ سىڭلىسى بەرناخاننى چاقىرى:

- بەرناخان!

ئاۋاز چىقمىدى.

- بەرناخان!

يەنە ئاۋاز چىقمىدى.

پاششاخان ئۇنىڭ داۋاملىق ئىشىكنىڭ كەينىگە مۆكۈۋېلىپ ئۆزىنى ئىزدىتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا يۈگۈرۈپ كىرىپ ئىشىكنىڭ كەينىگە قارىدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ يوق ئىدى. ئاندىن يېغىلغان يوتقان-كۆرپىنىڭ كەينىگە قاراپ باقتى، ئۇ يەردىنمۇ يوق چىقتى. پاششاخان كاللىسىنى قاشلاپ ئۇنىڭ ئىسمىنى توۋلىغىنىچە هويلىغا چىقىپ ئۆگزىگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن شۇت بىلەن ئۆگزىگە ياماشتى، بەرناخان ئۇ يەردىمۇ كۆرۈنمەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا دەرهال بىر ئوي كىلىپ هويلىنىڭ بۇرجىكىدىكى كونا تونۇرغا قاراپ باقماقچى بولدى، ئۇ ئۆگزىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ كونا تونۇرنىڭ ئىچىگە قارىغان ئىدى دىگەندەك سىڭلىسى بەرناخان تونۇرنىڭ ئىچىدە تۈگۈلگىنىچە مۈكۈپ ئولتۇراتتى.

- بەرناخان. . . مانا كۆرۈپ قالدىم. . .

قىزچاق ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە تونۇردىن چىقتى. ئەسلىدە پاششاخان ئۇنىڭ بۇيەرگە يوشۇرۇنىدىغانلىقىنى هويلىغا كىرىپلا ئۇقۇپ بولغان ئىدى، لېكىن ئۇ سىڭلىسىنى خوش قىلىش ئۈچۈن بايامقى ئىزدەپ تاپالمىغان هەركەتلەرنى قەستەن قىلغان ئىدى.

- ئەستاخپۇرۇللا، بەرناخان بۇ نەچچىنچى قېتىملىقى، قارىڭە كىيىملىرىڭىزگە. . . پاسكىنا بولۇپ كەتكىنىنى. . . ئەمدى بۇ يەرگە مۆكىۋالماڭ! - دېدى پاششاخان سىڭلىسىغا يالغاندىن ئاچچىقلىغان بولۇپ.

- ماقۇل ئاكا، ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن- دېدى قىزچاق كۆلگىنىچە ئاكىسىنىڭ پۇتىنى قۇچاغلاپ.

- دائىم مۇشۇنداق دەيسىز، لېكىن ئۇنتۇپ قالىسىز ـ دېدى پاششاخان سىڭلىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ- قارىڭە سىزگە نېمە ئەكەلدىم.

پاششاخان بوخچىسىدىن تاش ۋارىقى يىرتىلىپ كەتكەن بىر تال رەسىملىك كىتاپنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ سىڭلىسىغا بەردى. بەرناخان كىتاپنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق خوش بولدى، ئۇمۇ ئۆيگە يۈگرەپ كىرىپ كېتىپ بىر نەرسىنى ئالقىنىدا چىڭ تۇتقىنىچە ئاكىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

- ئاكا بۇنى ساڭا ساقلىدىم، قارىغىنە بۇنىڭغا. . .

بەرناخاننىڭ قولىدا تاياقلىق كەمپۈتتىن بىرسى تۇراتتى.

- ۋاھ نەدىن تاپتىڭ؟

- ئالدىم شۇ، سەن بەرگەن پۇللارنى يېغىپ قويغان. . .

پاششاخان خۇشال بولۇپ كەمپىتنىڭ قەغىزىنى ئالدىراپ ئېچىپ ئاغزىغا سالدى، بەرناخان ئاكىسىنى خوش قىلغانلىقىدىن چەكسىز مەمنۇن بولۇپ ئاكىسىنىڭ كەمپۈتنى شۈمگىنىگە قاراپ ئېغىزىنى تامشىتىپ لىۋىنى يالاشقا باشلىدى، پاششاخان سىڭلىسىنىڭ كەمپۈتنى يېگۈسى كېلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ دەرھال ئۇنى ئېغىزدىن ئېلىپ سىڭلىسىنىڭ ئېغىزىغا سالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار كۆلۈشكىنىچە ئۆيگە كىرىپ كىتىشتى.

ئارىدىن نەچچە ئاي ئۆتتى، بىركۈنى پاششاخان مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ سومكىسىنى ھويلىغا تاشلاپ قويۇپ سىڭلىسى

بەرناخاننى چاقىردى:

- بەرناخان!

ئاۋاز چىقمىدى.

- بەرناخان!

يەنە ئاۋاز چىقمىدى. پاشىشاخان ئادىتى بويىچە ئۆيەر-بۇيەر ئىزدىگەن بولۇپ تونۇرنىڭ قېشىغا باردى.

- بەرناخان. . . مانا كۆرۈپ قالدىم. . .

لېكىن بۇ قېتىم بەرناخان تونۇرنىڭ ئىچىدە يوق تۇراتتى، پاشىشاخان بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالدى، ئۇ يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ ئۆينىڭ ئىچىگە تەپسىلى قاراپ يەردە چېچىلىپ تۇرغان بىر قانچە رەسىملىك كىتاپنى كۆردى، ئادەتتە بەرناخان كىتاپنى ھەرگىز يەردە قويۇپ قويمايتتى. پاشىشاخاننىڭ يۈرىكى ئۆرۈلۈپ كوچىغا چىقىپ ئۇنىڭ ئىسمىنى توۋلاشقا باشلىدى، شۇ چاغدا ئۆينىڭ ئالدىدىكى قوشنىسى ئۇنىڭغا بىر شۇم خەۋەرنى ئېيتتى:

- سىڭلىڭىزنى باياتتىن بىر توپ رۇس ساقچىلار ماشىنىسىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

- نېمە ساقچىلار تۇتۇپ كەتتى؟

- شۇنداق، ئۇلار بىزگىمۇ باشقا گەپ قىلمىدى. . .

پاشىشاخان ئىشىكنىمۇ ئەتمەستىن شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ئۇدۇل ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ ئۇلارنىڭ خىزمەت بىناسىغا قاراپ مېڭىۋىدى، ئىشىك ئالدىدىكى قاراۋۇللار ئۇنىڭ ئالدىنى توستى:

- نەگە بارىسەن؟

- ساقچى باشلىقنى ئىزدەيمەن!

- نېمە ئىشىڭ باتتى؟

- ئۆزىگە دەيدىغان مۇھىم گەپ بار ئىدى!

قاراۋۇل تۇركمەن يىگىت ئىدى، ئۇ پادىشاخاننى ساقچى باشلىقىنىڭ بالا قۇلاقچىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئۇنى كىرگۈزىۋەتتى، پادىشاخان ئىشىك ئۈستىدىكى رۇسچە خەتلەردىن باشلىقنىڭ ئىشخانىسىنى تەستە تېپىپ ئىشىكنى چەكتى. كىرىشكە رۇخسەت قىلىندى.

- نېمە ئىشىڭ بار ئىدى؟ - دەپ سورىدى خام سېمىز رۇس ساقچى باشلىقى تۇركمەنچىنى بۇزۇپ سۆزلەپ تاماكىسىنى توغرا چىشلىگىنىچە.

- سىڭلىمنى تۇتۇپ ئەكىلىۋاپسىلەر، ئۇنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم!

- نېمە؟! بىز سىنىڭ سىڭلىڭنى تۇتىۋاپتىمىزما؟ يوق گەپنى قىلما!- دېدى ساقچى باشلىقى تەلەتىنى بۇزۇپ ئاچچىقلىنىپ.

- شۇنداق بايام قوشنىمىز ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ!

ساقچى باشلىقى پادىشاخاننىڭ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن تىكىلىپ قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ كۆزىنى ئېلىپ قاچتى.

- سەن قايسى مەكتەپتە ئوقۇيسەن ؟ ئىسمىڭ نېمە؟

- شەھەرلىك چاھارباغ مەكتەپتە ئۇقۇيمەن، ئىسمىم پادىشاخان!

- كىمنىڭ بالىسى سەن يۈرۈگۈڭنى قاپتەك قىلىپ ئالدىمغا كېلىدىغان؟

پادىشاخاننىڭ كۆزىدىن بىر خىل قورقماسلىق چىقىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ دادىسىنىڭ ئىسمىنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىققا ئانىسىغا ۋەدە بەرگەن ئىدى، شۇڭا بۇ قېتىم ئۇ راست گەپ قىلمىدى.

- دادام مەن تۇغۇلغانـدا ئۆلۈپ كـتـپـتـكەن، ئۇنـىـڭ ئـىـســمـىـنـى بـىـلـمەيمەن!

- ۋۇ هارامدىن بولغان ئىتنىڭ بالىســى، يوقال! ســىڭلىڭنى بىز كۆرمىدۇق!

ســاقچى باشــلىقى پاشــاخانغا كۆز قىرىنى ســالمىغان قىياپەتتە كەيننى قىلىپ تۇرۇپ تاماكىسىنى شۇراشقا باشلىدى. پاشاخانمۇ بوش كەلمىدى:

- ئىتنىڭ بالىسى دەپ سەنلەرنى دەيدۇ، ئىت بولمىغان بولساڭ يىراق يەردىن يۇندە ماراپ كەلمەس ئىدىڭ!

- نېمە. . . نېمە. . . ؟

ســاقچى باشــلىقى ئالدىدىكى نەچچە ياشــلىق بىر شــۇمتەكنىڭ شــۇنچە گەپنى قورقماي دىگەنلىكىنى ئاڭلاپ غەزەپتىن يېرىلاي دېدى، ئۇ ئالدىراپ ئۈستىلدىكى كونۇپكىنى بېسىۋىدى ئىككى قۇراللىق رۇس ئەسكىرى ئۇچقاندەك كىرىپ بولدى.

- ماۋۇ هارامىلىقنىڭ ئەدىۋىنى بىرىپ تاشلىۋېتىڭلار! ئۇ سىڭلىسىنى ئىزدەپ كەپتۇ، هەرقايســىڭغا شــۇنچە دىســەم يەنە ئىز قالدۇرۇشــۇپ قۇيۇپسەن، يۇقىلىش!

ساقچى باشلىقى بۇ قېتىم ئەسكەرلەرگە رۇس تىلىدا گەپ قىلدى، پــاشــــاخــان رۇس تىلىغا خېلى پۇختا بولۇپ قالغاچقا ئۇنىڭ نېمە دىگەنلىكىنى ئېنىق بىلىۋالدى. ئۇ مۇشــۇ تاپتا ئۆزىنىڭ ســىڭلىســىنى قۇتۇلدۇرۇپ ئاچىقالمايدىغانلىقىنى بۇلارنىڭ ئالدىدا هېچنىمە يارىمايدىغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق ئازاپلاندى.

ئەسكەرلەر پاشاخاننى توشقاننى قۇلىقىدىن تۇتقاندەك يەردىن

يۇلۇپلا ئېلىپ ئىشخانىنىڭ ئالدىدىكى سەيناغا قۇمچاق ئاتقاندەك ئېتىۋەتتى، پاشاخان ئۆمرىدە بۇنداق ھاقارەتكە ئۇچرىمىغاچقا بۇ ئىش بۇنىڭغا بەكلا ھار كەلدى، ئۇ ئورنىدىن ئەمدى تۇراي دېيىشىگە بايامقى گەپنى سىڭدۈرەلمىگەن ساقچى باشلىقى ئىشكتىن ئۇچقاندەك چىقىپ ئەسكەرنىڭ قولىدىكى قورالنى تارتىپ ئېلىپ مىلتىقنىڭ ياغاچ پايىنىكى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە قاتتىق بىرنى ئۇردى، پاشاخانىنىڭ كۆزىدىن ئوت چاقنىغاندەك بولۇپ زېمىن پىقىراپ ئالەمنى قاراڭغۇلۇق باستى، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ ئورنىدىن تۇرالماي يېقىلىپ قالدى، قاپىقىدىن ئېتىلىپ چىققان قىپقىزىل قان سەينانى بىر ئالدى، ساقچى باشلىقى بۇنىڭغا قانماي يەنە ئۇرماقچى بولۇۋىدى ئەسكەرلەر باشلىقىغا ياخشىچاق بولۇپ ئۇنى تۇسۇۋالدى. ئاندىن ئەسكەرلەر يەردە تاياق زەربىسىدىن ئايلىنىپ ياتقان پاشاخاننى ئۆچ-تۆتنى تىپىپ ئۇنى سۆرىگىنىچە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ئاچىقىپ تاشلىۋەتتى.

تاياق زەربىسىدىن ئورنىدىن تۇرالمىغان پاشاخاننى يولدىن ئۆتكەن ياخشى نىيەتلىك كىشىلەر ياتقان يېرىدىن يۆلەپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويدى، پاشاخان كېچىچە ئاغرىق ئازابىدىن كىرپىك قاقماي چىقتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا ئەڭ ئازاب بولغىنى تاياق زەربىسى بولماستىن بەلكى ئۇماق سىڭلىسىنىڭ ئالۋاستىلار قولىدا نېمە بولۇپ كەتكەنلىكى ئىدى.

پاشاخان ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن بەرناخان ئىسىملىك بۇ قىزچاقنى ئۆزىگە سىڭىل قىلىپ بۇ ئۆيدە ئىككى يىلدىن ئارتۇق ياشىغان ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىر تۇغقان ئاكا-سىڭىلدەك يېقىن ئۆتۈپ ئۇنىڭغا ھەقىقى ئاكىلىق مېھرىنى بەرگەن ئىدى. بەرناخانمۇ بەك ئاق كۆڭۈل قىز بولغاچقا پاشاخاننى ئۆز ئاكىسىدەك ياخشى كۆرەتتى، پاشاخانىنىڭ پۇتىغا تىكەن كىرىپ كەتسە بەرناخان چىشى

بىلەن چىشلەپ ئالاتتى، پاششاخانمۇ بەرناخاننىڭ پۇتىغا تىكەن كىرىپ كەتسە چىشىدا چىشلەپ تىكەننى سۇغىراتتى، قىسقىسى بۇ ئاكا-سىڭىل ئادەتتىن تاشقىرى ئىجىل ئۆتەتتى.

ئەتىسى پاششاخان ئورنىدىن تۇرالمىدى، ئۇ يەرگە چاپلىشىپ ياتقىنىچە ئۆگۈنى ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ مەكتەپكە يول ئالدى، ئۇنىڭ يۈزى قۇلپىدەك كۆكىرىپ ئىششىپ كەتكەن بولۇپ سىنىپىغا كىرگەندە ساۋاقداشلار ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇلىشىۋالدى، پاششاخان مەكتەپتە ئالاھىدە ياخشى ئوقۇغاچقا ساۋاقداشلىرى ھەم مۇئەللىمى ئۇنىڭغا بەكلا ئامراق ئىدى.

لېكىن مۇئەللىمى قاپىقى چۈشكەن ھالدا پاششاخاننى سىنىپتىن چاقىرىپ مۇدىرنىڭ ئىشخانىسىغا باشلىدى. قېرى مۇدىر پاششاخانغا قاراپ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىتقان ھالدا ئېيتتى:

- ئوغلۇم سەن ئۇقۇشنى داۋاملاشتۇرالمايدىغان بولدۇڭ، بىزنى كەچۈرگىن!

مەكتەپ مۇدىرى بۇ گەپنى دەپ بولۇپ كۆزىدىكى چىقالماي قالغان ياشنى قول ياغلىقى بىلەن سۈرتتى.

- نېمىشقا مۇدىر، مەن نېمە خاتالىق ئۆتكۈزدۈم؟ - دېدى پاششاخان ھەيران بولۇپ مۇدىرنىڭ گېپىنى چۈشىنەلمەي.

- بالام بۇنى سەن سورىمىغىن، مەنمۇ ئېيتماي، ئۇلار سەن سەۋەپلىك مەكتەپنى تاقايمىز دەپ قوپۇشتى، شۇڭا مىنى چۈشەنسەڭ. . .

پاششاخان ھەممىنى چۈشەندى، ئۇ مەكتەپتىن ھەيدىلىشىنىڭ سەۋەبىنى ھېلىقى ساقچى باشلىقىدىن كۆردى، پاششاخان ئۈچىنچى يىللىقتا ئوقۇغان بىلەن ئۇنىڭ ئوقۇپ تۈگەتكەن ھېكايە-رومانلىرىنى

تېخى چوڭ ئادەملەرمۇ ئوقۇپ بولمىغان ئىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بوخچىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇلار بىلەن خوشلاشتى ماڭار چېغىدا مۇئەللىمدىن باشقا مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇشىنى داۋاملاشتۇرسا بولىدىغان بولمايدىغانلىقىنى سورىدى، مۇئەللىم بېشىنى چايقاپ ئەمدى ئۇنىڭ بۇ ئەلدە ئۆمۈر بويى مەكتەپكە ئېلىنالمايدىغانلىقىنى ئەپسۇسلىنىپ ئېيتتى.

پاششاخان يەرگە قاراپ ئۇزۇن سۈكۈت قىلىپ تۇردى ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغۇللارغا خاس جاسارەت بىلەن مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

مۇستەملىكە ئاستىدىكى مىللەتنىڭ تەقدىرى مانا مۇشۇنداق بولىدۇ، مۇستەبىتلەر مۇستەملىكە رايونىدا مەيلى تاغنى تالقان قىلىپ چۆلنى بوستان قىلدۇق دەپ جاھان ئەھلىگە كارنىيى يىرتىلغۇچە جار سالسۇن ئۇلارنىڭ بۇ يەردە قالدۇرىدىغىنى پەقەت بىر زەمبىل گەندىدىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس، ئۇلار قۇرال كۈچى ئارقىلىق يالغاننى ئۇدا تەكرارلاپ راستقا ئايلاندۇرماقچى بولىدۇ، ئۇلار خەلقنى بېيىتىپ تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردۇق دېگەن بۈيۈك شوئارنى كۆتۈرۈۋالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەقسىتى پەقەت ئىككى خىل بىرى بۇلارنىڭ بايلىقىنى بۇلان-تالان قىلىش يەنە بىرى يەنىلا بۇلارنىڭ بايلىقىنى بۇلان-تالان قىلىشتۇر، ئۇلار مانا مۇشۇ مەخسەتكە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ، سانسىز بىگۇناھلارنىڭ خۇن بەدىلىگە ئالتۇن قەدەھلىرىنى تولدۇرۇپ غەلىبىسى ئۈچۈن ھۇررا توۋلايدۇ، مانا بۇ مۇستەبىتلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىدۇر. قاراڭلار مۇشۇ دۆلەتنىڭ قانۇنلۇق پادىشاھى بولغان پاششاخانمۇ ئاددى بىر باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان يەردە يەنە باشقا ئىشلاردىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىنمۇ؟!

* * * * *

پاششاخان ئۆيدىكى سۇپىدا دۇم ياتقىنىچە ئانىسىنىڭ چاپىنىنى قۇچاغلاپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن يىغلىدى، سىڭلىسى بەرناخاننىڭ يوقاپ كىتىشى ئۇنىڭغا بەكلا ئەلەم بولدى، «رۇسلار سىڭلىمنى تۇتىۋىلىپ زادى نىمە قىلىدىغاندۇ؟» دىگەن سوئال ئۇنىڭ كاللىسىنى چىرمىۋىلىپ ئۇنى قاتتىق بىئارام قىلدى.

ئارقا-ئارقىدىن كەلگەن كۆڭۈلسىزلىكلەر سەۋەت ئۇيقۇدا ئۇخلاپ ياتقان پاششاخاننىڭ پىشمىغان يۈرىگىنى ئىزىپ ئۇنى باللارچە خىيال دۇنياسىغا غەرىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇ كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى، ئۇ ئامراق سىڭلىسىنى تۇتقۇن قىلغان ساقچىلار بىلەن ئىلىشماقچى بولدى، ئۆزىنى مىلتىقنىڭ پاينىكى بىلەن ئۇرغان ساقچى باشلىقىدىن ئۆچ ئالماقچى بولدى، ئاتىسىنى ئۆلتۈرگەن، ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن قاتىللاردىن قىساس ئالماقچى بولدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇ قىزىقىپ ئوقۇيدىغان ھىكايە-رومانلاردىكى باتۇر قەھرىمانلار پاششاخاننىڭ ئۆزى بولۇپ كۆرىنىشكە باشلىدى. . .

ئۇ خۇددى پىشقان يىگىتلەردەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ياغاچ ساندۇق ئىچىدىكى بوخچىغا تىقىپ قويۇلغان قەغەز پۇللاردىن بىر تۇتامنى سۇغۇرۇپ ئىلىپ يانچۇقىنى تومپايدى، ئۇ شۇ ماڭغىنىچە ماشىنىچى ئۇستامنىڭ ئۆيىگە بىرىپ كىتاپتا كۆرگىنى بويىچە بىرنەرسىلەرنى تىكىپ بىرىشنى ئىيتتى، يەنە تۆمۈرچى ئۇستامغىمۇ شۇ كىتاپنى كۆتۈرۈپ ئاپىرىپ ئىچىدىكى رەسىمگە ئوخشاتقۇزۇپ ئىغىر يىنىكلىكىنى تەڭشىگىلى بۇلىدىغان بىلەك كۈچىنى ئاشۇرۇش مەشىقىگە

ئىشلىتىدىغان چېنىقىش سايمىنى ياساتقۇزماقچى بولدى، قۇلى گۈل ھۈنەرۋەنلەر بۇ كىچىك بالىنىڭ گېپىنى تىڭشىماي باقتى لېكىن ئۇنىڭ قۇلىدىكى بىر تۇتام پۇل ئۇلارنى بۇ ئىشلارنى قىلىپ بېقىشقا قىزىقتۇردى.

پۇت-قوللارغا تېڭىلىدىغان، ئېسىپ قۇيۇپ مۇشتلاشقا ئىشلىتىلىدىغان ھەرخىل قۇم خالتىلار، چوڭ-كىچىك ئىشتانكىلار ھەممىسى تەق بولدى، ئۇ ئالدى بىلەن ھېكايىلەردىكى باش قەھرىمانلارغا ئوخشاش كۈندىلىك قىلىدىغان ئىشلىرىنى ئالدىن پىلانلاپ يېزىشقا باشلىدى. . .

ئۇ ئۇزىنىڭ تامغا چاپلاپ قويغان پىلانىغا ئاساسەن ھەر كۈنى ئەتىگەن ناماز بامداتتىن كېيىن پۇتىغا قۇم خالتىنى تېڭىۋېلىپ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئۈچ قېتىم يۈگۈرىدى، ئۆيىدە ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن شوتىنىڭ تۆتىنچى بالدىقىدىن ساناپ ئوتتۇزنى پەسكە سەكرىدى ئاندىن ئىنگلىز تىلى مۇئەللىمىنىڭ قېشىغا بېرىپ ساۋاق ئالدى، ئالغان ساۋىقىنى تولا يېزىپ قۇلى تالغاندا ھويلىسىغا ئېسىپ قويغان قۇم خالتىسىنى مۇشتلىدى، ئىشتانكىلارنى كۆتۈرۈپ ھارغاندا يەنە تۈرلۈك ھېكايە كىتاپلارنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى، باللار مەكتەپتىن قايتقاندا ئۇلار بىلەن قانغۇچە يۈگۈرۈپ ئويناپ كەچ بولغاندا ئۆيگە كىلىپ ھېچنىمىنى تۇيماي ئۇخلىدى. . .

پاشاخان بۇ ئىشلارنى ئۆزىگە راستىنلا ئادەت قىلىۋالدى، ئۇ ھەممە ئىشتا ئۆزىگە ۋەزىپە قويۇپ شۇ ۋەزىپىنى ئورۇندىمىغۇچە بولدى قىلمىدى، ئۇنىڭ مەشىق ھەركىتى، تۆت خىل تىلدىن ئالىدىغان ساۋىقى بارغانسېرى كۆپەيدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىتاب ئوقۇشقا

ئادەتتىن تاشقىرى ھېرىسمەن بولغاچقا بىر كۈن ئۇنىڭغا يەتمەيدىغاندەك بىلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ئىشتىھاسى بارغانسېرى ئېچىلىپ يەپ قۇرسىقى تويمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. . . شۇنىڭ بىلەن سۇپا ئاستىغا كۆمۈپ قويۇلغان ئالتۇن تىلللارمۇ ئازىيىشقا باشلىدى.

ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتتى. پاششاخان يار-يۆلەكسىز قارا يىتىم بالا بولسىمۇ لېكىن ئۇ مەھەللىدىكى تەڭتۇش بالىلارغا قارىغاندا ناھايىتى ساغلام، قاۋۇل چوڭ بولدى، بۇنداق بولىشىدىكى سەۋەب بىرىنچىدىن ئۇنىڭ ئاتىسى ياۋۇزبەگمۇ قاۋۇل كۈچتۆگۈرلەردىن بولغانلىقىدىن بولسا ئىككىنچىدىن ئۇ تاماقلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىرەتتى يەنى ئىنىك ئانا ئۇنى يەتتە يېشىغا كىرگۈچە ئوردىنىڭ ئەنئەنىۋى بالا بېقىش ئادىتى بويىچە ناھايىتى ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇپ باققان ئىدى، ئىنىك ئانىنىڭ تىرىشچانلىقى ھەم ئىقتىسادى بايلىقىنىڭ يېتەرلىك بولىشى سەۋەبلىك بازاردىن گۆش تاپقىلى بولمايدىغان چاغدىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن بىر لوقما دۈمبە بىلەن بىر چىشلەم گۆش ئۈزۈلمەيتتى، يازلىقتىكى پىژغىرىم ئىسسىقتىمۇ بىر پارچە گۆش كېچىسى شەبنەمگە سېلىنىپ كۈندۈزى جۇۋا ئارىسىغا ئۇرۇلاتتى، مۇشۇنداق پىژغىرىمدا يەنە ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى سۇ قاچىلانغان ئىدىشنىڭ ئىچىدىن بىر قانچە شىشە يېڭى سۈت ئۈزۈلمەيتتى، پاششاخان ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنمۇ ئانىسىنىڭ ھايات چېغىدىكى ئۆزىنىڭ تاماقلىنىشى جەھەتتىكى قايتا-قايتا تاپىلاشلىرىنى خۇددى قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىدەك ئېسىدە تۇتىۋالغان ئىدى، شۇڭا ئۇ ئىككى كۈندە بىر يۇيۇنىدىغان ئادەت بىلەن ياخشى تاماقلىنىشنى كۈندە ئوقۇيدىغان بەش نامىزى بىلەن ئوخشاش مۇھىم كۆرەتتى.

ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە

ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدى، يىراقتىكى باسما قۇدۇقتىن ئەپكەش بىلەن سۇ ئەكىلىپ ئىپدىشلىرىنى تولدۇراتتى، تاڭ-تاڭ سوغۇقلاردىمۇ ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ مەشكە ئوت قالاپ سۇ ئىسسىتاتتى، ئۇ گۆشكە ئادەتتىن تاشقىرى ئامراق بولغاچقا كۈندە بىر قېتىم ئۆزى ئۆيدە شورپا سېلىپ يېگەنچىلىك قىلاتتى.

قوشنىلار ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ «سەن بىر بالا تۇرۇپ بۇنچە پۇلنى نەدىن تاپىسەن» دەپ سورىسا ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆگىتىپ قويغىنى بويىچە«دادام كاتتا باي، ئۇ بىزنى تاشلاپ قويۇپ كىچىك خوتۇنى بىلەن مەككىگە قېچىپ كەتكەن، سوت پۇلۇمنى شۇ ئىبەرتىپ تۇرىدۇ» دەپ جاۋاب بىرەتتى.

ئۇ ئون ئىككى ياشقا كىرگەن چاغدا ئۇنىڭ سۇپا ئاستىدىكى ئالتۇن تىللاسىمۇ تۈگەي دەپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ غەمسىز ئۆستۈن بېشى يەرگە ساڭگىلاشقا باشلىدى.

ئۇ بۇندىن كېيىنكى تۇرمۇشىنى قانداق قامداش توغرىلىق ئىنگلىز تىلى ئۇستازى ئەكبەرخاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت ئالماقچى بولۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى، ئەكبەرخان ئۆز ۋاقتىدىكى خانلىق ئونۋېرسىتىتنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ ھازىر بىر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەدەبىيات دەرسى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتاتتى.

پاششاخان ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋالىنى بايان قىلدى، ئوتتۇزلاردىن ھالقىغان بولسىمۇ ئاتا-ئانىسى بىلەن تۇرىدىغان بويتاق ئەكبەرخان ئۆزىنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسىدىن ئالاھىدە زوقلىناتتى، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى، شۇڭا گەپنىڭ بېشى چىقىپ بولغىچە ئۇنى ئۆزى بالىچىلاپ بېقىۋالىدىغانلىقىنى، ھېچقانداق ئىشتىن غەم قىلماسلىقنى ئېيتتى، لېكىن پاششاخان ئەدەپ يۈزىسىدىن بۇنى رەت

قىلىپ ئۆزىگە مۇۋاپىق بىر ئىش تېپىپ بېرىشىنى ئۆتۈنگەن ئىدى. ئەكبەرخان ئوقۇغۇچىسىنىڭ خاراكتېرىنى ئوبدان بىلگەچكە ئۇنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىپ تۆمۈرچىلىك كارخانىسىدا ئىشلەيدىغان تاغىسىغا قوشۇپ قويماقچى بولدى.

پاششاخان ئۇستازى ئەكبەرخان بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە خۇشال قايتتى، ئۇ قايتىش يولىدا كوچا ئاغزىغا كەلگەندە كوچىدا ئويناۋاتقان ئالتە-يەتتە ياشلاردىكى بىر توپ ئۇششاق باللار پاششاخاننىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋېلىپ ئويناۋاتقان تۇپىنىڭ قاسىم بەگنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆي ئىگىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن توپنى ئالالمىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىڭدىن توپنى ئەكىرىپ بېرىشىنى ئۆتۈندى.

پاششاخان يولىغا مېڭىۋەرمەكچى بولدى لېكىن ئۇ ئۆزىدىن كىچىك بۇ باللارغا قاراپ توپنى ئۆگزىدىن ئەكىرىپ بېرىشنى ماقۇل تاپتى، قاسىم بەگنى مۇشۇ مەھەللىدىكى قول ئىلكىدە بار شۇنداقلا مۇتىھەم ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئېگىز تاملىق ئۆيى قوشنىلىرىنىڭ تېمىدىن ئايرىلىپ شۇنچە يولنى ئىگىلەپ دوقمۇشتا يالغۇز قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

پاششاخان يېگىنى تۈرىۋېتىپ تامغا ياندىش دەرەخكە مايمۇندەك يامىشىپلا ئۆگزىگە چىقىپ كەتتى، توپ يەرگە چۈشتى، باللار خوش بولۇپ توۋلىشىپ توپنى قولىغا ئېلىشتى، شۇ چاغدا قاسىم بەگنى ئۆينىڭ ئالدىغا پەيدا بولۇپ قالدى، باللار ئۆگزىدىكى پاششاخانغا چۇقىرىشىپ ۋاقىراشقا باشلىدى:

- قاسىم بەگنى كەلدى، تېز قاچ!

مەھەللىدىكى باللار قاسىم بەگدىن بەكلا قورقاتتى، قاسىم

بەگگىمۇ بـالىلارغا ئەزەلدىن چىرايىنى ئېچىپ قارىمايدىغان باغرى تاش ئـادەم ئىدى، ئۇ بالىلارنىڭ ۋارقىراشـــلىرىدىن ئۆگزىدىن چۈشـــكىلى تەمشىلىۋاتقان پاشىشاخاننى كۆردى.

- ۋۇ كـــۇســـــپـۇرۇچ، كـــۈپ-كـــۈنــدۈزدە كەپــتــرىــمــنــى ئوغرىلىماقچىمىدىڭ؟- قاســـىم بەگگى تەلەتىنى بۇزۇپ تام تۈۋىدىكى ئېرىقنىـڭ ئىچىـدىن بىر تـال ئۇزۇن تـايـاقنى قۇلىغا ئالدى - چۈشـــە يەرگە، ئەدىپىڭنى بىر بەرمىسەم!

- مەن كەپتەر ئوغرىلىمىـدىم، توپنى تـاشـــلاپ بەردىم! - دېـدى پاشىشاخان بىر ئاز جىددىيلەشكەن ھالدا قاسىم بەگگىگە ئۆزىنى ئاقلاپ.

- شۇنداق بولسىمۇ سەن يەنىلا ئوغرى !

قاسىم بەگگى قۇلىدىكى تاياقنى تاشلاپ قويۇپ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ شـــۇت بىلەن دەرھال ئۆگزىگە چىقتى، بالىلار ئۆگزىنىڭ لېۋىدە تۇرغان پاشىشاخاندىن ئەنسىرەپ ۋاقىراشقا باشلىدى.

- ئاكا، قاسىم قېرى ئۆگزىگە چىكەتتى، دەرھال قاچ!

ئاڭغىچە قاسـىم بەگگى ئۆگزىگە چىقىپ پاشـىشاخانغا گۈلەيگىنىچە ئاغزىنى بۇزۇشقا باشلىدى.

- ئىگىســى يوق ئۆيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى، خەپ قۇلىقىڭنى كەسمىسەم!

قــاســــىم بەگگى قوپــال ئــادەم بولغــان بىلەن بــالىلارنى ھەرگىز ئۇرمـايتتى، ئۇ پـاشـــشـــاخـاننى مۇنــداقلا قورقىتىپ قويماقچى بولۇپ ئۆگزىدىن تاياقتەك بىر نەرسە ئىزدىگەن بولدى.

پــاشـــشـــاخــان جەگگى جىدەلدىن نېرى بالا ئىدى، قىز بالىدەك تارتىنچاق بولۇپ ئۆزى بىرە خاتالىق ئۆتكۈزسە يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك

بۇلاتتى، شۇڭا ئۇ قاسىم بەگگە ئۆزىنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرماي چىرايى قىزارغان ھالدا «ئەمدى ئۇنداق قىلماي!» دەپ قويۇپلا ئۆگزىدىن پوككىدە يەرگە سەكرىدى، باللار توۋلىشىپ چۇقان سېلىشتى، قاسىم بەگگى «ھاي سەكرىمە! » دىگىنىچە قىلغىنىغا پۇشايمان قىلىپ ئۆگزىدىن پەسكە قارىدى.

پاشاخان خۇددى پەغەزدىكى كەپتەر دان يىگىلى يەرگە قونغاندەك «پوك» قىلغان ئاۋاز بىلەن يەردە زوڭ ئولتۇرۇپ قالدى ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ تامبىلىنى قېقىشقا باشلىدى، باللار ئۇنىڭ يەرگە ساق-سالامەت چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئۇلاشتى، قاسىم بەگگى ئۆگزىدە تۇرۇپ «ماۋۇ شۇمنى قارا!» دىگىنىچە ئاغزىنى ھاڭ ئېچىپ قالدى.

شۇندىن باشلاپ پاشاخانىنىڭ ئۆگزىدىن يەرگە سەكرەپ چۈشەلەيدىغان ھۈنىرى مەھەللىدىكى باللار ئارىسىغا پۇر كەتتى، بىر كۈنى مەھەللىدىكى پاشاخان بىلەن تەڭتۇش باللاردىن ئون نەچچىسى مەكتەپتىن يېنىپ پاشاخانىنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنى چاقىرىپ ئۆگزىدىن سەكرەيدىغان ھۈنىرىنى كۆرسىتىپ بېرىشىنى سورىدى.

پاشاخان ئۆزىنىڭ كۈچ مەشىقىنى باللارغا بىلدۈرۈشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇ باللار بىلەن ئادەتتە سىرتتا ئوينايتتى لېكىن باللارنى ئۆيگە باشلىمايتتى، چۈنكى ئىنىك ئانا ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئۆيگە قالايمىقان ئادەم باشلىماسلىق توغرىسىدا ئالاھىدە تاپىلاشلارنى قىلغان ئىدى.

پاشاخان ئىچىدىن تاقاپ قويغان ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىسىدىن چىقتى ئاندىن ئىشىكگە قۇلپا سېلىپ قويۇپ باللارغا ئېيتتى:

- بۈگۈن باشقا ئويۇن ئوينايلى، مەن سەكرىمەي. . .

- ياق پاشــشــاخان، ســىنى ئاســماندا ئۇچىدىكەن دېگەن گەپ مەكتەپتە بىر بولـدى، ـ دېـدى بـاللارنىـڭ ئـارىســـــدىكى بىرەيلەن ئۇنىڭغا يالۋۇرغاندەك، - قارىغىنا بىز ھەممىز ســىنىڭ شــۇ كارامىتىڭنى كۆرۈپ باقايلى دەپ كەلدۇق. . .

- شــۇنداق پاشــشــاخان، - يەنە بىرەيلەن گەپ قىســتۇردى، - مەكتەپتىكى باشــقا بالىلار بىزنى قەلەندەرلەر كوچىســـدىن دەپ زادى كۆزىگە ئىلمايدۇ، ماۋۇ گـايىت شـــۇ بالىلارنىڭ نوچىســـى، ئۇنىڭغا كارامىتىڭنى بىر كۆرسىتىپ قوي!

پاشــشــاخان بۇ ئاغىنىلىرىنىڭ كۆڭلىنى يەردە قۇيۇشــنى خالىماي «بۇپتۇ بۇلارغا بىر قېتىم ســەكرەپ بىرەيچۇ» دېگەننى ئويلىدى ئۇنىڭ ئۈستىگە گايىت دېگەن بالا تۇرقىدىن ھارامزادىلىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئۆزىــدىنمۇ قــاۋۇل بــالا بولغـاچقا پاشـــشـــاخاننىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلدى.

- ئەمســـە قاراپ تۇرۇڭلار ھە ! ـ پاشـــشـــاخان شـــۇنداق دەپلا ئىشىكىگە يامىشىپ ئۆگزىسىگە چىكەتتى.

بــالىلار ئۇنىــڭ ســـەكرىشـــىگە تەقەززا بولۇپ ئۆگزىگە قــاراپ تۇرىشــاتتى، پاشــشــاخان ئۆگزىدىن كوچىغا گۈپپىدە قىلىپ ســەكرەپ ئورنىــدىن بىمــالال تۇردى، بــالىلار توۋلىشـــــپ ئۇنىــڭ يــامــانلىقىنى تەبرىكلەشـــتى، گايىت دېگەن بالا مەكتەپ بويىچە چېلىشـــچىلارنىڭ ئالدى ئىدى، ئۇ بۇنى كۆرۈپ پاششاخانغا ھەسەت قىلدى.

- پاششاخان، كىلە نوچى بولساڭ چېلىشىمىز!

گايىت ئۇنىڭ ماقۇللىقىنى ئالمايلا چاپىنىنى ســېلىۋېتىپ ئالقىنىغا بىرنى تۈكۈرۈپ تەييــار بولۇپ ئۇنىڭغــا ئۆزىنى تۇنۇتۇپ قويمــاقچى

بولدى.

پاشـشـاخان ئۆزىدىن ئىككى ياشچە چوڭ گايىت بىلەن تۇتۇشتىن بىـر ئـاز قـورقـتى، ئۇنىـڭ ئۇسـتىگە ئۇ بەكلا غوللۇق كۆرىنەتتى. مەھەللىـدىكى بالىلار بۇ قېتىم شـۇك بولۇپ قېلىشـتى، چۈنكى ئۇلار پاشـشـاخان بىلەن ئوينىغاندا پاشـشـاخان چېلىشـىش ئويۇنىغا قاتناشمايتتى، پەقەت باشقا بالىلارنىڭ چېلىشقىنىنى كۆرەتتى، بۇنداق بولىشىدىكى سەۋەب ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا پاشـشـاخان بالىلار بىلەن چېلىشىپ ئويناپ قاسـساپنىڭ ئوغلىنىڭ بىلىكىنى سـۇندۇرۋەتكەن ئىدى، قاسساپ مۇتىھەملىك قىلىپ پاشـشاخاننى ئۇرۇپ-تىللاپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلغان ئىدى، شـۇڭا پاشـشـاخان بۇندىن كېيىن بالىلار بىلەن چېلىشىپ ئوينىماسلىققا ئىرادە قىلغان ئىدى.

بۇ قېتىم پـاشـشـاخـان گـايىتنىـڭ تەلۋىگە ئۇنىمىدى، گـايىت ئەتراپتىكى بالىلارغا قاراپ غادايدى.

- مەن نېمە دېگەن باللا، ئۇ ئۆگزىدىن سەكرىيەلىگەن بىلەن ماڭا چۈشـەلمەيدۇ!- گايىت ئۆزىدىن كىچىك پاشـشـاخاننىڭ ئۆزىدىن قورقۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تېخىمۇ ئەزۋەيلىدى - ناۋادا چېلىشقان بولسا ئۈچىلا مەرتەم يانپاشقا ئېلىپ تازا سالاتتىم!

پاشـشـاخاننىڭ ئۇنىڭ بىلەن شـۇنداق بىر تۇتۇشـقۇسـى كەلدى، ئەمما ئۇ بىرنىمنى ئويلاپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسـقا سـېلىپ ئۆيى تەرەپكە مېڭىشقا تەمشەلدى.

- ئاناڭ سـىنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقانمۇ ھەي قورقۇنچاق؟ ئەمدى مىنى ئـاكـا دېگىن! - دېدى گايىت پاشـشـاخاننى زاڭلىق قىلغاندەك ئۈنلۈك توۋلاپ.

پاشـشـاخان بۇ گەپنى كۆتۈرەلمىدى، ئۇ دەرھال كەينىگە يېنىپ

گايتقا تىكىلدى.

- بۇپتۇ، سەن بىلەن چېلىشاي، ناۋادا ئۇچىلا قېتىم سىنى يېڭىۋالسام، باللارنىڭ ئالدىدا مىنى ئاكا دېيەلەمسەن؟

- ئاتە پورۇڭنى، بۇپتۇ دېگىنىڭدەك بولسا سىنى ئاكا دەيمەن.

- گىپىڭ گەپمۇ؟

- مانا باللار تۇرۇپتۇ، گېپىمدىن يانسام ئوغۇل بولماي كېتەي!

ئىككيلەن قائىدە بويىچە ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دېيىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن ئۆينىڭ ئالدىدىكى كوچىدىلا تۇتۇشۇپ كەتتى، ئۇلارنىڭ بىرى چوڭ بىرى كىچىك بولغانلىقى ئۇچۇن بىر-بىرىنىڭ بىلىنى ئوبدان تۇتىشالمايۋاتاتتى، ئەتراپتا قاراپ تۇرغان باللار پاششاخان ئەمدى يۇزۇمىزنى تۆكىدىغان بولدى دەپ جىددىلىشىپ كۆڭلىدە خۇدايىمدىن پاششاخاننىڭ يېڭىشىنى تىلەپ تۇراتتى، دىگەندەك ئۇلار تۇتىشار تۇتۇشماي گايىت ئوڭدىسىغا چۈشۈپ كەتتى، باللار ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمەي ئۆز-ئارا نېمە ئىش بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇرغاندا گايىت يەنە بىر قېتىم يانپاشقا ئېلىنىپ چۈشۈپ كەتتى، ئۇچىنچى قېتىم « دۈك» قىلغان ئاۋاز بىلەن يولنىڭ نېرىراق چېتىدىكى ئۆرۈكلۈكتە ۋىچىرلىشىۋاتقان بىر توپ ئاق قۇشقاچ ۋىچىرلاشتىن توختاپ كۇچا تىمتاس بولۇپ كەتتى، باللار بىر گايىتقا بىر پاششاخانغا قاراپ ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشتى، گايىت ئورنىدىن تەس تۇرۇپ چاپىنىنىمۇ ئالماي كۆزىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ پاششاخانغا ئالىيىپ قاراپ «خەپ هارامىلىق!» دىگىنىچە رەستە تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى.

باللار كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن هەيران قالدى هەم ئىنتايىن خۇشال بولدى، ئۇلار پاششاخانغا قايتىدىن سەپ سېلىشقا

باشلاپ مەھەللىنىڭ بۇ يېڭى نوچىسى بىلەن بالدۇرراق ئايرىلماس دوستلاردىن بولمىغىنىغا پۇشايمان قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر بالا بوخچىسىدىن بىر پارچە ناۋاتنى ئېلىپ پاششاخانغا تەڭلىدى.

- پاششاخان ئالە بۇنى، ئەمدى بىزنى كىم بوزەك قىلسا سىنى باشلاپ ئاپىرىمىز، بۇ سىنىڭ مۇكاپاتىڭ!

باللار بوخچىلىرىنى ئاسمانغا ئېتىشىپ پاششاخانىنىڭ غەلبىسىنى تەبرىكلەشتى. . .

ئۇلار شۇ تەرزدە پاششاخاننى ئارىسىغا ئېلىپ شا توپ ئويۇنى ئويناش ئۈچۈن قىزغىن ئادەم ئېلىشىۋاتقاندا يىراقتىن بىر بالا يۈگرەپ كېلىپ«گايىت قانجۇق ئادەم باشلاپ كەلدى!» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. باللار ھەممىسى كەينىگە ئۆرۈلۈپ يىراقتىن بىر توپ باللارنىڭ شامالدەك ئۆزلىرى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

- كىمنى ئەكەپتۇ ئۇ چىدىماس ؟- دېدى بوخچىسىدىن ناۋات ئالغان بالا ئۇلارنىڭ يولىغا سىنچىلاپ قاراپ.

- كىمنى ئەكىلەتتى، شەھەردىكى تىللا تونۇرنى ئەكەلگەندۇ شۇ!- دېدى يەنە بىر بالا مۇشتۇمىنى تۈگۈپ تۇرۇپ، - قورقمايمىز!

باللار گايىتنىڭ بايام قاچقىنىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا «قانجۇق» دەپ لەقەم قويۇپ ئۈلگۈرگەن ئىدى، ئۇلار يەڭلىرىنى تۈرۈشۈپ تەييار بولۇشتى، پاششاخان باللاردىن تىللا قۇشۇنىنىڭ كىملىگىنى سورىدى.

- كىم بولاتتى، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى تىللاخان، ئۇ ھارامدىن بولغاچقا ئانىسى ئۇنى كوچىغا تاشلىۋېتىپتىكەن، ئۇنىڭ مۇقىم تۇرالغۇسى يوق، ئاڭلىساق ئۇ تونۇردا يېتىپ چوڭ بوپتىكەن شۇڭا ئۇنى كىشىلەر تىللا تونۇر دەپ ئاتىشىدۇ، كۆندۈزى ئوغرىلىق قىلىدۇ، ئەشۇنداق تىلەمچى باللارنى كەينىگە سېلىپ قوشۇن تارتىپ يۈرۈپ

ياۋاش باللارنى بوزەك قىلىدۇ، ئۆتۈپ كەتكەن هارامىلىق نېمە ئۇ!

شۇ چاغدا گايىت قانجۇق يەتتە-سەككىز بالىنى باشلاپ بۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەلدى.

- قېنى بايامقى پاشــشــاخان دېگەن هارامىلىق، ئەمدى نوچىلىقىنى قىلىــپ بــاقســـۇن؟! ـ دېــدى گايىت قانجۇق يېنىدىكى بۇيى ئۆزىدىن ۋىجىكرەك بىر بالىنى ئالدىغا چىقىرىپ.

تىللا تونۇر دېگەن بۇ بالا قارىماققا ياشتا پاشىشاخاندىن كىچىكتەك كۆرۈنسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ قېشىغىچە چۈشۈپ تۇرغان قاپقارا قۇندۇزدەك چېچىنىڭ ئاســتىدىكى بىر جۈپ هەركەتچان كۆزىدىن ئۇنىڭ ناهايىتى زېرەك هەم چاققان بالا ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

- مانا مەن، تولا ئادەم تىللىما! ـ دىگىنىچە پاشىشاخان باللارنىڭ ئارىسىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ «قوشۇن» نىڭ ئالدىغا باردى.

- هە، گايىتنى ئۇرۇپ يىغلاتقان پاشــشــاخان دىگىنى ســەنمۇ؟ - دېدى تىللا تونۇر قولىدىكى تاماكىسىنى توغرا چىشلەپ پاشىشــاخاننى مەنسىتمىگەن هالدا.

- هەئە چېلىشىتا يېڭىلىپ قالسا ئادەم باشلاپ كېلىدىغان گايىتنى يەرگە سالغىنى پاشىشاخان مەن شۇ! ـ دېدى پاشىشاخان تىللا تونۇرنىڭ هەيۋىسىدىن قىلچە قورقماي مەغرۇرلۇق بىلەن.

تىللا تونۇر بىر ئۆمۈر كوچا-كويلاردا قــاقىلاي-ســـوقىلاي كۆن كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن غەللە-ماجىرا، تاياق-توقماق دېگەن ئۇنىڭ ئۈچ ۋاقلىق غىزاسىدەكلا بىر ئىش ئىدى، ئۇ تاماكىسىنى تازا بىر شورىۋېتىپ پاشىشاخاننىڭ يۈزىگە پۈۋلىدى.

- هۇ، لالما ئىت ! گايىت دېگەن مىنىڭ قوشـــۇنۇمنىڭ ئەزاســـى،

يۈرۈگۈڭ قاپتەككىنا سىنىڭ؟ - تىللا تونۇر كەينىگە ئۆرۈلۈپ گايتقا قارىغاندەكلا قىلىپ تۇيۇقسىز مۇشتى بىلەن پاششاخانىنىڭ بۇرنىغا قاتتىق بىرنى سالدى، پاششاخان ھېچقانداق تەييارلىقسىز تۇرغانلىقى ئۈچۈن بۇ كۈچلۈك مۇشتنىڭ زەربىسىدىن كۆزىدىن ئوت چاقناپ كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن تىللا تونۇر چاقماق تېزلىكىدە بۇرنىدىكى قاننى يېڭى بىلەن سۈرتۈۋاتقان پاششاخانىنىڭ مەيدىسىگە كۈچۈپ بىرنى تەپتى، پاششاخان كەينىگە يېقىلىپ چۈشتى، ئاڭغىچە پاششاخانىنىڭ دوستلىرى تىللا تونۇرنى تۇتىۋالدى. . .

پاششاخان ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىرماي چاپىنىنى سالدى، ئاندىن تىللا تۇنۇرغا قاراپ ۋارقىردى.

- قېنى نوچا بولساڭ ئەمدى كېلىشە، سەندەك نېمىلەرگە ئۆزەمنى بىر كۆرسەتمىسەم! - پاششاخان بۇرنىدىن ئېقىۋاتقان قان بىلەن كارى بولماي يېڭىنى شىمايلاپ تىللا تونۇرنىڭ ئالدىغا ئېتىلدى، تىللا تونۇرمۇ بوش كەلمەي ئۆزىنى پاششاخانغا ئاتتى، ئىككىيلەن تازا تۇتۇشۇپ كەتتى، تىللا تونۇر تاياقتا بەكلا پىششىق ئىدى، پاششاخانىنىڭ پۇت-قولى ئۆزىنىڭ يېشىغا باققاندا ئاجايىپ چاققان ئىدى، پاششاخان چاقپەلەكتەك پىقىراپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا تىللا تونۇرنى خىيخىراتتى، تىللا تونۇر بولالماي، بىللە كەلگەن قوشۇنىغا بۇيرۇق قىلدى، بۇنى كۆرۈپ پاششاخانىنىڭ دوستلىرىمۇ تەييار بولدى، شۇ چاغدا پاششاخان دوستلىرىغا بۇرۇلۇپ قاراپ «سىلەر ئارلاشماڭلار، ھەممىسىگە ئۆزەم تاشايمەن!» دەپ ۋارقىراپ ئۇلارنى كەلگىلى قويمىدى. چۈنكى پاششاخانىنىڭمۇ مۇشۇنداق جېدەل ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانچىلىك مەشىق قىلغانلىقىنى بىلگۈسى بار ئىدى. ئەخلاقلىق پاششاخان بۇنداق جېدەلنى پۇل بىلەنمۇ سېتىۋالالمايتتى، شۇڭا ئۇ بۇ

جىدەلنى بىر پۇرسەت دەپ بىلدى.

قوشۇندىكى نان يېگەن تەرى يوق ئالتە ئۇرۇق بالا تىللا تونۇرنىڭ سېپىگە قېتىلىپ پاشىشاخاننى ئۆرىۋالدى، لېكىن تىللا تونۇرنىڭ يەپ كەتكەن تايىقىغا قاراپ ھېچقايسىسى قول سالالمىدى، پاشىشاخان كىتاپتا ئۆگەنگىنى بويىچە ئۇنىڭ ئىچىدىن ئاجىزراق بىرسىنى تۇتىۋېلىپ ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئاندىن يەنە بىرىنىڭ يۈرىكىنى ئىزىش قارارىغا كەلدى، ئۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ تىللا تونۇرنى راسا سالماقچى بولدى چۈنكى ئۇ بۇ قوشۇننىڭ ئاتامانى ئىدى، بۇ قاچسا ھەممىسى قاچاتتى، شۇنىڭ بىلەن پاشىشاخان ئۇدۇل تىللا تونۇرغا چاپلىشىۋېلىپ شۇنى سىلىشقا باشلىدى، قالغانلار پاشىشاخانغا توختىماي مۇش سالدى، بۇنداق ئوپچە ئۇرۇلغان مۇشنىڭ ۋەزنى بولمايتتى، پاشىشاخان ئۇلارغا مۇش ياندۇرماي يەنىلا تىللا تونۇرنى ئۇرۇشقا باشلىدى، تىللا تونۇرنىڭ ئاغزى-بۇرنى قان بولۇپ چىرايى تونۇغۇسىز بولۇپ كەتتى، بۇنى كۆرگەن قوشۇن ئەزالىرىنىڭ يۈرىكى چۈشۈپ ھەركىتى بىر ئاز ئاستىلاپ قالدى، بۇنى سەزگەن پاشىشاخان ئۆرۈلۈپلا دىققىتىنى بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جۇغى كىچىك ئۇرۇقراق بىرسىگە قاراتتى، ئۇ بالا پاشىشاخاننىڭ چاقماقتەك ئېتىلغان ئىككى مۇشتىغا بۇلالماي قېچىشقا باشلىدى، لېكىن پاشىشاخان باشقىلارغا بىر مۇشمۇ ئاتماي پەقەت ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇشۇ ئۇرۇق بالىنى قوغلاپ شۇنىلا ئۇرۇشقا باشلىدى، بالا چىقىراپ يىراققا قېچىپ كەتتى. . . ئەمدى نۆۋەت ھەممە جىدەلنى تېرىغان گايىتقا كەلدى، پاشىشاخان ئۇنىڭ ئالدىغا شۇنداق كېلىۋىدى، گايىت قورقۇپ پۇت-قولىدا جان قالمىغان ھالدا كەينىدىكى ھاسىراپ ئولتۇرغان تىللا تونۇرغا ئۈمىد بىلەن قارىدى، تىللا تونۇر بۇرنىدىكى قاننى توختىتىپ يېڭىلگىنىگە تەن بېرىپ ئۇيەردە ھاسىراپ ئولتۇراتتى، پاشىشاخان راسا كۈچ بىلەن

گايىتىنىڭ يۈزىگە بىر پەشۋا ئېتىۋىدى، ئۇ سەنتۈرۈلۈپ كەينىگە داجىغىنىچە ئۆزىنى تەڭشىيەلمەي تىللا تونۇرنىڭ ئالدىغا بېرىپ يېقىلدى، ئۇ قوپقىلى تەڭشىلىۋاتقاندا پاششاخان قۇيۇندەك كىلىپ يەنە بىر تەپتى، ئۇ بۇ قېتىم زوڭ ئولتۇرغان تىللا تونۇرنىڭ ئۈستىگە يېقىلدى، نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمىگەن تىللا تونۇر يەنە تاياق يېيىشتىن قورقۇپ «خەپ هاراملىق، ئەجەب مەن بىلەنلا قالدىڭا؟!» دىگىنىچە يۈگۈرۈپ قاچتى، گايىتمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تىللا تونۇرنىڭ كەينىدىن بەدەر قاچتى، پاشاخان ئەمدى قالغان تۆتەيلەننىڭ ئىچىدىن بىرسىنى تاللىماقچى بولۇۋىدى، تۆتەيلەن تىللا تونۇرنىڭ قېچىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ بىر-بىرسىگە قارىشىپ ئالدى-كەينىگە قارىماي تىللا تونۇرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ قېچىشقا باشلىدى. . .

بىر مەيدان باللار ئۇرۇشى چوڭلار كىلىپ ئارىشىلىماستا هايىنى-هۇيىت دىگۈچە ئاخىرلاشتى. ئەتراپتا تۇرغان باللار بۇ ئىشلاردىن ئاجايىپ هەيران قالدى، ئۇلار پاششاخاننىڭ بۇ تەڭداشسىز باتۇرلىقىنى چوڭلارغا ئېيتىش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە ئالدىراپ مېڭىشتى، شۇنداق قىلىپ بالا پاششاخاننىڭ نامى بۇ مەھەللىدە ۋە باللارنىڭ مەكتىپىدە ئەپسانە بولۇپ ئېغىزدىن -ئېغىزغا تارقىلىشقا باشلىدى.

## توققۇزىنچى باب

## كونا خومداندىن قايتىش

كەچ كۈز شامىلى بالدۇرلا يوپۇرماقلارنى سارغايتىپ دەرەخلەرنى يالىڭاچلاشقا باشلىدى. ئاستانە قىشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن ئالدىراۋاتاتتى.

تۆمۈرچىلىك كارخانىسىدىكى بالا ئىشچى پاششاخان ئۇستىسىنىڭ ياخشى ياردەمچىسى بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇنىڭ قولى بىردەم بىكار تۇرمايتتى، ئۆزىگە بەلگىلەپ بەرگەن ئىش تۈگەپ ئازراق ئارام ئالىدىغانغا ۋاقىت چىقسا بىرىپ باشقا ئۇستىلارغا ياردەملىشەتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى تۇشۇپ ئۇششاق ئىشلىرىنى قىلىشىپ بىرەتتى شۇڭا ئۇنىڭغا ئۇستىسىلا ئەمەس كارخانىدىكى ھەممەيلەن ئامراق بولۇپ قالغان ئىدى، بۈگۈن چارشەنبە بولغاچقا ئۇستىسى پاششاخاننى بالدۇرراق قايتىپ ئەكبەرخاننىڭ يېنىغا بىرىپ ساۋاق ئېلىشىپ بۇيرىدى، پاششاخان كارخانىغا ئالغاچ بارغان بوخچىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇستازى ئەكبەرخاننىڭ تېخى ئىشتىن چۈشمىگەنلىكىنى پەرەز قىلىپ ئۇدۇل مەكتۈپكە قاراپ ماڭدى.

پاششاخان مەكتەپ ئالدىغا يېقىنلاشقاندا ئەكبەرخان ئۇستاز باللارنى قويۇۋېتىپ ۋەلىسپىتىنى يېتىلىگىنىچە دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ بولغان ئىدى، ئۇ بۈگۈن ساقاللىرىنى پاكىزە قىرىپ ئۆشنىسىگە

يارىشــىملىق كاســتۇم-بۇرۇلكا كىيىۋالغاچقا خۇددى يېڭى تۇيى بولغان يىگىتلەرگە ئوخشــاپ قالغان ئىدى، پاشــشــاخان ئۇســتازىدىكى بۇ ئۆزگۈرۈشــلەرنى كۆرۈپ ھەيران قالدى، ئۇنىڭ ئۇســتىگە ئۇ ئەزەلدىن مەكتەپتىن بۇنداق بۇرۇن قايتالمايتتى. پاشــشــاخان يۈگرەپ بېرىپ ئۇستازىغا كۈلۈپ سالام قىلدى.

- ئەسسالام ئۇستاز!

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام پاششاخان، ساڭا ساقلاپ تۇرغان ئىدىم ـ دېدى ئۇستاز گۇيا بالىسنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ، - ۋەلسىپتنى سەن يېتىلىۋالغىن، ئالدىرماي ماڭايلى!

پاشــشاخان ۋەلسىپتكە بەك قىزىقاتتى، ئۇ خوش بولۇپ دەرھال ۋەلسىپتنى قۇلىغا ئېلىپ يېتىلەپ ماڭدى.

- كارخانىغا كىرەلەپ قالدىڭمۇ؟ تاماقنى قانداق قىلدىڭ؟

- ھەئە، ئۇلار بەك ياخشــى، قوســۇغۇممۇ ئاچ قالمىدى، ئۇلار ھەر قېتىملىق تاماقتا ماڭا يەيدىغىنىدىن بېرىشىدۇ، بەزىدە يېگىلى قۇساق يوق بولۇپ كىتىمەن. - دەپ كۈلدى پاششاخان ئۇستازىغا قاراپ.

- يــاخشـــى بۇپتۇ، بۇ كىرەلەرمۇ ئۆتۈپ كىتىدۇ، تېكىســتلەرنى يادلاشقا ۋاقتىڭ چىقتىمۇ؟

- چىقمامدىغان، ئىشمنى قىلغاچ توختىماي شۇلارنى يادلايمەن.

ئۇلار پــاراڭلاشــقــان پېتى رەســتىنىڭ دوقمۇشـــىدىكى خانلىق مەســچىتنىڭ ئــالــدىدا توختىدى، ئەكبەرخــانىنىڭ بۈگۈن كەيپياتى ئالاھىدە ياخشى ئىدى، ئۇ يېنىدىكى يانچۇق سائىتىگە قارىۋەتكەندىن كېيىن بويىنىنى سوزۇپ يولغا قاراشقا باشلىدى.

- ئۇســتاز بۇ يەردە بىرەســىنى ســاقلامدۇق؟ - دەپ ســورىدى

پاشاخان ئۇستازنىڭ بىرسىنىڭ يۇلىغا قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ.

- ھەئە، بىر مېھمان كەلمەكچى ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن مۇشــۇ يەردە كۆرۈشمەكچى بولغان.

ئەكبەرخــان شــۇنى دەپ بولۇپ چىرايى شـــەلپەردەك قىزاردى. پاشـــشـــاخان ئۇســـتازنىڭ تېخى ئۆيلەنمىگىنىنى بىلەتتى، شــۇڭا ئۇ ئۇستازىغا قاراپ كۈلۈپ ئېيتتى:

- ئۇنداقتا مەن ئۆيگە كەتكەچ تۇراي، ساۋاق ئالغىلى باشقا كۈنى كېلەي ئۇستاز!

- ياق، ياق، پاشـاخان ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى كۆرۈشۈشۈم، سەن يېنىمـدا تۇرمىســـاڭ بولمـايـدۇ، مـاقۇل دېگىن كەتمە! ـ ئەكبەرخـان ناھايىتى جىددىيلىشىپ كەتتى.

پاشـاخان ئۇسـتازىنىڭ گېپىنى يىرالمىدى، ئۇزاق ئۆتمەي رەستە تەرەپتىن ئوتتۇرا ياشــلىق بىر ئايال كەينىگە بىر قىزنى سـېلىپ ئىللىق كۈلۈمســــرەپ ئەكبەرخـانىنـڭ ئـالـدىغـا كەلدى، ئۇلار ئۆز-ئارا قىزغىن ســـالاملاشـــتى، قىزچـاق يىگىرمىلەرنىڭ قارىســـنى ئالغان ناھايىتى نومۇســـچان قىز بولۇپ ئـاپئـاق چىرايى زىلۋا بەدىنىگە چىپ كەلگەن قىزىـل كۆينىكى بىلەن رەڭ تـالاشـــقـانـدەك قىزىرىـپ كەتكەن ئىدى، ئەكبەرخان مۇشـۇ تاپتا بۇ قىزدىنمۇ ئۆتە خىجىل بولۇپ كەتكەن بولۇپ ئۆزىنىڭ يەردە ياكى بۇلۇتنىڭ ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالغان ئىدى.

ئوتتۇرا ياشلىق ئايال ئۆزىنىڭ مۇھىم ئىشى بارلىقىنى باھانە قىلىپ ئۇلار بىلەن خوشــلاشـــتى، ئۈچەيلەن مەســچىت ئالدىدا ئۇن-تىنســـىز بىردەم تۇرغاندىن كېيىن زېرەك پاشـــشـــاخان ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ ئۇستازى ئەكبەرخانغا ياردەم قىلدى:

- ئۇستاز، ئازراق بىر نەرسە يەيلىمۇ؟ - پاششاخان قەستەن ئۇستازىغا مەسلىھەت سالغان بولدى.

- شۇنداق قىلايلى، - بۇ گەپ ئەكبەرخانغا ياغدەك ياقتى ـ سىنىڭ نېمە يىگۈڭ بار؟

- نېمە بولسا مەيلى، ئىشقىلىپ ئاچامنىڭ يېگۈسى بارنى يىمەيلىمۇ!-دېدى پاششاخان يېنىدىكى چىرايلىق قىزغا يەر يۈزىدىن قاراپ.

قىز ئالىمدەك تومپىيىپ چىققان مەيدىسىنىڭ ئۈستىدە چوكان تالدەك ئۆزىنى تاشلاپ تۇرغان توم چېچىنى ئويناپ يەردىن ئۈستۈن قارىمايتتى، ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاۋالقىدەك يەرگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇردى، ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىر جۇپ قوي كۆزى بىلەن ئەكبەرخانغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. ئەكبەرخان ئۆمرىدە بۇنداق چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقمىغاندەك بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى، ئۇ دىققىتىنى يىغىپ قىزغا قاراپ ئېيتتى:

- ئۇنداقتا قۇربان هاجىنىڭ ئاشخانىسىغا بارايلى، شۇ يەرنىڭ تامىقى يامان ئەمەس.

ئىككيلەن يولدا ماڭغۇچە گەپ-سۆز قىلىشمىدى، پاششاخان ۋەلىسپىتنى يېتىلەپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، ئۇلار پەقەت قۇربان هاجىنىڭ ئاشخانىسىغا بېرىپ غىزالىنىش جەريانىدا ئاندىن ئازتولا پاراڭلاشتى، ئىككيلەن بىر-بىرىگە يېقىپ قالدى، ئۇلار خۇددى تويى بولغان بىر جۇپ قىز-يىگىتتەك چىرايىدىن كۈلكە كەتمىگەن هالدا ئاشخانىدىن چىقتى لېكىن مۇشۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بۇلارنىڭ كەيپىنى بۇزدى.

ئاشخانا ئالدىدىكى كوچىدا ئىككى رۇس بىر-بىرىنى يۇلەپ

مېڭىۋاتاتتى، بۇنىڭ بىرى ياش يىگىت يەنە بىرى ياشتا چوڭ يۈزلىرىنى سېرىق بۇرۇت ـ ساقال قاپلىغان كىيىنىشى قاتتىق پوزۇر بىر ئەر كىشى ئىدى، ياشتا چوڭى ئېھتىمال چوڭ سودىگەر ياكى كاتتا باي بولسا كېرەك ياش يىگىت بۇ قېرى مەستىنىڭ توختىماي تىللاشلىرىغا، پات-پات توختاپ يۈزىگە شاپىلاق سېلىشلىرىغا چىداپ ماڭماقتا ئىدى، كوچىدىكى كىشىلەر بۇ ئىككى مەستكە يول بېرىپ كۈچىنى بۇلارغا ئوڭچە قۇيۇپ بەردى، ئۇلار ئوڭ-سولغا دەسسەپ ھېلى كۈلۈپ ھېلى ۋارقىراپ قولىدىكى قۇرۇق ۋوتكا شىشىسىنى كىشىلەرگە ئاتقىلى قوپقاندەك قىلىقلارنى قىلىپ قۇربان ھاجىنىڭ ئاشخانىسى ئالدىدىن ئۆتىۋاتقاندا ئەكبەرخان قاتارلىق ئۈچەيلەن ئاشخانىدىن كوچىغا چىقىپ قالدى، ئۇلار بۇ ئىككى مەستنى كۆرۈپ يانغا ئۆتۈپ ئۇلارغا يول بېرىپ تۇردى، شۇ ئەسنادا قېرى مەستىنىڭ كۆزى ئەكبەرخاننىڭ كەينىدە مۆكۈپ تۇرغان قىزغا چۈشۈپ ھىجايغىنىچە بىرنىمىلەرنى دەپ ئەكبەرخاننىڭ ئالدىغا دەلدەڭشىپ كېلىپ قىزغا قولىنى سۇندى، ئەكبەرخان مەستىنىڭ قولىغا ۋاققىدە بىرنى سېلىپ ئۇنى كەينىگە ئىتتىرىۋەتتى، قېرى مەست كەينىگە بىر قانچە قەدەم دەلدەڭشىپ يەنە يۈزىنى قېلىن قىلىپ بۇ يەردىن كەتكىلىۋاتقان ئەكبەرخاننىڭ ئالدىغا ھىجىيىپ كېلىپ ئۇنى كۈچەپ ئىتتىرىۋېتىپ كەينىدىكى قىزنىڭ بىلىكىنى تۇتىۋېلىپ ئۇنى قۇچاقلاشقا ئۇرۇندى، ئەكبەرخان كۆڭلىدە بۇ قېرىنى ھەرقانچە پەس بولسىمۇ بۇنداق قىلىقلارنى قىلىپ يۈرمەس دەپ ئويلىغان ئىدى، ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ چاقماق تېزلىكىدە قىزنىڭ قولىدىن تارتىپلا قېرى مەستىنىڭ سىمىز يۈزىگە كېلىشتۈرۈپ بىر كاچات سالدى، بىر ياندا ئويۇن كۆرۈپ تۇرغان ياش مەست يىگىت خوجايىنىنىڭ مۇشت يېگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئەكبەرخانغا ئاتتى، ئەكبەرخانمۇ بوش يىگىت ئەمەس ئىدى، ھايىنى-ھۇيىت دىگۈچە

ئەكبەرخان بۇ ئىككى مەستنى كوچىنىڭ بىر يېنىدىكى يۇندە كاتىكىغا قىستاپ ئاپىرىپ مۇشت-پەشۋالىرى بىلەن كاتەكنىڭ ئىچىگە چىڭدىۋەتتى، ئەتراپتا قاراپ تۇرغان ئاممە ئەكبەرخاننىڭ قورقماس باتۇر-باتۇرلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

شۇ چاغدا كوچىنىڭ نېرىسىدا ئامانلىق ساقلىغۇچى رۇسلار پۇشتەكلەرنى چېلىشىپ ئالا-تاغىل ۋاقىرىغىنىچە جىددەل چىققان تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپ كېلىشتى، ئەكبەرخان دەرھال يېنىدىكى قىزنى ئۇنىڭ ئۇنىماسلىقىغا قارىماي مەجبۇرى قاچۇرۇۋەتتى، بىر قىسىم ئەسكەرلەر يۈگۈرۈپ كېلىشكىنىچە يۇندە ئازگىلىدىن چىقالمايۋاتقان ئىككى مەستنى تەسلىكتە يۇلەپ قوپۇردى يەنە بىر قىسىم ئەسكەرلەر قېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئەكبەرخاننى ياش مەستنىڭ كاتەكتە تۇرۇپ كۆرستىشى بىلەن تۇتىۋالدى.

قېرى مەست ئورنىدىن تۇرۇپ دەلدەڭشىگىنىچە چەمبەرچەس باغلانغان ئەكبەرخاننىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ باردى، ئىككى يېنىغا قاراپ يەنە ھېلىقى قىزنى ئىزدەشكە باشلىدى، قىزنى كۆرەلمىگەندىن كېيىن بىر نىمىلەرنى دەپ ئاچچىقلىنىپ ئەكبەرخاننىڭ يۈزىگە شاپىلاق بىلەن سېلىشقا باشلىدى، ئەسكەرلەر « رۇسلارغا تاياق سالغىنىڭغا تويى!» دىگەندەك ئەكبەرخاننىڭ شاپىلاق يېيىشىگە قاراپ كۈلۈشۈپ تۇردى، ئەكبەرخاننىڭ كۆز ئىشارىتىگە بويسۇنغان پاششاخان بىر ياندا مۇشتىنى تۈگۈپ ئاچچىقىنى يۇتقان ھالدا غەزەپ بىلەن تۇراتتى.

تۇيۇقسىز قېرى مەست يېنىدا كۈلۈپ تۇرغان بىر ئەسكەرنىڭ قۇلىدىكى مىلتىقنى تارتىپ ئېلىپ ئۇنى بەتلەپلا ئەكبەرخانغا قارىتىپ تەپكىنى باستى، ئاڭغىچە ياندىكى پاششاخان ھۇشيار كىلىپ قېلىپ ئېتىلغىنىچە قېرى مەستنىڭ قۇلىدىكى مىلتىقنى قۇلى بىلەن ئاسمانغا

كۆتۈرۈپ ئۆلگۆردى «پـاك» قىلغان ئاۋاز بىلەن كوچىدىكى كىشـــىلەر پاتىپاراق بولۇپ كىتىشــتى، ئوق ئاســمانغا ئېتىلغان ئىدى. ئەســكەرلەر قىرى مەســتكە يالۋۇرغاندەك نۇرغۇن گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ قۇلىدىكى قۇرالنى مىلى تەسلىكتە قۇلىغا ئېلىشتى.

پاششاخانىنىڭ ھەركىتىگە زەن سېلىپ تۇرغان ھېلىقى ياشراق چالا مەست پاشـشاخانىنىڭ ئەكبەرخان بىلەن بىللە تۇرغانلىقىنى كۆرگەچكە ئۇنى تۇنۇۋېلىــپ ئەســـــكەرلەرگە بىر نىمىلەرنى دېــدى، ئەســـــكەرلەر يوپۇرۇلۇپ كىلىــپ پاشـــشـــاخانىنى تۇتىۋېلىپ قۇلىنى كەينىگە باغلاپ قويدى، شۇ ئەسنادا قىرى مەست پاششاخانىنىڭ ئىشنى بۇزغانلىقىدىن نــارازى بـولۇپ ئەكبەرخــاننى يەپ كەتكۈدەك ئەلپــازدا تۇراتتى، ئۇ پاششاخانغا بۇرۇلۇپ قاراپ ئۇنىڭ ئالدىغا سەنتۈرۈلگىنىچە بېرىپ ئۇنى تىپىــپ ئۇرۇشـــقا بـاشـــلىدى، چوڭ ئـادەمنىـڭ تىپىكىگە بولالمىغان پاشـــشـــاخان يەرگە يېقىلىپ چۈشـــتى، قىرى مەســـت ئۇنى كۈچەپ دەسسەشكە باشلىدى، بۇ قېتىم قىرى مەست ئاچچىغىنى پاششاخانىدىن چىقارماقچى بولىۋاتاتتى، ئەكبەرخان بۇ ناھەقچىلىقنى كۆرۈپ غەزەپتىن چىدىيالماي دىققەتسىز تۇرغان ئەسـكەرنىڭ قۇلىدىن يۇلقىنىپ چىقىپ قىرى مەســـتنىڭ چاتىرىقىغا راســـا كىلىشـــتۈرۈپ بىرنى تەپتى، قىرى مەســـــت خـۇددى تـوڭگـۇزدەك چىقىراپ جـان يىرىنى تۇتقىنىچە رەزىنكىـدەك يېغىلىـپ قالدى، ئەســـكەرلەر ئەكبەرخاننى توپلىشـــىپ ئۇرۇشـقا باشلىدى، خالايىق بۇ رەھىمسىزلىكلەردىن ياقىسىنى تۇتۇشۇپ تۆۋۋە قىلىشـــتى، قىرى مەســـت ناھايىتى تەســـلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ ئەكبەرخـانىنىـڭ ئـالـدىغـا باردى، ئەســـكەرلەر ئاچچىغىڭنى چىقىرىۋال دىگەنـدەك ئۇنىڭغا يول بوشــۇتۇپ ئارلىقنى ئېچىپ بىرىۋاتاتتى، قىرى مەســت ئەكبەرخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى ئۇرۇشـــقا قۇلىنى كۆتۈرۈپ بولۇپ « يـاق. . . يـاق » دىگەنـدەك بىر نىمىلەرنى دەپ بېشـــنى

چايقىغىنىچە كەينىگە يېنىپ يەردە ياتقان پاشىشاخاننىڭ يېنىغا باردى، ئۇ كۆڭلىدە پاشىشاخاننى ئەكبەرخاننىڭ ئوغلى دەپ قاراپ باشقىچە بىر ئۇسۇلدا ئەكبەرخاندىن ئۆچ ئالماقچى بولدى، ئۇ ئالدى بىلەن يەردە باغلاقلىق ياتقان پاشىشاخاننىڭ يۈزىگە كۈچەپ بىرنى تەپتى ئاندىن ئەتراپىغا سىنچىلاپ قاراپ بىرنېمە ئىزدىدى، ئۇ كوچىنىڭ بۇيىدىكى ئادەم بېشى چوڭلۇقىدىكى بىردانە تاشنى يەردىن تەسلىكتە قومۇرۇپ ئېلىپ بۇنىڭ بىلەن پاشىشاخاننىڭ بېشىنى يەنچىمەكچى بولدى، ئۇ تاشنى كۈچەپ بېشىدىن ئۈستۈن قىلىپ پاشىشاخان تەرەپكە مېڭىۋاتقاندا تۇيۇقسىز «ۋايجان!» دەپ ۋارقىراپ سالدى ھەم قولىدىكى تاشمۇ يەرگە چۈشۈپ كەتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىدىن قان تامچىلاپ ئېقىۋاتاتتى.

ئەسلىدە بۇ جېدەلنىڭ باش ئاخىرىنى تىللا تونۇر كۆرۈپ تۇرغان ئىدى، ئۇ باشتا پاشىشاخاننىڭ تاياق يېگىنىدىن قانغۇچە خۇش بولدى، ھەتتا باغلاقلىق پاشىشاخاننى راسا بىر ئۇرغۇسىمۇ كەلدى، ئۇ يەردە ياتقان پاشىشاخاننىڭ بېشىدا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى، پاشىشاخان ئۇنى كۆرۈپ تىللا تونۇرنىڭ كۆزىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ قارىدى، ئاندىن پەس ئاۋازدا«تىللاخان!. . . » دېگەن بىر ئېغىز سۆزنى چىقىرىپلا كۆزنى باشقا يەرگە ئېلىپ قاچتى، تىللا تونۇرنىڭ ئىسمىنى ئۆمرىدە ھېچكىم بۇنداق توغرا ئاتاپ باقمىغان ئىدى، پاشىشاخاننىڭ بۇ خىل بىچارىلىك چىقىپ تۇرغان كۆزىدىن شۇنداقلا ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئۈمىد بىلەن چاقىرىشىدىن تىللا تونۇرنىڭ قېنى دولقۇنلىدى، چۈنكى ئۇنىڭ قېنىدا ئاققىنىمۇ پاشىشاخاننىڭ مىللەت قېنى ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر ئۆتۈپ كەتكەن ناھەقچىلىق بولغاچقا تىللا تونۇر بۇ تەگسىزلىككىمۇ چىدىمايۋاتاتتى، ئۇنىڭ يۈرىگى سېلىپ ئەركەكلىكى ئۈستۈن كەلدى، ئۇ بايام قىلغان قىلىقىغا خىجىل بولۇپ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك

بولدى، شـــۇنىڭ بىلەن ئۇ كەينىگە يېنىپ ياندىكى دوســـتلىرىغا بىر نىمىلەرنى جېكىلەپ بۇ يەردىن شۇئان ئايرىلدى.

تىللا تونۇر پاشـاخانىنىڭ يېنىدىن ئايرىلىپ كوچىنىڭ بويىدىكى تۇتاش دۇكانلارنىڭ ئۆگزىسىگە يامشىپ چىقىپ پاشـاخان باغلانغان يەرگە يېقىنلاشــتى، شــۇ چاغدا قېرى مەســت يەردىكى چوڭ تاشــنى ئېلىپ بېشــىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ پاشــاخانىنىڭ بېشــىنى نىشــانلاپ مىڭىۋاتقــانــدا تىللا تونۇر دەرھــال قۇلــدىكى رەگەتكە بىلەن قېرى مەســتنىڭ يۈزىنى نىشــانلاپ يېقىن ئارىلىقتىن ئۆكچىدەك بىر تاشــنى ســۇزۇپ قۇيۇۋەتتى، شــېخىل تاش ئۇدۇل قېرى مەســتنىڭ ئوڭ كۆزىگە تەگدى، قېرى مەست ئۇق تەگكەن لالما ئىتتەك چىقىراپ قان تەپچىپ چىققــان كۆزىنى ئۇۋىلىغىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى، ئەســـكەرلەر پاتىپاراق بولۇشــۇپ رەگەتكىنىڭ قەيەردىن ئېتىلغانلىقىنى بىلەلمەي پىتىراشـــقا بــاشــــلىدى، شــــۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئەكبەرخانىنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر ئەسـكەر تۇۋلىغىنىچە يۈزىنى تۇتۇپ ۋايجانلاشـقا باشـلىدى، ئەسـلىدە ئۆگزىدىن يەنە بىر تال شـــېغىل تاش ئۇچۇپ كىلىپ بۇ ئەســـكەرنىڭ يۈزىنى يىرتىۋاتقان ئىدى.

ئەســـكەرلەر بۇ قېتىم رەگەتكىنىــڭ ئۆگزىــدىن ئېتىلغــانلىقىنى بىلدى، ئۇلار باغلاقلىق ئەكبەرخان بىلەن پاشـاخانىنى تاشلاپ قۇيۇپ ئوڭ-تەتۈر تۇۋلىشـــــپ دۇكــان ئۆگزىســـــگە چىۋىنــدەك ئۇلاشـــتى، پــاشـــــشـــــاخانغا يېقىن يەردىكى بىر بالا يۈگۈرۈپ كىلىپ يەردە ياتقان پاشـاخانىنىڭ قۇلىدىكى ئارغامچىنى كېسىشكە باشـلىدى، ئەسكەرلەر پاشـــشـــاخانىنى بالا دەپ قاراپ ئۇنىڭ قۇلىنى ئۈنچە مەزمۇت باغلىمىغان ئىدى، پاشـــشـــاخان باغلاقتىن بوشــنىپ ھېلىقى بالا بىلەن ئۇســتازى ئەكبەرخانىنىڭ قۇلىنى بوشـــاتماقچى بولدى، ئەكبەرخان ئۇلارغا «مەن قــاچقــان تەقــدىردىمۇ بۇلار مىنىــڭ ئــاتــا-ئــانامنى بوش قويمايدۇ، مەن

بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن دەرھال قېچىڭلار، تېز بولۇڭلار!» دەپ پەس ئاۋازدا ۋارقىردى.

ئاڭغىچە ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئۆگزىدىكى كۆلەڭگىنى قوغلاپ قالايمىقان ئوق ئېتىشقا باشلىدى، يەنە بىر قىسمى پاششاخانىنىڭ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقۇپ دەرھال ئورنىغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى، پاششاخان بىلەن ھېلىقى بالا كىشىلەر ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكىنىچە بۇ يەردىن غايىب بولدى.

پاششاخان شۇ يۈگۈرگىنىچە ھېلىقى بالىغا ئەگىشىپ شەھەر سىرتىدىكى كونا خۇمدانلىققا كېلىپ توختىدى، بىر دەمدىن كېيىن تىللا تونۇرمۇ بېشىدىن سۇ قۇيۇلغان ھالدا بۇ يەرگە پەيدا بولدى، پاششاخان ئۆزىنىڭ جېنىنى ھايات-ماماتىغا قارىماي قۇتۇلدۇرۇپ قويغان تىللا تونۇر بىلەن قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

* * * * *

پاششاخان بىخەتەرلىكنى كۆزدە تۇتۇپ ئۈچ كۈنگىچە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بارالماي تىللا تونۇرنىڭ كونا خۇمداندىكى تاشلاندۇق ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى، ئۇلار بۇ جەريانىدا ئۆز-ئارا سىردىشىپ ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدى، تىللا تونۇرنىڭ پاششاخانغا ئېيتىپ بېرىشىچە ئۇنىڭ دادىسى ئەسلىدە خاندانلىقنىڭ شەھەر قوغداش قىسمىنىڭ ئەترەت كوماندىرى ئىكەن، رۇسلار باستۇرۇپ كىرگەندە ئۇ خاندانلىقنىڭ «ئۇرۇشماسلىق» بۇيرۇقىغا قارشى ئەللىك نەچچە كىشىنى تەشكىللەپ رۇسلارغا قارشى پارتىزانلىق ئۇرۇشى قوزغىغان، خاندانلىق ئاغدۇرۇلۇپ بىر يىلدىن كېيىن ئۇ رۇسلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ

قىلىپ ئېتىپ تاشلانغاندىن سېرىت رۇسلارنىڭ «خائىنلارنىڭ ئەۋلادىنى ئىنقلاپ تەرتىپكە سېلىش» دېگەن سىياستىگە ئاساسەن ئۇنىڭ بوۋا-مومىسىدىن باشلاپ ئانىسىغىچە تەقىب ئاستىغا ئېلىنىپ تۈرمىدە كىسەللىك ھەم ئاچلىقتا ئۆلۈپ كەتكەن، تىللاخان ئۇ چاغدا ئاران ئىككى ياشتا بولۇپ ئانىسى ئۇنى يىراق سەھرادىكى بىر تاغىسىغا بىرىۋەتكەن، لېكىن تاغىسىنىڭ ئايالى ئىچى زەھەر خوتۇن بولغاچقا بۇ بالا ھامان بېشىمىزغا بالا بولىدۇ دەپ قاراپ ئىككى ياشلىق تىللاخاننى شەھەرگە تاشلىۋېتىپ «بالا يۈتۈپ كەتتى» دىگەننى باھانە قىلىپ ئىشنى تۈگەتكەن.

كېيىن تىللاخان كۇچا-كويلاردا سوقۇلۇپ يۈرۈپ ئالتە ياشقا كىرگەندە دادىسىنىڭ كونا سەپدىشى تىللاخاننىڭ ئىزدىرىكىنى قىلىپ ئۇنى كوچىدىن ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئەكىلىپ ئائىلە مىھرىنى يەتكۈزگەن لېكىن رەھىمسىز ۋابا بۇ ئائىلە كىشلىرىنىمۇ دۇنيادىن ئېلىپ كەتكەن، تىللاخان يەنىلا ئاۋالقىدەك يېتىملىك كوچىسىغا قايتقان. تىللا تونۇرمۇ بۇ گەپلەرنى مانا مۇشۇ كىشىدىن ئاڭلىغان ئىكەن.

پاششاخان ئۇنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلىرىنى ئاڭلاپ رۇسلارنىڭ زوراۋانلىقىغا قاتتىق غەزەپلەندى، ئۇ مۇشۇ تاپتا كۆڭلىگە بىر خىيالنى پۈككەن ئىدى، لېكىن ئۇ تىللا تونۇرغا بۇ گەپنى ھازىرچە ئېيتماسلىقنى ئويلىدى.

- تىللاخان، كۆڭلىڭنى يېرىم قىلما، ھەر ئىككىلىمىزنى بۇ كۈنگە دۇچار قىلغىنى مۇشۇ رۇسلار - دېدى پاششاخان كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇتى چاچرىتىپ - قاراپ تۇر، ئۇلار ھامىنى جاجىسىنى يەيدۇ.

- بەزىدە ئويلاپ قالىمەن مىنىڭمۇ ئاتا-ئانام ھايات بولسا، مىنىڭمۇ ئۆيۈم بولسا، مەنمۇ باشقا باللارغا ئوخشاش مەكتەپتە ئوقۇسام، ئۇلارغا

ئوخشاش كىتاب ئوقۇشنى بىلسەم، خەت يازالىسام دەيمەن لېكىن. . . لېكىن ئۇلار ھېچقايسىسى ماڭا ئىپسىپ بولمىدى، مەن ئادەملەردىن بەكلا نەپرەتلىنىمەن، مەن ئۇلارغا ئۆچ پاششاخان. . . - دېدى تىللا تونۇر قۇلىدا ئويناپ ئولتۇرغان رەڭتكىسىنىڭ رەزىنكىسىنى بارمىقىغا چىڭ يۆگەپ تۇرۇپ.

- دېگىنىڭغۇ ئېيتماققا توغرا، ئەمما ھەممە ئادەملەرگە ئۆچ بولساڭ بولمايدۇ، ھەممىسىنىڭ باشلامبېشى يەنە شۇ رۇسلار، ئۇلار ھە دىسە قوللۇق تۈزۈمنى يوق قىلىپ سىلەرنى ئازاد قىلدۇق، تەڭسىزلىكنى تۈگىتىپ ئادالەتنى تىكلىدۇق دەپ جار سېلىشىدۇ، قايسى كۈندىكى ئىشنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆردۈڭ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە رۇسلاردىن باشقىسى ئادەم ئەمەس، ئۇلار بىزنى ھايۋاننىڭ ئورنىدا كۆرىدۇ، پەقەت رۇسلارلا بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولىشى كېرەك تىللاخان!

تىللا تونۇر بىر ئۆمۈر يىتىمچىلىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقان، كىشىلەرنىڭ خارلاپ كەمسىتىشىگە كۆپ ئۇچرىغان بالا بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاتا-ئانا تەربىيىسىگە ئېرىشىپ باقمىغان ياكى مەكتەپ قارىسى كۆرۈپ باقمىغان بالا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئەشۇ جەمىيەتتىن ئەشۇ ئادەملەردىن نەپرەتلىنەتتى، ئۇنىڭدا دىنني ئەقىدە دېگەن نەرسىمۇ يوق ئىدى، ئىمىنىڭ گۇناھ ئىمىنىڭ ساۋاب بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئۇ پەقەت بىر كۈنلۈك قۇرساق غېمىنى ھەل قىلسىلا باشقا ئىشلار بىلەن كارى بولمايتتى، شۇڭا پاششاخاننىڭ گېپى ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىن ئانچە ئۆتۈپ قالمىدى.

-- پاششاخان سەن ئەجەب مەكتەپتىكى مۇئەللىملەردەك گەپ قىلغىلى تۇردۇڭ، بىر قېتىم مەن سىنىپ ئىشىگىنىڭ يوچۇغىدىن مۇئەللىمنىڭ بالىلارغا مۇشۇنداق چۈشىنىكسىز گەپلەر بىلەن دەرس

ئۆتۈۋاتقىنىنى ئاڭلىغانمەن. . . لېكىن سەن بىزنى كېيىن چۈشۈنۈپ قالىسەن. . .

- بۇپتۇ، بۇلارنى كېيىن دېيىشەيلى، مەن ئەمدى كارخانىغا بىر بېرىپ باقايمىكىن. . .

- توختا، ئالدىرىمىغىن! باللار ئولجا ئالغىلى كەتكەن، ئۇلار سېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ ئەھۋالىنى ئىگىتىگىلاپ باقماقچى، ئۇلار كەلسۇن ئاندىن بىر نېمە دەيلى. .

شۇنداق قىلىپ كەچكە يېقىن بەش-ئالتە بالا بەزەنلىرى پۇل-پېچەك، بەزەنلىرى يەيدىغان نان-تۇقاچ يەنە بەزەنلىرى گۆش-توخۇ دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆتۈرۈشىپ پەيدا بولۇشتى، تىللا تونۇر ئالدى بىلەن نەخ پۇللارنى ساناپ يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن قالغان ئولجىلارنى داستىخانغا تىزىپ مەززە قىلىشقا باشلىدى. قۇرسقى ئېچىپ كوكىراپ كەتكەن پاشاخان ئۈچ كۈندىن بىرى بۇلارنىڭ بۇ داستىخانىسىغا داخىل بولۇپ كەلگەچكە ھېچ تارتىنمايلا توخنىڭ بىر پاچىقى بىلەن بىر تال ناننى قولىغا ئېلىپ يېيىشكە باشلىدى، ئارلىقتا تىللا تونۇر باللاردىن پاشاخاننىڭ ئۆيىنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلدى، باللار بىرە نورمالسىزلىقنىڭ يوقلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن پاشاخان ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرىدىغانلىقىغا ۋەدىلىشىپ قاش قارايغاندا بۇ شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان كونا ئۆيدىن ئايرىلدى.

پاشاخان ئۈيگە بېرىپ تازا بىر يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن ئارامدا ئۇخلاپ ئەتىسى ئەتىگەن جەينامازدا ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇش خۇمارىنى باستى ئاندىن كارخانىغا يول ئالدى، ئۇستىسى ئۇنى نەچچە كۈندىن بىرى ئىشقا كەلمىگەنلىكىنى سورىغاندا ئۆزىنىڭ زۇكام بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. قارىغاندا ئۇستىسى ئەكبەرخان توغرىلىق

بىرە خەۋەر ئاڭلىمىغانىدەك ئىدى.

ئۇ ئىشتىن چۈشۈپ ئۇدۇل ئۇستازى ئەكبەرخاننىڭ ئۆيىگە باردى، ئەكبەرخاننىڭ ئاتا-ئانىسى ئوغلىنىڭ تېخىچە ساقچى ئىدارىسىدىكى سولاقخانىدا ئىكەنلىكىنى، ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان بىر تۇغقىنىنىڭ ھېلىھەم يولىنى مېڭىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ كۆز-يېشى قىلىشتى. پاششاخان قۇربان ھاجىنىڭ ئاشخانىسى ئالدىدا بولغان ئىشلارنى يېپىدىن ـ يىڭنىسىغىچە ئۇلارغا ئېيتىپ بەردى.

شۇ ئەسنادا دەرۋازا قېقىلدى، ئەكبەرخاننىڭ ئاتىسى ئىچىدىن ئىتىلگەن ئىشىكنى ئاچقىلى ماڭغاچ ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان تۇغقىنىنىڭ كەلگەنلىكىنى پەملەپ پاششاخانغا ئىشارەت قىلىپ قويۇپ دەرۋازىنى ئاچتى.

ئەكبەرخاننىڭ ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان نەۋرە تۇققىنى ئۇدۇل ئىچكىرىدىكى ئۆيگە ماڭدى، ئەكبەرخاننىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى. پاششاخان يانىدىكى ئۆينىڭ پەنجىرىدىن ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇراتتى.

- ئەكبەرخاننىڭ ئەھۋالى ھازىرچە ياخشى ئانا، - دېدى ساقچى يىگىت يىغلاۋاتقان ئانىغا تەسەللى بىرىپ ـ بۇ ئىش ئەسلىدە ئۇنچە چوڭ ئىش ئەمەستى لېكىن ھېلىقى رۇس كاتتا باي بىرنېمە ئىكەن، ئۇنىڭ شۇ كۈنىدىكى ماجىرادا بىر كۆزى قۇيۇلۇپ كىتىپتۇ، ئۇ شۇنىڭ ئاچچىقىدا يۈزى چوڭلارنى ئىزدەپ ئىشنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىدارە باشلىقى بۇ سودىگەر بىلەن ئېغىز بۇرۇن يالىشىپ يۈرۈپ بۇ ئىشنى ئۆزى بىر قوللۇق تۇتىۋالدى، ئۇنىڭ قارنى بەك چوڭ شۇڭا ھازىرچە بۇ ئىشقا كۈچىگىلى بولمىدى، بەرگەن پۇلۇڭلارنى تېخى ئىشلەتمىدىم، ۋاقتى كەلگەندە مەنمۇ ھەرگىز قاراپ

تۇرمايمەن.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئانىنىڭ كۆزلىرىدىن مارجاندەك ياش قۇيۇلدى.

- جېنىم بالام، مەندىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار، شۇ ئاكاڭنى بىر نېمە قىلىپ ئاچىقىۋالغىن، كىچىگىنىدە ساڭا ئەمچەك سالغانمەن، بەرگەن سۈتىمنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن بولسىمۇ ئاكاڭغا ياردەم قىلغىن، پۇل-پېچەكنىڭ يولىنى بىز قىلىمىز بالام. . . !

ئانا توختىماي يىغلايتتى. ساقچى ئۇلارغا بىر ھازا تەسەللى سۆزى قىلغاندىن كېيىن يېڭى خەۋەر بولسا ۋاقتىدا يەتكۈزىدىغانلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتتى، پاشاخانمۇ ئۇزاققا قالماي ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

ئۇ يولدا ماڭغۇچە سىڭلىسى بەرنەخاننى ئوغۇرلاپ سېتىۋەتكەن ساقچى باشلىقىنى ئويلاپ چېكىسىدىكى شۇ قېتىملىق تاياق زەربىسىدىن قالغان تارتۇقنى سىلاپ قويدى. ئۇ كۆڭلىدە يەنە ئۇستازى ئەكبەرخانغا شۇملۇق قىلىۋاتقان ئەشۇ ئىپلاس ساقچى باشلىقى بولمىغىيدى دېگەننى ئويلاپ خۇدادىن ئۇستازىغا ئامانلىق تىلىدى. ئاندىن دوستى تىللاخاننى ئىزدەپ كونا خۇمدان تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

ئارىدىن ئۈچ ھەپتە ئۆتتى.

پاشاخان بۇ ئارلىقتا ئۇستازى ئەكبەرخاننىڭ ئۆيىدىكىلەردىن ئەھۋال ئىگىلەپ تۇردى، ئىشلاردا ھېچبىر ئىلگىرلەش بولمايۋاتاتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە پاشاخان كارخانىغا كىلىپلا ئۇستىسىدىن ئەكبەرخاننىڭ قويۇۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىدى. ئۇ ئۇستىسىنىڭ رۇخستى بىلەن دەرھال ئەكبەرخاننىڭ ئۆيىگە ئۇچتى.

پاشاخان يېرىم ئۇچۇق دەرۋازىنى چەكمەيلا ھويلىغا كىرىپ ئىچكىرىدىكى ئۆيدىن چىققان ئاۋازغا ئاساسەن ئۇدۇل شۇ يەرگە كىردى.

ئۇستازى ئەكبەرخان ئۇچىسىدا كاستۇم-بۇرۇلكا ساقاللىرى پاكىزە قىرىلغان ھالدا سۇپىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. پاشاخان خوش بولۇپ ئۇستازىغا سالام قىلىپ قولىنى سۇندى.

ئەكبەرخان ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاندەك يەرگە قاراپ ئولتۇرىۋەردى، ئۇستازىم ئاۋازىمنى ئاڭلىمىغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىغان پاشاخان يەنە بىر قېتىم«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئۇستاز!» دەپ ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتماقچى بولدى.

ئەكبەرخان يەنىلا بېشىنى كۆتۈرمىدى، پاشاخان خىجىل بولغىنىدىن ھۆپپىدە قىزىرىپ ئەجەبلەنگىنىچە ياندا قاراپ تۇرۇشقانلارنىڭ چىرايىغا سەپسالدى، ئەكبەرخانىنىڭ ئىنى-سىڭىللىرىنىڭ كۆزلىرىدىن بىرخىل قايغۇ-ھەسرەت چىقىپ تۇراتتى، پاشاخان كۆزىنى ئەكبەرخانىنىڭ ئانىسىغا يۆتكىدى، ئانىنىڭ كۆزى لىق ياشقا تولغان ئىدى، ئانا پاشاخانىنى كۆرۈپ ئېتىلىپ يىغلاپ كەتتى. . .

ئەكبەرخان خۇددى خاتىرىسىنى يوقاتقان ئادەمدەك ھېچكىمنى تونىيالمايۋاتاتتى، گەپمۇ قىلمايتتى، پەقەت ئەتىدىن كەچكىچە بىر نوقتىغا قاراپ كۆزىنى مىدىرلاتماستىن ئولتۇرۇدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. . .

پاشاخان زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئانىنىڭ كۆزىگە سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى، ئانا يىغلىغىنىچە پاشاخانىنى ياندىكى ئۆيگە تارتىپ باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىشكنى

چىڭ يىپىۋەتكەندىن كېيىن ساقچى ئىدارىسىدا ئىشلەيدىغان تۇغقىنىدىن ئاڭلىغانلىرىنى تەپسىلى ئېيتىپ بەردى.

ئەسلىدە بىر كۆزىدىن ئايرىلىپ قالغان كاتتا سودىگەر شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇشۇپ ئۆزىنىڭ يەكچەشمە بولۇپ قالغانلىقىغا ئەكبەرخاندىن زور تۆلەم ئالماقچى بولغان ئىكەن، لېكىن ئەكبەرخان سۇراق قىلىنىش جەريانىدا رەگەتكە ئاتقۇچىنىڭ كىملىكىنى بىلمىگەچكە ھېچنىمە دېيەلمىگەن، سوراقچىلار ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان قىز بىلەن كىچىك بالا توغرىلىق گەپ سورىغاندا ئۇ «مەن ئۇلارنى تونۇمايمەن» دەپ تۇرىۋالغان، ئىدارە باشلىقى پاششاخاننىڭ ئائىلىسىنى تەكشۈرۈپ ئۇلاردىن تۈزۈك بىر نېمە ئالغىلى بولمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئۇنى قويۇۋەتمەكچى بولغان، لېكىن ئۇنى قۇيۇپ بىرىدىغان كۈننىڭ ئالدىنقى ئاخشىمى سودىگەر بىلەن ئىدارە باشلىقى قۇلىقى چىلاشقىچە ۋوتكا ئىچىشكەن، ئىدارە باشلىقى كەيپچىلىكتە ئەكبەرخاننى سودىگەرگە ئاچىقىپ بىرىپ ئاچچىغىنى چىقىرىۋېلىشقا ماقۇل بولغان، شۇنداق قىلىپ يەكچەشمە سودىگەر سوراقخانىدىكى باغلاقلىق ئەكبەرخاننى رەزىنكە كالتەك بىلەن قالايمىقان ئۇرۇپ ئۇنى مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىكەن.

بۇ ئىش دەل ئەكبەرخان تۇتۇلۇپ يەتتىنچى كۈنى ئاخشىمى يۈز بەرگەن بولۇپ ئەتىسى ساقچىلار ھۇشسىز ياتقان ئەكبەرخاننى ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە بۇ پېتى بىرەلمىگەن، ئۇ تۈرمىنىڭ داۋالاش ئۆيىدە ئۈچ ھەپتىگە يېقىن پەرۋىش قىلىنىپ بېشىدىكى يېرىلغان زەخىملەر بىر ئاز ساقايغان لېكىن شۇ قېتىملىق كالتەكلەشتە مېڭىسى قاتتىق زەخىملەنگەنلىكتىن مانا مۇشۇنداق ئەقلي ئىقتىداردىن قېلىپ ئۆزىنىڭ چوڭ-كىچىك تەرىتىنىمۇ تۇتالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالغان.

ئۇلار ئەكبەرخاننى ئۆيدىكىلىرىنىڭ قولىغا بەرگەندە بىرمۇنچە يوق گۇناھلار بىلەن ئۇنىڭغا سىياسىي قارىلارنى چاپلاپ ئۇلارنىڭ ئاغزىنى چىڭ تۇتۇشنى بولمىسا پۈتۈن ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەقدىر ئاستىغا ئېلىنىپ ئىشلارنىڭ تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

پاششاخان بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېين ئۇستازىنىڭ مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قالغانلىقىنى بىلىپ قاتتىق قايغۇردى، ئۇ ئەكبەرخاننىڭ يېنىدىن روھى چۈشكەن ھالدا كارخانىغا قايتتى.

پاششاخان پۈتۈن ئاچچىغىنى قىزىتىلغان تۆمۈردىن ئېلىپ كۈچ بىلەن بازغان ئۇرۇۋاتاتتى، ئەسىرگە يېقىن تۇيۇقسىز سىرىتتىن بىر بالا كىرىپ ئۇنى چاقىردى، پاششاخان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ تىللا تونۇرنىڭ قوشنىسىدىكى بالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ قولىدىكى بازغاننى تاشلاپ ئالدىراپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى.

- نېمە ئىش بولدى؟

- تىللاخان ئۇ. . . سىنى چاقىرىپ كەل دېگەن. . . - بالا ئىتتىك يۈگۈرۈپ كەلگەچكە توختىماي ھاسىرايتتى - چاتاق چىقتى. . . !

- نېمە چاتاق، ئۇچۇقراق دىگىنە؟

- بارغاندا بىلىسەن!

بالا شۇنداق دىگىنىچە پاششاخاننى ئەگەشتۈرۈپ شەھەردىكى ئاۋات رەستىلەرنىڭ بىرى بولغان كونسۇل كوچىسى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

ئۇلار ئۇ جايغا يېتىپ بارغاندا بىرمۇنچە كىشىلەر كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا يۇملاق بولۇپ يىغىلىشىپ بىر كىملەرنى ئارىسىغا

ئېلىۋېلىشقان ئىدى، ئىككىيلەن چوڭلارنىڭ ئارىسىدىن قىسىلىپ ئۆتۈپ كوچىدىكى داق يەردە تىللا تونۇرنىڭ ئۈستىۋېشى قانغا مىلەنگەن دوستى ھەيدەر ئالتە قولنى قۇچاغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

ھەيدەر ئالتە قولمۇ قارا يېتىم بولۇپ تىللا تونۇرنىڭ ئەڭ يېقىن ئەڭ يارامىلىق دوستى ئىدى، ئۇنىڭ قول بارمىقىدىن بىرسى ئارتۇق بولغاچقا باللار ئۇنى ھەيدەر ئالتە قول دەپ ئاتىشاتتى، ئۇنىڭ گەرچە بىر بارمىقى ئارتۇق بولسىمۇ كۇچا-رەستىلەردىكى ھۈنىرى ناھايىتى قالتىس بولغاچقا ئالىدىغان «ئولجىسى» مۇ قوشۇن ئىچىدە ئەڭ زور ئىدى.

پاششاخان يۈگۈرۈپ بېرىپ كۆزلىرى يۇمۇقلۇق تامدەك تاتىرىپ ياتقان ھەيدەر ئالتە قولنىڭ ساڭگىلاپ قالغان قولىنى ئالقىنىغا ئېلىپ بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەنىڭ نېمە سەۋەپتىن بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تىللا تونۇرغا قارىدى.

تىللا تونۇر پاششاخانغا گەپ قىلمىدى، ئۇ قۇچىقىدا قانسىرغىنىدىن بىھوش ياتقان دوستىنىڭ چىرايىغا قاراپ چېكىتتەك قېتىپ قالغان ئىدى. ھەيدەر ئالتە قولنىڭ ئوڭ تەرەپ بېقىنىدىن ئاققان قانلار بولدۇقلاپ ئېقىشتىن توختاپ قېلىۋاتاتتى.

ئەسلىدە ھەيدەر ئالتە قول كونسۇل كوچىسىدىكى رۇس تاماقخانىسىدىن قايتىپ چىقىۋاتقان بىر رۇس ئايالنىڭ سومكىسىغا قول سېلىپ پورتمالنى ئۇڭۇشلۇق سۇغۇرۇپ ئون-نەچچە قەدەم نېرىسىغا بارا-بارماي كەينىدىن ئۇنىڭ ئېرى كۆرۈپ قېلىپ يېنىدىن بىر تال ناگاننى چىقىرىپلا ئۇنىڭ كەينىدىن ئوق ئۈزگەن ئىدى، ئوق ئۇنىڭ بەل قىسمىدىن تېشىپ كىرىپ ئالدى تەرىپىدىن چىكەتكەن، بۇ

جەريانىدا ئۇنىڭ جىگىرى ئېغىر دەرىجىدە يېرىلىپ كەتكەچكە نەخ مەيدانىدىلا بىھوش بولۇپ يىقىلغان، بۇ ئەركىشى ئەسلىدە يۇقىرى دەرىجىلىك رۇس ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ ھەيدەر ئالتە قولنى ئېتىۋەتكەندىن كېيىن ئايالىنى بېقىنىغا قىستۇرۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك بۇ يەردىن قايتىپ كەتكەن.

- تىللاخان ئۇنى دوختۇرغا ئاپىرايلى، تېز بولغىن! ـ دېدى پاششاخان ھەيدەر ئالتە قولنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس تىنىق ئېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ.

- پاششاخان، ھەممە ئىش تۈگىدى، بايام دوختۇردىن بىرسى كۆرۈپ بولدى. . . - تىللا تونۇر گېپىنىڭ ئايىغىنى دىمىدى.

- دوختۇر. . . دوختۇر نېمە دېدى؟

- ئۇق ئۇنىڭ جىگىرىنى يېرىۋېتىپتۇ، دوختۇرغا ئاپارغانىنىڭ پايدىسى يوقكەن، - تىللا تونۇرنىڭ كۆزى يەنىلا دوستىنىڭ چىرايىدا توختاپ تۇراتتى، - ھەيدەر ئۇيەرگە بارغىلى ئۇنىمىدى. . .

شۇ چاغدا ھەيدەر ئالتە قولنىڭ پۇت-قولى تىترەشكە باشلىدى، ئۇ سەكرات ئازابى تارتىۋاتاتتى، تىللا تونۇر ئۇنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىۋالدى، ئەتراپتا قاراپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ كۆزى ياشقا تولدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ياشتا چوڭراق بىرى پىيالىدە سۇ ئەكىلىپ ئايەت ئوقۇپ سۈفلىگەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئېغىزىغا تېمىتىشقا باشلىدى.

ئۇ بارلىق كۈچىنى يىغىپ كۆزىنى ئاستا ئاچتى، تىللا تونۇر بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتى.

- تىللاخان. . . مىنىڭ. . . بەكلا. . . ئۇيقۇم. . . كىلىۋاتىدۇ. . . - دېدى ھەيدەر ئالتە قول ناھايىتى پەس ئاۋازدا ئۆزىنى قۇچاغلاپ تۇرغان تىللا تونۇرغا قانمىغاندەك قاراپ.

- ئۇخلىغىن ھەيدەربەگ، مەن يېنىڭدا. . . - تىللا تونۇرنىڭ كۆزىگە مۆللىدە ياش كەلدى.

- تىللاخان. . . يانچۇقۇمدا. . . بۈگۈنكى. . . پۇللار بار. . . ئاخشام. . . بەك توڭدۇم. . . سىلەرمۇ توڭدۇڭلار. . . بۇنىڭغا. . . كۆمۈر. . . ئالايلى. . .

- ماقۇل. . . ھەيدەربەگ. . . بۈگۈن چوقۇم كۆمۈر ئالىمىز. . .

تىللا تونۇرنىڭ كۆزىدىن ياش تاراملاپ كەتتى.

- مەن. . . توڭلاپ. . . كەتتىم. . . مەشكە. . . كۆمۈر سالدىڭمۇ؟

- شۇنداق، كۆمۈر. . . كۆمۈر سالدىم ھەيدەربەگ. . .

- شۇنداق. . . مەن. . . ئىسسىقلاپ. . . كەتتىم. . . بىزنىڭ ئاخىرى مېشىمىز بار بولدى. . .

كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرغان پاشاخان چاپىنىنى سېلىپ قان ئىچىدە مىلىنىپ ياتقان ھەيدەر ئالتە قولغا يېپىپ قويۇپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

- تىللاخان. . . قۇسۇغۇم. . . بەك. . . ئېچىپ كەتتى. . .

ھەيدەر ئالتە قول گېپىنىڭ ئايىغىنى دېمەكچى بولۇپ كۈچەپ باقتى ئەمما ئېغىزىنى مىدىرلىتالمىدى، ئۇ كۆزىنى راسا بىر يۇغان ئاچتى-دە بېشىنى بىر يانغا تاشلىۋەتتى، كەچ كۈزنىڭ سوغۇق شاملى كوچا بويىدىكى قېرى دەرەخنىڭ ئۇچىدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر تال سېرىق يوپۇرماقنى بېغىشىدىن يىنىك ئاجرىتىپ كۆزى ئۇچۇق كەتكەن ھەيدەربەگنىڭ يۈزىگە ئۇچۇرۇپ ئەكىلىپ قوندۇردى. . . كىشىلەر ھۆڭرەپ يىغلاشتى. . .

* * * * *

جامائەت ھەيدەربەگنىڭ يىتىم بالا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇشمۇ-تۇشتىن ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇندى، بەزەنلىرى ئۇنىڭ يەرلىكىنى كولاشقا كىتىدىغان چىقىمنى كۆتۈرۈشتى، بەزەنلىرى ئۇنى يۇيۇپ تاردى، بەزەنلىرى خام-ماتالارنى سۇندى، شۇنداق قىلىپ ئەتىسى ناماز بامداتتىن كېيىن ئۇنىڭ نامىزى ئوقۇلۇپ مېيىتى مۇساپىرلار مازىرىغا قويۇلدى.

قەبرىگە يەتتە كەتمەن تۇپا تاشلىنىپ بولغاندىن كېيىن چوڭلار دۇئالارنى قىلىشىپ قايتىشتى. تۇپراق بېشىدا تىللا تونۇر قاتارلىق بىر قانچە بالا يۈكۈنگەن پېتى پاششاخاننىڭ قىرائىتىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى، پاششاخان باللارچە زىل ئاۋازى بىلەن سۈرە ياسىننى شۇنداق مۇڭلۇق قىرائەت قىلدىكى قەبرە بېشىدىن يىراقتىكى يۇلغۇنلۇقتا چۇرۇقلىشىپ سايراۋاتقان قۇشلارمۇ ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازىدىن تەسىرلەنگەندەك تىمتاس بولۇشۇپ قىرائەتنى تىڭشاۋاتاتتى.

تىللا تونۇردەك خۇدا-رەسۇلغا قىزىقمايدىغان، ئۆمرىدە كەلىمە تەمجىدنى ئېغىزىغا ئېلىپ باقمىغان، باغرى تاش بۇ باللمۇ پاششاخاننىڭ يىغلامسىراپ ئوقۇغان بۇ يېقىملىق قىرائىتىدىن قەلبى لەرزىگە كېلىپ كۆزىدىن توختىماي مۇسىبەت يېشىنى ئاققۇزماقتا ئىدى.

پاششاخان ئۇزۇن دۇئالارنى قىلدى، باللارمۇ ئۇنى دوراپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشىنى. ئۇلار تۇپراق بېشىدىن يېنىپ مەيۈسلەنگەن ھالدا كونا خۇمدانلىقتىكى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تاشلاندۇق ئۆيگە كېلىشتى.

بۇ ئۆي بەك كونا ھەم چوڭ ئىدى، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان

مايماق مەش قارىماققا بۇلارنى قىشتىن چىقىرالايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، لېكىن باللار نەچچە يىلدىن بىرى مۇشۇنداق تۇرمۇشقا كۆنۈپ كەتكەچكە بۇ ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرمەيتتى. قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلدى، باللارنىڭ «بازار ئوينايدىغان» ۋاقتىمۇ بولۇپ قالغان ئىدى. باللار شۇك بولۇپ قالغان تىللا تۇنۇرغا قارىدى، تىللا تۇنۇرغا دوستى ھەيدەربەگنىڭ ئۆلۈمى بەكلا ئېغىر كەلگەن بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈستىگە مېيىت ئۇزىتىشنىڭ قائىدە-مۇراسىملىرىنى ئوبدان بىلمىگەچكە ئۇ بۈگۈن بازارغا چىقىش-چىقماسلىقتا بىرنىمە دېيەلمەي يېنىدا تۇرغان پاششاخانغا قارىدى. پاششاخانمۇ بۇ خىل قائىدە ـ يوسۇنلارغا پىششىق بولمىغاچقا باشتا بىردەم جىم بولۇپ قېلىپ ئاندىن تىللا تۇنۇرغا قاراپ ئېيتتى:

- تىللاخان، بولغۇلۇق بولدى، مەن ساڭا بىر گەپنى ئۇزۇندىن بىرى ئېيتالماي كەلگەن، بىز ئەمدى «بازار ئوينايدىغان» بۇ ئىشتىن قول ئۈزەيلى! ـ باللار پاششاخاننىڭ بۇ سۆزىدىن ھەيران بولۇپ بىر-بىرىگە ئەجەبلىنىپ قاراشتى.

- سىلەر ھەممىڭلار كۆردۈڭلار، - سۆزىنى داۋاملاشتۇردى پاششاخان- رۇسلار كوچا-كويلاردا پاتماي يۈرۈيدۇ، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز بولسا ئەكسىچە ئۆز مەھەللىسىدە ئۆزى قىسىلىپ يۈرمەكتە، بىنا-سارايلارنىڭ ھەممىسى رۇسلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىنى تازىلايدىغان ئىشلەمچىلەرگە ئايلاندى، بىز يەنە مۇشۇ بىچارىلەرنىڭ يانچۇقىغا قول سۇنساق، ئۇلارنىڭ باللىرى يەنە بىزدەك كوچا ـ كويلارغا چىقىپ قالماسمۇ، مېنىڭچە ھەيدەربەگنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ياخشى بولسۇن دېسەك بۇ ئىشتىن بالدۇرراق قول ئۈزەيلى!

تىللا تونۇر پاششاخانغا باشقىچە ئامراق ئىدى، ئۇنىڭغا بەكلا ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇ پاششاخانغا«ئەمىسە بىز قانداق جان باقىمىز، ياخشى چارەڭ بولسا ئېيتقىن!» دېگەندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىدى.

- بۈگۈندىن باشلاپ بىزنىڭ ئۆيگە كىتەيلى، ئۆيۈم گەرچە بەك چوڭ بولمىسىمۇ بۇ ئۆيدىن ياخشى، قىشنى توڭماي چىقىرۋالىمىز، قالدى گەپنى ئۆيگە بارغاندا دېيىشەيلى.

پاششاخانىنىڭ سۆزى باللارغا بەك ياقتى، چۈنكى باللار ئۇنى بەك قابىلىيەتلىك دەپ بىلەتتى، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنى ياخشى بىر يولغا باشلاپ ماڭالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى، شۇڭا ئۇلار ئۈمىد بىلەن تىللا تونۇرنىڭ كۆزىگە قارىدى.

- بۇپتۇ، پاششاخانىنىڭ دېگىنىدەك بولسۇن، نەرسىلىرىمىزنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە بارايلى! - دېدى تىللا تونۇر پاششاخانغا ئىشىنىش نەزىرى بىلەن قاراپ.

باللار ھايىنى-ھۇيىت دېگۈچە يىرتىلىپ مازلىرى كۆرۈنۈپ قالغان يۇتقان - كۆرپىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بارچە لاققۇ-لۇققۇلىرىنى بىر چاقىسىنىڭ كامىرى يوق كونا بىر قول ھارۋىسىغا بېسىپ تەييار بولدى.

ئۇلار ئۇزۇنغا قالماي پاششاخانىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى، ئۆي جەمئىي ئۈچ ئېغىز بولۇپ پاششاخان ئۇلارنى ئاۋۋال مېھمانخانىسىغا باشلىدى، ئۇلار بۇ ئۆيىگە كىرىپ كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قالدى، تامنىڭ بىر تەرىپىگە قويۇلغان ئۇزۇن كىتاب جازىسىنىڭ ئىچى لىق كىتاپلار بىلەن تولغان ئىدى، سۇپىغا سېلىنغان زىلچا-گىلەملەر ئۆينىڭ پاكىزلىقىغا ماسلىشىپ كىشىگە بىرخىل ئازادىلىكنى، مېھرى-ئىسسىقلىقنى ھېس قىلدۇراتتى. باللار بۇلارنى كۆرۈپ ئۆزلىرىنىڭ تۇرقىدىن خىجىل بولۇشتى، بەزەنلىرى ئايغىدىن چىقىپ قالغان

پۈتىنىڭ بارماقلىرىنى ئاستا تىقىۋېلىشتى، بەزەنلىرى يىرتىلىپ كەتكەن تـامبـاللىرىـدىن چىقىــپ قـالغـان تىزلىرىنى، بەزەنلىرى ئـاغلىرىنى يۆگەشتى. . .

پاشـــشـــاخان باللارنى باشــلاپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىســـنى ئاندىن ئاشـخانىسـىنى كۆرسەتتى. ئاشخانا بىلەن مۇنچا ئۆي ئوتتۇرىسىدىن تام بىلەن ئايرىلغان بولۇپ باللار مۇنچىنىڭ ئىشـــىگىنى ئېچىپ ھاڭ-تاڭ قالدى، مۇنچا خۇددى شەھەردىكى چوڭ ھامماملارغا ئوخشاش ناھايىتى ئۆلچەملىك ياســـالغان بولۇپ چىلىشـــىپ يۇيۇنىدىغانغا پار-پۇر چاق-چۇقتىن يـاســـالغـان ئىككى داس قۇيۇلغـان ئىدى، بۇنداق چاق-چۇق داســـنى شـــەھەردىكى كـاتتا بايلارنىڭ ئۆيىدىنمۇ تاپقىلى بولمايتتى. باللار ھەيران بولۇشۇپ پاششاخانغا قارىدى.

- بۇلارنى ئـانـام تەييـار قىلـدۇرغان، بىرىنى ئانام ئىشـــلىتەتتى، بىرىنى مەخسۇس مەن ئىشـلىتەتتىم. . . ـ دېدى پاشـشـاخان باللارغا قاراپ ـ ئەمدى سۇ ئىسسىتىپ ھەممىڭلار نۆۋەت بىلەن ماۋۇ بىر داستا يۇيۇنىڭلار، ئاندىن بازارغا چىقىپ نەرسە سېتىۋالىمىز!

باللار ھە-ھۇ دېيىشىپ بىردەمدە مەشكە ئوت قالاپ سۇ ئىسسىتىپ نۆۋەت بىلەن يۇيۇنۇشـــقا باشـــلىدى. تىللا تونۇر پاشـــشـــاخاننىڭ بۇ ھەشـــەمەتلىـك ئۆيىگە قـاراپ كۆز ئـالـدىـدىكى بۇ ئىشـــلارنى تـازا چۈشىنەلمىدى.

- پـاشـــشـــاخـان، ئۆيۈڭنىـڭ بۇنـداق كـاتتـا ئىكەنلىكىنى ئويلىمـاپتىمەن، بـايـام بـاللارنى بۇ بىر داســـتىلا يۇيۇنىڭلار دېگەن ئىدىڭ، ســـەۋەبىنى دەپ بەرگىنە؟- دېدى تىللا تونۇر پاشـــشـــاخانغا چۈشەنمەسلىك نەزىرى بىلەن قاراپ.

- ئانام كىچىك چېغىمدىن باشـــلاپ شـــۇنداق ئۆگەتكەن، ئۇ ھەر

قېتىم يۇيۇنىدىغان سۆيۈمگە ئالتۇن تىللادىن بىرنى تاشلاپ قۇياتتى
ھەمدە بۇ داسنى پەقەت سەن ئۆزۈڭ ئىشلىتىسەن دەپ ئەركىلىتەتتى،
ئانامنىڭ روھى قورۇنمىسۇن دەيمەن. . .

- سەن ماڭا ئۆزۈڭ توغرىلىق ھېچنىمە دەپ بەرمىدىڭ، قارىغىنا
نىمانچە سىرلىق بالا سەن؟

- سەن چوڭ بولغاندا قالدى گەپنى دەپ بىرىمەن، بۇ مىنىڭ
ئانامغا بەرگەن ۋەدەم، ئاڭغىچە سەن سورىمىغىن، مەنمۇ ئېيتماي. . .

- بۇپتۇ پاشاخان مەن سورىماي، ئەمدى نېمە ئىش قىلىمىز،
پىلانىڭنى دىگىنە؟

- قارىسام باللارنىڭ يوتقان-كۆرپىلىرى، كىيىم-كىچەكلىرى بەك
كونىراپ كىتىپتۇ، ئالدى بىلەن بۇلارنى ئالماشتۇرىۋېتەيلى، ئاندىن
ئويلاپ قالدىم، بىرە تىجارەت يولىنى تۇتساق قانداق بۇلار؟

- نېمە دەيدىغانسەن پاشاخان! بىزنىڭ ئۈنچىلىك دەسمايىمىز
بولمىسا، يەنە كىلىپ بىزنىڭ ئوغرىلىق قىلىشتىن باشقا ھۆنىرىمىز
بولمىسا قانداق تىجارەت قىلىمىز؟

- دەسمايىدىن غەم قىلما، پەقەت سىلەر گىپىمگە كىرسەڭلار، بىز
ئىشنى قايتىدىن باشلىيالايمىز!

تىللا تونۇرنىڭ كۆزىگە پاشاخان تېخىمۇ سىرلىق كۆرۈنۈشكە
باشلىدى.

- مۇنداق قىلايلى پاشاخان، باللار يۇيۇنۇپ بولسۇن، سەن
ياشتىمۇ كىچىكسەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سەن تولا كىتاب
ئوقۇيسەن، مۇئەللىمدەكلا گەپ قىلىدىكەنسەن شۇڭا سەن بىزگە
ئاتامان بول، بىز سىنىڭ سىزىقىڭ بويىچە ماڭايلى، باللار بەكلا

چاپتىكەش، ئۇلارغا مەن دەي بولمىسا ئىككى كۈندە ئۆيۈڭنى خارابىگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ، قانداق؟

- مەن ئاتامان بولسام سىنىڭ ئاچچىغىڭ كەلمەمدۇ؟ - پاششاخان تىللا تونۇرنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى.

تىللا تونۇر بۇ گەپنى چىن دىلىدىن ئېيتىۋاتقاچقا ئۇنىڭ چىرايىدا قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى.

- مەن ئىككىنچى ئاتامان بولاي، ماڭا خەت ئوقۇشنى ئۆگەتكىن، ئەتىگەن تۇپراق بېشىدا ئوقۇغان قىرائىتىڭنى ماڭا ئۆگىتىپ قويغىن، بەك يېقىملىق ئىكەن. . .

پاششاخان كۈلۈپ كەتتى.

- بۇپتۇ شۇنداق بولسۇن، بىز قائىدە بېكىتىپ تۈزۈم ئىچىدە ياشايلى، ئەتىدىن باشلاپ مەن سىلەرگە ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتەي، كۈندە ۋاقىت چىقىرىپ باللارنىڭ ھەممىسىنىڭ ساۋادىنى چىقىرايلى، بۇ ئاسان گەپ، كېيىن باللارغا كىتاب ئوقۇش ۋەزىپىسى قويايلى، ئانام دائىم «مەكتەپ تەربىيىسى ئالالمىغان ئادەم-ئادەم ئەمەس، مەكتەپكە كىرەلمىگەن ئادەم كىتاب ئوقۇشنى ئۆزىگە ئۈچ ۋاق غىزا يىگەندەك ئادەت قىلىۋېلىشى كېرەك، بولمىسا تىرىلگەندە ئاللاھنىڭ ئالدىدا كۆزى كور بولۇپ قوپىدۇ» دەيتتى، دوستلىرىڭ گەپ ئاڭلامۇ تىللاخان؟

- ئۇنىڭدا چاتاق يوق، باللار گېپىمنى ئاڭلايدۇ، شۇغىنىسى بۇلارنىڭ چىقىمىنى قانداق قىلىپ تۈزلەرمىز؟

- ئەمدى بۇنى دىيىشەيلى، مەن ئىشلىگەن يەردە ئىشچى كەم ئەمەس، ئۇ يەرگە ئادەم ئالمايدۇ، قارىسام شەھەردە ئىككى خىل ئىشتا ئادەم قىسىلكەن بىرى گېزىت ساتىدىغان ئىش يەنە بىرى ئاياغ

مايلايدىغان كەسپتە، باللارنىڭ ئايىغى يىنىك، چۈشتىن بۇرۇن گېزىتنى كوچا-كويلاردا توۋلاپ يۈرۈپ ساتايلى چۈشتىن كېيىن مۇقىم بىر يەردە ئولتۇرۇپ گېزىت ساتقاچ مايلامچىلىق قىلايلى، مەن ھىساپلاپ باقتىم، بىز ھەرگىز زىيان تارتمايمىز، سىنىڭچە قانداق؟

- نىمە دىسەڭ شۇ، مىنىڭ ساڭا دەيدىغان يەنە بىر گېپىم بار ئىدى، دەيمۇ؟

- ئېيتە!

تىللا تونۇر ھۇجرىنىڭ ئىشىگىنى يېپىۋەتتى.

- گېپىمنىڭ بىرى ئىككىمىز ھەقىيقى ئاكا-ئۇكا بولۇشايلى، سەن ماڭا ئاكا بول، ئۆلسەكمۇ تەڭ ئۆلەيلى، بۇنىڭغا ماقۇل دەمسەن؟

- ئىككىنچىسىچۇ؟

- ئالدى بىلەن گېپىمگە جاۋاب بەر قالغىنىنى ئاندىن دەيمەن!

- بولىدۇ، ھازىر ھەر ئىككىلىمىز يۈيۈنۈپ چىقىپ قۇرئان تۇتۇشۇپ ئاللاھ يولىدا ئاكا-ئۇكا بولۇشايلى، ئەمدى قالغان گەپنى دىگىنە!

- گېپىمىزگەپ ئەمىسە، يەنە بىرى. . .

- دىگىنە ئادەمنى تەقەززا قىلماي!

- ھەيدەربەگنى ئېتىۋەتكەن رۇسنى ئۆلتۈرۈۋېتەي دەيمەن !

پاششاخان ئۇنىڭ پوچىلىق بىلەن گەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى بىراق بۇ قېتىم ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن بىرخىل سەمىمىلىك چىقىپ تۇراتتى، پاششاخان ئېھتىيات قىلغاندەك ئىككى يانغا قارىۋېتىپ بېشىنى ئۇنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ پىسرلاپ گەپ قىلدى:

- كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ تىللاخان، مەنمۇ شۇنى دەي دەپ

تۇرغان، بىزنىڭ قولىمىزدىن كېلىدۇ، بۇ بەكلا خەتەرلىك ئىش ھازىرچە ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىكى مەخپىيەتلىك بولسۇن ھېچكىمگە تىنمايلى، مىنىڭ ئېغىزىمغا قارىغىن، بىز چوقۇم ھەيدەر بەگنىڭ قىساسىنى ئالىمىز!

ئۇلار بۇ گەپلەرنى دېيىشىپ ناھايىتى خۇشال بولۇشتى، ئاندىن يۇيۇنۇپ چىقىشىپ پاششاخاننىڭ ھۇجرىسىدا ئىككىيلەن ئايرىم جەينامازدا ئولتۇرۇشۇپ پەس ئاۋازدا قۇرئاننى قۇچاغلاپ تۇرۇپ ئاكا-ئۇكا بولۇشتى.

تىللا تونۇر باللارنى يېغىپ مىھمانخانا ئۆيدە قىسقا يىغىن ئاچتى.

- باللار! بىز بۈگۈندىن باشلاپ باشقىچە ئۇسۇلدا كۈن ئۆتكۈزىمىز، بۈندىن كېيىن ھەممىز قائىدە -تۈزۈمدە ياشايمىز، تۈزۈمنى ئاكام پاششاخان چىقىرىدۇ، ئۇ بۈندىن كېيىن بىزنىڭ باش ئاتامىنىمىز بولىدۇ، ھەممەيلەن ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىمىز كېرەك، ئاڭلىمىغانلارنى ئۆزەم كونا قائىدە بويىچە جازالاشتىن سىرت قوشۇندىن ھەيدەپ چىقىرىمەن، ئاڭلىدىڭلارمۇ؟

- ئاڭلىدۇق!

باللار ئۈنلۈك ئاۋازدا تەڭ توۋلاپ جاۋاب بەردى.

- ئەمىسە قالدى گەپنى ئاكام دىسۇن! - دېدى تىللا تونۇر پاششاخانغا كۈلۈپ قاراپ.

- شۇنداق بولسۇن باللار، بىز ئەمدى تۈزۈمگە كۆنىمىشىز كېرەك، باشتا ھەممىڭلارغا ئېغىر كېلىدۇ، كېيىن ھەممىمىز بۈنىڭغا كۈنۈپ كىتىمىز، گېپىمىز گەپمۇ؟

- گېپىمىز گەپ پاششاخان! - دېدى باللار جۇشقۇن ئاۋازدا.

- بىرىنچىدىن ھەر قانداق كىشىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئوغرىلىمايمىز، بىر-بىرىمىزنى لەقەم بىلەن ئاتىمايمىز، بىز گەرچە يېتىم بولساقمۇ ئادەم بالىسى! بىز ئاۋۋال ئۆزىمىزنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك، بىز ھەممىمىز بۈگۈندىن باشلاپ بىر ئائىلە كىشىلىرى بولدۇق، شۇڭا ئۆز ئالدىمىزغا ئىختىيارى ھەرىكەت قىلمايمىز، چۈشەندىڭلارمۇ؟

- باللار خۇددى كىچىك ئەسكەرلەردەك پاششاخاننىڭ ھەر بىر سۆزىگە بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللىقىنى بىلدۈرۈۋاتاتتى- ئىككىنچىدىن. . .

پاششاخان بۇ تۈزۈملەرنى ئالدىن ئالا يېزىپ يادلىۋالغاندەك بىمالال ئوتتۇرىغا قويدى، باللار باشتىن ئاخىرى تۈزۈمگە بويسۇنىدىغانلىقىغا ئىپادە بىلدۈردى، تىللا تونۇر بىرىنچى بولۇپ يانچۇقىدىكى يېرىم بولغان سىگارىت قېپىنى چىقىرىپ يەرگە تاشلاپ پۇتى بىلەن يەنچىدى، باشقا باللارنىڭ يېنىدا سىگارت بولمىسىمۇ لېكىن ئۇلار چوڭلارنى دوراپ تاماكا چېكەتتى شۇڭا ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ ۋەدىسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تىللاخان دەسسىگەن سىگارت قېپىنى تەڭ دەسسەشكە باشلىدى.

شۇنداق قىلىپ كىچىك يېغىن تۈگىدى، ئۇلار كونا قول ھارۋىسىدىكى يوتقان كۆرپە قاتارلىق نەرسىلەرنىمۇ چۈشۈرمەي بازارغا ئالدىراپ مېڭىشتى، پاششاخان ئۆزىدىن باشقا ئالتە بالىنىڭ قىشلىق كىيىم-كېچەكلىرىنى ئايغىدىن-قۇلاقچىسىغىچە يىغىلىدى، ئاندىن يوتقان-كۆرپە ساتىدىغان جايغا بېرىپ ئالتە كىشىلىك يوتقان-كۆرپە سېتىۋالدى. كەچكە يېقىن پۈتۈن سودا تۈگىدى، باللارنىڭ خوش بولغىنىدىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

ئۇلار ئۆيگە قايتىپ چىقىشىپ پاششاخاننىڭ كەينىدىن ئۇنىڭ ھەركىتىنى دوراپ شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى ئوقۇپ بولغىچە

قازاندىكى ۋاراقشىپ قايناۋاتقان گۆشىمۇ پىشىپ ئۈلگۈردى، ئۇلار قورسىقىنى راسا تويغۇزغاندىن كېيىن ئۆمرىدىكى ئۇنتۇلغۇسىز بۇ خۇشاللىق مىنۇتلاردىن ھاياجانلىنىپ خېلى ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى.

مېھمانخانا ئۆيدىكى قاتار سېلىنغان يېڭى ھەم يۇمشاق يوتقان كۆرپىلەر باللارنىڭ ئولتۇرۇشىغا ئۇنىماي ئۇلارنى شېرىن ئۇيقۇغا باشلاپ كەتكەندە پاششاخان ئۆزىنىڭ ھوجرىسىدا تىللاخان بىلەن تېخىچە پاراڭلىشىپ يېتىۋاتاتتى.

- سىنى بەكلا چىقىمدار قىلىۋەتتىم، مەن ساڭا ئۆمۈر بويى قەرز پاششاخان! - دېدى تىللاخان دەرىزىدىن تولۇن بولۇپ كۆرۈنگەن ئايغا قارىغىنىچە.

- ئۇنداق دېمىگىن، ھېلىقى كۈنى سەن جېنىڭنى تىكىپ مېنى قۇتۇلدۇرمىغان بولساڭ، ئۇ يەكچەشمە مېنى ئاللاقاچان ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتى، مەن ساڭا قەرز تېخى. . . -دېدى پاششاخانمۇ تولۇن ئايغا قاراپ ئۇلۇق كىچىك تىنغىنىچە.

- ھەيدەر ئالتە قول ياق. . ياق ھەيدەربەگ. . . بۇ كۈنلەرنى كۆرگەن بولسا قانچە خوش بولغان بولاتتى، ئۇ قايسى كۈنى ئاخشامدا تۇگۈپ كېتىپ زادى ئۇخلىيالمىغان ئىدى ئۇ مەندىن بىز قاچانمۇ ئىسسىق يوتقاندا راھەت بىر يېتىپ باقارمىز دەپ سورىغان ئىدى، بىچارە. . . ئۇنىڭغا بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ. . .

تىللاخان سۆزلىۋېتىپ كۆزىگە ياش ئالدى.

- ئادەم دېگەن ھۆل نەرسە تىللاخان، بىز ئەتتىگەن بىر قېرىندىشىمىزنى يەرگە كۆمۈپ قويدۇق، كەچتە بولسا يەنە كۈلۈشۈپ تاماق يېدۇق، بىز تېخى ئۆلۈمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلمەيمىز،

ئىچىگگە بەك ئېلىپ كەتمىگىن. . .

- تۈنۈگۈنكى مەيداندا بىر قانچەيلەن ئۇ ئەبلەخنى تونۇۋاپتىكەن، ئۇلار ئۇنىڭ چوڭ ھەربىي باشلىق ئىكەنلىكىنى، تۈركمەنىستاننىڭ پۈتۈن پاختىلىرىنى ئاشۇنىڭ سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

- پاختىلارنى. . . ئۇ ھەربىي تۇرۇپ پاختا بىلەن ھەپىلىشەمدىكەن؟- پاشاخان جىددى بۇرۇلۇپ تىللاخاندىن سورىدى.

- ئۇلارنىڭ دېيىشىچە پاختا شىركىتى نامدا ھۆكۈمەتنىڭ بولغان بىلەن ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ئەبلەخنىڭ ئىكەن، ئۇلار ئۇنى بىلىدىكەن، سىنىڭچە ئۇنى پاش قىلغاننىڭ پايدىسى بۇلارمۇ؟

- ياق تىللاخان، پاش قىلغاننىڭ پايدىسى يوق، ئۇلارنىڭ رادىئودا ئېيتقانلىرى پۈتۈنلەي يالغان، ئۇلار خەقنى شۇنداق دەپ ئالدايدۇ، ساقچى ئىدارىسىمۇ رۇسلارنىڭ قولىدا، ناۋادا ئۇ ھەربىي بولسا ئۇنىڭ بىر بالىنى ئېتىۋېتىشى ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ئۇ پۈتۈن شەھەر خەلقىنى ئېتىۋاتسىمۇ ھېچكىم ئۇنى سورىمايدۇ. . .

- دىگىنىڭغۇ راستىمكىن دەيمەن، بۇ بازارغا مەسئۇل ساقچىلارنىڭ باشلىقى ئەتىدىن كەچكىچە ۋوتكا ئىچىپ يۈرۈيدىغان زابوي بىر رۇس ئىدى، ئۇ مەندىن ھەپتىدە بىر پۇل ئالاتتى، بەرگىنىمنى ئاز-جىق دىمەي يانچۇقىغا سېلىپ بىزنى كۆرمەسكە سالاتتى، بۇ مەخپىيەتلىكنى بۇگۈن ساڭا دەپ سالدىم. . . قانداق قىلساق بۇلار، كاللامدا ئۆچ ئېلىشتىن بىلەك خىيال يوق.

- كاللامغا بىر ئامال كەلدى، ھازىرچە مۇشۇنى بولسىمۇ قىلىپ باقايلى تىللاخان!

- مىنى قاچان ئۇكام دەرسەن، قۇرئاننىڭ ئالدىدا يامان بولمامدۇ؟ دىگىنە قانداق ئامال ئۇ پاشاخان؟

- قۇرئانىنىڭ ئالدىدا ئەمەس ئاللاھنىڭ ئالدىدا دېگىن ئۇكام، سەنمۇ پاششاخان دىمەي ئاكا دىگىنە مۇنداق!

ئۇلار كۈلۈشكىنىچە قۇلاقلىرىغا پىسىرلىشىپ تاپقان ئامالىدىن خوش بولۇشۇپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئەتىسى ئەتتىگەن ناماز بامداتنىڭ بىرىنچى ئەزانىدا پاششاخان ئورنىدىن تۇرۇپ مېھمانخانىدىكى تۈنۈگۈن كەچ قويغان مەشنىڭ كۈلىسىنى ئېلىپ ئوت قالاشقا باشلىدى، تىللا تونۇر ئۇنىڭ بۇنچە سەھەر تۇرۇپ كېتىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئۇ پاششاخانىنىڭ باللار ياتقان ئۆيدە نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن يېڭى چاپىنىنى يېپىنچاقلىغىنىچە مېھمانخانىغا چىقتى.

- بۇنچە سەھەردە نېمە قىلىۋاتىسەن ئاكا؟ - دېدى تىللاخان مەشتىكى ئوتنى پۈۋلەۋاتقان پاششاخانغا قاراپ.

- پەس گەپ قىل، ئۇلار ئويغۇنۇپ كەتمىسۇن! ـ دېدى پاششاخان ئاۋازىنى پەسلەپ.

- ھە بىلدىم، سەن ھەركۈنى مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئورنۇڭدىن تۇرامسەن؟- دېدى تىللاخان ئاۋازىنى پەسلەپ پاششاخانىنىڭ يېنىغا دوڭغىيىپ كىلىپ.

- شۇنداق، مەن تۇغۇلۇشۇمدىلا ئانام مىنى باش ئەزاندا ئويغىتىپ كۆنىدۈرۈپتىكەن، ئەقلىمگە كەلگەنىدىن بىرى بۇ ماڭا ئادەت بولۇپ كىتىگىلىك، مەن ئەزەن ئاۋازى چىقمىسىمۇ مۇشۇ چاغدا ئويغىنىپ كىتىمەن.

- تىوۋۋا. . . بىز كۈن چىققۇچە ئۇخلاپ كۈنۈپ كىتىپتىكەنمىز، مۇسۇلمان بولماق شۇنچە جاپا ئىشكىنا، بۇندىن كېيىن ھەركۈنى مۇشۇنداق چاغدا تۇرامدۇق؟

- ئەلۋەتتە، كۈن چىققۇچە ئۇخلىغانلار ئۇ دۇنيادا ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرەلمەيدۇ، ئانام شۇنداق دېگەن، ساڭا ئېغىر كېلەمدىكەن؟

- ياق. . . ياق. . . شۇ. . . ئۇيقۇمىزدىن ئويغانماق تەسكەن شۇ!

- كۈنۈپ كېتىسەن، كېيىن مەن ئويغاتمىساممۇ سەن ئۆزۈڭ بىزنى ئويغىتىدىغان بولۇپ كىتىسەن تېخى!

ئۇلار كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇپ پاراڭلىرىنى قىلىشىپ بولغىچە مەشتىكى ئوت گۈركىرەپ كۆيۈشكە باشلىدى، پاشاخان ئوتۇندا قالىغان ئوتنىڭ چوغى ئۈچۈپ بولغىچە گۈرجەكنى ئېلىپ كۆمۈرخانىغا چىكەتتى.

- ھەي باللا ! ھەي. . . ھەي ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار! تىز چاپسان تۇرۇڭلار! ناماز ۋاقتى بولدى ! ـ دېدى تىللاخان لايدەك ئۇخلاپ ياتقان باللارنى قۇلى بىلەن نۇقۇپ ئويغىتىپ.

باللار ئۇنىڭ گېپىنى تىڭشاش ئۇياقتا تۇرسۇن بىر بىرىگە پۇتىنى ئارتىشىپ تېخىمۇ ئۇيقىغا كېتىۋاتاتتى. تالادىن كىرگەن پاشاخان بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى.

- ھەي بولدى ئويغاتمىغىنا، بۇگۈن دەسلەپكى كۈنى باللار قانغۇچە ئۇخلىۋالسۇن، ناماز ۋاقتىغا يېقىن ئويغىتايلى! ـ پاشاخان شۇنداق دىگەچ گۈرجەكتىكى كۆمۈرنى مەشكە شارقىرىتىپ سالدى.

ناماز ۋاقتىغا يېقىن تىللاخان باللارنى شاپىلاقلىغانچىلىك قىلىپ بىرمۇ-بىر ئويغاتتى. باللار ئەسنىشىپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ تاھارەت ئالغىلى ماڭغاندا پاشاخان ئۇلارغا تاھارەت ئېلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تەپسىلى ئۈگەتتى، شۇنداق قىلىپ يەتتە بالا دەسلەپكى كۈنى مەسچىتكە چىقماي ئۆيدە ناماز ئوقۇيدىغان بولۇپ جەينمازلىرىنى سېلىشىپ نامازغا تۇردى، پاشاخان سۈننەت نامىزىنى ئۆزىگە قاراپ ئۇقۇشىنى بۇيرۇپ ناماز ئۇقۇۋاتقاندا باللار جەينامازدا تۇرۇپ بىر-

بىرىنىڭ ھەركىتىدىن كۆلۈشۈپ كۆلكىسىنى توختىتالمىدى، پاشاخانمۇ ئۇلارنىڭ كۆلگىنىنى ئاڭلاپ كۆلۈپ سېلىپ نامىزىنى بۇزۇپ سالدى.

- ھەي باللار! ئا. . . ھاي ! بۇ بولمىدى، ئەستاخپۇرۇللاھ شەيتان!

ـ پاشاخان باللارغا قاراپ تەنبىھ بىلەن ئېيتتى- بۇنداق قىلساق يامان بولىدۇ، بۇ ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس!

باللار پاشاخاننىڭ قاپاق تۈرگىنىدىن كۆلكىسىنى توختاتتى، تىللاخان ئاغزىغا كەلگەن كۆلكىنى يۇتىۋېتىپ باللارغا تېخىمۇ ئۈنلۈك ۋاقىردى:

- باشتا كۆلگەن قايسىڭ؟ يەنە مۇشۇنداق ئىش بولسا كونا خۇمدىنىڭغا قايتىشىسەن!

باللار جىم بۇلۇشتى، مۇشۇ تاپتا پاشاخاننىڭ ئۆزىنىمۇ كۆلكە تۇتىۋالغان ئىدى.

- بولدى باللار بۈگۈن جىم ئولتۇرۇپ مىنىڭ نامازئۇقۇغۇنىمنى كۈرۈڭلار! بىز ئىككى ھەپتىگىچە ئەتتىگىنى مەسچىتكە چىقماي ئۆيدە ئۇقۇيلى، بۇ ھالىڭلار بىلەن مەسچىتتە چوڭلار بىزنى قوغلىغۇدەك ! ئەتىدىن باشلاپ بىرىنچى ئەزاندا تۇرۇپ ناماز ئايىتىنى ئۆگۈنىمىز، تۈنۈگۈن سىلەرگە دىگەن تۈزۈم بۇيىچە نۆۋەتلىشىپ ئورنىمىزدىن تۇرۇمىز، ئوت قالاش، سۇ ئىسسىتىش، ھويلا-ئارام تازىلاش، تاماق ئىتىش دىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى شۇ نۆۋەتچى قىلىدۇ، چاتاق يوقتۇ؟!

- چاتاق يوق! ـ كىچىك ئەسكەرلەر يەنە تەڭ ئاۋازدا ۋاقىراشتى.

شۇنداق قىلىپ پاشاخان بۈگۈنكى ناماز ۋاقتىدا ئۇلارغا زىرىكمەي نامازنىڭ ھەركەتلىرىنى ۋە تاھارەت ئېلىشنىڭ ئۇسۇللىرىنى تۇلۇق ئۆگىتىپ چىقتى، ئاندىن ئۇلارغا بىرمۇ-بىر ناماز ھەركەتلىرىنى قىلغىلى

سالدى. . .

پاشـــشـــاخان بۇگۈن ئىشـــقا بارمىدى، ئۇ بالىلار بىلەن ناشـــتىلىق قىلىپ بولغاندى كېيىن تۈنۈگۈن ســـېتىۋالغان دەپتەر ـ قەلەمنى ئۇلارغا تارقىتىپ تۈركمەن تىلىنى ئۆگۈتۈشكە باشلىدى. . .

تۈركمەن تىلىنىــڭ ھەرپلىرى ئۇنچە مۇرەككەپ ئەمەس ئىــدى، ئۇ چوڭ ۋە كىچىــك ھەرپ دەپ ئــايرىلغاچقا ئۇنىڭ ئۇســـتىگە بالىلارنىڭ قىزغىنلىقى ئــالاھىدە ياخشـــى بولغاچقا ئالدىنىڭ ئۈچ كۈندە كەيىنىنىڭ ئالتە-يەتتە كۈندە ساۋادى چىقىپ بولدى، تىللاخان مۇشۇ بىر كۈندىلا كىتاپلارنى ھېجىلاپ ئوقۇيالايدىغان دەرىجىگە باردى.

ئۇلار ھەپتىگىچە ھېچيەرگە بــارمــاي خەت ئوقۇش ۋە يېزىشـــنى ئۆگەنــدى، بالىلارنىڭ كۆڭلى ئاجايىپ خوشـــال ئىدى، ئاخشـــاملىرى ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن چۆچەك كىتاپنى كۆتۈرۈۋېلىشـــىپ تىللاخان كىرىپ چىراقنى مەجبۇرى ئۆچۈرمىگىچە ياتقىلى ئۇنىمايتتى.

ئــارىــدىن تۆت ئــاي ئۆتۈپ قەھرىتــان ســـوغۇقنىــڭ ئورنىغا باھار پەسلى ئالماشتى، پاشاخان تۆمۈرچىلىك كارخانىسىغىمۇ بارمىدى، ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بــالىلارنىــڭ ئوقۇش ئىشـــلىرىغا بېغىشـــلاش بىلەن ئۆزىنىڭ كۈچ مەشـــىقى ۋە تىل دەرىســـلىرىنى تەكرارلاشـــنى ئاســـاس قىلدى، ئۇلار پىلان بويىچە ھېچقانداق تىجارەت ئىشـــىنى باشـــلىمىدى، ئۇنىڭ كۆمۈگلۈك ئالتۇن تىللالىرىمۇ بارغانسىرى ئازىيىشقا باشلىدى.

پاشـــشـــاخان ھەپتىدە بىر قېتىم ئۇســـتازى ئەكبەرخاننى يوقلاپ تۇراتتى، ئەكبەرخــان تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئاغرىپ ئىدىن ســـۇ ئــاقىــدىغــان بىر خىــل يــامــان كىســـەلگە گىرىپتــار بولۇپ قــالــدى، دوختۇرلارنىــڭ ئۇنىــڭ ســـەۋەبىنى بىلەلمىدى، ئەكبەرخان كۈندىن ـ كۈنگە سىزىپ كىتىۋاتاتتى.

نەۋرۇز ئۆتۈپ شاپتۇل چېچىكى ئېچىلغان كۈنلەرنىڭ بىر ئەتىسىگىنىدە پاششاخان قاتارلىق يەتتە بالا مەسچىتكە بامدات نامىزى ئۇقۇغىلى چىقىپ شەھەرنىڭ شىمالى قۇۋۇقتىكى ئاق تام مەسچىتىدە ئەكبەرخاننىڭ نامىزىنىڭ چىقىرىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىدى، پاششاخان يۈگۈرگىنىچە باللارنى باشلاپ بېرىپ ئەكبەرخاننىڭ مېيىتىنى تۇپراق بېشىغىچە ئۇزاتتى.

ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن باللار ئۆزىنىڭ خىزمەت تەخسىماتى بۇيىچە ئىشقا مېڭىشىپ كەتتى، بۇلار گېزىت ساتىدىغان ۋە مايلامچىلىق قىلىدىغان تىجارەتنى نەۋرۇز كۈنىدىن باشلاپ قىلىشقا باشلىغان ئىدى، گېزىت ساتىدىغان ئىش باشتا دىگۈدەك ئېقىپ كەتمىدى، پاششاخان بۇنىڭغا قارىتا «خەۋەرنى كۆپتۈرۈپ تەشۋىقات قىلىپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى بۇراشقا ماھىر بولۇش» ئۇسۇلىنى قوللاندى، باللار كىچىگىدىن يىتىمچىلىكتە چوڭ بولغاچقا تەشۋىقات دىگەنگە ھەزىل گەپلەرنى ئارلاشتۇرۇپ چاڭ چىقىرىۋەتتى، گېزىت ئۇقۇمايدىغان كىشىلەرمۇ بۇ باللارنىڭ تەشۋىقات سۆزىنى ئاڭلىسا گېزىتنى قولىغا ئالغۇسى كېلىدىغان بولۇپ كەتتى.

ئاياق مايلايدىغان ئىش ئۇلارنىڭ كۈتكىنىدىنمۇ ياخشى بولىۋاتاتتى، شەھەر نوپۇسى نەچچە يىل ئىچىدىلا شىددەت بىلەن ئاۋۇدى، بۇنداق بولىشىدىكى سەۋەب ھۆكۈمەت «سودىگەر چاقىرىش» دىگەن سىياسەتنى كۈتۈرۈپ چىقىپ ئۆز دۆلىتىدە جېنىنى ساقلىيالمىغان رۇسلارنى بۇ يەرگە كېلىپ ئىشلەشكە قىزىقتۇرۇپ زور كۆلەملىك نوپۇس يۆتكەش ھەركىتىنى قوزغىدى. بۇ ئاققۇن رۇسلار ئىككى-ئۈچ يىلغا قالمايلا كاتتا باي ياكى كاتتا ئەمەلدارغا ئايلىنىپ بىر ئۆمۈر يېتىپ يىسىمۇ تۈگىمەيدىغان بايلىقلارغا ئىگە بولاتتى، مانا مۇشۇنداق يېشىل چىراقنىڭ تۆرتكىسىدە رۇسلار بۇ ئەلگە سەلدەك

ئاقتى.

شەھەر نۇپۇسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى رۇسلار ئىگەللىگەچكە پاششاخان ئاياق مايلايدىغان دۇكاننى رۇسلار كۆپرەك ئولتۇراقلاشقان جايدىكى ئاۋات رەستىلەرگە قۇرىدى، رۇسلار ھەقىقەتەن پۇلنى غازاڭدەك خەجلەيتتى. دۇكان ئورنى ئانچە چوڭ يەرنى ئىگەللىمىگەچكە ئۇنىڭ ئۈستىگە شەھەر تەرتىپىنى قوغداش ئەترىتى، تازىلىقى ئەترىتى، بازار تەرتىپىنى باشقۇرۇش ئىشخانىسى، باجخانا قاتارلىق ئورۇنلاردىكى خىزمەتچىلەرنىڭ ئايىغى كۈندە ياكى ئىككى كۈندە بىر ھەقسىز مايلىنىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئورنى مۇقىم كاپالەتكە ئىگە بولدى. پاششاخان باللارغا ھازىرچە گېزىت ساتىدىغان ئىشنى تاشلاپ مۇشۇ ئىشقا كۈچەشنى ئېيتتى. دىگەندەك مايلامچىلىقنىڭ پايدىسى بەكلا ياخشى بولىۋاتاتتى.

بۇ ئەلدىكى چوڭراقى سۇ ئىنشائات، يېزا ئىگىلىك، يول - كۆۋرۈك ياساش، نىفىت تۇربىسى ياتقۇزۇشتىن باشلاپ كىچىگرەكى ئەۋرەز يوللىرىنى ئىشلەشكىچە بولغان بارلىق قۇرۇلۇشلارنى رۇسلار ئۆزى ھۆددە ئېلىپ ناھايتى ئەرزان ئەمگەك كۈچى بولغان يەرلىك خەلقلەرنى ئىشلىتىپ ئوتتۇرىدىن غايەت زور پايدا ئالاتتى.

»دۆلەت تەۋەلىگىدىكى دىھقانلارنىڭ مەجبۇرى ئەمگەك ۋەزىپىسى بولىدۇ» دىگەن سىياسەتكە ئاساسەن بۇ ئەلدىكى دىھقانلار ھەر يىلى مەجبۇرى ئەمگەكتىن كىرمىگەنچىلىك قىلاتتى، ئۇلار بوز يەرلەرنى ئېچىپ «ۋەتەننى كۆكەرتىش» چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ كۆچەت سېلىپ ئورمان بىنا قىلاتتى، ئورمانلار ياشىرىپ يەرلەر تېرىلغۇغا كىرگەندىكى بۇ يېشىل جەننەتنى رۇس ئەمەلدارلىرى بىر كېچىدىلا «ئالتە تال تەرخەمەككە ئالتە مو يەرنى بىرەتتى» يەنى رۇس مىللىتىدىن بولغان

دېھقانلارنىڭ ئاتالمىش «ئىلمىي تەرەققى قىلدۇرىشى» غا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى.

بۇنداق ناھاقچىلىقنى كۆرگەنلەر«غىڭ» قىلىشقىمۇ پېتىنالمايتتى، ناۋادا «غىڭ» لا قىلىپ سالدىمۇ ئۇنىڭغا ۋەتەننى پارچىلاشقا ئۇرۇنغان مىللەتچى ئۇنسۇر دەپ يەتتە ئەۋلادى تۈرمىگە سۇلۇناتتى.

ھۆكۈمەتتىكى ھەرقانداق تەشكىلى ئورگانلارنىڭ چوڭ بېشى رۇسلاردىن ئاستىن قۇلى يەرلىك تۈركمەنلەردىن بولاتتى، ئۇلار ئاستىن قولنى تاللاشتا مۇنداق ئۇسۇلنى قوللىناتتى، ئالدى بىلەن شۇ ئورگاندىكى بىرىنچى قول رۇس رەھبەر بىر كېچىلىك بەزمە ئورۇنلاشتۇرۇپ بارلىق ئىشچى- خىزمەتچىلەرنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنى ئەكىلىپ قاتنىشىشىنى سورايتتى، ۋوتكىلار ئىچىلىپ ئەرلەر ئەقلىدىن ئازغاندا بىرىنچى قول رەھبەر قول ئاستىدىكىلەرنىڭ خوتۇنلىرىنى تانسىغا تارتىپ تانسا يېرىم بولغاندا قەستەن ئالدىدىكى ئايالغا ھاياسىزلىق قىلغاچ ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە سەپ سالاتتى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسى بۇ قىلىقسىزلىقنى كۆرمەسكە سېلىپ چاندۇرماي ئولتۇرغان بولسا شۇ دەل ئاستىن قوللۇقنىڭ نامزاتىغا كىرەتتى، بۇنداق تىگى پەسلەردىن كىلىپ چىققان نامزاتلار داۋاملىق ئۆستۈرۈلۈپ رۇسلارنىڭ ۋاقىتلىق ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىگە مۇيەسسەر بولاتتى. ئەمىلىيەتتە بۇ ئاتالمىش سەرخىل «نامزات»لار كۈندۈزى ئۆز خەلقىگە يولۋاستەك ھۆكىرەپ شىردەك ھەيۋە قىلسا ئاخشىمى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى رۇسلارنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئۇلارنىڭ پۇتىنى قۇچاغلاپ «سىز بولمىغان بولسىڭىز خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنى بولمايتتى، سىز بىزنىڭ داھىمىز. . . سىز مىنىڭ دادام! ئۆل دىسىڭىز ئۆلىمەن، ئوتقا كىر دىسىڭىز، ئوتقا كىرىمەن!» دەپ ئۆزىنى ئۆزى كاچاتلاپ كۆز يېشى قىلىپ ئۇلارنىڭ گەندە پۇرايدىغان ئايىغىنى توختىماي يالايتتى.

ئاخۇن-دىنىي زاتلار بولسا رۇسلارنىڭ بەرگەن ئىككى تال پۇلىنى دەپ ياكى بولمىسا يۇرت مەھەللىدىكى يۈز - ئابرويىنى دەپ خانىقا مەسچىتلەردە «پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماق ۋاجىپ» «مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش پەرىز» «ئۈچ تالاق» «تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەس، ھەممىسى ئاللاھنىڭ تەقدىرى» «قۇرئاندىن باشقىنى ئۆگەنگەنلەر جەننەتكە كىرەلمەس » دىگەن گەپلەردىن باشقىنى قىلىغىلى ئۇنىمايتتى، بۇنىڭ تۆرتكىسىدە ئازراق قول ئىلكىدە بارلار ھەجگە بېرىشنىڭ يول خېتى ئۈچۈن بارچە بايلىقىنىڭ يېرىمىنى رۇسلارغا ئارقا ئىشىك قىلىپ ھەجگە مېڭىشاتتى، يوقسۇزچىلىقنىڭ دەردىدە سەپرا بولۇپ قالغان ياشلار يۇقلاڭ ئىشلار ئۈچۈن ھە دىسە خوتىنىنى«ئۈچ تالاق!» دەپ سۆزىنى بىرىپ ئۇششاق باللىرىنى كوچا-كويلارغا سەرسان قىلاتتى. . . كىمكى بۇ ئىشلارنىڭ خاتاسىنى كۆرسەتسە پۈتۈن جامائەت ئۇنى«كاپىر، مۇناپىق، ئىسلامنىڭ دۈشمىنى!» دەپ ئارىسىغا ئالمايتتى.

تۈرمە ئوغرى-قاراقچى بىلەن ئەمەس رۇسلارنىڭ قىلغان ناھاقچىلىقىغا قارشى بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ سالغانلار بىلەن تۇشۇپ كەتكەن ئىدى. . . ئوغرى-قاراقچىلار بولسا ساقچىلار بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالىشىپ ئۆزى بەگ-ئۆزى خان بولۇپ يۈرىشەتتى.

# ئونىنچى باب

## بىنزىنىنىڭ كارامىتى

پاشـشـاخان رۇسـلارنىڭ پۇلىنى چەنلەپ بۇ مايلامچىلىق دۇكىنىنى مەخسۇس رۇسـلارغا قارىتىپ ئاچتى، باللارمۇ پاشـشـاخاندىن ئاز-تولا رۇس تىلى ئۈگۈنىۋالغـان بولغـاچقا رۇسـلارغـا كـالـدۇر-كۇلـدۇر بىر نىمىلەرنى دەپ ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپ ئـايـاقلىرىنى مايلاتقىلى سـالاتتى. سـەمىرىپ تىقىلىپ كەتكەن رۇسـلارمۇ باللارنىڭ ئېغىزىدىن چىققىنىنى بىرەتتى.

پـاشــشــاخـان بىلەن تىللاخـان بۇ جەريـانـدا بىر تۇققـان ئاكا-ئۇكىلاردەك بولۇپ كەتتى، بىرى بولمىسـا يەنە بىرىنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمەيتتى، «مۇز ئىرىسـە سـۇ بولغىنىـدەك» تىللاخـانىنىـڭ كىلىـپ چىقىشـىمۇ پاكىزە ئائىلىدىن بولغاچقا ئۇ ناھايىتى تىزلا پاشـشـاخانغا ماسـلىشـىپ كەتتى، كىتاپقا بولغان ھىرىسـمەنلىكى پاشـشـاخاندىن قېلىشمايتتى، ئۇنىڭ نامازخانلىقى بەزىدە پاشىشاخاننى سۆيۈندۈرەتتى.

پاشـشـاخان گەرچە بالا بولسـىمۇ رۇس تىلىغا پۇختا بولغاچقا قەدىمي ئاسـارە-ئەتىقىگە مۇناسىۋەتلىك رۇسچە كىتاپلارنى تولا كۆرۈپ مۇئەييەن بىلىمگە ئىگە بولغـان ئىـدى، شـۇڭلاشـقـا ئۇ ئەتىتىگەنـدە بـالىلارنى تىجـارەتكە يولغـا سـېلىۋېتىپ بولغانـدىن كېيىن تىللاخاننى ئەگەشـتۈرۈپ شـەھەرگە يېقىن يىزا-سـەھرالارغا چىقىپ ئاسـارە-ئەتىقە

يېغاتتى، كىشىلەرنىڭ ئۆيىدىكى كونا بۇيۇملارنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىممىتى بارلارنى ئەرزان باھادا سېتىۋالاتتى.

ئاندىن ئۇلارنى ئۇدۇل رۇسلارنىڭ يېغىپ ساقلىغۇچىلىرىغا كۆرسىتىپ ئالغىنىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى باھادا ساتاتتى، كەچلىكى پاششاخان بىلەن تىللاخان بىر كۈنلۈك تىجارەت ئەھۋالىنى ھىساپلاپ كىرىم-چىقىمنى قىلىپ دەپتەرنى بۇغاتتى، تىجارەت كۈندىن كۈنگە ياخشىلىنىپ پاششاخاننىڭ سۇپا ئاستىدىكى تىللاسى شۇ پېتى قېلىپ قۇلىدىكى قەغەز پۇلى بارغانسىرى كۆپىيىشكە باشلىدى.

مانا مۇشۇنداق قىلىپ پاششاخان ئون ئالتە ياشقا كىرگۈچە توختىماي تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ ئۈچ يىل ئىچىدىلا شەھەردىكى تۈركمەن مىللىتىدىن بولغان كاتتا بايغا ئايلاندى، ئۇنىڭ بۇنداق تېز بېيىپ كېتىشىدە ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكى مۇنداق بىر ئىش ئاساسلىق سەۋەب بولغان ئىدى:

بىر كۈنى كەچتە پاششاخان بىلەن تىللاخان خۇپتەن نامىزىنى ئۇقۇپ بولۇپ ئەمدى كۆزى ئۇيقىغا بېرىشىغا تۇلۇن ئاي دەرىزىدىن ئۇلارنى مارىلاشقا باشلىدى، پاششاخان تاۋاقتەك يانغان بۇ يۇرۇق ئايغا قاراپ تۆت ئاينىڭ ئالدىدا يەنى بۇ ئۆيگە يېڭى كۆچۈپ كەلگەن كۈنى ئاخشىمى ئۇكىسى تىللاخاننىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ ئېيتقان سۆزلىرى ئىسىگە كىلىپ ئاستا ئۆرۈلۈپ تىللاخانغا قارىدى، تىللاخانمۇ ئوخشاشلا مۇشۇ ئىشنى ئويلاپ ئايغا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ يېتىۋاتاتتى، بىراق ئۇ ئاكىسى پاششاخاننىڭ تىجارەت ئىشى بىلەن قانچىلىك جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى بىلگەچكە ئۇنىڭغا بۇ توغۇرلۇق گەپ قىلىشتىن ئۇيالغان ئىدى.

- ئۇخلىمىدىڭمۇ؟ - دېدى پاششاخان پەس ئاۋازدا كۆزىنى ئېچىپ

ياتقان تىللاخانغا قاراپ.

- ياق ئاكا، ئۇيقۇم كەلمىدى.

- نىمىنى خىيال قىلىۋاتىسەن؟

- ھېچنىمىنى خىيال قىلمىدىم.

- دىگىنە ئۇكام. . .

- راستىنى دىسەم بۇ كۆنلەردىن بەك خۇشالمەن، بۇلار ماڭا خۇددى چۈشۈمدەكلا بىلىنىدۇ، ئويغۇنۇپ كىتىشىمدىن ئەنسىرەيمەن. . .

- ئاران مۇشۇلىما؟

- ساڭا بەك قايىلمەن، سەن ئاددى ئادەم ئەمەسكەن.

- يەنىچۇ؟

- يەنە. . .

- ئەمىسە مەن دەپ بىرەي، نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا تۇلۇن ئاي دەرىزىدىن مۇشۇنداق قاراپ تۇرغاندا مەن ساڭا نىمە دەپ ۋەدە بەرگەن؟

پاششاخان ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى ئەينەن تېپىۋالغان ئىدى. تىللاخان كۆلگىنىچە ئۆرۈلۈپ ئاكىسى پاششاخانغا قارىدى.

- ھە نېمە دەيسەن ئاكا؟

- ئەمدى پۇرسەت كەلدى، ئىشلار بىر قۇر يۈرۈشتى، تەپسىلى پىلانىنى تۈزۈپ قويدۇم، ئەتە باللار ئۆز ئىشىغا ماڭسۇن، ئىككىمىز ھەيدەربەگنىڭ قىساسىنى ئالىمىز، قانداق؟

- ۋاھ ئاكا، سىنىڭ مۇشۇ يەرلىرىڭنى دەيمەن ئەمەسمۇ!

تىللاخان خوشاللىقتا ئاكىسى پاشاخاننى قۇچاقلاپ كەتتى.

ئەتىسى باللار ئۆز ئىشىغا ماڭغاندىن كېيىن ئىككەيلەن شەھەردىكى كاتتا باي رۇسلارنىڭ دائىم كىلىپ تاماشا قىلىدىغان مۇزىكىلىق بىر رىستۇراننىڭ ئالدىغا كەلدى، ئىشىك تۈۋىدە پوزۇر ئىش كىيىمى كېيگەن ئىككى رۇس يىگىت كەلگەن مىھمانلارنى كۈتۈش-ئۇزۇتۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى، بۇ يەرگە ئاددى تۈركمەن پۇقرالىرى كىرەلمەيتتى، پەقەت تۈركمەنلەردىن بولغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارى ياكى تۈركمەن بايلىرىلا كىرەلەيتتى.

پاشاخان بۇ ئەھۋاللارنى بىلگەچكە تىللاخانغا باللارغا ئۇبدان قاراپ قۇيۇشنى دەپ قۇيۇپ كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ھېلىقى ئىككى رۇس يىگىتنىڭ ئالدىغا يۈگىرەپ كەتتى.

- ھەي توختا! نەگە بارىسەن؟ - دېدى يىگىتلەرنىڭ بىرسى رۇس تىلىدا مۇشتۇمنى پاشاخانغا چىنەپ تۇرۇپ.

- رېستۇران خۇجايىنى ماڭا ساقلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىم بار ئىدى. ـ دېدى پاشاخان ئۆلچەملىك رۇس تەلەپپۇزىدا يىگىتلەرگە دەرھال جاۋاپ قايتۇرۇپ.

يىگىتلەر بۇ كىچىك تۈركمەن بالىسىنىڭ رۇس تىلىغا شۇنداق پۇختىلىقىنى بىلىپ ھەيران قالدى، ئۇلار پاشاخاننى تۈركمەن ئەمەلدارلىرىنىڭ ئوغلى بولسا كىرەك دىگەننى ئويلاپ ئۇنى كىرگۈزىۋەتتى.

پاشاخان ھەشەمەتلىك بېزەلگەن رۇس تاماقخانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كىسىپ ئۆتۈپ ھىساۋات قىلىدىغان پۈكەيگە ئۇدۇل بېرىپ ئۇ يەردىكى سېمىز رۇس ئايالدىن ئۆزىنىڭ رىستۇران خۇجايىننى ئىزدەيدىغانلىقىنى كۆرۈشىدىغان مۇھىم ئىشىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

سېمىز ئايال ئۇنىڭ رۇس تىلىدا راۋان سۆزلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ پاشىشاخاننى خوجايىنىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ ئەكىردى.

خوجايىن ئېگىز بويلۇق پوركۆتەك رۇس بولۇپ مايلىشىپ كەتكەن چىرايىدىن رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇرىدىغان كىشى ئىدى.

- مەندە نېمە ئىشىڭ باتتى يىگىت؟ - دەپ سورىدى خوجايىن پاشىشاخاننىڭ چىرايىغىمۇ سەپ سالماي ئالدىدىكى ھېساۋات خاتىرىسىگە بىرنىمىلەرنى يېزىۋاتقاچ.

- مېنىڭ رېستورانىڭىزدا كۆتكۈچى بولۇپ ئىشلىگۈم باتتى. - دېدى پاشىشاخان قىلچە ھودۇقماستىن بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.

خوجايىن رۇس بالىلىرىدەك گەپ قىلىۋاتقان پاشىشاخانغا بېشىنى كۆتۈرۈپ زەن سالدى، پاشىشاخاننىڭ قاش-كۆزى بەكلا قاملاشقان بالا بولغاچقا ھەرقانداق كىشىنىڭ بىر كۆرۈپلا ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى.

- سەن تۈركمەنمۇ؟

- ئەلۋەتتە تۈركمەن.

- بۇيەردە تۈركلەرنى ئىشلەتمەيمىز چىقىپ كەت!

خوجايىن يەنە خاتىرىسىگە ئېڭىشتى.

- خوجايىن، مەن جەنۇبىي قوۋۇقتىكى رۇسلارنىڭ ۋېكتورىيە بەزمەخانىسىدا ئەتىۋارلىق كۆتكۈچى ئىدىم، بىرسى مەس بولۇپ قېلىپ مېنى بوتۇلكا بىلەن ئۇرۇپ بۇ يېرىمنى يېرىۋەتتى. . . - دېدى پاشىشاخان چېكىسىدىكى رۇشەن تارتۇقنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ - شۇڭا مەن ئۇلارنىڭ يالۋۇرىشىغا ئۇنىماي ئۇيەردىن چىقىپ كەتكەن!

خوجايىن قولىدىكى قەلەمنى تاشلاپ قويۇپ پاشىشاخانغا قايتىدىن سەپ سالدى، چۈنكى ۋىكتورىيە بەزمەخانىسى بۇ رېستوراننىڭ

تىجارەتتىكى رەقىبى ئىدى.

- يىگىت، ئۇلار ساڭا يالۋۇرغىدەك سەن ئۇلارغا ئالتۇن تۇخۇم قويۇپ بەرمىگەن بولغىيتتىڭ، قېنى ئېيتقىنە، سىنىڭ نېمە ئالاھىدىلىكىڭ بار ئىدى ئۇنچە قىلغۇدەك؟

- ئۇ يەرگە ياۋروپالىقلار كۆپ كەلمەيدۇ. پەقەت مىسىر ۋە ئىنگلىزلار كۆندە بېرىپ تۇراتتى، مەن ئىنگلىز تىلى دىگەننى سۆيىۋېتىمەن! شۇ سەۋەپتىن ئۇلار مىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتەتتى. . .

- ئاتە پۇرۇڭنى تۆركمەن يىگىت! ـ دەپ كۈلۈپ كەتتى خۇجايىن پاشىشاخاننىڭ سۆزىنى بۆلىۋېتىپ ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەن ھالدا.

- مەن ئەزەلدىن يالغان ئېيتمايمەن، ئىشەنمىسىڭىز سىناپ بېقىڭ !

- قانداق سىنايمەن يا مەن ئېنگلىزچىنى بىلمىسەم، قىززىق گەپ بولدى-دە بۇ!

- ئىشكاۋىڭىزدا ئېنگلىزچە كىتاپلار بولسا ئۇقۇپ بىرەي خۇجايىن!

- مەندە ئۇنداق كىتاپ يوق، توختا مۇنداق قىلايلى، ھازىر زالغا چىقىپ قاراپ باقايلى بىرە ئېنگلىز مىھمان تاماققا كەلگەن بولسا شۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ باق، راستىنلا شۇنداق كارامىتىڭ بولسا بۇ يەردە قېپ قالىسەن، چۈشەندىڭمۇ؟

خۇجايىن ئورنىدىن تۇرۇپ پاشىشاخاننى ئەگەشتۈرۈپ زالغا قاراپ ماڭدى، تاماق زالىدا دىگەندەك ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئۈچ ياۋروپالىق بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتاتتى. خۇجايىن ناھايىتى تەكەللۇپ بىلەن ئۇلارغا رۇس تىلىدا مەخسىتىنى ئېيتتى، ئۇلارنىڭ بىرى ئەلچىخانىدا ئىشلىسە كېرەك بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللىقىنى بىلدۈردى.

پاشاخان ئۇلار بىلەن خېلى ئۇزۇن ئۆلچەملىك ئىنگلىز تىلىدا پاراڭلاشتى، ئۇلارنىڭ پاشاخانغا ھەۋىسى كېلىپ ئۇنى تېخى تاماق يېيىشكە تەكلىپ قىلدى. خوجايىن بۇلارنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قالدى، ھېلىقى رۇس تىلىنى چۈشىنىدىغان ياۋرۇپالىق خوجايىنغا رۇس تىلىنى بۇزغان ھالدا پاشاخانىڭ ئىنگلىزچىنى سۇدەك سۆزلىيەلەيدىغانلىقىنى ئىنىق چۈشەندۈرۈپ ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ پوركۈتەك خوجايىننىڭ ئېغىزى قۇلىقىغا يېتىپ پاشاخانىنى كۈتكۈچىلىككە ئېلىپ قالدى.

پاشاخاننىڭ ئايىغى ئىتتىك قۇلى چاققان بولغاچقا رېستورانىدىكى چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئامراق بولۇپ قالدى، ئۇ بۇ جەريانىدا كۈتكۈچى قىزدىن ھېلىقى ھەربىي ئەمەلدارنىڭ ئەھۋالىنى چاندۇرماي سورىدى.

- ھەدە، ھېلىقى ھەربىي ئەمەلدار ژاكوف پىرايىۋىچ بۇ يەرگە ئانچە كەلمەمدۇ؟

- ژاكوف پىرايىۋىچ! ھە ھېلىقى پاختا ئېكسپورت شىركىتىنىڭ باش پايچىكىمۇ؟

- ھەئە شۇ، ۋىكتورىيەگە تولا باراتتى ئۇ. . .

- بۇ يەرگىمۇ تولا كېلەتتى، كاتتا نېمە ئۇ، ھەپتىنىڭ ئالدىدا كۈندە كەلگەنچىلىك قىلاتتى، بۇ يېقىنلاردا خىزمەت ئىشى بىلەن سىرتتا چىكەتكەن بولسا كېرەك، بۇ نەچچە كۈندە ئۇنى كۆرمىدىمغۇ. . .

ئۇلار شۇ گەپنى دېيىشىپ تۇرغاندا تاماق زالىغا كۈتۈلمىگەن بىر مېھمان كىرىپ كەلدى. پاشاخاننىڭ يۈرىكى قارتتىدە قىلىپ ئۆزىنى ئاستا دالدىغا ئالماقچى بولدى، قېرىشقاندەك ھېلىقى يەكچەشمە ياشتا

ئۆزىدىن كىچىك بولغان بىر ياۋرۇپالىق ئايالغا خۇشــامەت قىلغان پېتى كىرىپ كىلىۋاتاتتى.

كۈتكۈچى قىز ئاشــخانىدا تۇرغان پاشــشــاخاننى چاقىردى، پاششاخان ئاڭلىماسقا سېلىپ تۇردى، كۈتكۈچى پاششاخاننىڭ يېنىغا كىلىپ ھېلىقى ئىككى مېھماننىڭ ئالدىغا بېرىشــنى ئالاھىدە تاپىلاپ ئۇنىڭغا ئېيتتى:

- مۇســتافا ! -بۇ پاشــشــاخاننىڭ يالغان ئىســمى ئىدى - ئاۋۇ ئەپەندىنى كۆردىڭمۇ، يېنىدا ياۋرۇپالىق ئايال ئولتۇرغان. . .

- كۆردۈم. . .

- ئۇ رىســتۇرانىمىزنىــڭ ئەزىز مېھمىنى، ئۇ چــاپىنىنى گۈشــۈپ قويســمۇ تۇتاملاپ پۇل چۈشــىدىغان ئادەم، ئۇنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ سالما، خىزمىتىنى ياخشى قىلساڭ سىنىڭ يىللىق مۇئاشىڭنى بىرىپ سېلىشى مۇمكىن، تىز بارغىن!

پاشــشــاخان بىر ئالدىغا بىر كەينىگە دەســســەپ ئۇســتازى ئەكبەرخــاننىــڭ ئۆلۈمىگە ســەۋەب بولغان بۇ قاتىلنىڭ ئۆزىنى تۇنۇپ قېلىشىدىن شۇنداقلا ئۇنىڭغا بولغان ئۆچمەنلىكىدىن غەزەپلەنگەن ھەم قورققان ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا تۇيماي بېرىپ قالدى.

- كۆڭلىڭىز نېمە تــارتىــدىكىن خــانىم؟ - دېــدى پــاشــشــاخــان تەمترگەن ھالدا يەكچەشمىگە قاراشتىن ئەنسىرەپ.

ئېنگىلىز ئــايــال ئۆزىنىــڭ تىلىدا راۋان گەپ قىلغان بۇ بالىغا زوقى كىلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە ئېغىز پاراڭلاشتى. يەكچەشمە ئۇ كۈنى قاتتىق مەســت بولۇپ كەتكەچكە بۇ قېتىم ئۇنى تۇنىيالمىغان بولســا كىرەك خــانىمنىــڭ خوش بولغىنىغــا قــاراپ تەڭ ھىجىيىــپ ئولتۇراتتى، پاششاخان كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا يەكچەشمىنىڭ ئۆزىنى تۇنىيالمىغانلىقىنى

كۆرۈپ يۈرىگى جايىغا چۈشتى.

پاشـشـاخان ھېلى رۇس تىلىدا ھېلى ئېنگىلىز تىلىدا ئۇلارغا سـۆز قىلىپ ئۇلارنىڭ قاتتىق ماختىشـىغا ئېرىشـتى، ئۇلارنىڭ بىرى بىراندى يەنە بىرى ۋوتكـا ئىچىـپ خېلىلا قىززىـپ قېلىشۋاتـاتتى، بولۇپمۇ خـانىم بالدۇرلا تەگشـىلىپ قالغاچقا پاشـشـاخاننى توختىماي ماختاپ بەكلا ئۇچۇرۇۋەتتى، ئۇلار تاماقنى يەپ بولۇپ ماڭار چېغىدا ھېلىقى يەكچەشمە سەنتۈرۈلگەن پېتى پاششاخاننى چاقىرىپ پورتمالىدىن بىر تۇتام پۇلنى سۇغۇرۇپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ كۈلۈپ ئېيتتى:

- يارايسـەن يىگىت، بۇندىن كېيىنكى سودا ئىشىمدا ماڭا سەندەك بىر يـاردەمچى لازىم بولاتتى، خـالىسـاڭ مەن بىلەن ئىشـلە، مـاڭـا تەرجىمانلىق قىلىپ بىرىسـەن، مەن ھازىر مۇھاجىرلار مېھمانخانىسـىدا تۇرىمەن، ئىسـمىم ئانتونىي يىكىرۋىچ، ئىسـىڭدە تۇتىۋال بۇ يەردىكى بىر يىللىق مۇئـاشـىڭنى مەن بىر ئـايـدىلا بىرىۋېتىمەن، مەن ھەپتىگە قالماي لېنىنگرادقا قايتىمەن، تۆمۈرنى قىززىغىدا سوقىۋال يىگىت!

- ھۆرمەتلىك ئانتونىي ئەپەندى ئەلۋەتتە سـىزنى ئىزدەپ بارىمەن. ئۇنىڭ ئۈسـتىگە مەن تۆمۈرچىلىكنى ئۇبدان بىلىمەن، قاراپ تۇرۇڭ، قىززىق تۆمۈرنى قانداق بازغانلىقىمنى كۆرۈپ قالىسـىز تېخى. . . -دىدى پاششاخان ۋەزنىلىك قىلىپ جاۋاب قايتۇرۇپ.

يەكچەشـمە پاشـشـاخاننىڭ مەنىلىك قىلىپ ئېيتقان سۆزىنى ئەسلا چۈشـەنمەيتتى، ئۇ پاشـشـاخاننىڭ بۇ جاۋابىدىن ناھايىتى خۇرسـەن بولۇپ خانىمنىڭ دۈلىسىدىن ئالغىنىچە دەلدەڭشىپ چىقىپ كەتتى.

پاشـشاخاننىڭ كۆزلىرىدە قىساس ئۇتى يالقۇنجايتتى. «ھۇ قانخور قـاتىـل، ئـادەم ئۆلتۈرۈپ يەنە تېخى كوچىـدا خىرامان مېڭىۋاتقىنىڭنى، قـاراپ تۇر پۇتۇن ھىسـاپىنى ئـالمىسـام! تۈركمەنلەرنىڭ قانداقلىقىنى

ئەمدى كۆرىسەن! ئۆز ۋەتىنىڭدە يۇرۇشمەي بۇ يەرنى خاراپ قىلغانىنىڭ جاجىسىنى ئەمدى كۆرىشىسەن، قاراپ تۇر!»

پاشاخان كۈتكۈچى قىزغا قولىدىكى پۇلدىن بىرنى ئادىمگەرچىلىك قىلىپ سۇندى، قىزچاق ئىنتايىن خۇشال بولدى، چۈنكى بۇ پۇللارنىڭ ھەر بىر پارچىسىنىڭ قىممىتىمۇ يۇقىرى ئىدى.

- ھەدە! ۋوتكىلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىممەت ئەڭ ئىسىلى بارمىدۇ؟ - دەپ سورىدى پاشاخان كۈتكۈچى قىزدىن.

- ئەلۋەتتە بار، قارىغىنا ئاۋۇ ھاراق ئىشكابىنىڭ ئەڭ ئۈستىدە تىزىلغىنى شۇ، ئۇنىڭ بىر شىشىسىلا بىزنىڭ بىر يىللىق مۇئاشىمىزغا يېقىنلىشىدۇ. . .

- قولۇمدىكى ماۋۇ پۇلغا ئۇنىڭدىن كېلەمۇ؟

كۈتكۈچى قىزچاق پاشاخاننىڭ قولىدىكى پۇللارنى ئېلىپ ساناشقا باشلىدى.

- ئازادە كېلىدىكەن، ئۇنداق قىممەت ۋوتكىنى ئېلىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

- بىرسىگە سوۋغا قىلماقچىدىم، ئۇ ماڭا بىر ئىشنى قىلىپ بەرمەكچى بولغان.

- ھە مۇنداق دېگىنە، ئۇنداقتا ساڭا كېلىش باھاسىدا بىرنى ئېلىپ بېرەي.

كۈتكۈچى قىز پاشاخاننى ئەگەشتۈرۈپ ھاراق سېتىشقا مەسئۇل خىزمەتچى بىلەن دېيىشىپ ئۇنىڭغا ئەڭ داڭلىق ۋوتكىدىن بىرنى ئەرزان باھادا ئېلىپ بەردى، ئۇنىڭ قولىغا يەنە پۇل ئاشتى. پاشاخان يېنىدىكى پۇلدىن يەنە بىرنى سوغۇرۇپ ئېلىپ كۈتكۈچى قىزچاققا

تەڭلەپ «خۇجايىن سورىسا مىنى تۇيۇقسىز كىسەل بولۇپ قاپتۇ دەپ قۇيۇڭ مەن بېرىپ دادامنى بىر خوش قىلىۋىتەي» دىگىنىچە سىرتقا يۈگۈرەپ ماڭدى.

ئۇ شۇ يۈگۈرگىنىچە باللار مايلامچىلىق قىلىدىغان جايغا بېرىپ تىللاخاننى تاپتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا جىددى بىر نىملەرنى دەپ ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ شەھەرلىك دوختۇرخانا تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ ماڭدى.

پاششاخان دوختۇرخانىنىڭ ساراڭلارنى داۋالايدىغان بۆلۈمىنى ئۇبدان بىلەتتى، چۈنكى ئۇستازى ئەكبەرخاننى ئۈيدىكىلىرى بۇ يەرگە ئەكىلىپ داۋالاپمۇ باققان ئىدى. پاششاخان شۇ چاغدا بۇ يەرگە بىر قېتىم كەلگەن بولغاچقا ئىككەيلەن ئۇدۇل دوختۇرخانىنىڭ ئارقا هويلىسىغا جايلاشقان بۇ جايغا يىتىپ كەلدى. پاششاخان ئۇكىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ قۇيۇپ ئۆزى ئالدىراپ دوختۇر ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى.

چاچلىرىنى ئاق قاپلىغان كۆزىگە يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆز ئەينەك تاقىۋالغان رۇس ئەر دوختۇر ئۈستەلگە ئېڭىشكىنىچە بىر نىملەرنى يېزىۋاتاتتى.

- دوختۇر، چاتاق چىقتى ! ئاكام ئۇ. . . - پاششاخان يالغاندىن جىددىلىشىپ كەتكەن بولۇپ توختىماي هاسىرايتتى ـ ئۇ كىيىملىرىنى يىرتىپ ئۆيىنى بېشىغا كىيىۋاتىدۇ؟

- نىمە، قايسى ئۆيدىكى كىسەل؟ - دوختۇر دەرهال بېشىنى كۆتۈرۈپ جىددىلىشىپ كەتكەن پاششاخانغا تىكىلدى.

- ياق ئاكام بۇ يەردە ئەمەس ئۇ بىزنىڭ ئۆيدە دوختۇر، بىز ئۇنى ئۆتكەندە قېشىڭىزغا ئەكەلگەن، ئۇ ئىككى-ئۈچ كۈندە مانا مۇشۇنداق ئەسەبىلىشىپ هەممىمىزنى قوغلايدۇ، ئۇنىڭ ئۇخلىتىدىغان دورىسى

تۆگەپتىكەن، شۇ دۇرىدىن بەرسىڭىز بۇپتىكەن. . . - دېدى پاششاخان رۇسچە سۆزلەپ بىچارە بولغان قىياپەتتە.

دوختۇر ئورنىدىن تۇرۇپ كېسەللەرنىڭ تارىخى ساقلىنىدىغان ئارخىپ ئىشكاۋى تەرەپكە ماڭغاچ پاششاخاندىن سورىدى:

- ئاكاڭنى بۇ يەردە قاچان داۋالىغان؟ ئىسمى نېمە؟

- ئىسمى ئەكبەرخان. . . قاچان ئەكەلگەن بولغىيتتى. . . ئەستا. . .

پاششاخان بېشىنى قاشلاپ ئويلانغان بولۇپ تۇردى، شۇ چاغدا تۇساتتىن بىر بالا ئىشىكتىن «ئاكا. . . ئاكا. . . تېز بول! چاتاق چىقتى!» دەپ ھاسىرغىنىچە قولىدا يۈز يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

- ۋاي يەنە نېمە ئىش بولدى ئۇكام؟ - دەپ سورىدى پاششاخان ئۈيىدىكى ئىشلاردىن ئەنسىرگەن قىياپەتتە.

- ئاكام زادى بولالمىدى، ئۇ قولىغا پىچاق ئېلىپ ئۆيدىكىلەرنى قوغلىۋاتىدۇ، ئانام بۇ پۇلغا تېزراق دورا ئالسۇن دەيدۇ. . . - تىللاخان شۇنداق دەپ بولۇپ پۇلنى ئاكىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

دوختۇر تۈركمەنچىنى ئاز تولا بىلەتتى، ئۇ تىللاخاننىڭ سۆزىنى چۈشەندى بولغاي ئىشكاپ ئىچىدىكى ئارخىپلارنى تېزدىن ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

- ئىسمىنى ئەكبەرخان دېدىڭمۇ؟ بۇ يەرگە قاچانلاردا ئەكەلگەن؟ - دېدى دوختۇر ئارخىپلارنىڭ يان يۈزىدىكى يېزىقلارغا ئىنچىكىلىك بىلەن قارىغاچ.

- ھەي دوختۇر ئاكا، بىزگە رەھىم قىلىڭ، دۇرىڭىزدىن پەقەت بىر قېتىم ئىچكۈدەك بىرىپ تۇرۇڭ، ئالدى بىلەن ئۇنى ئۇخلىتىپ ئاندىن

ھارۋىغا بېسىپ بۇ يەرگە ئەكىلەيلى! ـ پاششاخان شۇنداق دېگەچ قۇلىدىكى يۈز سوملۇق پۇلنى دوختۇرنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

دوختۇر ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپ قۇلىدىكى ئىشنى توختاتتى.

- ھەي ! ئەسلىدە ئۇكۇلنىڭ ئۈنۈمى ياخشى ئىدى، بۇپتۇ سىلەرگە پەقەت بىر قېتىمغا يەتكۈدەكلا دورا بېرەي، ئاكاڭلار تىنىچلانغاندا ئەڭ ياخشىسى ئۇنى بۇ يەرگە ئەكىلىڭلار! - دوختۇر شۇنداق دېگەچ بەلۋېغىدىكى ئاچقۇچنى شاراقلىتىپ سۇغۇرۇپ ئېلىپ ياندىكى ئۆيگە ماڭدى.

پاششاخان بىلەن تىللاخان دوختۇرنىڭ كەينىدىن تەڭ ئەگىشىپ دورا بار ئۆيگە بىللە كىردى، دوختۇر قۇلپا سېلىنغان جاۋەننى ئېچىپ ئىچىدىن بىر قۇتا دورىنى ئېلىپ قەغەزگە تۈگىۋاتقاندا پاششاخان ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ پۇت ئېتىشقا باشلىدى، دوختۇر زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قۇلىدىكى قەغەزگە تۈگۈلۈپ بولغان ئىككى تال دورىنى تۈگۈپلا تىللاخانغا سۇندى ئاندىن قۇلىدىكى دورا قۇتىسىنى ئۇچىسىدىكى خالاتىنىڭ يانچۇقىغا سالدى.

- ئالە بۇ دورىنى! ئەمدى بۇ ئاكاڭغا نېمە بولغاندۇ؟ -دېدى دوختۇر ئالدىدا تولغىنىپ يېتىۋاتقان پاششاخاننى ئالدىراپ تەكشۈرمەكچى بولۇپ.

- ئاكامنىڭ مۇشۇنداق تۇتقاقلىق كېسىلى باتتى، سەل تۇرۇپ ئوڭشىلىپ كېتىدۇ !

تىللاخان رۇسچىنى ئوبدان بىلمىسىمۇ دوختۇرنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشەنگەن ئىدى، شۇڭا ئۇ تۈركمەن تىلىدا شۇنداق دەپ جاۋاپ بەرگەچ دوختۇرغا يېقىن كېلىپ ئاكىسىنىڭ پۇتىنى چىڭ تۇتۇشۇپ بەرگەن بولدى.

دىگەندەك پاشاخان مىنۇتقا قالماي كۆزىنى ئۇۋلاپ ئورنىدىن تۇردى-دە تىللاخان بىلەن ئۇچقاندەك يۈگرەپ دوختۇرنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار دوختۇرخانىنىڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ بولۇپ ياندىكى كۇچىغا كىرىپ توختاپ بىردەم دېمىنى ئالدى.

- قانداق بولدى ئۇكام؟

- قانداق بۇلاتتى ئاكا، ئۇ دىگەن مىنىڭ كونا ھۈنىرىم تۇرسا!

ئىككەيلەن قوللىرىدىكى بۇ بىر قۇتىنىڭ ئىچىدە لىق دورا بارلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇلار مۇھاجىرلار مىھمانخانىسى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

مۇھاجىرلار مىھمانخانىسىنىڭ ئالدىدا ئىككى ئەسكەر قۇراللىق پوستا تۇرۋاتاتتى، چۈنكى بۇ يەرگە رۇسلارنىڭ ئەڭ كاتتا بايلىرى ياكى ھەربىي ئەمەلدارلىرىلا چۈشەلەيتتى، ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە مال-مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكى ئۈچۈن بۇ مىھمانخانىغا كىرىپ -چىققۇچىلار تىزىملىنىپ قاتتىق تەكشۈرۈلەتتى.

پاشاخان ھېلىقى يەكچەشمە سودىگەرنىڭ ئۆزىنى چاقىرغانلىقىنى ئېيتسا قاراۋۇل ئەسكەرلار يەكچەشمە بىلەن ئالاقىلىشىپ ئۇنى ئەلۋەتتە كىرگۈزەتتى لېكىن پاشاخان ئىشلارنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىنى ئويلاپ باشقىچە پىلان تۈزدى. ئۇلار مىھمانخانىنىڭ ئارقا - يان ئەتراپىنى كۆزىتىپ ئارقا تېمىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىگە تۇتىشىدىغانلىقىنى بىلدى شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەچتە شۇ ئارقا تامدىن سىيرىلىپ چۈشىدىغان بولۇپ ئارغامچا تاشلايدىغان يەرنى ئوبدان پىلانلىۋېلىپ ئۆيگە قايتىشتى.

ئۇلار ئۆينىڭ ئىشىگىنى ئىچىدىن ئېتىۋېتىپ ۋوتكىنىڭ ھەم ئىتىلگەن ئېغىزىنى تىغ بىلەن تىك سىزىق شەكلىدە كىسىپ ئۇنىڭ

ئېغىزىدىكى سولىياۋ بىلەن قاپلانغان قىسمىنى ئۇستىلىق بىلەن ئاچتى، شىشە ئېغىزىغا پۆگۈتكە تىقىلغان ئىدى، ئۇلار دۇكاندىن ئالغاچ كەلگەن مەخسۇس ۋوتكىلارنىڭ ئېغىزىنى ئاچىدىغان بورمىسمان ئاچقۇچ بىلەن ۋوتكىنىڭ ئېغىزىدىكى پۆگۈتكىنى ئاۋايلاپ سۇغۇرۇپ ئېلىپ ھېلىقى كۆچلۈك تىنىچلاندۇرۇش دورىسىدىن يىگىرمە تالچىنى سۇقۇپ ئۇندەك قىلىپ شىشىنىڭ ئېغىزىدىن قۇيۇپ بەردى. ئاندىن پۆگۈتكىنى قايتىدىن ئورنىغا سېلىپ ئەسلى ھالىتىگە ئەكەلگەندىن كېيىن شىشە بېشىغا ئۇرالغان سولىياۋ ئۇرالمىنى يەنە بۇرۇنقىدەك چاندۇرماي ئورنىغا ئەكىلىپ كىسىلگەن يەرنى شىلىم بىلەن ئەتتى.

قارىماققا ۋوتكىنىڭ ئېغىزى ئېچىلمىغاندەك ھالەتكە كەلدى، ئۇلار بۇ ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن رەستىگە چىقىپ بەش لىتىرلىق بىر باكقا بىنزىن قاچىلاپ تەييار قىلدى، ئىگىز تامدىن ئارغامچىغا ئېسىلىپ چىقىپ كىتەر چېغىدا قىينىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئارغامچىنى ھەر يېرىم مىتىردا بىر تۈگۈنەك قىلىپ تەييار قىلدى، ئىشلار پۇختا تەييارلاندى.

ئېغىر نامازشام بولغاندا ئىككەيلەن ھېلىقى ئىگىز تامغا يېقىندىكى دەرەخ ئارقىلىق يامىشىپ چىقىپ قولىدىكى ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى دەرەخكە مەھكەم باغلىدى ئاندىن بۇ ئارغامچا بىلەن مىھمانخانىنىڭ ئارقا ھويلىسى غا سىيرىلىپ چۈشتى.

مىھمانخانا ھويلىسىدا ئادەملەر كۆرۈنمەيتتى، تىللاخان بىلىگە ئېسىلۋالغان باكنى قولىغا ئېلىپ توختىتىپ قويۇلغان بىر قارا ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ شۇ يەردە مۆككىنىچە پاششاخانىغا ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى، پاششاخان كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرۈپ قولىدا ۋوتكىنى كۆتەرگىنىچە مىھمانخانىنىڭ ئارقا ھويلىسىغا ئېچىلغان كىچىك ئىشىك ئارقىلىق بىناغا كىرىپ كەتتى.

ئۇ كۈتكۈچى رۇس مۇلازىملاردىن يەكچەشەمبىنىڭ ياتىغىنى قىينالمايلا تېپىپ ئىشكنى يېنىك چەكتى.

- كىم؟

ئېغىر ئۇيقۇدىن ئويغانغان يەكچەشەمبىنىڭ ئەسنەپ ئېيتىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

- ئانتونىي ئەپەندى بۇ مەن! ئابىيام رېستورانىدا سىز بىلەن كۆرۈشكەن كۈتكۈچى مۇستاپا!

- ھە سەنمىدىڭ!

ئىشىك ئېچىلدى، ئۆي ئىككى ئېغىز بولۇپ كاتتا بېزەلگەن ئىدى، يەكچەشەمبە پاششاخاننى سافاغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپ ئۆزى ئۇخلاش كىيىمى بىلەن دەلدەڭشىگىنىچە كارۋىتىنىڭ بېشىدىكى سىگارىتىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇشقا باشلىدى، ئۇ ئەتىگەندىلا ئىچىپ تەڭشىلىپ قالغاچقا كۆزلىرى چالا ئۇيقۇدىن قىزىرىپ قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن ئىدى.

- ھە بۇ كەچتە كېلىپ قاپسەنغۇ؟ - دېدى يەكچەشەمبە سىگارىتىنى شۈرىگىنىچە ئەسنەپ تۇرۇپ خوشياقمىغان ھالدا.

- سىزگە بۇنى ئالغاچ كەلدىم ئەپەندىم، سىزگە ئىشلىسەم دەيمەن!

- ماۋۇ گېپىڭ جايىدا بولدى يىگىت! ئېنگلىز ئەبلەخلەر ھە دېسىلا «توختام-پوختام» دەپ يازما ماتېرىياللارنى كۆزۈمگە چىنىاپ ھۆ قىلىۋەتتى، ئۇلارنى سەن كۆرۈپ چۈشەنەلەيدىكەنسەنغۇ؟- دېدى يەكچەشەمبە ئۇنىڭ قولىدىكى ۋوتكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا ھىجايغىنىچە.

- تىنىشۋېتىمەن ئەپەندى ئۇنداق توختام دىگەننى!

- يارايسەن يىگىت، قولۇمنى سوغۇتساڭ پۇلنىڭ كۆزى ساڭا قاراپ

تۇرمايدۇ، - ئۇ شـۇنداق دېگىنىچە پاشـشـاخاننىڭ قۇلىدىكى ۋوتكىنى قولىغا ئېلىپ ماركىسـىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇشـال بولۇپ كەتتى، - كىلە ئىككىمىزنىڭ ھەمكارلىقى ئۈچۈن بىرەدىن قاقايلى !

يەكچەشـمە ئىشـكاۋىدىن بورمىسىمان ئاچقۇچنى ئېلىپ ۋوتكىنىڭ ئېغىزىنى ئىككى تولغاپلا ئېچىۋەتتى.

- قارىغىنا سـىنى، پۇلۇڭنىڭ ھەممىنى بۇنىڭغا خەجلەپسە، ئۇنىڭ ئۇسـتىگە بۇ مەن ئەڭ ئامىرىقى ئىكەن!- يەكچەشـمە شـۇنداق دەپ قۇلىدىكى ۋوتكىنى ئىككى رومكىغا قۇيۇپ بىرىنى پاشاخاننىڭ ئالدىغا قۇيۇپ قويدى.

ئاندىن ئۆزى پاشـشـاخاننىڭ ئالدىغا كىلىپ ئولتۇردى. پاشـشاخان ئىچىـدىكى يەنە بىر ئۆيـدە ئـادەم بولۇپ قـالمىسـۇن دېگەننى ئويلاپ ئۇنىڭغا جاۋابەن پاراڭ قىلدى.

- ھېلىقى خانىم كۆرۈنمەيدىغۇ خۇجايىن؟

- ھە ئۇمۇ؟ ئۇ دىگەن ئەلچىخـانـىدا ئىشـلـەيـدىغـان بىر جـالاپ خۇتۇن، ئۇ تېخى ھېلىلا كەتتى!- دەپ كۈلۈپ كەتتى يەكچەشمە قولىغا رومكىنى ئېلىپ- قېنى كىلە غەلبىمىز ئۈچۈن !

يەكچەشـمە قۇلىدىكى رومكىنى بىردەمدە كۆتىرۋەتتى. پاشـشـاخان ئۇنىڭ چىرايىغا زەن سـېلىپ تۇراتتى. يەكچەشـمە ۋوتكىنى يۇتىۋېتىپ گېلىنى ئازراق قىردى.

- تەمى ئەجەپ ئـاچچىققۇ بۇنىـڭ! ياكى ئېغىزىم بىر قانداق بولۇپ قالدىمۇيا؟

پاشاخاننىڭ سۇقۇپ كەتكەن يۈرىگى بىر ئاز جايىغا كەلدى.

- بەلكىم مىجەزىڭىز بولمىسا كىرەك خۇجايىن!

- ھە سەن ئىچمەپسەنغۇ؟

- مەن تېخى بالا خۇجايىن، سىزنىڭ بىخەتەرلىكىڭىز ئۈچۈن بۇنى قەتئىي ئېغىزىمغا ئالمايمەن، مەن بۇگۈندىن باشلاپ سىزنىڭ قوغدىغۇچىڭىز خۇجايىن!

- ھەي سىنى! رۇسچىنى نەدىمۇ ئۈگەنگەن بولغىيتتىڭ، كارامەت بالىكەنسەن!

يەكچەشمە ئۇنىڭ ئالدىدىكى ۋوتكىنىمۇ كۆتۈرۈۋەتتى، دورا ھەقىقەتەن كۈچلۈك ئىدى، شۇنداق قىلىپ دورا كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى، يەكچەشمە قولىدىكى رومكىنى بىر يانغا قاپ قۇيۇپ ئەمدى گەپ باشلاپ تۇرىشىغا ئاۋازى چۈشۈپ كىتىپ ئولتۇرغان يىرىدە خورەك تارتىشقا باشلىدى.

پاششاخان ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ بىر قانچە قېتىم چاقىردى، ئۇ ئويغانمىدى، پاششاخان ئۇنى نۇقۇپ باقتى، ئىنىكىگە شاپىلاق سېلىپ باقتى يەكچەشمە يەنىلا خورەككە چۈشۈپ كەتتى.

پاششاخان ياتاقنىڭ ئىشىگىنى يېرىم يېپىپ قويۇپ دەرھال تىللاخاننىڭ يېنىغا يۈگرەپ چىقىپ ئۇنى ياتاققا باشلاپ ئەكىردى. تىللاخانمۇ يەكچەشمىنىڭ ئۇخلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىشەنمىگەندەك ئۇنى نۇقۇپ باقتى. يەكچەشمە چوشقىدەك خاتىلداپ ئوخلىۋاتاتتى.

پاششاخان باكتىكى بىنزىننى قولغا ئېلىپ ئاغزىنى ئېچىشى تىللاخاننىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كەلدى.

- ئاكا ئالدىرماي تۇرغىن، بۇ توڭگۇزنىڭ يېنىنى ئاختۇرايلى، بۇلار شۇنچە يىراقتىن كىلىپ بىزنى بۇلىغان يەردە بىز قاراپ تۇرساق بولماس؟

- بۇپتۇ، ئاختۇرايلى!

ئۇلار يەكچەشمىنىڭ ئۇخلاش كىيىمىنى ئاختۇرماي ئۇدۇل كىيىم ئىشكاۋىدىكى ئېسىپ قويۇلغان كىيىملەرنىڭ يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى، پاششاخان ئۇنىڭ پورتمىلىنى تاپتى، تىلاخان كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۈچ-تۆت خىرۇم چامادانلارنى ئاختۇرۇپ ئىچىنى قۇرۇقداپ بولدى، چامادانىنىڭ ئىچىدە قەغەز ماتىريال، كىيىم - كېچەكتىن باشقا ھېچنەرسە يوق ئىدى، شۇ چاغدا تىللاخان يۈگرەپ بېرىپ يەكچەشمە ياتىدىغان كارۋاتنىڭ ئاستىنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى، كارۋات چوڭ بولغاچقا تىللاخاننىڭ كۈچى يەتمىدى، بۇنى كۆرۈپ پاششاخان ئۇكىسىغا ياردەملىشىپ كارۋاتنى يانغا ئۆرۈپ ئۆگدىسىغا قىلدى، كارۋاتنىڭ ئاستىدا ھېچنېمە يوق ئىدى لېكىن كارۋاتنىڭ ئاستى قىسمىغا چىرايلىق بىر قارا خىروم چامادان تېڭىغلىق تۇراتتى، ئۇلار بىر-بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ بۇ چامادانىنى ئاجرىتىپ ئېلىپ كىچىك قۇلپىسىنى بۇزۇپ ئېغىزىنى ئاچتى. ئۇلار چامادانىنىڭ ئىچىدىكىلەرنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ قېلىپ ئۆز كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي قالدى، چامادانىنىڭ ئىچى باغلام-باغلام پۇلغا لىق تولغان ئىدى. ئۇلارنىڭ يۈرىكى سېلىپ پۇت-قولى تىترەشكە باشلىدى، ئۇلار سەل ھوشىنى يىغقاندىن كېيىن چامادانىنىڭ ئېغىزىنى چىڭ ئېتىپ بىر يانغا قاپ قويۇپ بىنزىننى يەكچەشمىنىڭ بېشىدىن قۇيۇشقا باشلىدى، يەكچەشمە بەئەينى ئۆلۈكتەك ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلىۋاتاتتى. پاششاخان باكتىكى يېرىم بولغان بىنزىننى كارۋات ئىشكاپلارغا تۆكۈپ بولۇپ ئۇكىسى تىللاخانغا ئىشارەت قىلدى، تىللاخاننىڭ سەرەڭگە تۇتقان قولى بىر ئاز تىترەشكە باشلىدى، بۇنى كۆرگەن پاششاخان تىللاخاننىڭ قولىدىن سەرەڭگىنى ئېلىپ ئۆزى ياقماقچى بولدى لېكىن مۇشۇ تاپتا پاششاخانىنىڭمۇ قولى تۈزۈك قولاشمايۋاتاتتى.

- نىمە بولدى ئاكا؟ ياقە تىز ! ـ دەپ كۇسۇرلىدى تىللاخان.

- قۇلۇم بارمايۋاتىدۇ شۇ ! ـ دېدى پاششاخان سەرەڭگە تىلىنى قاپتىن نېرى تۇتۇپ تۇرۇپ ئىككىلەنگەن ھالدا.

- ئەمسە چامىدانىنى ئېلىپلا ماڭمايلىمۇ ئاكا؟

- شۇنداق قىلساققۇ بولاتتى بىراق. . . ؟-دىدى پاششاخان جىددىلىشىپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي.

- بۇ رۇس چوشقىسى شۇنچە يىراق جايدىن بىزنىڭ يۇرتىمىزغا كىلىپ قورقماي ئازادە يۈرگەن يەردە بىز نىمىدىن قورقاتتۇق ئاكا!- دەپ يەل سالدى تىللاخان ئۆزىنىڭ قورقۇپ سەرەڭگىنى ياقالمىغىنى يۇشۇرۇپ تۇرۇپ.

پاششاخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىر ئاز يىنىكشىگەندەك بولدى ھەم پۇت-قولىغا جان كىرىپ قەددىنى رۇسلىۋالدى.

- توغرا دېدىڭ، ئۇستازىمنىڭ خۇن قەرزىگە تولغان بۇ توڭغۇزنى چايناپ پۈركىۋەتسەممۇ دەردىم چىقمايدۇ، - پاششاخانىنىڭ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى، - سىنىڭ جاجاڭ مانا مۇشۇ بىر تال سەرەڭگە!

ئۇ شۇنداق دەپ سەرەڭگە تىلىنى «ۋاششىدە» ياققىنچە يەكچەشمىنىڭ ئىت بېشىغا تاشلىدى.

ئوت يالقۇنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە يەكچەشمىنى پۈتۈنلەي يالماپ ئېلىپ چاقماق تىزلىكىدە ئۆيىنىڭ ئىچىگە تۇتۇشۇشقا باشلىدى. ئاڭغىچە ئىككەيلەن ھېلىقى چامادانىنى كۈتۈرگىنىچە سۆرەپ ئېلىپ مېڭىپ ياتاقنىڭ ئىشىگىنى ئىچىلماسقا ئىتىۋەتتى.

ئاندىن ئۇلار شۇ يۈگۈرگىنىچە ئارغامچا تاشلانغان تامنىڭ تۈۋىگە

باردى، باشتا پاشىشاخان ئارغامچىغا يامىشىپ تامغا چىقىپ ئارغامچا ئارقىلىق چامادانىنى تارتىپ ئالدى ئاندىن تىللاخان ئارغامچىغا ياماشتى، ئۇلار تامدىن ساق-سالامەت چۈشكىلىۋاتقاندا مېھماناخان ئىچى قىيا-چىيياغا تولۇپ كىشىلەر ئۈپۈر-تۈپۈر بۇلىشىپ قېچىشىۋاتاتتى.

ئۇلار خۇپتەنگە يېقىن ئۆيگە خاتىرجەم كېلىۋېلىپ چامادانىنى باللارغا كۆرسەتمەي پاشىشاخانىنىڭ ھوجرىسىدىكى سۇپىنىڭ ئاستىغا كۆمۈپ قويدى، ئاكا-ئۇكا ئىككەيلەن بۇ قېتىمقى ئۆچ ئېلىش ھەركىتىدىن بەكلا خۇشال بولدى ھەم بۇ ئىشنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن ئىنتايىن ئەنسىرەشتى، ئۇلار بىر كېچە قورققىنىدىن تولغىنىپ ئۇخلىيالمىدى، ئەتىسى ئۇلار مەسچىتتىن يېنىپ قۇياش نەيزە بۇيى كۈتۈرۈلگەندە ئاخشامقى ئىشلارنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن مۇھاجىرلار مېھمانخانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ باقماقچى بولدى.

دەرۋەقە مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا ساقچى-ئەسكەرلەر گەندىگە قونغان چىۋىندەك يىغىلىشىپ كەتكەن بولۇپ ئۇيان-بۇيان تىپىرلىشىپ يۈرەتتى. مېھمانخانىنىڭ يول يۈزىگە قارايدىغان دەرىزىلىرىنىڭ ھەممىسى قاپقارا ئۆڭكۈردەك تۇراتتى، مېھمانخانا ياتاقلىرىنىڭ بىزىلىشى ناھايىتى كاتتا بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوت ئۈچۈرۈش ئەسلىھەلىرى دىگۈدەك ياخشى بولمىغاچقا بۇ كاتتا مېھمان ساراي ئاخشامقى يەكچەشمىدىن تۇتاشقان ئوت يالقۇنىدىن كۈيۈپ قۇرۇق تاملا بولۇپ قالغان ئىدى.

پاشىشاخان بۇ خارابىلىكنى تاماشا قىلىۋاتقان چوڭلاردىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەسكە سېلىپ سۈرۈشتە قىلىپ باقتى، يىغىلغان كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن «ئاخشام بۇ توڭغۇزلار ئاسمانغا كۈتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنىدىن خۇددى چاشقاندەك پىتىراپ قېچىشقان ئىدى، خۇدايىم شۇنداقمۇ جاجىسىنى بەردى بۇ خەقنىڭ، شۇغىنىسى

تۈزۈك ئادەم ئۆلمەيتۇ، ئەتىگەن بىرەيلەننىڭ كۆيۈپ كەتكەن سۆڭەكلىنى ساقچىلار قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈپ يۈرەتتى. . . » دەپ خەۋەر بەردى.

نەچچە كۈنگە قالماي گېزىتكە رۇسىيىلىك كاتتا باينىڭ ئۆلۈم خەۋىرى بېسىلدى، ساقچىلار نەخ مەيداندىكى كۆلنىڭ ئارىسىدىن يەكچەشمىنىڭ كۆيۈپ كۆمۈر بولۇپ كەتكەن سۆڭىكىدىن باشقا ھېچنىمىنى تاپالمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئىككەيلەن تامدىن سىيرىلىپ چۈشكەندە ئىز قالدۇرماسلىق ئۈچۈن چوڭ ئادەملەرنىڭ ئايىغىنى كىيىۋالغان ئىدى، ئەتىدىن كەچكىچە ۋوتكا ئىچىپ يۈرۈيدىغان لاتا قالپاق ساقچىلار تام تۈۋىدىكى قېپقالغان ئاياق ئىزىغا ئاساسەن دىققەت نەزىرىنى چوڭلارغا قارىتىپ ئىشنىڭ ئايىغىنى قەتئىي چىقىرالمىدى.

پاششاخان بۇ ئىش بولۇپ ئەتىسىلا رىستۇرانغا ئىشقا باردى، ئۇ نەچچە كۈن ئۆتكەندە ھېلىقى ھەيدەر ئالتە قولنى ئېتىۋەتكەن ھەربىي ئەمەلدارنىڭ رۇسىيىگە نەچچە ئايلىق بىر ئىشقا كەتكەنلىك خەۋىرىنى تاماق يىگىلى كەلگەن بىرسىدىن ئاڭلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تىللاخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ پىلاننى ئۆزگەرتىپ رىستۇراندىكى كۆتكۈچىلىك خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى.

يۇقارقى سەۋەبنىڭ نەتىجىسىدە پاششاخان ئاكا-ئۇكىلار ئون ئالتە ياشقا كىرە -كىرمەي قولىنى قەيەرگە سۇنسا سۇنالىغىدەك زور بايلىقنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالغان ئىدى لېكىن ئۇلار ئۆزىنىڭ بۇ بايلىقىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمىدى. يېنىدىكى نەخ پۇللارنى بانكىغىمۇ قويماي ئۇنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئاز-ئازدىن بۆلۈپ ئېلىپ چىقىپ زىخچە ئالتۇنلارغا ئالماشتۇرۇپ سۇپىسىنىڭ ئاستىغا كۆمدى. ئۇلار يەنە ئاسارە-ئەتىقە تىجارىتى بىلەن توختىماي شۇغۇللاندى، باللارمۇ ئۇنىڭ

كۈتكەن يېرىدىن چىقىپ ئۆزىنىڭ چىقىمىنى ئۆزى قامداشتىن سىرت يەنە پايدا ياراتتى. ئەھۋال كۈندىن كۈنگە ياخشىلىنىۋاتاتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە پاششاخان ئۆيدە ئۇكىسى تىللاخان بىلەن بىر ئىش توغۇرلۇق مەسلىھەتلەشتى.

- ئۇكام، سەن ئۆيگە قاراپ تۇرساڭ، مەن رۇسىيە تەرەپكە بىر بېرىپ كەلسەم. - دېدى پاششاخان ئۇكىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ.

- تۇيۇقسىز بارىدىغان بولۇپ قاپسەن، بىرە چاتاق چىقمىغاندۇ ئاكا؟- دەپ سورىدى تىللاخان ئاكىسىغا قىيمىغان هالدا هەيران بولۇپ.

- ياق هېچقانداق چاتاق يوق، شۇ بېرىپ كىلەي دەيمەن.

- قاچان يولغا چىقاي دەيسەن؟

- ئەتىلا ماڭاي.

- بۇپتۇ ئۆيدىن ئەنسىرمە، ئۇنداقتا بۈگۈن سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋالايلى!

تىللاخان ئاكىسىغا بەكلا هۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭغا بەك ئىشىنەتتى، شۇڭا ئۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئانچە سوراپ كەتمىدى. ئۇلار بازارغا چىقىپ ئەتىدىكى سەپەرنىڭ تەييارلىقىنى پۇختا قىلىۋالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە پاششاخان باللار بىلەن خوشلاشتى، تىللاخانمۇ ئۇنى بىكەتكىچە ئۇزاتقىلى چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

»تووۋا ئاكامغا زادى نېمە بولغاندۇ، ئۇ بۇنداق غەلىتە ئەمەستى، تۇيۇقسىز مۇسكوۋاغا بارىمەن دىگىنىنى؟!» تىللاخان ئۆيگە قايتقۇچە بۇ سوئالغا جاۋاب تاپالمىدى.

پاشـشـاخان ئەسـلىدە ئۆكسـى تىللاخانغا ھېلىقى قاتىل ھەربىي ئەمەلداردىن ھەيدەربەگنىڭ خۇن قىسـاسـىنى ئېلىپ بىرىدىغانغا ۋەدە قىلغان ئىدى بىراق ئىشلار تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ ئۇستازى ئەكبەرخاننىڭ قىساسىنىڭ بىر قىسمى ئېلىنىپ قالدى.

يەكچەشـمە ئۆلۈپ ئۇزۇنغـا قـالمـاي ھېلىقى ھەربىي ئەمەلـدار ئاسـتانىگە كەلگەن بولسـىمۇ پاشـشـاخانلار قول سـالىدىغان مۇۋاپىق پۇرسـەت چىقمـىدى چۈنكى بۇ ئـىت خىزمەت مۇنـاسـىۋىتى بىلەن ئۇۋىسىدىن چىقمايۋاتاتتى. . .

كۆز يەسلىنىڭ ئاخىرىقى ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى پاشـشاخان باللارغا ھەر بىرىگە كۈنىگە ئونـدىن تىرىك چـاشـقـان تۇتۇش ۋەزىپىسـىنى قويدى، شـۇنداق قىلىپ بىر ھەپتە ئىچىدە ئىككى-ئۈچيۈزدەك تىرىك چاشقان يىغىلىپ ئىككى سىم تور قەپەزگە سولاندى.

ئاخشـىمى پاشـشاخان باللارغا بىلدۈرمەي تىللاخاننى ئەگەشتۈرۈپ يىغىلغان چاشـقانلارنى كۆتەرگىنىچە شـەھەرنىڭ سـىرتىدىكى ھەربىي ئەمەلدارنىڭ پاختىسىنى ساقلايدىغان چوڭ ئىسكىلاتقا يېقىنلاشتى.

پاختا ئىسـكىلاتىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ بولۇپ پۈتۈن ئەلنىڭ پاختىسـى مۇشـۇ يەرگە يىغىلغانچىلىك قىلاتتى، يېزا-قىشـلاقلاردىن ئەرزان باھادا مەجبۇرى سـېتىۋېلىنغان پاختىلار ئاسـاسـەن ھەر قايسـى ناھىيەلەردىكى پاختا پىشـشـىقلاش زاۋۇتلىرىدا چىگىتىدىن ئايرىلىپ پىشـشـىقلىنىپ بوكلانغاندىن كېيىن ھەممىسـى بۇ ئىسـكىلات مەيدانىغا يىغىلاتتى. ھازىرقى پەسـىل دەل پاختىلارنىڭ ئەڭ كۆپ يىغىلىدىغان ۋاقتى بولغـاچقـا نەچچە يۈزمۇ كىلـىدىغـان بۇ چوڭ مەيـدان بوكلىنىـپ تېڭىلغـان پاختىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ پەقەت مەيدان ئىچىدە ئاندا-ساندا يۈك ماشىنىلىرى ماڭغۇدەكلا يول قالغان ئىدى.

ئىككەيلەن قاراڭغۇدا ئىسكىلاتنىڭ تېمىغا يامىشىپ چىققىلى بۇلىدىغان مۇۋاپىق جاينى تېپىپ مەيدان ئىچىگە سەكرەپ چۈشتى، پاششاخان ئۇكىسى بىلەن چاشقانلارنى بىر قەپەزدىن بۆلۈشۈپ بىرسى شەرىق تەرەپكە بىرسى غەرب تەرەپكە مەسئۇل بولۇپ ئىش تۈگىگەندە ئۆيدە كۆرۈشىدىغان بولدى، ئۇلار پوسىپۇرلۇق يانچۇق سائەتلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئۇدۇللاپ ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن ئىش باشلايدىغانغا دېيىشتى.

تىللاخان مۇشۇ يەرگە يېقىن يەردە ئىش باشلايدىغان بولغاچقا پاششاخان بىر باك سەلەركە بىلەن بىر قەپەز چاشقاننى كۆتۈرۈپ شەرىق تەرەپكە ئالدىراپ كەتتى.

ئون بەش مىنۇت توشتى، ئۇلار قەپەزدىكى تىرىك چاشقانلارغا باكتىكى سەلەركىنى ئالدىرماي سۇ سەپكەندەك چېچىشقا باشلىدى، چۈنكى چاشقاننىڭ تۈكلىرى بەك زىچ بولغاچقا ئۆزىگە ئالدىراپ سۈيۈغلۇق يۇقتۇرمايتتى، بىنزىن سەلەركىگە قارىغاندا كۆيۈشچانلىقى يۇقىرى بولغاچقا ناھايىتى تىز كۆيۈپ تۈگەيتتى. سەلەركىنىڭ كۆيۈشچانلىقى يۇقىرى بولمىسىمۇ لېكىن ئۇ بىنزىنغا قارىغاندا چاشقاننىڭ مۇيىغا بەكلا سىڭىشۋالاتتى ئوت كۈچى كۈچلۈك بولۇپ كۆيىشى ئۇزۇنغا داۋاملىشاتتى. شۇڭا بۇنداق ئوت قۇيۇشتا سەلەركە ئەڭ ياخشى يېقىلغۇ ھىساپلىناتتى.

باكتىكى سەلەركە چاشقانلارغا سىپىلىپ يېرىم بولغاندا ئۇلار سەلەركىنىڭ ھەممىسىنى بۇلدۇقشىتىپ چاشقانلارغا تۆكتى. چاشقانلار سەلەركىدىن چىپ-چىپ ھۆل بولۇپ كەتتى. قەپەزنىڭ بىر يۈزى تۆلۈق ئېچىلىدىغان قىلىپ ياسالغان ئىدى، سەرەڭگە يېقىلىپ چاشقانلارنىڭ ئۈستىگە تاشلانغاندىن كېيىن قەپەزنىڭ ئېغىزى ئېچىۋېتىلدى.

چاشقانلار كۆيۈك ئازابىغا چىدىيالماي بېشى قايغان-پۇتى تايغان تەرەپكە چىرىلداشقىنىچە يۈگۈرۈپ قاچتى، قەپەزدىن ئېتىلىپ چىققان بۇ ئوت قويغۇچى پارتىزانلار ھەش-پەش دېگۈچە خۇددى ئاسمانغا چىقىپ چېچىلىپ كەتكەن سالىيۇتلاردەك پۈتۈن مەيدان يۈزىگە تەكشى تارىلىپ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۇڭۇشلۇق ئورۇندىدى.

ئادەتتە بۇنداق ئۇسۇلدا كۆيدۈرۈلگەن تىرىك چاشقانلار كۆيۈپ كۈل بولمىغىچە يۈگۈرۈشتىن توختىمايتتى، ئۇنىڭ بۇخىل ئوت قويۇش كۈچى بەزىدە ھەربىيلەرنىڭ ئىلغار ئوت قويۇش ئۈسكۈنىلىرىدىنمۇ ئېشىپ چۈشەتتى. بۇنىڭغا ھەتتا ھەربىيلەرنىڭ ئۆزىمۇ قايىل ئىدى.

پاختا ئىسكىلاتى مەيدانىدىكى ئوت ئۆچۈرۈش ئەسلىھەلىرى خېلى ئىلغار بولسىمۇ ئۇ پەقەت بىر ياكى ئىككى ئورۇندا ئوت كېتىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلانغان ئىدى، بۇنداق كۆپ ئورۇندا بىرلا ۋاقىتتا ئوتنىڭ كېتىشىنى ئىسكىلات خوجايىنلىرى ئەسلا ئويلاپ باقمىغان ئىدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە پۈتۈن ئىسكىلات غايەت زور گۈلخانغا ئايلىنىپ كەتتى. . . پاششاخان بىلەن تىللاخان بۇ قېتىم تامدىن ئەمەس چوڭ دەرۋازىدىن ئوينىغان پېتى چىقىپ كەتتى.

ئاكا-ئۇكا بۇ تىرورچىلار ھېلىقى ھەربىي ئەمەلدارغا ئىختىسادى جەھەتتە كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز قاتتىق زىيان سالغان بولسىمۇ ئەمما ئۇزىنىڭ ھەربىي ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ يېغقان يوشۇرۇن بايلىقى ئالدىدا بۇ ئانچە چوڭ زىيان ھېساپلانمايتتى. بۇ قېتىمقى ئوت كېتىش ۋەقەسىدە موسكۋا تەرەپ بۇ ھەربىي ئەمەلدار - ژاكوف پىرايىۋىچنى روسىيىگە قايتۇرۇپ كەتتى.

# ئون بىرىنچى باب

## ۋلادىمىر

پاششاخاننىڭ ئاتىسى ياۋۇزبەگ تىنىچلىقنى خالايدىغان ئىلىم سۆيەر پەلىۋان كىشى ئىدى، ئانىسى كۆنچىچەكنىڭ ئاتا-بۇۋىلىرى نەچچە ئەسىر قېلىچ-توقماق ئىچىدە قان كېچىپ ياشىغان جەڭ خۇمار ئادەملەر ئىدى، شۇ سەۋەبتىنمۇ پاششاخان ئانا تەرەپنىڭ باغرى قاتتىقلىق، قىساسكارلىق، جەڭ خۇمار تەرەپلىرىنى ئۆزىگە ئازراق تارتىپ قالغان ئىدى.

بۇ ھەربىي ئەمەلدار-ژاكوف پىرايىۋىچنىڭ تىرىك يۈرگىنىدىن پاششاخان ئاكا-ئۇكىلارنىڭ تېخى ئاچچىغى چىقمىغان ئىدى. ئارىدىن نەچچە يىل ئۆتۈپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە پاششاخان قۇرسىقىدىكى ئۇزۇندىن بىرى ساقلاپ كەلگەن بۇ غومنى تازا بىر چىقىرىپ ئۇكىسىغا جاۋاپ قايتۇرۇش ئۈچۈن مەخسىدىنى ھېچكىمگە بىلدۈرمەي بۇ قېتىمقى سەپەرگە ئاتلانغان ئىدى.

پاششاخان ئاپتۇۋۇزدا نەچچە كۈن يول يۈرۈپ رۇسىيەنىڭ مۇسكىۋاغا يېتىپ كەلدى، ئۇ ياتاققا چۈشۈشنىڭ ئالدىدا چاچ ياسايدىغان دۇكانغا كىرىپ ئۆزىنىڭ قارا چېچىنى قىزغۇچ سېرىق رەڭدە بۇيىتىپ كىيىم دۇكىنىدىن رۇس يىگىتلىرىگە خاس كىيىملەرنى سېتىۋېلىپ ئالماشتۇردى، پاششاخان گەرچە ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بالا بولسىمۇ كۈچ مەشىقىنى تاھازىرغىچە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنلىكى

ئۇنىڭ ئۈستىگە بوي-بەستىدە ئاتىسىنى تارتقانلىق سەۋەبلىك بەئەينى يىگىرمە ياشلىق يىگىتنىڭ ئۆزى بولۇپ قالغان ئىدى، قاش-كۆز ھەم چىرايىدا بۇ ئىقلىمدا بۇنداق كىلىشكەن قۇرغۇيدەك يىگىتنى يەنە بىرى تېپىلماس دىسە ھەرگىز ئارتۇقچىلىق قىلمايتتى. ئۇ رۇسلارغا مودا بولغان كىيىملەرنى كىيىپ چېچىنى سېرىق بۇيىتىش بىلەن سېپى ئۆزىدىن ناھايىتى كىلىشكەن بىر رۇس يىگىتىگە ئايلاندى، بىر كۆرگەن كىشى ئۇنىڭ تۈركمەن ئىكەنلىكىنى قەتئىي بىلەلمەيتتى.

ئۇ قىزىل مەيدان ئەتراپىدىكى ياخشى بىر مىھمانخانىغا چۈشۈپ ئۆزىنىڭ پىلانى بۇيىچە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئاستانىدە قولغا چۈشۈرگەن ئادىرىس بۇيىچە ھەيدەر ئالتە قولنىڭ قاتىلى ھەربىي ئەمەلدار ژاكوف پىرايىۋىچنىڭ ئەپەندىنىڭ شەخسى تۇرالغۇسىنى ئىزدەپ تاپتى. بۇ كۆنلەردە گېنىرال ژاكوف پىرايىۋىچ مۇسكىۋا شەھرىدىكى مەلۇم بىر ھەربىي قىسىمنىڭ باش شتابىغا يېقىنراق جايدىكى ھەشەمەتلىك بىر داچىدا ئولتۇراتتى. داچىنىڭ دەرۋازىسى بىۋاستە چوڭ يولغا قارايدىغان بولۇپ دەرۋازا تۈۋىدە مەخسۇس بىر ھەربىي قاراۋۇل چىكىتتەك مىدىرلىماي پوستا تۇراتتى. دىمەك گىنىرال ئادەتتىكى كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى.

پاششاخان ئۇنىڭ داچىسىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ يولنىڭ بۇيىدا ماروژنا ساتىدىغان رۇس بۇۋاي بىلەن پاراڭلىشىپ چىقىشىپ قالدى، ئۇنىڭدىن ژاكوف پىرايىۋىچنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللەپ باقتى. «بۇ گېنىرال بوش ئادەم ئەمەس، ئاڭلىساق ئۇ ستالىن بىلەن بىۋاستە كۆرۈشەلەيدىكەن، كېرىمىل سارىيىغا ئۈيىگە كىرگەندەك كىرىپ چىقارمىش، ئۇ دائىم ماشىنىدا ئولتۇرغاچقا بىزمۇ تا ھازىرغىچە ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ باقمىدۇق، ئۇنىڭ خانىمىنى ئاندا-ساندا كۆرۈپ تۇرىمىز ھەر چارشەنبە كۈنى ئۇنىڭ خانىمىنى مەخسۇس ھەربىي ماشىنا

بازارغا ئېلىپ چىقىدۇ، خانىم ھەر قېتىم ئامراق ئىتىنى سەگىتىش ئۈچۈن ماشىنىغا چىقماي ئىتىنى يېتىلەپ ماڭىدۇ، ماشىنا ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ خېلى بىر يەرلەرگىچە ماڭىدۇ، بىز مۇشۇ چاغدا ئۇنى كۆرەلەيمىز!»

پاششاخان ئىشلارنىڭ بەكلا مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنلىكىنى ھىس قىلىپ ئاستانىدە نىمىشقا بالدۇرراق قول سالمىغانلىقىغا پۇشمان قىلدى لېكىن ئۇ جاھىل ئىدى، ئۇكىسىنىڭ ئالدىغا قورۇق قول بېرىشىنى ئەسلا خالىمايتتى. شۇڭا ئۇ كاللىسىغا يېڭى بىر پىلاننى تىزىپ چىقتى. پاششاخان ئۇدۇل ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرىگە بېرىپ گېزىت ساتىدىغان ئۇششاق باللارنى ئىزدىدى چۈنكى ئۇ بۇنداق باللارنىڭ قانچىلىك چاققانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بىر دەمنىڭ ئىچىدە بىر بالا گېزىت كۆتۈرۈپ كىلىپ توۋلاپ سېتىشقا باشلىدى.

- گېزىت ساتىمەن گېزىت! گىتلىر يەنە قايتا تىرىلىپتۇ !

توققۇز ياشلاردىكى بالا قارىماققا بەكلا چاققان، بەكلا ھەيياردەك كۆرىنەتتى.

- ھەي گېزىتچى ئەكىلە گېزىتىڭنى! ـ دىدى پاششاخان ئۈنلۈك ئاۋازدا بالىنىڭ ھەرراپلىقىغا قايىل بولغاندەك بولۇپ.

- ھە مانا باي ئاكا! ـ دېدى بالا يۈگرەپ ئۇنىڭ ئالدىغان كىلىپ ـ نەچچە پارچە ئالىسىز؟

- ھەممىنى ئالىمەن!

- ئاكا، دادىڭىزنىڭ پورتمىلىدىن ئوغۇرلىغان پۇلنىڭ ھەممىسىگە گېزىت ئالماقچىمۇ؟ ـ دېدى بالا پاششاخانغا چاخچاق قىلىپ.

- ساتامسەن يوق؟ - دېدى پاششاخان سەممىلىك بىلەن.

- دادىڭىز پۇلنىڭ ھەممىنى تۈگىتىپسەن دەپ كاسسىڭىزدىن گۈل چىقىرۋەتسە مېنىڭ كارىم يوق ئەمسە! ـ دېدى بالا قولىدىكى گېزىت سالغان بوخچىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ.

پاششاخان بالىنى كۈچىنىڭ بىر چېتىگە تارتتى.

- راستىنلا پۇل تاپقۇڭ بارمۇ؟ - دەپ سورىدى پاششاخان بالىدىن ئەستايىدىللىق بىلەن.

- ھەئە ئاكا، پول تاپقۇم بار!

- ئەمسە بىر ئىش بار ماڭا ياردەم قىل، بۇ زاكالەت پۇلى.

پاششاخان يانچۇقىدىكى چوڭ سومىلىق پۇلدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ بالىغا سۇندى، بالا قولىدىكى ھەممە گېزىتنى ساتقان تەقدىردىمۇ بۇنچىلىك پۇلغا ساتالمايتتى، بالىنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ پۇلنى كاپپىدە ئېلىپ سورىدى:

- نىمە ئىشتى ئاكا؟

- ماڭە خالى بىر جاينى تېپىپ دىيىشەيلى.

پاششاخان بالىنى ئەگەشتۈرۈپ گېنىرالنىڭ داچىسى ئالدىغا يېقىنلاشتى.

- ئاۋۇ داچىنى كۆردىڭمۇ؟

- گېنىرالنىڭ داچىسىغۇ ئۇ؟!

- شۇنداق، ئۇنىڭ خانىمىنىڭ بىر ئەتىۋارلىق بىر ئىتى بار، ئۇنى كۆرگەنمۇسەن؟

- ئەلۋەتتە، نەچچە قېتىم كۆرگەن.

- ئۇ ئىت ئەسلىدە سىڭلىمنىڭ ئىتى ئىدى، باشقىلار ئوغورلاپ بۇ

گېنېرالغا سېتىۋېتىپتىكەن، گېنېرال كاتتا ئەمەلدار بولغاچقا ئېغىز ئاچالمىدۇق، سىڭلىم ئېغىر ئاغرىپ قالدى، ئۇنىڭ ئىتىنى بەكلا كۆرگۈسى بار، شۇ ئىتنى ئوغۇرلاپ بىرەلەمسەن؟

- شۇ ئىشىمدى ئاكا، قانچە پۇل بېرىسەن ؟

بالا ناھايىتى ئىشەنىچ بىلەن گەپ قىلدى. پاشىشاخان ئۇنىڭ سۆزىدىن كۈلۈپ كەتتى.

- قۇلۇڭدىكى پولدىن بەش تال بەرسەم قانداق؟

- مىنى ئالدىماڭ، سىزدە ئۇنچىلىك پۇل نېمە قىلسۇن؟ - دېدى بالا قاپىقىنى تۈرۈپ.

- ئالدىمىدىم مانا قارا! ـ پاشىشاخان يانچۇقىدىكى پۇلنىڭ ھەممىنى ئېلىپ بالىغا كۆرسەتتى ـ ناۋادا ئىشنى ئۇڭۇشلۇق قىلالىساڭ، يەنە بەش تالنى قېتىپ بىرىمەن، ئىشەنمىسەڭ بۇ ئىككى پارچىسىنى ئالدىن بىرىپ تۇراي!

پاشىشاخان يانچۇقىدىكى بىر باغلام پۇلدىن ئىككى تالنى ئايرىپ ئېلىپ بالىغا سۇندى، بالا پولنى كۆزنىڭ نۇرىغا تۇتۇپ بېقىپ كۆلگىنىچە قوينىغا سالدى.

- چاتاق يوق ئاكا، ئەتە چۈشتە مالنى قولىڭىزغا يەتكۈزىمەن، قەيەردە كۆرىشىمىز؟

- ئابىيامقى گېزىت ساتقان يەردە كۆرىشەيلى، ياندىكى كىچىك كوچىدا بولسۇن! لېكىن بۇ قاتتىق مەخپىيەتلىك بىلدىڭمۇ؟

- بىلدىم، ئۇ داچىنىڭ ھويلا تېمى بەك ئېگىز، سىم تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان، لېكىن مىنىڭ ئامالىم بار، پەقەت گىپىڭىزدە تۇرسىڭىزلا!

- ۋاي چاتاق يوق يىگىت، گېپىمىز گەپ! يەنە بىر ئىش بار ئىدى سەندىن سوْرايدىغان؟

- ھە نېمە ئىش باي ئاكا؟

- ھېلىقىدەك قىزلار بار كوْچا بوْ يەرگە يىراقموْ؟

بالا كۈلۈپ كەتتى.

- ھەي ئاكا، ئوْ يەر سىز بارىدىغان يەر ئەمەس جوْموْ!

- ياق مەن بارمايمەن، ئاڭلىسام بەزىبىر روھلاندۇرۇش دوْرىلىرىنى شوْ يەردىن تاپقىلى بولىدوْ دەپ ئاڭلىغان، تاغامغا لازىمكەن، شوْڭا سورىدىم!

- ھە مەن بىلىمەن، توغرا! ئوْنداق دورا پەقەت شوْنداق كوْچىلاردىن چىقىدوْ، نەشىشىدىن باشلاپ ئەپيوْنغىچە ھەممىسى بار، يۈرۈڭ مەن سىزگە كۆرسىتىپ قوْياي.

گېزىت ساتىدىغان بالا پاشاخاننى ئەگەشتۈرۈپ ئاۋات كوْچىلارنىڭ ئىچىدىكى بىر كىچىك كوْچىغا باشلاپ بىر دوْكاننى كۆرسىتىپ قوْيوْپ كىتىپ قالدى. پاشاخان دوْكانداردىن ئوْدوْل گەپ سورىدى:

- ئاڭلىسام يېقىندا بىرخىل دورا پەيدا بولۇپتىكەن، شوْنىڭدىن سىزدە بارمىدوْ؟

- مەندە ھەرخىلى بار، ساڭا لازىمى قانداقتى؟ - دەپ سورىدى ياشانغان رۇس ئايال قاش-كۆزلىرىنى ئوينىتىپ پاشاخانغا ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ.

- ئايالىلار ئىچىدىغىنى، ئەڭ كۈچلۈكى كىرەكتى! - دېدى پاشاخان دوْكاندارنىڭ چىرايىغىموْ قارىماي.

- مەنـدە ئىككى خىلى بـار، بىرى دۆلىتىمىزدە ئىشـــلەنگىنى يەنە بىرى ياۋروُپـادىن ئەكىرگىنى بوُ بەك قىممەت ئەمما ئوُنوُمى كـارامەت، قېرى موُناخلار ئىچىپ قالسىموُ چىركاۋدىن قېچىپ كىتىدوُ يىگىت!

- بوُپتوُ ئەڭ ياخشىسىدىن ئوُچ قېتىمغا يەتكوُدەك بىرىڭ.

- بوُ بىر تەمسىـز پاراشوُك نەرسە، مەشوُغوُڭنىڭ ئىچىدىغان چېيىغا سـالساڭموُ، ۋوتكىسـغا سـالسـاڭموُ قەتئىي ئوُقالمايدوُ، پەقەت بەش مىنوُت ئوُتە-ئوُتمەي، ئوُ سىنىڭ ئولجاڭغا ئايلىنىدوُ چىرايلىق يىگىت!

دوُكاندار ئايال سىگارتىنى شوُرىغىنىچە سەت كوُلدى، پاشاخان ئوُنىـڭ دىگىنىنى بىرىـپ هورموُنلوُق دوُرىنى ئـالغاندىن كېيىن دەرهال بوُ ئىپلاسلىق قايىنىغان كوچىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسـى ئەتتىگەندە گېنىرال ئادىتى بوُيىچە ماشـىنا بىلەن ئىشـقا كەتكەنـدىن كېيىن داچىنىڭ دەرۋازا ئالدىغا يېقىنراق يەردە ئىككى بالا بىر توپنى تالىشىـپ ئوُروُشـوُپ كەتتى، ياشـتا چوڭراق بىر بالا ئوُزىدىن كىچىك بىر بـالىنى بوُزەك قىلىـپ ئوُنىـڭ توُپىنى تـارتىۋالغـان ئىـدى، كىچىكراق بـالا يىغلاپ كەتكىنىچە بىر دەمـدە ئـاكىسـنى بـاشـلاپ ئەكەلدى، جىدەل چوڭايدى، بوُزەك بولغان بالىنىڭ ئاكىسـى هايىنى-هوُيت دىگوُچە ئوُكىسىنىڭ توُپىنى ئېلىۋالغان بالىنى ئاسـتىغا بېسـىپ راسـا سـالـدى، تـاياق يىگەن بالىنىڭ بوُرنىدىن چىققان قان ئوُنىڭ يوُزىنىڭ هەممە يىرىگە سـوُۋوُلوُپ چىرايى توُنوُغوُسـىز بولوُپ كەتتى، دەرۋازا ئالدىدىكى ئەتىدىن بىرى بوُ جىدەلنى باشتىن ـ ئاخىرى كوُروُپ توُرغـان قـاراۋوُل ئەسـكەر ئـاخىرى تـاقەت قىلالمـاي يوُگىرەپ بېرىـپ باللارنى سىلكىشلەپ ئايرىۋەتتى.

ئەسلىدە بوُ ئىشلارنىڭ هەممىسىنى گېزىتچى بالا ئوُروُنلاشتوُرغان بولوُپ قاراۋوُل دەرۋازا توُۋىدىن ئايرىلغان دەل موُشـوُ پەيتتە گېزىتچى

بالا غىپپىدە دەرۋازىدىن كىرىپ كەتتى. ئۇ يىشىللىق قاپلىغان گۈلللۈكلەرنىڭ ئارىسىدىكى چېغىر يوللاردىن مېڭىپ ئۆتۈپ ھەشەمەتلىك ئۆيىنىڭ چوڭ زالىدىكى ئەينەك دەرىزىلەردىن زالنىڭ ئىچىگە قارىدى، زالدا راستىنلا بىر تال پاخپاق كۈچۈك ئويناپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا يېقىنراق يەردە بىر ئۆي خىزمەتچىسى مېڭىپ يۈرۈپ بىر ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى. بالا بىردەم ساقلاپ قاراپ تۇردى، ئۆي خىزمەتچىسى ياندىكى بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى، بالا دەرھال پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ زالنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ قولىدىكى بىر پارچە خام گۆشنى پاخپاق ئىتقا تەڭلەپ پەسراق ئاۋازدا ئىسقىرتتى.

ئۇماق ئىت بالىنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ كەلدى، بالا ئىتنى كۆتۈرۈپلا دەرۋازا تەرەپكە يول ئالدى، پاخپاق كۈچۈك بۇ داچىدىن چىققىنىغا خوش بولغاندەك قۇيرىقىنى شىپاڭشىتىپ ئۇنىڭ قۇچىقىدا غىڭ قىلماي ياتتى. دەرۋازا ئالدىدىكى قاراۋۇل جىدەللىنى ئايرىۋېتىپ ئورنىغا كىلىپ تۇردى، ھېلىقى باللاردىن بۇرنى قانىغان بالىمۇ دەرھال ئۆيىگە كەتتى، ئاكا-ئۇكا ئىككى بالا بولسا جىدەل چىقارغان يەردىن كەتمەي ھېلىھەم توپ ئوينىشىۋاتاتتى. . .

مۇشۇ تاپتا ھېلىقى تاياق يىگەن بالا يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ئېرىقنىڭ بويىدا مۈكۈپ تۇرۇپ گېزىتچى بالىنى زەن سېلىپ كۈزىتىۋاتاتتى، گېزىتچى بالا ئىتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ قاراۋۇلنىڭ كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن دەرۋازىغا يېقىن يەردە مۈكۈپ تۇردى، ھېلىقى بالا ئۇنىڭ چىققانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئالدىن-ئالا دېيىشىۋالغىنى بويىچە ئۇزۇن بىر گال پىچاقنى كۆتۈرۈپ يەنە ئىككى بالىنىڭ ئالدىغا قايتىدىن جىدەللەشكىلى ۋاقىراپ كەلدى، ئاكا-ئۇكا ئىككەيلەن پىچاقتىن قورقۇپ قاراۋۇلنىڭ قېشىغا بېرىۋالدى، پىچاق كۆتۈرىۋالغان بالا ھازىرلا ئاكا-ئۇكا ئىككىسىنى

ئۆلتۈرۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا باللارغا ئۆزىنى ئاتتى. قاراۋۇل ئەسكەر ئۇلارنى ناھايىتى تەستە ئاجراتتى. . . گېزىت ساتىدىغان بالا بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قۇچىقىدىكى ئۇماق ئىتنى كۆتۈرگىنىچە دەرۋازىنىڭ كىچىك ئىشىكىدىن يەنە بىمالال چىكىتىۋالدى.

پاششاخان گېزىتچى بالا بىلەن دىيىشكەن جايدا دەل ۋاقتىدا مالنى قۇلىغا تاپشۇرۇپ ئېلىپ بالىنى ئۇبدان رازى قىلدى، بالا ئۆمرىدە بۇنداق جىق پۇلنى كۆرۈپ باقمىغچقا پاششاخانىنىڭ يېنىۋېلىشىدىن قورقۇپ پۇلنى ئېلىپلا دەرھال تىكىۋەتتى.

گېنىرالنىڭ خانىمى قېرىق ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان چىرايلىق ئايال ئىدى، ئۇلارنىڭ ئىككى قىزى بولۇپ چوڭى ئون يەتتە ياشلاردا، كىچىكى ئون بەشلەردە ئىدى، ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئامېرىكىدىكى بىر ياتاقلىق مەكتەپتە ئۇقۇيتتى، گېنىرال ئەتىدىن كەچكىچە خىزمەت ئىشى بىلەن ئالدىراش يۈرگەچكە خانىم بۇ پاخپاق ئىت بىلەن كۈن بۆيى بىرگە بۇلاتتى شۇ سەۋەپتىنمۇ ئۇ بۇ ئىتنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى، خىزمەتچىلەر ئىتنى ئىزدەپ داچىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىنى قالدۇرماي ئاختۇرۇپ باقتى، خانىمنىڭ گېلىدىن تاماقمۇ ئۆتمىدى، گېنىرال مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ كوچا-كويلارغىچە ئىزدەپ باقتى، ئىت تېپىلمىدى.

ئۈچ كۈنگىچە خانىم ساراڭدەك بولۇپ ياستۇقتىن بېشىنى كۆتۈرمەي يىغلىغانچىلىك قىلدى. تۆتىنچى كۈنى سەھەردە خانىم ھوجرىسىدا ئۇماق ئىتنى ئويلاپ ئولتۇرغاندا تۇيۇقسىز ئۆي خىزمەتچىسى ئايال كۆلگىنىچە يۈگۈرۈپ كىرىپ خانىمغا خوشخەۋەر يەتكۈزدى.

- خانىم ئاق مارجان ئۇ تېپىلدى!

- نىمە. . . نىمە دېدىڭ ئاق مارجان ئۇ ھاياتمىكەن؟

خانىم خوش بولغىنىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ خىزمەتچىنىڭ ئالدىغا باردى.

- ئاق مارجان قېنى، ئۇ نەدە؟

- ئۇنى بىر يىگىت گۈللۈكتە تۇتۇپ تۇرىدۇ. . . - دەپ خىزمەتچى ئالدىراپ خانىمنى ئېلىپ ماڭدى.

خانىم گۈللۈكتە بۇرۇتى ئەمدى خەت تارتقان چىرايلىق بىر يىگىتنىڭ ئاق مارجاننى قۇچىقىدا تۇتۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدىن تولۇپ تاشتى. ئاق مارجانمۇ خانىمغا بەكلا ئامراق ئىدى، ئۇ خانىمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ پاششاخانىنىڭ قۇچىقىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئۆزىنى خانىمغا ئاتتى، خانىم كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ ئاق مارجاننى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدى. . .

بىردەملىك ئانا-بالىنىڭ قىزغىن كۆرۈشۈشىدىن كېيىن خانىم يىگىتكە رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى.

- سىزگە نېمە دەپ رەخمەت ئېيتسام بولار يىگىت، ئاق مارجان سىزگە قانداق بولۇپ ئۇچراپ قالدى؟ - دېدى خانىم پاششاخانغا قولىنى سۇنۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەچ.

- تۆنۈگۈن كۈچىدا كېتىۋاتسام، قېرى بىر ھاراقكەش بۇنى ئالغىن دەپ تۇرىۋالدى، پۇلىسىنى سورسام ئاسماندا گەپ قىلدى، قارىسام بۇ ئاق مارجىنىڭىز شۇنداق ئۇماقكەن ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ يېنىمدا بار پۇلنىڭ ھەممىنى چىقىرىپ بۇنى سېتىۋالدىم، ئەتتىگەندە بويىنىغا زەنجىر سېلىپ يولدا يېتىلەپ مېڭىۋاتسام، ئاق مارجان ئۆزى مۇشۇ تەرەپكە مېڭىپ مىنى بۇ يەرگە باشلاپ ئەكەلدى. . . - دېدى پاششاخان ئايتاپتەك كۆلۈپ تۇرۇپ يالغاننى راستەك قىلىپ.

- يۇرۇڭ ئۆيگە كىرەيلى، سىز مىنى ئاجايىپ خوش قىلىۋەتتىڭىز، سىزنى نېمە دەپ ئاتايمەن يىگىت؟ - خانىم پاشىشاخاننىڭ قولىدىن تارتىپ ئۇنى زالغا باشلىدى.

- ئىسمىم ۋىلادىمىر سىرىيىرووۋىچ خانىم، ۋىلادىمىر دەپ ئاتاۋىرىڭ، ـ دېدى پاشىشاخان زالدىكى يۇمشاق سافادا تارتىنىپ ئولتۇرغان هالدا.

ئۆي خىزمەتچىسى ئايال ئاڭغىچە چاي كۆتۈرۈپ چىقىپ ئۇلارنىڭ يېنىدا تەق بولۇپ تۇردى.

- قېنى مەن سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن چاي تۇتاي ۋىلادىمىر، سىز قەيەردە تۇرىسىز؟ نېمە كەسىپ قىلىسىز؟، - خانىم پاشىشاخانغا ناهايىت قىزىققان هالدا ئۇنىڭغا قىزغىن مۇئامىلە قىلىۋاتاتتى.

- مەن يىراق سەهرادىن ئىش ئىزدەپ كەلگەن خانىم، شەهەردە بىر تاغام بار ئىدى، -دېدى پاشىشاخان بىچارە قىياپەتتە خانىمنىڭ ئۆزىگە هىسداشلىقىنى قوزغاش ئۈچۈن ـ ئۇ بىر كاتتا باينىڭ داچىسىدا ماڭا ئۆي خىزمەتچىلىكىنى تېپىپتىكەن لېكىن ئۇ يەردە ئىشلىگۈسى بارلاردىن مەن يالغۇز ئەمەسكەن، ئۇ يەرگە تىزىملاتقانلاردىن بەش-ئالتىمىز بار ئوخشايمىز، ئەمدى ئالدىمىزدىكى ئايدا هەممىمىزدىن ئەملىيەتتىن ئىمتاهان ئالىدىغان ئوخشايدۇ. . .

- هەي سىزدەك بىر يىگىت ئۆي خىزمەتچىلىكىگە زايا كىتىسىز ئەمەسمۇ؟- دېدى خانىم پاشىشاخاننىڭ كىلىشكەن بوي-بەستى هەم چىرايىغا قاراپ ئىچى ئاغرىتىپ - مەن بۇ يەرگە ئېلىپ قالاي دىسەم يولدىشىم هەربىي ئەمەلدار بولغاچقا بىزنىڭ ئۆيگە كىلىدىغان خىزمەتچىنى باش شتاپ ئۆزى تەكشۈرۈپ ئۆزى تەخسىملەيدىكەن، بولمىسا يېقىنلىرىمغا دەپ سىزگە باشقا بىرە ئىش تېپىپ بىرەيمۇ

ۋىلادىمىر ئەپەندى؟

- رەھمەت خانىم، دادام بەكلا جايىل ئادەم، ئۇمۇ ئۆي خىزمەتچىسى ئىدى، مۇشۇ ئىشنى قىلمىساڭ بولمايدۇ دەپ تۇرىۋالدى. . .

- ئەمدى قانداقمۇ قىلامىز؟-دىدى خانىم تەڭلىك تارتقان ھالدا.

- ناۋادا خانىمغا ئىغىر كەلمىسە بىر تەلىۋىم بار ئىدى، ئىيتسام بۇلامۇ؟

- ھە دەۋىرىڭ يىگىت! ـ دىدى خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ پاشىشاخاننى قوللاپ.

- ناۋادا ماقۇل كۆرسىڭىز داچىڭىزغا كۈندە ئەتتىگەن كىلىپ ئۆي خىزمەتچىلىرىدىن بەزى قائىدە-يۇسۇنلارنى ئۈگۈنىۋالسام كەچكە يىقىن قايتىپ كەتسەم، ئىككى ھەپتە ئىچىدە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىۋالاتتىم، ئۇچاغدا ئۇلارنىڭ داچىسىغا كىرىپ ئىشلىشىمگە گەپ كەتمەيتتى. سىزنىڭچە بۇلامۇ خانىم؟

- ھە. . . بۇغۇ ئاسان گەپكەن، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنى مەن بىزنىڭ گىنىرالنىڭ سەمىگە بىر سېلىپ قۇياي، ئەتە ئەتتىگەندە ئۇ ئىشقا مىڭىشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە كىلىپ بۇلۇڭ، سىزگە چۇقۇم ياخشى جاۋاپ قايتۇرىمەن!

پاششاخان خانىمغا رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ ئورنىدىن تۇردى، خانىم يانىدىكى سومكىدىن بىر قىزىل پورتمالنى ئىلىپ ئىچىدىن بىر تۇتام پۇلنى سۇغۇرۇپ پاششاخانغا تەڭلىدى، پاششاخان ئادىمىگەرچىلىك قىلىپ پۇلنى ئالغىلى ئۇنىمىدى، خانىم جاھىللىق بىلەن ئۇنىڭ قۇلىغا بۇ پۇللارنى تۇتقۇزۇپ ئالمىسا خاپا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئىيتتى، پاششاخان پۇلنى تەستە ئالغان بولۇپ خانىم بىلەن خوشلىشىپ داچىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى سەھەردە پاششاخان داچىنىڭ ئالدىغا كىلىپ قاراۋۇل ئەسكەرگە ئەھۋالنى ئېيتتى، قاراۋۇلنىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بار ئىدى، ئۇ پاششاخاننى كىرگۈزىۋەتتى. پاششاخان گۈللۈكتە خانىمنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ تۇراتتى، شۇ تاپتا ھەيۋەتلىك ھەربىي فورمىلىرىنى كىيگەن ھەيدەر ئالتە قولنىڭ قاتىلى، تۈركمەنىستاننى ئۇچۇق-ئاشكارا بۇلاڭ-تالاڭ قىلغان قاراقچىلارنىڭ بىرى بولغان گېنىرال گىرىگىرووۋىچ خىزمەت سومكىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئالدىراش چىقىپ كەلدى، ئۇ ئىشىك تۈۋىگە چىقىپ گۈللۈكتە ساقلاپ تۇرغان پاششاخاننى كۆرۈپ خانىمنى چاقىردى.

- ئەشۇ يىگىت شۇمۇ؟ -دېدى گىنىرال خانىمغا پاششاخاننى مەنىستىمەسلىك بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

- ھەئە ئەشۇ يىگىت شۇ! - دېدى خانىم ئىرىگە قاراپ كۈلۈپ.

- بۇياققا كەل يىگىت! - دېدى گېنىرال مۇغەمبەرلىك بىلەن پاشاخاننى يېنىغا چاقىرىپ.

پاششاخان يۈگۈرەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

- سەن ئائىلىمىزگە زور خىزمەت كۆرسەتتىڭ، قائىدە بويىچە بىزنىڭ بۇ تۇرالغۇمىزغا بىزنىڭ توققانلىرىمىزمۇ كىرەلمەيتتى، خانىمىمنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سىنى ئىككى ھەپتە بۇ يەردە ئېلىپ قالايلى، كۈزۈڭنى ئېچىۋال!- دەپ سۇغۇق كۈلدى گېنىرال ماڭغىنىچە.

- رەھمەت گېنىرال! - دېدى پاششاخانمۇ خوش بولغان قىياپەتتە.

شۇنداق قىلىپ پاششاخان ئۆي خىزمەتچىسىگە ياردەملىشىپ قۇلىقى يۇمشاق پىراكتىكا ئۇقۇغۇچى بولۇپ ئىشقا چۈشۈپ كەتتى، ئۇ ئۆي ئىشلىرىنى قىلىش جەريانىدا خانىم بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇردى، گېنىرال ئۆزى سىرىتتا تۇلا ئويناپ يۈرۈيدىغان ئەخلاقسىز كىشى

بولغاچقا خانىمى بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقىمۇ مەيلى يوق ئىدى، بىچارە خانىم بارلىق دەرتنى ئىچىدە ساقلاپ يۈرەتتى، ئۇمۇ ساغلام ياش ئايال كىشى بولغاچقا ئەرلەرنىڭ يېنىغا كىلىشنى خالايتتى. . . ئەپسۇسكى بۇ ئائىلىنىڭ ئىناۋىتى ناھايىتى يۇقىرى بولغاچقا خانىم ئىرىنىڭ يۈزىنى تۆكۈشنى خالىمايتتى. . . خانىم پاششاخان بىلەن پاراڭلىشىش جەريانىدا بارغانسىرى ئۇنىڭغا ئىجىل بولۇپ كەتتى. . .

چارشەنبە كۈنى سەھەردە پاششاخان گېنىرالنى يولغا سېلىپ قويۇپ زالغا ئەمدى كىرىپ ئولتۇرۇشى تولۇق قۇراللانغان بىر ھەربىي يىگىت زالغا كىرىپ كەلدى. پاششاخان ئۇنىڭ خانىمنى قوغداپ سىرىتقا چىقىدىغان ھەربىي شوپۇر ئىكەنلىكىنى ئۇبدان بىلەتتى. پاششاخان ئاشخانا ئۆيدىن بىر ئىستاكان قىززىق چاينى ئېلىپ چىقىپ ھەربىي يىگىتكە تۇتتى، يىگىت ئوتتۇزلارنىڭ قارىسىنى ئالغان قارىماققا ناھايىتى تەكەببۇر ھەربىي ئىدى، ئۇ پاششاخاننىڭ بەكلا قاملاشقان بالا ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ قەستەن ئۇنىڭ چېيىنى ئالمىدى.

پاششاخان مېيىغىدا كۈلۈپ چاينى ئۇنىڭ ئالدىدا قاپ قويۇپ ياندىكى بىر ئىستاكان ھەسەل ئارلاشتۇرۇلغان سۈتنى ئېلىپ خانىمنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئىشىكىنى يىنىك چەكتى، خانىم ئۇخلاش كىيىمى بىلەن چېچىنى تارىۋاتاتتى، خانىم ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىلدى، پاششاخان كىرىپ پەتنۇس بىلەن سۈتنى خانىمغا تەڭلەپ تۇرۇپ شوپۇر يىگىتنىڭ ساقلاپ قالغانلىقىنى ئېيتتى. خانىم پاششاخانغا كۈلۈپ قاراپ سۈتنى پاك-پاكىزە ئىچىۋەتكەندىن كېيىن چېچىنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى، ئارىدىن نەچچە مىنۇت ئۆتە-ئۆتمەي دەرۋەقە سۈتكە ئارلاشتۇرۇلغان ھورمۇنلۇق دورا تەسىرىنى راستىنلا كۆرسىتىشكە باشلىدى، خانىم ئۆزىچە كۈلۈپ كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا پاششاخانغا سەپ

سېلىشقا باشلىدى، پاششاخان بۇنى سىزىپ چاندۇرماي ئىشىكتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ شوپۇر يىگىتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى خانىمنىڭ چاقىرغانلىقىنى ئېيتتى، شوپۇر يىگىتمۇ گەۋدىلىك ھەم قاملاشقان كىشى ئىدى، ئۇ ئۇدۇل خانىمنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشىكنى چەكتى، خانىم ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت بەردى، خانىم ئاڭغىچە بىر قىسما بولۇپ كۆزى خۇمالىشىپ كارۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆزىنىڭ زادى نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي بېشى قايغانداك بولۇپ ياتقان ئىدى.

شوپۇر يىگىت ياتاق ئۆيگە كىرىپلا خانىمنىڭ ئۇخلاش كىيىمى بىلەن نازلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ سەل جىددىلىشىپ قورقۇپ قالدى لېكىن خانىمنىڭ ئۇخلاش كىيىمىدىن يېرىمى چىقىپ تۇرغان دۈمبىدەك ئاپئاق تولغان كۆكسىگە قاراپ يۈرىگى سەل-پەل ئويناپ قالدى، خانىم تۈنجى قېتىم شوپۇرنىڭ نەقەدەر قاملاشقان يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك ئۇنىڭغا قايتىدىن زەن سېلىشقا باشلىدى، شوپۇر خانىمغا راستىنلا بەك قاملاشقان كۆرۈنۈپ كەتتى، ئۇ شوپۇر يىگىتكە قاراپ ئىللىق كۈلدى، ئاندىن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئۆزى بېرىپ يېپىپ قويۇپ شوپۇرنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالدى. . .

بىرە سائەتلەرگە قالماي شوپۇر يىگىت ھالسىزلانغان ھالدا خانىمنىڭ ھوجرىسىدىن چىقتى، خانىممۇ بىردەمدىن كېيىن كۆڭلى ئىنتايىن خوش ھالدا زالغا پەيدا بولدى. . . ئۇلار بىر-بىرىگە كۆز بېقىشىپ يېڭى مۇھەببەتلەشكەن بىر جۇپ ئاشىق-مەشۇقتەك ئاق مارجاننى كۈتۈرۈشۈپ سىرتقا مېڭىشتى. ئىشلار پاشاخاننىڭ پىلانىدىكىدەك ئوڭۇشلۇق كىتىپ بېرىۋاتاتتى.

يەنە بىر چارشەنبە يېتىپ كەلدى، بۇ پاششاخانغا نىسبەتەن ئەڭ ئاخىرقى ھەم ئەڭ مۇھىم كۈن ئىدى.

گېنېرال يەنىلا ئادەتتىكىدەك ئىشقا ماڭدى لېكىن بۇ قېتىم ئۇ خىزمەت سومكىسىنىڭ ئورنىغا ئۆيىدىكى تامغا ئورنۇتۇلغان چوڭ بىخەتەر ساندۇقتىن تۆت ئەتراپى تۆمۈردىن ياسالغان كىچىك تۆمۈر چامادانىنى ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ كىچىك تۆمۈر چامىدانىنى سول قۇلىغا كويزا بىلەن چېتىۋېلىپ ماڭغىنىدىن قارىغاندا چامىداندا ئالتۇندىنمۇ ئەتىۋا قانداقتۇ بىرە بايلىق باردەك قىلاتتى. گېنېرال چوڭ دەرۋازا ئالدىغا چىقىشى ھېلىقى مۇغەمبەر شوپىر يىگىت گېنېرال بىلەن سالاملىشىپ گۈللىكتىن كىرىپ كىلىۋاتاتتى. . . پاششاخان يانچۇق سائىتىگە قارىدى، گېنېرال يېرىم سائەتتىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىشتاپتىكى ئىشخانىسىغا بارالايتتى. . .

شوپىر يىگىت زالغا كىرىپ ئۇدۇل خانىمنىڭ ھوجرىسىغا كىرمەكچى بولدى چۈنكى ئۇلار ئالدىنقى چارشەنبە كۈنى بازاردا شۇنداق پۈتۈشۈپ بولغان ئىدى. . .

- خانىم سىزنى بىردەم گۈللۈكتە تۇرۇپ تۇرسۇن، مەن چاقىرغاندا ئۇدۇل ھوجىرامغىلا كىرسۇن دەيدۇ! ـ دېدى پاششاخان ھويلىدىكى گۈللۈكتە شوپۇرنىڭ ئالدىنى تۇسۇپ.

شوپۇر«ھوجىرامغىلا كىرسۇن!» دىگەن سۆزنى ئاڭلاپ بۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ قەدىمىنى توختىتىپ گۈللۈكنى تەقەززالىق بىلەن ئايلىنىشقا باشلىدى.

پاششاخان قەدىمىنى ئىتتىك ئېلىپ ئاشخانىغا كىرگەندىن كېيىن ئىلگىركىدەك سۈت بىلەن ھەسەلنى تەييار قىلىپ تەق قىلدى، ئاندىن سائىتىگە قاراشقا باشلىدى پاششاخانىنىڭ يۈرىگى مۇشۇ تاپتا سائەتنىڭ سېكونىت ستىرىلكىسىدىنمۇ تىز سېلىۋاتاتتى. . .

ئون مىنۇت. . . يىگىرمە مىنۇت. . . ئوتتۇز مىنۇت. . . گېنېرال

ئالاھىزەل ئىشخانىسىغا يىتىپ باردى. پاشىشاخان خانىمنىڭ ئىشىگىنى چىكىپ «ھەسەل ئارلاشتۇرۇلغان سۈت» نى خانىمغا ئەكىرىپ بەردى، بۈگۈن خانىم ئەڭ چىرايلىق ئۇخلاش كىيىمى بىلەن ئۆزىگە گىرىم قىلىپ ئولتۇرغان ئىدى، ئۇ پاشىشاخاننى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ خوشلىقىنى ئۇنىڭغا بىلدۈرمەي شوپۇرنى ئالدىراپ سورىدى، پاشىشاخان ئىشلارنىڭ تېخىمۇ ئۇڭۇشلۇق بولىشى ئۈچۈن سۈتنى خانىمغا تەڭلەپ تۇرۇپ شوپۇرنىڭ گۈللۈكتە ساقلاپ قالغانلىقىنى ئېيتتى، خانىم سۈتنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ تۇرۇپ شوپۇرنى چاقىرىۋېتىشنى ئېيتتى.

شوپۇر بۇ قېتىم خانىمنىڭ ئىشىگىنى چەكمەيلا كىرىپ كەتتى. . .

پاشىشاخان خانىمنىڭ ھوجرىسىغا يىراق بولغان زالدىكى تېلفۇن تورۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ گېنىرالنىڭ ئىشخانىسىنىڭ نومۇرىنى بۇراشقا باشلىدى.

- ۋەي! گېنىرال ژاكوف پىرايىۋىچما؟

- ياق مەن كاتىپى!

- ئۇنىڭ بىلەن جىددى كۆرۈشمەكچى ئىدىم، چاقىرىپ قويغان بولسىڭىز. . !- دەپ قەستەن ھاسىراپ سۆزلىدى پاشىشاخان.

- سىز كىم؟

- مەن ئۇنىڭ ئۆي خىزمەتچىسى، تىز بولۇڭ جىددى ئىش چىقىپ قالدى!

كاتىپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئىشىكتىن ئەمدىلا كىرگەن گېنىرالغا تېلىفۇننىڭ تورۇپكىسىنى دەرھال سۇندى.

- ۋەي، مەن پىرايىۋىچ، نېمە ئىش بولدى؟

- ۋەي. . . گېنىرال بۇ سىزمۇ. . . دەرھال ئۆيگە كىلىڭ مەن

ۋلادىمىر. . . سىزنىڭ ھېلىقى مايۇر شوپۇرىڭىز ئۇ قىپقىزىل ساراڭكەن. . .

- ۋەي نېمە دېدىڭ، شوپۇر ئۇ. . . ئۇ نېمە بۇپتۇ؟- دەپ قايتىلاپ ۋاقىردى گېنېرال پاشىشاخانىنىڭ ھاسىراپ ـ ھۆمدەپ ئېيتقان ئاۋازىدىن جىددىيلىشىپ.

- گېنېرال. . . چاتاق چىقتى. . . ئۇ شوپۇر. . . خانىمغا تاپانچىسىنى تەڭلەپ. . . ھوجرىسىغا تارتىپ ئەكىرىپ كەتتى. . .

گېنېرال ئىشخانىسىغا ئەمدى كىلىپ قۇلىدىكى تۆمۈر چامادانىنى تېخى ئاجراتمىغان ئىدى، ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ غەزەپتىن ئىشتىنىغا چىقىرۋەتكۈدەك بولۇپ كەتتى، ئۇ تۆمۈر چامادانىنى قۇلىدا تۇتقان پېتى چاقماق تېزلىكىدە ماشىنىسىغا چىقىپ شۇپىرىغا داچىغا قاراپ تېز ھەيدەشنى بۇيرۇق قىلدى، شوپىر گېنىرالنىڭ ئۆڭۈپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ ماشىنىنى ئۇچقاندەك تېز ھەيدىدى، گېنېرال يېنىدىكى تاپانچىسىنى ئۆيىگە بارغۇچە نەچچە قېتىم ئېلىپ نەچچە قېتىم سالدى، گېنىرالنىڭ نەزىرىدە ماشىنا شۇنداق ئاستا مېڭىۋاتقاندەك بىلىنەتتى. . .

ماشىنا يىگىرمە مىنۇتقا قالماي داچىنىڭ دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى، پاشىشاخان زالنىڭ دەرىزىسىدىن ھويلا گۈللۈكىدە غەزەپتىن ئالچاڭلاپ كىلىۋاتقان گېنىرالنى كۆرۈپ يۈگۈرگىنىچە خانىمنىڭ ھوجرىسىغا كىردى، شۇپىر يىگىت خانىمنىڭ ۋىسالىغا يىتىش ئالدىراشچىلىقىدا ئىشتان ـ كۆينەكلىرىنى ئىشىكنىڭ تۈۋىگە يېقىنراق يەرگە سېلىپ قۇيۇپلا خانىم بىلەن يۆگىشىپ كەتكەن ئىدى، پاشىشاخان ئالدى بىلەن يەردىكى كەمەرگە ئېسىلغان تاپانچىنى غىلابىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ شوپىر يىگىتكە ئۈنلۈك ۋاقىردى.

- خانىم!. . . ئىش چاتاق گېنىرال كەلدى!

- كىم ؟. . . كىم كەلدى؟ - دېدى شوپۇر بېشىنى يوتقاندىن چىقىرىپ ئىشەنمىگەندەك پاشىخانغا بۇرۇلۇپ قاراپ.

ئاڭغىچە خانىم قورقۇپ چىيقىراپ يوتقانىنىڭ ئىچىگە تېخىمۇ مەھكەم كىرىۋالدى.

- ئەنە قاراڭ، گېنىرال ئۇ. . ئۇ قۇلىدا تاپانچا كۆتۈرۈۋاپتۇ! - پاشىخان شۇنداق دەپ يانغا تۇرۇپ بەردى.

خانىمنىڭ ھوجرىسىدا تۇرۇپ زالنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەن ئادەمنى كۆرگىلى بولاتتى، شوپۇر يىگىت گېنىرالنىڭ راستىنلا قولىدا تاپانچا تۇتقان پېتى زالغا كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ تىترەشكە باشلىدى.

- ھەي مايۇر نېمە تىترەيسىز، تاپانچىنى دەرھال بەتلەڭ، تىز بولۇڭ، بولمىسا ئۆلگۈرەلمەيسىز؟ - پاشىشاخان شۇنداق دىگەچ قولىدىكى تاپانچىنى دەرھال قورقۇپ گاڭگىراپ كەتكەن شوپۇرغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

شوپۇر يىگىتمۇ دەرھال تاپانچىسىنى بەتلەپ تەييار قىلدى.

ئاڭغىچە پاشىشاخان يەردىكى شوپىرنىڭ ئىشتان-كۆينەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قولىدا پومىداقلاپ تۇتقىنىچە ئىشىكنى يېپىۋېتىپ گېنىرالنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ ماڭدى، گېنىرال زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئېشىپ خانىمنىڭ ھوجرىسىغا يېقىنلاپ قالغان ئىدى، پاشىشاخان گېنىرالنىڭ ئالدىغا يۈگرەپ چىقىپ قولىدىكى كىيىم-كىچەكلەرنى گېنىرالغا كۆرسەتتى.

- گېنىرال! مايۇر ئۇ بىر ساراڭكەن، ئۇ قولىغا تاپانچىنى ئېلىۋېلىپ بىچارە خانىمنى قىيناپ ئۆلتۈرەي دەپ قالدى. . . !- پاشىشاخان ئوتنىڭ ئۈستىگە ياغ چېچىۋاتاتتى.

- هۇ ئىتنىڭ بالىسى! سىنى قانداق قىلىدىكەنمەن!، - گېنېرال تاپانچىسىنى بەتلىگەن پېتى خانىمنىڭ ئىشىكىنى غەزەپ بىلەن تەپتى. دىگەندەك شوپۇر قولىدا تاپانچىسىنى تۇتقان ھالدا كارۋاتتا يالىڭاچ پېتى تىترەپ لاغىلداپ تۇراتتى، گېنېرال بۇنى كۆرۈپ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلىدى، گېنېرال تاپانچىسىنى شۇنداق كۈتۈرىشىگە قورققان ئاۋال مۇشت كۈتىرەپتۇ دىگەندەك شوپۇر يىگىت ئالدى بىلەن گېنېرالغا ئوق ئۈزۈپ تاشلىدى، ئوق جايىغا تەگمىگەن ئىدى، گېنېرال شوپۇرغا قارىتىپ ئوق ئېتىشقا باشلىدى، شوپۇر يىگىتمۇ ئۆلچەملىك ھەربىي بولغاچقا گېنېرالنى چەنلەپ قالايمىقان ئېتىۋەردى. . .

ئاشخانا ئۆيدىكى خىزمەتچىلەر خانىمنىڭ ھوجرىسىدىن چىققان قالايمىقان ئوق ئاۋازىدىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ نەخ مەيداننى كۆرۈپ بىرى شۇ يەردە ئايلىنىپ كەتتى، يەنە بىرى چىيقىراپ بېرىپ يوتقان ئىچىدە مۈكۈپ ياتقان خانىمنى يوتقاننىڭ سىرتىدىن قۇچاقلىۋالدى، يەردە گېنېرال قان قۇسىقىنچە جان تالىشىۋاتاتتى. . . كارۋاتتىكى شوپۇر يىگىت بولسا ئاللاقاچان ئاندىن تۇغما ھالدا ملىق-ملىق قان ئىچىدە كۆزى ئۇچۇق كىتىپ بولغان ئىدى.

پاششاخان كۆزى قانغا تولغان ھالدا ئاشخانا ئۆيدىكى گۆش پارچىلايدىغان كىچىك پالتىنى كۈتۈرۈپ خانىمنىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ كەلدى، گېنېرالنىڭ ئاغزىدىن تېخىچە توختىماي قان كىلىۋاتاتتى، ئەمدى ئۇنىڭ پۈت-قولىنى مىدىرلىتالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئوق ئۇنىڭ ئەجەللىك يىرىگە تەگمىگەندەك قىلاتتى، گېنېرال بار كۈچىنى يىغىپ كۆزىنى پولتايتقىنىچە پاششاخانغا تىكىلىپ بىرنىملەرنى دىمەكچى بولدى:

- سەن. . . سەن. . . ؟

گېنىرالنىڭ ئاۋازى ئاران-ئاران چىقاتتى.

- مەن ھەيدەربەگنىڭ دوستى!- دېدى پاششاخان تۈركمەن تىلىدا ئاچچىق كۈلۈپ تۇرۇپ.

- قا. . . قا. . . قايسى. . . ؟

گېنىرال تۈركمەنچىنى پىششىق بىلەتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى چۈشۈپ نەپەس ئېلىشى بارغانسىرى قېيىنلىششقا باشلىدى.

- سەن تۈركمەنىستاندا ئىككى تال پۇل ئۈچۈن ئېتىۋەتكەن ھېلىقى بالىچۇ؟ ئېسىڭگە كەلدىمۇ گېنىرال!، - دېدى پاششاخان غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىنلاپ تۇرۇپ، - ساڭا ھەممىنى دەپ بېرەي! مەن ئەشۇ ھەيدەربەگنىڭ دوستى، ساڭا دىسەم گېنىرال، پاختا ئىسكىلاتىڭغا ئوت قويغىنىمۇ، سىنى ھازىرقى ھالغا چۈشۈرگىنىمۇ مانا مەن! بۇنى بىلەمسەن؟!

جاھاندا ئۆزىنى بىر چاغلايدىغان گېنىرالغا بۇ گەپ تېخىمۇ ھار كەلدى بولغاي ئۇ ئاچچىقتىن كۆزىنى چىڭ يۇمىۋالدى. پاششاخان مىڭلىغان تۈركمەن خەلقىنىڭ خۇن قەرزىگە تۇغۇلغان بۇ قانخۇر ھەربىي ئەمەلدارنىڭ بۇنداق ئاسان ئۆلۈشىنى ئەسلا خالىمايتتى، شۇڭلاشقا پاششاخان گىنىرالنىڭ يۇمۇلغان قىيسىق كۆزىنى قول بارماقلىرى بىلەن چىمداپ تۇرۇپ مەجبۇرى ئاچتى، ئاندىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا تېخىمۇ يىقىن كىلىپ تۇرۇپ رۇسچە كۇسۇرلاپ ئېيتتى:

- پالتامغا قارا، تۈركمەنلەرنىڭ قانداقلىقىنى ئەمدى كۆرىسەن!

گېنىرالنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ پاششاخاننىڭ قولىدىكى پالتىغا تىكىلگىنىچە ئۇنىڭدىن ئاخىرىقى قېتىم بىر قۇشۇق قېنىنى تىلمەكچى بولۇپ بىر نىمىلەرنى دەپ باقتى، لېكىن غەزەپكە كەلگەن پالتا ئۇنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قارىماي ھاۋاغا تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلدى، «گاچ. . .

گاچ» قىلغان ئۈچ قېتىملىق ئاۋازدىن كېيىن گېنىرالنىڭ قېنى ھوجرا تېمىغا پونتاندەك چاچراپ بېشى بىر تەرەپكە دومىلاپ كەتتى. قورقىنىدىن لاغ-لاغ تىترىگەن ئايال مۇلازىم پالتا بىلەن چېپىلغان باشنى كۆرۈپ كارۋات ئۈستىدە يوتقانىنىڭ ئىچىگە مۆكۈۋالغان خانىمنى قۇچاقلىغىنىچە ئۈنلۈك بىر چىيقىردى-دە شۇئان ھوشىدىن كەتتى.

پاششاخانىنىڭ ئاچچىغى تېخى يانمىغاندەك قىلاتتى، ئەمدىلىكتە ئۇ نىشاننى ئۆزگەرتىپ گېنىرالنىڭ قۇلىدىكى كويزىغا كۆچەپ ئۇردى، چۈنكى پاششاخان ئوغرى-قاراقچىلارنىڭ قولىدىكى بۇنداق «چامادان»لارنىڭ خېلى ياخشى نەرسىلىگىنى ئۇبدان بىلەتتى، تۆمۈر چامادانمۇ ئوخشاشلا ئۈچ پالتا بىلەن گېنىرالنىڭ قولىدىن ئاجرىدى.

پاششاخان قان ئىچىدە ياتقان باشسىز گەۋدىگە قاراپ مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى ئاندىن ئىككى كۆزى ئۇچۇق كەتكەن گېنىرالنىڭ ئىت بېشىغا ئېگىشىپ تۇرۇپ كۆچەپ بىرنى تۈكۈردى، ئۆز ۋاقتىدا ھەيدەربەگنىڭ كۆزى ئۇچۇق كەتكەن چاغدا بىر تال سارغايغان يۇپۇرماق ھەيدەربەگنىڭ يۈزىنى مېھرىبانلىق ۋە سېخىيلىق بىلەن يۆگىگەن بولسا ئەمدىلىكتە ئۆچمەنلىك ۋە قىساسقا تولغان پاششاخانىنىڭ تۈپرىگى بۇ ئىپلاس گېنىرالنىڭ يۈزىنى لەنەت سۈيى بىلەن تېخىمۇ سەتلەشتۈرگەن ئىدى.

پاششاخان تۆمۈر چامادانىنى ئېلىپ داچىدىن بىمالال چىقىپ كەتكەندىن كېيىن پىنھان بىر يەرنى تېپىپ بۇ تۆمۈر چامادانىنى ناھايىتى تەسلىكتە ئاچتى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى پۇل ياكى ئالتۇن بولماستىن يەتتە-سەككىز تامغۇ بېسىلىپ پىچەتلەنگەن بىر قەغەز ئارخىپ خالتىسى بولۇپ چىقتى، پاششاخان ئۇنىڭمۇ ئىچىنى ئېچىپ

قارىۋىدى ئۇنىڭ ئىچىدە بىر توپ يازما ماتېرىياللار بولۇپ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ئاتوم بومبىسىغا مۇناسىۋەتلىكتەك گەپلەردەك قىلاتتى. پاششاخان بۇ بىر زور ھەربىي مەخپىيەتلىك بولسا كېرەك دېگەننى ئويلاپ ماتېرىيالنى ئارخىپ خالتىسى بىلەن بىلىگە چېلەڭ تېگىپ تۆمۈر چامادانىنىڭ ئىچىنى تاش-شېغىل بىلەن تولدۇرۇپ كىچىك بىر كۆلگە تاشلاپ چۆكتۈرۈۋەتتى. ئاندىن بىر كىچىك چاچ ياسايدىغان دۇكاندىن مەخسۇس چاچتىكى بۇياقنى چىقىرىدىغان سۇپۇندىن بىر قۇتا ئېلىپ باغچىدىكى كىچىك ئېقىنلارنىڭ بىرىدە چېچىدىكى بۇياقنى يۇيۇپ چىقىرىۋېتىپ ئەسلىدىكى تۈركمەن ھالىتىگە قايتتى، ئۇ قانداقلا بولمىسۇن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك ئىدى، شۇڭا ئۇ ئاستانىگە قايتىشقا ئالدىرماي ۋەزىيەتنىڭ ئەھۋالىنى كۈزىتىپ باقماقچى بولدى.

ئەتىسى مۇسكۋانىڭ ئىچى زىلزىلىگە كەلدى، ۋىلادىمىر ئىسىملىك سېرىق چاچ رۇس يىگىتنىڭ قىياسقا ئاساسەن سىزىلغان رەسىمى كوچا-كوچىلارغا چاپلىنىپ تۇتۇپ بەرگەنلەرگە بېرىدىغان مۇكاپات سوممىسى كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى، مۇسكۋۋا تارىختىن بۇيانقى ئەڭ جىددى ھالەتكە ئۆتتى.

پاششاخان كۆڭلىدە «گېنىرالنىڭ بىر جېنى بۇ شەھەرنى بۇنچە بىسەرەمجان قىلىشى ناتايىن، گەپ مۇشۇ قولۇمدىكى ماتىريالدا بولمىسۇن يەنە؟» دېگەننى غىل-پال ئويلاپ چىقىپ ماتىريالنى باغرىغا تېخىمۇ چىڭ باستى، ئۇ شەھەرنىڭ كوچا-كويلىرىدىكى ساقچىلارنىڭ رۇس يىگىتلىرىنى بەكراق تەكشۈرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ كۆڭلى بىر ئاز ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ چېچىنى كەينىگە قارىتىپ تاراپ ئاز تولا قاتتۇرغاندىن كېيىن ئۈستىتۈشىنى تۈركمەنلەرنىڭ كىيىنىشىگە تېخىمۇ ماسلاشتۇردى.

ئۇ شەھەردىكى ئەرمەك ھايۋانلارنى ساتىدىغان سودا كوچىسىدىن ئاستى تەرىپى ياغاچ تاختايدىن ئۈستى ۋە ئەتراپى سىم توردىن ياسالغان بىردانە قەپەز ۋە بىر پاخپاق كۆچۈكنى سېتىۋالدى، ئۇ ياغاچچىلارنىڭ يېنىغا بېرىپ چوڭ-كىچىكلىكى قەپەزنىڭ ئاستىدىكى تاختاي بىلەن ئوخشاش بولغان ياغاچ تاختايدىن ئۈچ پارچىنى تىلدۇرۇپ نەخ مەيداندا ئۇلارغا ئىككى پارچە تاختاينىڭ ئوتتۇرىسىنى يېنىدىكى ماتېرىيالنىڭ چوڭلۇقىدا ھەرىدەپ ئويۇپ ئېلىۋاتقۇزدى.

پاششاخان بۇ نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ پىنھان بىر جايىنى تېپىپ بىلگە تاڭغان ماتېرىيال يېزىقلىرىنىڭ ھۆل نەرسىلەرنىڭ تىگىپ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قاتقات پىلاستىر خالتا بىلەن مەھكەم ئوراپ چىقتى ئاندىن ھېلىقى ئوتتۇرىسى ئويۇلغان ئىككى پارچە تاختىنى قەپەزنىڭ ئاستىدىكى تاختىنىڭ كەينى يۈزىگە مىخ بىلەن چاپلىدى، ئوتتۇرىسىدىكى كاۋاك يەرگە قۇلىدىكى ماتېرىيالنى سېلىپ دەل كەلتۈرگەندىن كېيىن يۈزىنى يەنە بىر پارچە تاختا بىلەن يېپىپ مىخ بىلەن مەھكەم چاپلىۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇ پاخپاق كۆچۈكنى قەپەزگە سولاپ شەھەرنىڭ كوچىلىرىدا بىمالال ماڭغىنىچە ئاستانىگە قاتنايدىغان ئۇزۇن يوللۇق بىكەتكە يېتىپ كەلدى، بىكەتنىڭ ئىچى تۇساق-تۇساق، ساقچى-ساقچى دىگەنلەرگە تۇشۇپ كەتكەن ئىدى، ساقچىلار پاششاخاننىڭ يېنىنى تەپسىلى ئاختۇرغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆتكۈزىۋەتتى، قەپەزدىكى كۆچۈك بىلەن ئۇلارنىڭ ئانچە كارى بولمىدى. . . ساقچىلار پەقەت رۇس يىگىتلەرنى يالىڭاچلىغانچىلىك قىلىپ قاتتىق تەكشۈرۈۋاتاتتى.

پاششاخان خاتىرجەم ھالدا قەپەزدىكى كۆچىگى بىلەن ئاپتۇۋۇزغا چىقىپ تۈركمەنىستاننىڭ ئاستانە شەھرىگە قاراپ مېڭىپ كەتتى،

ئاپتۇۋۇز ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلەردىن ئۆتكەندە يول-يوللاردىكى تەكشۈرۈش چازىلىرىدىكى ساقچىلار يولۇچىلارنى ماشىنىدىن قايتا چۈشۈرۈپ سومكا-خالتىلىرىنى ئاچقۇزۇپ ناھايىتى تەپسىلى تەكشۈرەتتى، ھەر قېتىملىق تەكشۈرۈشتە ئۇماق پىستە ساقچىلارنىڭ ئۆتكىلىدىن بىمالال ئۆتىۋېرەتتى. . .

# ئون ئىككىنچى باب

## بورھانبەگ

تىللاخان ئاكىسى كەتكەندىن كېيىن ئۆزىچە جىمغور بولۇپ ئۆيدىن تالاغا ئانچە چىقىپ كەتمىدى، ئۇ ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئاكىسى پاششاخان بىلەن بىللە يۈرۈپ كۆنۈپ قالغاچقا يالغۇز ئولتۇرۇش ناھايىتى تەسكە توختىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پاششاخان ئۇكىسى تىللاخانغا بەكلا كۆيىنەتتى، سۇغۇق قىش كۈنلىرىدە پاششاخان كېچىسى نەچچە قېتىم ئويغۇنۇپ تىللاخاننىڭ يوتقىنىنى يۆگەپ قوياتتى، ياخشىراق يېمەكلىكلەرنى ئۇچرىتىپ قالغاندا ئۇنىڭغا ئالاھىتەن ئالغاچ كېلەتتى. . . تىللاخان بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ ئاكىسىغا بەكلا ئىجىل بولۇپ كەتكەن ئىدى.

تىللاخان بۈگۈن ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ مەسچىتكە چىقىشنىڭ ئالدىدا ئۆيدىكى جەينىمازدا ئولتۇرۇپ ئاكىسىنىڭ تىنىچ-ئامان قايتىپ كېلىشىنى خۇدادىن تىلىدى. چۈشكە يېقىن كۆكتات ۋە گۆش سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا ئالدىراپ چىقتى، چۈنكى ئۆيىنى ئادەمسىز قۇيۇشقا بولمايتتى. . .

تىللاخان قاسساپتىن گۆش ئېلىۋېتىپ ئۇنىڭ قولىدىكى گېزىتتىن پاششاخاننىڭ سۈرىتىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر پارچە سۈرەتنى كۆرۈپ قالدى، ئۇ قەنەگە قىستىۇرۇپ قويۇلغان گېزىتنى قولىغا ئېلىپ

ۋىلادىمىر ئىسمىلىك رۇس يىگىتنىڭ تۇتۇش بۇيرىقىنى ئۇقۇغاچ گېنىرال گىرىگىروۋىچنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى تەپسىلى كۆرۈپ چىقتى.

تىللاخان بۇ گېزىتنى قاسساپتىن ئۆتنە ئېلىپ يانچۇقىغا قاتلاپ سالغاندىن كېيىن چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدە گۆشنى ئېلىپ ئىسقىرىتقىنىچە ئۆيگە چاپتى.

»ئاكام ئەسلىدە مىنى دەپ بۇ خەتەرگە تەۋەككۇل قىپتىكەندە، جېنىم ئاكا، ماڭا قىلغانلىرىنىڭنى قاچانمۇ ياندۇرۇپ بولارمەن! مىنى ئەنسىرمىسۇن دەپ ماڭا ھەقىقى ئەھۋالنى ئېيتماپسەن! ئۇلۇغ ئاللاھىم سىنى مەڭگۈ ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، جېنىم ئاكا! قاچانمۇ كىلەرسەن؟!«

تىللاخان ئۆيگە كەلگەندە ئىشىك ئۇچۇق تۇراتتى، تىللاخاننىڭ يۈرىگى قارتتىدە قىلىپ ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ ھوجرىغا قارىدى، ئۆي ئىچى رەتلىك سۈپىدىكى گىلەم شۇ پېتى تۇراتتى، ئۇنىڭ يۈرىگى بىر ئاز ئورنىغا كەلدى، ئۇ مىھمانخانىغا چىقىپ قاراپ باقتى، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ئاكىسى پاششاخاننىڭ كەلگەنلىكىدىن گۇمان قىلىپ كۆلۈپ ئاغىزى قۇلىقىغا يەتتى، ئۇ شۇئان قولىدىكى نەرسە كىرەكلەرنى تاشلاپ قويۇپ ئاكىسى دائىم مۇكۇۋالىدىغان ئۆگزىدىكى كەپتەرخانىغا يۈگۈردى، ئۇ شۇت بالداقلىرىنىڭ ئىككىسىنى بىر ئالغانچىلىك قىلىپ ئۆگزىگە چىقتى، ئاكىسى پاششاخان كەپتەرخانا ئالدىدا قولىدا بىر تال كۆچۈك سۇلانغان قەپەزنى تۇتۇپ ئۇكىسى تىللاخانغا قاراپ ئىللىق كۈلۈپ تۇراتتى، تىللاخان يۈگرەپ بېرىپ ئاكىسىنى قۇچاقلىدى، ئاندىن ئاۋاز چىقارماي ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى، پاششاخاننىڭمۇ كۆزىگە مۆللىدە ياش كىلىپ ئۇكىسىنى باغرىغا باستى. . .

كەچتە ئۆي ئىچى قىززىپ كەتتى، باللار پاششاخاننى ئۆزىنىڭ

ھامىيسى دەپ بىلەتتى، ئۇنىڭغا چەكسىز ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنىڭغا ھەددىدىن تاشقىرى ئامىراق ئىدى، چۈنكى پاششاخان بۇ يىتىم بالىلارنىڭ سۈيىدە ئېقىپ ئۇتىدا كۈيۈپ يۈرۈپ بالىلارنىڭ بۈگۈنىنى بارىيا قىلغان ئىدى، ئۇ ئەزەلدىن بالىلارغا قاپاق تۈرۈپ قارىمايتتى، ساۋاق بەرگەندە ئاچچىقلىمايتتى، يامان ئىشلىرىنى كۆرگەندە كۆرمەسكە سالاتتى، قىش كۈنلىرى بالىلار بەزىدە ئۆزلىرىنىڭ نۆۋەتچىلىكىنى ئۇنتۇپ ياكى ئوت قالاشقا ھۇرۇنلۇق قىلىپ يېتىۋالسا پاششاخان ئۆزى چىقىپ ئوت قالاپ بېرەتتى. . .

دىمەك بالىلار بۇ ئاتامانىدىن بەكلا رازى ئىدى، ئۇلار بۈگۈن پاششاخاننىڭ ئۆيگە پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈپ باشقىچە خۇشال بولدى، نەچچە كۈندىن بېرى شەھەردە بولغان يېڭى-يېڭى ئىشلارنى ئاغىزى-ئاغىزىغا تەگمەي پاششاخانغا ھاياجانلىنىپ سۆزلەپ كىتىشتى. . .

خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن بىر كۈن ئىشلەپ ھېرىپ-چارچىغان بالىلار لايىدەك ئۇيقۇغا كىتىشتى، پاششاخان بىلەن تىللاخان ھوجرىسىدا ئۇخلىماستىن پاراڭلىشىپ يېتىۋاتاتتى.

- ئاكا ئۇ ئەبلەخنى قالتىس جايلاپسەن! ـ دېدى تىللاخان ئاكىسىغا پەس ئاۋازدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

- قانداق بىلدىڭ؟- پاششاخان ياتقان يېرىدىن ئۆرۈلۈپ ئۇكىسىنىڭ چىرايىغا قارىدى.

- گېزىتتىكى ۋېلادىمىرغا تازا ئىنچىكىلەپ سەپ سالسام ساڭا ئازراق ئوخشاپ قالدى، تۇتۇش بۇيرىقىنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ باقسام ھېلىقى ئەبلەخنىڭ ئۆلگەنلىكىنى دەپتۇ، بۇنى سەن قاملاشتۇرمىساڭ باشقىلارنىڭ قولىدىن كىلەمتى!

- تۇتۇش بۇيرىقىدىكى سۆرەتتىن باشقىلار مىنى تونۇپ قالىدىغاندەكمۇ؟

- ياق مۇمكىن ئەمەس ئاكا، مەن سەزگىنىمگە باشقىلار ھەرگىز تونىيالمايدۇ، تۇتۇش بۇيرىقىدا ساقچىلار سېرىق چېچىڭ بىلەن ئوڭ يۈزۈڭدىكى چوڭ خالىڭنى بەكراق تەرىپلەپتۇ، سىنى سېپىي ئۆزىدىن كەسپىي قاتىل، ھەتتا كىچىك باللارنى كۆرسىمۇ ئىككى پۇتىنى يىرىپ تاشلىۋېتىدىغان ۋەھشىي ئالۋاستى دەپ تەرىپلەپتۇ، خەۋىرىنى قىلغۇچىلارغا بىرىدىغان پۇلنىڭ كۆپلىكىنى دىمەمسەن تېخى !

- ئۇكام مەن بىر ئىشنى ھىس قىلدىم، بۇندىن كېيىن ھەرقانداق ئىشنى كەينىگە تارتمايلى!

- دىمەكچى بولغىنىڭ. . .

- ئەتىدىن باشلاپ بۇرادەرلەر ئاياق مايلايدىغان ئىشنى قىلمىسۇن! بىز ئەمدى ھەركەتلىنەيلى!

- ئاكا، سىنىڭچە بىز تېخى كىچىك ئەمەسمىدۇق؟

- ياق ئۇكام، بىز ئۆزىمىزنى سىناپ باقتۇق، بىزنىڭ قولىمىزدىن كىلىدىكەن، جان دىگەن قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارلىقىدىكى نەرسىكەن، بىز ئەمدى ساقلىمايلى! مەن بۇنى ھېلىقى ئەبلەخنىڭ داچىسىدا ھىس قىلدىم. . .

- قانداق دەيسەن ئاكا. . .

- ھېلىقى كۇنى ژاكوف پىرايىۋىچ دىگەن ئەبلەخ غەزەپ بىلەن زالغا كىرگەندە ئاچچىغىدا قولىدىكى تاپانچىنى ماڭا تەڭلەپ بولۇپ چۇشۇرىۋالدى، قورقۇپ ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۆرلىدى دىگىنە. . .

- ئۇنىڭ ئېتىۋېتىشىدىن قورقتىڭمۇ؟

- ھەئە، مەن شۇچاغدا بىرىنچى بولۇپ سىنى ئويلىدىم، سىنى قايتا كۆرەلمەسلىكىمدىن قورقتىم، باللارنى كۆرەلمەسلىكىمدىن قورقتۇم، يەنە قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلىرىمنى قىلالماسلىقىمدىن قورقتۇم. . .

- ئۇنداقتا بىز بۇرۇن دېيىشكەن ئىشنى راستىنلا باشلامدۇق؟

- بىز ئەتىلا ھەركەتنى باشلايلى، مەن مۇسكۋادا بولارنىڭ بىر ماتېرىيالىنى كۆرۈپ قالدىم، بەزى ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسىنى كېيىن لوغەتكە قاراپ چۈشەندىم، ئۇلار بىزنىڭ بايلىقىمىزنى بۇلاش بىلەنلا بولدى قىلماپتۇ. . .

پاشاخان ئۆزىدىكى ھېلىقى مەخپى ماتېرىيالنى بۆگۈن سامانخانىدا قايتا كۆرۈپ چۈشىنەلمىگەن ئاتالغۇلىرىنى رۇسچە-تۈركمەنچە لوغەتكە قاراپ چىقىپ ئۇنىڭ مەزمۇنىدىن قىسمەن خەۋەر تاپقان ئىدى، لېكىن بىخەتەرلىكنى ئويلاپ ماتېرىيالنىڭ كېلىش مەنبىيى، ئۇنى قەيەرگە يوشۇرۇپ قويغانلىق توغرىسىدىكى تەپسىلاتلارنى ئۇكىسى تىللاخانغا ئېيتمىدى.

- دىمەكچى بولغىنىڭ ئاكا. . .

- بۇ بىر مەخپىيەتلىك ئۇكام، - پاشاخان ئېغىزنى تىللاخانىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن ئەكىلىپ ئېيتتى - ئىنسانغا تىنما، ھېلىقى ۋابا ئېسىڭدە بارمۇ؟

- ھېلىقى قېتىمدىكى كىشىلەر پۇتۇنلەي قىرىلىپ ئۆلۈپ كەتكەن، كۆزىنى سېرىقلىق قاپلاپ كېتىدىغان ۋابانى دەمسەن؟

- ھەئە، سەن بىزنى مۇشۇنداق قارا يېتىم قىلغان ئەشۇ ۋابا شۇ، بۇ كىسەلنى ئەسلى رۇسلار تارقىتىپتىكەن ئەمەسمۇ؟

- ۋاي خۇدايىم مۇنداقمۇ ئىش بارمىكەن تېخى؟! نىمانچە قورقۇنۇشلۇق. .

- ساڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلەر بار ئۇكام، بۇلارنى كېيىن دىيىشەيلى، ھازىر ئەتىكى ئىشنى مەسلىھەتلىشىۋالايلى. . .

ئۇلار يېرىم كېچىگىچە كۇسۇلدىشىپ ئىشلارنى قايتىدىن پىلانلاپ چىقىشتى ئاندىن كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەندەك بولۇپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئەتىسى ئەتتىگەندە پاششاخان باللارنى يېغىپ بۇندىن كېيىن ئاياغ مايلامچىلىق تىجارىتىنىڭ ئورنىغا باشقا تىجارەت قىلىدىغانلىقىنى باللارنىڭ ئاڭغىچە بەدەن چېنىقتۇرۇش مەشىقى ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى شەھەردىكى بىر رۇس تەنتەربىيە ئۇقۇتقۇچىسى ئاچقان جانبازلىق تەربىيەلەش كۇرسىغا ئاپىرىپ بەردى.

ئىككەيلەن ئەمدىكى نىشانىنى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا قاراتتى، چۈنكى بۇ مۇتىھەم رۇس لالمىسى ئۆزىنىڭ ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ تۈركمەنلەرنىڭ رۇسلارنىڭ ئىستىبدات ھاكىمىيىتىگە قارشى ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان تۈرلۈك ئىسيان بېخلىرىنى تۈركۈملەپ قىرماقتا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاششاخان سىڭلىسى بەرناخاننىڭ ئىشىنى شۇنداقلا ئۇستازى ئەكبەرخاننىڭ ئۆلۈمىنى تېخىچە ئۇنتۇمايۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم چېكىسىدىكى تارتۇقنى كۆرگەندە بۇ قېرى ئىتنى قانداق جايلاشنى ئويلايتتى.

ئىككەيلەن بۇ شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى ئىككى ھەپتىگە يېقىن كۈزەتتى، ئۇنىڭ ئۆيى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ دەرۋازىنى قاراۋۇل ئەسكەرلەر بەك چىڭ ساقلىغاچقا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قول سېلىش سەل خەتەرلىك ئىدى، پاششاخاننىڭ بېشى ئىنتايىن قاتتى، مۇشۇ تاپتا ئۇ گىرىگىرۇۋېچنىڭ داچىسىدىكى ھېلىقى

ئىككى تال تاپانچىدىن بىرىنى بولسىمۇ ئېلىۋالمىغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى.

ئۇلار ھەرخىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئىدارە باشلىقىنىڭ يۇرۇش-تۇرۇش ئەھۋالىنى بۇشاشماي سۈرۈشتە قىلىپ ئاخىرى مۇھىم بولغان بىر يىپ ئۇچىغا ئېرىشتى، ئىدارە باشلىقىنىڭ قارماق بىلەن بېلىق تۇتۇش ھەۋىسى كۈچلۈك بولۇپ ھەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى ياكى ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم كۆلگە قارماق تاشلاش ئۈچۈن شەھەرنىڭ ئەتراپىغا جايلاشقان ئېگىز يارلىقنىڭ ئاستىدىكى چوڭ كۆلگە ماشىنىلىق باراتتى، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئىدارىنىڭ سىياسى كومىسارىنى بىر گە ئېلىۋالاتتى، سىياسى كومىسار ياشتا ئىدارە باشلىقىدىن كىچىك بولسىمۇ پەي كىسەرلىكتە ئۇچىغا چىققان تۈركمەن ساقچى يىگىتى ئىدى، ئۇنىڭ ئاستانە خەلقىگە قىلغان ئەسكىلىكلىرى ئىدارە باشلىقىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق چىقاتتى، شۇ سەۋەبتىن ئىدارە باشلىقى بۇ غالچىنى ئەتىۋارلاپ يېنىدا كۆتۈرۈپ يۈرەتتى.

بۈگۈن كۈنگە شەنبە بولۇپ كۆك ئاسماندا بۇلۇتلار لەيلىشىپ قۇياش كۆزنى چاقنىتاتتى.

پاششاخان بىلەن تىللاخان كۆلنىڭ ئەتراپىدا تەييارلىقنى پۇختا قىلىۋالدى، ئاش ۋاقتى بىلەن يىراقتىن بىر كىچىك ساقچى ماشىنىسى ئۇچقاندەك تۇپا ئۆرلىتىپ كېلىپ يارلىقنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تۆۋەنگە چۈشىدىغان يولغا كىرىش ئۈچۈن سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. ماشىنا يارلىق ئېچىدىكى تۇپىلاق كەلگەن يىلان باغرى يولدا بىردەم ماڭغاندىن كېيىن كۆلنىڭ بۇيىغا يېقىنراق يەردىكى سۆگەتنىڭ ئاستىدا توختىدى، ئەسلىدە ماشىنا كۆلنىڭ بۇيىغا باراالايتتى، لېكىن بۈگۈن كۆل بۇيىغا بارىدىغان كىچىك يولدىكى دوڭغاق سۆگەتتىن ئۈچ تۈپنى بىرسى قىرىشقاندەك كېسىپ يولغا تاشلاپ قويغان ئىدى، شۇنىڭ بىلەن

سىياسىي كومىسسار بەكرى بەدى ماشىنىنى يول بويىدىكى دەرەخنىڭ سايىسىدا توختۇتۇپ قۇيۇپ پۆتۆن لاققۇ-لۇققۇلارنى ئۆشىنىسگە ئارتىپ ئىدارە باشلىقىغا پۆكلەنگىنىچە ئالدىدا يول باشلىدى، چۆش ۋاقتى بولغاندا بەكرى بەدى ماشىنىنىڭ يېنىغا كىلىپ ئۇنىڭ ئىچىدىن يەيدىغان-ئىچىدىغان نەرسىلەرنى تەقلەپ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ماڭدى.

ئەسىرگە يېقىن ئۇلارنىڭ بىلىق تۇتۇش خۇمارى بىر ئاز بېسىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئەسۋاپ-سەرەمجانلىرىنى كۆتۆرۆشۆپ قايتىش ئۆچۆن ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى، ئۇلار ماشىنىغا چىقىپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ قوزغىلىۋىدى ماشىنا ئۇبدان ماڭالمىدى، بەكرى بەدى ماشىنىنىڭ مېڭىشىدىكى نۇرمالسىزلىقنى ھىس قىلىپ دەرھال ماشىنىدىن سەكرەپ چۆشۆپ بىراقلا ئالدى-كەينى چاقلارنىڭ ھەر بىرىدىن بىردىن بولۇپ ئىككى پاي چاقنىڭ تەڭلا يېلى چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

- ئەستەخپۇرۇللاھ مائىشىنى ئەمدى! بايام تېخى ساق تۇرىۋىدى، بىردەمدە يېلى قالماپتۇ بۇنىڭ؟! ـ دېدى بەكرى بەدى بېشىنى قاشلاپ ئىدارە باشلىقىغا دوكلات قىلىپ.

- ئۇنداقتا زاپاس چاقنى تىز ئالماشتۇرۇڭ كومىسسار! ـ دېدى ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ گىپىنى ياخشى تىڭشىماي ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ.

- شۇ ئىككىلا پاينىڭ چىقىپ كىتىپتۇ دىسىلە باشلىق! ـ دېدى بەكرى بەدى باشلىقنىڭ ئالدىدا تەمترەپ- سىلى خاپا بولماي ماشىنىدا بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرسىلا، مەن ئىدارىغا ئۇچقاندەك بېرىپ باشقا بىر ماشىنا تېپىپ كىلەي، بۇنى بىزنىڭ باللار بىرنىمە قىلىپ ئېلىپ كەتسۇن!

- ئەمسە تېز بولۇڭ كومىسار، مېنى ساقلاتماڭ! - قاپىقىنى تۈردى، ھارامزادە رۇس باشلىق.

سىياسىي كومىسار بەكرى بەدى ئايىغىنىڭ چۈشۈپ قېلىشىغا قارىماي ئۇچقاندەك شەھەر تەرەپكە قاراپ چېپىپ كەتتى، ئۇ مۇشۇ يۈگرىشىدە بىرە سائەتلەردە ئاران شەھەرگە كىرەلەيتتى، ئىدارە باشلىقى خام سىمىز ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن ماشىنىنىڭ ئىچىدە قىززىشىپ ئولتۇرالماي يەرگە چۈشۈپ ياندىكى سۆگەتنىڭ سايىسىغا كىلىپ ئولتۇردى، ئالەم تۈنۈردەك قىززىپ كەتكەچكە ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار ئەكەلگەن سۈيىنى ئىچىپ تۈگىتىپ بولغاچقا ئىدارە باشلىقىنى ئۇسسۇلۇق تۇتۇپ كىتىپ بېرىۋاتاتتى. . .

دەل مۇشۇ چاغدا يىراقتىن ئون ئالتە ياشلار چامىسىدىكى سەھرالىق بىر بالا ۋەلىسىپتىنىڭ كەينىگە ئىچىگە لىق مۇز قاچىلانغان بىر پولۇقنى چىڭ باغلاپ ۋەلىسپتىنى جىرىڭشىتقىنىچە كىلىپ كەلدى، پولۇقتىكى مۇز پارچىلىرى تومۇز ئىسسىقتا ئىرىپ كەتكەچكە پولۇقتىن چاپىلداپ سۇ ئېقىۋاتاتتى، بالا ئۇدۇل ئىدارە باشلىقىنىڭ يېنىغا كىلىپ توختىدى، ئىدارە باشلىقى پولۇقتىكى مۇز پارچىلىرىغا قاراپ قۇرۇغان لەۋلىرىنى تامشىتتى. بالا بۇنى سىزىپ ئىدارە باشلىقىغا تۈركمەن تىلىدا گەپ تاشلىدى:

- بۇنچە ئىسسىقتا بۇ يەردە ئوغرى تۇتىۋاتامسىز ساقچى تاغا؟ - دىدى بالا باشلىققا كۈلۈپ قاراپ.

- يۇقال، يۇقال! هارام تاماق! - دىدى باشلىق تۈركمەن تىلىنى بۇزغان هالدا بالىغا قاراپ قاپىقىنى تۈرۈپ.

- پولۇقۇمدىكى مۇز پارچىسىنىڭ ئىچىدە ئىنگىلىزلارنىڭ قوتىلىق ئىچىملىكى بار، مۇزدەك بولۇپ كەتتى، جىق پۇلغا ساتىمەن! ئالامسىز؟

- دېدى ھەييار بالا قاشاڭلىق بىلەن ھىجىيىپ.

ئىدارە باشلىقى «ئېنگىلىزلارنىڭ ئىچىملىكى» دېگەننى ئاڭلاپ بالىنىڭ يېنىغا سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ قىلىقسىزلارچە قولىنى پۇلۇققا سالدى، مۇز پارچىسىنىڭ ئارىسىدا راستىنلا تۆت-بەش قۇتا «كېكې-كولا» ئىچىملىكى تۇراتتى، ئىدارە باشلىقى ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. ئۇ يانچۇقىنى ئاختۇرۇپلا بىر تۇتام پۇلنى ئېلىپ بالىغا سۇنۇپ بېرىپ ئىككى قولى بىلەن پۇلۇقتىكى قۇتىلىق ئىچىملىكتىن تۆت قۇتىنى قولىغا ئالدى.

- ئەجەب ياخشى بولدى! تىز يۇقال ھارىمى !

ئىدارە باشلىقى بالىغىمۇ قارىماي سۈگەتنىڭ تۈۋىگە بېرىپ بىر قۇتا كېلىنى كۈتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. بالا كۆلگىنىچە ۋەلىسىپىتىنى يېتىلەپ باشلىقنىڭ نېرىسىغا بېرىپ قاراپ تۇردى، ئىدارە باشلىقى قۇرۇق قۇتىنى چۆرىۋىتىپ يەنە بىر قۇتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋىدى، ھېلىقى مۇھاجىرلار مىھمانخانىسىدا كۈيۈپ-كۈل بولۇپ كەتكەن يەكچەشمە سودىگەرنىڭ كۈنىنى كۆرۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ بېشى قېيىپ كۆزى تورلىششقا باشلىدى، ئۇ ياندا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان ۋەلىسپىتلىك بالىغا بىر نېمە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئېچىپ باقتىيۇ لېكىن ئۇزىنى قاتتىق ئۇيقۇ تۇتۇپ كەتكەچكە سۈگەتكە يۆلىنىپلا خورەككە چۈشۈپ ئۇخلاشقا باشلىدى.

پاششاخان ئەسلىدە ھېلىقى ئۇلجا ئالغان ئۇخلىتىش دورىسىدىنمۇ يامانراق بىر خىل دورىنى تېپىپ ئۇنى سۇدا ئېرىتىپ ئىششپىرىس ئارقىلىق قۇتىنىڭ ئىچىگە ماڭدۇرغاندىن كېيىن يىڭنە ئىزىنى شام بىلەن ئېتىپ بۇ ئىچىملىكنى تەييار قىلغان ئىدى.

بىردەمنىڭ ئىچىدە يىراقتا مۈكۈپ تۇرغان تىللاخان يۈگرەپ

كەلدى، پاشـشـاخان ۋەلسپىتىنى يانغا تاشلاپ قوُيوُپ تىللاخان بىلەن ھە-ھوُ دىيىشــىپ چوشــقىدەك ســەمرىپ كەتكەن ئىدارە باشــلىقىنى ناھايىتىمۇ تەســلىكتە ماشــىنىغا ئىتتىرىپ چىقاردى، ئىدارە باشــلىقى مــاشـــىنىنىــڭ كەينى ئوُروُنــدوُقــىدا ســـىڭــايــان بولوُپ ئوُيقوُســـىنى ئوُخلىۋاتاتتى، پاشـشـاخان ئوُنىڭ يېنىنى ئاختوُروُپ تاپانچىسى بىلەن غىلابىغا تىزىلغان زاپاس ئوُقنى قوينىغا ســالدى، ئاڭغىچە تىللاخان يېقىن يەردە يوُشـــوُروُپ قويغان بىر باك بىنزىننى كوٚتوٚروٚپ ئەكەلدى، ئىككەيلەن ئەتراپقا تازا بىر قارىۋېتىپ ئىنســى-جىننى كوٚرمىگەندەك كېيىن باكتىكى بىنزىنى ئاۋال ماشـــىنىنىڭ ئىچىگە، ئاندىن ئىدارە باشلىقنىڭ بېشىغا بولدوُقشتىپ توٚكوٚشكە باشلىدى، باكتىكى بىنزىن توٚگىدى، پاشـــشـــاخان ســەرەڭگىدىن بىر تالنى ۋاشـــشـــىدە يېقىپ ماشىنىنىڭ ئىچىگە تاشلاپ قوُيوُپ ۋەلسپىتىنى يېتىلەپ دەرھال شەھەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى، ئاڭغىچە تىللاخانمۇ يەردىكى توٚت تال قوُتىنى تىرىۋېلىپ ئىزىنى ئوٚچوٚروٚپ بولغان ئىدى، ئوُموُ ئاكىســىنىڭ كەينىدىن كوٚلگىنىچە يوٚگوٚروٚپ ماڭدى، كوٚزنى يوُموُپ ئاچقوُچە بوُ تالانتىلىق روُس ساقچى ئەمەلدارى كوٚيوٚپ كوٚل بولوُپ كەتتى، ئىككەيلەن يار ئوٚستىگە ئەمــدى چىقىپ بوُلاي دىگەنــدە «گوٚم» قىلغان قاتتىق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى، ئوُلار يار ئوٚستىدىن پەســكە بوُروُلوُپ قارىۋىدى رەھمەتلىك ئىدارە باشــلىق ماشـــىنىســىنىڭ ئاســماندا ســاليوت بولوُپ پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىنى كوٚردى.

پاشـــشـــاخان بىلەن تىللاخان بىر-بىرىگە قارشــىپ مەنىلىك كوٚلوٚشتى، ئوُلار ئەمدى مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا ناھايىتى يىراق جايدا شەھەر تەرەپتىن بىر كىچىك ساقچى ماشىنىسىنىڭ ئوٚزلىرى تەرەپكە ئوُچقاندەك كىلىۋاتقانلىقىنى كوٚردى، پاشـشـاخان يېنىدىكى تاق كوٚزلوٚك دوُربوُننى ئېلىپ يىراقتا كىلىۋاتقان كىچىك ماشـــىنىغا زەن ســېلىپ

قاراشقا باشلىدى.

- ئۇكام ھېلىقى بەدىخان دىگەن مۇناپىققەن، قارىسام يالغۇزدەك تۇرىدۇ، پىلاننى ئۆزگەرتەيلى! ـ پاشىشاخان شۇنداق دىگەچ نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا تۈركمەن ساقچى يېقىنلىرىدىن ئۆگەنگىنى بۇيىچە قوينىدىكى تاپانچىنى ئوقلاپ بەتلىگەندىن كېيىن بىلىنىڭ كەينىگە قايتىدىن چىڭ قىستۇردى، ـ ماشىنىنى تۇسايلى، يالغۇز بولسا مىنىڭ كۆزۈمگە قارا، ناۋادا ئىككى ئادەم بولۇپ قالسا چاندۇرماي كىتىمىز!

ماشىنا يېقىنلاپ كەلدى، تىللاخان پىلان بۇيىچە قولىنى چىقىرىپ ماشىنىنى توستى. تىز سۈرئەتتىكى ماشىنا تۇيۇقسىز توختىغاچقا تۇپا-چاڭ يولنى بىر ئالغان ئىدى.

- نىمە گەپ؟ - دەپ توۋلىدى بەكرى بەدى چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ ناھايىتى مۇغەمبەرلىك بىلەن.

پاشىشاخان ماشىنىنىڭ يېنىغا يۈگرەپ كىلىپ ماشىنىنىڭ يان ئەينىكىدىن ئىچىگە سەپ سالدى، بەكرى بەدى يالغۇز ئىدى.

- ساقچى ئاكا، دەرھال ماشىنىدىن چۈشۈڭ، پەستە چاتاق چىقتى!
ـ دىدى پاشاخان جىددىيلەشكەن بولۇپ چىرايىنى بىر قىسما قىلىپ.

- نىمە چاتاق چىقتى؟ - دىدى بەكرى بەدى ماشىنىدىن چۈشمەي ھاكاۋۇرلۇق بىلەن ئۇلارغا سەپسىلىپ قاراپ.

- ئاۋال چۈشۈپ قاراپ بېقىڭ! مۇشۇنداقلا ماڭسىڭىز ئۇلار سىزنىڭ ماشىنىڭىزنىمۇ كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. . .

- نىمە؟ - بەكرى بەدى ماشىنىنىڭ ئۈتىنى ئۆچۈرۈپ نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن يەرگە سەكرەپ چۈشتى.

- بېشىڭىزنى پەس قىلىپ يارلىقنىڭ ئاستىدىكى ئاۋۇ جايغا قاراپ

بېقىنىڭ ھەممىنى بىلىسىز ئاكا! ـ دېدى پاشىشاخان خۇددى ئۇقتىن ئېھتىيات قىلىغاندەك بېشىنى يەرگە ئېگىپ.

بەكرى بەدى زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي يانىدىكى تىللاخانغا قارىۋىدى ئۇمۇ پاشىشاخاننى دوراپ زوڭ بولۇپ ئولتۇرۇپ بېشىنى لىڭشىتىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن بەكرى بەدىمۇ ئېڭىشىشكە مەجبۇرى بولۇپ يېنىدىكى قۇرالىنى بەتلەپ تەييار قىلدى.

- يۈرۈڭ ئاكا، ئاۋۇ يەردىن ھەممىنى كۆرەلەيسىز، بېشىڭىزنى پەس قىلىڭ!- پاشىشاخان شۇنداق دېگىنىچە يەردە ئۆمىلەكلىگەندەك يارنىڭ لىۋى تەرەپكە قاراپ يول باشلاپ ماڭدى، تىللاخانمۇ ئۇنى دوراپ يەردە ئۆمىلەپ ماڭدى، بەكرى بەدى بېشىنى پەس قىلىپ يېرىم ئېڭىشكەن ھالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، بەكرى بەدى يارنىڭ لىۋىگە كېلىپ ئۆزىدىن يىراق ھەم چوڭقۇر پەستىكى ماشىنىنىڭ يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى كۆردى.

- ئاپلا بۇ نېمە ئىش ئەمدى؟ ئىدارە باشلىقىنى كۆردىڭمۇ؟- بەكرى بەدى غال-غال تىترەپ باللاردىن سورىدى.

- ئۇنى بىر قانچەيلەن تۇتىۋالغاندەك قىلدى، ئەنە ئاۋۇ يەردە! ـ پاشىشاخان پەستىكى كۆرۈش تەس بولغان بىر چاتقاللىق يەرنى كۆرسەتتى.

بەكرى بەدى پاشىشاخان كۆرسەتكەن يەرنى كۆرۈش ئۈچۈن يارنىڭ لىۋىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىشى كېرەك ئىدى، ئۇ سەل ئالدىغا سۈرۈلۈپ پەستىكى چاتقاللىققا زەن سېلىپ قاراشقا باشلىدى.

- ئۇ يەردە ئادەم باردەك ئەمەسقۇ؟!

- ئەنە ئۇبدان قاراڭ، ئالدىڭىزغا سەل سۈرۈلۈڭ ئاكا، ئاندىن كۆرەلەيسىز!

بەكرى بەدى يەنە ئالدىغا سۈرۈلۈپ زوڭ ئولتۇرۇپ قۇلىنى پېشانىسىگە ئەكىلىپ چاتقاللىقتا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى، پاششاخان پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ تىللاخانغا قاراپ شۇنداق ئىشارەت قىلىۋىدى، بەكرى بەدىنىڭ كەينىدە تەييار بولۇپ تۇرغان تىللاخان ئۇنى كۈچىمەيلا ئېگىز يارلىقتىن ھاڭغا دومىلىتىۋەتتى.

بەكرى بەدى بۇ ئېگىز يارلىقتىن پەسكە ۋاقىرىغىنىچە قومچاقتەك چۈشۈپ كەتتى، پاششاخان يارنىڭ تۈۋىگە سىنچىلاپ قاراپ پەستىكى جىگدىلىكتە ئۇنىڭ ئۆلۈك چاشقاندەك ياتقانلىقىنى كۆردى، ئىنىقكى ئۇ بۇنچە ئېگىزلىكتىن ھەرگىزمۇ ساق چۈشەلمەيتتى.

تىللاخان قۇلىنى قېقىپ ئاكىسىغا قاراپ پۇچىلىق قىلدى، پاششاخان ئۇكىسىنىڭ بۇ قىلىقىدىن كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار بەكرى بەدى دېگەن مۇناپىق ئەبلەخنىڭ تاسادىپىي تىرىك قېلىپ ئىشىنى بۇزۇپ قويماسلىقىدىن شۇنداقلا ئۇنىڭ قولىدىكى تاپانچىنى ئولجا ئېلىۋېلىشنى ئويلاپ قۇيۇندەك پەسكە يۈگرەپ چۈشۈپ كەتتى.

ئەل خائىنى بەكرى بەدىنىڭ ئاغزىدىن قان ئارىلاش ماغزاپ چىقىۋاتاتتى، ئۇ كۆزىنى ئېچىپ پەس ئاۋازدا بىرنىمىلەرنى دەيتتى، ئۇنىڭغا يۈرەك بولىدىغان ئامراق تاپانچىسى بولسا ئۇنىڭ نەچچە مېتىر نېرىسىدا تۇپىغا مىلىنىپ تۇراتتى، كونىلارنىڭ «ئەسكىگە ئۆلۈم يوق» دەپ ئېيتقىنىدەك يارنىڭ تۈۋى يۇمشاق تۇپا بولغاچقىمۇ بۇ ئەبلەخ تېخىچە نەپەستىن قالمىغان ئىدى. پاششاخان ئۇنىڭ تىرىكلىكىنى كۆرۈپ بىلىدىكى تاپانچىنى ئېلىپ ئۇنى ئۇزىتىپ قويماقچى بولدى لېكىن تىللاخان بۇنى كۆرۈپ ئۇنى توستى.

- ئاكا، بۇ مۇناپىققا ئوق بىكار قىلمايلى، چارىسىنى مەن قىلاي!- تىللاخان يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ دۇكاندىن سېتىۋالغان تېخى

ئىشلەتمىگەن پىلاستىر خالتىدىن ئۈچ-تۆتنى قۇلىغا ئېلىپ تۆت خالتىنى بىراقلا يەردە كۆزىنى پۈلتايتىپ ياتقان بەكرى بەدىنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ بوينى تەرەپنى چۈرگىلىتىپ ھىم چىگىۋەتتى، بەكرى بەردى ئالدىنقى ھەپتە تېخى سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قىيناپ ئىقرار قىلدۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن تۈركمەنىستان تەۋەلىگىدىكى «بىرىنچى دەرىجىلىك قەھرىمان ساقچى» بولۇپ مۇكاپاتلىنىپ رۇس ئەمەلدارلىرىنىڭ قاتتىق ماختىشىغا ئېرىشكەن ئىدى، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى مەغرۇر گەۋدىسى مانا ئەمدى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغۇنىشقا باشلىدى، بىردەمدىن كېيىن ئۇ پۇت ئېتىشتىن توختاپ شۇك بولۇپ قالدى، پاشاخان ئۇنىڭ قول بېغىشىدىن تۇمۇرىنى تۇتۇپ بىقىپ تىللاخانغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇ ئاللاقاچان بېشىغا يۆگەلگەن پىلاستىر خالتىدىن تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن ئىدى.

تىللاخان ئۇنىڭ بېشىدىكى قان يۇقى خالتىنىڭ ھەممىنى ئېلىپ مىجىقلاپ بىر قۇلىغا تۇتىۋالغاندىن كېيىن يەردىكى تاپانچىنى ئېلىپ ئاكىسىغا ئاستا سۇندى، ئەمىلىيەتتە تىللاخانىنىڭ تاپانچىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغۇسى بار ئىدى، پاشاخانمۇ ئۇكىسىنىڭ ئۆزىگە ھۆرمەت يۈزىسىدىن تاپانچىنى سۇنىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تاپانچىنى ئۇكىسىغا قايتۇرۇپ بەردى، تىللاخانىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى. ئۇلار يىراق جايدا بىر كىملەرنىڭ بۇياققا كىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دەرھال بۇ يەردىن غايىپ بولدى.

* * * * *

شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ۋە سىياسىي كومىسسار

بەكرى بەدىنىڭ ئىچىنىشلىق ئۆلۈمى پۈتكۈل تۈركمەنىستاننى زىل-زىلىگە سېلىۋەتتى، چۈنكى بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتالمىش«ئازات» قىلىنغان رايونلىرىدا يۈزبەرگەن شۇنداقلا بۇ رايونلارنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق قەستلەپ ئۆلتۈرۈلۈش ۋەقەسى ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاستانە شەھىرى بۇ تۈركمەنىستاننىڭ ئىختىسادى مەركىزى شەھىرى ھىساپلىناتتى.

ئەركىنلىك-ھۆرلۈك ئۈچۈن، ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئاز ساندىكى ئويغانغان تۈركمەن ئەركەكلىرى ھەر قايسى جايلاردا رۇسلارنىڭ زۇلۇمىغا، تەڭسىزلىكىگە قارشى ھەركەتلىرىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى، رۇسلار قولىدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى بولمىغان بۇ مىللەتنى دەھشەتلىك ھالدا باستۇراتتى، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن قىلغان ھەركەتلىرىنى ۋەھشىلەرچە تىنجىتاتتى. رۇسلار بۇ زېمىندا ھېچقانداق تەپ تارتماستىن«بىر گۇناھكارنىڭ بېشىنى كېسىش ئۈچۈن مىڭ گۇناھسىزنىڭ بېشى كېسىلسىمۇ مەيلى!» دىگەن شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ بۇنى قانۇنلاشتۇرىۋەتكەن ئىدى.

بىر قېتىم تۈركمەنىستاننىڭ مەلۇم بىر ۋىلايىتىدە ئوتتۇز نەچچە يىگىت ئۇقۇمۇشلۇق بىر دىنىي زاتنىڭ يېتەكچىلىكىدە رۇسلارنىڭ ھاكىمىيىگە قارشى ئىنقىلاپ قوزغاپ شۇ جايدىكى رۇس ئەسكەرلەرنىڭ قۇراللىرىنى تارتىۋېلىپ ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى، رۇسلار بۇنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ سەرخىل ئىلغار ھەربىي قىسىملىرىنى ئىشقا سېلىپ ئىنقىلاپچىلار بىلەن تاغدا ئۈچ كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلىپ بۇ ئىشنى ئاران بېسىقتۇرغان ئىدى.

بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان خوشنا ۋىلايەتتىكى بورھانبەگ ئىسىملىك بىر تۈركمەن كاتتا باي ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سودا

يۇلنى راۋانلاشتۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ رۇس ئەسكەرلىرىدىن ھال سوراپ نۇرغۇن كالا-قويلارنى سويۇپ ئۇلارغا سوۋغا قىلغان ئىدى، رۇس تاراتقۇلىرى بۇنى پۇتۇن تۈركمەنىستانغا جار سېلىپ تەشۋىقات قىلىپ خەلىقنىڭ كاللىسىنى قايمۇقۇم قىلىۋەتتى، رۇس يۇقىرى قاتلىمىدىكى كىشىلەر بۇ مەشھۇر كىشىنى قۇبۇل قىلىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى، شۇنداق قىلىپ بۇ كاتتا باينىڭ يولى ئېچىلىپ بايلىقى بارغانسىرى ئاۋۇپ تۈركمەنىستاندىكى تەڭداشسىز بىر بايغا ئايلىنىپ كەتتى. پۈتۈن گىزىتتە شۇنىڭ گېپىدىن بۆلەك گەپ بولمىدى.

بىر كۈنى تىللاخان سىرىتتىن بىر پارچە گېزىتنى كۆتۈرۈپ كىرىپ ئاكىسى پاشاخاننىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇردى.

- يەنە نېمە ئىش بوپتۇ؟ - دېدى پاشاخان گېزىتنى قولىغا ئېلىپ قارىغاچ.

- بورھان دىگەن بۇ مۇناپىق تىرىسىگە پاتماي قاپتۇ، گېزىتتە شۇنىڭدىن باشقا گەپ يوق! ـ دېدى تىللاخان ئاچچىق بىلەن يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ.

- قانداق، مۇشتۇك قىچىشىۋاتامدۇ؟-دىدى پاشاخانمۇ ئۇكىسىغا مەنىلىك قاراپ تۇرۇپ.

تىللاخاننىڭ چىرايىغا دەررۇ كۈلكە يۈگۈردى، ئۇ ئاكىسىغا قاراپ كۈلۈپ ئېيتتى:

- جايلامدۇق؟

پاشاخان ئورنىدىن تۇرۇپ دەرىزىنىڭ ئالدىغا باردى، بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن ئۇكىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

- ئەتە ئەتىگەن يولغا چىقايلى!

تىللاخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ خوشلىقىدا ئوڭ مۇشتىنى سول ئالقىنىغا ۋاققىدە ئۇرغىنىچە «ياشاپ كەت ئاكا!» دەپ توۋلىۋەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار بالىلاردىن بىرنى ئۆيگە مۇقىم قارىغىلى قويۇپ قالغان تۆتىنى جانبازلىق سارىيىغا يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ ئۇزۇن يوللۇق بىكەتكە قاراپ مېڭىشتى.

ئاپتوۋۇز ئۇدا تۆت كۈن يول يۈرۈپ ھاۋاسى ساپ، ئېرىقلىرىدا سۈلىرى ئۈزۈلمەي ئېقىپ تۇرىدىغان گۈزەل بىر يۇرتقا يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاۋات شەھەر ئىچىدىكى بىر ھاجىنىڭ شەخسى مېھمانخانىسىغا چۈشۈپ شۇ يەردە بىرھەپتە تۇرۇپ قالدى، بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇلار بورھانبەگ دىگەن بۇ كاتتا باينىڭ قورۇسى يېنىدا چۆرگىلەپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئىگەللىدى.

بورھانبەگنىڭ ئاتىسى ئەسلىدىلا رۇسىيە بىلەن تۈركمەنىستان ئوتتۇرىسىدا ئېقىپ يۈرۈپ سودا قىلىدىغان رۇسپەرەس كىشى بولۇپ بورھانبەگ ئۇنىڭ تۇقال خوتۇنىدىن بولغان بالا ئىدى، ئۇ باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىزنى رۇسىيىدە ئوقۇپ رۇسلارنىڭ ئارىسىدا چوڭ بولغاچقا رۇسلارنىڭ تىلى ۋە مەدىنىيىتىگە پۇختا ئىدى، ئۇ ئۆزىدىكى بۇ ئارتۇقچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ سودا ساھەسىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن ئارقا-ئارقىدىن مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشىپ نەچچە يىل ئىچىدىلا كۆزگە كۆرۈنگەن چوڭ بايغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى، ئۇ ئىشنى دەسلەپتە تېرە سودىسىدىن باشلىغان بولسا ھازىرغا كەلگەندە ھەرخىل كان رودىلىرى سودىسىنى قىلىۋاتاتتى، ئۆزىنىڭ شەخسى بەش-ئالتە چوڭ كېنى بار ئىدى، ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە رۇسلارنىڭ يالىقىنى يالاپ تىجارەت قىلغاچقا يۇرت مەھەللىدىكىلەر ئۇنى ئانچە ياخشى كۆرمەيتتى،

ئۇنىڭ كاتتا قورۇسىدىن دائىم رۇس ئەمەلدارلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى.

جۇمە كۈنى ئەتىگەندە قۇياش تېخى ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلمەستە بىر جۈپ ياش ئات قېتىلغان بىر مەپىنى ھەيدەپ بورھانبەگنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى، تۆركمەن يىگىت مەپىنى دەرۋازا ئالدىدىكى بىر تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ دەرۋازىنى كۈچ بىلەن قاقتى، ھەيۋەتلىك يوغان دەرۋازىنىڭ كۆركەم يۈزىدە چاپلانغىنىغا ئۈچ كۈن بولغان «ۋىلادىمىرنىڭ تۇتۇش بۇيرۇقى»مۇ شۇ پېتى تۇراتتى.

دەرۋازا ئېچىلدى، ئۆي خىزمەتچىسى ئۇلارنى ئارقا ھويلىدىكى ھەشەمەتلىك مېھمانخانىغا باشلاپ قويۇپ بورھانبەگنى ئويغاتقىلى چىقىپ كەتتى.

- بىگىم، بىر رۇس ئەمەلدار ئۆزلىرىنى ئىزدەپ كەپتۇ، ئارقا ھويلىدا ساقلاپ قالدى! ـ دېدى ياشانغان ئۆي خىزمەتچىسى بورھانبەگنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ.

- بۇنچە ئەتىگەن كەلگەن كىمكەن ئۇ؟ - دېدى بورھانبەگ خۇشياقمىغان ھالدا ئەسنەپ تۇرۇپ.

- مۇسكۋا ساقچى مىنىستىرلىكىدىن كەلدىم دەيدۇ، مۇھىم ئىشى باركەن!

- نىمە. . . نىمە؟ مۇسكۋادىن كەلدىم. . . تىز بول كىيىملىرىنى تەييارلا!- بورھانبەگ ئورنىدىن ئالدىراپ قوپۇپ مېھمانلىق كىيىمنى كىيىشكە باشلىدى- نىمىشقا تىزراق دىمەيسەن؟ ھەي. . . سىنى. . . مۇسكۋا دىگەننى بىلەمسەن زادى؟!

بورھانبەگ كىيىملىرىنى كىيىپ بولۇپ مېھمانخانىغا ئۇچقاندەك يۈگۈردى. ئۇ مېھمانخانىغا كىرگەندە كىرىسلودا قالتىس پوزۇر بىر رۇس

يىگىت يېنىدىكى تۈركمەن يىگىت بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى.

- ھەي. . . ھەي. . . يۇرتدىشىم كەپتۇ ئەمەسمۇ؟ خەۋەر تاپقان بولسام ئالدىڭىزغا ئۆزەم ئالغىلى چىقاتتىم ئەمەسمۇ؟ - دېدى ئەللىك ياشلاردىكى خام سېمىز بورھانبەگ ئۆلچەملىك رۇس تىلىدا موسكۋا ساقچى مىنىستىرلىكىدىن كەلگەن مېھمانغا خۇشامەت قىلىپ ئۇنىڭغا قولىنى سۇنۇپ.

مېھمان تەكەببۇرلۇق بىلەن بورھانبەگكە قولىنى ئۇزاتماي ئۇدۇللا گەپ قىلدى.

- بورھانبەگ دىگەن سىزمۇ؟ - دېدى كۆزئەينەك تاقىۋالغان ياش رۇس ئەمەلدار بورھانبەگنى كۆزىگە ئىلمىغاندەك قىلىپ.

- ھەئە مەن شۇ باشلىق! ـ دېدى بورھانبەگ ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن ئۇنىڭ چوڭ بىر ئەمەلدار ئىكەنلىكىگە گۇمان قىلىپ.

- خىزمەتچىلىرىڭىزگە ئېيتىڭ يېرىم سائەتكىچە بۇ يەرگە يولىمىسۇن، ھويلىڭىزغىمۇ ئىنسى-جىن كىرمىسۇن، دەرۋازىنى تاقاڭ، سىزگە يەتكۈزىدىغان جىددى ئىش بار!

- ماقۇل. . . ماقۇل باشلىق! ـ دېدى بورھانبەگ پىشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ـ ھاي، ئەخمەتخان دەرۋازىنى تاقاڭ، ھېچكىمنى كىرگۈزمەڭ، بۇ ئۆيگىمۇ ھېچقايسىڭلار كىرمەڭلار!

خىزمەتچى ئۆيدىن چىقىپ كىتىپ دەرۋازا تەرەپكە كەتتى. رۇس ئەمەلدار يېنىدىكى تۈركمەن بالىغا ئىشارەت قىلدى، تۈركمەن بالا بېرىپ تەمترەپ قالغان بورھانبەگنى ئەمەلدارنىڭ ئالدىدىكى سافاغا تەكلىپ قىلىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن بېرىپ دەرىزىنىڭ پەردىلىرىنى بىر يانغا سۈرۈپ گۈڭگا مېھمانخانىنى ئاپتاپتەك يورۇتتى، ئەتىگەنكى قۇياش نۇرى دەرىزىلەردىن تىشىپ ئۆتۈپ مېھمانخانىدىكى

ئىران گىلەملىرىدە جۇلالىماقتا ئىدى.

روس ئەمەلدار كۆزىدىكى ئەينەكنى ئېلىۋېتىپ قولىدىكى تۈركمەنچە ھەم رۇسچە گېزىتتىن ئىككى پارچىنى بورھانبەگنىڭ ئالدىغا تاشلىدى، بورھانبەگ ئۆزىنىڭ رۇس تىلىغا پۇختا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن رۇسچە گېزىتنى قولىغا ئالدى.

- قېنى، گېزىتنىڭ باش بېتىگە قاراڭ نىمىلەر يېزىلىپتۇ؟ - دېدى رۇس ئەمەلدار بورھانبەگكە بۇيرۇق قىلىپ.

- كۆردۈم باشلىق، ۋىلادىمىرنىڭ تۇتۇش بۇيرىقى ئىكەن! - دېدى بورھانبەگ گېزىتتىن كۆزىنى ئۈزمەي.

- سىز ۋىلادىمىرغا قانداق قارايسىز؟ - دېدى ئەمەلدار بورھانبەگدىن كۆزىنى ئۈزمەي.

- ھەي، ئۇ ئەبلەخنىڭ ئىشىنى بۇرۇندىنلا ئاڭلىغانمەن، - دېدى بورھانبەگ قولىدىكى گېزىتنى ئالدىدىكى قەن-گىزەكلەر تىزىلغان ئۈستەلگە تاشلاپ قويۇپ رۇس ئەمەلدارغا خۇشامەت قىلغان ھالدا- تۇتۇش بۇيرىقىنى تېخى قايسى كۈنى ئۆيۈمنىڭ دەرۋازىسىغىمۇ چاپلاپ قويۇپتىكەن، ھەر قايسىڭلارغا ماسلىشىش ئۈچۈن ئۇنى ئېلىۋەتمىدىم، ئۇچرىتىپ قالسام ئۇ دۆلەت خائىنىنى سىلەرگە شەكسىز تۇتۇپ بىرىمەن باشلىق!

- سىز ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسىڭىز تونىيالامسىز؟

- ئەلۋەتتە! قارىڭە ئۇنىڭ چېچى سېرىق، ئوڭ مەڭزىدە كىچىك خالى بار دىيىلگەن تۇرسا، سۈرىتىمۇ كۆزۈمگە پىشىپ كەتتى دەڭا باشلىق، گەپ يوق تونۇۋالىمەن!- بورھانبەگنىڭ يۈرىگى بىر ئاز ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى.

- ئۇنداقتا ماڭا قاراپ بېقىڭ، نېمىنى ھېس قىلالىدىڭىز؟

تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئالدىن بورھانبەگ گاڭگىراپ قالدى، ئۇ ئالدىدىكى رۇس ئەمەلدارغا قاراشتىن قورقۇپ قالدى، چۈنكى بورھانبەگكە ئالدىدىكى بۇ ئەمەلدارنىڭ ئوڭ يۈزىدە خالى باردەك چېچى سېرىقتەك بىلىنىپ قالغان ئىدى.

بورھانبەگ غەيرەتكە كىلىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدىكى رۇس ئەمەلدارغا قارىدى، ئاھ خۇدا، ئۇنىڭ ئالدىدا ۋەھشى قاتىل ۋىلادىمىر شۇ پېتى تۇراتتى. بورھانبەگنى تىترەك باستى. . .

- ھۇ بورھانبەگ دىگەن ئىت بەچچە! مىنى تونىمىدىڭما؟ - ۋىلادىمىر قاتتىق غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ يېنىدىكى تاپانچىنى قولىغا ئالدى.

- ماڭا رەھىم قىلىڭ! بىر قوشۇق قېنىمدىن كىچىڭ ! ـ بورھانبەگ سافادىن چۈشۈپ تىزلىنىپ يىغلاشقا باشلىدى- بالىلىرىم كىچىك، ماڭا رەھىم قىلىڭ، نېمە لازىم بولسا شۇنى بىرەي. . . ھۆرمەتلىك ۋىلادىمىر ئەپەندى!

- مىنى نېمە چاغلاپ قالدىڭ، مەن تىلەمچىما؟ - ۋىلادىمىر بورھانبەگنىڭ يۈزىگە شالاققىدە بىرنى تۈكۈردى - ئېيتە ! ھازىر قولۇڭدا نەخ بارىنىڭ گىپىنى قىل، يالغان ئېيتساڭ ناگانىمنىڭ كۆزى يوق مىڭەڭدىن تۆشۈك ئېچىپ قويىدۇ بىكار!

- ماقۇل. . . ماقۇل. . . مەن ئېيتاي. . . - بورھانبەگ يۈزىدىكى تۈپۈكنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ يېنىدا نەخ بار بايلىقنى ئېيتىشقا باشلىدى- بىر ساندۇق زىخچا ئالتۇن، بىر چامادان نەخ پۇل. . . ھازىرچە بارى شۇ كەن ۋىلادىمىر ئەپەندى، قالغىنى بانكىدا ھەم. . .

- ئېتىنىڭ بالىسى مەن شۇ ئىككى تال نېمەڭگە قاراشلىقمىدىم،

مەندىن ئاغرىنما!- ۋىلادىمىر شۇنداق دىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ تاپانچىسىنى بەتلەپ بورھان بەگنىڭ ئالتۇن چىش بىلەن تولغان ئاغزىغا كەپلىدى.

بورھان بەگنىڭ يۈرىگى قېپىدىن چىكىتىپ تامبىلىغا شارىرىدە سىيىۋەتتى، ئاندىن يىغلىغىنىچە «مەن دەي. . مەن دەي. . » دەپ ۋاقىراپ كەتتى، تىللاخاننى كۆلكە تۇتىۋالدى، تىللاخان چاندۇرماي گەپ قىستۇردى:

- ھەي بورھانبەگ! ۋىلادىمىر ئەپەندى سىزنىڭ ئۆيۈڭىزدە نېمە بارلىغىنى بىلمەي كەلگەنمىدۇ؟سىزگە جان لازىممۇ ياكى يېنىڭىزدىكى بايلىقمۇ؟ سىزگە شۇنىمۇ دەپ قويۇاي ۋىلادىمىر ئەپەندىگە ئادەم ئۆلتۈرۈش قۇشقاچنىڭ بويىنىنى ئۈزگەندەكلا بىر ئىشكەن، مەن بۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن!

- مەن. . . دەي. . . مەن. . . دەي ! ماڭا رەھىم قىلىڭلار. . .

- ئەمىسە بىرىنى قالدۇرماي ئېيت، مىنىڭ ۋاقتىم قىس ئىتىنىڭ بالىسى! - دېدى ۋىلادىمىر قۇلىدىكى تاپانچىنى بورھانبەگنىڭ ئېغىزىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرۇپ.

- ئۆيدە بار زىخچا ئالتۇن ئىككى ساندۇق، نەخ پۇل ئۈچ چامادان، يەنە ئازراق ئالماس بار. . .

بۇ قېتىم بورھانبەگ راست گەپ قىلغان ئىدى، ۋىلادىمىر ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلدى:

- ھازىر ئۆيۈڭدە بار خىزمەتچىلك قانچە؟

- ئۈچى بار ئەپەندى. . .

- سەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ ئۇلارغا ئېيت ماڭا لازىملىقلارنى ئۆينىڭ

ئالدىدىكى مەيگە باســـۇن، بىرى كەم بولۇپ قالســا ئىت كاللاڭنى يەنچىيمەن، بىلدىڭما؟

- ماقۇل. . . ماقۇل. . . مەن چۈشـــەندىم ۋىلادىمىر ئەپەندى! - بورھانبەگ كۆزىدىكى ياشلارنى ئالقىنىدا سۈرتۈپ دەسسىگەن گىلەمگە پۈتلاشـــقىنىچە دەرىزە تۈۋىگە بېرىپ دەرۋازا تۈۋىدىكى خىزمەتچىلەرگە ۋاقىردى- ئە. . . ئە. . . ئەخمەتخان!. . . ھاي. . . ئەخمەتخان!

ئۆي خىزمەتچىلىرى مېھمانخانىدىكى كاتتا مېھمانلارغا قانداق تەييارلىق قىلىش توغرىســـىدا ئۆچى بىر يەرگە كېلىپ گودۇڭشــىشــىپ تۇراتتى، ياشتا چوڭ ئەخمەتخان بورھانبەگنىڭ ئۆزىنى چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كەلدى.

- ئەخمەتخان. . . ماۋۇ ئاچۇقۇشـــۇمنى ئېلىپ. . . ھوجرامدىكى تۆمۈر كارۋىتىمنىڭ ئاســتىدىكى. . . نەرســىلەرنىڭ ھەممىســىنى. . . ئىشـــىك ئالدىدىكى مەيگە. . . تۇلۇق بېســـىپ بىرىڭ! باشـــقىلار ياردەملەشسۇن!

ئەخمەتخان ئاچقۇشـــنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى، تىللاخان ئەخمەتخاننىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. دىگەندەك بورھانبەگنىڭ كارۋىتى ناھايىتى چوڭ پۈختا ياسالغان بىر تۆمۈر ســاندۇقنىڭ ئۆزى ئىدى، ئەخمەتخان كارۋاتنىڭ يۈزىدىكى گىلەمنى ئۆرۈپ ياندىكى قۇلپىنى ئېچىپ كارۋاتنىڭ ئۈســتىن يۈزىنى ئاچتى، دەرۋەقە كارۋاتنىڭ ئىچىدە ياغاچ ساندۇقتىن ئىككىسى، خېرۇم چامادانىدىن ئۆچى ئاندىن كىچىك بىر ســاندۇقچە تۇراتتى. تىللاخان ئۆي خىزمەتچىسىنى ســىرتقا چىقىرىۋېتىپ خىروم چامادانىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىدىكىنى تەكشۈرۈپ باقتى، چامادانىنىڭ ئىچى راستىنلا تىزا-تىزا يېڭى پۇل بىلەن تولغان ئىدى، تىللاخان بىلەن ئۆي خىزمەتچىسى ياغاچ ساندۇقنى

كۆتىرەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن تىللاخان چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتۇرۇپ مەپىنى ھويلىغا ئەكىرگەچ قالغان ئىككى ياش خىزمەتچىنى ئۆيگە باشلاپ ئەكىردى، بۇ قېتىم تۆتى بىر بولۇپ ياغاچ ساندۇقنى كارۋاتنىڭ ئىچىدىن ئاران تەسلىكتە كۆتۈرۈپ مەپىگە باستى، ھەممە نەرسىلەرنى تۈلۈق بېسىپ بولغاندىن كېيىن تىللاخان يۈگرەپ كىرىپ ۋىلادىمىرغا بېشىنى لىڭشىتتى.

- بورھانبەگ دىگەن قۇتۇر ئىت!- ۋىلادىمىر ئورنىدىن تۇرۇپ بورھانبەگكە ۋاقىردى - قېنىڭدىن كەچسەم كىچەي لېكىن خىزمەتچىلىرىڭگە ئېيىت ھەپتىگىچە ئۆيگە يۈلىمىسۇن، ئۈيۈڭدە ھەپتە پانالىنىمەن، ھازىرلا يۈقالسۇن! چۈشەندىڭما؟

- ماقۇل. . . ماقۇل ھۆرمەتلىك ۋىلادىمىر ئەپەندى، دىگىنىڭىزدەك بولسۇن! ـ دىدى بورھانبەگ جېنىنىڭ ساق قالغىنىغا خۇشال بولۇپ ـ ھاي. . . ئەخمەتخان بۇ ياققا كەل!

ئەخمەتخان ئىگىلگىنىچە مىھمانخانىغا كىرىپ كەلدى.

- ھەپتىگىچە ھەممىڭلار ئۈيۈڭلاردا دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار، خېنىمغىمۇ ئېيتىپ قوي ئاتىسىنىڭكىدە تۇرۇپ تۇرسۇن، ئالدىغا ئۆزەم بارىمەن! ھازىرلا كىتىڭلار! ـ بورھانبەگ ئۆزىنىڭ چىرايلىق ئايالىنىڭ ۋە ئۇماق باللىرىنىڭ بۇ ۋەھشى قاتىلنىڭ يېنىدا تۇرۇشىنى ئەسلا خالىمايتتى.

ئەخمەتخان ئاچىقۇشىنى بورھانبەگكە سۇنۇپ بىرىپ تازىم قىلغان ھالدا مىھمانخانىدىن چىقىپ كىتىپ ھويلىدا ئىش قىلىۋاتقان ئىككەيلەنگە بورھانبەگنىڭ بۇيرىقىنى يەتكۈزدى. ئۇلارمۇ نىمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئەخمەتخاننىڭ دىگىنىدەك قۇرادىن دەرھال ئايرىلىشتى.

بورھانبەگنىڭ ھەشـەمەتلىك سـارىيىدا پەقەت ئۆچەيلەنلا قالدى. ۋىلادىمىر قورقۇپ چىرايىدا جان قالمىغان بورھانبەگكە ۋاقىردى:

- بىرىپ دۇنيارىڭنى يۇشۇرغان يەرنى ماڭا كۆرسەت ئىت بەچچە!

بورھانبەگ دىر-دىر تىترىگىنىچە ئۆلارنى ئەگەشتۈرۈپ ھوجرىسىغا باشـلاپ ئاچىقتى. تۆمۈر كارۋاتنىڭ ئىچى قۇپقۇرۇق تۇراتتى. ۋىلادىمىر تىللاخانغا ئىشـارەت قىلدى، تىللاخان باشــتا دىيىشــۋالغىنى بۇيىچە تەييارلىۋالغان ئارغامچىســـى بىلەن ئۇنىڭ پۇت-قۇلىنى چىڭ باغلىدى. ۋىلادىمىر يـانـدىكى يىغىلغـان تـاۋار-دۇردۇنـدىن ئىتىلگەن يوتقـان-كۆرپىدىن بىر ـ ئىككىنى كارۋاتنىڭ ساندۇقىغا يىيىپ سالدى، ئاندىن بورھـانبەگنى ئىتتىرگىنىچە كـاۋاتنىـك چوڭ ســانـدۇقىغـا يـاتقۇزدى، بورھانبەگ ســاندۇقنىڭ ئىچىدە ســىڭايان يىتىپ يىغلاپ يالۋۇرۇشــقا باشلىدى:

- جىنىم ۋىلادىمىر ئەپەنـدى، مەن خوش بولۇپ قـالاي، مىنىـڭ كىچىك باللىرىم بار، مىنىڭ بىر قۇشـۇق قىنىمدىن كەچـسـڭىز، مەن يەنە كىمنى تەييـار قىلاي. . . نەچچە كۈنگە قـالمـاي ھەممىنى تەييـار قىلىمەن. . .

- بورھـانبەگ! ـ بۇ قىتىم ۋىلادىمىر ئۆلچەملىـك تۈركمەن تىلىـدا ۋاقىردى، - سـەن تۈركمەنلەرنىڭ يۈزىنى تۆكتۈڭ، زالىم رۇسـلارنىڭ چاتىرقىدىن چىقماي ئۈزەڭنىڭ نەپسـى ئۈچۈن ۋىجدان-غۇرۇڭنى بىر يـاققا قـايرىـدىڭ! ئىيتقىنـا ۋەتەن ئۈچۈن، مىللىتىڭ ئۈچۈن، دىنىڭ ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنىڭ ئۇششاق بالىسى يوقمىدى؟ ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىســى، خۇتۇن ـ ســىڭىللىرى يوقمىدى؟ ئۇلارنىڭ ئىســـق ئۈيى يوقمىـدى؟ئۇلار كىمنى دەپ جەڭ قىلدى بورھانبەگ؟! يىگىتلىرىمىزدىن ئوتتۇز نەچچىسى زالىم رۇسلارنىڭ قولىدا تاغدا ئاچلىقتىن، سوغۇقتىن

قىياناپ ئۆلتۈرۈلدى، ئەكسىچە سەن بىر تۈرۈكمەن تۇرۇپ نىملەرنى قىلدىڭ؟! سىنىڭ بۇ بايلىقىڭنى ساڭا كىم بەرگەن، بۇ بايلىقىڭنى مۇشۇ خەلقىڭ بەرمىگەن بولمىسا رۇسلار ساڭا ئاسماندىن پۇل تاشلاپ بىرەمتى؟ ئېيتقىنا قېرى مۇناپىق، خەلقىڭگە يۈز كىلەلەمسەن؟ شېھىت بولغان ئەشۇ قېرىنداشلىرىڭغا يۈز كىلەلەمسەن؟! كۇچا كويلاردىكى يىتىم بولغان ئەشۇ باللارغا يۈز كىلەلەمسەن؟!

- مەن. . . مەن. . . مەن ئېزىپتىمەن، مىنى شەيتان ئازدۇرۇپتۇ. . .

- ئاغزىڭنى يۇم ئىپلاس مۇناپىق ! ساڭا ئۆلۈمۇ ئازلىق قىلىدۇ. . .

پاشىشاخان شۇنداق دىگىنىچە قاتتىق غەزەپلىنىپ ياندىكى ياستۇقتىن بىرنى ئېلىپ بورھانبەگنىڭ يۈزىگە بېسىپ تۇرۇپ تاپانچىنىڭ ئۇچىنى ياستۇقنىڭ ئىچىگە مېختىغىنىچە تاپانچىدىن بىر پاي ئوق ئۈزدى. تاپانچا مەخمەل ياستۇققا قادىلىپ ئېتىلغاچقا ئوق ئاۋازىمۇ بۇ ھوجرا ئۆينىڭ سىرتىغا تۈزۈك چىقمىغان ئىدى، ئوقمۇ بورھانبەگنىڭ ئېغىزىدىن كىرىپ ئۇدۇل مىڭىسىدىن چىكەتكەچكە بىر پاي بىلەنلا غىڭ قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي جان تەسلىم قىلغان ئىدى.

- ئاكا خويمۇ ياخشى قىلدىڭ، ئەمدى بۇنىڭ بايلىقى بىزنىڭ ئويلىغىنىمىزدىنمۇ جىق چىقىپ قالدى، كېيىنكى قەدەمنى قانداق باسىمىز؟- دىدى تىللاخان ئاكىسىغا تەسەللى بىرىپ گەپنىڭ تىمىسىنى يۆتكەپ.

- ئەسلى بۇ ئىتنىڭ ئۇششاق باللىرىنى ئويلاپ قېنىدىن كىچەيمۇ دەپ ئويلىغان، قارىسام شېھىتلىرىمىزغا يۈز كىلەلمەيدىكەنمىز، بۈگۈن بۇنى قۇيىۋەتسەك ئەتە رۇسلارنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان مۇناپىقلاردىن يەنە نەچچىسى چىققۇدەك، شۇڭا بۇنى خەلققە ئىبرەت قىلىش كىرەككەن. . .

- بۇمۇ بولدى ئاكا، ئەمدى. . .

- ئەمدى بىز ھەيتىڭىزچە خاتىرجەم، يۈر! قالغان گەپنى يولدا دېيىشىمىز!

ئۇلار كارۋاننىڭ يۈزىنى ئەسلىدىكىدەك ھالەتكە ئەكىلىپ يېپىپ قويۇپ بايىلىق بېسىلغان مەيىنى ھەيدىگىنىچە دەرۋازىنىڭ تېشىدىن قۇلۇپلاپ بورھانىبەگنىڭ قوراسىدىن ئايرىلىشتى.

ئۇلار شۇ ماڭغىنىچە ئالتۇنلارنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرەلمەي كامىرى ئېتىلغان مەيىنى ھەيدەپ بىر ئۆستەڭنىڭ بويىغا يېتىپ باردى، ۋىلادىمىر چېچىدىكى سېرىق بوياقنى ئېقىن سۇدا يۇيۇپ چىقىرۋېتىپ ئەسلىدىكى پاششاخانىلىق ھالىتىگە قايتتى، ئاندىن ئۇلار شەھەرگە يېقىن بىر مۇساپىرلار مازىرىنى سۈرۈشتە قىلىپ شۇ يەردىكى گۆر كولۇغۇچىلارغا يۇقىرى ھەق بېرىپ بىر ئۆرانلىق كولاتتى، ئوران شامغا قالماي پۈتۈپ بولدى، ئۇلار كەچتە ئاسما چىراقتىن پايدىلىنىپ ئىنسى-جىن يوق بۇ مازارلىققا ئىككى ساندۇق زىخچا ئالتۇننى ناھايىتى تەسلىكتە ئاز-ئازدىن يۆتكەپ ھېلىقى ئۆرانغا دەپنە قىلدى، ئاندىن خارەتلەرگە ئاتاپ ياساتقان سالاسۇنغا تۈركمەنچە«ئاتام ئەلى شەيخنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي!» دىگەن جۈملىنى پىچاقتا ئويۇپ چىقتى، سالاسۇننى قەبرىگە ماسلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن ئۇلار بۇ مازارلىقتىن ئايرىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار قايتىش يولدا كۆتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەردىكى كونا ئۆي-جابدۇقلىرىنى ساتىدىغان دۇكاندىن چوڭ بىر كونا ياغاچ ساندۇقنى سېتىۋالدى، خارەت ئۇستامغا دەپ ساندۇقنىڭ ئىچى يۈزىگە ماس كىلىدىغان بىر ياغاچ تاختاينى ياساتقۇزۇپ چامادانىدىكى پۇللار بىلەن

ئالماسلارنىڭ ھەممىسىنى ساندۇقنىڭ ئاستىغا رەتلىك تىزىپ چىققاندىن كېيىن ھېلىقى تاختاينى تىزىلغان پۇللارنىڭ يۈزىگە يېپىپ ياندىن مېخلىۋەتتى، ئاندىن ساندۇقنىڭ بوش يېرىگە بازاردىن زېغىي-زاغۇن سېتىۋېلىپ ساندۇقنى لىقلىدى.

مانا مۇشۇنداق قىلىپ ئۇلار چۈشكە قالماي ئاپتۇۋۇز بىلەن بۇ شەھەردىن ئايرىلىپ تۆت كۈندە ئۆز يۇرتى ئاستانىگە بىخەتەر يېتىپ كەلدى.

مۇناپىق بورھانبەگ ئۆلتۈرۈلۈپ ھەپتىدىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە خۇتۇن بالىلىرى ۋە ئۆي خىزمەتچىلىرى پەيدا بولدى، ئۇلار ھويلىدىكى سېسىغچىلىقتىن تىنالماي ئاخىرى بورھانبەگنىڭ سېسىپ كەتكەن جەسىتىنى تۆمۈر كارۋاتنىڭ ئىچىدىن تاپتى، يۇرت-مەھەللە بۇ خوشخەۋەرنى قۇلاقتىن ـ قۇلاققا يەتكۈزدى، پۈتۈن تۈركمەنىستان بۇ خۇشاللىقتىن ئېغىزىنى يۈگەپ تۇرۇپ كۈلۈشتى، رۇسلار لىۋىنى لىۋىگە چىشلەپ ۋىلادىمىر دىگەن ئەبلەخنى ئىزدەشنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

*     *     *     *     *

ئۇلار ئاستانىگە يېتىپ كەلگەندە شەھەرنىڭ ۋەزىيىتى ئىنتايىن جىددىلىشىپ كەتكەن بولۇپ ئۇلاربۇ پۇللارنى كونا ياغاچ ساندۇققا زېغىي-زاغۇننىڭ ئاستىغا قاچىلاپ ياخشى قىلغان ئىدى، چۈنكى يول بۇيى تەكشۈرۈلمىگەن ساندۇق شەھەرگە كىرگەندە ناھايىتى تەپسىلى تەكشۈرۈلىۋاتاتتى. پاششاخان شەھەردە ۋەزىيەتنىڭ بۇنداق چىڭ بولۇپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىكەتتە بىرسىدىن ئاڭلاپ ئاندىن چۈشەندى.

ئەسلىدە شەھەرنىڭ ئاۋات گۈزەل كوچىلىرىدىن بىرى بولغان «روسلار كوچىسى»غا ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا ئوت كېتىپ ئوت ۋاقتىدا ئۆچۈرۈلمەي پۈتۈن كوچا كۆيۈپ خارابىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. كۆيۈپ كەتكەن مال-مۈلۈك ھەددى ـ ھېساپسىز بولۇپ نەچچە يۈزلىگەن كاتتا ھەشەمەتلىك ئۆيلەر، نەچچە يۈزلىگەن دۇكانلار بۇ قېتىملىق رەھىمسىز ئوت يالقۇنىنىڭ ئىچىدە كۆيۈپ كۈل بولۇپ كەتكەن ئىدى. ساقچى تەرەپ بۇنىڭ سەۋەبىنى دەسلەپكە قەدەمدە ئىنقىلاپ «ۋەتەننىڭ بىرلىكىگە قارشى تۇرغۇچى مىللەتچى رەزىل كوچلەر» قىلغان دىگەن خۇلاسىگە كەلگەن ئىدى، شۇ سەۋەپلىك شەھەردىكى بارلىق تۈركمەن ئاممىسى ساقچىلارنىڭ نەزىرىدىكى «رەزىل كۈچلەر»گە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇلار كەچكە يېقىن ئۆيگە ساق-سالامەت يېتىپ كەلدى، باللار ئىككى كۈندىن بىرى مەشىق مەيدانىغا بارالماي ئۆيدە قاپسىلىپ ئولتۇرۇپ زىرىكىپ قالغاندەك قىلاتتى، ئۇلار پاششاخان بىلەن تىللاخاننى كۆرۈپ باشقىچە خۇشال بولدى، لېكىن زىرەك پاششاخان باللارنىڭ كۆزلىرىدىن ئازراق بىر نۇرمالسىزلىقنى سېزىپ قالدى، باللار ئۆزلىرىنىڭ ئاتامانلىرىدىن بىر ئىشنى يوشۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئاخشىمى ياتار چاغدا پاششاخان ئۇكىسى بىلەن پاراڭلىشىپ ئۇنىڭغا يېڭى بىر گەپنى ئېيتتى:

- سەن ھېس قىلدىڭمۇ؟

- نېمىنى دەيسەن ئاكا؟

- باللارنىڭ كۆزلىرىدىن بىر نېمىنى بايقىمىدىڭمۇ؟

- ياق. . . مەن دىققەت قىلمىدىممۇ يا! ـ دېدى تىللاخان ئاكىسىنىڭ سوئالىدىن ئەجەپلىنىپ.

- قارىسام، - دېدى پاششاخان ئۇلۇق كىچىك تىنىۋېتىپ تىللاخانغا ئۆرۈلۈپ قاراپ ـ باللار كۆزلىرىنى مەندىن ئېلىپ قېچىۋاتقاندەك قىلىدۇ، گەپلىرىمۇ تازا قۇلاشمىغاندەك، ئۇلار ئىشقىلىپ مەندىن بىر نىمىنى يۇشۇرۋاتىدۇ، مەن ھېچنىمىسىنى بىلەلمىدىم، ياكى ئۇلارنىڭ چېنىقىش مەيدانىغا بارغۇسى يوقمىدۇ ياكى مەندىن نارازى بۇلىۋاتامدىغاندۇ؟!

- ئاكا ئۇنداق ئويلاپ كەتمە! ـ دېدى تىللاخان ئاكىسىغا تەسەللى بىرىپ- ئۇلار سەندىن بەك رازى، مەن نەچچە قېتىم ئۇلارنىڭ ھەر قېتىملىق دۇئاسىدا سىنىڭ ئىسمىڭنى ئاتايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم، بۇ باللار يىتىم بولغىنى بىلەن باغرى بەك يۇمشاق، بەك ئەقىللىق، ئاق-قارىنى مەندىن بەك پەرىق ئېتىدۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىما!

- ئۇكام، ئېيتقانلىرىڭغۇ توغرا، باللارنىڭ زىرەكلىكىنى ئۇبدان بىلىمەن، لېكىن سەن بۇلاردىن گەپ ئېلىپ باق، ئىشقىلىپ كۆڭلۈم بىر نىمىنى تۇيۇپ تۇرىدۇ. . .

- توختا. . . ياكى بولمىسا مەن ھازىر چىقىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى كۆلگۈنچەك ئەيسابەگدىن ئەھۋال ئىگىلەپ باقايمۇ-يا؟!

- مەيلى شۇنداق قىلغىن، بولمىسا كېچىيچە ئۇيقۇم قاچىدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزارمىزمۇ ئەمدى؟

- ھېچقىسى يوق ئاكا، مەن ھازىرلا كىرىمەن!

تىللاخان ئۇخلاش كىيمى بىلەن يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى، ئۇ مىھمانخانىدا ئۇخلىۋاتقان ئەيسابەگنى چاقىردى، باللار تېخى ئۇخلىمىغان ئىدى، ئەيسابەگ ئورنىدىن تۇرۇپ تىللاخانغا ئەگىشىپ ھويلىغا چىقتى.

- ئەيسابەگ يۈرە كەپتەرخانىغا چىقىمىز! ـ دېدى تىللاخان ئالدىدا

شوتنىڭ بالدىقىغا دەسسەپ.

ئۇلار كەپتەرخانىنىڭ ئالدىدىكى كۆزدە ئاپتاپ ئىسسىنىشقا قۇيۇپ قويغان چوڭ كارۋاتقا كىلىپ ئولتۇردى، بۇلۇتسىز ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىر-بىرىدىن بەس تالاشقاندەك جىلۋە قىلىشاتتى.

- ئۇكام ئەيسابەگ، -دىدى تىللاخان ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ- ئاكام ئۇ سىلەردىن ئاغرىنىپ قالغاندەك تۇرىدۇ، ئۇ ھىلىلا سىلەرنىڭ گىپىڭلارنى قىلىپ شۇنداق ئازابلىنىپ كەتتى، ئۇ سىلەرگە بەكلا ئامراق، بۇنى سىلەر ئۇبدان بىلىسىلەر، ئۇنىڭ دىيىشىچە سىلەر بىر ئىشنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۋاتقان ئوخشايسىلەر، ماڭا راست گىپىڭنى ئىيتقىنا، زادى ئاراڭلاردا نىمە ئىش بولدى؟

- ئاكا. . . بۇ. . . باللار ئۇ. . . - ئەيسا بەگ تۇپۇكىنى يۇتۇپ گاچىلىشىشقا باشلىدى- مەن سىزدىن گەپ يۇشۇرمايمەن ئاكا، لىكىن باللار ئۇلار. . . بۇنى ھىچقايسىمىز دىمەس بولغان شۇ!

- ھەي ئەيسا بەگ! -دىدى تىللاخان ئۇنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كىتىپ- ئاكامنى ئويلاپ قوي، ئۇ قاچان سىلەرگە ئاچچىقلانغان، ئۇ بۇ كىچە ياخشى ئۇخلىيالمىسا، ئەتىلىككە ئاغرىپ قالسا بىز قانداق قىلىمىز، ئەمدى راستىنى ئىيتە، بىزگە دىمىگۈدەك نىمە ئىشتى ئۇ؟

- ئەمىسە ساڭا دەي ئاكا، باللارغا ئۆزەڭ بىر نىمە دەرسەن! - دىدى ئەيسابەگ كاللىسىنى قاشلاپ تۇرۇپ - قايسى كۈنى مەشىق مەيدانىدىكى مۇئەللىم بىز باللارنى ئۆز ئارا مۇسابىقىگە سالغان ئىدى، بىز ئۇيان-بۇيان بولۇپ ئاخىرى رۇس باللار بىلەن ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە چۈشۈپ قالدۇق، ئۇ رۇس ھارىمىنىڭ ھەقىقەتەن كارامىتى باركەن، ئۇ ھەممىمىزنى يىڭىپ بىزنى يەرگە قارىتىشقا باشلىدى، نۆۋەت بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ھەسەنبايغا كەلگەندە بىز كۆزىمىزنى

يۇمۇپ ئولتۇردۇق، چۈنكى ھەسەنباينى سەنمۇ بىلىسەن، ئۇ ئادەتتە بەك يۇۋاش ئىدى، كىم بىلسۇن، يۇۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدىكەن ئەمەسمۇ، ھايىنى-ھۇيىت دىگۈچە ھېلىقى رۇس ئىتنى يەرگە چاپلاپ قويىدى دىگىنە، ھەممىمىز بۇ غەلبىنى تەبرىكلەپ ئۆيگە مېڭىش يۇلىدا رۇسلار كۈچىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتساق، بۇ رۇس ئىتى يېڭىلگىنىگە تەن بەرمەي بىر مۇنچە رۇس بالىلارنى يىغىپ ئالدىمىزنى توستى، شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ بولۇپ تۇتۇشۇپ كەتتۇق، كۇرۇسقا كەلگەن تۈركمەن بالىلاردىن بىر مۇنچىسى بىز تەرەپتە تۇردى، بىز ئۇلارنى راسا سېلىۋاتاتتۇق، تۇيۇقسىز بۇ ئىتنىڭ باللىرى ئاۋۇپ كەتتى، قارىساق ئۇلارنىڭ ئاكىلىرىدىن باشلاپ دادىسىغىچە مەيدانغا چۈشۈپتۇ، ھەممىسىنىڭ قۇلىدا كالتەك، كۆزنى-يۇمۇپ ئاچقىچە ئۇلار بىزنى كالتەك بىلەن دۇمباللاپ قۇپالماس قىلىۋەتتى، بىر چاغدا ئامانلىق ساقلىغۇچى دىگەن نىمىلەر كەپتىكەن، ئۇلار كالتەك تۇتقانلارنى تۇتۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، تېخى ئۇلارغا يان بېسىپ بىزنىڭ قۇلىمىزغا كويزا سېلىۋاتىدۇ، ئەھۋالنى چۈشەندۈرسەك، گىپىمىزنى ئاڭلىماي ئاغزىمىزغا مىلتىقنىڭ پەيىنگى بىلەن ئۇرىۋاتىدۇ، ساقچى دىگەن نىمىلەر ئۇلاردىن ئۆتە ئۇسال نىمىلەركەن، ئۇلار بىزنى ئاپىرىپ يەنە بولدى دىگۈچە ئۇرۇپ ئاندىن يولغا سېلىۋەتتى، يىگەن تايىقىمىز ئۆزىمىزنىڭ بولدى، كەچتە ئۆيگە كىلىپ بۇ ئاچچىقنى يۇتالمىدۇق، شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى. . .

- ھە دىگىنە ئەتىسى نېمە بولدى؟ - دېدى تىللاخان ئىشىنىڭ ئايىغىنى ئاڭلىغۇسى كىلىپ.

- ئەتىسى. . . - دېدى ئەيسابەگ گىپىنىڭ ئايىغىنى كۈلۈپ داۋاملاشتۇرۇپ- ئەتىسى كۈندۈزى بىز كالتەكنىڭ ئاغرىقىغا چىداپ رۇسلار كۈچىسىنى ئۇبدان كۈزەتتۇق، ئۇ يەردىكى دۇكان-سارايلارنى،

ھەشـــەمەت داچىلارنى بىرمۇ-بىر كۆرۈپ چىقتۇق، ئۇلارنىــڭ بىزدىن گۇمان قىلىپ سـالماسلىقى ئۈچۈن بىز بىر ھەپتىنى چىداپ ئۆتكۈزدۇق، ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا تۈن يېرىم بولغاندا بەشـــمىز رۇسـلار كۈچىســغا باردۇق، ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ سۇ تۇربىسىنىڭ مەنبىيىنى ئىتتۇق، ئۇلارنىڭ باش تۇربىنى يەنە ئېچىپ سـالماسـلىقى ئۈچۈن تۆمۈر كىسىش ھەرىسى بىلەن باش تۇربىنىڭ چۆرۈيدىغان يۇملاق قۇلىقىنى تۈۋىدىن كىســـۋەتتۇق، شـــۇنىڭ بىلەن بۇ كۇچىنىڭ بارلىق سـۈيى ئىتىلدى، ئاندىن شەھەرلىك ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىنىڭ بۇ كۇچىغا كىرىشىنىڭ ئـالـدىنى ئېلىش ئۈچۈن بۇ كۇچىلاردىكى تېلىفۇن ســـىمىنىــڭ بـاش كاللىســـنى تاپتۇق، ئۆي ـ دۇكانلاردىن چىققان تېلىفۇن ســـىملىرىنىڭ ھەممىسى يېغىلىپ كۇچىنىڭ شىمالىدىكى بىر تۈۋرۈككە يېغىلىدىكەن، بىرىمىز شـــۇ تۈۋرۈككە يامىشـــىپ چىقىپ ئالدىن تەييارلىۋالغان تۆمۈر كىســدىغان قايچا بىلەن ســـىملارنىڭ ھەممىســـنى كىســـىپ چىقتۇق، شۇنىڭ بىلەن بۇلار ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسى بىلەن ئالاقىلىشالمايدىغان بولدى، ئىككىنچىســـى ئىشـــنى تېخىمۇ پۇختا قىلىش ئۈچۈن كۇچىنىڭ كىرىش ئېغىزىـدىكى قـاتـار كەتكەن ســـۆگەتلىكنى كىســـــىپ يولغـا ياتقۇزىۋەتتۇق، ئۇ چوڭ سـۆگەتلەرنى كىسـىشـتە مايلامچىلىق تىجارەت قىلغاندىكى ئايلىقىمىز شۇنداقلا باتتى دىگىنە، ئۇنىڭغا مۇتۇرلۇق ياغاچ كىســـش ھەرىســـدىن ئىككىنى ســـېتىۋالغان ئىدۇق، يېرىم ســائەتكە قالماي ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ بىلىمدەك سـۆگەتتىن بەش-ئالتىنى يولغا ئۆرىۋەتتۆك، ئامانلىق سـاقلىغۇچى دىگەن نىملەرمۇ شـەكىلگە شـەھەر ئايلىنىدىكەن، كېچىسى شۇنچە ئاۋاز چىقىرىپ دەرەخ كەسسەك بىرسىمۇ كىلىپ قويمىدى، شـــۇنىڭ بىلەن كۈنـدۈزى ئېلىپ قويغان بىر تۇڭ بىنزىننى قول ھارۋىســغا بېســىپ رۇســلار كۇچىســىنىڭ ئوتتۇرىســغا ئەكىرىپ بەشـــمىز بەش چىلەكتە دۇكـانلارنىـڭ ئـالدىغا بۆلۈشـۈپ

تۆكتۇق، سەرەڭگىنى ياققاندەك قىلىۋىدۇق، ئاسمان پەلەك ئوت بىردەمنىڭ ئىچىدە كۇچىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغىچە گۆركىرەپ تۇتۇشۇپ كەتتى، بىزمۇ ئوتنىڭ ئىچىدە قېلىپ ئاران جېنىمىز ئېلىپ قاچتۇق، كىم بىلسۇن بۇ ئوت دىگەن نەرسىنىڭ يامانلىقىنى، بىز دۇكانلارغا ئوت قويدۇق دەپ ئويلاپتۇق، ئەتىسى كىلىپ قارىساق بۇ ئوت دۇكانلارغا تۇتاش بولغان كەينىدىكى رۇسلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرىگە بەكراق تۇتۇشۇپ كىتىپتۇ، ئاڭلىساق بۇ كۇچىغا يېقىن يەردىكى ئاھالىلەر بۇ ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ ئوت ئۆچۈرۈش ئىدارىسىغا تېلفۇن قىپتىكەن، ئۇلار بۇ تېلفۇننى ناھايىتى كىچىپ ئاڭلىغاچقا بۇ يەرگە كىلىپ سۇگەت دەرەخلىرىنى يۆتكەپ بولغىچە ئوت بۇنىڭغا ساقلىماپتۇ، بولغان ئىش مۇشۇ ئاكا. . .

- ۋاي خۇدايىم ئۇكام، شۇنداقمۇ تەۋەككۇلچىلىك قىلغان بارمۇ ئەمدى؟!- دىدى تىللاخان پىشانىسىنى تۇتۇپ بۇ كەپسىز بالىلارنىڭ قىلغان ئىشىدىن ھاڭ-تاڭ قېلىپ بېشىنى ئىككى يانغا چايقاپ - ساقچىلار سىلەرنى ئىزدىمىگەندۇ؟

- ئىزدىدى، ئۇلار جانبازلىق سارىيىغا بېرىپتىكەن، ھەممىزنى يىغىپ بۇ ئوت قويۇش ئىشىنىڭ شامىسىنى ئاڭلاپ قالساڭلار بىزگە خەۋەر قىلىڭلار، ناھايىتى كاتتا سۇيۇنچە بىرىمىز دىدى شۇ!

- شۇنداق قىلىپ سىلەر بۇ ئىشنى بىزدىن يوشۇرماقچى بولغانمۇ؟

- ھەئە، بىز بۇ گەپنى ئىككىڭلارغا دىمەس بولغان، ناۋادا بۇ گەپ قايسىمىزنىڭ ئېغىزىدىن چىقىپ قالسا، شۇ توڭغۇز بۇلىدىغان بولغان، مانا چاتاقنىڭ چوڭى چىقتى ئاكا! ئەمدى باللارغا نىمە دەرمەن؟

- بۇنى دىگىنىڭ ياخشى بولدى، چوڭ چاتاقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى ئاكىمىزدىن يوشۇرماسلىقىمىز كىرەك،

ئىسىگىدە بولسۇن يەتتىمىزنىڭ پۈتى بىر ئۆتۈكتە ئۇكام، ساڭا تەگكەن تاياق ھەممىمىزگە تىگىدۇ، ھەممە ئىشتا ئاكام پاششاخاننىڭ ئاغىزىغا قارايلى، ئۇ بوش ئادەم ئەمەس، بىلدىڭمۇ؟

ئۇلار شۇنداق دىيىشىپ ئۆگزىدىن چۈشتى، ئەيسابەگ ياتىقىغا كىرىپ كەتتى، تىللاخان كۈلۈپ پىشانىسىنى تۇتقىنىچە پاششاخاننىڭ يېنىغا كىرىپ كەتتى.

- ھە قانداق، يىڭىلىق بارمۇ؟، - دېدى پاششاخان چىراقنى ياندۇرۇپ ئۇكىسىنىڭ كۈلۈپ كىرگىنىنى كۆرۈپ.

- ئاۋال چىراقنى ئۆچۈرە ئاكا، گەپنىڭ قىززىقى ئەمدى چىقتى.

پاششاخان توكنى ئۆچۈردى. تىللاخان ئاكىسىنىڭ قۇلىقىغا ئېغىزىنى يېقىپ ئېيتتى:

- بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كىيىن چىققان مۈڭگۈز ئېشىپ كىتىپتۇ دىگەندەك بىر ئىش بۇپتۇ ئاكا - دېدى تىللاخان پىخىلداپ كۈلۈپ - رۇسلار كۈچىسىدىكى ئوتنى بۇ كاساپەتلەر قۇيۇپتىكەن ئەمەسمۇ؟!

- ئاپلا ماۋۇ ئىشنى ئەمدى!، - دېدى پاششاخانمۇ ئالقىنى بىلەن پىشانىسگە ۋاققىدە بىرنى قويغاچ، - كۆڭلۈمگە شۇنداق بىر كىلىۋىدى لېكىن بۇنداق چوڭ ئىش بۇلارنىڭ قۇلىدىن ھەرگىز كەلمەس دەپ ئويلاپتىمەن!

- نىمىسىنى دەرسەن«كۆزگە ئىلمىغان چۈماق قاڭشانى يېرىپتۇ» دەپ تېخى ھەممىنى ئاڭلىمىدىڭ. . .

تىللاخان ئەيسابەگدىن ئاڭلىغان پۈتۈن تەپسىلاتلارنى ئاكىسىغا بىرمۇ-بىر ئېيتىپ بەردى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان پاششاخان ئاخىرىدا كۈلۈپ كىتىپ:

- بۇپتۇ بۇلارمۇ چوڭ بۇپتۇ، ئۇقۇغان كىتاپلىرى بىكارغا كەتمەپتۇ، ئەمدى بۇندىن كېيىنكى ھەركىتىمىزگە بۇلارنىمۇ قاتناشتۇرايلى، ھازىردىن باشلاپ يۈرىگى قاتسۇن!

ئاكا-ئۇكا ئىككەيلەن باللارنىڭ بۇ قېتىملىق ئوت قويۇش ھەركىتىدىكى زىرەك ھەم باتۇرلىقىغا قايىل بولۇپ ئۇزۇنغىچە ھاياجانلىنىپ ئۇخلىيالمىدى تۈن يېرىمدىن ئاشقاندا ئاندىن كۆڭلى خوش ھالدا ئۇخلاپ قېلىشتى.

# ئون ئۈچىنچى باب

## تۈركلەر ئىتتىپاقى

ئەتىسى سەھەردە پاششاخان باللار بىلەن مەسچىتتىن يېنىپ مېھمانخانا ئۈيگە يېغىلدى، باللار ئاخشام ئەيسابەگدىن مەخپىيەتلىكنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلگەچكە پاششاخان ئەمدى بىزنى تەنقىد قىلىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى.

- يىگىتلەر! - دېدى پاششاخان ناھايىتى كۆتىرەڭگۈ ھالدا تىللاخان بىلەن ئاخشام دىيىشىۋالغىنى بۇيىچە باللارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ - ئىشلىرىڭلارنى ھەممىنى ئاڭلىدىم، يارايسىلەر! ئەمدى مانا ھەقىيقى تۈركمەن يىگىتلىرىگە ئوخشىدىڭلار! - باللار پاششاخاننىڭ ئۆزلىرىنى ماختىۋاتقانلىقىنى بىلىپ ئۆز قۇلىقىغا ئىشىنەلمەي بىر-بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇشتى - بۇ قېتىمقى ھەركىتىڭلار سىلەرنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىڭلارنى چۈشەندۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىلانىڭلار ناھايىتىمۇ مۇكەممەل تۈزۈلۈپتۇ، شۇ سەۋەپتىن ھەركىتىڭلار زور غەلبىگە ئېرىشتى، سىلەرگە ئايان رۇسلارنىڭ زىمىنىمىزدا قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىدى، بايلىقلىرىمىزنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشىنى بارغانسىرى كۈچەيتتى، بۇپتۇ بىز ئۇنىڭغىمۇ مەيلى دىدۇق، ئەمما ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن بولدى قىلمىدى، ئەمدىلىكتە بىز تۈركمەنلەرنى ھايۋاننىڭ ئورنىدا كۆرۈشكە باشلىدى،

ئۇلار بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە، ئۆرۈپ-ئادىتىمىزگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى، ئۇلار ئۆزىنىڭ ۋەتىنىدە «تۈركمەنىستاننى ئېچىش» دېگەن قۇرۇق شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ زور كۆلەملىك رۇس نوپۇسلىرىنى يۆتكەش قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلدى، شۇ سەۋەبلىك بىزنىڭ ئانا-سىڭىللىرىمىز ئۇلارنىڭ دېدىكىگە، يىگىت-ئەركەكلىرىمىز ئۇلارنىڭ قۇلىغا ئايلاندى، بىزنىڭ ئادەملىرىمىز مەيلى قانچە ياخشى مەكتەپلەردە ئۇقۇپ كەلسۇن ئىشسىز پېتى قېلىۋەردى، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ پوقىنى ئىككىگە بۆلەلمەيدىغان نان قېپىلىرى ھەرقاچان ئەتىۋارلىنىپ ياخشى خىزمەتلەرگە قويۇلدى، ناھاقچىلىققا چىدىمىغان ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلىرىمىز بىر-ئىككى ئېغىز ھەق گەپ قىلغىنىغا ئۇلارنى ھەرخىل بەتنام بىلەن تۈرمىگە ئالدى ياكى خىزمەتلەردىن ھەيدىدى، ئۇلار بىز تۈركمەنلەرنى تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە خارلىدى بىزگە ھەدىسىلا «ۋەتەنىنىڭ بىرلىكىگە قارشى چىققان مىللەتچى ئونسۇر» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ بىزنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلدى، خالىغانچە دارغا ئاستى، خالىغانچا تۈرمىلەرگە مەڭگۈلۈك قاماۋەتتى، خەلق ئۇزۇن مۇددەت نادانلىقتا قالغاچقا نېمىنىڭ ئاق نېمىنىڭ قارىلىقىنى ئۇبدان پەرىق ئېتەلمىدى، پەرىق ئەتكەن تەقدىردىمۇ رۇسلارنىڭ دەھشەتلىك تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا بېشىنى كۆتۈرەلمىدى، ئەمدىلىكتە بىز تۈركمەن ئەركەكلىرى بۇنىڭغا قاراپ تۇرامدۇق، ئۇلۇغ ئاللاھ بىزنى بۇ زېمىنغا نېمىشقا ئاپىرىدە قىلغان؟ بىزنى يەپ-ئىچسۇن دەپمۇ؟ بىزنى ھايۋاندەك ئەتىدىن-كەچكىچە ئۇخلىسۇن دەپمۇ؟ ياق. . . ياق ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، قۇدرەتلىك ئاللاھ بىزنى دىنىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزنى قوغداش ئۈچۈن، قىز-ئاياللىرىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ياراتقان، بىز ئەمدىلىكتە ئۆزىمىزنى ئەركەك دېيەلەمدۇق؟ بىچارە ئانىلىرىمىز بىر نان ئۈچۈن رەستىلەردە يالاڭئاياق تىلەمچىلىك

قىلماقتا، يۇۋاش قىز -سىڭىللىرىمىز بىر تال يىپىنچا ئۈچۈن كوچا-كويلاردا تېنىنى سېتىپ پاھىشىلىك قىلماقتا، قاراڭلار بىز ئۇلارغا نېمە قىلىپ بېرەلىدۇق، بىز ئۆلسەك ئاللاغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟! دەپ كەلسەم بۇلىۋاتقان ناھاقچىلىقتىن ئىچىم قان-يىرىڭغا تولۇپ كېتىگىلىك، ئۇلارنىڭ بىزگە سالغان زۇلۇمىنى سۆزلەپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ، بالىلار سىلەرگە دېسەم بىزنىڭ پەقەت بىرلا چىقىش يولىمىز بار ئۇ بولسىمۇ تۈركمەنىستاننىڭ ئۈزۈل-كېسىل مۇستەقىللىقى! تۈركمەن خەلقىنىڭ ھەقىيقى ئەركىنلىكى! بىز مۇستەقىللىق ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك، بىز پەقەت مۇستەقىل بولغاندىلا ئاندىن ئىنسانىي قەدىرى-قىممىتىمىزنى تاپالايمىز !

ئۇنداقتا بىز مۇستەقىل، ھۆر بۇلىشىمىز ئۈچۈن نىمىلەرنى قىلىشىمىز كېرەك؟ بۇنىڭ توغرا جاۋابى شۇكى بىز تۈركمەنلەر جېنى بارلىرىمىز جېنىمىزنى، پۇلى بارلىرىمىز پۇلىنى، كۈچى بارلىرىمىز كۈچىمىزنى چىقىرىپ رۇسلار بىلەن قارشىلىشىشىمىز لازىم، ئۇلارغا قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئۇلارنى زىمىنىمىزدىن ئۈزۈل-كېسىل قوغلاپ چىقىرىشىمىز لازىم! ئەركىنلىك، ھۆرلۈك يولىدا بىر تال سۈپۈركىنى بولسىمۇ قولىمىزغا ئېلىپ جىھادقا چىقىشىمىز لازىم! مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ھەقىيقى جىھاد، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى ھەقىقى ناماز، مانا مۇشۇنىڭ ئۆزى بىز تۈركمەن مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئاللاغا قىلغان ھەقىيقى ئىبادىتىمىز ھىساپلىنىدۇ!

بالىلار پاششاخاننىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ رۇسلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە غەزەپلىنىپ مۇشتلىرىنى تۈگۈشمەكتە ئىدى، پاششاخان سۆزىنى داۋام قىلدى.

- خوش، بىز ئىزچىل بۇ ھىساپنى ئېلىشنى ساقلىدۇق، چوڭ

بۇلىشــىمىزنى ســاقلىدۇق، لېكىن قايســى كۈنكى ھەركىتىڭلار بىزنىڭ ئاللاقاچان چوڭ بولغانلىقىمىزنى ئىســپاتلىدى، بىزمۇ ئەمدى بۇنىڭدىن ئــارتۇق چوڭ بولمــايمىز، بىز بۈگۈننى قەدىرلىشـــىمىز كېرەك، بىز بىر مىــنۇت بــۇرۇن ھەركەتــكە كەلســـەك بىر نەپەر بىيگۈنــاھ تۈركمەن پۇقراســىنى بىر مىنۇت بۇرۇن قۇتقۇزغان بۇلىمىز! بىز بىر دەقىقە بۇرۇن قۇلىمىزغا قۇرال ئالســاق بىر دەقىقە بۇرۇن مۇســتەقىللىققە ئېرىشــكەن بۇلىمىز! باللار ئىسىڭلاردا بولسۇنكى سىلەر ھەرگىز ئاددى ئادەملەردىن ئەمەس، مۇنداقچە ئېيتساق تۈركمەنىستان خەلقىنىڭ تەقدىرى بىزنىڭ قۇلىمىزدا، مۇشۇ يەردە تۇرغان يەتتىمىزنىڭ قۇلىدا! شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇنــدىن كېيىنكى ھەرقــانــداق ھەركەتنى خــالىغــانچە ئۆز ئــالــدىمىزغــا قىلمــاســـلىقىمىز لازىم، يەتتىمىزنىڭ جېنى ئىزچىل بىر يىپقا باغلىنىپ كەلــدى، بۇنــدىن كېيىنمۇ يەنە بىر يىپقا باغلىنىمىز، ناۋادا بىرىمىزدىن چــاتــاق چىقســـا قــالغــان ھەممىمىزدىن چــاتــاق چىقىــدۇ دىگەن گەپ، دىمەكچىمەنكى قەتئىي خــالىغــانچە ھەركەت قىلىشـــقــا بولمــايــدۇ، يۈرۈگۈڭلار ھەرقانچە قىززىپ كەتســىمۇ قىلماقچى بولغان ئىشــڭلاردىن مەن يــاكى ئىللاخــان ئــالــدىن خەۋەر تېپىشـــىمىز كېرەك، بىر تۇتــاش بۇيرۇققا بويسۇنىشىڭلار كېرەك! ناۋادا گــېپىمگە قايىل بولغان بولساڭلار ماڭا ھازىر ۋەدە بېرىڭلار !

- ئاكا خاتىرجەم بۇلۇڭ، بىز ئەمدى خالىغانچە ئىش قىلمايمىز!، - دېيىشتى باللار دېيىشۋالغاندەك تەڭلا جاۋاب بىرىپ.

- ياخشــى بۇرادەرلەر، ھازىر ســىلەرگە بىر ئىشــنى ئۇقتۇرىمەن، - پاشــاخان ئۇكىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ ئىشارەت قىلىۋىدى، ئىللاخان ھەر بىر بــالىغــا ئۈچ بوغماقتىن پۇل تەقســـىم قىلىشـــقا باشـــلىدى - ئەتە ئەتىگەنــدىن بــاشـــلاپ بىز ھەممىمىز بىر-بىرىمىزدىن ئــايرىلىمىز، قۇلۇڭلاردىكى پۇل ســىلەرنىڭ چىقىمىڭلارغا ئازادە يىتىپ ئاشــىدۇ، ھەر

بىرىڭلارغا بىردىن ۋىلايەت تەقسىم قىلىندى، ئەتىدىن باشلاپ ئۆزەڭلارغا تەۋە رايونغا بېرىپ خەلق ئارىسىغا چۆكۈسىلەر، سىلەرنىڭ ئوقۇغان كىتاۋىڭلار ھەقىقەتەنمۇ كۆپ ئىدى، ئەمدى ئۇلارنى ئەمىلىيەتكە تەتبىقلايدىغان چاغ كەلدى، ۋاقتىڭلار پەقەت بىر يىل، بۇ بىر يىل ئىچىدىكى ۋەزىپەڭلار بولسا ئۆزەڭلەرگە تەۋە رايوندىكى رۇس كۈچلىرىنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىنى شۇنداقلا رۇسلارغا قارشى كۈچلىرىمىزنىڭ ئەمىلىي ئەھۋالىنى يوشۇرۇن ئىگەللەش، ئۇندىن باشقا شارائىتى بارلار چەۋەندازلىق ماھارىتىنى پۇختىلاڭلار، بولسا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار، بۇ جەرياندا ئىگەللىگەن ئەھۋالنى قەتئىي يېزىقچە خاتىرلەشكە بولمايدۇ، خاتىرلىگەن تەقدىرىڭلاردىمۇ چۇقۇم كاللاڭلارغا تىزىۋالغاندىن كېيىن ئەسلىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىڭلار! رۇسلارغا قارشى ھەرقانداق ھەركەتكە قاتناشمايسىلەر، سىلەر پەقەت تىجارەتچى نامىدا يوقارقى ۋەزىپىنى ئورۇندايسىلەر، سالاھىيىتىڭلارنى قەتئىي ئاشكارىلاشقا بولمايدۇ، كېلەر يىلى مۇشۇ چاغدا مۇشۇ ئۆيدە كۆرىشىمىز، ئىشلاردا ئالاھىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قالسا بىز سىلەر بىلەن ئالاقىلىشىمىز، ئىسىڭلاردا بولسۇن باللار، بۇ ۋەزىپە قارىماققا ئاددى بولغىنى بىلەن ئەمىلىيەتتە ئاددى ئەمەس، ۋەزىپىنى ئۇڭۇشلۇق ئورۇنداش ئۈچۈن قەتئىي پۈلنىڭ كۈزىگە قارىماڭلار، پۇلنىڭ غېمىنى بىز قىلىمىز، بۇندىن كېيىنكى ھەركىتىمىزنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولۇش-بولماسلىقى سىلەرنىڭ مۇشۇ قېتىملىق ۋەزىپىنى ياخشى ئورۇنداش-ئورۇندىماسلىقىڭلارغا باغلىق، قانداق باللار؟

- چاتاق يوق ئاكا، گۈل چىقىرىۋېتىمىز! ـ دېيىشتى باللار تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن بىر-بىرىگە قارىشىپ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلارنىڭ قىسقا يىغىنى ئاخىرلاشتى، باللار بۇ ۋەزىپىگە ئاتلانغىنىدىن قاتتىق خۇشال بولىۋاتاتتى، ئۇلار ئۆزلىرىنى

ھىكايە-رومانلاردىكى باش قەھرىمانلاردەك ھىس قىلىشىپ پۇللارنى يانچۇقىغا سېلىشقىنىچە ئەتىكى سەپەرنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن رەستىگە مېڭىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە پاشىشاخان بىلەن تىللاخان بىكەتكە بالىلارنى ئۇزاتقىلى چىقىپ ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، ئاندىن ئۇلار ئۆيگە ئالدىراپ قايتىپ ئۆيدىكى مال-دۇنيانىڭ ئۆزىگە لازىم بولىدىغانىنى ئېلىپ قېلىپ قالغان قىسمىنى شەھەرگە يېقىن جايدىكى چوڭ مازارلىققا يەنى بۇۋىسى جالالىدىن شەيخنىڭ ئۆيى بار مازارلىققا بۇرۇنقى ئۇسۇلى بويىچە كۆمۈپ چىقتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار يېڭى پىلانى بويىچە پويىز ئىستانسىغا چىقىپ ئۆزىگە لازىم بولىدىغان ئادەمنى ئىزدەشكە باشلىدى، پويىزدىن ئەمدى چۈشكەن بىر رۇس يىگىت سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۇياق-بۇياققا قارىغىنىچە كىتىپ باراتتى، شۇ چاغدا بېشىغا قىزىل شەپكە كىيگەن كۆزىگە ئەينەك تاقىۋالغان بىر تۈركمەن يىگىت پويىزدىن ئەمدى چۈشكەن بۇ رۇس يىگىتنىڭ ئالدىغا كىلىپ قىزغىن سالام قىلىپ قولىنى ئۇزاتتى.

- ياخشىمۇ سىز يىگىت؟ - دېدى قىزىل شەپكىلىك كۆز ئەينەك تۈركمەن يىگىت راۋان رۇس تىلىدا.

- ھە. . . ياخشىمۇ سىز؟ - دېدى جاۋابەن رۇس يىگىتمۇ بۇ ناتونۇش يىگىت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ.

- مۇسكىۋادىن كەلدىڭىزمۇ؟

- ياقەي لېنىنگرادتىن كىلىشىم، سىز. . .

- ھە مەن بىر يەرلىك مۇخپىر يىگىت، ماڭا سىزنىڭ ياردىمىڭىز كىرەكتى، بىلمىدىم ياردەم قولىڭىزنى سۇنارسىزمۇ؟

- سىزگە قانداق ياردىمىم كېرەكتى؟

- سىزگە ئۇدۇللا دەۋىرەي، گېزىتخانا باشلىقى ماڭا بىر مۇشكۈل ۋەزىپىنى ئارتىپ قويىۋاتىدۇ، شەھىرىمىزدە قەدىمىي ھەم چوڭ بىر مەسچىت بار ئىدى، ئۇلار ماڭا شۇ مەسچىتنىڭ پۈتۈن نەقىش-ئويمىلىرىنى رەسىمگە تارتىپ چىق دەۋاتىدۇ، باشلىقىمىز ئۇ بىر رۇس مىللىتىدىن ئىدى، بىز تۈركمەنلەرنىڭ ئۆرۈپ-ئادىتىنى تازا بىلىپ كەتمەيدۇ، مەن مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيۈم شۇ مەسچىتكە ناھايىتى يېقىن، مەن ئۆيەردە بۇ ئاپىراتنى كۆتۈرۈپ يۈرسەم تازا بىر قاملاشمىغان ئىش بولىدىغاندەك، بۇ ئىشنى باشلىققا ئېيتالمىدىم، ۋاقتىدا ئورۇندىمىسام يەيدىغان نېنىمدىن ئايرىلىپ قالىمەن دەڭا، شۇڭا بۇ پۇلنى سىزگە بەرسەم مېنىڭ ئورنۇمدا ماڭا بىر ياردەم قىلسىڭىز قانداق؟

تۈركمەن يىگىت يېنىدىن خېلىلا جىق بىر تۇتام پۇلنى سۇغۇرۇپ رۇس يىگىتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى، تۈركمەنىستانغا پۇل تاپقىلى كەلگەن بۇ رۇس يىگىت قولىدىكى بۇنچە جىق پۇلنى كۆرۈپ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالدى.

- ئاددى بىر ئىشكەنغۇ، بۇنىڭغىمۇ شۇنچە تۈزۈت قىلىش كېتەمدۇ؟
- دېدى رۇس يىگىت ھەيران قالغان ھالدا.

- ھەي بۇرادەر! ـ دېدى تۈركمەن يىگىت چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ-سىز بىلمەيسىز، بۇيەردىكى ياشلار بۇ ئاپىراتنى ئىشلىتىشنى ئۇبدان بىلىپ كەتمەيدۇ، تارتقان سۈرەت ياخشى چىقمىسا باشلىققا نېمە دەپ قارايمەن، شۇڭا بۇ بىرنىمىنى ئىشلىتەلەيدىغان ئادەمنى تاپماق بەك تەس بولدى دەڭا!

- چاتاق يوق، مېنىڭ بۇيەرگە تۇنجى كېلىشىم، ھېلىقى مەسچىتنى

ماڭا كۆرسىتىپ قويۇڭ مەن قولىڭىزدىكى بۇ نىمىنىڭ تىلىنى ئۇبدان بىلىمەن، - دېدى رۇس يىگىت تۈرك يىگىتنىڭ قولىدىكى ئاپپىراتنى قولىغا ئېلىپ.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ ئۇدۇل ئاۋات رەستىدىكى خانىلىق مەسچىتنىڭ ئالدىغا يېتىپ باردى.

- يېتىپ كەلدۇق - دېدى مۇخپىر يىگىت ئاپپىرات كۆتۈرىۋالغان رۇس يىگىتكە قاراپ خۇشال بولغان هالدا - هەر بىر نەقىشنى ئۈچ پارچىدىن تارتىڭ، بىرىمۇ كەم بولمىسۇن، پۇلنى ئاز كۆرسىڭىز ئىش پۈتكەندە يەنە قاتىمەن، مۇنۇ خالتىدا زاپاس نىگاتىپ بار، هە راست بېشىڭىزغا بۇ قىزىل شەپكىنى كىيىۋېلىڭ، مۇسۇلمانلار باشتاق ئادەمنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

مۇخپىر يىگىت بېشىدىكى قىزىل شەپكىنى رۇس يىگىتنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قويۇپ بۇ يەردىن كىتىپ قالدى، رۇس يىگىت ئاپپىراتنى بوينىغا ئېسىپ مەسچىتنىڭ ئىچىگە كىرىپ مەسچىتنىڭ تام-تۈرۈسلىرىدىكى هەرخىل رەڭلىك نەقىش-گۈللەرنى ۋاسىلدىتىپ تارتىشقا باشلىدى، بۇ ۋاقىت دەل كىشىلەر پېشىن نامىزىدىن يېنىۋاتقان چاغ ئىدى، مەسچىتتىن يېنىۋاتقان كىشىلەر بېشىغا قاملاشمىغان رەڭدىكى شەپكە كىيگەن بۇ رۇس يىگىتكە ئەجەبلىنىپ قارىشىپ ئىچىدە بىر نىمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى.

- توۋۋا بۇ رۇسنىڭ كىيگەن شەپكىسىنى، ئايال كىشىدەك قىزىل بىر نىمىنى كىيىۋاپتۇغۇ بۇ!

- بىزنىڭ مەسچىتىمىزنى رەسىمگە تارتىپ نىمە قىلىدىغاندۇ ئەمدى بۇ؟

- نىمە قىلاتتى بۇ خەق، مەسچىتىمىزنى يىقىۋېتىشنىڭ كويىدا

بۇلىۋاتقاندۇ-شۇ!

- ھاي ئەتراپقا قاراپ گەپ قىلىڭلار، مۇخپىر دىگەن تۈركمەنچىنى ئۇبدان بىلىدىكەن، ئېغىزىمىزدىن بالاغا قالمايلى يەنە!

كىشىلەر ئۆزىنىڭ رەسىم تارتىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بۇلىۋاتقان رۇس يىگىتكە كەينىدىن قاراشقىنىچە چىكىتىپ قېلىشتى، مەسچىتتىكى نەقىش-ئويمىلار كۆپ ئىدى، رۇس يىگىت ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىتتا بۇ ئىشنى تاماملاپ مەسچىتنىڭ ئالدىغا چىقتى، ھېلىقى تۈركمەن مۇخپىر يىگىت مەسچىت ئالدىدا ئۇنىڭغا ساقلاپ تۇراتتى، ئۇ يېنىدىن يەنە ئازراق پۇل چىقىرىپ رۇس يىگىتكە رەھمىتىنى بىلدۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

كەچتە خانلىق مەسچىتكە كىلىپ خۇپتەن نامىزى ئۇقۇيدىغان كىشىلەر ئىنتايىن كۆپ ئىدى، ئىمام قىرائەتنى تۈگىتىپ سەجدىگە بارغاندا مەسچىتنىڭ ھويلىسىدا ۋاررۇ-ۋۇررۇ ئاۋاز ئاڭلىنىپ كەتتى.

مۇشۇ تاپتا بىر قىزىل شەپكىلىك يۇچۇن ئادەم مەسچىتنىڭ ھويلىسىدىكى گىلەمگە بىنزىن چېچىپ ئوت قۇيىۋاتقان ئىدى، سىرتتىن نامازغا كىچىكىپ كەلگەن بىر قانچەيلەن بۇ ساراڭنىڭ قىلمىشىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ۋاقىراپ ئېتىلغان ئىدى، قىزىل شەپكىلىك يۇچۇن ئادەم رۇسچە بىر نىمىلەرنى دەپ ۋاقىرىغىنىچە ئۇچقاندەك يۈگرەپ قېچىپ ئۇلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدى، ئۇنىڭغا ئېتىلغان بۇ ئادەملەر ئوت يالقۇنىنىڭ يامراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ يۇچۇن ئادەمنى قوغلاشتىن ۋاز كىچىپ كۆيىۋاتقان گىلەملەرنى سۆرىگىنىچە مەسچىت ھويلىسىغا ئاچىقىپ ئۆچۈرۈشكە باشلىدى، ئاڭغىچە قېرى ئىمامۇ ئەتتەھە ياتۇدا ئۇزۇن ئولتۇرالماي ئىككى يانغا ئالدىراپ سالام قىلىپ جامائەتنى باشلاپ ھۇيلىغا چىقىپ ئۈلگۈردى.

- قايسى مۇرتەد دەۋزىخنىڭ ئىشى بۇ؟ ئاللاھنىڭ ئۇيىگىمۇ ئوت قويغان بارمۇ؟! - دېدى ئىمام غەزەپتىن تىترەپ.

ئوتنى ئۆچۈرىۋاتقان ھېلىقى بىر قانچە كىشى ئىمامنىڭ ئالدىغا بىر قىزىل شەپكىنى كۆتۈرۈپ كىلىپ بەس-بەستە ئەھۋالنى دوكلات قىلىشقا باشلىدى:

- سىرتتىن كىرىشىمىز، بىر سارالڭ بۇ گىلەملەرگە ئوت قۇيىۋېتىپتۇ، تۇتىۋالايلى دىسەم، ئۇ كاپىر ئاجايىپ چاققانكەن، قېچىپ كەتتى، قارىساق سېپى ئۆزىدىن رۇسكەن، تېخى رۇس تىلىدا بىرنى بىر نېمە دەپ تىللاۋاتىدۇ، ئالدىراشچىلىقتا بېشىدىكى شەپكىسىنى چۈشۈرۈپ قويدى، بىزمۇ ئوت ئاپتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنى بەك قوغلاپ كەتمىدۇق، بۇلغان ئەھۋال مۇشۇ دىسىلە ئاخۇنۇم!

- چۇقۇم ئەشۇ چۈشتىكى قىزىل شەپكىلىل رۇسنىڭ ئىشى، بۇ شەپكىنى مەن ئۇنىڭ بېشىدا كۆرگەن - دېدى جامائەتنىڭ ئارىسىدىكى تىللاخان گەپنى ئۇلغايتىپ.

- توغرا مەنمۇ كۆرگەن، شۇنىڭ بېشىدىمۇ مۇشۇنداق شەپكە تۇراتتى، چۇقۇم ئەشۇ رۇس مۇخپىرنىڭ ئىشى! - دېدى يەنە بىرەيلەن.

ئىمام ئاخۇنۇم «روسنىڭ ئىشى» دىگەننى ئاڭلاپ غولغۇلا قىلىشىۋاتقان جامائەتنى بېسىقتۇردى.

- ھاي جامائەت، گۇمان ئىماننى قاچۇرا دەپتىكەن، ھەر نېمە بولسا ئوتنى ۋاقتىدا ئۆچۈرىۋالدۇق، قالغان گەپنى ئەتە دىيىشەيلى، ھەممىڭلار تارقىلىڭلار!

ئىمامنىڭ جامائەت ئارىسىدىكى ئىناۋتى چوڭ ئىدى، جامائەت ئىمامنىڭ گىپىنى بۇلۇنۇتەلمەي گۇدۇڭشىغىنىچە مەسچىتتىن

ئايرىلىشتى.

ئەسلىدە بۇ قىزىل شەپكىلىك ئادەم پاششاخاننىڭ ئۆزى بولۇپ ئۇ بۇ ئوتنى مەلۇم مەخسەت بىلەن قويغان ئىدى، چۈنكى تۈركمەنىستاندا مۇنداق بىر ئىش ئۇمۇمى يۈزلۈك ئادەتكە ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى، زۇلۇم شۇنچە كۈچىيىپ ئادالەتسىزلىك زىمىننى بىر ئالغان بولسىمۇ مېھراپتا ئولتۇرۇۋالغان كالتە موللىلار خەلققە ئىزچىل «پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماق ۋاجىپتۇر» «ھەممە ئىش لەۋھۇلمەھپۇزغا مۇشۇنداق پۈتۈلگەن» «روسلار مەسچىتلىرىمىزنى يىڭىلاپ زىلچا گىلەمگە تولدۇردى» دىگەندەك تەشۋىقاتلارنى كۈچەيتىپ جەمىيەتنىڭ نىسبىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىۋاتاتتى، خەلق ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ناھاقچىلىققا نىسبەتەن غۇلغۇلا قىلىشقاندا ئۇلار تەپ تارتماستىن «ئاللاھ سەۋىر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە» دىگەن ئايەتنى بورمىلاپ مىسال كەلتۈرەتتى، مانا مۇشۇنداق مېھراپ تەشۋىقاتىنىڭ تەسىرىدە بۇ زىمىندىكى كۈپۈنچە مۇسۇلمانلار قوينىڭ قۇزىسىدەك يۇۋاشلىشىپ ھەممە ئىشنى ئاللاغا قۇيىدىغان دەرىجىگە بېرىپ ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى، مىللەتنىڭ ئازاتلىقى توغۇرلۇق ھېچقانداق پىكىر-تەپەككۇر قىلمايدىغان، زۇلۇمغا قارشى ھەركەت قىلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قېلىۋاتاتتى، ھەتتا ئاز ساندىكى زۇلۇمغا قارشى چىققۇچىلار رۇسلارنىڭ قوغلاپ زەربە بىرىشىدىن قېچىپ مەسچىتنىڭ ھويلا- ئۆگزىلىرىدە پانالىنىپ قۇنۇپ قالغان چاغلاردىمۇ جامائەت بۇلارنى قۇرشاپ تۇتۇۋېلىپ ساقچىلارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن ئەھۋاللارمۇ بۇلىۋاتاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن پاششاخان بۇ غەمسىز مۇسۇلمانلارغا رۇسلارنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەملىيەتتە بىر بىلدۈرۈپ قۇيۇش ھەمدە بۇلارنىڭ ئۇخلاپ ياتقان ۋىجدان-غۇرۇرىنى غىدىقلاش ئۈچۈن بۇ مەسچىتكە ئوت قۇيۇش ھەركىتىنى

رۇسلا كۈچىسىدىكى ئوت كىتىش ۋەقەسىگە ئۇلاپ پىلانلىغان ئىدى.

ئەتىسى بۇ گەپ ئېغىزدىن-ئېغىزغا تارقىلىپ پۈتۈن شەھەردە غۇلغۇلا قوزغىدى، مۇشۇ ئىشنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك بۈگۈنكى خانلىق مەسچىتكە جۈمە نامىزى ئۇقۇغىلى كەلگەن جامائەت ئادەتتىكى چاغدىكىدىنمۇ كۆپ يىغىلغاندەك تۇراتتى. كىشىلەر ئۆز-ئارا قۇلاقلىرىنى يېقىپ كۇسۇرلىشىپ بۇ ئوت قويۇش ۋەقەسىنى توختىماي ئانالىز قىلىشاتتى، ئىمام كۈتۈلمىگەن بىرە ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ بۈگۈنكى ۋەز-نەسىھەتنى قىسقارتىپ خۇتبىگە بالدۇرلا چىقىۋالدى، ناماز ئۇقۇلۇپ دۇئا ياندۇرۇلدى، دەل مۇشۇ پەيتتە مەسچىت هويلىسىدا كۆز ئەينەك تاقىۋالغان پىشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بېشىغا چىرايلىق سەللە ئۇرىۋالغان ياش بىر قارى يىگىت جامائەتكە بىر ئىشنى ئۈنلۈك مۇراجەت قىلىۋاتاتتى.

- هەي ئەزىز مۇسۇلمانلار، جاهان زادى نېمە بولۇپ كەتتى؟!- دېدى قارى يىگىت ئۈنلۈك ئاۋازى بىلەن ئۈيىگە مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقان پۈتۈن جامائەتنى توختۇتۇپ - ئاخشام بۇ رۇسلار بىزنىڭ بۇ مەسچىتمىزگە ئوت قويۇشقا پېتىندى، ئەتە يەنە نېمە ئىشلار يۈز بېرە، هۆكۈمەت رۇسلار كۈچىسىدىكى ئوت كىتىش ۋەقەسىنى بىزدىن كۆرىۋاتىدۇ، ئۇلار پۈتۈن تەكشۈرۈشنى بىزگە قارىتىۋاتىدۇ، شۇڭا رۇسلار بىزدىن ئۆچ ئالماقچى، هۆكۈمەت رۇسلار كۈچىسىدىكى ئوت قويغۇچىلارنى تىزدىن تېپىپ چىقىپ بۇ زىددىيەتنى هەل قىلىشى كېرەك، قاراڭلا بۇ گىلەمگە !

ئاڭغىچە تىللاخان تاهارەت ئېلىش ئۈينىڭ بۇلۇڭىغا تىقىپ قويۇلغان يېرىمى كۆيۈپ كەتكەن گىلەمنى سۆرەپ ئاچىقىپ جامائەتنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قارى يىگىتنىڭ سۆزىگە لوقما سالدى:

- شۇنداق جامائەت ئۇلار بىزنى نېمە كۆرىۋاتىدۇ، بۈگۈن بىز مەسچىتىمىزنىڭ كۆيىشىگە قاراپ تۇرساق، ئەتە ئۇلار بىزنىڭ قۇرئانىمىزنى كۆيدۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئەتىسى خۇتۇن ـ سىڭىللىرىمىزنى كۆيدۈرىدۇ، بىز تۈركمەن مۇسۇلمانلىرى ئاخىرەتتە ئاللاھغا نېمە دەپ جاۋاپ قايتۇرىمىز؟!

جامائەت باشلىرىنى لىڭشىتىپ قاتتىق غۇلغۇلا قىلىشقا باشلىدى.

- بۇ يىگىت توغرا دەيدۇ!

- شۇنداق بىز ئەمدى قاراپ تۇرساق، بىزنى مۇسۇلمان دىگىلى بولماس!

- ھۆكۈمەت ئوت قويغۇچىنى تېپىشى كىرەك!

- ئاللاھنىڭ ئۆيىگە ئوت قويغۇچىنى چالما-كىسەك قىلىشىمىز كىرەك!

- . . .

مەسچىت ھويلىسىدىكى جامائەت بارغانسىرى كۆپىيىپ غۇل-غۇلا زورىيىشقا باشلىدى، شۇ چاغدا ئىمام ئاخۇنۇم يۈگۈرۈپ چىقىپ جامائەتكە گەپ قىلىپ ئۇلارنىڭ مۇزاكىرىسىنى توختاتماقچى بولىۋىدى، پاششاخان بۇنى ھىس قىلىپ تىللاخانغا ئىشارەت قىلىپ قۇيۇپ ئۈنلۈك ئاۋازى بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ جامائەتنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى:

- ھەي مۇسۇلمانلار! بىزنىڭ تاقىتىمىزنىڭمۇ چېكى بار، بىز ھەرقانچە پەرۋاسىز بولغان تەقدىردىمۇ مەسچىتىمىز بىلەن قۇرئانىمىزنى قوغدىشىمىز كىرەك، ئۆزىنى ھەقىيقى مۇسۇلمان ئەركەك دىگۈچىلەر بولسا مەن بىلەن مېڭىڭلار! بىز شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە بېرىپ بۇ

ئەھۋالنى مەلۇم قىلايلى، ئۇلار بىزگە بۇنى چۈشەندۈرسۇن . . .!

بۇ چاغدا تىللاخان ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ يېنىغا ئالدىراپ بېرىپ يېنىدىن بىر باغلام پۇلنى ئېلىپ ئۇنىڭ قولىغا سۇندى.

- ئىمام ئاخۇنۇم بۇ ياققا كەلسىلە، بۇنى مەككىدىكى ئاتام سىلىگە ئاتاپ ئەۋەتكەن ئىكەن، يېقىندا ئاتام سىلىنى چۈشىدە تولا كۆرۈپ سىلىنىڭ سالامەتلىكلىرىدىن ئەنسىرەپ قاپتۇ، ئالدىمىزدىكى ئايدا سىلىنىڭ ھەجگە بارىدىغان ئىشلىرىنى ئاتام ئۆزى ھەل قىلغۇدەك، پۇتۇن چىقىمنى ئاتام ئۆزەم كۆتۈرىمەن دەيدۇ! - دېدى تىللاخان ئىمام ئاخۇنۇمنىڭ يېڭىدىن تارتقىنىچە مەسچىت ئىچىگە ئەكىرىپ.

ئىمام ئاخۇنۇم بۇنچە جىق پۇلنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەجگە بارىدىغان گەپنى ئاڭلاپ مەسچىت ھويلىسىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭ بىلەن كارى بولماي تىللاخاننىڭ كەينىدىن ھىجىيىپ ماڭدى.

- ئاخۇنۇم بۇ يەردە مىت قىلماي تۇرسىلا، ئەسلى بۇ پۇلدىن بەش بوغماقنى ئاتام سىلىگە ئەۋەتىپتىكەن، قالغان تۆت باغلامنى ئاكام يېنىغا سېلىۋالغان ئىدى، جىندەك تۇرۇپ تۇرۇپسىلا، ئامانەتنى ۋاقتىدا بىرىۋەتەي!- تىللاخان شۇنداق دەپ قويۇپ مەسچىتنىڭ ھويلىسىغا يۈگۈردى.

ئىمام ئاخۇنۇم ئاسماندىن ياغقان بۇ بايلىقنىڭ خۇشاللىقىدا تۇرغان يەردە چىكىتتەك تۇرىۋەردى. ئاڭغىچە ھويلىدىكى جامائەت چوڭ-كىچىككىچە «لا ئىلاھە ئىللەھۇ مۇھەممىدىن رەسۇلىللاھ!» دېيىشكىنىچە ياش قارى يىگىت پاشىشاخاننىڭ كەينىدىن ئەگەشتى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىلەن خانلىق مەسچىتنىڭ ئارلىقى پىيادە يېرىم سائەتلىك يول ئىدى، جامائەت يولبۇيى ئاۋازىنى قويىۋېتىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر!» دىگەن كەلىمىنى شۇئار قىلىپ توۋلاپ ماڭغاچقا باشقا

مەسچىتلەردىكى جامائەتمۇ سەپكە قېتىلىپ چوڭ يولغا پاتماي قېلىشتى، كىشىلەر شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە سەلدەك ئېقىشقا باشلىدى، سەپنىڭ بېشىدا پاششاخان قاتارلىق بىر قانچە ياش ھېلىقى يېرىمى كۆيۈپ كەتكەن گىلەم بىلەن قىزىل شەپكىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىشقان ئىدى، شەھەرنىڭ ئامانلىق ساقلىغۇچى كۈچا چارلاش قىسىملىرى بۇ زىمىندا ئەزەلدىن بۇنداق كۆپ نامايىشچى قوشۇننى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، ئۇلار بۇنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولغىنىدىن قورقۇشۇپ باش شىتابىغا تېلفۇن قىلىپ قىلىپ ئۈلگۈردى، كۇچا ـكويلاردىكى رۇسلار دۇكانلىرىنى تاقىشىپ ئۆيلىرىگە مۆكۈشۈپ جېنىنى ساقلاشنىڭ كويىدا ئالاقزادە بولۇشتى.

يولنىڭ يېرىمىدىن ئاشقاندا تىللاخان ئالدىدا يول باشلاپ مېڭىۋاتقان پاشاخانىنىڭ يېنىغا يۈگرەپ بېرىپ «ئانام بولالماي قالدى، چوڭلار سىنى ئانام بىلەن رازىلىشىۋالسۇن دەيدۇ» دەپ ئاكىسىنى سەپتىن ئېلىپ قالدى، شۇنداق قىلىپ نامايىشچى قوشۇننى قېنى قىززىقلاردىن بىر قانچىسى باشلاپ مېڭىۋەردى.

ئۇلار شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئالدىغا بارغاندا سانسىز قوراللىق رۇس ئەسكەرلەر تەق بولۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى. بىردەملىك سۆھبەتتىن كېيىن شەھەر باشلىقى ئىلاخۇن ھاجى چوڭ كارنايدا سۆز قىلىپ مەسچىتكە ئوت قويغان جىنايەتچىنى ئەتە ئەتىگەنگىچە تۇتۇپ ئىنىق جاۋابىنى بىرىدىغانلىقىنى جامائەتنىڭ خاتىرجەم ئۆيگە قايتىشىنى تەلەپ قىلدى، ئاقكۆڭۈل شەھەر جامائىتى رۇسلارغا بەكلا ئىشىنەتتى، شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇ غەلىبىسىدىن خۇشال بولۇشۇپ دەرھال ئۆيلىرىگە بىخىرامان قايتىشتى.

كەچ بولۇپ ناماز شامدىن ئاشقاندا ئوتتۇز- قىرىقتەك ھەربىي

ماشىنا خانلىق مەسچىت ئەتراپىغا يېغىلىپ مۇشۇ مەھەللىگە تەۋە ئونبەش ياشتىن يۇقۇرى ئاتمىش ياشتىن تۆۋەن ئەرلەرنىڭ ھەممىنى ماشىنىغا توخۇ باسقاندەك بېسىپ ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى، شەھەر ئىچىنىڭ يوللىرىدا ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ ئايىغى كېچىيچە ئۈزۈلمىدى، رۇسلار ئالدى-كەينى بولۇپ بۇ قېتىملىق ئەرىز قىلىش نامايىشقا قاتناشقان ئادەمدىن بىر يېرىم مىڭغا يېقىن ئادەمنى تۇتۇپ ھەپتىگىچە سوراق قىلدى، تۈرمە ئادەملەرگە توشۇپ پاتمىغانلىرى ھەربىي گازارمىلارغا سولاندى، سوئال-سوراق شۇنداق تىز شۇنداق قورقۇنۇشلۇق بولدىكى بىر ھەپتىدىن كېيىن بۇ ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاساسى جەھەتتىن قۇيۇۋېتىلگەن بولسىمۇ يىگەن تاياقنىڭ زەربىسىدىن ئۇلار بىر-بىرىنى تونىيالمىغۇدەك بولۇپ كىتىشكەن ئىدى. رۇسلارنىڭ «ئادىل سىياسىتى» دىن رازى بولۇپ كىلىۋاتقان خەلق ئاممىسى تۇيۇقسىز ئۆزىگە قىلىنغان بۇ ئادالەتسىز مۇئامىلىدىن ھاڭ-تاڭ قالدى، ئۇلاردىن ئاغرىندى، ئاخىرى قايتىدىن پىكىر قىلىپ ئويلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ رۇسلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى بىلىشتى، مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە پانالانغىلى كەلگەن سىياسى جىنايەتچىلەرنى رۇسلارغا تۇتۇپ بەرگەن ھېلىقى بىر توپ جامائەت بۇ قېتىم ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ تايىقىنى ئۆلگىدەك يەپ كۆڭلىدە« تووۋا خۇدايىم، ھېلىقى بىز تۇتۇپ بەرگەن جىنايەتچىلەرنى بۇلار مۇشۇنداق ئۇرغانمىدۇ؟ بۇنداقلىقىنى بىلگەن بولساق ھەرگىزمۇ تۇتۇپ بەرمىگەن بۇلاركەنمىز» دەپ ياقىسىنى تۇتۇشتى، ئەمىلىيەتتە ئۇ سىياسى تۇتقۇنلار شۇ كېچىسىدىكى سوراقتىلا تاياق زەربىسىدىن ئاللاقاچان ئۆلۈپ قالغان ئىدى ياكى بولمىسا مەڭگۈلۈك مەجرۇھ بولۇپ قالغان بولاتتى.

پاششاخان بىلەن تىللاخان ئوتتۇرا يولدا سەپتىن ئايرىلغاندىن

كېيىن شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا شەھەردىن ئايرىلىپ قوشنا بىر ناھىيىنىڭ تاغلىق يېزىسىدا ھەپتە تۇرۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇلار شەھەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن رۇسلارنىڭ تۈرمىسىدە بىر ھەپتە تاياق بىلەن ساۋىدىلىپ چىققان ھۆكۈمەتنىڭ ئادىل سىياسىتىنىڭ «رازىمەن»لىرىدىن بولغان مۇسۇلمان جامائىتىنىڭ رۇسلارغا نىسبەتەن باشقىچە بىر پىكىردە بولۇپ قالغانلىقىنى ھىس قىلىشتى. دىمەك رۇسلار بۇ قېتىم ئۈزلىرىنىڭ تىلى بىلەن دىلىنىڭ بىر ئەمەسلىكىنى ئەمىلىي ھەركىتى ئارقىلىق شەھەر خەلقىگە ئىسپاتلاپ سۈت ئۈيقۇدىكى نەچچە مىڭ ئادەمنى بىر ھەپتىدىلا ئويغۇتۇپ چىققان ئىدى.

* * * * *

ئاردىن بىر يىل ئۆتۈپ ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە ۋەزىپىگە كەتكەن باللارنىڭ يېغىلىدىغان ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالدى، پاششاخان بىلەن تىللاخان بۇ بىر يىل ئىچىدە شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى دوقمۇشتىن بىرلا يەردىكى ئۇن ئائىلىك شەخسى تۇرالغۇنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئورنىغا ئۈن-ياغ پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر كىچىك زاۋۇتنىڭ جىددى تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى، زاۋۇتقا كىرەكلىك ئۆيلەر پۈتۈپ ماشىنا ئەسلىھەلەر قۇراشتۇرۇلۇش ئالدىدا تۇراتتى، باللارمۇ دىيىشىپ قويغاندەك ئالدى-كەينى بولۇپ ئىككى كۈن ئىچىدە يېغىلىپ بولدى، قەلەندەرلەر كۈچىسىدىكى بۇ كونا ئۆي قايتىدىن جانلىنىپ قاينام-تاشقىنلىققا تولدى، باللار كىچىگىدىن بىر ئۆيدە چوڭ بولغاچقا بىر-بىرىنى بەكلا سېغىنغان ئىدى، بۇ بىر يىلدا باللارنىڭ ئالدى ئۇن سەككىزگە كەينىمۇ ئۇن يەتتىلەرگە كىرىپ

قالغان بولغاچقا ئەمدىلا خەت تارتقان يۇمران بۇرۇت-ساقاللار باللارنىڭ چىرايىنى ھەقىقەتەن ئۆزگەرتىۋاتقان ئىدى، ئۇلار كېچىچە بېشىدىن ئۆتكەن قىززىق ئىشلارنى دېيىشىپ قىزغىن پاراڭ ئىچىدە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى، ئاندىن ئەتىسى ئەتىگەندە پاششاخاننىڭ ھوجرىسىغا كىرىپ بىر يىللىق قىلغان خىزمەتلىرىدىن قىسقىچە دوكلات بەردى. باللار بۇ قېتىم ھەقىقەتەن غەلبە بىلەن قايتىپ كەلگەن ئىدى، پاششاخان بىلەن تىللاخان باللارنىڭ ۋەزىپىنى ئۇرۇنداش ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن باللاردىن بەكلا رازى بولدى، پاششاخان باللارنى يېڭى زاۋۇتقا باشلاپ ئاپىرىپ زاۋۇت ھويلىسىنىڭ كەينىگە ھەر بىر بالىغا ئاتاپ سېلىنغان مۇنچىلىق ئۆيلەرنىڭ ئاچقۇچىنى بىر-بىرلەپ تارقىتىپ بەردى، ياتاق ئىچىدىكى ئۆي جاھازىلىرىدىن باشلاپ يوتقان كۆرپىلەرگىچە يېڭىدىن بىر تۇتاش سېتىۋېلىنغان بولۇپ باللار بۇنىڭدىن بەكلا خۇشال بولدى، شۇنداق قىلىپ كەچتە بۇ يېڭى تۇرالغۇدا قىسقا يېغىن ئېچىلدى.

- يىگىتلەر! بۈگۈندىن باشلاپ بۇ زاۋۇت بىزنىڭ يېڭى تۇرالغۇمىز بولىدۇ، - دېدى پاششاخان باللارغا ئۈنلۈك جاكارلاپ- زاۋۇت مۇشۇ بىر-ئىككى كۈن ئىچىدە ئىشقا چۈشىدۇ، زاۋۇتتا ئىشلەيدىغانلار پەقەت مۇشۇ يەتتىمىز، ھازىرچە بىز ئۇن تارتىش زاۋۇتىنىلا ماڭدۇرىمىز، ئىسىڭلاردا بولسۇن، ئەمىلىيەتتە بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشىمىز باشقا بىر ئىش، ھازىر ھەممىڭلار تارقىلىپ ئۆزەڭلارنىڭ ياتىقىدىكى مۇنچىغا كىرىپ غۇسلى تاھارەت ئېلىپ چىقىڭلار، سىلەرگە دەيدىغان مۇھىم گەپ بار!

باللار يەنە نېمە خۇشاللىق ئىش بولار دىگەندەك ئالدىراپ ئۆزلىرىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ كىتىشتى، بىر دەمدىن كېيىن باللار ئىشلارنى تۈگۈتۈپ پاششاخاننىڭ ھوجرىسىغا يېغىلىشتى.

- يىگىتلەر، بۈگۈن بىز بۇ يەردە مۇھىم بىر ئىشنى قارار قىلىمىز!- دېدى پاششاخان باللارغا كەسكىن قىلىپ - ۋەتەن مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى خالايدىغانلار، ئەركىنلىك، ھۆرلۈك ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىشنى خالايدىغانلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار! - پاششاخاننىڭ سۆزى تۈگىمەستە باللار ئورنىدىن بىردەك چاچراپ تۇرۇشتى - ياخشى، ناھايىتى ياخشى! تىللاخان يىگىتلىرىمىزنىڭ قولىغا قۇرئاننى بىرىڭ!- تىللاخان دەرھال ئالدىن تەييارلاپ قويغان قۇرئانلارنى يىگىتلەرنىڭ قولىغا بىرمۇ بىر تۇتقازدى - قولىمىزدىكى ئىلاھى مۆجىزە قۇرئان بىلەن قەسەم قىلىمىزكى، ئاسمان-زىمىننىڭ ئىگىسى بولغان ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ نامى قەسەم قىلىمىزكى، بىز بۈگۈندىن باشلاپ ئاللاھ يولىدىكى ھەقىقى ئاكا-ئىنىلەردىن بولدۇق! - پاششاخان ئۈكسى تىللاخانغا قارىدى، تىللاخان ئاكىسى پاششاخاننىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ تەكرارلاپ يىگىتلەرگە قارىدى، يىگىتلەرمۇ تىللاخاننىڭ ئېيتقىنى بويىچە«بىز بۈگۈندىن باشلاپ ئاللاھ يولىدىكى ھەقىقى ئاكا-ئىنىلەردىن بولدۇق!» دەپ پاششاخاننىڭ قەسەم سۆزىنى ئۈنلۈك قىلىپ تەڭ تەكرارلىدى، پاششاخان سۆزىنى داۋام قىلدى - ئاللاھ يولىدا، ۋەتەن يولىدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىمىز! - يىگىتلەرمۇ تەڭ ئېيتىشتى « ئاللاھ يولىدا، ۋەتەن يولىدا ئاخىرغىچە كۈرەش قىلىمىز!» - تەشكىلاتىمىزنىڭ نامى تۈركلەر ئىتتىپاقى! تەشكىلاتنىڭ بۇيرىقىغا قەتئىي بويسۇنىمىز! ۋەتەن مۇستەقىل بولمىغىچە كۈرەشنى قەتئىي توختاتمايمىز! - يىگىتلەر ھاياجانلانغىنىدىن پەس ئاۋازدا تەڭ توۋلاشتى« تەشكىلاتىمىزنىڭ نامى تۈركلەر ئىتتىپاقى! تەشكىلاتنىڭ بۇيرىقىغا قەتئىي بويسۇنىمىز! ۋەتەن مۇستەقىل بولمىغىچە كۈرەشنى قەتئىي توختاتمايمىز!» -قۇرئان بىلەن قەسەمكى ئاللاھ يولىدا، ۋەتەن يولىدا، تەشكىلات يولىدا جېنىمىز پىداھ !- « قۇرئان بىلەن قەسەمكى

ئاللاھ يوٗلىدا، ۋەتەن يوٗلىدا، تەشكىلات يوٗلىدا جېنىمىز پىداھ !»

قەسەم سۆزى تۈگىدى، پاشاخان قوٗلىدىكى قوٗرئاننى مەيدىسىگە چىڭ بېسىپ تۇرۇپ يىگىتلەر بىلەن قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، يىگىتلەرمۇ بىر قولىدا قۇرئاننى مەيدىسىگە چىڭ بېسىپ تۇرۇپ يەنە بىر قولى بىلەن پاشاخان ۋە تىللاخاننى نۆۋەت بىلەن قۇچاقلاپ چىقتى. بۇ كىچە يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ بىر تەشكىلاتىنىڭ بولغانلىقىدىن قاتتىق پەخىرلىنىپ كەلگۈسىدىكى قايناق كۈرەشلەرنى خىيال قىلىپ ھاياجانلانغىنىدىن قىلدەك تولغىنىپ چىقتى.

زاۋۇت ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈپ يىگىتلەر رۇس تېخنىكىنىڭ ئۈگەتكىنى بويىچە ئىشقا چۈشۈپ كەتتى، ئالدىدىكى بىر ئايدا يىگىتلەر بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشلىدى، يەرلىكتىكى مۇناسىۋەتلىك ئەمەلدارلار بۇلارنىڭ زاۋۇتنى تەبرىكلەپ بۇ يەرنى ئېكىسكۇرسىيە قىلىپ لەۋھە-بېغىشلىملارنى تەقدىم قىلىشتى، كېيىنچە يىگىتلەر كۈندۈزى ئازراق ئىشلەپ قويۇپ كەچلىكى يەر ئاستى ئۆيگە كىرىپ تەشكىلاتنىڭ تۇنجى بەرگەن ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشقا باشلىدى.

پاشاخان تەشكىلات نامىدا يەنى «تۈركلەر ئىتتىپاقى» دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئايلىق گېزىت چىقىرىپ بۇ گېزىتنى پۈتۈن تۈركمەنىستان رايونىدا زور كۆلەمدە تارقاتماقچى بولغان ئىدى، ئۇلار مەخپى يەر ئاستى ئۆيگە ئۈچ-تۆت شىپىگىراف، بىر قانچە تۈركمەنچە ھەم رۇسچە خەت ئورۇش ماشىنىسى قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى قويۇپ كىرىش ئېغىزىنى ناھايىتى مەخپى ھالدا ئۇن ساقلايدىغان ئامبارغا ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇردى.

تۇنجى قارارلىق گېزىت پۈتۈن تۈركمەنىستان رايونىغا يەتكۈدەك تىراژدا ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدە بېسىلىپ چىقىلدى، ئۇنىڭ ستونى

ئاساسەن مۇنداق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ بىرى «تۈركمەنلەرگە خەت» دېگەن مەزمۇندا ئىدى، بۇنىڭدا رۇس تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ تۈركمەنىستان رايونىدىكى زورلۇق-زومبۇلىرى، بۇلان-تاراجلىرى ئاددى مىساللار ئارقىلىق پاش قىلىنىپ تۈركمەن خەلقىنىڭ قولىغا ئارا-توقماق ئېلىپ بولسىمۇ مۇستەقىللىق كۈرىشى قىلىشىنىڭ زۆرۈرلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى، بۇ گېزىتنى كۆرگەن ھەرقانداق بىر تۈركمەن پوقراسىنىڭ كاللىسىدا رۇسلارنىڭ ئادالەتسىزلىككە تولغان قىلمىش-ئەتمىشلىرىگە قارىتا غەزەپلىنىش تۇيغۇسى ۋە ئۇلارنىڭ زۇلمىغا قارشى دەسلەپكى قەدەمدە كۈرەش ئېڭى پەيدا بولاتتى.

ئىككىنچىسى بولسا«روسلارغا خەت» دېگەن مەزمۇن بولۇپ بۇ رۇس ۋە تۈركمەن تىلىدا بېسىلغان ئىدى، بۇنىڭدا ئاساسلىقى رۇس پۇقرالىرىنىڭ تۈركمەنىستاندىن چىقىپ كېتىشىنىڭ زۆرۈرلىكىنى، رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ بۇ زېمىندا پات ئارىدا ئۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قالىدىغانلىقىنى، بىگۇناھ رۇس پۇقرالىرىنىڭ بۇيەردىن بالدۇرراق كەتمىسە بۇ ئۇرۇشنىڭ قۇربانى بولۇپ «تۈركلەر ئىتتىپاقى» تەرىپىدىن بىھۇدە ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى، رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ ھەرگىزمۇ رۇس پۇقرالىرىنىڭ تۈركمەنىستان زېمىنىدىكى جىسمانىي ۋە مال-مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايدىغانلىقىنى، «تۈركلەر ئىتتىپاقى»ئەزالىرىنىڭ پۈتۈن تۈركمەنىستان رايونىغا كەڭ تارقالغانلىقىنى، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى بولۇپ ئۆتكەن ھۆكۈمەتكە قارشى ھەركەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ «تۈركلەر ئىتتىپاقى» تەرىپىدىن تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلغانلىقى، رۇس ھاكىمىيىتىنىڭ تاھازىرغىچە بۇنىڭغا ئىنىق بىر جاۋاپ بېرەلمىگەنلىكى ئەمەلىي پاكىت-مىساللار ئارقىلىق تەپسىلى چۈشەندۈرۈلگەن ئىدى، بۇنى كۆرگەن ھەرقانداق

بىر رۇس پۇقراسى ئەتىلا ئۇرۇش پارتلايدىغاندەك بىرخىل سىزىمغا كىلىپ قېلىپ ئۆي-زىمىنلىرىنى سېتىپ ئۆز ۋەتىنىگە بالدۇرراق كىتىش خىيالىغا كىلىپ قالاتتى.

گېزىتلەر دەسلەپكى قەدەمدە ئالتە رايۇنغا بۆلۈندى، پاششاخان بىلەن تىللاخان بىر بۆلەكنى ئاستانىگە ئېلىپ قالدى، قالغان بەش بۆلىكنى بەش يىگىت ئۆزى بۇرۇن مەسئۇل بولغان بەش ۋىلايەتكە ئېلىپ ماڭدى. ھەر بىر ۋىلايەتنىڭ گېزىتى نەچچە يۈزمىڭدىن مىليۇن پارچىغىچە بولۇپ ھەر بىر ۋىلايەتكە تەقسىم بولغان گېزىت قارا ماشىنىنىڭ توچىيىدە بىر توچەي ئەتراپىدا كىلەتتى، ئۇلار بۇ گېزىتلەرنى تۈپلەپ ياخشى تاڭغاندىن كېيىن ئەتراپىنى يوتقان-كۆرپىلەر بىلەن پۇختا ئۇراپ پاختا بىلەن يۈزىنى يېپىپ بوكلات قىلىنغان پاختىغا ئوخشىتىپ يۈك تۇشۇيدىغان قارا ماشىنا بىلەن ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە مەخپىي يۆتكىدى.

گېزىتلەر مەنزىلگە يىتىپ بارغاندىن كېيىن بۇنىڭغا مەسئۇل يىگىت ئالدى بىلەن گېزىتلەرنى ئۆزى بۇرۇن ئىجارە ئالغان ئۆيگە چۈشۈردى، ئۇلار ئالدىنقى بىر يىلدا ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا ئۆزلىرىنىڭ ۋەزىپىسىگە ئاساسەن شۇ ۋىلايەتكە تەۋە ھەرقايسى ناھىيىلەرگە بېرىپ سىياسى جىنايەتچى دەپ رۇسلارنىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ياكى يۈرتتا رۇسلارنىڭ زۇلمىغا قارشى ئاز-تۇلا ھەركەت قىلغان ۋە ياكى كىشىلەرنى ئويغۇتۇش تەرەپدارىدا تەشۋىقى-تەربىيە ئېلىپ بارغان ئىلغار پىكىردىكى دىنىي زاتلارنى سۈرۈشتە قىلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ دوستلۇق ئورنىتىپ قويغان ئىدى، بۇنداق ھەقىيقى مۇسۇلمان كىشىلەر يۇرت-يۇرتلاردىن تېپىلاتتى.

بۇ قېتىم يىگىتلەر تەشكىلاتىنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا

ئاساسەن گېزىتلەرنى ھەرقايسى ناھىيىلەرگە تەقسىملەپ تىگىشلىك گېزىتنى ئاخشىمى ئەل ياتقۇ بولغاندا شۇ ناھىيىدىكى مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ تۇرالغۇسى ئالدىغا چۈشۈردى، يىگىتلەر بېشىغا كىيمە چاچ ۋە كۈزىگە ئەينەك تاقىۋالغاندىن كېيىن دەرۋازىنى يىنىك چەكتى. ئىشىك ئېچىلدى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! - دېدى يىگىت ئىشىكنى ئاچقان تۇنۇش ئادەمگە قۇلىنى ئۇزىتىپ.

- ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام مىھمان، قېنى ئۆيگە كىرەيلى! - دېدى ئۆي ئىگىسى ئالدىدىكى بۇ كىشىنى تۇنىيالماي ئۇنى ئىچكىرىكى ئۈيىگە باشلاپ.

- ئۆزلىرىگە دەيدىغان جىددى ھەم مەخپىي بىر گەپ بارئىدى، بۇ گەپنى ئاڭلاشقا تاۋىلىرى بارمىكىن قېرىندىشىم؟

- ئاللاھ ئۈچۈن يۈرۈگۈم پىدا قېرىندىشىم، قېنى ئېيتىڭ!

- مەن دىنىمىز ئۈچۈن، ۋەتىنىمىز مۇستەقىللىقى ئۈچۈن، تۈركمەن مىللىتىمىزنىڭ ھۆرلىكى ئۈچۈن يېڭىدىن قۇرۇلغان «تۈركلەر ئىتتىپاقى» تەشكىلاتىنىڭ مۇشۇ رايۇنىدىكى ۋەكىلى بۇلىمەن، ھازىرچە ئىسمىمنى دىمەي تۇراي، قۇلۇمدا تەشكىلاتىمىزنىڭ چىقارغان مۇھىم بىر گېزىتى بار ئىدى، ئالدى بىلەن بۇ بىر پارچىسىنى ئۇقۇپ بېقىڭ!

ئۆي ئىگىسى ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋېتىپ گېزىتنى تەپسىلى كۆرۈشكە باشلىدى.

- بەكمۇ ياخشى ئىش بۇپتۇ، بىزنىڭ خەلق مەنىۋى جەھەتتىن يىتەكلىنىشكە مۇھتاج ئىدى - دېدى ئۆي ئىگىسى گېزىتنى تۇلۇق كۆرۈپ بولۇپ ھاياجانلانغان ھالدا.

- بىز بۇ گېزىتنى پۈتۈن تۈركمەنىستان خەلقىگە ئوخشاش بىر كۈندە بىرلا ۋاقىتتا تارقىتىشىمىز كېرەك ئىدى، ئاللاھ يۇلىدا بۇ ئىشقا ياردەم قۇلىڭىزنى سۇنارسىزمۇ؟ قانچىلىك چىقىم كەتسە تەشكىلاتىمىز بۇنى كۆتۈرىدۇ!

- چاتاق يوق، بۇنىڭغا مىنىڭ ئامالىم بار- دېدى ئۆي ئىگىسى ناتۇنۇش ئادەمنىڭ قۇلىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ - بۇ ھەممىمىزنىڭ مەجبۇرىيىتى، خالىساڭلار تەشكىلاتىڭلارغا مەنمۇ ئەزا بولسام. . .

- بۇنى مەن يۇقىرىغا يەتكۈزەي، شۇنداقتىمۇ بۇ پۇلنى قۇبۇل قىلىڭ - دېدى يىگىت بىر باغلام پۇلنى يانچۇقىدىن ئېلىپ ئۆي ئىگىسىگە سۇنغاچ - بۇ يۇقىرىنىڭ تەلىۋى، ھامىنى بۇ ئىشلىرىمىزغا لازىم بولىدۇ. راستىنلا قۇلىڭىزدىن كېلەمدۇ؟

- خاتىرجەم بۇلۇڭ قېرىندىشىم، مىنىڭمۇ يۈرۈگۈم ۋەتەن ئىشقىدا ھەرىنىڭ كۈنىكى بولۇپ كەتكەن ئادەممەن! تەشكىلاتىڭلارنىڭ تەلىۋى شۇنداق بولغان بولسا مەن بۇ پۇلنى ئېلىپ قالاي، بۇ بىر ئوت پۇل، ئىشلىتىدىغان يەر ھامىنى چىقىپ قالىدۇ، ئېيتىڭە قاچان، قايسى ۋاقىتتا تارقىتىمىز؟

- ئالدىمىزدىكى جۈمەدىن كېيىنكى يەنە بىر جۈمە كۈنلىكىدە، بۇ كۈنى بازار كۈنىغۇ؟ جۈمە نامىزىدىن كېيىنلا تارقىتىشنى باشلىۋىتەيلى! سىزنىڭچە چاتاق يوقتۇ؟

- جۈمە كۈنلىكىدە دەڭ. . . - ئۆي ئىگىسى بىردەم ئويلىنىپ قالدى - چاتاق يوق، ئەمسە شۇنداق بولسۇن، خاتىرجەم بۇلۇڭ، ۋەزىپىنى ئۇڭۇشلۇق ئۇرۇندايمەن!

- ماقۇل ئەمسە، بۇ رايۇنىنىڭ ئىشى سىزگە كەتتى، ئالاھىدە ئۆزگۈرۈش بولۇپ قالسا سىزگە ۋاقتىدا ئۇقتۇرىمەن.

يىگىت بىلەن ئۆي ئىگىسى باغلانغان گېزىتلەرنى قازىناق ئۆيگە يۆتكەپ بىر-بىرىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىشىپ تۇرۇپ خوشلاشتى.

باشقا ۋىلايەتلەرگە مەسئۇل بولغان يىگىتلەرمۇ يۇقاردىكى ئۇسۇل بويىچە ئىش كۆرۈپ پىلاننىڭ بىرىنچى قەدىمىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق باستى، گېزىتنى تارقىتىدىغان جۈمە كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى، جۈمە كۈنلىكى پۈتۈن تۈركمەنىستاننىڭ ھەرقايسى ناھىيە-شەھەرلىرىدە چوڭ بازار بولاتتى، كىشىلەر ھەپتىدە بىر كېلىدىغان بۇ چوڭ بازار كۈنىنى قولدىن بىرىپ قويماي ئائىلىدىكى ئۇلۇغ-ئۇششاق ھەممەيلەننى ھارۋىغا بېسىپ بازارغا ئەكىرگەنچىلىك قىلاتتى.

جۈمە نامىزى ئوقۇلۇپ كىشىلەر مەسچىتتىن چىققاندا مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى يوللار بۇ گېزىتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن ئىدى، گېزىتنىڭ چوڭگىرسىدىكى ئەرەپچە«لائىلاھە ئىللەللەھۇ، مۇھەممىدىن رەسۇلىللاھ» دىگەن كەلىمە ناھايىتى چوڭ قىلىپ بېسىلغان بولغاچقا بۇ گېزىتنى كۆرگەنلىكى ئادەم قولىغا ئېلىۋالاتتى، چۈنكى بۇ كەلىمىنى دەسسەپ سالسا ناھايىتى چوڭ گۇناھ بولاتتى، شۇ سەۋەپتىن كىشىلەر ئېڭىشكىنىچە بۇ گېزىتنى تالىشىپ يەردىن تىرىۋالدى، ساۋادى بارلىرى شۇ مەيداندىلا ئوقۇپ يانچۇقىغا مەھكەم تىقتى، ساۋادى يوقلىرى مەكتەپتىكى باللىرىغا ئوقۇتۇش ئۈچۈن قوينىغا تىقتى، بۇ بىر كۈندە ئاشلىق ساتىدىغان بازاردىن باشلاپ رەخ-پەخ ساتىدىغان بازارغىچە مال-ۋاران بازىرىدىن باشلاپ ئاشخانا-ناۋايلارنىڭ ئالدىغىچە بۇ گېزىت زور كۆلەمدە تارقىتىلدى، بۇ گېزىت بۇ بىر كۈندە پۈتۈن تۈركمەنىستاننىڭ شەھەرلىرىدىن باشلاپ يېزا-سەھرالىرىغىچە تولۇق يېتىپ بارغانچىلىك قىلدى، ئاۋام پۇقرالار گېزىتنى ئوقۇپ بىر-بىرى بىلەن پىسىرلىشىپ بىرنىملەرنى دېيىشىپ باشلىرىنى لىڭشىتىشاتتى، كەچلىكلىرى دوقمىش-دوقمىشلاردا بولىدىغان قىززىق پاراڭنىڭ

تېمىسى مۇشۇ گېزىتتىن باشلىنىدىغان بولدى.

روس پۇقرالىرى بۇ گېزىتنى كۆتۈرۈشۈپ ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق ناھىيە-شەھەرلەرنىڭ ھۆكۈمەت دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا يېغىلىشىپ ھۆكۈمەتنىڭ بۇ گېزىتكە قارىتا چۈشەندۈرۈش بېرىشىنى تەلەپ قىلدى، ھەر قايسى ساقچى ئىدارىلىرىغا يۇقىرىدىن كەلگەن بۇيرۇق تېلفۇنلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى، نۇرغۇن ساقچى ئىدارىلىرىنىڭ دۆلەت بىخەتەرلىك خىزمىتىگە مەسئۇل تۈركمەن ساقچى ئەمەلدارلىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئېلىپ تاشلاندى. بۇ قېتىملىق گېزىتنىڭ قۇتىراتقۇلۇق خاراكتىرى ئىنتايىن ئېغىر، پاش قىلىنغان رۇسلارنىڭ قىلمىش-ئەتمىشلىرى ئەمىلىيەتكە ناھايىتى ئۇيغۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە گېزىتنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى ئادەتتىن تاشقىرى كەڭرى بولغاچقا رۇس ھۆكۈمىتى ئۆزىنى قۇيغىلى يەر تاپالماي قالدى، ساقچى تەرەپ بۇ «تۈركلەر ئىتتىپاقى» توغورلۇقمۇ ھېچقانداق يىپ ئۇچچىغا ئېرىشەلمىدى، ساقچىلار كېيىن بىر ئىككى ناھىيىدىكى گېزىت تارقاتقۇچىلارنى پاش قىلىپ تۇتىۋالغان بولسىمۇ لېكىن تۇتۇلغۇچىلار بۇ قېتىمقى ھەركەتتە كىمنىڭ ئۆزلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىنى ئۇبدان بىلمىگەچكە ساقچى تەرەپ ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدى، ئۇلار تەكشۈرۈش-تىنتىش خىزمەتلىرىنى پۈتۈن مەملىكەت خاراكتىرلىك ئېلىپ بارغان بولسىمۇ بۇ تەشكىلاتنىڭ باش ئىشتابىنىڭ نەدىلىكىنى، ئەزالىرىنىڭ كىملەر، قانچە ئادەم ئىكەنلىكىنى، گېزىتلەرنى قەيەردە باسىدىغانلىقىنى زادى بىلەلمىدى، رۇس تەرەپ خائىن-ئىشپىيونلارغا ئاجرىتىدىغان چىقىمنى ھەسسىلەپ كۆپەيتكەن بولسىمۇ يەنىلا ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيۋاتاتتى.

مۇشۇ قېتىملىق گېزىت تارقىتىش ۋەقەسىدىن كېيىن تۈركمەنىستاننىڭ مۇقىملىقى بىر ئاز تەۋرەپ قالدى، يۇرت-يۇرتلاردا

ساقچىخانىلارغا ئوت قويۇش، ساقچى-ئەسكەرلەرگە ھۇجۇم قىلىش، رۇس پۇقرالىرىنى ئۆلتۈرۈش، مىللىي مۇناپىقلارنى قەستلەش قاتارلىق بىر قاتار رۇس ھاكىمىيىگە قارشى ھەركەتلەر پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بىر قاتار ھەركەتلەرنى ئېلىپ بارغۇچىلار ئۆزلىرىنى «تۈركلەر ئىتتىپاقى»نىڭ ئەزالىرى دەۋالغاچقا ھۆكۈمەت قاتتىق سارسىمىگە چۈشۈپ تۈركمەن پۇقرالىرىغا بولغان بىسىم-نازارەتنى ھەسسىلەپ كۈپەيتتى، ئارغامچىنى تولغاۋەرسە ئۈزۈلگىنىدەك تىنىچ ئۇخلاپ ياتقان بۇ خەلق ئارقا-ئارقىدىن ئۆزىگە بۇلىۋاتقان بىسىم تۈپەيلىدىن ئۆزلىگىدىن ئويغۇنۇشقا باشلاپ قارشىلىق ھەركەتلىرى بارغانسىرى كۆپىيىشكە باشلىدى.

كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتتى، بۇجەرياندا «تۈركلەر ئىتتىپاقى» تۈركمەنىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن نۇرغۇن ھەركەتلەرنى ئېلىپ باردى، بۇ تەشكىلات تۈركمەنىستان ئازاتلىق ھەركىتىنىڭ باشلامچى كۆزنەك تەشكىلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىش، قەرەللىك گېزىت چىقىرىش ئىشلىرىنى قەتئىي توختاتمىدى، رۇسلارغا قارشى ھەرقانداق كاللىسى جايىدا بىر ئادەم «تۈركلەر ئىتتىپاقى»نىڭ ھەركىتىنى قولىدىن كىلىشىچە قوللىدى، بۇ تەشكىلاتنىڭ توپلىغان «بايلىقى» ئەزەلدىنلا مول بولغاچقا تەشكىلات پەردە ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ كىملىگىنى بىلدۈرمەستىن رۇسلارغا قارشى ھەركەت قىلغۇچىلارنى ئىقتىسادى جەھەتتىن زور ياردەم بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەشكىلاتنىڭ ھەرقايسى رايۇنلاردىكى ھەركىتى ۋە ئىناۋىتى بارغانسىرى زورىيىشقا باشلىدى.

»تۈركلەر ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزا تەرەققى قىلدۇرۇشتىكى بىردىن-بىر ئالاھىدىلىكى - تەشكىلات ئەزالىرى ئۆزىگە باش بولغىچىنىڭ كىملىگىنى بىلەلمەيتتى، ناۋادا بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى يەنە بىر ئەزا

بۇقۇل قىلماقچى بولسا تەشكىلاتنىڭ تۈزۈمگە ئاساسەن تەشكىلاتقا كىرمەكچى بولغان ئادەمنىڭ تىگى-تەكتى ياخشى سۈرۈشتۈرۈلگەندىن كېيىن ئەزا قۇبۇل قىلغۇچى ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىنى يۇشۇرغان ئاساستا ئۇنىڭغا يېڭى ۋەزىپە تاپشۇراتتى ياكى ئۇنىڭ ھەركىتىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى، ئاندىن ئۇنىڭ ۋەزىپىنى ئۇرۇنداش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئۇنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتىنى بىكىتەتتى. يېڭى ئەزالارنىڭ يېرىم يىلغىچە ئەزا قۇبۇل قىلىش سالاھىيىتى بولمايتتى، تەشكىلاتنىڭ رەسمىي ئەزاسى ئەڭ كۆپ بولغاندا ئۈچتىن بەشكە قەدەر ئەزا تەرەققى قىلدۇرالايتتى.

مانا مۇشۇنداق كونا ئەزالار پەقەت ئۆزىنىڭ يىتىشتۈرگەن ئەزاسىنى بىلىدىغان لېكىن ئەزالىرىنىڭ يېڭى يىتىشتۈرگەن ئەزالىرنى بىلمەيدىغان، بىر ئەزا ئۆزىنىڭ خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان مەسئۇلىنىڭ كىملىگىنى بىلمەيدىغان ئالاھىدە قائىدە-تۈزۈم ئاستىدا تەشكىلاتنىڭ مۇكەممەللىگى بارغانسىرى ئاشتى، ھۆكۈمەت تەرەپ «تۈركلەر ئىتتىپاقى»نىڭ ئۈستىدىن ھېچقانداق يىپ ئۇچچىغا ئېرىشەلمىدى.

بۇ تەشكىلاتنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى تەشكىلات ئەزانى ئالدىراپ قۇبۇل قىلمايتتى، ئەزا قۇبۇل قىلىنغاندىن كېيىن ناۋادا بۇ ئەزا ۋەزىپە ئۇرۇنداش جەريانىدا ساقچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپمۇ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىمىغان بولسا، ئۇزۇن مۇددەتلىك كېسىلىپ كەتكەن بولسا، رۇسلار تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بولسا، ۋەزىپە ئۇرۇنداش جەريانىدا كۈتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ قۇربان بولغان ۋە ياكى ئېغىر مېيىپ بولۇپ قالغان بولسا «تۈركلەر ئىتتىپاقى» تەرىپىدىن بۇنداق تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا زور سوممىدىكى نەپىقە پۇل بېرىلەتتى، تەشكىلات ئەزالىرى يۇقىرى تاپشۇرغان ۋەزىپىنى جان دىل بىلەن ئۇرۇنلايتتى، تۇتۇلۇپ قالغانلارمۇ

ئاللاھ يولىدا شېھىت بولۇش شەرىپى ئۈچۈن ئىمان ۋىجدانى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتەتتى، تاياق-توقماقتا ئۆلۈشكە رازى ئىدىكى مۇناپىق خائىن بولۇپ ياشاشنى خالىمايتتى.

ئەلۋەتتە بۇ خىل نەپىقىنىڭ ھەممە قىسمىنى پۈتۈنلەي تەشكىلات ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ بولالمايتتى، بۇنىڭغا نىسبەتەن «تۈركلەر ئىتتىپاقى» مۇنداق چارە قوللانغان ئىدى يەنى بۇنداق ئۆلۈپ كەتكۈچىلەر ياكى كىسىلىپ كەتكۈچىلەرنىڭ يۇرتىدىكى كاتتا باي ۋە ئوتتۇرا دەرىجىدىكى بايلارنىڭ مال-دۇنياسىنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە ئاساسەن مۇۋاپىق نىسبەتتە ئىئانە توپلايتتى.

باشتا ئاز ساندىكى بايلار بۇ خىل نەپىقە يىغىشنى ئىنتايىن قوللىدى، ئۇلار نەزىرىدە «دىنسىزلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن قۇتۇلۇپ ۋەتەن مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ قېچىپ بولمايدىغان بۇرچى، ھۆرلۈك-ئەركىنلىك ئۈچۈن ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغۇچىلار بىزنىڭ ئەڭ مۇكەممەل مۇسۇلمانلىرىمىزدۇر، ئاللاھ ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغانلار ئالدىدا بىزنىڭ چىقارغان بۇ پۇلىمىز ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چوقۇم ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ ئۇلاردىن خەۋەر ئېلىشىمىز كېرەك» دەپ ئويلايتتى.

ئەكسىچە كۆپ ساندىكى يۇرت كاتتىلىرى «بىزنىڭ بۇ كۈنگە قېلىشىمىزنىڭ ھەممىسى لەۋھۇلمەھپۇزغا مۇشۇنداق پۈتۈلگەنلىكىدىن بولغان، تەقدىرسىز قىل تەۋرىمەس، بىزنىڭ مۇشۇنداق بولۇشىمىزنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن بولغان، پادىشاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇنماق ۋاجىپ، كۈچى يەتمەيدىغان ئىشلارغا سەۋرى قىلماق كېرەك، ئاللاھ سەۋرى قىلغۇچىلار بىلەن بىللە، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قانداق كۈنگە قالىدىغانلىقىنى ئويلاشمىغان يەردە بىز

ئۆلارنىڭ غېمىنى يەپ بۇلالامدۇق» دەپ ئىئانە تاپشۇرۇشتىن باش تارتىشاتتى.

بىر قېتىم مەلۇم بىر ناھىيەنىڭ يىراق بىر بازىرىدا ساقچىلار رۇس سودىگەر بىلەن جىدەللىشىپ قالغان بىر بوۋاينى سۆراق قىلىش جەريانىدا ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويىدى، بوۋاينىڭ پەرزەنتلىرى ئادەتتىن تاشقىرى يوۋاش ئادەملەردىن بولغاچقا يۇرتتىكى چوڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بوۇنى«قازايى تەقدىر»دىن كۆردى. لېكىن بۇ بوۋاينىڭ چوڭ نەۋرىسى «تۈركلەر ئىتتىپاقى» نىڭ ئەزاسى بولۇپ ئۇ بۇ ناھاقچىلىقنى كۆتۈرەلمەي بوۋىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ مەسئۇلى بىلەن جىددىي كۆرۈشۈپ بۇ توغرۇلۇق يوليورۇق ئالماقچى بولدى. چۈنكى تەشكىلاتنىڭ تۈزىمىدە ھەرقانداق تەشكىلات ئەزاسى ئۆز ئالدىغا ھەركەت قىلىشقا بولمايتتى.

تەشكىلات ئەزالىرى ئۆزىدىن يۇقۇرىدىكىلەرنى جىددى ئىزدىمەكچى بولسا باشتا كۆرۈشۈش ئۇسۇللىرىنى دېيىشىۋالاتتى. ئۆينىڭ ئالدىغا بىرنەرسە قاچىلانغان تاغاردەك نەرسىلەرنى قويۇپ قويىاتتى ياكى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى دەرەخكە قىزىل رەختەك بىر نىملەرنى باغلاپ قويىاتتى.

ناۋادا جىددىي كۆرۈشمەكچى بولسا تۇرۇشلۇق بازارلىق تەشۋىقات ئىشخانىسىدىكى رادىئۇ يونكىتىغا چىقىپ ئازراق ھەق تۆلەش ئارقىلىق ئۆيىدىكى بىرە چارۋىسىنىڭ يۈتۈپ كەتكەنلىكىنى چوڭ كارنايدا ئېلان قىلدۇراتتى، مۇشۇنىڭغا ئاساسەن تەشكىلاتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى ئەزا دەرھال ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى ئەزا بىلەن ئالاقىلىشاتتى. ئادەتتىكى كىچىكراق ھەركەتلەرگە تەشكىلاتنىڭ شۇ ۋىلايەتتىكى تۇرۇشلۇق باش ئەزاسى يەنى پاششاخانىنىڭ يىگىتلىرى قارار چىقىراتتى.

بۇ قېتىم تەشكىلات ئەزاسى شىرمۇھەممەدنىڭ كۈچلۈك تەلىۋىگە ئاساسەن ئۇنىڭ بۇۋىسىنىڭ ئۈچىنى ئېلىش تەكلىپى تەشكىلات تەرىپىدىن ماقۇللاندى. شۇنىڭ بىلەن قار ياغقان بىر ئاخشىمى شىرمۇھەممەد ئايالى ۋە ئىككى بالىسى ئۇخلاپ قالغاندا ئۆيدىن مەخپى چىقىپ بازارلىق ساقچىخانا تەرەپكە يول ئالدى. بۇ قېتىمقى ئۆچ ئېلىش پىلانىنى تەشكىلات تۈزۈپ بەرگەن بولۇپ شىرمۇھەممەد يالغۇز ھەرىكەت قىلىشى كىرەك ئىدى.

شىرمۇھەممەد پىلان بويىچە تۈن يېرىمدىن ئاشقاندا بازارلىق ساقچىخانىنىڭ ئارقا تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ دىجۇرنىلىك قىلىۋاتقان ئىشخانىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتتى، ئىشخانىدا ئىككى تۈركمەن بىرى رۇس بولۇپ جەمئىي ئۈچ ساقچى مەشكە كۆمۈرنى راسا چىڭقاپ قويۇپ لايدەك ئۇخلاپ كەتكەن ئىدى. كۆمۈر بىرە سائەتلەردىن كېيىن كۆيۈپ پەسىيىشكە باشلىغاندا شىرمۇھەممەد ھەرىكەتنىڭ قەدەم باسقۇچىغا ئاساسەن ئاۋال ئىشخانىنىڭ كەينىدىكى دەرىزىدىن چىقىرىلغان مەشنىڭ كارنىيىغا بىر ئازلاتا-پۇتىنى تىقتى، مەشتىن ئاز-تولا ئىس يېنىشقا باشلىدى، بۇ چاغدا ساقچىلار كۆمۈر چۇغىدىن چىققان زەھەرلىك گازدىن قىسمەن زەھەرلىنىشكە باشلاپ ئېغىر ئۇيقىغا غەرىق بولىۋاتاتتى، يەنە يېرىم سائەتلەردىن كېيىن تۈك سىمى ئامبۇر بىلەن كىسىپ تاشلىنىپ كارنايىنىڭ ئېغىزى تولۇق ئىتىلدى، بۇ ۋاقىتتا ئۈچ نەپەر ساقچى گازدىن رەسمىي زەھەرلىنىپ ھوشىدىن كىتىشكە باشلىدى، بىرى جان ھەلپۇزىدا ئورنىدىن دەلدەڭشىپ تۇرۇپ بېقىپ قاراڭغۇدا ئىشىكنى سىلاپ تېپىپ بولغىچە يەرگە يىقىلىپ ئورنىدىن تۇرالمىدى، قالغان ئىككىسى بولسا پۈتۈنلەي ھوشىدىن كىتىپ بولغان ئىدى.

شىرمۇھەممەد تامنىڭ كەينىدە تاڭنىڭ سۈزۈلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇپ

ئىككىنچى ئەزەن ئوقۇلغاندا دەرىزىنىڭ ئەينىكىنى چېقىپ دىجۇرنىلىك قىلىدىغان ئىشخانىغا سەكرەپ چۈشتى، ئۇ بۇرنىنى ھۆل لۆڭگە بىلەن تۇسۇپ تۇرۇپ قول چىراق بىلەن ئۇلارنىڭ يېنىنى ئاختۇرۇپ ئۈچ دانە تاپانچا بىلەن ئوتتۇز پاي ئوقنى غەنىمەت ئالغاندىن كېيىن بۇ دىجۇرنىلىك ئىشخانىسى بىلەن يان تەرەپتىكى ئالتە ئېغىز خىزمەت ئىشخانىسىغا بىنزىن چېچىپ ئوت قويۇۋېتىپ ئاندىن بۇ يەردىن ئايرىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ساقچىلار ئىشقا كەلگەندە ساقچىخانىنىڭ پۈتۈنلەي كۆيۈپ كۈل بولۇپ خارابە ئىچىدە ئۈچ جاننىڭ قارا كۆمۈر بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. ئۇلار بۇ ئىشنى تەھلىل قىلىپ گۇمانلىق ئادەملەرنى تەكشۈرۈپ باقماقچى بولۇپ مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى تۇتۇپ تۇرۇپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىرمۇھەممەدنىڭ ئۆيىگە تۆت نەپەر ساقچى كىچىك ماشىنا بىلەن يېتىپ كەلدى، ئەسلىدە شىرمۇھەممەد ئۇ كۈنكى ئوت قويۇش ئىشىنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ تۇرىۋالغان بولسا ساقچىلار ئۇنى قويۇۋېتەتتى، چۈنكى ساقچىلار بۇ ئىشنى مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر قىلغان بولۇشى مۇمكىن شىرمۇھەممەدنىڭ قولىدىن كىلىشىمۇ ناتايىن دەپ قارايتتى.

لېكىن شىرمۇھەممەد ساقچىلار مەن ئىكەنلىكىمنى بىلىۋاپتۇ دەپ ئويلاپ ھويلىسىغا كىرگەن ساقچىلارغا ئولجا ئالغان تاپانچىسى بىلەن ئاۋال قول سالدى، بىر ساقچى نەخ مەيدانىغا ئۆلدى، يەنە بىرى ئېغىر يارلاندى، ئۇنىڭ تۈنجى قېتىم تاپانچا ئىشلىتىشى بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخنىكىسىنىڭ ياخشى بولماسلىقىدىن ساقچىلارنىڭ يەنە بىرى ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئوغلان بۇۋىسىنىڭ قىساسىنى ئېلىش يولىدا باتۇرلارچە شەھىد بولدى.

«تۆركلەر ئىتتىپاقى» بۇ يىگىتنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرىغا بىرىلىدىغان نەپىقىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى ئۆزىنىڭ مالىيەسىدىن ئاجرىتىپ قالغىنىنى قائىدە بۇيىچە بۇ يۇرتتىكى بايلاردىن يىغماقچى بولدى-دە يۇرت بايلىرىنى مەخپىي سەپەرۋەر قىلدى، كۆپ ساندىكى بايلار ئۆزىنىڭ ئاتىغىنىنى بەردى، لېكىن ئاز ساندىكى يۇرت بايلىرىغا بۇ گەپ ئانچە خوش ياقمىدى. بۇ يۇرتتا مەخسۇس كالا-توپاق سودىسى قىلىدىغان چوڭ بىر باي كىشى بولۇپ نەپىقە يىغىش نەۋبىتى ئۇنىڭغا كەلگەندە «تۆركلەر ئىتتىپاقى»نىڭ بۇ تەلىۋى چىرايلىقچە رەت قىلىندى.

بۇ گەپ پاشىشاخاننىڭ قۇلىقىغا يىتىپ باردى، پاشىشاخان كۈلۈپ كىتىپ يىگىتىگە بىر چارىنى ئۆگەتتى.

بىر كېچىسى شۇ رايۇندىكى تەشكىلات ئەزالىرى ھەركەتكە كىلىپ ئۇ باينىڭ باقمىچىلىق مەيدانىغا بېرىپ تازا سەمرىگەن توپاقتىن ئوتتۇزنى ئوغۇرلاپ قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىتىلەپ ئەكىلىپ تۆت-بەش يەرگە گۈلخان سالدى، گۈلخان راسا كۈيۈپ قۇم چوغقا تولغاندا يىگىتلەر ھەر بىر گۈلخاننىڭ ئورنىدىكى قىززىق قۇمغا ھەر-ھەر قاپاقتەك كاۋىدىن بەش-ئوننى كۆمدى، كاۋا قوقاس ئوتنىڭ دەپتىدە بىر دەمدە كاۋاپ بولۇپ پىشىپ كەتتى. يىگىتلەر چوغدەك قىززىق كاۋىنى قوقاسنىڭ ئارىسىدىن ئېلىپ شۇ پېتى توپاقنىڭ مۆڭگۈزىگە سانچىپ ئېلىۋاتماي قۇيۇپ قويدى، بىر دەمدىن كېيىن توپاقنىڭ پۇلاتتەك مۆڭگۈزلىرى قىززىق كاۋىنىڭ دەپتىدە يۇمشاشقا باشلىدى، يىگىتلەر ھېچ كۈچىمەيلا توپاقنىڭ مۆڭگۈزىنىڭ ئۇچچى ئالدىغا بولغان بولسا ئۇنى كەينىگە قايرىدى، يانغا قارىغان بولسا ئالدىغا قايرىدى، شۇنداق قىلىپ توپاقلارنىڭ ئەسلىدىكى مۆڭگۈزىنىڭ شەكلى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتتى.

يىگىتلەر ئەتىسى ئەتىگەندىلا بۇ توپاقلارنى خاتىرجەم يېتىلەپ شۇ باي تۇرۇشلۇق بازارغا ئاپاردى، بىچارە باي قول ئاستىدىكىلەرنى كەينىگە سېلىپ توپاقلىرىنى ئىزدەپ بازارغا بارغاندا بۇ توپاقلانى كۆرۈپ «تووۋا خۇدايىم، بۇ توپاقلارنىڭ ھەممە يېرى مېنىڭ توپاقلىرىمغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن، پەقەت مۈڭگۈزىلا ئوخشىمايدىكەنغۇ؟!» دەپ ھەيران قالدى، توپاقلارنىڭ مۈڭگۈزىگە قاراپ ئەسلا ئۆزىنىڭ توپىقى ئىكەنلىكىدىن گۇمان قىلالمىدى، يىگىتلەر باينى يېنىغا چاقىرىپ تۇپاقلارنىڭ ھەممىنى ئالالىسا ئەرزان بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئوتتۇز دانە توپاقنى نەخ مەيداندا بايغا سېتىپ بەردى، باي بولسا «ئوغرى ئالغان ئوتتۇز توپاقنىڭ ئورنىغا بۇ ئەرزان ئوتتۇز توپاقنى ئالدىم، خۇدايىمغا قىلغىنىم بار ئىكەن!» دەپ قايغۇسىنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇپ ئۆيىگە قايتتى.

شىرمۇھەممەدنىڭ ئائىلىسىدىكى ئۈچ جاننىڭ تۇرمىشىمۇ بۇ ئارقىلىق ۋاقىتلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىندى.

بىر كۈنى ناماز بامداتقا يېقىن پاشاخان ئانىسى(ئىنىك ئانىسى) مەريەم خېنىمنىڭ خانلىق تاجنى ئۆزىنىڭ بېشىغا كىيگۈزۈپ قۇيغانلىقىنى چۈشەپ ئويغىنىپ كەتتى. بۇ كۈن دەل پاشاخاننىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە يەنى ئۇنىڭ يىگىرمە ياشقا توشقان كۈنىگە توغرا كەلگەچكە ئۇ دائىمقىدىن بۇرۇنراق تۇرۇپ جەينامازدا ئۇزۇن ئولتۇردى، ئىنىك ئانىسى ۋە ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ روھىغا ئۇزۇن دۇئا قىلدى، ناماز بامداتنى ئۇقۇپ بولۇپ مەسچىتتىن يېنىشىدا ئۇكىسى تىللاخاننى ئېلىپ شەھەرگە يېقىن جايدىكى چوڭ قەبرىستانلىقا قاراپ ماڭدى.

ئۇلار مازارلىققا يېتىپ بارغاندا قۇياش ئەمدى بېشىنى كۆتەرگەن ئىدى، ئۇ ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان مومىسىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ

ئۇزۇن قىرائەت قىلدى، ئۇلار پۇرسەت كۈتۈپ مازارلىقتىن كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندە قەبرىگە كۆمۈلگەن ھېلىقى كۆمزەكنى ئىزدەشكە باشلىدى، ئۇلار ھايال ئۆتمەي كۆمزەكنى ساق-سالامەت كولاپ ئېلىپ شەھەر تەرەپكە ئالدىراپ ماڭدى.

ئۇلار زاۋۇت كۈتۈپخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ ئۇكىسى تىللاخان بىلەن كۆزىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىشقا باشلىدى، كونا ياغلىقنىڭ ئىچى كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان دانە-دانە ئالماسلار بىلەن تولغان بولۇپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كەپتەر تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتىكى يېشىل ئالماس قويۇلغان خانتاجى مىنى مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

تىللاخان ۋالىلداپ چاقناپ تۇرغان ئالماسلارنى قولىغا ئېلىپ سىلاپ كۆردى، ئۇ ئۆمرىدە بۇنداق سانى جىق ھەم چوڭ ئالماسلارنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، ئۇ ئالتۇندىن ياسالغان شاھلىق تاجنى قولىغا ئېلىپ كۆز ئالدىدىكى بۇ بايلىقلارغا قاراپ ھەيران قالغىنىدىن جىددىيلىشىپ كەتتى.

- ئاكا بۇ نېمە كارامەت ئەمدى؟ - دېدى تىللاخان قولىدىكى تاجنى ئاكىسىغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

- ئەمدى ھەممىنى ساڭا دەيدىغان ۋاقىت بولدى ئۇكام، - دېدى پاششاخان ئېغىر بىر ئۇھ تىنىپ- بۇ تاجنى ئاتا-ئانام ماڭا قالدۇرۇپتىكەن، ساڭا ئەمدى بىلگەنلىرىمنى دەپ بىرەي قۇلاق سېلىپ ئاڭلىغىن . . .!

پاششاخان شۇنداق قىلىپ ئۆزىنىڭ شەخسى تەرجىمھالىنى، ئانىسىدىن ئاڭلىغان ئىشلارنى ئۇكىسى تىللاخانغا تەپسىلى بايان قىلىشقا باشلىدى.

تىللاخان ئاكىسىنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئاخىرغىچە ئاڭلاپ ئېغىر سۈكۈت ئىچىدە بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن ئاكىسىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئېيتتى:

- ئاكا، سىنىڭ ئاددى ئادەم ئەمەسلىكىڭنى بىلەتتىم، بىز سەندىن پەخىرلىنىمىز ئاكا، سەن ئۈچۈن ئۆلۈپ كەتسەم مەن رازى، ئەمدى بۇندىن كېيىن. . . - تىللاخان گېپىنىڭ ئاخىرسىنى يۇتىۋېتىپ شۈك بولۇپ قالدى.

- ھە نېمە بۇندىن كېيىن؟ -دەپ كۈلۈمسىرىدى پاشاخان.

- بۇندىن كېيىن سىنى نېمە دەپ چاقىرىمەن ئاكا، سەن ئەسلى بۇ ئەلنىڭ قانۇنلۇق پادىشاھى ئىكەنسەن، مەن بىلمەي ساڭا ئۇكا بۇلىۋاپتىمەن. . . - دېدى تىللاخان يەرگە قاراپ خىجىل بولغان ھالدا.

- شۇمۇ گەپمۇ؟ سەن مىنىڭ ئاللاھ يۇلىدىكى قۇرئان تۇتۇشقان جىگىرىم ئۇكامسەن! بىلىپ قويغىن تاجدىن كەچسەم كېچىمەنكى سەندىن كەچمەيمەن! - دېدى پاشاخان ئۇكىسىغا تەسەللى بىرىپ.

تىللاخان ئاكىسىنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ كۆزىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ پاشاخاننىڭ قولىنى چىڭ سىقتى.

ئاخشىمى ئەل ياتقۇدا ئۆزىنىڭ ياتقىدا يالغۇز قالغان پاشاخان ياغلىقتىكى تۇمارنى قولغا ئېلىپ يېنىدىكى قەلەمتۇراچ بىلەن ھىم تىكىلگەن ئېغىزىنى سۆكۈشكە باشلىدى، تۇمارنىڭ ئىچىدىن خىرۇم بىلەن قاپلانغان ئىككى پارچە قەغەز چىقتى، ئۇنىڭ بىرى پاشاخاننى بېقىپ چوڭ قىلغان مەريەم خېنىم تەرىپىدىن قالدۇرۇلغان تۈركمەن تىلىدا يېزىلغان- ياۋۇزبەگ بىلەن كۆن چىچەكنىڭ ئۆلۈپ كىتىشىنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ تاغدىكى مەخپىي پانالانغان جاينىڭ ئورنى قاتارلىقلار بار بولغان پۈتۈكچە ئىدى، يەنە بىر پارچىسى ناھايىتىمۇ

كونا بىر خىل سـامان قەغەزگە سـىزىلغان خەرىتىدەك بىرنىمە بولۇپ ئاسـتىدا ئەرەپ يېزىقىغا ئوخشـايدىغان يېزىق بىلەن چۈشـەندۈرۈش بېرىلگەن ئىدى.

پاشـشـاخان تۈركمەنچە پۈتۈكتىن ئاتا-ئانىسـىغا زىيانكەشـلىك قىلغۇچى خائىنلارنىڭ كىملىگىنى بىلىۋالدى يەنە بىر خىل يېزىقتىكى پۈتۈكنىڭ ئىچىدىكىنىڭ نېمە مەزمۇن ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي باشقىلاردىن سوراپ بىلمەكچى بولدى. ئۇ بۇ كېچىنى ناھايىتى تەستە يۈرۈتتى.

ئەتىسى ئۇ تۇمارىدىكى پۈتۈلگىنى بۇيىچە شاكىرخان ھاجى دېگەن مۇناپىقنى ئىزدەپ ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى، شـاكىرخان ھاجى بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ ئـاق ئىنەكنىڭ بالىسـى چالا ئىنەك بولغىنىدەك ھېلىقى يارلىقتا بوينى قاتلىشىپ تۈنجۇقۇپ ئۆلگەن ساقچى ئىدارىسىنىڭ سىياسى كومىسسارى بەكرى بەدى دەل مۇشۇ شاكىرخان ھاجىنىڭ چوڭ ئوغلى بولۇپ چىقتى. «بەدى» دېگەن لەقەم شـاكىرخان ھاجىنىڭ ھاياسىز خوتۇنىنىڭ ياش چېغىدىكى لەقىمى بولۇپ كىشىلەر بۇ بەكرى دېگەن مۇناپىقنى زاڭلىق قىلىپ مۇشۇنداق دەپ ئاتىۋېلىشقان ئىدى.

ئۆزۋاقتىدا تۈرمە سـۇراقخانىسـىدا زەنجىرگە باغلانغان ياۋۇزبەگ تەرىپىدىن بۇيـۇن تـۇمـۇرى ئـۈزۈلۈپ ئۆلگەن ھەربى گېنېرالنىڭ يانچۇغىدا ھېلىقى ئەتىۋارلىق يېشـىل ئالماس بار ئىدى، باشـقا مۇناسـىۋەتلىك ھەربىي ئەمەلدارلار ئۇنىڭ يانچۇغىنى ئاختۇرۇش جەريانىدا بۇ ئالماسقا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ سۈرۈشتە قىلىش ئارقىلىق بۇ ئىشنىڭ شاكىرخان ھاجى بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى بىلىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئاچكۆز رۇسلار بۇ يېشىل ئالماسنىڭ يەنە بىر جۈپتىنى تېپىش ئۈچۈن شـاكىرخان ھاجىنى قاتتىق سـۇراققا تارتىدۇ،

ئەملىيەتتىمۇ شاكىرخان ھاجى كۆنچىچەك مەلىكىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمىگەچكە ئاخىرى سۈراق جەريانىدا ياۋۇزبەگكە ئوخشاش قىززىق تۆمۈرگە بېسىلىپ قىيىن-قىستاقتىن ئۆلۈپ كىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن رۇسلار شاكىرخان ھاجىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆز ۋاقتىدىكى ئاتالمىش «ۋەتەن خائىنلىرى» بولغان تۈركمەنلەرگە دۆڭگەپ قۇيۇپ ئىشنى تۈگىتىدۇ.

پاششاخان بۇ مۇناپىق ھاجىنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى ئاڭلاپ لاسسىدە بولۇپ قايتتى. ھەپتىدىن كېيىن ياۋۇزبەگنى سېتىۋەتكەن ھېلىقى زەرگەرنىڭمۇ خەۋىرى يېتىپ كەلدى، تىللاخاننىڭ دىيىشىچە ئۇ زەرگەر يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا بىر خىل يامان كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئىكەن.

ئۆز ۋاقتىدا ئىسمايىل سەتەڭنىڭ بەزمەخانىسىدىكى رەققاس قىز ئىنىك ئانىنىڭ پىلانى بۇيىچە زەرگەرنىڭ ئۆيىدە بىر ئاخشام قونۇپ چىققاندىن كېيىن ئۇزۇنغا قالماي زەرگەرنىڭ يامان يىرىگە بىرخىل يۇقۇملۇق سۈگەل تاراپ كەتكەن ئىدى، بۇ خىل سۆگەل بارغانسىرى ئەۋج ئېلىپ زەرگەر ئاخىرى كىچىك تەرەت قىلالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ سۈيدۈك تىنىگە تاراپ كىتىشتىن ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى.

پاششاخان بىر كۈنى ئۇكىسى تىللاخاننى يېنىغا چاقىرىپ تاج بىلەن ئالماس سېلىنغان كۇزىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

- بۇلارنى ئىككىمىز بىلىدىغان بىر يەرگە يۇشۇرايلى، - دېدى پاششاخان قولىدىكى كۇزىنى ئۇكىسىغا تەڭلەپ قەتئىيلىك بىلەن- مەن سەپەرگە ماڭىدىغاندەك تۇرىمەن ئۇكام، ئۆينىڭ ئىشىگى ساڭا قالدى، ناۋادا مەن ۋاقتىدا قايتىپ كىلەلمىسەم ئىشلارنى سەن داۋاملاشتۇرىشىڭ كىرەك!

- ئېغىزىڭنى ئۇشىشۇتمە ئاكا، ئۇلۇغ ئاللاھ ماڭا ئۇ كۈننى

كۆرسەتمەيدۇ!- دېدى تىللاخان ئاكىسىنىڭ قۇلىدىكى كۆمزەكنى ئېلىشنى رەت قىلىپ - سەن ئەمدى نەگە باراي دەيسەن؟

- ساڭا قايسى كۈنى تۇمارنىڭ ئىچىدىكى بىر پارچە خەرىتىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەپ بىرەلمىگەن ئىدىم، - دېدى پاشىشاخان ئۇكىسىغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ- ئۇ چاغاي تىلىدا پۈتۈلگەن خەرىتە ئىكەن، ئۇنىڭدا چىنى ماچىن دىگەن دۆلەتتىكى بىر جايغا دۇنيانىڭ ئاجايىپ -غارايىباتلىرى پۈتۈلگەن «ئالەم ۋە ئادەم» دىگەن بىر قولىيازمىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى، بۇ كىتاپچىنىڭ دۇنيادا پەقەت بىرلا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، نەچچە كۈندىن بىرى چۈشۈمگە ئانام تۇلا كىرىۋالدى، ئانام چۈشۈمدە داۋاملىق بىر قېلىن كىتاپنى ماڭا سۇنۇپ تۇرىدۇ، ئانامنىڭ روھى قۇرۇنۇپ قالمىسۇن، مەن شۇڭا ئۇ يەرگە بېرىپ ئۇ قولىيازمىنى ئىزدەپ باقاي دىگەن ئىدىم، سىنىڭچە قانداق؟

- ئانىمىز چۈشۈڭدە بۇ كىتاپنى ساڭا تەگلىگەن بولسا بارغىن ئاكا، بەلكىم بۇ چۈشۈڭدە بىرە سىر باردۇ، خەرىتىدە قولىيازمىنىڭ قەيەردىلىكىنى ئىنىق دىمەپتىمۇ؟

- شۇنداق، قولىيازمىنىڭ ئورنى ئىنىق ئىكەن، لېكىن ئۇ چىنى ماچىن دىگەن يۇرت ھازىرقى جۇڭگونىڭ غەربىگە توغرا كىلىدىكەن، چىگىردىن چىقمىسام بولمىغىدەك، قاچان كىلىشىمنى بىلمەيمەن، شۇڭا بۇلارنى سەن بىلىدىغان بىر يەرگە يوشۇرايلى دىگەن.

- خاتىرجەم بول ئاكا، ئۇلۇغ ئاللاھ سەن بىلەن بىرگە، سەن چوقۇم سالامەت قايتىپ كىلىسەن، بۇپتۇ بۇلارنى بىر يەرگە يوشۇرۇپ قويايلى، چىگىردىن چىقىش رەسمىيەتلىرىڭ قانداق بولدى؟

- بۇ ئاسانغا توختىدى، ساقچى ئىدارىسى باشتا بۇ ئىشنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىنى ئېيتقان ئىدى، قولۇمدىكى پۇلنى كۆرۈپ

ئۇلارنىڭ باشـــلىقىنىڭ يۈرىگى ئويناپ ئۆزى مۇســـكوۋاغا يول ئالدى، مىنىڭچە بۇ ئىش تەسكە توختىمايدۇ ئۇكام.

- بۇپتۇ ئاكا، چاتاق يىرى مەن بۇ تەشـــكىلاتنىڭ ئىشـــىغا قانداق يىتەكچىلىك قىلارمەن؟

- بۇ توغۇرلۇق بىشىـڭنى قاتتۇرمىغىن، سىنىڭ قۇلۇڭدىن كىلىدۇ، يامىنى كەلسە گىپزىت چىقىرىش ئىشىنى ۋاقىتلىق توختىتىسەن، قالغان ئىشلارنى بەش دانە يىگىتىمىز بىلەن مەسىلىھەتلىشىپ قىلىۋەر، چاتاق چىقمايدۇ.

ئۇلار تەشـكىلاتنىڭ بەزى ئىشـلىرىنى مۇزاكىرە قىلىشـقاندىن كىيىن كۆمزەكنى ئۆزلىرى بىلىشىدىغان بىر يەرگە يۇشۇرۇپ قويۇشتى.

## ئون تۆتىنچى باب

## سىرلىق پۈتۈك

ئارىدىن نەچچە ھەپتە ئۆتمەيلا پۇل ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ پاششاخانىنىڭ چىگىرىدىن چىقىش رەسمىيەتلىرى ئۇنىڭ قولىغا تىگىپ بولدى.

شۇنداق قىلىپ پاششاخان يىگىتلەر بىلەن خوشلىشىپ موسكۋاغا ماڭدى، ئۇ بىر ئايدەك ۋاقىت ئىچىدە موسكۋۋا ئارقىلىق جۇڭگونىڭ بېيجىڭغا يىتىپ بېرىپ بېيجىڭدىن شىنجاڭنىڭ جەنۇپ تەرىپىدىكى خوتەن رايۇنىغا يىتىپ كەلدى. چۈنكى خەرىتىدىكى چىن ماچىن ھازىرقى خوتەننىڭ قاراقاش رايۇنىنى كۆرسىتەتتى.

پاششاخان خوتەنگە كىلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىمالال پىكىر ئالماشتۇرالىدى، چۈنكى ئۇيغۇرلار بىلەن تۈركمەنلەر بىر قەۋمدىن بولۇپ ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن تىلى تۈرك تىلىغا تامامەن ئوخشاپ كىتەتتى. ئۇيغۇرلارمۇ، تۈركمەنلەرمۇ ئەمىلىيەتتە شەكسىز بىر تۈركلەردىن ھىساپلىناتتى، شۇڭا پاششاخان تىلدا قىيىنچىلىق تارتمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاششاخانىنىڭ بۇۋىسى جەلال شەيخنىڭ ئۆزىمۇ خوتەننىڭ قاراقاش دىگەن يۇرتتىن بولغاچقا بۇ جاي پاششاخانىنىڭ كۈزىگە باشقىچە ئىللىق تۇيۇلدى.

خەرىتىدىكى كىتاپ يۇشۇرۇلغان جاي- قاراقاش دەريا ئېقىنى

بىلەن يۇرۇڭقاش دەريا ئېقىنىنىڭ تەكلىماكان قوملىقىدىكى بىرلەشكەن جايىدىن ئەللىك كىلومېتىرچە ئايىغىدىكى مازار تاغ دىگەن بىر جايدا ئىدى.

پاششاخان بۇۋىسىنىڭ يۇرتىدىن ئۆزگە بىر يول باشلىغۇچىنى ئىزدەپ تاپتى، يول باشلىغۇچى ئەللىكلەرنىڭ قارىسىنى ئالغان تەجرىبىلىك بىر كىشى بولۇپ ئۇلار ئىككى تۆگىگە سۇ قاچىلانغان تۇلۇم ۋە ئۇزۇقلۇقلارنى ئارتىپ نەچچە كۈنلۈك جاپالىق سەپەردىن كېيىن مازار تاغ رايونىغا يېتىپ كەلدى.

ئۇلار مازارتاغ قەلئەسىگە يېتىپ كەلگۈچە سۇنى ئازادە ئىشلەتتى، چۈنكى ئۇلار قاراقاش دەريا قېنىنى بويلاپ ماڭغاچقا بۇ پەسىللىك دەريا سۈيى ئۇلارغا ياخشى ئىچىملىك بولغان ئىدى. ئۇلار مازار تاغ قەلئەسىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن تۇلۇملارنى سۇغا تولدۇرۇپ خەرىتىدىكى كۆرسەتمىگە ئاساسەن بۇ تاغنى بويلاپ غەرىپ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى، بۇ تاغ دۇنيادىكى ئاجايىپ تاغلارنىڭ بىرى بولۇپ گەرچە ئۇنىڭ نامى «تاغ» بولسىمۇ ئەمىلىيەتتە ئۇ باشقا تاغلارغا ئوخشاش ئۇنچە ئېگىز ئەمەس ئىدى. تاغنىڭ كەڭلىكىمۇ ئۇنداق كەڭرى ئەمەس ئىدى، بۇ تاغ گويا تەكلىماكان قوملىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان ئېتىز قىرىغا ئوخشاش تەكلىماكاننىڭ غەرىب تەرىپىدىكى قۇم بارخانلىرىنىڭ ئىچىگە خۇددى سېپىلدەك تۈز پېتى كىرىپ كەتكەن بولۇپ قوملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تاغ يىراقتىن قارىماققا تاغقا ئوخشىمايتتى، لېكىن يېقىن كىلىپ قارىغاندا ئاندىن ئۇنىڭ تەركىۋىنىڭ تاغ جىنسلىرىدىن تەركىپ تاپقان تەبىئى بىر تاغ ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى، تاغنىڭ بىر ئۇچى ئىككى دەريانىڭ بىرلەشكەن دەريا قېنىدا ئاخىرلاشسا يەنە بىر ئۇچى خۇددى ئارغامچىغا ئوخشاش غەرىپكە سۇزۇلۇپ تەكلىماكاننىڭ غەربىگە نەچچە

يۈز كىلومېتىرلاپ كىرىپ كىتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تاغ قارىماققا قوش بولۇپ بىرى قىزىل رەڭگە يەنە بىرى ئاق رەڭگە مايىل ئىدى.

يول باشلىغۇچىنىڭ ئېيتىپ بىرىشىچە يەرلىكلەر قىزىل تاغنى گۆش تاغ، ئاق تاغنى ئۇن تاغ دەپ ئاتىشىدىكەن، بۇنىڭ ئۇنداق دەپ ئاتىلىشىدا ئىلگىرىكى زاماندا خوتەن بۇددىستلىرى ئىسلام دىنىغا كىرمەسلىك ئۈچۈن ئىسلام قوشۇنىغا قارشى جەڭ تەييارلىقى قىلىپ زاپاس ئۇن ۋە گۆش تەييارلىغان ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بۇ كاپىرلارنىڭ بۇ زاپاس ئوزۇق-تۈلۈكىنى بىر مۆجىزە بىلەن تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىپتۇ، شۇ سەۋەپتىن قىزىلى- گۆش تاغ، ئېقى بولسا ئۇن تاغ دەپ ئاتالغان ئىكەن.

ئۇلار مىڭ بىر جاپا-مۇشاقەت بىلەن تاغنى بويلاپ تۆت كۈن يول يۈرۈپ ئاخىرى چۈشكە يېقىن بەئەينى يىلاننىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان تۈگە چوڭلۇقىدىكى پاكار بىر تاغ تېشىغا ئۇچرىدى، يىراقتىن قارىماققا شامال يەپكەتكەن بۇ تاغ تېشىنىڭ پارچىسى بەئەينى يىلاننىڭ بېشىغا ئوخشايتتى، خەرىتىدىمۇ «مازار تاغ قەلئەسىدىن غەربكە تۆت كۈنلۈك تۈگە سەپىرى قىلغاندا يىلان بېشىغا ئۇچرايسىز، تاھارەتنى كامىل ئېلىپ شۇ يىلان بېشىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ كىتابۇل قۇرئاندىن قەمەر سۆزىنى تولۇق ساناپ چىققايسىز، چىققان سان بىلەن باراۋەر كۈن پېتىشقا شۇنچە قەدەم ئالسىڭىز، شۇندا ئالدىڭىزدىكى تىلسىملار ئېچىلىپ تاغ باغرىدىكى كىچىك ئۆڭكۈردە ئۇشبۇ قولىيازما پۈتۈك سىزگە زاھىر بولغاي!» دەپ پۈتۈلگەن ئىدى.

پاششاخان بۇ يەرنى خەرىتىدە پۈتۈلگەن «يىلان بېشى» بولىشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدى، ئەپسۇسكى ئۇلار بۇ يەرگە يىتىپ كەلگەندە بوران چىقىپ قوم-توزان كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى، بوران ئالەمنى

قاراڭغۇلۇق باسقاندا ئاندىن توختىدى. ئەتىسى پاششاخان ناماز بامداتتىن كېيىن قۇلىغا قۇرئاننى ئالاي دېيىشى يەنە بۇران چىقىپ كۆزنى ئاچقىلى بولمىدى، شۇنداق قىلىپ بۇ كۈندىكى بۇرانمۇ كەچكە يېقىن توختىدى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان بۇنداق قۇم-بۇرانلىق ھاۋادىن پاششاخاننىڭ ئۆپكىسى سىقىلىپ تىنىقى يېتىشەلمەي قېلىۋاتاتتى، تۇلۇمدىكى سۇنىڭ ئازىيىشىغا باشلاپ يول باشلىغۇچىمۇ پاششاخانغا قايتىش تەكلىپىنى قويۇشقا باشلىدى.

پاششاخاننىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى، ئۇ ئاخشىمى ۋاقىتلىق تىكلەنگەن چېدىرنىڭ ئىچىدە ئېلىۋالغان شامنى ياندۇرۇپ قۇرئاننى باشتىن باشلاپ ئۇقۇشقا باشلاپ «قەمەر» سۈرىنى بىرمۇ-بىر خاتىرلەپ ماڭدى، شۇنداق قىلىپ تاڭ ئاتارغا يېقىن قۇرئان بىر قېتىم تامام بولدى، پاششاخان ياندىكى قەغەزگە قارىۋىدى قەمەر سۆزى جەمئىي يىگىرمە يەتتە يەردە بولۇپ چىقتى، ئاجايىپ يېرى شۇكى بۇ كۈنى تاڭ سۈزۈلگەندە ئالدىنقى كۈندىكىگە ئوخشاش بۇران-چاپقۇن كۈتۈرۈلمىدى.

پاششاخان ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى راسا بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ كۈن پېتىش تەرەپكە قاراپ يىگىرمە يەتتە قەدەم مېڭىپ توختىدى، ئاندىن قۇلىغا كەتمەننى ئېلىپ دەسسەپ تۇرغان يەرنى كولاشقا باشلىدى، يەرنىڭ بىر تەرىپى راستىنلا تاغ بولغاچقا كەتمەننىڭ بېسى پات-پات تاشقا تېگىپ كېتەتتى، كەچكە يېقىن كولانغان يەرنىڭ تاغ تەرەپ يۈزىدە دىگەندەك سىغىز تۇپا بىلەن تولغان ھارۋا چاقى چوڭلىقىدىكى كىچىك بىر ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى بايقالدى شۇئان پاششاخاننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى، ئۇ ھېرىپ كەتكىنىگە قارىماستىن جاسارەتكە كېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىدىكى سېغىز تۇپىنى كەتمەن بىلەن كولاشقا باشلىدى، ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ ئۇنىڭ ئىچى ئايان بولدى،

ئۆڭكۈر ئۇنچە چوڭقۇر ئەمەس ئىدى، دىگەندەك ئۇنىڭ نەچچە مېتىر ئىچىدە ياغاچتىن ياسالغان نەقىشلىك بىر ساندۇق تۇراتتى، پاششاخان بۇ يەرنى كولايمەن دەپ بەك ھېرىپ كەتكەچكە يول باشلىغۇچى ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ ساندۇقنى تارتىپ ئالماقچى بولدى لېكىن ئۇ بېشىنى ئۆڭكۈرگە تىقىپ بولۇپ يەنە دەرھال بېشىنى تارتىۋالدى.

- نىمە ئىش بولدى ئاكا؟، - دەپ سورىدى يول باشلىغۇچىنىڭ ھەركىتىدىن ئەجەبلەنگەن پاششاخان ھاسىرغىنىچە قۇلىدىكى كەتمەننى بىر يانغا تاشلاپ قويۇپ ئۆڭكۈرگە قارىغىنىچە.

- ئۇكام قارىڭە ئاۋۇ چايانلارغا! ساندۇق ئۈستىدە چايانلار ئۇۋا سالپتۇ ئەمەسمۇ، مىغ-مىغ چايانكەنغۇ بۇنىڭ ئىچى، خۇدا توۋۋا قىلمىدىم!، - دېدى يول باشلىغۇچى قورققىنىدىن تاتىرىپ تىترەپ.

پاششاخان پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ ئۆڭكۈرنىڭ بېشىنى تىقىپ ئىچىگە قارىدى، كامارنىڭ ئىچىدە بىرمۇ چايان كۆرۈنمەيتتى، پاششاخان بۇنىڭدىن ھەيران قالدى.

- قېنى ئۇ چايان ئاكا ! مەن كۆرمىدىمغۇ؟، - دېدى پاششاخان ھەيران بولۇپ.

- ئەنە ئۇكام كۈرمىدىڭىزمۇ، ساندۇقنىڭ ئۈستىگە قارىڭە، ئۆمىلىشىپ يۈرگىنى شۇغۇ! - دېدى يول باشلىغۇچى قۇلى بىلەن ياغاچ ساندۇقنى ئىشارەت قىلىپ.

پاششاخان بۇرۇلۇپ يول باشلىغۇچىغا تىكىلىپ سەپ سالدى، لېكىن يول باشلىغۇچىنىڭ چىرايىدىن قىلچە يالغان ئېيتمىغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

پاششاخان ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىشكە تەمشىلىۋىدى، يول باشلىغۇچى ئۇنى توستى.

- ئۇكام ئۇنداق قاراملىق قىلماڭ، بايلىق دىگەننى تاپقىلى بولىدۇ، جاننى تاپقىلى بولمايدۇ، بۇ قىلىقىڭىز بولمىدى!، - دېدى يول باشلىغۇچى پاششاخانغا قاراپ ئۇنىڭغا كۆيۈنگەن هالدا.

پاششاخان گەپ قىلماي ئۆملىگىنىچە ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، يول باشلىغۇچى قورققىنىدىن پاششاخاننىڭ يېنىدىن چاچراپ نېرىسىغا بېرىپ ئايەت ئۇقۇپ تۇردى. پاششاخان ساندۇقنى بىمالال تارتىپ چىقارغان ئىدى، يول باشلىغۇچى ئۇنىڭ بۇ هەركىتىدىن هەيرانۇ-هەس قالدى.

پاششاخان شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە ساندۇقنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى، چۈنكى يول باشلىغۇچى مۇشۇ تاپتا ساندۇقنىڭ ئىچىدىكىنى ئالتۇن-جاۋاهىرمىكى دەپ ئويلاپ قالىدىغان بولسا، ئۆزىگە بىرە ئاپەت يېتىپ قېلىشى ئېنىق ئىدى. ئەملىيەتتىمۇ يول باشلىغۇچىنىڭ ساندۇقنى كۆرگەندىلا نىيىتى بۇزۇلغان ئىدى، ئۇنىڭ ساندۇق ئۈستىدە قىمىرلاپ يەرگەن چايانلارنى كۆرگىنىمۇ راست ئىدى، لېكىن پاششاخاننىڭ كۈزىگە بۇ چايانلارنىڭ كۈرۈنمىگىنىمۇ ئەملىيەت ئىدى، بۇنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكى پەقەت بىر ئاللاغا ئايان ئىدى. يول باشلىغۇچى مىغىلداپ تۇرغان چايانلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كىتىپ يەنە ساق-سالامەت چىققان پاششاخاننى كۆرۈپ ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىدىن يېنىپ ئىچىدە تۆۋە-ئىستىغپار ئۇقۇپ ئاللاهقا شۈكرى قىلدى.

ساندۇقنىڭ ئىچىدە ناهايىتى قېلىن بىر پارچە پارچە كىتاب شەكلىدىكى قولىيازما تۇراتتى، قولىيازمىنىڭ بەتلىرى شۇنداق نەپىس بولۇپ بەت يۈزىنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇنلارنىڭ تۆت ئەتراپىدا شۇنداق چىرايلىق نەقىشلەر بار ئىدى، قولىيازمىنىڭ قەغىزى پاششاخانغا تونۇشلۇق بولغان خوتەن قەغىزىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ ئىچىدىكى

يېزىقلار قوللانغان. تارىخي يېزىقلاردا يېزىقلار ئىلگىرى قۇمۇش قەلەم بىلەن چاغاتاي يېزىقىدا يېزىلغاندەك تۇراتتى.

پاشــشــاخان كىتاپنىڭ مۇقاۋىســـدىكى چاغاتايچە خەتنىلا ئوقۇپ ئــانچە-مۇنچە چۈشـــىنەلــدى، ئۇنىڭــدا«ئــادەم ۋە ئــالەم ھەققــدە» دىگەنــدەك بىرخىل مەزمۇن چىقىپ تۇراتتى، لېكىن ئىچىدىكى قۇرلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ ئۇنىڭ مەزمۇنىنى چۈشــىنەلمىدى، چۈنكى پاشــشــاخان چاغاتاي تىلىغا تېخى خام ئىدى.

ئۇ بۇ قولىيازمىنى تــاپقانلىقىــدىن ئىنتــايىن خۇشـــال بولۇپ يول باشــلىغۇچى بىلەن دەرھال قايتىشــقا تەييارلىق قىلدى، ئۇلار قايتقۇچە بەكراق جاپا تــارتتى، مازار تاغ قەلئەســـگە بىر كۈنلۈك يول قالغاندا ئىچىــدىغان ســـۈيى تۈگەپ كىتىپ مىڭ بىر بالادا ئاران-ئاران مازار تاغ قەلئەسىگە يىتىپ كىلىۋالدى.

شــۇنداق قىلىپ پاشــشــاخان خوتەنگە ســاق-ســالامەت قايتىپ كەلگەنــدىن كىيىن يۇرتنىــڭ ئەللامىلىرىنى ئىزدەپ بۇ يۇرتتــا يېرىم يىلــدىن ئارتۇق مەخســۇس چاغاتاي تىلىنى قېتىرقىنىپ ئۈگەندى، ئۇ قولىيــازمىنىڭ بــاش بېتىــدىكى ســۆز بېشـــنى ئوقۇپ بېقىــپ ئۇنىــڭ ئىچىــدىكى مەزمۇنلاردىن ھەيرانۇ-ھەس قــالــدى، كىتــاپنىــڭ مۇئەللىپى ئىسمىنى ئاشكارىلىمىغان بىر كىشى بولۇپ سۆز بېشى مۇنداق باشلانغان ئىدى:

«مەنكى تۈرك ئۇلۇســـلىرىنىــڭ بىر شـــاھزادىســـمەن، يەتتە يېشىــمدىن قىرىق يېشــمغىچە ئىلىم تەھســل قىلدىم، يىگىرمە يېشىمدا تۈرلۈك-تۈمەن سىـر-ئەسرالار كۆز ئالدىمدا ئايان بولۇشقا باشلىدى، شۇ ســـەۋەپلىــك مەجنۇن ئــاتىلىــپ تــاجۇ-تەخــت ۋەتەن-بــالىلىرىمــدىن ئــايرىلــدىم، زاھىدلىق يولىنى تاللاپ غارنى ماكان تۇتتۇم. . . ئەۋلادىم ئىچىــدىن بۇرۇجلار ئــايرىلغــان، كۈن-تۈن تۇتۇلغان كۈندە زىمىنغا بىر

بۆرە سۈپەت ئۇغۇل تۇغۇلغاي، مەن ئۇشبۇ كىتاپنى دۇنيادىكى ئەڭ رەھىمدىل ۋە ئەڭ رەھىمسىز بولغان شۇل ئۇغۇل ئۈچۈن پۈتتۈم، ئۇ شۇنداق بىر ھۆكۈمران ئۇغۇلدۇركى ئاللاھ خالىسا پۈتۈن تۈرك ئۇلۇسلىرىنى بىر تۇغ ئاستىغا يىغىپ مەغرىبى-مەشرىقتە ئادالەت نۇرىنى چاچقاي!»

پاشاخان يۇقارقى قۇرلارنى ئۇقۇۋېتىپ ئۆزىنىڭ يەتتە ياش ۋاقتىدىكى ئانىسى بۈۋى مەريەم خېنىمنىڭ «ئوغلۇم! سەن بۇرۇجلار ئايرىلغان، كۈن بىلەن ئاي بىر يەرگە كىلىپ كۈندۈزى زىمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان بىر كۈندە دۇنياغا كەلگەن. . . » دىگەن ۋەسيەت سۆزلىرىنى ئىسىگە ئالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ كىتاپقا ناھايىتى قىزىقىپ قالدى بەتلىرىنى ئېچىپ سۆز بېشىنىڭ داۋامىنى ئۇقۇشقا باشلىدى.

«ئوغلۇم! ئالەم ئەزەلدىنلا يۇملاق شارسىمانلىقنى خالايدىغان چەكسىز بوشلۇق ئىدى، بۇنىڭ جاۋابى زىمىننىڭ شارسىمان بولغانلىقىدا، زىمىننىڭ يۇملاق شارسىمانلىقى- ئۇنىڭدىن تۇغۇلغان تامامى نەرسىلەرنىڭ يۇملاق بولغانلىقىدا، قۇلۇڭنى سۇغا ئۇرغان چېغىڭدا چاچراپ چىققان ئۈنچىلەرگە قارىغىن، زىمىندىن ئۈنگەن مىۋە-زىرائەتلەرگە قارىغىن مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يۇملاق شارسىمانلىقنى خالايدىغان نەرسىلەردۇر، ئىنسان ئاتا-ئانىسىنىڭ شەكلىنى ئالغىنىدەك زىمىندىن تۇغۇلغان نەرسىلەرمۇ شەكسىزكى زىمىننىڭ شەكلىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغۇچىدۇر!

ئىنسان تۇپراقتىن يارىتىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ زىمىننىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلدى، زىمىن بولسا تەبىئىكى چەكسىز ئالەمنىڭ بىر قىسمى ئىدى، دىمەك ئىنسان تۆت ئاناسۇردىن تەشكىل تاپقان بۇ ئاجىز مەخلۇقات ئۆزلىكسىز زىمىننىڭ تەسىرىگە، ئۇندىن قالسا باشقا

كەۋاكىپ-يۇلتۇزلارنىڭ تەسىرىگە ھەتتاكى ئالەمنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغۇچى جانلىقتۇر.

ئالەم سىرلىقمۇ ياكى ئادەم سىرلىقمۇ؟ دېگەن سوئال قەدىمدىن باشلاپ كۆمتەكلا بىر جاۋابقا ئېرىشىپ كەلدى، بۇ قولىيازما مانا مۇشۇ سوئالنى چۆرىدەپ پۈتۈلدى، ئوغلۇم كىتاپچىنى ياخشى ئۇقۇغىن، بۇنىڭغا مەن ئۆمۈر بويى ئۆگەنگەنلىرىمنىڭ ھەممىنى مۇجەسسەملىدىم، ئالەم ۋە ئادەم توغرىسىدىكى يېڭى كۆز قاراش، تۈرلۈك سىر-ئەسرالار تەپسىلى پۈتۈلدى. بۇنىڭ ئىچىدە بايان قىلىنغانلارنىڭ بەزەنلىرىنى ئىنسانلار يەنە مىڭ يىلدىمۇ يېشەلمەس، ئىسىڭدە بولسۇن، سەن كىتاپنى تولۇق كۆرۈپ چىقىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنى ياخشى ھەزىم قىلغىن، بەزەنلىرىنى قولۇڭغا قەلەم ئېلىپ تەھلىل قىل، بەزەنلىرىنى تىنىڭ ۋە روھىڭ بىلەن ئەمىلىي مەشىق قىل، ھەممىنى تولۇق ئۆگەنگەن چېغىڭدا ئۆزەڭنىڭ باشقىچە بىر ئادەم بولۇپ قالغانلىقىڭنى ھىس قىلىسەن، ناۋادا كىتاپچىدىكى ھەرخىل تەن مەشىقلىرىنى ماقامىغا يەتكۈزەلىسەڭ ئۇچاغدا ئەتراپىڭدا ئۇچۇپ يۈرگەن ھاشارەتلەرنىڭ قانات قاققان ئاۋازى، نەچچە قەدەم نېرىسىدىكى چۈمۈلىنىڭ ھەركەت ھالىتى كۆز ئالدىڭدا زاھىر بولىدۇ، كۈندۈزىمۇ كېچىسىدىكىگە ئوخشاش يۇلتۇزلارنى كۆرەلەيسەن، يەتتە كەۋاكىپنىڭ ھەرقايسى بۇرجلاردىكى ئورنى كۆزۈڭگە ھەر زامان زاھىر بولۇپ تۇرغۇسى، مانا بۇلار ئۈچۈن سەن ئېيتقۇسىز جاپالاردىن قورقماسلىقىڭ كېرەك، ھەممىنى ئۆگىنىپ بولغىنىڭدىن كېيىن جىسمىڭ ۋە روھىڭنى ئەبەدىي پاكىزە تۇت! بۇ سىرلارنى ھېچ بىر ئىنسانغا تىنما، بولمىسا ئۆزەڭگە دۈشمەنلەرنى كۆپەيتىۋالغۇچىلاردىن بولىسەن، بۇ كىتاپ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن بىر سەن ئۈچۈنلا پۈتۈلگەن ئوغلۇم! كىتاپنى ئۆگىنىپ بولغىنىڭدىن كېيىن بۇ كىتاپنى دەرھال پارچە-پارچە قىلىپ

قاراقاش دەرياسى بىلەن يۇرۇڭقاش دەرياسىنىڭ بىرلەشكەن قېنىغا جۇمە يۇرۇ كېچىسى ئاققۇزىۋەت ! ناۋادا بۇ كىتاپ يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى خىيال قىلماق بەس مۈشكۈلدۇر!»

پاششاخان كىتاپنى ئۇقۇغانسىرى ئۇنىڭغا بەكلا قىززىپ كەتتى، كىتاپتا ئالەمنىڭ سىر-ئەسرارلىرىدىن تارتىپ ئادەمنىڭ پىسخىكا ھالىتىگىچە نۇرغۇن ئەھۋاللار يېزىلغان ئىدى، مەسىلەن ئاسترونومىيە قىسمىدا يەتتە كەۋاكىبنىڭ ھەركىتى، ئۇنىڭ ھەرقايسى بۇرۇجلاردىكى كۈندىلىك ئورنىنى بىكىتىشتىكى ئەمەلىي ھېسابلاش ئۇسۇللىرى، ئاي ۋە زېمىننىڭ قانۇنىيەتلىك ھەركەتلىرى ئارقىلىق كۈن تۇتۇلۇش ئاي تۇتۇلۇشنى ئالدىن ھېساپلاش ئۇسۇللىرى تەپسىلى تونۇشتۇرۇلغان ئىدى.

ئىنسان سىر-ئەسرارلىرى ئۈستىدىمۇ ئاجايىپ ياخشى يېشىلىقلار پۈتۈلگەن بولۇپ ئادەملەردىكى ئالاھىدە ئىقتىدار ۋە ئۇنى يېتىلدۈرۈش مەشىقى، ئىنسانلاردىكى ئالدىن بېشارەت بىرىش ئىقتىدارى، ئىنسان تېنىدىكى تۆرلۈك تەبئى دەۋرىيلىكلەر، ئىنسان بەدىنى بىلەن كەۋاكىبلارنىڭ مۇناسىۋىتى، ئاي ھەركىتىنىڭ ئىنسان ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە بولغان تەسىرى قاتارلىق نۇرغۇن يېڭىچە بىلىملەر تونۇشتۇرۇلغان ئىدى.

پاششاخان بۇ قولىيازمىنى ئۇقۇپ تۈگۈتۈپ ياخشى ھەزىم قىلىش ئۈچۈن بۇ يۇرتتا يەنە ئىككى يىلدىن ئارتۇق تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى، چۈنكى قولىيازمىنىڭ مەزمۇنى بەكلا مول، ئۆگۈنىدىغان نەرسىلەر ئاجايىپ جىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىيازمىنى چىگىردىن ئېلىپ چىقىش جەريانىدا كۈتۈلمىگەن ئىشلارنىڭ يۈز بېرىپ قېلىش ئېھتىماللىقى بولاتتى.

شۇ سەۋەپلىك پاشىشاخان قاراقاشتىكى بىر داموللىنىڭ ياردىمى بىلەن ناھىيە بازىرىغا يېقىنراق بىر مەدرىسكە جايلىشىپ قۇلىدىكى قولىيازما كىتاپچىنى كېچە-كۈندۈز تەسلىھ قىلىپ ئىككى يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىتتا ئاندىن بۇ قولىيازمىنىڭ مەزمۇنىنى پۈتۈنلەي يادقا ئېلىپ مېڭىسىگە تۇرغۇزدى، كىتاپتىكى ئۆگۈنۈشكە تېگىشلىك بىلىملەرنىڭ ئاز بىرقىسمىنى ياخشى ھەزىم قىلالىدى، بەزى ماھارەتلەرنىڭ بىر قانچىسىنى ئەملىي مەشىق ئارقىلىق ئۆزىدە يېتىلدۈرۈپ چىقتى. يەنە بەزى بىر ئالاھىدە ماھارەتلەرنى ئۆگەنمەكچى بولسا يەنە بىر قانچى يىل مەشىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا ئۇ بۇ ماھارەتلەرنى كېيىنچە ئۆز يۇرتىدا يېتىلدۈرۈشكە قۇيۇپ قويدى.

دىگەندەك پاشىشاخان قولىيازمىنى ئۇقۇپ تۈگۈتۈپ بولغاندا ئۆزىنىڭ ئىلگىركىگە بىر -ئاز ئوخشىماي قالغانلىقىنى ھىس قىلدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ سەزگۈلىكى شۇنداقلا ھەرىكەت ئىنكاسى ئىلگىركىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، ئارقىدىن ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ كىتاپچىدىن ئۆگەنگىنى بويىچە ئۆزى تۇرۇشلۇق ئورۇن خوتەننىڭ ئۆتۈپ كەتكەن ئون يىل ئىچىدىكى كۈن تۇتۇلۇش ھادىسىسىنى ھىساپلاپ باقتى، نەچچە سائەتلىك ھىساپلاشتىن كېيىن خوتەندە بۇ ئون يىل ئىچىدە يەنى ئۆتۈپ كەتكەن 1954-يىلدىن ھازىرقى 1964-يىلغىچە جەمئىي يەتتە قېتىم كۈن تۇتۇلغانلىقىنى، بىرىنچى قېتىملىقىنىڭ 1954-يىلى 6-ئاينىڭ30-كۈنى، ئاخىرقى قېتىملىقىنىڭ 1961-يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنى يۈز بەرگەنلىكىنى ھىساپلاپ چىقاردى، پاشىشاخان مەدرىستىكى «ئاسترونومىيە ھادىسىلىرى تەزكىرىسى» گە قارىۋىدى راستىنلا خوتەن دىيارىدا بۇ ئون يىلدا جەمئىي يەتتە قېتىم كۈن تۇتۇلۇش ھادىسىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ئاخىرقىسىنىڭ 1961-يىلى 2-ئاينىڭ 15-كۈنى سائەت

ئىككىدىن چارەك ئۆتكەندە باشلىنىپ تۆتتىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندە ئاخىرلاشقانلىقىنى كۆردى، قالغان ئالتە يىلمۇ ھەتتا كۈن سائەتلەرگىچە ئۇدۇل چىقتى. دېمەك پاشىشاخاننىڭ بۇ يۇرتتىكى ئىلىم تەسلىھ قىلىش ۋەزىپىسى ئاساسەن تامام بولغان ئىدى.

پاشىشاخاننىڭ ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ ئەمگىكى ھىساپلانغان بۇ قولىيازمىنى سۇدا ئاققۇزىۋېتىشكە زادى قۇلى بارمىدى، كىتاپچىنى قۇلىغا نەچچە قېتىم ئېلىپ نەچچە قېتىم قويدى، ئۇ ئاخىرى لىۋىنى-لىۋىگە چىشلەپ ئاتا-بوۋىسىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە كۈزىگە ياش ئالغىنىچە كىتاپنى جۇمە تاڭ ئاتار كېچىسى ئىككى دەريانىڭ بىرلەشمە قېنىغا تىتما-تىتما قىلىپ ئاققۇزىۋەتتى، ئاندىن بۇ يۇرتتىكى ئىككى يىلدىن بىرى ئۆزىگە ئاتىدارچىلىق قىلغان يارۇ- دوس بۇرادەرلىرى ۋە ئۇستازلىرى بىلەن رازىلىشىپ ئۆز يۇرتى تۈركمەنىستانغا يول ئالدى.

*　*　*　*　*

پاشىشاخان ۋەتەندىن ئايرىلغىنىغا ئۈچ يىل بولاي دىگەن ئىدى، ئۇ بۇ جەرياندا ئۆز ۋەتىنى تۈركمەنىستاننىڭ قەدىرىگە باشقىچە يەتتى، دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ مۇھەببەتنىڭ ۋەتەن مۇھەببىتى ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ يەتتى، ئۇ بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئىلىم تەسلىھ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان بولسىمۇ پۈتۈن ئەس يادى «تۈركلەر ئىتتىپاقى» دا، ئۇكىسى تىللاخاندا، قۇلىقى يۇمشاق يىگىتلىرىدە بولدى، ئۇ تۈركمەنىستان زىمىنىغا قەدەم قويۇپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن يۇرتى ئاستانىگە شۇنداق ئالدىرىدى، چۈنكى ئۇ يەردە ئۇنىڭغا قانات بولىدىغان ئۇكىسى تىللاخان ۋە ئاللاھ يۇلىدىكى

قۇرئان تۇتۇشقان قېرىنداشلىرى بولغان بەش دانە زەبەردەست يىگىت ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.

پاششاخانغا ئۆمرىدە ئەڭ ئۇزۇن بىلىنگەن سەپەر دەل مۇشۇ ۋەتىنىگە قايتىش سەپىرى يەنى ئاستانىگە قايتىش سەپىرى بولدى.

يولۇچىلار ئاپتۇۋۇزى چۈشكە يېقىن ئاستانىگە يېتىپ كەلدى، ئالدىراپ كەتكەن پاششاخان ئۇچقاندەك زاۋۇتقا يېتىپ كەلدى، زاۋۇتتا ناتونۇش ئون نەچچە ئادەم ئىشلەۋاتاتتى، تىللاخان قاتارلىق يىگىتلەرنىڭ ھېچقايسىسى كۆرۈنمەيتتى، پاششاخان دەرھال ئىشچىلاردىن تىللاخاننى سۈرۈشتە قىلدى. ئىشلەۋاتقانلار تىللاخاننى تېخى ئەتتىگەن كۆرگەنلىكىنى، زاۋۇتتىكى تېخنىك يىگىتلەرنى باشلاپ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى، پاششاخاننىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ قولىدىكى چامادانلارنى ياتىقىغا تاشلاپ قويۇپ دېمىنى ئالماستىن يىگىتلەرنى ئىزدەپ سىرتقا ماڭدى، ئۇ زاۋۇتنىڭ ئالدىغا چىققاندىن كېيىن قەيەرگە مېڭىشىنى بىلەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى، ئاندىن كۆڭلىگە بىر ئىشنى ئەكىلىپ بۇرۇنقى تۇرالغۇسى بولغان «قەلەندەرلەر كۇچىسى» غا بېرىپ باققۇسى كەلدى.

پاششاخان بالىلىقىدا چوڭ بولغان قەلەندەرلەر كۇچىسىدىكى بۇ ئۆينىمۇ يۇقىرى باھادا ئىگىسىدىن سېتىۋالغان ئىدى، لېكىن ئۇلار زاۋۇتقا كۆچۈپ كەتكەچكە بۇ ئۆيدە ئادەم ئولتۇرمايتتى، پاششاخان بىلەن تىللاخان پات-پات بۇ ئۆينى سېغىنىپ قالاتتى، بۇنداق چاغدا ئۇلار بۇ كونا ئۆيگە كېلىپ بىرە ئاخشام قونۇپ ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۆيگە بولغان ئامراقلىق خۇمارىنى باساتتى.

پاششاخان ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ قوش قانات ئىشىكنىڭ ئۇچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ ھويلىغا كىردى، پاششاخاننىڭ

ھوجرىسى ۋە مېھمانخانىنىڭ ئىشىگى يېرىم ئېچىلىپ تۇراتتى، پاششاخان ھوجرىسىغا كىرىپ قارىدى، ئۆي ئىچى بۇرۇنقىغا ئوخشاش قايتا بىزەلگەن بولۇپ سۈپىغا سېلىنغان گىلەم، يېغىلغان يوتقان-كۆرپىلەر شۇ پېتى تۇراتتى، كونا ساندۇقمۇ شۇ ئىدى، پاششاخان ھەيران بولۇپ مېھمانخانىغا چىقتى، مېھمانخانىدىمۇ بۇرۇنقى گىلەم سېلىنغلىق بولۇپ ئۇستىدە بەش كىشىلىك يوتقان-كۆرپە يېغىقلىق تۇراتتى. پاششاخان بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ كۆزىگە ياش ئېلىپ باللىقىنى ئىسىگە ئالدى، ئانىسى مەريەم خېنىمنى كۆرگەندەك بولدى، ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇكىسى تىللاخان قاتارلىقلارنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ ئۇلارنى ئىزدەشكە باشلىدى.

- تىللاخان!

جاۋاپ چىقمىدى.

پاششاخان ھويلا ئىچىگە سەپ سالدى، پاكىزە سۈپۈرۈلگەن ھويلىدا ئادەم كۆرۈنمەيتتى، ئۇ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ باقتى، چوڭ قازاندا ۋاراقشىپ گۆش قايناۋاتاتتى، پاششاخان گۆشكە قاراپ لىۋىنى بىر يالىۋەتكەندىن كېيىن ئۇكىسىنىڭ باللىق چېغىدا ئۆزىدىن قېيداپ قالسا كەپتەرخانىغا چىقىۋالىدىغانلىقىنى ئويلاپ دەرھال ھويلىدىكى شوت بىلەن ئۆگزىگە چىقتى.

دىگەندەك ئۇكىسى تىللاخان كەپتەرخانىنىڭ ئالدىدىكى ئاپتاپ ئىسسىندىغان كونا كارۋاتتا كەينىنى قىلىپ ئولتۇراتتى.

- تىللاخان ئۇكام ! مەن كەلدىم! - دېدى پاششاخان كۆزىدىن تاراملاپ ئاققان ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

ئاڭغىچە تىللاخاننىڭ كۆزىدىن ئاققان سېغىنىش يېشى ئۇنىڭ پاكىزە قىرىلغان ساقىلىدىن سىرغىپ ئۆتۈپ كىيىملىرىنى ھۆل

قىلىۋەتكەن ئىدى، شۇنداقتىمۇ تىللاخان قىمىرلىماستىن ئولتۇراتتى.

پاششاخان يۈگرەپ كىلىپ ئۈكىسىنىڭ كەينىدىن قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش ئۈكىسىنىڭ مۈرىسىگە يامغۇر كەبى تامچىلايتتى.

- ئۈكام مىنى كەچۈرگىن! - دىدى پاششاخان پەس ئاۋازدا ئىنىكىنى ئۈكىسىنىڭ دۈمبىسىگە يىقىپ تۇرۇپ.

- ئاكا بۇ سەنمۇ؟ - دىدى تىللاخان كۆزلىرىدىن ئاققان ياشنى يىڭى بىلەن سۈرۈتكەچ ئاكىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ - بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ ئاكا؟

- ياق ئۈكام، بۇ چۈشۈڭ ئەمەس! ماڭا قارىغىنا تىللاخان!

- ساڭا قاراشتىن قورقىمەن ئاكا، مىدىرلىسامىلا چۈشۈمدىن ئويغۇنۇپ كىتىغاندەك! سەن راست قايتىپ كەلدىڭمۇ ئاكا؟!

- شۇنداق ئۈكام، ئەمدى ھىچيەرگە بارمايمەن، ماڭا قارىغىن چىرايىڭنى بىر كۆرەي! - دىدى پاششاخان كۆزلىرىدىن ئاققان ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

- ئەمىسە ماڭا ۋەدە بەرگىن!

- ماقۇل ئۈكام، ساڭا ۋەدە بىرەي!

تىللاخان ئۆرۈلۈپ ئاكىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

- بۇ كۈنلەرمۇ كىلىدىكەن ئاكا ! ئەمدى بىزنى تاشلاپ كەتمىگىن. . .

- بولىدۇ ئۈكام، ئەمدى نەگە بارسام سىنى بىللە ئىلىپ ماڭىمەن.

پاششاخان ئۈكىسىنى بەكلا سىغىنغان ئىدى، ئۇلار ئۆگزىدە ئۇزۇنغىچە قۇچاقلىشىپ كۆز يىشى قىلىشتى.

ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا بەرگەنلىرى ھەددى-ھېساپسىز ئىدى، بۇ كاتتا ئىھسانلار ئىچىدە دىلى پاكىزە ئىنسانلار ئۈچۈن قېرىنداشلىق دوستلۇق مېھرىمۇ ئاللاھنىڭ ئۇلارغا بەرگەن كاتتا مۇكاپاتلىرىنىڭ بىرى ھېساپلىناتتى، پاششاخان بىلەن تىللاخاننىڭ مۇشۇ ۋاقىتتىكى خۇشاللىقىنى ھېچنىمىگە تەڭ قىلغىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ بۇ چاغدىكى ئاكا-ئۇكىلىق مېھرىنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

- قېنى ئېيتە تىللاخان، يىگىتلىرىمىز قەيەردە؟ - دەپ سورىدى پاششاخان شوتتىن چۈشكەچ ئۆگزىدىن چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتقان تىللاخاندىن.

- ئۇلار سىنى بەك سېغىندى، سەن كىتىپ ئىككىنچى يىلىلا ئۇلار سىنىڭ گېپىڭنى تولا قىلىپ بېشىمنى ئاغرىتىۋەتتى- دېدى تىللاخان شوتىنىڭ بالدىقىغا پۇتىنى ئېلىپ تۇرۇپ يىراققا نەزەر سالغاچ- ئۆيىمىزنى بالىلارنىڭ پىكرى بۇيىچە مۇشۇنداق جابدۇپ چىقتۇق، ھەر جۈمە كۈنى بۇ ئۆيدە ساڭا ئاتاپ خەتمە قۇرئان قىلدۇق، ئاخشام باشقىچە بىر ياخشى چۈش كۆرۈپ قاپتىمەن، دىيىشىۋالغاندەك بالىلارمۇ ئەتىگەندە سىنىڭ گېپىڭنى قىلىپ «پاششاخان ئاكىمىزنى ھەر قېتىم سېغىنساق كونا ئۆيىمىزگە بېرىپ كىلەتتۇق، بۈگۈن ئەشۇ ئۆيدە بىر ياغ پۇرىتايلى» دەپ قوپۇشۇپتۇ، ئەتىگەندە بالىلار بىلەن قەبرىستانلىقتا بېرىپ مۇمىمىزنىڭ بېشىنى يوقلىغان ئىدۇق، ئارىمىزدىن بىرەيلەن «ئادەمنىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە ئاتا-ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى يەتتە ئايلانسا ھاجىتى راۋا بولىدۇ دەپتىكەن شۇڭا بىزنىڭ چۆرگىلەيدىغان قەبرىمىز يوق، مۇشۇ پاششاخان ئاكىمىزنىڭ مۇمىمىسىنىڭ قەبرىسىنى بولسىمۇ چۆرگىلەپ چىقايلى!» دىيىشتى، شۇنىڭ بىلەن بىز تاھارەت ئېلىپ قەبرە بېشىدا قۇرئان تامام قىلىۋاتاتتۇق، بىر قاغا بېشىمىزغا كىلىپ تولا قاقىلداپ كەتتى، مەن

بالىلارغا دەپ قويۇپ بازاردىن بىر قوي ئەكىلىپ قان قىلىپ گۆشىنى نامراتلارغا تارقىتىۋەتتىم، ئاندىن بازاردىن گۆش ئەكىلىپ قازانغا سېلىۋېتىپ بولۇپ سىنى خىيال قىلىپ قالدىم، كۆڭلۈمگە خۇددى سەن كىلىپ قالىدىغاندەكلا بىلىنىپ قالدىڭ، يولغا چىقىپ يىراققا قاراپ تۇرسام ساڭا ئوخشاش بىرسى كىلىۋاتىدۇ كۆزۈمگە ئىشەنمىدىم، يېقىنلاپ كەلگەن چېغىڭدا سەنلىكىڭنى بىلىپ ھەيرانلا قالدىم ئاكا، بالىلار ھازىرمۇ قەبرە بېشىدا، ئۇلارنىڭ قېشىغا تىز بارايلى، سىنى كۆرسە يۈرىگى يېرىلىپ كىتىدۇ ئۇ بىچارىلەرنىڭ !

ئۇلار كۈچىدىن چىقىپ بىر مەيىنى مازارلىققا كىرا قىلدى، مەيىدىكى ئاتمۇ پاششاخاننىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك يۈرغىلىغىنىچە ئۇلارنى مازارلىققا ئاپىرىپ تاشلىدى، ئۇلار مازارلىققا يىتىپ بىرىپ ئالدى بىلەن دۇئاغا قول كۆتۈردى ئاندىن ئالدىراپ يىگىتلەرنىڭ قېشىغا ماڭدى. يىگىتلەر يىراقتىن پاششاخاننىڭ كىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئالدىراپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تامچىلاشقا باشلىدى، بۇ ياش تامچىلىرى باشتا خۇشاللىقتىن ئاققان بولسا كېيىن ئاللاغا ئېيتىلغان شۈكرى سانادىن كىلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ دۇئاسى بەكمۇ قىسقا بولدى، پاششاخان قەبرە بېشىغا كىلىپ بولغىچە يىلپىزدەك بەش يىگىت ئورنىدىن ئالدىراپ تۇرۇپ پاششاخاننىڭ ئالدىغا يۈگرەپ باردى، ئۇلار بەس-بەستە پاششاخاننىڭ قۇچاقلاپ يىغا-زار قىلىشتى، ياندا تۇرغان تىللاخان بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈشتىن يەنە كۆزىگە ياش ئالدى.

«ئەي ئۇلۇغ ئاللاھ! سەن بىزگە بەردىڭ، سەن باشتىمۇ ئاكام پاششاخاننى بىزگە بەرگەن ئىدىڭ، ھازىرمۇ يەنە بىر قېتىم ئاكامنى بىزگە قايتۇردۇڭ! بارلىق ھەمدۇسانا ساڭا خاستۇر ئەي ئىگەم، ساڭا نىمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەيمەن! مۇسۇلمانلىقىمدىن

پەخىرلىنىمەن ئەي ئاللاھىم! سەن بىزگە ۋەدە قىلغان جەننىتىڭ مۇشۇ شۇمىدۇ! بىزگە قۇرئان بىلەن خوشخەۋەر بەرگەن ئەي ئۇلۇغ زات سەندىن يەنە شۇنى تىلەيمىز، ئەمدى ئاكامنى بىزدىن ئېلىپ كەتمىگىن!»

ئۇلار ئىككەيلەن ئاخشىمى بۇ كونا ئۆيدە قونۇپ قالدى، پاششاخان بىلەن تىللاخان بۇرۇنقىغا ئوخشاش ئۇزۇنغىچە پاراڭلىشىپ ئۇخلىمىدى.

- ئىشلار قانداقراق ئۇكام؟ - دەپ سورىدى پاششاخان تۈركمەنىستاننىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ.

- سەن كەتكەندىن بىرى ۋەزىيەت كۆنسىرى كەسكىنلەشتى- دېدى تىللاخان چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ- مۇستەقىللىق ھەركەتلىرىمۇ كۆپەيدى، رۇسلار بارغانسىرى غالجىرلىشىپ ھەركەتلىرىمىزنى بار كۈچى بىلەن باستۇردى، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا باشقا مۇستەملىكە رايونلاردىكى قارشىلىق ھەركەتلىرىمۇ بىزنىڭكىدەك ئېغىر ئەمەسكەن، ھازىر تۈركمەنىستانغا يۆتكەلگەن رۇس ئارمىيىسىنىڭ سانى ھىساپسىز كۆپەيدى، ئۇلار پۈتۈن كۈچىنى بىزگە قارىتىۋاتىدۇ، كېچە-كۈندۈزلۈك چارلاشنى كۈچەيتىپ ئاختۇرۇش-تىنتىش ھەركەتلىرىنى كۆپەيتتى، تۈركمەنلەردىن بولغان ئاققۇن نوپۇسلارنى باشقۇرۇشنى بەكلا چىڭ تۇتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن باللارنىڭ مەسئۇل رايونلىرىكى پائالىيەتلىرى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ سەن كېتىپ ئۇزۇنغا قالماي ھەممىمىز ئائىلىگە يېغىلدۇق.

- ئۇنداقتا تەشكىلاتىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىۋاتىدۇ؟

- ھەر قايسى جايلاردىكى ئەزالىرىمىز يەنە شۇ پېتى، ئۇلارنىڭ جەڭگىۋارلىقى يوقالغىنى يوق، باللارنى تۇتۇپ تۇرماق تەس بولىۋاتىدۇ، ئۇلار پەقەت ساڭا ساقلاپ لىۋىنى چىشلەپ تۇرىدۇ، ھايت

دەيدىغانلا بولساق ئاستانىگە تېتىيدۇ بۇلار، سەن كەتكەندىن كېيىن رۇسلار مۇقىملىق ئىشىغا بەك كۈچەپ كەتتى، شۇ سەۋەپلىك تەشكىلاتىمىزنىڭ پائالىيىتى بىر ئاز پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، بىز يېڭى ئەزا تەرەققى قىلدۇرۇشنى توختىتىپ كونا ئەزالارغا ۋاقتىنچە سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشنى ئۇقتۇردۇق. ۋەزىيەت بىزگە ئىزچىل پايدىسىز بولۇپ كىلىۋاتىدۇ، رۇسلارمۇ كۈچىنىڭ بارچە بىزنى تارمار قىلدۇق دەپ جار سېلىپ يۈرۈيدۇ، خەلق بۇ ئىغۋاغا ئازراق ئىشىنىپ قالدى، ھازىر ۋەزىيەت نىسبىي تىنىچ تۇرماقتا.

- خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

- قارشىلىق ھەركەتلەرنى پۈتۈنلەي ئۇقۇمۇشلۇق ياشلار ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، شەھەردىكى ئوتتۇرا ياشلىقلار قۇرسقى تويغانغا شۈكرى قىلىپ مەسچىت بىلەن ئۆي ئارلىقىدا مىدىرلاپ يۈرۈيدۇ. دىننى ھەقىقى چۈشۈنىدىغان موللا-ئۆلىمالىرىمىز «قانۇنسىز يەر ئاستى دىنىي مەكتەپ ئاچقان » دىگەن تۈرلۈك بەتنامىلار بىلەن تۈرمىلەرگە قامالماقتا ياكى مەسچىتلەردىكى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلماقتا، يېزا-سەھرالاردىكى دىھقانلارغا كەلسەك ئۇلارنى كالتە موللىلار ئۆز قۇلىغا ئېلىۋالدى، ئۇلار موللىنىڭ دىگىنىنى ئېيتىماي-تېيتىماي قىلىدۇ، موللا بۈگۈنى قۇيۇپ ئۆز ئاتاڭلارنى تۈۋرۈككە باغلاپ راسا سېلىڭلار دىسە، ئۇلار ئاق-قارىنى سۈرۈشتۈرمەي ئۆز ئاتىسىنى ئۇرىدىغان دەرىجىگە باردى، ئىككى تال پۇلغا سېتىلغان كالتە موللىلار مىھراپتا ئولتۇرۇپ ستالىن بىلەن خىرىشوۋلارغا مەخپىي دۇئا قىلىپ يۈرۈشمەكتە. . .

- دىمەك مۇسكىۋا كۈزىنى بىزگە تىكىۋاپتۇ-دە، ھېچقىسى يوق ئۇكام، چىقارغان قارارىڭلار توغرا بۇپتۇ بىھۇدە بەدەل تۆلىمەسلىكىمىز كىرەك، ئالدىمىزدىكى ھەپتە يېغىن ئېچىپ بەزى ئىشلارنى قايتىدىن باشلايلى!

- بولسا شۇنداق قىلايلى ئاكا، قوللىرىم قىچىشىپ خەنجىرىمنى دات بېسىپ كەتتى!

- هە راست ئۇكام، قارىسام يىگىتلەرچوپ-چوڭلا ئادەم بولۇپ قاپتۇ، كۆڭلىدە باشقىچە خىياللىرى بولسا ئۇقۇشۇپ باققىن، ئۇلارنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى.

تىللاخان ئاكىسىنىڭ گېپىدىن خىجىل بولۇپ كەتتى.

- ئاكا، بۇ گەپنى بىز سەن يوق چېغىڭدا ئاللاقاچان دېيىشىپ بولغان. . . - دەپ كۈلدى تىللاخان ئاكىسىنىڭ گېپىدىن خىجىل بولغان هالدا.

- كۆڭلىدە سان بارمىكەن؟ - دەپ كۈلدى پاششاخان ئۇكىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ.

- بىز ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاپ بولدۇق، ئۇ توغۇرلۇق غەم يىمىگىن. .

- دىمەكچى بولغىنىڭ. . .

- بىزنىڭ بۇ توغۇردىكى پىكرىمىز بىر يەردىن چىقتى، بۇ يولنىڭ بىرى مۇهەببەت يولى يەنە بىرى ئەركىنلىك-هۆرلۈك يولى، بىز گەرچە يىتىم بولساقمۇ ئاللاهنىڭ قۇدرىتى ئەر بولۇپ تۇرەلدۇق، قېلىن قاردا يالاڭئاياق تىترەپ ماڭغان كۈنلىرىمىزدە ئۇلۇغ ئاللاھ سىنى بىزگە ئۇچراشتۇردى، هالا بوگۈنكى ياخشى كۈننى بەرگەن ئاللاهنىڭ يولىنى تاشلاپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەرلىكىدىن تېنىپ ئانا-سىڭىللىرمىزنى قوغداشتىن ۋاز كىچىش، ۋەتەننى ياتلارغا تاشلاپ بىرىش سىنىڭ قۇرئان تۇتقان ئەركەك ئىنىلىرىڭغا خاس ئەمەس ئاكا، بىز ۋەتەنىنىڭ بايرىقىنى كۆرمىگىچە توي قىلمايدىغانىغا قەسەم ئىچىشتۇق!

- بۇ بولماپتۇ ئۇكام. . .

- بىزنى ئەپۇ قىلغىن ئاكا، بىز ئالللاقاچان تاللاپ بولدۇق، قەپەزدە تۇرۇپ يىگەن گۆشۈڭ ھېچنېمە تېتىمايدىكەن، پەسىنىڭ قۇلىدىن نان ئېلىپ يىگۈچە ئاچلىقتا ئۆلگىنىڭ مىڭ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟! بىزنىڭ ھەقىقى خۇشاللىقىمىز جەينىماز بىلەن قېلىچنىڭ ئۈستىدە، ئانا-سىڭىللىرىمىزنىڭ پۇت-قۇلىدىكى كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاشتا ئاكا!

- دىگەنلىرىڭغۇ توغرا ئۇكام، ۋەتەن ئىشقىدا يۈرەكلەر قان-يىرىڭغا تولدى، جاراھەتنى ئېغىز ئالدۇرمىغىچە ئاغرىق ئازابى پۈتۈن ئەزايىڭنى قىينايدۇ، بۇپتۇ سىلەرنى قوللايمەن، تىگى پەسلەرنىڭ ئالدىدا مۇرتەد بولۇپ مەزلۇملارچە مىڭ يىل ياشىغاندىن كۆرە ئەركەك بولۇپ بىر كۈن ياشىغىنىمىز كۆپ ئەۋزەل، سىلەردىن پەخىرلىنىمەن ئۇكام!

ئىككەيلەن ئۇزۇن پاراڭلىشىپ ئاندىن ئۇخلاپ قېلىشتى.

ئەتىسى ئەتتىگەندىن باشلاپ پاششاخان زاۋۇتنىڭ ئىش-كۈشلىرىنى يىگىتلەرگە تاپشۇرۇپ قويۇپ تىللاخاننى ئەگەشتۈرۈپ شەھەر ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇمۇشلۇق زات، قۇلىقى ئۇزۇن كىشىلەر، ھەربىي - ساقچى ئۇرۇنلىرىدىكى تۇنۇش بىلىشلەرنىڭ ئالدىغا سالام باردى، پاششاخاننىڭ ئاستانىدىكى ئىناۋىتى زور ئىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلى رۇس ھاكىمىيەت قاتلىمىدا ئۇنىڭغا باشقىچە يۈز-ئىناۋەت ئاتا قىلغان ئىدى. تۈۋىنى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىدىن تارتىپ يۇقىرسى شەھەر باشلىقىغىچە ئۇنىڭغا خۇشامەت قىلاتتى، پاششاخان بۇ ئاچكۆز ئەمەلدارلارنى ئۇبدان بىلگەچكە ئۇلارنىڭ قانىغا ئۇنى-بۇنى تىقىپ تۇراتتى، ئۇلار ئەمىلىيەتتە دۆت، ۋىجدان -غۇرۇرسىز ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئازراق بايلىق ئۈچۈن

ھاكىمىيەت ئىچىدىكى بەزى مەخپىيەتلىكلەرنى پاششاخانغا قالدۇرماي دەپ بىرەتتى.

پاششاخان شۇنداق قىلىپ بىر ھەپتە يۇقىرى ۋە تۆۋەن قاتلامدا يۈرۈپ «سالام-سائەت زىيارىتى» ئېلىپ باردى. ھەپتىدىن كېيىن زاۋۇتتىكى مەخپىي يەر ئاستى ئۆيدە تەشكىلاتنىڭ جىددىي يىغىنى ئېچىلدى، يۇمىلاق ئۈستەلنىڭ ئەتراپىدا يەتتە ئادەم زەبەردەست ئولتۇراتتى. پاششاخان تۈركلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئاتامانلىق سۈپىتى بىلەن سۆز باشلىدى:

- يىگىتلەر! ـ دېدى پاششاخان جىددىي تۈستە قالغان ئالتە يىگىتكە بىرمۇبىر قاراپ چىقىپ ـ بىز بۈگۈن تۈركمەنىستاندىكى رۇس مۇستەملىكىسىگە قارشى باشلامچى تەشكىلات بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بۇ يىغىننى ئېچىۋاتىمىز، مۇسكۋا تۈركمەنىستانىنىڭ مۇقىملىقىغا باشقىچە كۆز بىلەن قاراپ كەلدى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تۈركمەنىستانىنىڭ مۇقىملىقى بارلىق سوۋېت مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقىنى بەلگىلەيدىكەن، شۇ سەۋەپتىن ئۇلار مەركەز مالىيىسىدىن زور مەبلەغ ئاجرىتىپ ھەربىي ۋە ساقچى كۈچلىرىنى كۈپەيتىپتۇ، يەنە بىر ئىشەنچلىك خەۋەرگە قارىغاندا«ك گ ب»مۇ تۈركمەنىستان مەسىلىسىگە جىددى قول تىقماقچىمىش، ۋەزىيەت ناھايىتى كەسكىن، خىرىشوۋ تەختتىن چۈشۈش ئالدىدا تۇرىۋاتىدۇ، لېكىن چايانىنىڭ بالىسى يەنىلا چايان، رۇسلار ئەزەلدىن دۇنيا تۈركلىرىگە زىيانكەشلىك قىلىپ كەلدى، بىزمۇ ھەم ئۇلاردىن ياخشىلىق تاما قىلمايمىز، مانا مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە تۈركلەر ئىتتىپاقى نېمە قىلىشى كېرەك؟ بۇنىڭ جاۋابى شۇكى قانخور ئىستىبداتلار بىلەن بولغان كۈرەشنى بىر مىنۇتمۇ توختاتماسلىقى كېرەك، بىز تۈركمەنىستان مۇستەقىللىق ھەركىتىنى پۈتۈن سوۋېت مۇستەملىكە رايونلىرىغا ئاندىن خەلقئاراغا

تۇنتىشىمىز كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن تەشكىلاتىمىز بۇندىن كېيىن مۇنداق ئۈچ ئىشنى مەرگەز قىلىپ ھەركەت قىلىدۇ، بىرىنچىسى تەشۋىقات پائالىيىتىنى كۈچەيتىمىز، گېزىتىنىڭ ئورنىغا قەرەللىك-قەرەلسىز تەشۋىقات ۋارىقى تارقىتىشنى ئاساس قىلىمىز، ئىككىنچىسى ئىزباسارلارنى تەربىيەلەش-يېتىشتۈرۈش خىزمىتىنى چىڭ تۇتىمىز، بۇنىڭدا ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئونىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىغا بولغان تەربىيە-تەشۋىقاتنى كۈچەيتىمىز، ئۈچىنچىسى ۋەتىنىمىز زېمىنىغا دەسسەپ تۇرغان ھەرقانداق رۇس پۇقراسىنى ئۆز ۋەتىنىگە قايتۇرۇشقا تىرىشىمىز.

بىز بۇ توغرىسىدا بۇرۇنمۇ بىر قېتىم بايانات ئېلان قىلغان، لېكىن ئۇلارنىڭ پۇقرالىرىغا قول سېلىشقا دېگۈدەك رايىمىز بارمىدى، قىسقىسى بىز يۇمشاق قوللۇق قىلدۇق، بىھۇدە قان تۆكۈشنى خالىمىدۇق، ئەكسىچە مۇسكۋا بىز تۈركمەنلەرگە«تېرورچى» دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ خالىغانچە تۈرمىلەرگە ئالدى، خالىغانچە قىرىپ تاشلىدى، ئەمىلىيەتتە ھەقىقى تېرورچىلار دەل مۇسكۋا ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزى، قارايدىغان بولساق بىزنىڭ تەقدىرىمىزنى ئۇلۇغ ئاللاھ پۈتمەي بىر قانچە قانخور بەلگىلىۋېتىپتۇ. خەلقىمىزنىڭ باغرى يۇمشاقلىقى ئاخىرى تۈرمەنىستاننى مانا مۇشۇنداق ھالغا ئەكىلىپ تاشلىدى، چىشلىگەننى چىشلەش كېرەك، تەپكەننى تېپىش كېرەك، ئەمدى ھەممىنى ئاللاھقا قويمايمىز، سەۋرىنىڭمۇ چېكى بار. . .

بۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپكى بىر يىلدا ئاساسلىق زەربىنى ئۇلارنىڭ ھەربىي-ساقچى قىسىملىرىغا قارىتىمىز شۇنداقلا رۇس پۇقرالىرىنىڭ بۇ بىر يىل ئىچىدە ئۆز ۋەتىنىگە قايتىپ كېتىشىنى تەشەببۇس قىلىمىز، ئۇندىن كېيىنمۇ ئۆز ۋەتىنىنى تاپالمىغان ھەرقانداق رۇس پۇقراسى مەيلى ئۇ ھەربىي ۋە ياكى ئادەتتىكى پۇقرا بولسۇن ئۇن سەككىز

ياشــتىن يۇقۇرلارنىڭ ھەممىسى تۈركمەنىســتان زىمىنىغا قانلىق بەدەل تۆلىشى كېرەك . . .!

پاششاخانىنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزىدىن ئاجايىپ بىرخىل قەتئىلىك ھەم ۋەھشــىلىك چىقىپ تۇراتتى، يىگىتلەر ئەزەلدىن پاشــشــاخانىنىڭ بۇنداق غەزەپكە كەلگىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى.

يېغىن ئىككى سائەت ئەتراپىدا داۋاملىشىپ تەشكىلاتنىڭ بۇندىن كېيىنكى خىزمەت نىشــــانى ۋە بەزى يېڭى ھەركەتلەرنىــڭ قەدەم باسقۇچلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يېغىندا مۇزاكىرلەشكىنى بويىچە ئەتىسىدىن باشــلاپ ھەركەتكە ئاتلاندى، باشــتا ئۇلار تەشــۋىقات ۋارىقىنى ئىككى خىل مەزمۇنــدا تــارقــاتتى، ئۇنــىڭ بىرى كەڭ خەلققە ئېلىپ بېرىلغان تەشــۋىقات بولۇپ ئۇنىڭدا «تۈركلەر ئىتتىپاقى»نىڭ باشــلامچى بولۇپ رۇس ئىســتىبداتلىرىنىڭ زۇلىمىغا قارشــى ئازاتلىق ھەركىتىنى قەتئىي توختــاتمــايدىغانلىقىنى، تۈركمەنىســـتان خەلقىنىڭ ئۆزىگە يېقىندىن ماســلىشــىشــى مۇراجەت قىلىنغان ئىدى. يەنە بىر تەشــۋىقات بولسا پۈتـۈنـلەي ئـوتـتـۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن ئونىۋېرســـتىــت ئوقۇغۇچىلىرىغـا قـارىتىلغـان بولۇپ ئۇنىڭــدا ئـاســـاســـەن تۈركمەن ياشــلىرىنىڭ ھازىردىن باشــلاپ ھەرخىل تەشــكىلات ۋە ئۇيۇشــمىلارنى قۇرۇپ رۇس مۇســتەملىكىچىلىرىنىڭ ئادالەتســىز ھاكىمىيىتىگە قارشــى ئىســيانكارلىق روھىنى يېتىلدۈرۈشــىنىڭ زۆرۈرلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى.

بۇ ئىككى خىل تەشــۋىقــاتنىڭ ئىچىدە كېيىنكىســـىنىڭ ئۈنۈمى ھەقىقەتەن زور بولغان ئىدى، ئوقۇغۇچىلار مەيلى ئۇلار ياشـــتا كىچىك ياكى چوڭ بولســـۇن ئۆزلىگىدىن ھەركەتكە كېلىپ ئۆز ئالدىغا نۇرغۇن

كىچىك تەشكىلاتلارنى قۇرۇشتى، تەشكىلاتنىڭ بەدەل پۇلىنى يىغىشتى، مەكتەپلەرنىڭ تاملىرىغا تۈرلۈك تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى چاپلىدى، ساقچى تەرەپمۇ نۇرغۇن ئۇقۇغۇچىلارنى تۇتقۇن قىلىپ كۆپۈنچىسىنى مەكتەپتىن قوغلىدى، مەكتەپتىن ئايرىلغانلار يەنە بىرلىشىپ رۇس ھاكىمىيىتىگە قارشى پائالىيەتلىرىنى توختاتمىدى.

بۇ خىل ئازاتلىق ھەرىكىتىدە قىزلارنىڭمۇ رولى بەك چوڭ بولدى، مۇسكۋا خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان خالىدە ئىسىملىك بىر قىز ئۇقۇغۇچى ئۆزىنىڭ ئوقۇشىنى تاشلاپ ئاستانىگە قايتىپ كېلىپ يىگانە ھالدا «ئۆلۈم ئەلچىسى» تەخەللۇسى بىلەن ئۆز ئالدىغا نۇرغۇن تەشۋىقات ۋارىقى تارقاتتى، ھەتتا يىراق ۋىلايەت ـ ناھىيىلەرگە بېرىپ شۇ يەردىكى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن رۇس ۋە تۈركمەن ئەمەلدارلىرىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىدى، گېزىت-گېزىتلەرنىڭ باش سەتۇنى «ئۆلۈم ئەلچىسى»نىڭ تۇتۇش بۇيرىقى بىلەن تولدى، تام-تاملارغا ئۇنىڭ سۈرىتى چاپلاندى، ئۇنى تۇتۇپ بەرگۈچىلەرگە ياكى خەۋىرىنى قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان مۇكاپات ئىلگىرىكى «ۋىلادىمىر»نىڭكىدىنمۇ ئېشىپ كەتتى، خەلق ئىچىدە بۇ قىز توغرىسىدا تۈرلۈك ئەپسانە-رىۋايەتلەر تارقىلىشقا باشلىدى. . .

روسلار قايتىدىن چارلىغۇچى ئەسكەرلەرنى كۆپەيتىپ «تۈركلەر ئىتتىپاقى» غا بولغان ھوشيارلىقنى ئۆستۈردى، ئىلگىرى ئاستانە كوچىسىدا يىگىرمىدىن ئوتتۇزغا قەدەر قوراللىق ئەسكەر سەپكە تىزىلىپ پىيادە ھالدا كۈندە ئىككى ۋاق كوچا-كويلارنى ئايلىناتتى، ئەمدىلىكتە بولسا يەتتە-سەككىز ھەربىي ماشىنا ھەر بىرىگە قىرىق-ئەللىكتىن قوراللىق ئەسكەرلەرنى سېلىپ كوچا-كويلارنى كۈندە ئۈچ قېتىم ئايلىنىدىغان بولدى. بۇ چارلىغۇچى ماشىنىلار يولدا ماڭغاندا يولدىكى ھەرقانداق ئادەم ياكى ھارۋا-ئۇلاغلار چوقۇم يولنىڭ چېتىگە چىقىپ

ئۇلار كەتكۈچە جىم تۇرۇپ ئۇلارغا يول بىرىشى كىرەك ئىدى. بىر قېتىم يەتتە ياشلىق بىر كىچىك بالا بىلمەستىن يەردىن بىرتال قۇناق مەدىكىنى ئېلىپ ئەسكەرلەرنىڭ ماشىنىسىغا ئاتقان ئىدى، ماشىنىدىكى رۇس ئەسكەرلەر بۇ كىچىك بالىغا ئوق چىقىرىپ نەخ مەيداندا ئۇنى ئېتىپ تاشلىدى. . .

زۇلۇم، تەڭسىزلىك بارغانسىرى ئەۋج ئالدى.

ئالەم تۇنۇردەك ئىسسىغان بىر كۈنى ئاستانە كوچىسىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قارغايلىق بىر يولدا ئوخشاش كىيىم كېيگەن، كىيىمىنىڭ كەينىگە رۇس يېزىقىدا «تازىلىق ئىشچىسى» دەپ خەت بېسىلغان بىر قانچە ئادەم رۇسىيىدە ئىشلەنگەن كىچىك تىپتىكى ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىدىن يەتتىنى يولنىڭ گىرۋىكىدە توختۇتۇپ قويۇپ يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى قارغاي دەرەخلىرىگە بېسىم بىلەن سۇ چېچىپ ئۇلارنى يۇيىۋاتاتتى. قىززىق يىرى بۇ ماشىنىلارنىڭ شوپىرى يول ياقىسىدىكى زىننەت دەرەخلىرىگە ئۆزى چىقىپ سۇ چېچىۋاتاتتى، ماشىنىدا باشقا خىزمەتچى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ چاچ پاسۇنىمۇ غەلىتە بولۇپ چىرايىدىن تۈركمەن ياكى رۇسلىقىنى بىلگىلىمۇ بولمايتتى.

شۇ چاغدا قاتار تىزىلغان سەككىزدانە چارلىغۇچى ھەربىي ماشىنا ھەيۋەت بىلەن ناھايىتى ئاستا مېڭىپ كەلدى، تازىلىقچى ماشىنىلارمۇ قارغايلارغا سۇ پۈركۈشنى توختىتىپ ئەسكەر ماشىنىلىرىنىڭ ئۆتۈپ كىتىشىنى كۈتۈپ تۇردى، لېكىن چارلىغۇچى ماشىنا تازىلىقچى ماشىنىلارنىڭ يېنىغا كىلىپ توختاپ قالدى، چۈنكى ئالدى تەرەپتە مۇسكىۋا شەھرىنىڭ ماشىنا نومۇرىدىكى چوڭ تىپلىق بىر يۈك ماشىنىسى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا سىڭايان توختاپ قالغان بولۇپ چارلىغۇچى ھەربىي ماشىنىلار يولنىڭ قالغان بوش يەردىن پاتمايتتى.

ئالدىدىكى ھەربىي ماشىنىدىن ئاچچىقى يامان بىر ئەسكەر چۈشۈپ يۈك ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە قارىدى، ماشىنىدا شوپۇر كۆرۈنمەيتتى، ئۇ بىر نىمىلەرنى دەپ كوروڭشىپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ يانغا تارتماقچى بولدى، ماشىنا ئوت ئالمىدى، ئاڭغىچە شەھەر تازىلىقچىلىرىنىڭ سۇ پۈركەيدىغان ماشىنىسى گۈرۈلدەپ ئوت ئېلىپ قوڭغۇزدەك قىمىرلاشقا باشلاپ چارلىغۇچى ھەربىي ماشىنىلار بىلەن روبىرو ئۇدۇللىشىپ تەييار بولدى. . .

بىر پۈشتەك چېلىنغاندەك قىلىۋىدى، ھېلىقى تازىلىقچىلارنىڭ كىچىك تىپتىكى ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىدىكى سۇ پۈركەيدىغان ئىككى مېتىرچە ئۇزۇنلۇقتىكى تۆمۈر تۇربىدىن بىنزىن پۈركۈلۈپ چىقىپ ئۇدۇل چارلىغۇچى ھەربىي ماشىنىلارنىڭ ئۈستىگە چېچىلىشقا باشلىدى، سىكنۇت ئىچىدە بۇ بىنزىننىڭ ئورنىنى ئوت يالقۇنى ئىگەللەپ ئون-يىگىرمە مېتىر نېرىسىغا ئوت پۈركۈلۈشكە باشلىدى، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىرلا ۋاقىتتا سەككىز ھەربىي ماشىنىسىنىڭ ئۈستىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىگە تەڭ قۇيۇق ئوت تۇتۇشۇپ كەتتى، قىيا-چىيا باشلىنىپ پۈتۈن بەدىنىگە ئوت تۇتىشىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنىڭ بىر قىسمى ماشىنىدىن سەكرەپ باقتى، نەچچە قەدەم ماڭا-ماڭماي يەردە يۇمىلىنىپ كاۋاپ بولۇپ كەتكەن چالا-ئۆلۈك ئەسكەرلەرنىڭ بەدىنىگە قۇيۇق بىنزىن ئۈستىلەپ چېچىلىۋەردى، ھەربىي ماشىنىلار بىلەن رۇس ئەسكەرلەر ئوتقا چۈشكەن رەزىنكە ئاياغدەك پۈرقىراپ كۆيۈشكە باشلىدى. . .

ئەسلىدە پاششاخان مۇسكۇۋاغا بېرىپ بۇ كىچىك تىپتىكى ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسى بىلەن يۈك ماشىنىسىنى سېتىۋېلىپ، ئوت ئۆچۈرۈش ماشىنىسىغا ئازراق ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن ئىدى، يەنى سۇ تۇڭىنى ئىككىگە ئايرىپ يېرىمىغا سۇ، يېرىمىغا بىنزىن قاچىلاپ بىنزىن

پۈركۈيدىغان تۈرىنى ئۇزۇن تۆمۈردە ياساتقۇزۇش ئارقىلىق ئۇتىنىڭ توڭغا ۋە ئوت چاچقۇچىنىڭ ئۆزىگە تۇتۇشۇپ كىتىش خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئالغان ئىدى.

بۇنداق كۈچلۈك بىسىم بىلەن چىچىلغان بىنزىنغا ئوت ياققاندا ئوت ئالدىراپ بىنزىن چىچىلغان مەنبەگە تۇتاشمايتتى، چىچىلغان بىنزىننىڭ مىقدارى بەك كۆپ بولغاچقا بۇ خىل ئوت پۈركەلگەنلىكى ھەرقانداق نەرسە شۇ ھامان كۈيۈپ كۈل بولۇپ كىتەتتى. . .

مىنۇتقا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە سەككىز ماشىنىدىكى تەييارلىقسىز تۇرغان تۆتيۈزدىن ئارتۇق رۇس ئەسكىرى كۈيۈپ كۈل بولۇپ كەتتى، ھىلىقى يۈك ماشىنىسىدىكى رۇس ئەسكەر بۇ كارامەتنى كۆرۈپ ماشىنىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ قاچتى، لىكىن بۇ تاماششانى كۆرۈپ تۇرغان كىشىلەر تۈپى ئارىسىدىن ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي ھاسىسى بىلەن كۈچىنىڭ بارىچە قىچىۋاتقان ئەسكەرنى پۈتلىدى، ئەسكەر ئىككى يۈملىنىپ يەنە ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، ياندىكى قەنەنىڭ يىنىدا تۇرغان خام سىمىز قاسساپ گۆش پارچىلايدىغان كىچىك پالتىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرۈپ كىلىپ «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ توۋلىغىنىچە قاچقۇن ئەسكەرنىڭ بىشىنى تىنىدىن جۇدا قىلدى. . .

ھايىنى-ھۇيت دىگۈچە يەتتە تازىلىقچى شەھەرنىڭ شەرىق تەرەپىگە قىچىپ كۆزدىن غايىپ بولدى، باشتا بىنزىنى تۆلۈق تۈگىمگەن ئوت ئۈچۈرۈش ماشىنىلىرى ئارقا-ئارقىدىن گۆمبۈرلەپ پارتلىدى ئارقىدىن ھەربىي چارلاش ماشىنىلىرىنىڭ بىر قىسمى پارتلاشقا باشلىدى، ئەتراپتا تۇرغان خەلق بۇ يەتتە يىگىتنىڭ باتۇرلىقىغا ئاپىرىن ئۇقۇشتى. . .

پاششاخان قاتارلىق يەتتە تازىلىقچى شۇ يۈگۈرگىنىچە شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ھىلىقى كونا خومدانلىققا بىرىپ دىمىنى ئالدى، بىشىدىكى

يالغان كېيمە چاچنى ئېلىپ تاشلاپ ئالدىنئالا تەييارلىۋالغان كىيىملەرنى كىيىپ ئۈستىۋېشىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن يالغان چاچ بىلەن تازىلىق ئىشچىلىق كىيىمنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ دەرھال زاۋۇتقا يول ئالدى.

ئەتىسى پۈتۈن ئاستانە، پۈتۈن تۈركمەنىستان، پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقى زىلزىلىگە كەلدى. . . تارىختىكى ئەڭ زور ئاختۇرۇش، ئەڭ زور تۇتقۇن قىلىش ھەركىتى باشلىنىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ مۇسكىۋانىڭ تۈركمەنىستانغا تۇتقان پوزۇتسىيىسى تېخىمۇ يامانغا ئۆزگەردى، ئەسكىرىي كۈچلەر يەنىمۇ كۈپەيتىلدى. . . ساقچى دائىرلىرى پۈتۈن كۈچىنى بۇ قېتىمقى ۋەقەگە قاراتقان بولسىمۇ ھېلىقى قاساپنى قەتلى قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق يېڭى نەتىجىگە ئىرىشەلمىدى.

پاششاخان ئۆلكىلىك ساقچى نازارىتىنىڭ رۇس ئەمەلدارىنىمۇ ئۆز چۆنتىكىگە سېلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى، ساقچى نازارىتىنىڭ نازىردەك چوڭ ئەمەلدار پاششاخانىنىڭ زىخچە ئالتۇنلىرىنى دەپ ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرگەن يەردە باشقىلار ئۇنىڭ زاۋۇتىغا قاراشقىمۇ پېتىنالمايتتى ئەلۋەتتە. «تۈركلەر ئىتتىپاقى» نىڭ بۇ قېتىمقى ھەركىتىمۇ ناھايىتى غەلىبىلىك بولدى.

ئەمدى ئۇلار ئىككىنچى قېتىملىق ھەركەتكە تەييارلىق قىلىۋاتقاندا پاششاخاننى مۇنداق بىر ئىش ئۆزىگە جەلىپ قىلىۋالدى:

ياز چىكتىپ كۈز كىرىش ئالدىدا تۈركمەنىستاننىڭ مەلۇم بىر تاغلىق يېزىسىدا بىر خىل ۋابا كىسەلنىڭ يەنى خۇلرا كىسىلى بىلەن ئاغرىغان بىر قانچە كىسەلنىڭ بايقالغانلىقى گېزىتلەردە خەۋەر قىلىندى، سەھىيە تارماقلىرى كەڭ خەلق ئاممىسىغا بۇ خىل كىسەلنىڭ

ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى زور كۆلەمدە تەشۋىق قىلدى، چۈنكى خولېرا بىر خىل جىددى خاراكتىلىك يۇقۇملۇق كېسەل بولۇپ بۇ خىل ۋابا بىلەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ باشتا ئىچى سۈرۈلۈپ چوڭ تەرىتى گۈرۈچ يۇغان سۇدەك ئاق كىلەتتى ئاندىن نەچچە سائەتكە قالماي سۇسىزلىنىپ ئۆلۈپ كىتەتتى، بۇ كېسەل ئېغىزدىن يۇقىدىغان بولۇپ تەركىۋىدە مۇشۇ خىل باكتىرىيە بولغان ئىچىملىك سۇلارنى ئىچىش، بۇ خىل باكتىرىيە بىلەن بۇلغانغان يىمەكلىكلەرنى يېيىش ئارقىلىق يۇقاتتى. خولىرا باكتىرىيىسى بۇ خىل كېسەل بىلەن ئاغرىغۇچىنىڭ چوڭ تەرىتى ئارقىلىق سەي كۆكتاتلارغا ياكى ئىچىملىك سۇلارغا تارقىلىپ نەچچە كۈندىن نەچچە ھەپتىگىچە تىرىك ياشىيالايتتى. بۇ دەۋردىكى سوۋىت ئىتتىپاقىنىڭ سەھىيە ئىشلىرى خېلى تەرەققى قىلغان بولۇپ بۇ خىل ۋابانىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تامامەن قۇربىتى يېتەتتى.

پاشاخان بۇ خىل ۋابانىڭ ئۆز زېمىنىدا پەيدا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ پىلانىنى ئۆزگەرتتى-دە دەرھال كېسەل چىققان تاغلىق كەنتكە قاراپ يول ئالدى.

ئۇ تاغلىق كەنتنىڭ دوختۇرخانىسىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئاستانىدىكى كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارمىقىدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بۇ كېسەل بىلەن ئاغرىغان بىمارنىڭ چوڭ تەرىتىنى بىر شىشىگە قاچىلاپ كېچىلەپ ئاستانىگە قايتىپ كەلدى.

ئۇ كىتاپتا كۆرگىنى بۇيىچە چوڭ بىر داش قازانغا گۆش سېلىپ شورپىسى چىققاندىن كېيىن گۆشىنى سۈزۈپ ئېلىۋەتتى، شورپا سۇغىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۈستىگە نەچچە چىلەك كالا سۈتى قۇيۇپ خام تۇخۇمدىن نەچچە يۈزنى چېقىپ ھەممىسىنى تازا ئارلاشتۇرغاندىن كېيىن ھېلىقى ۋابا بىلەن ئاغرىغان كېسەلنىڭ شىشىگە قاچىلانغان

چوڭ تەرتىپنى داش قازاندىكى ئارلاشمىغا تۆكتى، ئاندىن يېگىتلەر بىلەن داش قازاننى قاراڭغۇ سۇغۇق ئۆيگە يۆتكەپ تونۇتقىنى مەھكەم يېپىپ بىر كېچە-كۈندۈز قويۇپ قويدى.

شۇنداق قىلىپ بىر شىشە خولىرا باكتېرىيىسى كۆپىيىپ بىر داش قازان خولىرا باكتېرىيىسىگە ئايلاندى، ناۋادا بۇ بىر داش قازان باكتېرىيە توپى ئاستانە شەھىرىنىڭ ئىچىملىك سۇ مەنبىيىگە تۆكۈلىدىغان بولسا پۈتۈن شەھەر خەلقىنىڭ بۇ خىل ۋابا بىلەن يۇقۇملىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى، ئاقىۋىتى بەكمۇ ئېچىنىشلىق بولاتتى.

ئەمىلىيەتتە تۈركلەر ئىتتىپاقىنىڭ مەخسىتى تۈركمەنىستان زىمىنىدىكى ھەربىي كۈچلەرگە قارىتىلغان بولغاچقا پاششاخان ھەربىيلەر لاگىرىنى سەي-كۆكتات بىلەن تەمىنلەيدىغان دىخانچىلىق بازىسىنىڭ رۇس خوجايىنى بىلەن ئالدىن تونۇشۇپ يېقىن بۇرادەرلەردىن بولۇپ قالغان ئىدى، بۇ رۇس خوجايىنمۇ پاششاخاننىڭ سېرىق چېچى بىلەن مۇكەممەل رۇس تەلەپپۇزىغا قاراپ ئۇنى رۇس يىگىتى دەپ قارايتتى.

بىر كۈنى سەھەردە ھېلىقى داش قازاندىكى شورپىغا چىلىنىپ تەييار بولغان ئىككى ماشىنا يۇقىرى سۈپەتلىك تەرخەمەك دىخانچىلىق مەيدانىنىڭ ئالدىدا توختاپ رۇس خوجايىنغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

- بۇرادەر مەن دېگەندەك ئۇراپ قاچىلىدىڭىزمۇ؟- دېدى دىخانچىلىق مەيدانىنىڭ خوجايىنى بۇ ئەرزان سېتىۋالغان تەرخەمەكلەرگە قاراپ خۇشال بولغان ھالدا.

- خاتىرجەم بولۇڭ، سىز تاپىلىغاندىنمۇ بەكراق يۇيۇپ تازىلىدىم، ئېيتقىنىڭىز بويىچە دېزىنفىكسىيە سۇيۇقلۇقىغا چىلىدىم، ھەرگىز چاتاق

چىقمايدۇ! - دېدى رۇس يىگىت ئىشەنچ بىلەن.

- ياخشـــى بۇپتۇ، ھەربىيلەرنىڭ يىمەكلىك تـازىلىق ئۆلچىمى ناھايىتى قاتتىق دەڭا، بىر قېتىم چاتاق چىقىپ قالسا ھەممىزنىڭ ئىشى سۇغا چىلىشىدۇ، ماقۇل ئەمىسە پۇلىنى كىلەر ئايدا ئېلىشىلىڭ بۇلامدۇ؟

- پۇلدا چـاتاق يوق، بۇندىن كېيىن ماڭا يۈز بەرســـىڭىزلا بولدى خۇجايىن!

- مەخپىيەتلىكنى قـاتتىق ســـاقلاڭ، بۇ كۆكتـاتلارنى ھەربىي گـازارمىـدىكىلەر مىنىـڭ مەيـدانىمـدىن چىقتى دەپ قـارايـدۇ، ناۋادا بۇ ئىشلار تېشىغا چىقىپ قالسا ھەر ئىككىلىمىزنىڭ ئاخىرقى ئۆمرى تۈرمىدە ئۆتىدۇ جۇمۇ . .!.

ئۇلار شۇنداق قىلىپ خوشلاشتى. مەيدان خۇجايىنى ئەرزان ئېلىپ قىممەت ســاتىدىغان بۇ ســودىدىن خۇشــال بولۇپ تەرخەمەكلەرنى ئامبىرىغا يۆتكەشكە باشلىدى.

پاشــاخان زاۋۇتقا يىتىپ بارغۇچە قالدى يىگىتلەر جىددى يېڭى خىزمەت مەشــغۇلاتىغا چۈشــۈپ بولغان ئىدى. ئۇلار بىمارلارغا ئاســما قىلىنىپ ســېلىنىدىغان شــىشــىلىك ســۇيۇغلۇقتىن نەچچە مىڭ دانە ســۇيۇغلۇقنى ھۆكۈمەت ئىلىكىـدىكى دورا ســاتىـدىغان تارماقلاردىن سېتىۋېلىپ ھەر بىر شىشە سۇيۇغلۇقنىڭ ئىچىگە ئىشپىرىس بىلەن بىر خىل زەھەرلىك سۇيۇغلۇق دورا ماگدۇرۋاتاتتى.

بۇ خىـل ســۇيۇغلۇق دورا ئېنگىلىزچە رىســن دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ تۈركمەنچە ئـابـدىمىلـك ئـاقســلى دەپمۇ ئـاتىلاتتى، ئـادەتتە ئـابـدىمىلـك ئۇرۇغـىدىن مـاي تـارتقـانـدا ئۇنـىڭ قـالغـان قـالـدۇق كۇنجىرســـدە بۇ خىل زەھەرلىك ماددا رىســن بەش پىرســەنتىنى ئىگىلەيتتى. مۇناســۋەتلىك تېخنىكلار بۇنى پىشــشــقلاپ ئىشــلەش

ئارقىلىق ساپ بولغان ئابدىمىلىك زەھىرى-رىسىنگە ئېرىشەتتى. بۇ خىل زەھەردىن 0. 2 مىللىگىرام ئادەمنىڭ قېنىغا ئۆتۈپ كەتسە نەچچە سائەتتىن كېيىن ئادەم بەدىنى قىزىرىشىپ كېتەتتى ئاندىن ئادەمنى تەر بېسىپ نەپەس ئېلىش قىيىنلىشاتتى، ئاندىن ئادەمنىڭ ئۆپكىسى ئېغىر دەرىجىدە سۇلۇق ئىششىپ قان بېسىمى چۈشۈپ كېتەتتى-دە ئۆلۈپ كېتەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بىخەتەرلىك كومىتېتى يەنى جاسۇسلۇق ئورگىنى بولغان «ك گ ب» ھەرخىل قەستلەپ ئۆلتۈرۈشلەردە كۆپۈنچە مۇشۇ خىل كۆچلۈك زەھەرلىك دورىنى ئىشلىتەتتى.

بۇ قېتىم پاششاخان نۇرغۇن پۇل خەجلەش ئارقىلىق مۇسكۋاغا بېرىپ بۇ خىل دورا ئابدىمىلىك زەھىرىنى كۆپلەپ قولغا چۈشۈردى، بۇ دورا ئەسلى پاراشوكسىمان بولۇپ پاششاخانلار بۇ دورىنى سۇدا ئېرىتكەندىن كېيىن ئىشپىرىس ئارقىلىق داۋالاشقا ئىشلىتىدىغان سۇيۇغلۇق شىششىسىنىڭ پىچەتلەنگەن ئېغىزىدىن يىڭنە ئارقىلىق ھەر بىر شىشىگە 3-4 مىللىگىرامدىن ماڭدۇرۇۋەتكەن ئىدى.

ئاستانە تۈركمەنىستان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى بولغاچقا بۇ يەردىكى ھەربىي گازارمىدا شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلاش شۇنداقلا زاپاس قىسىم سۈپىتىدە تۆت بەش مىڭ رۇس ئەسكىرى قىلغىلى ئىش يوق بىكار يېتىپ سەمرىپ كەتكەن ئىدى.

بۇ قېتىم مۇسكۋا تۈركمەنىستاندىكى دۆلەت بايراملىق تەبرىكلەشنى ناھايىتى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ ئىشغالىيەت ئاستىدىكى تۈركمەنلەرگە ئۆزىنىڭ تېخى مەۋجۇتلىقىنى بىلدۈرمەكچى ئىدى.

-11ئاينىڭ7-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت بايرىمى كۈنى ئىدى، بۇ كۈنى تۈركمەنىستاننىڭ ئاستانە شەھرىدىكى باش ھەربىي گازارمىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىمۇ

ناھايىتى كاتتا ئۆتكۈزۈلدى، كەچلىك زىياپەتتە ئۇستەل-ئۇستەل زاكۇسكىلار ئىچىدە ھېلىقى خولىرا بىمارىنىڭ گەندىسىگە چىلانغان تەرخەمەكمۇ خام سەي سۈپىتىدە تۆردىن ئورۇن ئالغان ئىدى. . .

ئەتىسى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق رۇس ئەسكىرى خولىرا بىلەن يۇقۇملاندى، بۇ سوۋېت تارىخىدىكى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ۋەقە بولۇپ مۇسكۋا زادى نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ئاغزىنى تۇتۇپ ھاڭ قالدى، ھەربىي دوختۇرخانىلار، خەلق دوختۇرخانىلىرى يېتىشمەي ھەتتا باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەرمۇ دوختۇرخانىلارغا ئۆزگەرتىلدى، ۋابانىڭ سىرتقا تارقىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىش بىلەن بىرگە ئەسكەرلەرنىڭ ئۆلۈم نىسبىتى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىلدى، لېكىن ئىككى كۈندىن كېيىن پۈتۈن خولىرا بىلەن يۇقۇملانغان كېسەل ئۈچ مىڭدىن ئېشىپ بۇ كېسەل بىلەن ئۆلگىنى ئۈچيۈزدىن ئېشىپ كەتتى، تۆتىنچى كۈنگە بارغاندا پاششاخانىنىڭ زاۋۇتىدا مەخپىي ياسالغان سۇيۇغلۇقلار تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن يەشىك-يەشىكلەپ خولىرانى داۋالاش نوقتىلىرىغا زور كۆلەمدە كىرىشكە باشلىدى، ئەتىسلا ئۆلگەن رۇس ئەسكىرى ئىككى مىڭدىن ئاشتى، ئۇنىڭ ئەتىسى يەنە ئۆلدى. . .

مۇسكۋا گەرچە ساختا سۇيۇغلۇق شىشىسىدىكى دەھشەتلىك قاتىل ئابدىملىك زەھىرىنى بايقىغان بولسىمۇ ئاڭغىچە نەچچە يۈزلىگەن ھەربىي ئەمەلدارلارنىڭ بېشى كىسىلىپ خىرىشوۋنىڭ تەختىتىن چۈشۈشى تىزلىشىشتىن باشقا ئىش بولمىدى.

تۈركمەنلەر ئىتتىپاقى ئارقىدىنلا بۇ قېتىمقى دەھشەتلىك قىرغىنغا مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى جاكارلىدى، رۇسلار يەنە بىر قېتىم خەلقنى قايتىدىن تۇتقۇن قىلىپ سوئال-سوراق ھەركىتىنى باشلىۋەتتى، تۈركمەنىستان خەلقى تاياق ـ توقماق، ئاھۇ-زارنىڭ ئىچىدە قالدى،

ئېغىر ئۇيقۇدىكى سانسىزلىغان خەلق يەنە بىر قېتىم تاياق زەربىسىدىن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئويغىنىشقا باشلىدى. . .

* * * * *

سۇغۇق قىش يىتىپ كەلدى.

شەھەر سىرتىدىكى قەبرىستانلىق ئاپئاق قار ئىچىدە تۇلىمۇ گۈزەل بولۇپ كەتكەن ئىدى، پاششاخانىنىڭ يېقىملىق قىرائىتى بۇۋى مەريەم خېنىمنىڭ قەبرىسىدىن ھالقىپ پۈتۈن مازارلىقنىڭ جىمجىتلىقىغا ھۆسۈن قاتقان ئىدى. چاڭقىغان تەشنا يۈرەكلەرگە زەم-زەم كەبى راھەت بىرىدىغان سۈرە ياسىنىنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتىنى يېڭى كۈتۈرۈلگەن قۇياشمۇ زەن سېلىپ تىڭشىۋاتاتتى.

يىراقتىن جىددى غاچىلداپ چىققان قەدەم ئاۋازى پاششاخانىنىڭ يېنىغا يېقىنلاپ كىلىپ توختىدى، ئاخىرىقى مۇبىيىن تامام بولۇپ دۇئا ئاخىرلاشتى.

- ئاكا، يېڭى بىر گەپ چىقىپ قالدى! ـ دېدى تىللاخان جىددىي ھالدا دۇئادىن يېنىپلا.

- شۇنچە جىددىلەشكۈدەك نېمە ئىش بولدى ئۇكام؟- دەپ ياندۇرۇپ سورىدى پاششاخان ئۇكىسىغا ئۆرۈلۈپ قاراپ.

- چوڭ ئىشقۇ يوق، - دېدى تىللاخان بېشىنى لىڭشىتىپ ـ تۈنۈگۈن خەلق مەيدانى ئالدىدىكى چوڭ يولدا قار تازىلاشقا چىققان ھەربىيلەرنى يۈك ماشىنىسى بىلەن باستۇرۇپ ئۆلتۈرگەن قەھرىمانىمىزنى كېچىدىن تۇتىۋاپتۇ. . .

- نىمە؟ - جىددىلىشىپ سورىدى پاششاخان ئۇكىسىنىڭ گېپىدىن جىددىلىشىپ- ئۆلگەن ئىت قانچىكەن؟ تۇتۇلغىنى ئۇ. . .

- نەخ مەيداندا قىرىق يەتتىسى ئۆلۈپتۇ، ئېغىر زەخىملەنگىنىدىن ئوتتۇز نەچچىسى بار ئىكەن، بۇلار ساقايغان تەقدىردىمۇ مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قالغۇدەك، زەخىمسى بەكلا ئېغىركەن. بۇ باتۇرىمىز يەنىلا شۇ «ئۆلۈم ئەلچىسى» ئىكەن.

- يۈك ماشىنىسىدا باستۇرغاندا بۇنچە جىق ئادەم ئۆلمەيتتىغۇ؟ ئۇ قانداق بولۇپ تۇتۇلۇپ قاپتۇ؟

- ماشىنىغا بېسىلغىنى پۈتۈنلەي تاشكەن، خالىدە ئۇ ماشىنىنىڭ تەگلىكىگە نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئۇزۇن لوم تۆمۈرنى توغرىسىغا كەپشەرلەپ مۇقىملىغاندىن كېيىن ماشىنىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ سەپتە تىزىلىپ مېڭىۋاتقان ئەسكەرلەرنىڭ كەينىدىن باستۇرۇپ مېڭىپتۇ ئەمەسمۇ، مۇشۇ بىر باستۇرۇشتىلا ھەممىسى يولغا يېقىتىپتۇ، ئۇ بايقۇشلارنىڭ قولىدا گۈرجەك-سۈپۈركىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىسى يوقكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە «شوپۇر ئۇستام»نىڭ يۈرىگى يەتكۈچە بار ئىكەن، ئۇ بۇنىڭغا قانماي ماشىنىسىنى كەينىگە ياندۇرۇپ يەردە پالاقلاپ ياتقان ئەسكەرلەرنى يەنە قايتىدىن باستۇرۇپ يەرگە چىڭداپ چىقىپتۇ، قايسى مىدىرلىسا ماشىنىنىڭ چاقى شۇنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئوخشايدۇ. . . ئەمما بۇلارنىڭ باشلىقىدا قورال بار ئىكەن، ئۇ ھوشىغا كىلىپ ماشىنا چاقى ئۆزىنىڭ بېشىغا كىلىپ بولغىچە شوپۇرغا قارىتىپ قالايمىقان ئوق ئۈزۈپتۇ، ماشىنا بۇ ئىتنى يانچىپ ئۆلتۈرگەن بولسىمۇ لېكىن خالىدەنىڭ سول بىلىكىگە ئوق تىگىپتىمىش، ئۇ ئەسلىدە نەخ مەيداندىن بىخەتەر كەتكەن ئىكەن، لېكىن ئاخشام خوپتەن ۋاقتىدا شەھەر ئىچىدىكى شەخسى بىر دوختۇرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ بىلىكىدىكى

ئوقنى ئېلىۋېتىشىنى تەلەپ قىلغان ئىكەن، بىچارە خالىدە بەك كۆپ قانسىراپ كەتكەچكە شۇ يەردىلا ئايلىنىپ كىتىپتۇ، دوختۇر سېپى ئۈزىدىن مۇناپىق ئىكەن، ساقچىلارغا دەپ قويۇپتۇ، بولغان ئەھۋال مۇشۇ ئاكا.

- بۇ گەپلەر ئىشەنچىلىكمۇ ئۇكام؟

- ئەلۋەتتە ئىشەنچىلىك، كونا چوپقىتىمىز ئۆز ئېغىزى بىلەن يەتكۈزدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە خەلق مەيدانىدىكى ۋەقەنى باللار ئۆزى بېرىپ ئىنىقلىدى ئەمەسمۇ؟!

- سىنىڭ دىمەكچى بولغىنىڭ خالىدەنى ئېلىپ چىقىشقۇ؟، - پاشاخان ئويچان كۆزلىرىنى ئۇكىسىنىڭ يېنىپ تۇرغان كۆزىگە قاراتتى.

- شۇنداق، رۇسلار ئۇنى شەكسىز بىزنىڭ ئادەم دەپ قارايدۇ، ئۇنى قىيناپ ئۆلتۈرۈپ بولغىچە بىز ئالدىن قول سالايلى ئاكا! ـ دېدى تىللاخان ئاكىسىغا ئۈمىد بىلەن قاراپ.

- بۇپتۇ، بىر قانچە كۈنگىچە ئۇ شۇيەردە داۋالىنىپ تۇرسۇن، رۇسلار ئۇنىڭ جاراھىتىنى ساقايتمىغۇچە ئۇنىڭغا قول سالالمايدۇ، خالىدە ئۆلارنىڭ بىردىن-بىر ئۈمىدى، ئەسلى ھەپتىگىچە ساقلىساقمۇ بۇلاتتى، لېكىن ئۇلار ئۇنى مۇسكىۋاغا يۆتكەپ كەتكۈچە بىز ئالدىن قول سېلىشىمىز كىرەك!

- قۇرال كۈچىمىز ئاجىز ئاكا، قانداق قىلىمىز؟

- بۇنىڭدىن ئەنسىرمە!

پاشاخان ئۇكىسىنىڭ قۇلىقىغا بىر نىملەرنى پىچىرلاپ ھەركەتنىڭ قەدەم باسقۇچلىرىنى مەسلىھەتلىشىۋالدى.

# ئون بەشنچى باب

## ئۆلۈم ئەلچىسى

كەچلىكى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدىكىلەر سىمىنا قوشۇپ ئىشلەۋاتاتتى، پاششاخان ئۇدۇل ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغىلا كىردى.

- ۋوي. . . ۋوي. . . قايسى شامال ئەكەلدى سىز بايۋەچچىنى! ، - دەپ ئورنىدىن ھىجىيىپ تۇردى رۇس ئەمەلدار پاششاخانغا خۇشامەت قىلىپ، - قېنى، قېنى ئولتۇرۇڭ!

باشلىقنىڭ يېنىدىكى ئۈچ نەپەر ساقچى بولارنىڭ سۆھبىتىگە دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ چىكىتىشتى.

- قايسى شامال ئەكىلەتتى، - دېدى پاششاخان مۇغەمبەرلىك بىلەن كىرىسلودا پۇتىنى مىنگەشتۈرۈپ ئولتۇرۇپ، - سىز بۇرادىرىمنىڭ ئوتى بولمامدۇ!

ئىدارە باشلىقى كۈلگىنىچە پاششاخاننىڭ ئالدىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئۇرۇندۇققا كىلىپ ئولتۇردى.

- ئۇزۇن بولدى كۆرۈشەلمىدۇق، سودا ئىشلىرىڭىز قانداقراق؟، - دەپ سورىدى ئىدارە باشلىقى پاششاخانغا چاي تۇتقاچ.

- ئىشلىرىمغۇ يامان ئەمەس، - دېدى پاششاخان بىر ئۇلۇغ تىنىۋېتىپ ھەسرەتلەنگەن قىياپەتتە، - لېكىن مۇشۇ بۆلگۈنچى

ئونسۇرلارنىڭ يامان ئىشلىرى سودا ئىشلىرىمغا ئاز-تولا تەسىر قىلىۋاتىدۇ دەڭا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىڭ قىلىۋاتقان تىجارىتىم ئاساسلىقى موسكۋادا، رۇس چۆپقەتلىرىم بۇ يەرگە كېلىشتىن تېخى قورقىدۇ، سەل كۈچەپ قېلىۋاتىمەن شۇ!

- نىمىسىنى دەرسىز، - دېدى ئىدارە باشلىقى تاماكىسىنى تازا بىر شورىۋېتىپ ئىچى پۇشقان هالدا، - تۈركلەر ئىتتىپاقى دېگەن بۇ بىر نېمە پۈتۈن تۈركمەنىستاننى قالايمىقان قىلىۋەتتى، بىز ساقچىلار نەچچە ئاي بولدى، تۈزۈكمۇ بىر ئۇخلىيالمىدۇق، نازارەتنىڭ بېسىمى تېخى يۇقىرى، بۇ ئۇرۇندۇقتا ئولتۇرماقمۇ بەك تەسلىشىپ كەتتى، يا بۇ مۇناپىقلارنى تۇتقىلى بولمىدى، ئىش چىقىۋەرگەن، مەنمۇ تويدۇم بۇ خىزمەتتىن پاششاخان!

- شۇنى بىر دىمەك بۇرادەر، بالدۇرراق دەم ئېلىشقا چىققان بولسىڭىز، موسكۋادا تۇرۇپ ئىشلىرىمىزغا ياردەملىشەركەنسىز، بۇ يەردىن ئالىدىغان يىللىق مۇئاشىڭىزنى بىزدىن بىر ئايدىلا ئالاتتىڭىز!

- هەي. . . هەي!، - ئېغىر خۇرسىندى ئىدارە باشلىقى بېشىنى ئىككى يانغا چايقاپ، - ئۇ كۈنلەرمۇ كىلىپ قالار بۇرادەر!

- سىزنى ئىزدەپ كېلىشىمدە يېقىندا يېڭى بىر ئىشنىڭ يولى چىقىپ قالدى، قارىسام پايدىسى خېلى تۈزۈكتەك قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سىز يادىمغا كىلىپ قالدىڭىز، بۇ يەردە تاپقان-تىكىنىڭىز بالىڭىزنىڭ نەچچە ئايلىق ئوقۇش راسخۇتىغا يەتمەيدۇ، ئاز-تولا بىر نېمە تېپىۋالسۇن دەپ ئويلىۋىدىم، سىزنىڭچە. . .

- ۋاي. . . ۋاي بولمامدىغان، - دېدى ئىدارە باشلىقى بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاغزى قۇلىقىغا يىتىپ، - سىز نېمە دىسىڭىز شۇ بۇرادىرىم.

- يۈرۈك هامامىغا بېرىپ مەسلىهەتلىشىمىز!، - دەپ ئورنىدىن

تۇردى پاشىخان بېشى بىلەن سىرتنى ئىشارەت قىلىپ.

- ھازىر بولماسىمكىن. . . شۇ. . . ، - دېدى ئىدارە باشلىقى ئارىسالدى بولغىنىچە سائىتىگە قاراپ.

- بۇرادەر نىمانچە قىلىسىز، خىزمەت تۈگىمەيدۇ، تام يېقىلسا تۈۋىگە يېقىلىدۇ، ھۆكۈمەتتە يۈز يوق، نەچچە يىل جاپالىق ئىشلەپ بىرە ئىشنى خاتا قىلىپ قالسىڭىز، سىزنى بۇ ئۇرۇندۇقتا بىر مىنۇتمۇ ئولتۇرغۇزمايدۇ، قارىڭە باشقىلارغا، ھەممە ئىشنى سىلەرگە تاشلاپ قويۇپ ھەممىسى ئۆزىنىڭ يانچۇقىنى توملاش بىلەن ئاۋارە، يۈرۈك، يۈرۈك!

- ئۇغۇ راست، بوپتىلا، بارساق بارايلى، نىمانچە قىلارمىنا!، - دېدى ئىدارە باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ جوۋا چاپىنىنى كىيگەچ.

ئۇلار ئاستانە شەھەر ئىچىدىكى داڭلىق بىر ھامامغا يېتىپ بېرىپ مەخسۇس ئەمەلدار- تۆرىلەر يۇيۇنىدىغان ئايرىمخانىغا كىردى، ئۇلار سودا توغرىلىق قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندا ھامام خوجايىنى بىر يىگىتنى باشلاپ كىردى.

- ئاكا ! زاۋۇتقا موسكۋالىق بىر خوجايىن بىر نەرسە ئېلىپ كەپتىكەن، سىزنىڭ ئۆز قولىڭىزغا تاپشۇرىمەن، ئۆزىگە دەيدىغان گېپىم بار ئىدى دەپ تۇرىۋالدى، شۇڭا بۇ كېچىدە ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلدىم، ئۇ ھازىر ھامامنىڭ ئالدىدا ماشىنىدا ساقلىۋاتىدۇ، - دېدى يىگىت پاشىخانغا قول باغلاپ تۇرۇپ.

- ئەكەلگىنى ئۇ نېمە نەرسىكەن؟، - دەپ سورىدى پاشىخان خوش ئېرىنچەكلىك بىلەن.

- نەخ پۇلدەك قىلىدۇ ئاكا!

- قاچانقى پۇلكەن؟، - قاپقىنى ئاچماي سورىدى پاششاخان خوشياقمىغاندەك.

- ئۆتكەنكى ئايدىكى مالنىڭ پۇلىكەن، بىرە چامادان چىققۇدەك.

- هەي، ئادەمنى ئارامىدا قويمىغان. . .

شۇ چاغدا ئىدارە باشلىقىنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ پاششاخانغا خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى.

- تۇرۇڭ بۇرادەر تۇرۇڭ! پۇل سىزنى ئىزدەپ ئىشىگىڭىزگە كەلسىمۇ خوش بولماسىز، بېرىپ كېلىڭ، مەن ساقلاپ تۇراي!، - دېدى ئىدارە باشلىقى شالۋۇرىنى ئېقىتىپ.

- جىندەك ساقلاپ تۇرۇڭ، هازىرلا كىرىمەن !

شۇنداق دىگەچ پاششاخان كىچىك كۆلچەكنىڭ ئېچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كىيىم ئالماشتۇرۇش ئۆيىگە ماڭدى.

ئالاھەزەل ئىككى-ئۈچ مىنۇتلاردىن كېيىن كىچىك كۆلچەكتىكى ئىسسىق سۇدا كۆزىنى يۇمۇپ غىڭشىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان ئىدارە باشلىقىنىڭ بېشىغا سۇغۇق بىر نەرسە قادالدى. ئىدارە باشلىقى چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ بېشىغا يۈزىنى نىقابلىۋالغان بىرسىنىڭ تاپانچا تەڭلەۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ شۇ تاپتا قورققىنىدىن غال-غال تىترەپ كۆلچەكتىكى سۇغا سىيىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى.

- سەن. . . سەنلەر نېمە ئادەم؟، - دېدى ئىدارە باشلىقى رۇس تىلىدا كېكەچلەپ.

- گەپنى ئاز قىلىپ ئاۋۇ ئۆيگە ماڭ !، ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى تۈركمەن يىگىت ئۇنىڭغا ئەدىيالنى سۇنۇپ بەرگەچ.

ئىدارە باشلىقى سۇدىن چىقىپ ئەدىيالنى ئۆشىنىسىگە ئوراپ

دەرھال ياندىكى ئارام ئېلىش ئۆيىگە كىردى.

- بۇيەردە ئولتۇرۇڭ ئەپەندى! ، - دېدى يىگىت تۈركمەن تىلىدا ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن بولۇپ.

- سەن. . . سەن زادى نېمە قىلاي دەيسەن؟، - دېدى ئىدارە باشلىقى تۈركمەن تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەپ پېشانىسىدىكى پۇرقىراپ چىققان تەرنى ئالقىنى بىلەن سۈرتكەچ.

- گەپنى قىسقارتاي ئەپەندى، مەن تۈركلەر ئىتتىپاقىنىڭ باش ئاتامانى بولىمەن! - دېدى يىگىت ئۇنىڭ ئالدىدىكى يۇمشاق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ تاپانچىسىنى قولياغلىق بىلەن سۈرتكەچ ئۇنىڭغا ھەيۋە قىلىپ- مەقسەت ناھايىتىمۇ ئاددى، ئالدىڭىزدا ئىككى يول تۇرۇپتۇ بىرى خالىدەنى بىزگە قايتۇرىسىز، بۇ ئارقىلىق بىر ئۆمۈر خەجلەپ بولالمىغۇدەك بايلىققا ئېرىشىسىز، يەنە بىرى خالىدەنى مۇسكۋاغا ئۆتكۈزۈپ بىرىسىز شۇنىڭ بىلەن خوتۇن-بالا چاقىلىرىڭىزنى سىزدىن بۇرۇن ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىمىز ئاندىن سىزنى يولغا سالىمىز، بۇنىڭغا ئىشىنىدىغانسىز؟

ئىدارە باشلىقى تۈركلەر ئىتتىپاقىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن جېنى چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالدى، چۈنكى ئۇ «تۈركلەر ئىتتىپاقى» دېگەن بۇ تەشكىلاتنى ئاجايىپ مۇكەممەل، قۇلىدىن ھەر بالا كېلىدىغان بىر تەشكىلات دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بۇ يىگىتنىڭ سۆزىگە ئىشىنىشكە مەجبۇر بولدى.

- شۇنداق. . . شۇنداق، ئىشىنىمەن لېكىن خالىدە ئۇنى. . . ئۇنى قويۇپ بىرىش مىنىڭ قۇلۇمدىن كەلمەيدۇ، - دېدى تىترەپ كەتكەن ئىدارە باشلىقى يىگىتنىڭ قولىدىكى تاپانچىغا سەپسېلىپ قاراپ.

- مىنىڭ ۋاقتىم بەكمۇ قىس، ماۋۇنى ئېلىڭ، - دېدى يىگىت

يانچۇقىدىن چوڭ كاراتلىق بىر تال ئالماسنى ئېلىپ ئۇنىڭ قۇلىغا تۇتقۇزۇپ، - سىز پەقەت خالىدەنى شەھەرلىك دوختۇرخانىغا يارىسىنى تاڭغىلى چىقارتىسىڭىزلا بولىدۇ، قالغان ئىشنى بىز ئۆزىمىز جۆندەيمىز، ئىش پۈتكەندە قولىڭىزدىكى ئالماستىن يەنە ئىككى تال ئالىسىز، مۇشۇ بايلىق بىلەنلا خىزمىتىڭىزنى تاشلاپ بالا-چاقىلىرىڭىز بىلەن مەيلى مۇسكۋاغا ياكى ياۋروپاغا بېرىڭ، بىر ئۆمۈر باياشات تۇرمۇش كەچۈرەلەيسىز ئەپەندى!

ئىدارە باشلىقى بىردەم قۇلىدىكى ئالماسقا بىردەم يىگىتنىڭ قۇلىدىكى تاپانچىغا قاراپ ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى.

- بۇپتۇ، گېپىڭىز گەپمۇ؟

- چاتاق يوق!

- ئەتە كەچتە، ئۇنى شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا ئاپارغۇزىمەن، لېكىن ئۇنى يالاپ ئاپىرىدىغانلارنىڭ سانى كۆپرەك ھەم بۇ بىر تۈزۈم، ئۆگۈنلۈككە ئەتىگەن قۇراللىق ئەسكەرلەر ئۇنى مۇسكۋاغا ئېلىپ ماڭماقچى، ئاڭغىچە ئىشنى پۈتكۈزۈڭلار!

- ئەمىسە گەپ ئەشۇنداق بولسۇن!

شۇ چاغدا سىرتتىن پاشاخان قۇلىدا ياغلىققا ئورالغان بىر نىمىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كىچىك كۆلچەكنىڭ يېنىدا ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىسمىنى ئۈنلۈك توۋلاشقا باشلىدى. ئىدارە باشلىقى ھېلىقى يىگىتكە بۇ يەردىن سەل تۇرۇپ شەپىسىز چىكىتىشنى قۇلى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئۆزى ئارام ئېلىش ئۆيىدىن چىقتى.

- ھە پاشاخان ئىشلار پۈتتىمۇ؟، - دېدى ئىدارە باشلىقى سەل ھۇدۇقۇپ پاشاخاننىڭ يېنىغا بارغاچ.

- ھەئە پۈتتى، ماۋۇنى يەڭگىمىزگە ئالغاچ بېرىڭ! - دېدى پاشاخان قولىدىكى ياغلىققا ئورالغان بىر كاللەك پۇلنى ئىدارە باشلىقىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ تۇرۇپ.

- ۋاي. . . ۋاي بۇنداق قىلىش كېتەمتى، مىنى بەكلا قەرىزدار قىلىۋەتتىڭىز، - دېدى ئىدارە باشلىقى خۇش بولغىنىنى چاندۇرماي.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار كىچىك كۆلچەككە قايتىدىن چۈشۈپ ئالەمنىڭ پاراڭلىرىنى قىلىشىپ تۈن يېرىم بولغاندا خۇشال ھالدا ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئىدارە باشلىقى قاماقخانىنىڭ داۋالاش ئۆيىدىكى كارۋاتتا ياتقان خالىدەنىڭ ئالقىنىغا بىر تال باغاقچىنى ئۆز قولى بىلەن تۇتقۇزۇپ قويدى. خالىدەنىڭ سول بىلىكىگە تەگكەن ئوق ئېلىۋېتىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ سالامەتلىكى راستىنلا تېز ئەسلىگە كېلىۋاتاتتى، خالىدە باغاقچىنىڭ مەزمۇنىنى تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئوقۇغاندىن كېيىن ئەسىرگە يېقىن كىسلى ئۆزگۈرۈپ ھۇشىدىن كەتكەن بولدى.

ئىدارە باشلىقىنىڭ قۇشۇلىشى بىلەن خالىدە بىر توپ ساقچىنىڭ ھەمرالىقىدا شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە يۆتكەلدى. دوختۇرلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇشۇپ ئۇنىڭغا زادى نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي چۆرگىلىشىپ يۈرەتتى.

خۇپتەندىن ئاشقاندا كارىدوردىكى تېلېفون جىرىڭلاپ نۆۋەتچى سېستراغا بۇيرۇق كەلدى «مەن دوختۇرخانا باشلىقى ئىۋانوۋىچ، ھېلىقى جىنايەتچىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى كۆزىتىڭلار، ئىشخانامدىكى قەھۋەرىمنى تازىلىقچىدىن ئىۋەتتىم، قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ساقچىلارغا دەملەپ بېرىڭ، قەتئىي چاتاق چىقمىسۇن، ھېچقايسىڭلار ئۇخلاپ

قالماڭلار، بۇ يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى!»

سېستىرا دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ جىددىيلىشىپ تورۇپكىنى قۇيۇپ تۇرىشىغا يۈزىگە ماسكا تاقىۋالغان تازىلىقچى بىر بۇلاق قەھۋەنى كۆتۈرۈپ سىرتتىن كىرىپ كەلدى. سېستىرا ئۇنىڭ قولىدىكى قەھۋەنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ يانىدىكى دەم ئېلىش ئۆيىگە ئەكىرىپ تەڭشەشكە باشلىدى.

سېستىرا بىر پەتنۇسقا ئالتە ئىستاكان قىزىق قەھۋەنى كۆتۈرۈپ خالىدە ياتقان كېسەلخانىنىڭ ئىشىك تۈۋىدە پوستتا تۇرغان ئىككى ساقچىغا قەھۋەنى سۇندى.

- بىزنىڭ دوختۇرخانا باشلىقىغا يۇقۇرىدىن بۇيرۇق كەپتۇ، باشلىقىڭلار بۈگۈن كېچە سىلەرنى قەتئىي ئوخلىمىسۇن، چاتاق چىقسا بېشى بىلەن جاۋاب قىلىدۇ دېگەن ئوخشايدۇ، بۇ بىزنىڭ دوختۇرخانا باشلىقىنىڭ سىلەرگە قىلغان سوۋغىتى ئىكەن. . . ، - دېدى سېستىرا قىز مەسئۇلىيەتنى ساقچىلارغا ئىتتىرىپ ھىلىگەرلىك بىلەن.

ھاردۇقتىن ئۇيقۇسى كېلىپ كەتكەن ياشتا كىچىك ساقچى خۇشاللىقتا ھور چىقىپ تۇرغان قەھۋەنى پەتنۇس بىلەن ئېلىپ كېسەلخانا ئىچى-تېشىدىكى ساقچىلارغا بىر-بىرلەپ تۇتۇشقا باشلىدى، يېرىم سائەت ئۆتە-ئۆتمەي ساقچىلار ئولتۇرغان يىرىدە خورەككە چۈشۈپ ئۇخلاپ كىتىشتى.

كارۋاتتا ياتقان خالىدە يېنىدىكى ساقچىلارنىڭ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قاچماقچى بولدى، ئوكۇل ئوڭ بىلىكىگە سېلىنغان بولغاچقا ئۇنىڭ ئۈستىگە سول قولى قاتتىق زەخملەنگەنلىكتىن ئوكۇل يىڭنىسىنى سۇغۇرۇپ ئېلىشقا ئامالسىز قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ كارۋاتتىن چۈشمەكچى بولۇپ

ھەرىكەت قىلىپ باقتى، ئۇنىڭ پۇت-قولى سىزىمنى يوقاتقاندەك ھېچقانداق ھەركەتكە كەلمەيۋاتاتتى، ئۇ يەنە تىرمىشىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ باققان بولسىمۇ تېنى ئادەتتىن تاشقىرى ئاجىزلاپ كەتكەنلىكتىن تۇيۇقسىز ھوشىدىن كېتىپ كارۋىتىغا ئوڭدىسىغا يېقىلدى. شۇ چاغدا بىر قانچە ئاق خالات كىيگەن دوختۇرلار ئىشىكتىن ئۇچقاندەك كىرىپ ئۇنى ئىتتەرمە ھارۋىغا يۆتكەپ سىرتقا ئېلىپ ماڭدى.

شۇنداق قىلىپ «تۈركلەر ئىتتىپاقى» خالىدەنى ئۇچۇشلۇق ھالدا زاۋۇتنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە بىخەتەر يۆتكىۋالدى.

پاششاخان ياتىقىدا كىرىپىك قاقماي ئولتۇراتتى، تۇيۇقسىز ئىشىك چىكىلىپ ئىللاخان كىرىپ كەلدى.

- قانداق بولدى ئۇكام؟، - دەپ سورىدى پاششاخان ئۇكىسىنىڭ غەلبە خەۋىرىگە ئىنتىزار بولۇپ.

- ھەممە ئىش ئۇچۇشلۇق بولدى ئاكا، خالىدە ئۇ ھازىر يەر ئاستى ئۆيىمىزدە!

- ياخشى ئىللاخان!، - دېدى پاششاخان ئۇنىڭ مۆرىسىگە يېنىك شاپىلاقلاپ - ئۇنىڭ يارىسى ئېغىرمىكەن؟

- ئەھۋالى دېگۈدەك ياخشى ئەمەس، ھازىرغىچە كۆزىنى ئاچالماي ياتىدۇ.

ئۇلار دەرھال يەر ئاستى ئۆيگە ئالدىرىدى.

پاششاخان يەر ئاستى ئۆيىگە كىرگەندە كارۋاتتىكى ئاپئاق يوتقاننىڭ ئۈستىدە بىر تال قىزىل ئەتىرگۈل تۇراتتى، پاششاخان تازا سەپسېلىپ ئۇنىڭ گۈل ئەمەس بەلكى گۈلدىنمۇ چىرايلىق بولغان

ناھايىتى نازۇك بىر قىز ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى، قىزنىڭ قارا چاچلىرى ياستۇقنىڭ بىر تەرىپىنى شۇ پېتى يۆگىۋالغان بولۇپ قىياقتەك ئۆلاشما قاشلىرى ئاستىدىكى تۆكۈلۈپ تۇرغان كىرپىكلىرى بوغداي ئۆڭ يۈزىگە ناھايىتىمۇ ياراشقان ئىدى، پاششاخان ئەزەلدىن بۇنداق چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى، ئۇشتۇمتۇت ئۇنىڭ يۈرىكى سېلىپ قەدەم رىتىمى بۇزۇلاي دەپ قالدى.

»ئاھ. . . ئاللاھنىڭ قۇدرىتى نىمانچە چەكسىز!».

قىز ھېلىھەم كۆزىنى ئاچماستىن شۇنداق بىر تاتلىق سېزىم بىلەن ئۇخلاۋاتقاندەكلا كۆرىنەتتى، پاششاخان «ئۆلۈم ئەلچىسى» نىڭ بۇنداق چىرايلىق بۇنداق بىر نازۇك قىز ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالدى، پاششاخان چىرايىنىڭ بىرخىل ئوت ئالغاندەك بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆزىنى خالىدەنىڭ چىرايىدىن ئېلىپ قاچتى.

كارۋاتنىڭ بىر تەرىپىدە ئولتۇرۇشقان يىگىتلەر پاششاخاننىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىشىۋاتاتتى. پاششاخان بىلمەستىن ئۆزىنىڭ خالىدىگە بۇنچە سەپ سالغانلىقىدىن يىگىتلەرنىڭ ئالدىدا ئۆلگىدەك خىجىل بولدى، ئۇ ئۆزىنىڭ خىجىللىقىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يىگىتلەرنى بالدۇرراق ئۇخلاپ دەم ئېلىشقا بۇيرىدى.

كارۋاتنىڭ يېنىدا پاششاخان بىلەن تىللاخان قالدى، قىز يەنىلا ھوشسىغا كەلمەيۋاتاتتى. پاششاخان تىنىغان تىنىقىنىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان بۇ نازۇك قىزنىڭ قول بېغىشىغا يانچۇقىدىكى قولياغلىقىنى چىرايلىق قۇيۇپ ئۇنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ باقتى. تىللاخان ئاكىسىنىڭ تومۇر تۇتالايدىغانلىقىنى بىلگەچكە سوئال نەزىرى بىلەن پاششاخانغا قارىدى.

ــــ هازىرچە چوڭ چاتاق يوق، - دېدى پاشـشـاخان ئۇكىسـىنىڭ كۆزىگە قاراپ- سـەن چىقىپ بۇ ئۆيگە ئىككى كىشـىلىك ياتاق تەييار قىلغىن، بۈگۈن كېچە ئىككىمىز بۇ يەردە تۇرايلى، خـالـىدە بۈگۈن ئاخشامنى ئۆتكۈزۈۋالسا ئەتە چوقۇم ياخشى بولۇپ كىتىدۇ!

تىللاخان بېشىنى لىڭشىتقىنىچە چىقىپ يىغما كارىۋات ۋە لازىملىق نەرسـىلەرنى ئەكىردى، پاشـشـاخان ئۇكىسـىغا «سـەن بالدۇرراق ئۇخلىغىن، ئەتىكى ئىشـقا دەخلى يەتمىسـۇن !» دەپ ئۇنى يۆگەپ قويۇپ ئۆزى خالىدەنىڭ كارۋىتىنىڭ يېنىدا ئۈرە ئولتۇردى.

غۇۋا لامپا يورۇقىدا خالىدە تىپتىنچ ياتاتتى، ئۇنىڭ پىشانىسىدىن گـاهـىدا تەر پۇرقىراپ چىقاتتى، گـاهـىدا لەۋلىرىنى مىدىرلىتىپ بىر نىمىلەرنى دېمەكچى بولاتتى، پاششاخان توختىماي ئۇنىڭ پىشانىسىنى سـۈرتكەچ مەشـكە كۆمۈر سـېلىپ تۇراتتى. پاشـشـاخان ئالدىدىكى بۇ قەھىرمـان قىزغا قـاراپ ئىچىدە « ئۆزىنىڭ خەلقى، ئۆزىنىڭ مىللىتى، ئۆزىنىڭ ئـاللاھى ئۈچۈن قولغا تىغ ئېلىپ ۋەتەن-زېمىنىنى قوغداش ئەسـلى بىز ئەركەكلەرنىڭ مەجبۇرىتى تۇرسـا بۇ كىچىك يۇمران قىز مۇشـۇ تەرمەچتەك قوللىرىغا شـەمشـەر ئالغىنىنىڭ نىمىسـى، شـۈكرى! هـېلىمۇ زېمىن تەۋرەپ بىز ئەركەكلەرنى يۇتۇپ كەتمەپتۇ ؟!» دەپ ئويلايتتى.

ئالاھىزەل بىرە سائەتلەردىن كېيىن خالىدە پىشانىسىگە قۇيۇلغان ئىسـسىق لۆڭگىنىڭ غىدىقلىشىدىن كۆزىنى تەسـتە ئاچتى، كارۋاتنىڭ يېنىـدا نـاهـايىتىمۇ كېلىشـكەن چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بىر يىگىت ئۆزىگە قـاراپ ئولتۇراتتى، يىگىتنىـڭ چىرايلىق قوي كۆزىدىن بىرخىل كۆيۈمچانلىق بىرخىل جەزىبىدارلىق چىقىپ تۇراتتى، خالىدەمۇ ئۆمرىدە بۇنداق بوي-بەستى قاملاشقان، كۆزىدىن بۇنداق ئوت چىقىپ

تۇرىدىغان بىرە ئەركەكنى ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدى، ئۇ بۇ نۇرلۇق ھەم ئوتلۇق كۆزلەردىن خىجىل بولۇپ كۆزىنى ئۆي ئىچىدىكى باشقا نەرسىلەرگە ئېلىپ قاچتى، ئۇ ياتقان يېرىنىڭ دوختۇرخانا ياكى تۈرمە ئەمەسلىكىنى قىياس قىلدى، ئۇ ئېغىزىنى تەستە ئېچىپ پاشاخاندىن سورىدى:

- بۇ قەيەر؟

قىزنىڭ ئاۋازى شۇنداقمۇ مىسكىن شۇنداقمۇ نازۇك ئىدىكى بۇ يېقىملىق ئاۋازدىن غاردا ياشىغان تەنھا زاھىتمۇ تەسۋىرنى سىيرىشتىن ئېزىپ كىتەر ئىدى، بۇ مۇڭلۇق ئاۋازدىن كاللا كىسەر جاللاتنىڭمۇ قىلىچى ھاۋادا لەيلەپ قالار ئىدى.

- بۇ بىخەتەر جاي خالىدە، - دېدى پاشاخان ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىتىپ- خاتىرجەم يېتىپ ئارام ئېلىڭ، ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ئەمدى سىز بىخەتەر!

- سىلەرگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشمنى بىلەلمىدىم. . .

خالىدە شۇنداق دىۋېتىپ ئىسەنكىرەپ يىغلاپ كەتتى.

- ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ، - دېدى پاشاخان قۇلىدىكى ھەسەل سۈيىنى خالىدەگە ئىچۈرمەكچى بولۇپ- بىزنىڭ مەقسىتىمىزمۇ سىزدەك قىز سىڭىللىرىمىزنىڭ رۇسلارنىڭ تۈرمىسگە كىرىپ قېلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى، - پاشاخان شۇنداق دىگەچ خالىدەنىڭ دۈمبىسىدىن يۈلەپ ئۇنى ئاستا ئولتۇرغۇزدى- قېنى بۇنى ئىچىۋېلىڭ.

خالىدە ئىستاكاندىكى ھەسەل سۈيىنى ئىچىپ تۈرىشىغا تىللاخانمۇ ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ ئەسنىگىنىچە كارۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى.

- بۇ مىنىڭ ئۇكام تىللاخان بولىدۇ، - دەپ تونۇشتۇردى پاشاخان ئۇكىسىنىڭ قۇلىنى تۇتۇپ.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم خالىدە سىڭلىم!، - دېدى تىللاخان ئەدەپ بىلەن سالام قىلىپ.

- ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام، سىلەرگە كۆپ قەرزىمەن، - دېدى خالىدە يۈزى تۆۋەنلىك بىلەن.

- ئۇنداق دىمەڭ، سىزنى ئۇلارنىڭ قولىدا قىيناپ قويدۇق!، - دېدى جاۋابەن تىللاخان.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر ئاز پاراڭلاشتى، خالىدەنىڭ سالامەتلىكى تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگەچكە پاششاخان خالىدەنى چارچىتىپ قويماسلىقنى ئويلاپ ئۇكىسىغا بالدۇرراق يېتىپ ئارام ئېلىشىنى بۇيرۇپ ئۆزى مەشىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرۈشكە باشلىدى.

مۇشۇ تاپتا خالىدەنىڭمۇ ئۇيقۇسى قاچقان ئىدى، ئۇنىڭ كاللىسىدا نۇرغۇن خىياللار بارئىدى، ئۇ ئۆزىنى دۈشمەنلەرنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزغان بۇ باتۇر يىگىتلەرنىڭ كىملىكىنى، يېنىدا پايپىتەك بولۇپ ئۆزىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغان بۇ يىگىتنىڭ زادە كىملىكىنى بەكمۇ بىلگۈسى بار ئىدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا ئەدەپ يۈزىسدىن ئۇخلىغان بولۇپ كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالغان ئىدى.

پاششاخان قولىدىكى كىتاپنى يانغا ئېلىپ قويۇپ پات-پات خالىدەنىڭ كارۋىتىنىڭ يېنىغا كىلىپ ئۇنىڭ پىشانىسىنى تۇتۇپ باقاتتى. پاششاخان نىمە سەۋەپتىن خالىدەگە بۇنداق مىھرىبانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ چۈشەنمەيتتى. شۇنداق قىلىپ پاششاخان بىر كېچە كىرپىك قاقماي خالىدەنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ ئەتىسى ئەتىگەندە خالىدەنىڭ كارۋىتىنىڭ ئايىغىغا بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قالدى. . .

تىللاخان بىر چاغلاردا ئويغۇنۇپ سائىتىگە قاراپ ناماز ۋاقتىنىڭ

ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى بىلدى، چۈنكى ئەزەن ئاۋازى بۇ يەر ئاستى ئۆيگە ئاڭلانمايتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاكىسىغا ئۆزىنىڭ جۇۋىسىنى يېپىپ قويۇپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ مەشىنىڭ كۈلىنى ئاۋاز چىقارماي ئېلىپ ئوت قالاشقا باشلىغان ئىدى.

خالىدە تىللاخان ئويغانماستا ئاللاقاچان ئويغىنىپ كەتكەن ئىدى، لېكىن ئۇ كارۋىتىنىڭ ئايغىدا بېشىنى قۇيۇپ ئۇخلاپ قالغان بىر كېچە ئۆزىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك چۆرگىلەپ كېسىلىدىن خەۋەر ئالغان بۇ مېھرىبان يىگىتنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن كۆزىنى ئېچىپ مىدىر-سىدىر قىلماي ياتقان ئىدى، ئۇ ئاخشامدىن بىرى بولغان ئىشلارغا قاراپ بۇ بىر توغقان ئاكا-ئۇكىنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىدىن تەسىرلەندى، ئاخشىمى پاششاخان ئۇكىسىنىڭ يوتقىنىنى يۆگەپ چىققانچىلىك قىلغان ئىدى چۈنكى تىللاخان ئەزەلدىن چالا ئۇيقۇچىلىقتا يېپىنىدىغان يوتقانىنى ئاستىغا بېسىپ ياتاتتى، پاششاخان ئۇكىسىنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن ياندىكى كارۋاتتىكى ئۆزىنىڭ يوتقىنىنى ئۇنىڭغا يېپىپ قويدى، تىللاخان بىردەمدىن كېيىن ئۇنىمۇ ئاستىغا بېسىپ ياتتى، بۇ چاغدا پاششاخان ئۆزىنىڭ قىممەت باھالىق جۇۋىسىنى ئۇنىڭغا يېپىپ قويدى، خالىدە بۇلارنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ ياتقان بولغاچقا پاششاخاننىڭ ئۇكىسىغا بولغان ئامراقلىقىدىن ھەيران قالغان ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن بىر قانچە يىگىت قولىدا ئاغىزى يېپىلغان قاچىلارنى كۆتۈرۈشۈپ يەر ئاستى ئۆيگە كىرىپ كەلدى، بىر قاچىدا شورپا گۆش بىر قاچىدا شۆلە ئاش، بىر قاچىدا ھور چىقىپ تۇرغان سۈت. . . خالىدە بۇ قىرقىنغاندەك ياش يىگىتلەرگە قاراپ يەر تۈۋىدىن ئۇلارغا سالام قىلدى. يىگىتلەرمۇ قىزنىڭ بۈگۈن ئەتتىگەن باشقىچە چىرايلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ بىر-بىرىگە قارىشىپ ھەيران

قېلىشتى.

- پاششاخان ئاكا، - دېدى تىللاخان پەس ئاۋازدا ئاكىسىنى ئويغىتىپ، - ئويغىنىڭە، ئەمدى ناشتا قىلايلى.

خالىدە بۇ ئىسمنى ئاڭلاپ بۇ ئىسمنى نەدىدۇ بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قايسىدۇ بىر كىتاپتىن كۆرگەندەك ئويغا كىلىپ قالدى. پاششاخان ئۇكىسىنىڭ يىنىك نۇقىشىدىن ئويغىنىپ ئۆزىنىڭ خالىدەنىڭ كارۋىتىنىڭ ئايغىدا ئۇخلاپ قالغانلىقىدىن ناھايىتمۇ بەك خىجىل بولۇپ ئۆزىنى قويغىلى يەر تاپالماي قالدى.

ئۇلار ئەتىگەنلىك ناشتىنى ناھايىتى قىزغىن قىلىشتى، خالىدە بۇ يىگىتلەرنىڭ بىر-بىرىگە تاماق سۇنۇشلىرىنى، بىر-بىرىگە تاماق زورلاشلىرىنى ئاندىن ئۇلارنىڭ ئۆزىگە توختىماي ئۈنى-بۇنى تەڭلەشلىرىنى كۆرۈپ بۇلارنىڭ ئۆملىكىدىن، بۇلارنىڭ ياخشىلىقىدىن شۇنداق تەسىرلەندى.

هايىنى-هۇيىت دىگۈچە ئارىدىن نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ خالىدەنىڭ سالامەتلىكىمۇ سەللىمازا ئەسلىگە كەلدى، شەھەر ۋەزىيىتى يەنە بۇرۇنقىدەك جىددىي ھالەتتە بولسىمۇ ئەمما بۇلارنىڭ زاۋۇت قوراسى ناھايىتى جىمجىت ئىدى، تۈرلۈك ئاختۇرۇش-تىنتىشلاردىن يەنىلا خالى كېتىپ باراتتى. خالىدە زاۋۇت كەينىدىكى ئارقا ھويلىدا قامىدىن تىكلىگەن قېلىن جۇۋىنى يېپىنغاچ تېخى تولۇق ئىرىپ بۇلالمىغان قارنىڭ ئۈستىدە كۆك ئاسمانىدىكى قۇياش بىلەن بەس تالاشقاندەك يېگانە تۇراتتى. ئۇ كىشىنىڭ يۈرىگىنى جىغىلتىدىغان ئەشۇ شەھلا نۇرلۇق كۆزلىرى بىلەن پات-پات ئىچى يانچۇقىدىكى سائىتىگە قاراپ قۇياتتى. . .

ئارقا ھويلىنىڭ ياغاچ ئىشىگى ئېچىلىپ پاششاخان بىلەن

تىللاخان كىرىپ كەلدى، خالىدە ئۇلارنى كۆرۈپ گۈلدەك ئېچىلدى.

- ئاخىرى كەلدىڭلار!، - دېدى خالىدە قويۇق كىرپىكلىرىنىڭ ئارىسىدىن پاشىشاخانغا كۈلۈپ قاراپ- چۈشلۈك تاماق سۇۋۇپ قالاي دېدى.

- بىزمۇ سىزنىڭ ئوخشىغان تامىقىڭىزنى دەپ ئاكام بىلەن شۇنچە نېرىدىن كەلدۇق، - دېدى تىللاخان ئاكىسىغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ.

پاشىشاخان قىزلارنىڭ ئالدىدا ناھايىتى تارتىنچاق ئىدى، ئۇ خالىدەنىڭ سىمدەك بەدىنىنىڭ قاما جۈۋا بىلەن تېخىمۇ لاتاپەتلىك بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىيالمىدى، قارىنىڭ سوغىقى سۆڭەكتىن ئۆتسىمۇ خالىدەنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئۇزلىقى، ئالاھىدە نازاكەتلىك خۇلقى شۇنداقلا جانىنى ئالدىغان كۈلكىسى پاشاخاننىڭ چېكىسىدىن توختىماي تەر ئېلىۋاتاتتى.

پاشىشاخان ياتىقىنى خالىدەگە بوشىتۇپ بېرىپ ئۆزى ئىشخانىدا ۋاقىتلىق تۇرىۋاتاتتى، ئۇلار ئۇدۇل خالىدە تۇرىۋاتقان ئۆيگە كىرىپ شۇ يەردىكى مەرمەر تاشتىن ياسالغان يۇملاق شىرەدە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتى، خالىدە تاماققا بەكلا ئۇستا بولغاچقا يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئەتكەن تامىقىغا ئامراق بولۇپ قالغان ئىدى. بۈگۈنكى زەيتۇن يېغىدا ئىتىلگەن پولومۇ ناھايىتى ئوخشىغان بولغاچقا پاشىشاخان ئۆزى يالغۇزلا بىر تاۋاق پولۇنى بىكارلىدى، پاشىشاخاننىڭ قاۋۇل بوي - بەستىنى پۈتۈن ئاستانىدە بىر دىيىشكە بولاتتى، شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئادەتتىكى ئىشتىھاسىمۇ يەتكۈچە بار ئىدى.

خالىدە باشقا يىگىتلەردىن پاشاخاننىڭ بىر ئولتۇرۇشدا كىچىك بىر پاقلاننىڭ گۆشىنى يەپ بولالايدىغانلىقىنى ئاڭلىغان ئىدى، شۇڭا ئۇ پاشىشاخاننىڭ ئالدىدىكى تاۋاقنى يەنە ئاش بىلەن لىقلاپ ئۆزىنىڭ

قاچىسىدىكى گۆش بىلەن بىيىنى ئۇنىڭ ئېشىنىڭ ئۈستىگە باستى.

پاشىشاخان گەپ-سۆز قىلماي ئاشىنىڭ گۆشنى ئۇششاق پارچىلاپ پولونى قۇزا كاللىسى قىلىپ ئىشتاھا بىلەن مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلىدى، تىللاخان ئاكىسىنىڭ زوق-شوخ بىلەن يەنە تاماق يېيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ پۇتىغا ئاستا دەسسەپ قويىدى. چۈنكى قىزلارنىڭ ئالدىدا جىق تاماق يېيىش تىللاخاننىڭ نەزىرىدە بىرخىل خىجىلچىلىقتا قالىدىغان ئىشتەك بىلىنەتتى. بۇ چاغدا پاشىشاخان ئۇكىسىنىڭ مەخسىدىنى چۈشىنىپ ئالدىدىكى يېرىم بولغان تاۋاقتىن قۇلنى ئاستا يىغىپ جىم ئولتۇردى، خالىدە بولسا ئىزچىل پاشاخاننىڭ تاماق يېگەن ھالىتىدىن ھەۋەسلىنىپ ئولتۇراتتى.

- ئاكا ئېلىڭە، - دېدى خالىدە پىيالىلەرگە چاي تولدۇرغاچ، - تالا بەك سوغۇق، سىڭىپ كىتىدۇ.

- ياق سىڭلىم، ئوبدان باقتىم، - دېدى پاشىشاخان كۆزىنىڭ قۇيرىقىدا ئۇكىسىغا قارىغاچ خىجىل بولۇپ.

تىللاخان ئاكىسىنىڭ ئۆز ئىشتىھاسىدىن خىجىل بولىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ سۆز قىستۇردى:

- تامىقىڭىز بەك ئوخشىغاچقا ئاكام راسا يەپ قويىدى، ئەمدى بىز ماڭايلى سىڭلىم.

ئۇلار دۇئا ياندۇرۇشۇپ ئۆيدىن تالاغا چىقىشتى، خالىدە ئۇلارغا قىيمىغاندەك ياتاقنىڭ ئىشىك بوسۇغىسىدا ئۇلارنىڭ ماڭغىنىغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ ئاندىن ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئارقا ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن پۇتىنى ئېلىپ بولغان پاشىشاخاننىڭ ئىسىگە تۇيۇقسىز بىر ئىش كىلىپ ئۇكىسىغا ھازىرلا كىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ كەينىگە ياندى، خالىدە ئۇلارنى ئۇزۇتۇپ قويۇپ ئاشخانىدا قاچا-قۇچىلارنى

يۈيۈۋاتاتتى، پاشـــشـــاخان ئاشـــخانا ئۆيگە كىرىپ جۇۋىســـىنىڭ ئىچ يانچۇغىدىن ئىككى قۇتا دورىنى چىقىرىپ خالىدەگە سۇندى.

- خالىدە، - دېدى پاشـشـاخان ئۇنىڭ ئىسمىنى تەسـتە ئېغىزدىن چىقىرىپ، - بۇ دورىنىڭ بەدەننى قۇۋۋەتلەش رولى ئالاھىدە ياخشـــى دەپ ئاڭلاپ ســـىزگە ئەكەلگەن ئىدىم، بايام ئۇنتۇپ قاپتىمەن، كۈندە ئىچىپ بېرىڭ، سالامەتلىكىڭىز تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلگىنى يوق.

پاشـــشـــاخان بۇلارنى دىگەندە ئۇنىڭ يۈزى شـــەلپەردەك قىزىرىپ يۈرىكى رېتىمســـىز ســـوقۇۋاتاتتى، پاشـــشـــاخان مەيلى تاماق يىگەندە بولســـۇن ياكى ھازىرنىڭ ئۆزىدە بولســـۇن يەنىلا خالىدەنىڭ ئوتلۇق كۆزىگە قاراشـقا پېتىنالمايۋاتاتتى، خالىدە بۇ پۇرســـەتتە پاشـــشـــاخانغا قـانغۇچە قـارىۋالـدى، مۇشـــۇ تـاپتـا خـالـدەنـىڭ يۈرىكىمۇ رېتىمىنى يوقۇتۇپ ئېغىزى قۇرۇشقا باشلىۋاتاتتى. . .

- رەھمەت ئـاكـا، - دېـدى خـالـدە ئومـاق كۈلكىســـى بىلەن پاشـــشـــاخاننىڭ قولىدىن دورىنى ئېلىپ تۇرۇپ، - مىنى دەپ كۆپ جاپا تارتتىڭىز. . .

- نەدىكىنى، كۆپرەك ئارام ئېلىڭ. . .

- ئـاكـا، بىر گەپ بـار ئىدى، دىســـەم بۇلارمۇ؟، - دېدى خالىدە پاشاخاننىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ.

- قېنى دەۋىرىڭ، -دېدى پاششاخانمۇ ئاخىرى چىدىيالماي ئۇنىڭ خۇما كۆزىگە سىنچىلاپ تۇرۇپ.

خالىدە زاۋۇت قوراسىغا كەلگەن تۈنجى ئاخشىملا پاششاخاننى بىر كۆرۈپ ئۇنىڭغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئىدى، پاششاخانمۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە كارۋاتتا بىھوش ياتقان خالىدەنى بىر كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭغا رام بولۇپ قالغان بولســمۇ كۆڭلىدە ۋەتىنىنى ئازاد قىلمىغۇچە ئايال زاتىنى

ئويلىماسلىقتا بەل باغلىغان بولغاچقا ئۆزىنى ئىزچىل خالىدەدىن قاچۇرۇپ كىلىۋاتاتتى، شۇ سەۋەپتىن ئۇ خالىدەگە بىر قېتىممۇ تىكىلىپ قاراپ باقمىغان ئىدى. بۇ نۆۋەت ئۇ ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ هالدا خالىدەنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ئۇنىڭ شەهلا كۆزىدىن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى ئاجايىپ بىر ئوتنىڭ لاۋۇلداپ كۆيگىنىچە ئۆزى تەرەپكە قاراپ ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى هېس قىلدى، دىگەندەك مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە خالىدەنىڭ كۆز نۇرىدىن بىر پارچە ئوت چاچراپ چىقىپ پاششاخانىنىڭ يۈرىگىدىكى لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوتنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى-دە ئوتنى تېخمۇ ئەۋجىگە چىقىرۋەتتى، گۈلخانىنىڭ دەپتى تازا كۈچەيگەندە بۇ قىزنىق هارارەت ئىچىدىن بىر تال چوغ قېرىشقاندەك يەنىلا ئۇدۇل خالىدەنىڭ يۈرىكىگە چۈشۈپ كەتتى، خالىدەنىڭ يۈرىگى ئەمدى بۇلالماي قالدى، ئۇ بىر ئاجىزە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ ئازاب-نالىسى ئۇلۇغ ئاللاهنىڭ هوزورىغا كۈتۈرۈلدى، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى، خالىدەنىڭ كۆيگەن يۈرىكىدىن يەنە بىر پارچە قىلدەك ئوت ئېقىپ چىقىپ پاششاخانىنىڭ گۈلخانىغىلا چۈشتى، خالىدەدىن چاچراپ چىققان بۇ بىر پارچە ئوتنى ئاددى چاغلاشقا بولمايتتى، مانا ئەمدى بۇ بىر پارچە ئوت پاشاخانىنىڭ يۈرىكىنىلا ئەمەس ئۇنىڭ پۈتۈن جىسمىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىۋالاتتى. . .

- مەن سىلەرنىڭ «تۈركلەر ئىتتىپاقى» نىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىڭلارنى بىلمەن، - دېدى خالىدە سەممىيلىك بىلەن، - چۈنكى دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىن مىنى قۇتقۇلدۇرۇپ چىقىش پەقەت سىلەرنىڭلا قولۇڭلاردىن كېلىدۇ. لېكىن سىلەر ئۆزەڭلار توغرىلىق ماڭا هېچنىمە دېمىدىڭلار، -خالىدە كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى، - سىلەر تەشكىلاتىڭلارنىڭ بارلىق پائالىيىتىنى مەندىن يوشۇرۇپ كېلىۋاتىسىلەر، مىنىڭمۇ ئۆز ئالدىمغا ياشاش يولۇم بار، مەن ئەمدى

قايتاي دەيمەن. . .

- ئېيتقانلىرىڭىز توغرا خالىدە، - دېدى پاشــــشـــاخان ئۇنىڭغا تەسەللىي بىرىپ، ـ بۇ بىزنىڭ سىزگە ئىشەنمەسلىكىمىزدىن ئەمەس بەلكى ســزنىڭ ســالامەتلىكىڭىزنىڭ بالدۇرراق ئەسـلىگە كېلىشــنى ئويلىغانلىقىمىزدىن بولغان، سىز بىلىسىز رۇسلار بىزنى ھەر تەرەپتىن ئىزدەۋاتىدۇ، بىزنىڭ ھەرىكەتلىرىمىزنى بار كۈچى بىلەن چەكلىۋاتىدۇ، ۋەزىيەت بىزگە ناھايىتى پايدىسىز ھالەتتە، شۇنداقتىمۇ تەشكىلاتىمىز ئازادلىق ھەركىتىنى توختاتقىنى يوق، يىگىتلىرىمىز بار كۈچى بىلەن تىرىشـــماقتا، ئويلاپ يەتكۈســز جاپا-مۇشـــەققەتلەرنى بېشــدىن ئۆتكۈزمەكتە، بۇلارنىڭ ســزگە بېســم بولۇپ قالماســلىقىنى ئويلاپ سىزگە باشقا گەپ قىلمىغان خالىدە.

- دىگەنلىرىڭىزغۇ بىر تەرەپتىن توغرا پاششاخان، - دېدى خالىدە كۆزىدىن ئاققان ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، - مەن ئۆزەم بۇ ئۆيدە بولغىنىم بىلەن كۆڭلۈم يەنىلا ئەشـۇ خەلقىمدە، كۆڭلۈم دەپسـەندە بولغان بۇ ۋەتىنىمـدە، كۆڭلۈم مىســلى كۈرۈلمىگەن دەرىجىـدە ئىزىلگەن بۇ مىللىتىمدە. . . مەن ھەر بىر تىنىقىمنى ئاللاغا ئاتىۋەتكەن بىر مۇسۇلمان تۈركمەن قىزىمەن، سىزگە دىسەم پاششاخان ئاكا، مەن دۈشمىنىمنىڭ قېنىنى دەريـا قىلىپ جىگىرىنى زىخقـا ئۆتكۈزمىگىچە ھەرگىز بولـدى قىلمايمەن، شۇڭا قايتىپ ئىشمنى باشلىسام دەيمەن!

خـالىدەنىڭ كۆزىدىن غەزەپ ئۇتى يالقۇنجايتتى، پاشــشــاخانغا خالىدە بارغانسېرى مەزمۇت بارغانسېرى زور كۆرىنىشكە باشلىدى.

- خالىدە ســىڭلىم، - دېدى پاشــشــاخان كەســكىن ھالدا، - ئـارمـانىڭىز شــۇ بولســا بۇپتۇ بۇگۈنـدىن بـاشــلاپ ھەرىكىتىمىزگە قـاتنىشــىڭ، ھەممىز بىر يولـدىكى ئادەم، تىنىمىز ۋە جېنىمىز پەقەت ئاللاھ ئۈچۈن، ۋەتەن ئۈچۈن، تۈركمەن خەلقى ئۈچۈندۇر!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ خالىدەنىڭ كۆڭلى باشقىچە ئېچىلدى، ئۇنىڭ مۇشۇ تاپتىكى خۇشاللىقى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز بولۇپ ئۇنىڭ پاشىشاخانىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ قاتتىق ۋارقىرغۇسى بار ئىدى، پاشىشاخانىنىڭمۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ خۇشال بولغان ھالىتىدىكى قىزلارغا خاس ئۇماقلىقىغا، گۈزەللەرگە خاس كۈلكە-نازاكىتىگە قاراپ ئۇنى قاتتىق باغرىغا باسقۇسى كېلىۋاتاتتى. . .

* * * * *

قىش چېكىنىپ نورۇز كەلدى، ئارقىدىن ياز پەسلى ئۆزىنىڭ رەڭگارەڭ پورەكلەپ ئېچىلغان گۈللىرى بىلەن ھەقىقەت يۇلىدا شەھىد بولغان جەڭچىلىرى ئۈچۈن ئۇزۇندىن بىرى ماتەم لىباسىنى كىيىپ ئۈن-تىنسىز ياش تۆكۈۋاتقان باغرى سۇنۇق تۈركمەنىستان زىمىنىغا تەسەللىي بەرمەكچى بولۇۋاتاتتى.

مۇشۇ تاپتا زاۋۇتنىڭ يەر ئاستى ئۆيىدىكى يۇملاق ئۈستەلدە پاشىشاخان قاتارلىق سەككىز ئادەم جىددى يىغىن ئېچىۋاتاتتى.

.-. . ھەرقايسىڭلارنىڭ پىكرى ناھايىتى ئۇرۇنلۇق، - دېدى پاشىشاخان تەشكىلات ئەزالىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، - گەپنى خۇلاسىلىغاندا موسكۋا يېزا ئىگىلىك ئونىۋېرسىتېتىدىكى تۈركمەن ئوقۇغۇچى قىز رۇس لۈكچەكلىرى تەرىپىدىن نۆۋەت بىلەن باسقۇنچىلىققا ئۇچراپ ئاخىرى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، رۇس دائىرىلىرى يەنىلا بۇ ئىشقا ئىزچىل پەرۋاسىز قاراپ كەلدى، ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ھەقىقەتنى ياقىلاپ يۇقىرىغا بۇ ئىشنى دوكلات قىلسا ئەكسىچە ئۇ رۇسلار بىزنىڭ تۈركمەن ئوقۇغۇچىلىرىمىزنى «توپىلىشىپ بۆلگۈنچىلىك

پەيدا قىلدى» دەپ قىيىن-قىستاق، تاياق-توقماق ئاستىغا ئالدى، نۇرغۇنلىرىنى مەكتەپتىن ھەيدىدى. . . تۈركمەنىستان خەلقى بۇ ئېچىنىشلىق پاجىئەدىن خەۋەر تاپقان بولسىمۇ رۇسلارنىڭ دەھشەتلىك تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا مىدىر-سىدىر قىلالمايۋاتىدۇ، - پاششاخان غەزەپ بىلەن ئۈستەلگە بىرنى ئۇرۇپ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، -تۈركلەر ئىتتىپاقى ئەمدى بۇنىڭغا قاراپ تۇرالمايدۇ، رۇسلار بۇنىڭ ئۈچۈن زور بەدەل تۆلىشى كېرەك!

- توغرا ئېيتتىڭىز ئاكا!

- ئايرىم ھېساب ئېلىشىمىز كېرەك!

تەشكىلات ئەزالىرى كەينى-كەينىدىن سۆز قىلىپ ئۆز ئىرادىسىنى بىلدۈرۈشتى.

- شۇنىڭ ئۈچۈن، - دېدى پاششاخان تىللاخانغا قاراپ بۇيرۇق بىلەن، - سىز بۈگۈنلا مۇسكۋاغا قاراپ يول ئېلىڭ، ھازىرچە كىچىكرەك بولسىمۇ ھېساب-كىتابنى بۇغۇۋېتىڭ، بۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ئۇ مەلئۇنلاردىن بىرىمۇ كەم قالمىسۇن! كېلەركى ھەپتە موسكۋادا خەلقئارالىق مۇخبىرلار يىغىنى ئېچىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ، بۇ بىز ئۈچۈن ياخشى بىر پۇرسەت، بىز بۇ ئىشنى دەستەك قىلىپ پۈتۈن جاھان ئەھلىگە رۇسلارنىڭ ھەقىقى ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاشكارىلىشىمىز كېرەك! خالىدە سىز، - پاششاخان قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ ئېيتتى، - ئاستانە خەلق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى بىر قېتىملىق نامايىشقا تەشكىللەڭ، قالغان يىگىتلىرىمىز سىزگە ياردەملەشسۇن، ئىت ھامان ئىتلىقىنى قىلىدۇ، ئۇلار بۇ قېتىم بىزنى قىرىپ تاشلىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قانلىق بەدىلى يەنە بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ھۆرلۈككە چىقىشىغا يول

ئاچقۇسى، خەيرى ئامان بۇلۇڭلار!

يېغىن ئاخىرلىشىپ ھەممەيلەن تارقىلىشتى، يەر ئاستى ئۆيدە پاششاخان يالغۇز چېكىنتتەك بىر نوقتىغا قارىغىنىچە ئولتۇراتتى، يىنىك ئاياق تىۋىشىدىن ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى، خالىدە ئۇنىڭغا ئىللىق مېھرى بىلەن قاراپ تۇراتتى.

- نىمىنى خىيال قىلىۋاتىسىز پاششاخان؟، - دېدى خالىدە پەس ئاۋازدا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ.

- بۇ قېتىم ئاستانە زور بەدەل تۆلەيدىغان بولدى خالىدە، - دېدى پاششاخان كۆزىنى ئەۋۋەلقى نوقتىدىن ئۈزمەي تۇرۇپ ئۇلۇق-كىچىك تىنغان ھالدا، - ئاز ساندىكى كاللا كېسەر يالماۋۇزلارنىڭ بىردەملىك خاتالىقى سانسىز بىگۇناھ پۇقرالارنى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇش ئۇتىغا سۆرەپ ئەكىردى، ئۇلارنىڭ ئادالەتسىزلىكى خەلقنىڭ بېشىغا بالا بولدى، ھاكىمىيەتنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىپ بولغىچە سانسىز بىگۇناھلارنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئاققىدىغان بولدى. . .

- شۇنداق پاششاخان، بىز تۈركمەنلەر تەقدىرگە بەكلا ئىشىنىپ كەتتۇق، ئۆزىمىزنىڭ ئىش -ھەركىتىنى ئاللاھنىڭ كالامىغا بويسۇندۇرماي ئەكسىچە ئاللاھنىڭ كالامىنى ئۆز ھەرىكىتىمىزگە بويسۇندۇرماقچى بولدۇق، ئالدىنقىلارنىڭ خاتا ئالغان بىر قەدىمى كېيىنكىلەرنىڭ نەچچە يۈز مىڭ قەدەمنى خاتا ئېلىشىغا سەۋەبچى بولدى، ھېچقىسى يوق، غۇرۇرىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ئۆزىلا بىز تۈركمەنلەرنىڭ خۇشاللىقى، بىزنىڭ خۇشاللىقىمىز جايىمىزنىڭ ئۈستىدىلا ئەمەس بەلكى قىلىچلىرىمىزنىڭ ئۆتكۈر بىسىدابولىشى كېرەك پاششاخان!

خالىدەنىڭ سۆزى پاشىشاخانغا بەكلا ياقتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ خالىدەگە رازىمەنلىك بىلەن قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى.

- تەييارلىقىڭىز پۈتتىمۇ خالىدە؟، - دېدى پاشىشاخان ئۇنىڭغا ئوتلۇق كۆزى بىلەن تىكىلىپ.

- مىنىڭ نامىزىمنى نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىلا ئۇقۇۋەتكەن پاشىشاخان!، - دەپ كۈلدى خالىدە ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان باتۇرلىقى بىلەن.

- ئۇنداقتا ياخشى، تۈركمەنىستاننىڭ تەقدىرى بۈگۈندىن باشلاپ سىزنىڭ قولىڭىزدا!، ـ دېدى پاشىشاخان تۈركلەر ئىتتىپاقىنىڭ باش ئاتامانى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئۇنىڭغا بۇيرۇق قىلىپ.

- چاتاق يوق، سۆز بىر، ئاللاھ بىر پاشىشاخان!، ـ دېدى خالىدىمۇ قەتئىيلىك بىلەن ھەربىيچە چاس بىرىپ.

شۇنداق قىلىپ تەشكىلات ئەزالىرى پىلان بويىچە ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئىشىغا چۈشۈپ كەتتى، ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتكەندە تىللاخان خوشخەۋەر ئېلىپ كەلدى يەنى موسكىۋادىكى تۈركمەن قىز ئوقۇغۇچىغا باسقۇنچىلىق قىلغان ئالتە نەپەر رۇس لۈكچەكنىڭ بېشى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ بېشى بىلەن قېتىلىپ قىزىل مەيداندىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۇچچىغا بىردىن-بىر ئېسىلغان ئىدى.

خالىدەنىڭ ئالاھىدە تەشكىللىشى ۋە كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئاستانىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ نامايىش ھەركىتىمۇ ئۇگۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىۋاتاتتى، ئەتتىگەندە ئاستانە شەھرىنىڭ خەلق مەيدانىغا نەچچە يۈز ئوقۇغۇچى لوزۇنكا-پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ يىغىلىشىپ ھۆكۈمەت دائىرىلىرىدىن تۈركمەن قىزى رەھىمەنىڭ موسكىۋادىكى ئۆلۈم پاجىئەسىگە چۈشەندۈرۈش بېرىشىنى تەلەپ

قىلدى، ئۇقۇغۇچىلارنىڭ كۆپ سانلىقى قىز ئۇقۇغۇچىلار بولغاچقا ئۆلارنىڭ زىل ئاۋازى خەلق مەيدانىدىن ھالقىپ كوچا-كويلاردىكى ئەركەكلەرنىڭ غۇرۇرىنى غىدىقلاشقا باشلىدى، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە بىر توپ ساقچىلار پەيدا بولۇپ قىز ئوقۇغۇچىلارنى خالىغانچە ئۇرۇپ-تېپىپ ئۆلارنىڭ چېچىدىن سۆرەپ مەيداندىن قوغلاشقا باشلىدى، ئەتراپتا قاراپ تۇرغان پاششاخان قاتارلىق يىگىتلەر بۇ ناھەقچىلىقنى كۆرۈپ مەيدانغا تۆشمۇ-تۆشتىن كۆكرەك كېرىپ ھايىنى-ھۇيت دىگۆچە ساقچىلارنى يەرگە چاپلاپ ئۆلگۆردى، بۇنى كۆرگەن باشقا ئەركەكلەر چاپان-كۆينىكىنى سېلىۋېتىپ تەكبىر ئوقۇغىنىچە سەپكە قېتىلدى. . .

ساقچى-ئەسكەرلەر كۆپىيىشكە باشلىدى، خالىدە قۇلغا كانايىنى ئېلىپ «قېنى مۇسۇلمان تۈركمەن ئەركىكى بولساڭ، رەھىمەنىڭ ئۆچىنى ئال، ئاللاھۇ ئەكبەر!» دەپ ئۈنلۈك توۋلىغىنىچە ساقچىلارغا قاراپ ئېتىلدى، بىردەمنىڭ ئىچىدە مەيداندىكى خەلق كۆپىيىشكە باشلىدى، ساقچى ـ ئەسكەرلەر قالايمىقان ئوق ئۆزۈشۆپ پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى، ئوقتىن يارىلانغانلارنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ خەلقنىڭ غەزىپى سەلدەك تاشتى، نامايىشچى قوشۇن قېچىپ كەتكەن ئەسكەرلەرنى تاپالماي نىشانىنى كوچا-كويلاردىكى رۇسلارغا قاراتتى، رۇسلارنىڭ دۇكانلىرىغا ئوت قۇيۇلۇپ ئىشىك-دەرىزىلىرى چېقىلدى، قوشۇننىڭ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى رۇس پۇقرالىرى تاياق-توقماقتىن قېچىپ قۇتۇلالمايۋاتاتتى، ئۇرە-ئۇر، قاچە-قاچ. . . پۈتۈن ئاستانە ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. . .

مۇشۇ پەيتىنىڭ ئۆزىدە تۈركمەن ئۆلكىسىنىڭ سېكرىتارى پېتىر پېترووېچ ھەشەمەتلىك داچىسىدىكى ئايرىم خانىسىدا ئىككى-ئۈچ قىزنىڭ ھەمرالىقىدا ۋوتكا ئىچىپ پەيزى قىلىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلىپ ئۇنىڭ كاتىپى رۇخسەتسىزلا ئۆسۈپ كىردى.

- سېكرېتار چاتاق چىقتى! ، - دېدى كاتىپ ئالدىراپ دوكلات قىلىپ، - تۈركمەنلەر ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ!

- ئىسيان كۆتۈرۈپتىما؟، - دېدى پېتىر پېتروۋىچ سېمىز گەۋدىسىگە يېپىشىۋالغان قىزلارنىڭ يۈزىنى سىلاپ تۇرۇپ، - تېخى مۇشۇ ياۋايى تۈركمەنلەر!

- شۇنداق سېكرېتار! ئاستانە ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ. . .

- ئالدىرىما، ئۇلار قىلغۇلۇقنى قىلىۋالسۇن، مەنمۇ مۇشۇنى كۈتكىلى نەۋاخ، مىنىڭ ئەسكەرلىرىم ئەزەلدىن گۆشسىز غىزا يىمەيدۇ، راسا بىر پۇخادىن چىقىۋالىدىغان بولدۇق، - دېدى پېتىر پېتروۋىچ قولىدىكى ۋوتكىنى كۆتۈرۈۋېتىپ چالا مەستلىكتە.

- ئەمىسە. . .

- كارىڭ بولمىسۇن، ئەتە بىر نېمە دېيىشىمىز!، - دېدى سېكرېتار يېنىدىكى نازىنىنلاردىن ئايرىلىشقا كۈزى قيماي سورۇننى داۋاملاشتۇرۇپ.

ئەتىسى نامايىشچى قوشۇن تېخىمۇ كۆپەيدى. . .

ئۆلكە سېكرېتارى ئاش ۋاقتى بىلەن مەستلىكتىن يېشىلىپ ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىدى. . . لېكىن موسكۋا تەرەپتىن جىددى بۇيرۇق كەلدى: «ھەرقايسى ئەل مۇخبىرلىرى دىققىتىنى تۈركمەنىستانغا قاراتتى، ۋاقتىنچە توپىلاڭچىلارغا ئوق ئېتىشقا بولمايدۇ!»

پېتىر پېتروۋىچنىڭ ھىساپسىز بايلىقى ۋە ھوقۇق ئىمتىيازى ئۇنى تۈركمەنىستانىنىڭ ئەركە پادىشاھىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۈركمەنىستاندىكى كۆچمەن رۇسلارنىڭ كۆپۈنچىسى ئۇكرائىنادىن كۈچۈپ كىلىنگەنلەر بولۇپ ھەتتا بۇ يەردىكى تۇرۇشلۇق

ھەربىي قىسىمىمۇ ئۇكرائىنادىكى چوڭ ھەربىي قىسىمدىن تەلەپ بىلەن يۆتكەپ كېلىنگەنلەر ئىدى. بۇ قېتىم ئۇ موسكۋانىڭ بۇ بۇيرۇققا مېيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ ئۆز يۇرتى ئۇكرائىنادىن ئەكەلگەن مەخسۇس ھەربىيلىرىگە بۇيرۇق قىلدى:

- قېنى شاشلىرىم، ئۇلۇغ رۇسلارنىڭ غۇرۇرى ئۈچۈن پۇقراچە ياسىنىپ تۈركمەن ئىسيانكارلىرىنىڭ قېنىنى ئىچىپ كۆڭلۈڭلارنى قانغۇچە ئېچىۋېلىڭلار!

نەچچە مىڭ خىللانغان ئۇكرائىنالىق رۇس ئەسكەرلەر بۇ يېشىل چىراقتىن دەرھال پۇقراچە ياسىنىپ قولىغا كالتەك-لوم تۆمۈرلەرنى ئالغىنىچە بوشانغان قاۋانىدەك كوچىلاردىكى تۈرك پۇقرالىرىغا ئېتىلدى. . . ئۆز ئارا ئۇرۇش، ئۆلتۈرۈش باشلىنىپ كەتتى. . . پۇقراچە ياسانغان رۇس ئەسكەرلىرى نەچچە يىللىق مەشىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەچكە بىر تېپىك بىلەن تۈركمەن يىگىتلىرىنى يېقىتالايتتى، لېكىن تۈركمەن يىگىتلىرىمۇ شەھىتلىق يولىنى تاللىغاچقا كەينىگە بىر قەدەممۇ چېكىنمەيتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىمقى نامايىشتا تۈركمەن قىزلىرى ئادەتتىن تاشقىرى باتۇرلۇق كۆرسىتىۋاتقاچقا پۈتۈن جەڭ مەيدانى ئاجايىپ قىزىپ كەتكەن ئىدى. . .

پاششاخان يىگىتلىرى بىلەن سەپنىڭ ئالدىدا بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ رۇس ئەسكەرلىرىنىڭ سىسىق بېشىدىن مۇنار ياساۋاتاتتى. . .

تۈركمەنلەر شۇنداق قىلىپ ئاللاھنىڭ ھىممىتى بىلەن رۇسلاردىن غالىب كەلدى. . .

ئۆلكە سېكرېتارى پېتىر پېتروۋىچ ئەملي ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاچچىغىدىن يېرىلاي دېدى، ئۇ شۇملۇققا تولغان كۆزىنى

قىسىپ تۇرۇپ قول ئاستىدىكىلەرگە دەرھال بۇيرۇق قىلدى:

- كەچ كىرگەن ھامان شەھەردىكى پۈتۈن چىراغلار ئۆچۈرۈلۈپ كوچا-كويلاردىكى تۈركمەن ئەۋلادىدىن بولغان ھەرقانداق جان قىرىپ تاشلانسۇن!

كەچ كىرىپ زېمىننى قاراڭغۇلۇق قاپلىغاندا يول چىراقلىرى پۈتۈنلەي ئۆچۈرۈلدى، تۇيۇقسىز كۆزنىگە كېچىدە كۆرۈش ئەينىكى تاقىۋالغان نەچچە مىڭ ئۇكرائىنادىن يۆتكەپ كېلىنگەن ياللانما ئالاھىدە ئەسكەرلەر ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولۇپ پىلموتلىرىدىن تاتىلدىتىپ ئوق ئۈزگىنىچە بىگۇناھ خەلقنى خالىغانچە ئوققا تۇتتى. . .

روسلارنىڭ بۇ قۇراللىق قىرغىن قىلىش ھەركىتىدە نەخ مەيداندا يەتتە مىڭدىن ئارتۇق تۈركمەن ئوغۇل-قىزلىرى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدى. . .

ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى بىلەن تۈركلەر ئىتتىپاقىدىن پاششاخان، خالىدە، تىللاخان ۋە يەنە بىر يىگىت بولۇپ تۆتەيلەن ئېغىر يارىلانغان ھالدا زاۋۇت قۇرۇسىغا مىڭ تەسلىكتە يېتىپ كېلىۋالدى. . . باشقا يىگىتلەرنىڭ ئۆلۈك-تىرىكلىكىنى تېخىچە بىلگىلى بولمايتتى.

## ئون ئالتىنچى باب

## تەقدىرنىڭ چاقچىقى

تاڭ ئاتارغا يېقىن رۇس ئەسكەرلىرى پۈتۈن جەسەتلەرنى گۆرجەك بىلەن قىرىپ يوللارنى يۇيۇپ -تازىلاپ مۇخبىرلارغا ھېچ ئىش بولمىغاندەك قىلىپ كۆرسەتمەكچى بولغان ئىدى، لېكىن ئەقلى-ھوشى جايىدا مۇخبىرلار بۇلارنىڭ قويۇۋاتقان ئويۇنلىرىنى بىلىپ ئۈلگۈردى.

ئەتىسى پاشىشاخان قاتارلىقلار بىر كۈن زاۋۇتتىن تالاغا چىقماي يەر ئاستى ئۆيدە تۇرۇشقا مەجبۇرى بولدى، ئۇلار بۇ قېتىمقى قۇچاقلاشما جەڭدە قاتتىق باتۇرلۇق كۆرسەتكەچكە ئۆزىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە زەخملەنگەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقان ئىدى.

خالىدە پۈتلىرىنى ئېغىر سۆرىگىنىچە ئۇلارنىڭ يارىسىنى بىر-بىرلەپ تېڭىشقا باشلىدى، پاشىشاخاننىڭ ئوڭ بىلىكىدىكى تۆمۈر قىيپال بەكلا چوڭقۇر كىرىپ كەتكەچكە تىللاخان ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر تال ئارغامچىنى چىشلىتىپ قويۇپ ئۇنىڭ بىلىكىگە چىڭ ئېسىلىپ تۇردى، خالىدە چوڭ قىسقۇچ بىلەن يىگىرمە سانتىمېتىردىن ئارتۇق ئۇزۇنلۇقتىكى بارماق توملۇقىدىكى تۆمۈر قىيپالنى تەسلىكتە سۇغۇرۇپ ئالدى، ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان پاشىشاخان پۈتۈن دەردىنى ئاغزىدىكى ئارغامچىدىن چىشلەپ ئېلىۋاتاتتى. . . خالىدە نۆۋەت بىلەن باشقىلارنىڭ يارىسىنى تېڭىپ چىقتى.

كەچكە يېقىن پاشـــشـــاخان قاتارلىق تۇركلەر ئىتتىپاقىدىكى ئۈچ يىگىت بالدۇرلا ئۇخلاپ قالدى، خالىدە تېخىچە ئۇخلىمىغان ئىدى، ئۇ يانچۇق سـائىتىگە قاراپ قويۇپ پاشـشـاخان ياتقان كارۋاتنىڭ يېنىغا ئاستا باردى.

پـاشـــشـــاخان كۈلۈمســـىرىگەن هالدا ئۇخلاۋاتقان بولۇپ قاۋۇل گەۋدىســـىگە ماســـلاشـــقان توم بىلەكلىرى بىلەن بىر تال ياســـتۇقنى قۇچـاقلىۋالغان ئىدى، پاشـــشـــاخاننىڭ بۇلجۇڭ گۆشـــلەرگە تولغان كۆكرىگى هەر قېتىملىق تىنىقنىڭ تەسىرىدە ئالدى ئۇچۇق كۆينىگىدىن كۆتۈرۈلۈپ پەسىيىپ بەئەينى ئۇخلاۋاتقان شىرنى ئەسلىتەتتى.

خـالىـدە پاشـــشـــاخاننىڭ كارۋىتىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ يۇمران قولى بىلەن پاشـشـاخاننىڭ پېشـانىسـىنى سىلاپ ئاندىن ئۇنىڭ كۆكرىكىدە بېشـىنى قويۇپ مەگزىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە ياققىنىچە كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى، پاشـشاخان بولسا هېچنىمىنى تۇيماستىن قوينىڭ قوزىسىدەك پىخىلداپ تىنغىنىچە ئۇخلىۋالاتتى. خـالىدە پاشـــشـــاخانغا يۈزىنى تېخىمۇ مەهكەم ياقتى، پاشـشـاخان مۇشۇ تاپتا شـىرىن بىر چۈش كۆرىۋاتاتتى. . .

پاشـــشـــاخاننىڭ باللىق چېغى ئىدى، بىر كۈنى پاشـــشـــاخان مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ بوخچىســـىنى هويلىســـىغا تاشـــلاپ قويۇپ سىڭلىسى بەرناخاننى چاقىرى:

- بەرناخان!

ئاۋاز چىقمىدى.

- بەرناخان!

يەنە ئاۋاز چىقمىدى.

پاششاخان ئۇنىڭ داۋاملىق ئىشكىنىڭ كەينىگە مۆكۈۋېلىپ ئۆزىنى ئىزدىتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا يۈگۈرۈپ كىرىپ ئىشكىنىڭ كەينىگە قارىدى. ئۇ بۇ يەردىمۇ يوق ئىدى. ئاندىن يېغىلغان يوتقان-كۆرپىنىڭ كەينىگە قاراپ باقتى، ئۇ يەردىنمۇ يوق چىقتى. پاششاخان كاللىسىنى قاشلاپ هويلىغا چىقىپ ئۆگزىگە قاراپ بېقىش ئۈچۈن شۇت بىلەن ئۆگزىگە چىقىپ ئۇ يەردىنمۇ تاپالمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا دەرھال بىر ئوي كېلىپ هويلىنىڭ بۇرجىكىدىكى كونا تونۇرغا قاراپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى، ئۇ ئۆگزىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ كونا تونۇرغا قارىغان ئىدى دىگەندەك سىڭلىسى بەرناخان تونۇرنىڭ ئىچىدە تۈگۈلگىنىچە مۈكۈپ ئولتۇراتتى.

- بەرناخان. . . مانا كۆرۈپ قالدىم. . .

قىزچاق ۋىلىقلاپ كۈلگىنىچە تونۇردىن چىقتى. ئەسلىدە پاششاخان ئۇنىڭ بۇيەرگە يوشۇرۇنىدىغانلىقىنى هويلىغا كىرىپلا ئۇقۇپ بولغان ئىدى، لېكىن ئۇ سىڭلىسىنى خوش قىلىش ئۈچۈن بايامقى تاپالمىغاندەك هەركەتلەرنى دوراپ ئەتەي شۇنداق قىلغان ئىدى.

- ئەستەخپۇرۇللا بەرناخان بۇ نەچچىنچى قېتىملىقى، قارىڭە كىيىملىرىڭىزگە. . . پاسكىنا بولۇپ كەتكىنىنى. . . ئەمدى بۇ يەرگە مۆكىۋالماڭ!، - دېدى پاششاخان سىڭلىسىغا يالغاندىن ئاچچىقلىغان بولۇپ.

- ماقۇل ئاكا، ئەمدى ئۇنداق قىلمايمەن، - دېدى قىزچاق كۈلگىنىچە ئاكىسىنىڭ يۈتىنى قۇچاغلاپ ئەركىلەپ.

- دائىم مۇشۇنداق دەيسىز، لېكىن ئۇنتۇپ قالىسىز، -دېدى پاششاخان سىڭلىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ ئەركىلىتىپ، - قارىڭە سىزگە نىمە ئەكەلدىم؟

پاشـشـاخان بوخچسـىدىن تاش ۋارىقى يىرتىلىپ كەتكەن بىر تال رەسـىملىك كىتاپچىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ سـىڭلىسىغا سۇندى. بەرناخان كىتـاپنى قولىغـا ئېلىـپ شـــۇنداق خوش بولدى، ئۇمۇ ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىـپ كېتىـپ بىر نەرســـنى ئالقىنىدا چىڭ تۇتقىنىچە ئاكىســـىنىڭ ئالدىغا چىقتى.

- ئاكا بۇنى ساڭا ساقلىدىم، قارىغىنە بۇنىڭغا. . .

بەرناخاننىڭ قولىدا تاياقلىق كەمپۈتتىن بىرسى تۇراتتى.

- ۋاھ نەدىن تاپتىڭ؟

- ئالدىم شۇ، سەن بەرگەن پۇللارنى يىغىپ قويغان. . .

پاشـشـاخان خۇشـال بولۇپ كەمپۈتنىڭ قەغىزىنى ئالدىراپ ئېچىپ ئاغزىغا ســالدى، بەرناخان ئاكىســـنى خوش قىلغانلىقىدىن چەكســز مەمنۇن بولۇپ ئـاكىســـنىـڭ كەمپۈتنى شـــۈمگىنىگە قـاراپ ئېغىزىنى تامشـتىپ لىۋىنى يالاشقا باشلىدى، پاشـاخان سـىڭلىسىنىڭ كەمپۈتنى يېگۈســـى كىلىــپ كەتكىنىنى كۆرۈپ دەرھـال ئۇنى ئېغىزدىن ئېلىــپ سىڭلىسىنىڭ ئېغىزىغا تەڭلىدى:

- ئەمدى سەن شۈمگىن بەرناخان!

- ياق ئاكا، بۇنى ساڭا ئالغان!

- بەرناخان!. . . بەرناخان!

پاشـشـاخان «بەرناخان. . . بەرناخان!» دېگىنىچە ئۈنلۈك تو ۋلاپ كەتتى، خـالىدە ئۇنىڭ كۆكرىكىدىن بېشـــنى كۈتۈرۈپ ئۇنىڭ يۈزىگە قارىدى، مۇشـــۇ تاپتا ئىككى تامچە ياش ئۇخلاۋاتقان پاشـــشـــاخاننىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياستۇققا تامچىلاۋاتاتتى. . .

خـالىـدە «بەرنـاخـان» دېگەن ئـاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى، ئۇ

پاشىشاخاننىڭ ياتقان ھالىتىگە قاراپ بالىلىق چاغلىرىنى ئەسكە ئېلىشقا باشلىدى، ئۇ پاشىشاخان دېگەن ئىسىمنى قاچانلاردا بىر يەردە ئاڭلىغاندەك قىلاتتى، ئۇ قاتتىق ئويلىنىشقا باشلىدى. . . «بەرناخان. . . بەرناخان. . . توغرا بۇ مىنىڭ كىچىكلىكىمدىكى ئىسمىمغۇ، پاشىشاخان دېگەن بۇ ئىسىم ماڭا ناھايىتى تونۇش، شۇنداق. . . ئىسمىگە كىلىۋاتىدۇ، بالىلىق چېغىمدا مىنىڭ بىر ئاكام بولىدىغان ئىسمى پاشىشاخان ئەمەسمىدى، مەن بۇلارنى ئىزچىل چۈشۈم دەپ ئويلاپ كەپتىمەن، توغرا، مەن بۇران چىققان ياكى چاقماق چېقىلغان ئاخشاملىرى قورقۇپ كىتىپ ئاكامنىڭ جايىغا كىرىۋالاتتىم، ئاكامنىڭ دۈمبىسىدە بىر تال قوناقچىلىك گۆش بار ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئەشۇ مۇنچاق گۆشىنى سىلاپ ئويناپ ئۇخلاپ قالاتتىم. . . چۈشلىرىمدە مەن بىر ئۆمۈر ئىزدەپ كەلگەن ئاكام پاشىشاخان مۇشۇ بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟!» خالىدەنى تىترەك باستى، ئۇ دەرھال ئۇخلاپ ياتقان پاشىشاخاننىڭ كۆينىكىنى ئۆرۈپ ئۇنىڭ دۈمبىسىگە سەپ سالدى. . .

دىگەندەك پاشىشاخاننىڭ دۈمبىسىدە ئۈكچىدەك بىر تال يۇملاق گۆش ساڭگىلاپ تۇراتتى، خالىدە بۇنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قالدى. . . ئۇنىڭ كۆزىدىن توختىماي ياش تاراملاشقا باشلىدى. . . ئۇ ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ يەر ئاستى ئۆيىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئۆزىنىڭ ياتىقىغا چىقتى ئاندىن گىرىم بۇيۇملىرى ساندۇقىنىڭ ئاستىدىن بىرنىمىنى ئالدى. . .

زاۋۇت قورۇسىدىن چىققان مەخپى «دىت. . . دىت» ئاۋاز نەچچە كىلومېتىر نېرىسىدىكى مېھمانخانىدا تۇرىۋاتقان رۇس سودىگەرنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ تېلگراممىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ مەزمۇنىنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن قولىغا تېلېفون تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ كىمدۇ بىرىگە بۇيرۇق قىلدى: «ھەرىكەت ئەتە ئەتىگەنگە ئۆزگەردى، قۇش ئۇۋىسىغا

قايتماپتۇ، بۇيرۇقمىنى كۈتۈڭلار!»

خالىدە تېلگراممىنى ئۇرىۋەتكەندىن كېيىن دەرھال يەر ئاستى ئۆيىگە كىرىپ لايىدەك ئۇخلاپ ياتقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇپ بىلىكىنىڭ تىرە ئاستىغا ياتىقىدىن بىرگە ئەكىرگەن بىر خىل ئوكۇلنى ئۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئوكۇل باياقى ئۆچەيلەنگە يۇشۇرۇنچە بېرىلگەن ئۇيقۇ دورىسىنىڭ زەھرىنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان دورا بولۇپ بۇ دورىنىڭ ئۈنۈمى ئۇلارنىڭ ئۇيقۇدىن ئۇيغۇنىشىنى تېزلىتەتتى.

خالىدە ئۇلارغا ئوكۇلنى ئۇرۇپ بولغاندىن كېيىن يەر ئاستى ئۆيدىن ئالدىراپ چىقىپ زاۋۇت قورۇسىنىڭ ئالدىدىكى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىغا كىردى، ئۇ قاراۋۇللار بىلەن بىر نىمىلەرنى دېيىشىپ ئۇدۇل ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى ئاندىن يېنىدىن بىر تال كىنىشكىنى چىقىرىپ ئالدىراش خىزمەت قىلىۋاتقان باشلىققا سۇندى، ئىدارە باشلىقى كىنىشكىنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ ئۇپۇل-تۇپۇل خالىدەگە ھەربىيچە چاس بىرىپ ئۇنىڭ ئالدىدا بالا ئەسكەردەك ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇردى.

- مەن بىلەن مېڭىڭ!، - دېدى خالىدە جىددىي بۇيرۇق قىلىپ.

- خوپ باشلىق!، - دېدى ئىدارە باشلىقى يېڭى ئەسكەردەك خالىدەگە بېشىنى ئىگىپ.

ئۇلار ساقچى ئىدارىسىنىڭ كىچىك ماشىنىسى بىلەن بىر قانچە تەكشۈرۈش چازىسىدىن ئۆتۈپ شەھەر سىرتىدىكى ھەربىي گازارمىنىڭ دەرۋازا ئالدىغا كىلىپ توختىدى. خالىدە ماشىنىدىن چۈشۈش ئالدىدا ماشىنا ھەيدەپ كەلگەن ئىدارە باشلىقىغا يەنە بۇيرۇق قىلدى.

- ئىدارە باشلىقى، مىنى كۆردىڭىزمۇ؟

- ياق. . . ياق. . . كۆرمىدىم!

- مۇسـكۋاغا ئەھۋالىڭىزنى دوكلات قىلىمەن، بۇنـدىن كېيىنكى تەقـدىرىڭىزنى مەن بەلگىلەيمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىپادىڭىز ھەممىدىن مۇھىم، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

- چۈشەندىم باشلىق، بولسا ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويۇڭ!

- بولدى ئورنىڭىزغا قايتىڭ!

- خوپ باشـلىق!، ـ دېدى ئىدارە باشـلىقى خالىدەگە يەنە بىر قېتىم پۇكلىنىپ چاس بىرىپ.

خـالـىدە ھەربىي گـازارمىنىـڭ قـاراۋۇلغا يەنە بىر نېمىلەرنى دەپ دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي كىچىك بىر ھەربىي ماشىنىنى ئۆزى ھەيـدەپ ئېلىـپ چىقتى. بـاياتتىن كەلگۈچە يوللاردىكى قات-قات توساقلاردىن ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىق ماشىنىسى تەسرەك ئۆتكەن بولسـا بۇ قېتىم ئـالاھـىدە نۇمۇرلۇق بۇ ھەربىي كىچىك مـاشـىنا توسـاقلاردىن تۇسـالغۇسـىز ئۆتۈپ بىردەمدىلا زاۋۇت دەرۋازىسـىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

خالىدە ماشىنىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ چوڭ دەرۋازىنى ئاچقاندىن كېيىن ماشىنىنى زاۋۇت ھويلىسىنىڭ ئىچكىرىسىگە ھەيدەپ ئەكىردى، يەر ئـاسـتى ئۆيـدىكى ئۈچ ئـادەم ھېلىھەم ئۇيقۇسـىنى ئـاچـالـماي ئۇخلىۋاتاتتى، خالىدە بېرىپ پاشىخاننى سىلكىشكە باشلىدى، ھېلىمۇ ياخشـى پاشـشـاخان ئۆزىگە ئۇرۇلغان زەھەر قايتۇرۇش دورىسـىنىڭ تەسـىرىدە ئېغىر ئۇيقۇدىن كۆزىنى يېرىم ئېچىپ چالا-پۇلا ئويغاندى، لېكىن ئۇنىڭ بېشى قېيىپ ئورنىدىن تۇرالمايۋاتاتتى.

- پاشـشـاخان!، پاشـشـاخان! ـ دېدى خالىدە ئۇنىڭ يۈزىگە ئىسـتاكاندىكى سـوغۇق سـۇنى چېچىپ تۇرۇپ، - ئويغىنىڭ، تېز ئويغىنىڭ!

- نېمە ئىش بولدى، خالىدە؟، - دەپ سۈزۈپ سورىدى پاششاخان كۆزىنى يېرىم يۇمۇپ تۇرۇپ.

- قالغان گەپنى كېيىن دېيىشەيلى، - دېدى خالىدە ئۇنى كارۋاتتىن يۆلەپ يەرگە چۈشۈرگەچ، - ئۇلار بىزنى سىزىپ قاپتۇ، دەرھال يۆتكەلمىسەك ئىش چاتاق!

- ماگا زادى نېمە بولدى؟

- كېيىن ھەممىنى دەپ بېرىمەن، تېز بولۇڭ!

خالىدە پاششاخاننىڭ قولتىقىدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئۇنى ناھايىتى تەسلىكتە يەر ئاستى ئۆيدىن زاۋۇت قوراسىغا ئېلىپ چىقىپ ھەربىي كىچىك ماشىنىنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن نۆۋەت بىلەن قالغان ئىككەيلەننى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ماشىنىغا سالدى، شۇ چاغدا پاششاخان بىر ئاز ھۇشىغا كەلگەندەك بولۇپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇۋاتقان خالىدەگە تەسلىكتە ئېيتتى:

- خالىدە، سىز ياتقان ياتاقتا بىر نەرسە بار ئىدى، شۇنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇماڭ!

- پاششاخان، - دېدى خالىدە ئىللىق مېھرى بىلەن بۇرۇلۇپ قاراپ، - ئۇ نەرسە قەيەردە؟

- ئۆزەم ئېلىپ چىقاي دىسەم پۇت-قولۇمنى زادى مىدىرلىتالمىدىم، - دېدى پاششاخان ئۇمىد كۆزى بىلەن خالىدەگە قاراپ، - سىز ياتقان كارۋاتنىڭ بىر تال تاختىيى ئالاھىدە چوڭراق، شۇنى ئاجرىتىپ ئېلىۋېلىڭ، ئۇ بەك مۇھىم. . .

خالىدە ماشىنىنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرمەستىن دەرھال ئۆزى ياتىدىغان ياتاق ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئۇ چىراقنى ياندۇرۇپ كارۋاتتىكى ھېلىقى چوڭ تاختاينى ئىزدەپ تېپىپ ئۇنى تەسلىكتە ئاجراتتى.

شۇنداق قىلىپ ماشىنا قاراڭغۇدا شەھەرنىڭ جەنۇبىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى، يول-يوللاردىكى ئۆمۈچۈك تورىدەك توساقلاردىن ھەربىي ماشىنا بىمالال ئۆتۈپ شەھەردىن چىكىتەي دەپ قالغان چاغدا چوڭ توساقتا توختاپ قالدى.

- يول خېتىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولامدۇ خانىم؟، - دەپ سورىدى ھەربىي ئەمەلدار مۇغەمبەرلىك بىلەن خالىدەنىڭ كېلىشكەن چىرايىغا قاراپ ئاچكۆزلۈك بىلەن.

- بولمامدىغان لېيتىنانت، قېنى مەرھەمەت!، - خالىدە ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئاۋازىنى قۇيۇۋېتىپ كۈلگەچ يېنىدىن بىر تال كىنىشكىنى ئۇنىڭغا سوندى.

ھەربىي ئەمەلدار كىنىشكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى، ئاندىن ھەربىيچە سالام بىرىپ خالىدەگە ھۆرمەت بىلدۈردى :

- كەچۈرۈڭ خانىم، خىزمىتىڭىزگە پۇتلىكاشاڭ بوپتىمەن، قېنى يولنى ئېچىۋېتىڭلار!، - بۇيرۇق قىلدى، ھەربىي ئەمەلدار قىلغانلىرىدىن تەمتىرەپ.

ماشىنا قۇيۇندەك يۈرۈپ كەتتى، پاششاخان ئەتراپىدا يۈز بىرىۋاتقان ئىشلاردىن بىرنىمىنى سەزگەندەك بولۇپ خالىدە بىلەن پاراڭلاشماقچى بولدىيۇ لېكىن ئېغىز ئېچىشقا تىلى بارمىدى، چۈنكى مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە بۇ ئۈچەيلەننىڭ ھايات-ماماتى خالىدەنىڭ قولىدا قالغان ئىدى.

ھەربىي ماشىنىنىڭ سۈرئىتى ناھايىتى تىز ئىدى، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇلار شەھەردىن خېلىلا يىراقلاپ ناماز ۋاقتىغا يېقىن بىر دەريانىڭ لېۋىدىكى ئورمانلىقتا كىلىپ توختىدى، ئاڭغىچە لايدەك ئۇخلاپ كەتكەن ئۈچەيلەن كۆزىنى ئۇۋۇلىشىپ ئەسنەشكىنىچە

ماشىنىدىن يەرگە چۈشۈپ ئاخشام بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى چۈشىدە كۆرگەندەك يادىغا ئېلىشتى، پاشاخان ئىسنى ئوبدان يىغىپ خالىدەدىن زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ ماشىنىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىۋىدى خالىدەنىڭ رولغا بېشىنى قۇيۇپ قاتتىق ئۇخلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. . . ئۇنى دىمىسىمۇ خالىدە قۇچاقلاشما جەڭدە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان باتۇرلۇق بىلەن رۇس ئەسكەرلىرىنى بىر-بىرلەپ يەر چىشلەتكەن ئىدى، ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى چەبدەسلىكى، كۆچتۈڭگۈرلىكى پاشاخاندىن قېلىشمىغان بولمىغاچقا پاشاخان يېنىدىكى خالىدەنىڭ بۇنچە پالۋانلىقىغا ھەيرانۇ-ھەس قالغان ئىدى. . .

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كېچىچە كىرپىك قاقماي ماشىنا ھەيدىگەنلىكى ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى ھېرىپ-چارچاش ئۇنى ئەللەيلەپ مۇشۇنداق ئۇخلىتىپ قويغان ئىدى.

تىللاخان بىلەن يىگىت پاشاخانغا سوئال نەزىرى بىلەن قارىدى، پاشاخان ئۇكىسىغا قاراپ بېشىنى چايقىغىنىچە ئۇلارنى ئېلىپ دەريا بويىغا تاھارەت ئالغىلى ماڭدى. . .

ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاخشام خالىدە تەرىپىدىن «ئاغرىق پەسەيتىش دورىسى» ئىچكەنلىكىنى ئوبدان بىلىشەتتى لېكىن ئۇيقۇ دورىسى ئىچىپ سالغانلىقىنى بىلمەيتتى، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇلارنىڭ ئەس-ھوشى تېخى تولۇق ئەسلىگە كەلمىگىنلىكى ئۈچۈن خالىدە توغرىلىق ھېچقانداق پاراڭ قىلىشمىدى، ناماز ئۇقۇلۇپ دۇئادىن كېيىن تىللاخان يېنىدىكى سەبدىشىنى ئېلىپ يېقىن ئەتراپنى كۆزۈتۈپ بېقىش ئۈچۈن كېتىپ قالدى. . .

پاشاخان يۈكۈنۈپ ئولتۇرغىنىچە قۇچاقلاشما جەڭدە ئۆز كۆزى

بىلەن كۆرگەن شەھىد بولۇپ كەتكەن مىڭلارچە قەۋمى-قېرىنداشلىرىنى ئويلاپ كۆزىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ ئىسەنكىرەپ يىغلاپ كەتتى. . .

ئۇنىڭ ھەر قېتىم كۆڭلى يېرىم بولسا سۇرە ياسىنىنى ناھايىتى ئۇنلۇك قىرائەت قىلاتتى، ئۇنىڭ كىشىنىڭ يۈرىگىنى ئىزىدىغان ئادەتتىن تاشقىرى مۇڭلۇق قىرائىتى، دەريانىڭ ئېقىۋاتقان سۈيىدە سازلىنىپ ئەتىگەندە سايرىشىۋاتقان قارلىغاچنى ۋىچىرلاشتىن توختىتىۋەتتى، پۈتۈن ئورمان پاششاخانىنىڭ يېقىملىق قىرائىتىدىن لەرزىگە كەلگەن ئىدى. . .

سۇت ئۇيقۇدا ئۇخلاپ ياتقان خالىدە بالا ۋاقتىدا ئىسىدە قالغان تۇنۇش قىرائەتنىڭ ئاۋازىدىن ئويغۇنۇپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ يېنىدا ھېچكىمنىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ پاششاخانىنىڭ قىرائەت ئاۋازىنى بويلاپ دەريا بويىغا ماڭدى. پاششاخان ھېلىھەم قىرائىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتاتتى، خالىدە ئۇنىڭ كەينىگە كىلىپ سۈرە ياسىنىڭ ئاخىرلىششىنى كۈتۈپ تۇردى.

قىرائەت ئاخىرلاشتى. . .

دۇئاغا قول كۆتۈرۈلدى. . .

خالىدەنىڭ يۈرەك سوقۇشى ئۆزىگە ئاڭلىنىشقا باشلىدى، ئۇ ئەمدى پاششاخانغا نېمە دىيىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىۋاتاتتى. . .

پاششاخان دۇئادىن ياناي دىگەندە خالىدە يىغلاپ كىلىپ تىزلانغىنىچە ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بېشىنى قويۇپ پاششاخانىنىڭ كەينىدىن قۇچاقلىۋالدى. . .

پاششاخانىنىڭ نەپەس ئېلىشى قىيىنلاشتى، ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرغاندا ئۇزىنى كەينىدىن قۇچاقلىۋالغان قىزىق يالقۇندىن سادا چىقتى:

- ئاكا، سىزنى ئاخىرى تاپتىم، - يىغلاپ كەتتى خالىدە ھۇقۇلداپ، ـ مەن بەرناخان!

بۇ ئاۋازدىن ئاسماندا چاقماق چېقىلىپ زېمىن تىترىگەندەك بولدى، پاششاخاننىڭ يۈرىگى خۇشاللىقتىن لەرزىگە كەلدى، ئۇ بۇ جاۋابقا ئىشىنەلمىدى، بىر ئۆمۈر كۆرۈشكە تەشنا بولغان سىڭلىسىنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىگە زادى ئىشىنەلمىدى. . .

- ياق، ياق، مىنى ئالدىمىغىن خالىدە، - دېدى پاششاخان كۆزىدىن تامچىلىغان ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، - سىنىڭ كىملىكىڭ ماڭا ئايان بولدى، سەن رۇسلارنىڭ ئادىمى ئىكەنسەن، سەن ھەرگىز بەرناخان ئەمەس!

خالىدە شۇئان سول يېڭىنى يىرتىپ جەينىگىنىڭ ئاستىدىكى تەڭگە چوڭلۇقىدىكى قارا مەڭنى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن ئاجرىماي تۇرۇپ سوزغىنىچە ئۇنىڭغا كۆرسەتتى.

- جېنىم ئاكا، مانا بۇ كىچىك چېغىمدا سەن ئىسمىنى قويۇپ قويغان «خانىشلىق مېڭى . .«.

خالىدە ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى. . .

پاششاخان بۇ قېتىم راستلا ئۇنىڭ بەرناخان ئىكەنلىكىگە ئىشەندى، چۈنكى بەرناخاننىڭ سول قولىنىڭ جەينىكىدە ئەشۇنداق بىر ھامىلە مېڭىنىڭ بارلىقىنى پاششاخان ئوبدان بىلەتتى، پاششاخان ھەمىشە سىڭلىسىنى ئەركىلىتىپ «سەن چوڭ بولغاندا خانىش بولىسەن، جەينىكىڭدىكى بۇ مەڭ دەل خانىشلىق مېڭى، يۇتۇپ كەتسەڭ مۇشۇ مەڭدىن سىنى تېپىۋالىمەن» دەپ ئەركىلىتەتتى، بەرناخانمۇ دائىم «مەن چوڭ بولغاندا خانىش بولىمەن، بۇ دېگەن مىنىڭ خانىشلىق مېڭىم!» دەپ ئاكىسىنىڭ ئالدىدا ئۇششۇقلۇق قىلاتتى.

پاشىشاخان كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشتىن يۈرىگى يېرىلغۇدەك خۇشال بولسىا يەنە بىر تەرەپتىن سىڭلىسىنىڭ زادە نېمە بولۇپ رۇسىلارغا سېتىلىپ كەتكەنلىكىدىن قايغۇردى. . . ئاخىرى ئاكا-سىڭىللىق مېھرى ھەممىدىن غالىب كەلدى. . . ئۇ قۇلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاللاغا شۈكۈرى-ھەمدۇسىانا ئوقىدى. . . پاشىشاخاننىڭ كۆزىدىن خۇشاللىق يېشى تاراملاپ ئېقىشقا باشلىدى. . .

- بەرناخان ! بۇ راست سەنمۇ؟، - پاشىشاخان بۇرۇلۇپ خالىدەنىڭ كۆزىگە تىكىلدى.

- شىۇنداق ئاكا، مەن بەرناخان!، ـ خالىدە توختىماي يىغلاشىقا باشلىدى.

- بەرناخان!

پاشىشاخان بىر ئۆمۈر كۆرۈشكە تەشنا بولغان سىڭلىسىنى ئاخىرى باغرىغا چىڭ باستى. شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان دەريا سۈيى بۇ كۆرۈنۈشتىن تەسىرلىنىپ دەريا قېنىنى قۇچاغلاپ سىۆيگىنىچە ئېقىشىقا باشىلىدى، مەيىن شىامال بۇ بىر جۈپ ئاكا-سىڭىلنىڭ ھىجران ئازابىدىن كېيىنكى خۇشىاللىقىنى تەبرىكلىگەنىدەك يېقىن ئەتراپتىكى گۈللۈك بىاغنىڭ خۇشبۇي گۈل ھىدىنى ئۇلارنىڭ دىمىقىغا ئۇرۇۋاتاتتى. . .

- ئاكا ئەمدى سىۆزۈمنى ئاڭلىغىن!، - دېدى خالىدە ئاكىسىنىڭ قۇلىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلگىنىچە، ـ مىنى شىۇ قېتىم تۇتۇپ ئېلىپ كەتكەنىدىن كېيىن ئۇدۇل موسىكىۋادىكى بىر تەربىيەلەش مەكتىپىگە ئېلىپ باردى، شۇ قېتىملىق تۇتقۇنىدا مېنىڭدەك تۆرك قىزىدىن ئەللىكتىن ئىارتۇق بىالا بۇ مەكتەپكە يىغىلىدۇق، ئۇلار بىزنى تۆرلۈك مەشىقلەرگە سىالدى، ھەرخىل تىللارنى ئۆگەتتى، ناۋادا ئۇلارنىڭ ئۆگەتكىنى ياخشى قىلالمىساق شىۇ مەيداندىلا بىزنى قاتتىق

ئۇراتتى، ھەتتا بەزىلىرىمىزنى ئېتىپ تاشلايتتى، شۇنداق قىلىپ بىز بۇ ئەللىك نەچچە قىز بالىدىن ئون سەككىز ياشقا كىرگۈچە پەقەت ئون نەچچىمىز ھايات قالدۇق، كېيىن بىلسەك بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جاسۇسلۇق ئورگىنى ك گ ب نىڭ ئادەم يېتىشتۈرىدىغان بازىسى ئىكەن، شۇنداق قىلىپ مەن ك گ ب نىڭ رەسمىي ئەزاسىغا ئايلاندىم ھەم ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نوپۇزلۇق بىرىگە ئايلاندىم، مەن چەتئەللەردە موسكۋا ئۈچۈن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدىم، مىنىڭ تەمىناتىم، ئىمتىيازىم باشقىلارنىڭكىدىن ئالاھىدە يۇقىرى ئىدى، شۇنداق قىلىپ مەن بارغانسېرى ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم، مەن ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ كىملىكىنىمۇ بىلمەيمەن، ئۇلارنى ساناپمۇ تۈگىتەلمەيمەن، مەن ئۆزەمنى ئىزچىل رۇس مىللىتىدىن دەپ قاراپ كەلدىم، لېكىن يۈرۈگىمىنىڭ بىر يېرىدە بالىلىقىم يادىمغا كىلىپ قالاتتى، ئەمما مەن تۈركمەن مىللىتىدىن ئىكەنلىكىمنى قىياس قىلىشقا پېتىنالمايتتىم، مەن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن تەشكىلاتىڭلارغا سۇقۇنۇپ كىردىم، مىنىڭ ۋەزىپەم سىلەرنىڭ ئىچكى ئەھۋالىڭلارنى ئىگىلەپ پۈتۈن ئەزالىرىڭلار بىلەن قولغا چۈشۈرۈش ئىدى، لېكىن يۇقىرىنىڭ بۇيرۇقى تۇيۇقسىز ئۆزگەردى. . .

- دېمەكچى بولغىنىڭىز؟، - سورىدى پاششاخان خالىدەنىڭ ئىككى قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

- موسكۋا سىلەرنىڭ كەينىڭلاردا ئاقسارايىنىڭ بار-يوقلىقىنى بىلمەكچى ئىكەن، شۇڭلاشقا سىلەرنى تۇتۇش كەينىگە كېچىكتۈرۈلۈپ كەلدى، ئۈلۈشكۈن سىلەرنى تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلدى، ئاخشام زاۋۇتتا سىلەرنى دورا بىلەن ئۇخلىتىۋېتىپ ئۇلارغا سىلەرنىڭ ئورنۇڭلارنى ئېيتىپ بىر سائەت ئىچىدە كىلىشىنى دېدىم، لېكىن كۆڭلۈمنىڭ بىر يېرى بۇنىڭغا يول قويمايۋاتاتتى، سىز بىلەن

خوشلىشىۋېلىش ئۈچۈن كارۋىتىڭىزنىڭ يېنىغا كەلسەم سىز مىنىڭ باللىقىمدىكى ئىسمىمنى تووۋلاپ سالدىڭىز، بۇ ئىسىم مىنى يىراق ئۆتمۈشكە قايتىدىن باشلاپ خاتىرەمنى تېخىمۇ تولۇق ئەسلىگە ئەكىلىشكە ياردەم قىلدى. . . كىچىكلىكىمدىكى پاششاخان ئاكامنى يادىمغا سالدى. . . دۈمبىڭىزدىكى مەن ئويناپدىغان مۇنچاق گۆش سىزنىڭ پاششاخان ئىكەنلىكىڭىزنى يەنە بىر قېتىم دەلىللىدى، سىزگە بولغان مېھرىم ك گ ب نىڭ ئون نەچچە يىللىق تەربىيىسىدىن غالىب كەلدى، شۇنىڭ بىلەن قۇلۇمغا سىمسىز تېلگرامىمنى ئېلىپ ۋاقىتنى بىر كۈن كەينىگە سوردىم، ئىسىڭىزدە بولسۇن ئاكا، مەن سىلەرنى پاش قىلىشتىن باشقا سىلەرگە يۈز كىلەلمەيدىغان ھېچقانداق ئىشنى قىلمىدىم، شۇنداقتىمۇ يەنىلا ئۆلۈمگە لايىقمەن، قىلغانلىرىم ئۈچۈن مانا بۇ قۇرالنى ئېلىپ ھازىرنىڭ ئۆزىدە مىنى ئېتىپ تاشلىسىڭىز بولىدۇ، مەن ئۆلۈمگە لايىق ئاكا!

- نامايىش بۇلىدىغان ئىشتىن ئۇلارنى خەۋەرلەندۈرمىگەنمۇ؟، - دەپ سورىدى پاششاخان ئەجەبلىنىپ.

- ك گ ب بۇنداق ئىشلارغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ پۈتۈن مەقسىتى ئامېرىكىنىڭ بۇ ئىشقا قول تىققان جاسۇسلىرىنىڭ سالاھىتىنى بىلىش ھەم تۈركلەر ئىتتىپاقىنىڭ تەشكىلى قۇرۇلمىسىنى تولۇق ئىگىلەش، ئاكا ئەمدى ماڭا قول سالسىڭىز بولىدۇ!

خالىدە يىغىدىن قىزارغان كۆزىنى يۇمۇپ ئۆلۈمگە تەييارلىق قىلىپ تۇراتتى.

پاششاخان ئۇنىڭ قولىدىكى قۇرالنى قولىغا ئالدى، قۇرالنى بەتلەپ خالىدەنىڭ بېشىغا تەڭلىدى ئاندىن ئۈن-تىنىسىز كۆزلىرىدىن ياش تۆككىنىچە قۇرالنى يانغا تاشلىۋېتىپ خالىدەنى چىڭ قۇچاقلىدى:

- بەرناخان. . . جېنىم سىڭلىم!

- ئاكا، جېنىم ئاكا. . .

خالىدە بۇ قېتىم ئۇن سېلىپ يىغلىغىنىچە پاششاخاننىڭ بويىنىغا مەھكەم ئېسىلدى.

- ئۇ گەپنى قويۇڭ بەرناخان، قېنى ئېيتىڭا ئەمدى ئىككىنچى قەدەمنى قانداق باسىمىز؟، - دېدى پاششاخان سىڭلىسىنىڭ مۈرىسىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ.

- مىنى كەچۈرەمسىز پاششاخان؟، - دېدى خالىدە يۇمۇلغان كۆزلىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا ئوتلۇق كۆزى بىلەن تىكىلىپ.

- ئەمدى سىزنى يۈتتۈرۈپ قويغۇم يوق بەرناخان!، - دەپ كەسكىن جاۋاب بەردى پاششاخان سالماقلىق بىلەن.

- مېنىڭچە، - دېدى خالىدە بېشىنى لىڭشىتىپ تەمكىن ھالدا، - ئۇلار بۈگۈن كەچ زاۋۇتقا يىتىپ كىلىپ ئەھۋالنى بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئىككى ئىشقا ئاتلىنىدۇ، بۇنىڭ بىرى مىنى ئۆلتۈرۈش يەنە بىرى سىزنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈش، ك گ ب ئەزەلدىن دۆلەت ئىچىدىكى شەخسلەرنى تۇتقۇن قىلىشتا ئۇز ئەسكەرلىرىنىڭ ھاياتىنى بۇنداق كۆپ چىقىم قىلمىغان، مەن ماشىنا بىلەن باستۇرۇپ ئۆلتۈرگەن ئەسكەرلەر مانا بۇنىڭ مىسالى، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ك گ ب پىلانلىغان، شۇنىڭغا قارىغاندا سىز ئۇلار ئۈچۈن بەكلا مۇھىم شەخس، ئەمدى بىز مۇشۇ يەردە ئايرىلىشىمىز كېرەك، ئۇلار مىنى ناھايىتى ئاسانلا تېپىۋالىدۇ.

- دېمەكچى بولغىنىڭىز. . .

- پەرىزىمچە ئۇلار ئىلگىرى مىنىڭ بەدىنىمگە سىگنال تارقىتىدىغان

بىرە نەرسىنى يوشۇرۇپ قويدى بولغاي، قەيەردىلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن، بۇرۇن ئۇلار مىنى ئاسانلا تېپىۋالاتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بېشىڭلارغا بالا بولسام بولمايدۇ، بىز بۇ جايدا ئايرىلايلى پاشاخان !

- ياق بەرناخان، مەن بىر قېتىم سىزنى ئۇلارغا تارتقۇزۇپ قويغان، ئەمدى بۇ ئىشنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىنى خالىمايمەن!

- بىز ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيمىز، ئۇلار قىلىمەن دىگىنىنى ھامان قىلماي قالمايدۇ، بۇلارنى بىلىپ تۇرۇپ سىلەرنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگۈم يوق، سۆزۈمنى ئاڭلاڭ پاشاخان!

- ياق، مەن تېخى ھايات بەرناخان! ئۆلسەممۇ ئەمدى سىزنى يۈتتۈرۈپ قويمايمەن!

ئۇلار ئەمەلىيەتتە بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشقان ئىدى، پاشاخاننىڭ بۇ سۆزىدىن بەرناخاننىڭ چىرايى قىزىرىپ ئىچى ئوت ئېلىپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پاشاخان بىلىپ-بىلمەي بەرناخانغا يېقىنلىشىپ ئۇنى قۇچاقلىۋالغان ئىدى، بەرناخان ك گ ب نىڭ نوپۇزلۇق جاسۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە دائىر تەلىم-تەربىيەنى ئاللاقاچان پۇختا ئىگىلىگەن ھەم ئەمىلىيەت جەريانىدا ئىشلىتىپ كەلگەن ئىدى، لېكىن بۇ قېتىم ئۇ ئۆمرىدە ھېچقانداق ئەر زاتىدىن ئالمىغان ئېيتقۇسىز ئوتلۇق بىرخىل سىزىمنى ھېس قىلدى، بەرناخاننىڭ يۈرىگى شامدەك ئىرىپ پاشاخانغا چىڭ يېپىشتى. . . ئاندىن كۆزلىرىدىن يەنە تاراملىتىپ ياش ئاققۇزۇشقا باشلىدى. . .

- پاشاخان، مەن بۇنىڭغا ئەرزىمەيمەن، مەن بىر ئىپلاس قىز، سىزنىڭ خىلىڭىز ئەمەسمەن. . .

- بەرناخان، مەن سىزگە موھتاج، مەن بەك چارچاپ كەتتىم. . .

- مەن بىر جاسۇس. . .

- بىلىمەن. . .

- مەن خۇن قەرزىگە بوغۇلغان بىر قاتىل. . .

- بۇنىمۇ بىلىمەن، بۇ سىزدىكى گۇناھ ئەمەس، ھەممىسىگە مەن سەۋەبچى. . .

- پاشاخان!

- بەرناخان!

پاشاخان بەرناخاننى خۇددى ھازىرلا يەنە يۇتتۇرۇپ قويىدىغاندەك باغرىغا بەكمۇ چىڭ بېسىۋالغان ئىدى، بەرناخانمۇ گۇيا پاشاخاننى قايتا كۆرەلمەيدىغاندەك ئۇزىنى ئۇنىڭ باغرىغا ئاتتى، بىر جۇپ ئاشىق-مەشۇق ھەشقىپىچەكتەك بىر-بىرىگە يامىشىپ قۇچاقلىشىپ تۇرغاندا يىراقتىن تىللاخان قاتارلىقلارنىڭ ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى، پاشاخان دەرھال بەرناخاننى قويىۋېتىپ يۈزى قىزارغان ھالدا ئۇكىسىنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

- ئاكا، بىز قانداق بولۇپ بۇ يەرگە ساق-سالامەت چىقالىدۇق، ئىشلار سەل غەلىتىمۇ ـ قانداق؟، - دەپ سورىدى تىللاخان ئاكىسىنى يانغا تارتىپ دەريا بويىدا ئېقىن سۇغا قاراپ تۇرغان خالىدەنى كۆرسىتىپ.

- تىللاخان ئۇكام، - دېدى پاشاخان ئۇنىڭ مۆرىسىنى قوش قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ، ـ مەن ھەممىنى كېيىن ساڭا چۈشەندۈرىمەن، بۇنىڭغا ھازىر ۋاقىت يوق، ئۇنى ئۆز سىڭلىڭ ئورنىدا كۆرگىن، تىز بول يولغا چىقايلى!

- ئاكا بۇ زادى قانداق ئىش؟، - دېدى تىللاخان ئاكىسىنىڭ گىپىدىن گاڭگىراپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي.

- ماڭا ئىشەنگىن تىللاخان! ، - دېدى پاشىشاخان ئۇكىسىغا سەممىيلىك بىلەن تىكىلىپ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار يەنە يولغا راۋان بولۇشتى، ماشىنىنى تىللاخان ھەيدىگەن بولۇپ خالىدە كېچىچە ماشىنا ھەيدىگەنلىكتىن كەينى تەرەپتىكى ئورۇندا تولغىلىپ ئۇخلاۋاتاتتى، كەينى ئورۇندىقتا ئولتۇرغان يىگىتمۇ خالىدەنىڭ قىسىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىشىك تەرەپكە قىسىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ خاتىرجەم ئۇخلىشىغا شارائىت ھازىرلاپ بېرىۋاتاتتى، ئۇزاق ئۆتمەي ماشىنا ھېلىقى ئاچىماق يولغا كىلىپ توختىدى، بۇنىڭ بىرى پاشىشاخان تۇغۇلغان تاغ-تۇراغا تۇتىشىدىغان يول بولسا يەنە بىرى ئىران چېگرىسىغا تۇتىشىدىغان يول ئىدى.

تىللاخان «قايافقا ماڭىمىز؟» دىگەندەك قىلىپ پاشىشاخانغا قارىدى. پاشىشاخان بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن سول تەرەپتىكى چېگرا تەرەپكە ماڭىدىغان يولنى كۆرسەتتى. ماشىنا تۇيا ئۆرلىتىپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى، ئۇلار كەچكە يېقىن بىر ئۆتەڭگە چۈشۈپ شۇ يەردە غىزالاندى. پاشىشاخان ماشىنىنىڭ مېيىنى زاپاسلىۋېلىش ئۈچۈن بەرناخاننى ئېلىپ كېچىك بازارغا ماشىنا بىلەن كىرىپ كەتتى.

پاشىشاخان بازارغا كىرگىلى ئاز قالغاندا ماشىنىنى يان تەرەپتىكى چېغىر يولغا تارتىپ دالدىراق بىر يەردە توختاتتى، ئۇ ماشىنىنىڭ كەينىدىكى ھېلىقى تاختاينى ئېلىپ ئامبۇر-ئەتىركىلەر ئارقىلىق شالنى ئوتتۇرىسىدىن ئاجرىتىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى يازما ماتېرىيالنى ئېلىپ ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان بەرناخانغا سۇندى.

- بۇنى كۆرۈپ بېقىڭ، - دېدى پاشىشاخان، - بۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى مەزمۇننى تاھازىرغىچە ياخشى چۈشىنەلمىدىم، لېكىن بۇنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مۇھىم ماتېرىياللىقىغا كۆزۈم ئىلىدۇ.

خالىدە ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى چىراقنى ياندۇرۇپ قولىدىكى ماتېرىياللارنى تەپسىلى كۆرۈشكە باشلىدى، بەتلەر ئالماشقانسىرى ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ پېشانىسىدىن تەر چىقىۋاتاتتى.

- پاششاخان!، - دېدى بەرناخان بېشىنى قەغەز يۈزىدىن كۆتۈرۈپ، - قولىڭىزدىكى بۇ ماتېرىيال سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ زور مەخپىيەتلىكى ھېساپلىنىدۇ!

-نېمە؟

-بۇ ئاددى نەرسە ئەمەس!

- ئۇنىڭدا زادى نىمىلەر بار ئىكەن بەرناخان؟

- بۇنىڭدا ئاساسلىقى ئۈچ خىل مەخپىيەتلىك بار ئىكەن. بىرىنچىسى«كاتىن قانلىق قىرغىنچىلىقى»نىڭ ئەملى ئەھۋالى، ئىككىنچىسى سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ تۇنجى قېتىملىق يادرو سىنىقى يەنى تۈركمەنىستاندا 1948-يىلى يازدا ئېلىپ بېرىلغان ئاتوم يادرۇسىنىقىنىڭ ئەملى ئەھۋالى ھەمدە شۇ قېتىمقى يادرۇ سىنىقى تەسىرىدە پەيدا بولغان غەيرى تىپلىق جىگەر ياللۇغىدا ئۆلگەن نەچچە يۈزمىڭ ئادەمنىڭ ستاتىسكا ئەھۋالى، ئۈچىنچىسى ئاتوم قۇيۇلدۇرۇش تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ماتېرىيال. . .

- ئۇلارنىڭ ئاتوم بومبىسىنى 1949-يىلى تۇنجى قېتىم سىناق قىلدۇق دىگىنى يالغانكەن-دە؟

- شۇنداق، يالغانكەن. . .

- «كاتىن قانلىق قىرغىنچىلىقى»نى گىرمانىيە كەلتۈرمەپتىكەنمۇ؟،

- دەپ سورىدى پاششاخان تېخىمۇ ئەجەبلىنىپ، - مەن ئەجەب بۇ ماتېرىيالغا دىققەت قىلماپتىمىنا!

- شـــۇنـداق، قـاراڭ ماۋۇ قۇرلارغا، - بەرناخان قەغەز يۈزىدىكى رۇسـچە هەرپلەرنى تۈركمەن تىلىغا ئايلاندۇرۇپ قىسـقىچە خۇلاسـىلەپ ئۇقۇشـقا باشـلىدى، -ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشـى مەزگىلىدە، سـوۋېت هاكىمىيتى ئاسـتىدىكى پولشـا زىمىنىدا پۇخرالارنىڭ ئۆلگەن سـانى 150000 گە يەتكەن. 1940-1941-يىـل مەزگىلـدە، 10000-12000 غىچە پولشـىلىق ئەسـىرلەر كولىيما رايۇنىغا ( هازىرقى رۇسـىيەنىڭ سـىبىريە رايۇنىدا (Kolyma پالانغان، بۇنىڭ ئىچىدە 583 ئادەم هايات قالغان. . .

سوۋېت مەركىزى سياسى بىيرۇنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن بولغان سـتالىن(Stalin)، ۋېچسـلاف مولوتوف(Vyacheslav Molotov)، كىلىمئېنـت ۋېرىشـوۋوف(Kliment Voroshilov)، ئـانـاسـتـاس مىكوين (Anastas Mikoyan)قـاتـارلىق تۆت نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلـدارلار قول قويۇپ غەربىي ئوكرائىنا ۋە غەربىي بىلوروسـىيەدىكى ئەسىرلەر لاگىرىغا قامالغان 25700پولشا ئەسىرىنى(بۇلارنىڭ هەممىسى سـوۋېت سـوراقچىلىرى تەرىپىدىن مىللەتچى ۋە ئىنقىلاپقا قارشـى تۇرغۇچىلار دەپ بېكىتىلگەن) بىر تەرەپ قىلىۋېتىشنى قارار قىلغان. . .

1940-يىلى 4-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 19-كۈنىگىچەبولغان بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە، 21857 نەپەر پولشـىلىق ئەسـىر ئوخشىمىغان جازا مەيدانىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن بولۇپ، 14552 ئەسىر رۇسـىيەنىڭ ئۈچ چوڭ جازا لاگېرىدىن ئەكىلىنگەن، 7305 ئەسـىر بىلوروسـىيە ۋە ئوكرائىنـانـىڭ غەربىي رايۇنىدىكى جازا لاگېرىدىن ئەكىلىنگەن. بۇنىڭ ئىچىدە كېزېلسـك (Kozelsk)لاگېرىدىن 4421 ئەسـىر، سـتاروبېلسـك (starobelsk) لاگېرىدىن 3820 ئەسـىر، ئاسـتاشـكېڧ (Ostashkov)لاگېرىدىن 6311 ئەسـىر، بىلوروسـىيە ۋە ئوكرائىنانىڭ باشقا تۈتۈپ تۇرۇش ئورنىدىن 7305 ئەسىر بار. سوۋېت

ئىچكى ئىشلار كومىتېتىدىكى ئەسىرلەر باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ بىرىنچى قول رەھبىرى مايۇر گېنېرال پىتىر. كاربوۋىچ. سىپرۇنېنكو (Maj. General P. K. Soprunenko)كاتىپىن ۋە باشقا جايلاردا پولشا ئوفىتسىرلىرىغا قارىتا «تازىلاش»ئېلىپ بارغان. . .

كاتىپىندا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار ئىچىدە بىر نەپەر دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى، 2 نەپەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە گېنرالى، 24 نەپەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە پولكوۋنىك، 79 نەپەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە پودپولكوۋنىك، 258 نەپەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە مايور، 654 نەپەر قۇرۇقلۇق ئارمىيە ستارشى لېيتنات، 17 نەپەر دېڭىز ئارمىيە ستارشى لېيتنات، 3420 نەپەر كەسپىي ئەسكەر، 7 نەپەر ھەربىي پوپ، 3 نەپەر پومېشچىك، بىر نەپەر كىنەز، 43 نەپەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارى، 85 نەپەر ئەسكەر، 131 نەپەر مۇساپىر بار. ئۇنىڭدىن باشقا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلار ئىچىدە ماتېماتىك ستەفىن. كەرچمارژش (Stefan Kaczmarz)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان 20نەپەر ئالىي مەكتەپ پروفېسسور، 300 نەپەر دوختۇر، نەچچە يۈز ئادۋوكات، ئىنژېنېر، ئوقۇتقۇچى، يۈزدىن كۆپرەك يازغۇچى مۇخبىر ۋە 200نەپەر ئۇچقۇچى بار. يېرىمدىن كۆپرەك ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنى ئىچكى ئىشلار كومىتىتى بىر تەرەپ قىلىۋەتكەن.

قىرغىنچىلىق مەزگىلىدە، سوۋېت دائىرلىرى لېئون بىلەۋىچ، بىرانىسلاف بوخەترەۋىچ، كىسساۋېرچېرنىتىسكى، ستەنىسۋاف خاللېر، ئالېكساندېر كوۋالېۋىلىسكى، خېنرىك مىنكېۋىچ، كاژىمىئېشىك ئارلىك ۋوۋكاسكى، كونىستەنتى پلىسوۋىسكى، رودالىف پىرىخ، فىرەنچىشې چىكورىسكى، لېئونارد سكېرىسكى، پىئاتۇر سكۇراتاۋىچ، مىچىزۋاۋ سىماراۋىنىسكى، ئالازى ۋېر كوۋناس قاتارلىق 14 نەپەر پولشا گېنىرالنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. . .

1940-يىلى 4-ئاينىڭ 4- كۈنى ئۆلتۈرۈش باشلانغان، شۇ كۈنى
390پولشىلىق ئەسىر ئېلىپ كېلىنگەن بولۇپ، ئىجراچى خادىم بىر
كېچىدە بۇنچە كۆپ ئەسىرنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ئاسان ئىش
ئەمەسلىكىنى بايقاپ، ھەر كۈنلۈك بىر تەرەپ قىلىش سانىنى 250تىن
ئاشۇرۇۋەتمەسلىكنى بېكىتكەن. بىر تەرەپ قىلىش موسكۋا تەرەپ
تەمىنلىگەن گېرمانىيەدە ياسالغان ۋالتېر تىپلىق تاپانچا بىلەن ئىجرا
قىلىنغان، ئۇنىڭدىن باشقا سوۋېت ئۆزى ئىشلەپ چىقارغان ناگان
تىپلىق رېۋولۋېر تاپانچىنىمۇ ئىشلەتكەن. ئىجراچى خادىم ئەسىرلەرنى
بىر تەرەپ قىلىشتا ئاساسلىقى گېرمانىيە ئىشلەپ چىقارغان تاپانچىنى
ئىشلەتكەن، سەۋەبى سوۋېت ياسىغان رېۋولۋېر تاپانچىنىڭ ئارقىغا
تېپىش كۈچى كۈچلۈك بولغاچقا، ئاتقۇچىنىڭ بىلىكى ئاغرىپ كەتكەن.
ئىچكى ئىشلار كومىتېتى باش ئىجراچى ۋاسىلى بېلاكخىن Vasili
Blokhi)) 4-ئايدىكى 28 كۈن ئىچىدىلا كالىنىن(Kalinin)تۇرمىسى ۋە
ئاستاشكېۋ (Ostashkov)لاگېرىدىكى 7000 ئەسىرنى ئېتىپ
ئۆلتۈرگەن، بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ يېشى ئەمدىلا 18 گە كىرگەن،
قىرغىنچىلىق ناھايىتى تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلغان. زىيانكەشلىككە
ئۇچرىغۇچىنىڭ شەخسىي ئۇچۇرى تەكشۈرۈلگەندىن كېيىن ھەممە
تەرىپى ھىم ئىتىلگەن كىچىك ئۆيگە ئېلىپ كىرىلگەن، كېچىچە
شاۋقۇن چىقىرىدىغان ئۈسكىنىنى توختاتماي ماڭدۇرۇپ ئوق ئاۋازىنى
ياپقان. زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچى كىچىك ئۆيگە ئېلىپ كىرىلگەن
ھامان ئارقا مېڭە تەرەپتىن تاپانچا ئوقى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن. جەسەت
دەرھال ئۇدۇل ئىشىك بىلەن ئېلىپ چىقىلىپ سىرتتا ساقلاپ تۇرغان
كوزۇپلۇق ماشىنىغا تاشلانغان. شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى زىيانكەشلىككە
ئۇچۇرغۇچى كىچىك ئۆيگە ئېلىپ كىرىلىپ ئالدىنقىسىغا ئوخشاش
ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئېتىپ ئۆلتۈرۈش ماي بايراملىق دەم ئېلىش

كۈنىدىن باشقا، ھەر كۈنى كەچتە دېگۈدەك ئېلىپ بېرىلغان. . .

ك گ ب نىڭ باشــلىغى ئالىكســاندېر شــېلىپىن 1959-يىل3-ئاينىڭ3-كۈنى سوۋېت كومپارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى نىكىتا خىرۇشــېف(Nikita Khrushchev)قا ســۇنغان دوكلاتىدا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم سانى21857 ئىكەنلىكىنى ئېنىق جەزىملەشتۈرگەن، ھەمدە زىيانكەشلىككە ئۇچۇرغۇچىلارنىڭ شەخسىي ئارخىپىنى دەرھال يوق قىلىۋېتىش تەكلىپىنى بەرگەن. . . ئۇرۇش مەزگىلى ۋە 1944-يىلىدىن كېيىن، جەمئىي570387 پولشا پۇقراسى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئوخشىمىغان شەكىلدىكى سىياسى زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان. . .

- ستالىنىنىڭ مەقسىتى ھەربىي-سىياسى تالانتى بار كىشىلەرنى يوقۇتۇش ئارقىلىق پولشىنىڭ كەلگۈسى ھەربىي كۈچىنى ئاجىزلىتىپ پولشانى مەڭگۈ ئۆزىگە بېقىندى قىلىۋېلىش ئىكەنىدە؟!، - دېدى پاششاخان بېشىنى لىڭشىتىپ ئەپسۇسلانغان ھالدا، - بۇ ئىمزالىق ھۆججەتنىكى مەزمۇنچۇ؟

- بۇ بەتتىكى مەزمۇن بولسا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىچكى ئىشلار خەلق كومىسسارى، دولەت بىخەتەرلىكى باش كومىسسارى لاۋرېنسىي پاۋلوۋىچ بېرىيا (Lavrentiy Pavlovich Beria)نىڭ 1940-يىلى 3-ئاينىڭ 5-كۈنى ستالىنغا سۇنغان 25700 نەپەر پولشا ئەسىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىش لاھىيەسى بولۇپ ئۈستىدىكى ئىمزالار بولسا ستالىن قاتارلىق سوۋېت مەركىزى ھۆكۈمەت كاتىنۋاشىلىرىنىڭ قول قويۇپ تەستىقلىغاندىكى شەخسى ئىمزالىرى ئىكەن. . .

- دېمەك كاتىنىدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقنى ناتسىستلار ئەمەس ئىچكى ئىشلار خەلق كومىتىتى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتىكەنىدە!

- بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، - بەرناخان بېشىنى ماتېرىيالدىن كۆتۈرۈپ پاششاخانغا قاراپ هەيران قالدى، - ك گ ب بۇ ماتىرىيالنى ئىزچىل چەتئەللەردىن بولۇپمۇ ئامېرىكا تەرەپتىن ئىزدەشنى كۈچەيتكەن ئىدى، كىم بىلسۇن بۇ ماتېرىيال تۈركلەر ئىتتىپاقىنىڭ قولىدا ئىكەن ئەمەسمۇ؟، - بەرناخان شۇنداق دىگىنىچە كۈلۈپ كەتتى، - سىز موسكۋانى بەكلا چىقىمدار قىلىۋەتتىڭىز پاششاخان!

- بۇ راستىنلا مۇهىم ماتېرىيالمىدۇ؟

- ماتىرىيالنىڭ مۇهىملىقىدا گەپ يوق، بۇ بىر هىساپتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇندىن كېيىنكى تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان كوزىرغا ئايلىنىشى مۇمكىن، تۈركمەنىستان زىمىنىدىكى ئاتوم سىنىقىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقىغا كەتكەن ئەجداتلىرىمىزنىڭ روهى چوقۇم ئۇلارنى ئۇرىدۇ، مەن ئاتا-ئانامنىڭ قاتىلىنىڭ كىملىگىنى ئەمدى بىلىۋاتىمەن، مۇنداق قىلايلى پاششاخان، - خالىدە پاششاخانىنىڭ كۆزىگە قاناماسلىق نەزىرى بىلەن قارىدى، - بىز قايسىمىز هايات بولمايلى بۇ ماتېرىيالنى چوقۇم ئامېرىكىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇشىمىز كېرەك، چۈشەندىڭىزمۇ؟

- ئامېرىكا شۇنچە مۇهىممۇ؟

- شۇنداق، بۇنداق چوڭ هىساپنى ئېلىشتا ئامېرىكا ئۆزى باش بولمىسا باشقىلار كۈچىيەلمەي قالىدۇ. . .

- چۈشەندىم بەرناخان، ئۇنداقتا بۇ ماتېرىيالنى سىزگە تاپشۇراي!

- ياق پاششاخان، بۇنى سىز چوقۇم ئۆز قولىڭىز بىلەن ئامېرىكا پېرىزدىنتىغا تاپشۇرىشىڭىز كېرەك، ئۇنى هازىردىن باشلاپ يېنىڭىزدىن ئايرىماڭ، بىز هەركەتنى تىزلىتەيلى، ئۇلار ئەتە چۈشكىچە بىزگە يېتىشىپ بولىدۇ، بىز ئاڭغىچە چىگرىدىن چىقىپ كىتىشىمىز كېرەك!

پاششاخان باشقا گەپ قىلمىدى، ئۇ ماتېرىيالنى قات-قات پىلاستىر

بىلەن سۇ-يامغۇر ئۆتمىگۈدەك قىلىپ ياخشى ئورىغاندىن كېيىن بەل قىسمىغا چىڭ تېڭىۋەتتى، ئاندىن ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ بازار تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار چىگرىغا يېقىنلاپ ماشىنا ماڭالمايدىغان يەرگىچە يېتىپ باردى، بەرناخان ماشىنىنى يوشۇرۇپ قويغان يان قورالدىن ئىككىنى ئۆزىنىڭ بىلىگە قىستۇرۇۋالغاندىن كېيىن قالغان ئۈچ تال تاپانچىنى ھەر بىرەيلەنگە بىردىن تارقىتىپ ماشىنىنى يېقىندىكى چوڭقۇر بىر كۆلگە چۆكتۈرىۋەتتى، شۇنداق قىلىپ بەرناخان ئۇلارغا يول باشلاپ ئىران تەۋەلىكىگە ئۆتكىلى بولىدىغان مەخپى جايغا قاراپ يول ئالدى، چۈنكى بۇنداق مەخپى چېگرىدىن چىقىش ئېغىزلىرى بەرناخاندەك ك گ ب نىڭ مەخسۇس خادىملىرىغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.

تاغدىكى چېغىر يوللاردا مېڭىش ناھايىتى تەس بولۇپ بىردەم تاغقا يامىشىشقا توغرا كەلسە بىردەم ئۆمىلەپ مېڭىشقا توغرا كىلەتتى، بەرناخان چۈشكە يېقىن مىڭ بىر جاپادا ئۇلارنى ئىران تەۋەلىكىگە ئۆتكىلى بولىدىغان بىخەتەر تاغ قاپتىلىغا باشلاپ ئەكەلدى. ئۇلار قاتتىق ھېرىپ -چارچاپ كەتكەنلىكتىن قاپتالدىكى بىر سايە جايغا كىلىپ ئۆزىنى تاشلاشتى. . .

تۇيۇقسىز«پاك» قىلغان ئاۋاز بىلەن قۇرام تاشتا ئولتۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقان يىگىت سىڭايان بولغىنىچە يېنىدىكى تىللاخاننىڭ قۇچىقىغا يىقىلدى، ئۇلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بولغىچە ئىككىنچى پاي ئوق تىللاخاننىڭ بىلىكىگە تېگىپ ئۈلگۈردى ئاڭغىچە پاششاخان بىلەن بەرناخان چەبدەسلىك بىلەن يۇمىلانغىنىچە قۇرام تاشنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپ تىللاخاننىڭ قۇچىقىدىكى يىگىتنى تارتىپ ئەكىلىشتى. . .

- ئۇنىڭ ئەھۋالى قانداق؟، - سورىدى پاشىشاخان ئوق ئېتىلغان تەرەپكە جىددىي قارىغىنىچە تىللاخاندىن يىگىتنىڭ ئەھۋالىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇپ.

- ئۇ بۇلالمىدى، ئوق ئۇنىڭ بېشىغىلا تېگىپتۇ!، - دەپ جاۋاب بەردى غەزەپلەنگەن تىللاخان قېرىنىدىشىنىڭ يۈزىنى ئىنىكىگە يېقىپ تۇرۇپ غەزەپتىن تىترىگىنىچە.

- رۇسلار بىزگە ئالاھىدە قىسمىنى ئەۋەرتىپتۇ، بىز بىر ئامال قىلىپ ئىران تەۋەلىكىگە ئۆتۈۋالساق بولاتتى، پەقەت نەچچە يۈز مېتىرلا قالدى، - دېدى بەرناخان تىللاخاننىڭ قان چىقىۋاتقان بىلىكىنى يۇقىرى تەرەپتىن چىڭ باغلىۋاتقاچ.

- قايسى ئالاھىدە قىسىم ئۇ؟، - سورىدى تىللاخان قۇچىقىدىكى يىگىتنىڭ بېشىنى يەردە ئاستا قاپ قۇيۇپ ساق قولى بىلەن بىلىدىكى تاپانچىنى قولىغا ئېلىپ.

- ك گ ب غا قاراشلىق ئالاھىدە قىسىم، ئۇلار ھەقىچان بۇ يەرگە تىك ئۇچار ئايروپىلان بىلەن يېقىنلىشىپ ئاندىن كەينىمىزگە چۈشكەن گەپ، - بەرناخان شۇنداق دىگەچ تىللاخاننىڭ قولىدىكى تاپانچىنى بەتلەپ ئاندىن ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى، - ئۇلارغا تەڭ كىلەلمەيمىز، ئارىمىزدىن بىرەيلەن ئىران تەرەپكە ئۆتسۇن، قالغىنىمىز ئۇنى قوغدايلى!

ئاڭغىچە يېقىن ئەتراپتىكى قۇرام تاشنىڭ كەينىدىن كارنايدا رۇسچە ۋاقىرغان ئاۋاز ئاڭلاندى: «سىلەر قورشاۋدا قالدىڭلار، تەسلىم بولۇڭلار!»

- ئىتنىڭ بالىلىرى، جېنىمنى تىكىپ قويدۇم، - ئاچچىقلاندى تىللاخان يەرگە بىرنى تۈكۈرۈپ چىشىنى غۇچۇرلاتقىنىچە.

- ئىللاخـان !، ـ دېـدى بەرنـاخـان ئۇنىڭغـا قـاراپ، - ھەرگىز بېشىـڭىزنى كۆتۈرۈپ ســالماڭ ! بايام ئېيتقىنىمدەك پاشــشـاخان ســىز دەرھال كۆن پېتىش تەرەپكە قاراپ قېچىڭ !

- ياق سـىز ئالدى بىلەن مېڭىڭ، بىز سـىزنى قوغدايمىز!، ـ دەپ كەسكىن جاۋاب قايتۇردى ئاچچىقلانغان پاشاخان.

ئـاڭغىچە يەنە يـامغۇردەك ئوق يېغىشـــقـا باشـــلاپ ئۇلارنى قۇرام تاشنىڭ كەينىدىن ھېچ يانغا مىدىرلىغىلى قويمىدى.

- گەپ تالىشــىپ ئولتۇرىدىغانغا ۋاقىت يوق پاشــشـاخان، - دەپ قۇشـۇمىسىنى تۈردى بەرناخان، ـ ئېتىلغان ئوقتىن قارىغاندا ئۇلارنىڭ سانى خېلىلا جىق ئىكەن، ئارىمىزدىن بىرەيلەنمۇ ساق قالمىغۇدەكمىز، ئەممـا بىر ئامال بار، بىز ماتېرىيالنى دەســـتەك قىلىپ تۇرۇپ ســـىزنى قاچچۇرۋېتەيلى، شــۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھېچقايســـمىزغا قالايمىقان ئوق ئاتالمايدۇ، بىزنىمۇ تىرىك قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرىنىدۇ، قوشۇلامسىز؟

- بۇنداق قىلساق قانداق بولار؟، - دېدى پاشاخان ئىككىلەنگەن ھالدا.

- بىز ماتېرىيالنى ئۇلارنىڭ قولىغا بەرمەيمىز، پەقەت ئىس-بۇسىنى چىقىرىمىز، لېكىن ســـىزنىـڭ بۇنـدىن كېيىنكى ھـايـاتىڭىز پۈتۈنلەي خەتەرگە تولغان بولىدۇ، ئۇلار سـىزنى تىرىك قولغا چۈشـۈرۈش ئۈچۈن ســـىزنى يەرشـــارىـدىن يىڭنە ئىزدىگەنـدەك ئىزدەيـدۇ، ئىســـڭىزدە بولســـۇن، ۋاقتى كەلگەنـدە ك گ ب نىـڭ ئەمىلى كۈچى ئامېرىكىنىڭ مەركىزى ئاخبارات ئىدارىسـىدىنمۇ كۈچلۈك! ئۇلار سىزنى تېپىش ئۈچۈن ۋاسىتە تاللىمايدۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟

- ســلەر قانداق قىلىســـلەر، بولدى ئىللاخان بىلەن ئىككىڭلار مېڭىڭلار بۇ دېگەن بۇيرۇق !، ـ دېدى پاشاخان ئاچچىقىدا بۇغۇلۇپ.

- ئـاكـا، قۇرۇق گەپنى قوي، يىگىتلىرىمىز كىم ئۈچۈن جېنىنى تىككەن؟ ئۇلارغا يۈز كېلىشىمىز كېرەك، تىز بول خالىدەنىڭ دىگىنىدەك قىلايلى!، - دېدى تىللاخان ئاكىسىدىن ئۆتۈنگەن ھالدا.

- بىزدىن ئەنسىرىمەڭ پاشىشاخان، مەن بىر ئامال قىلىپ ئۆزەمنى ھەم تىللاخـاننى ئۇلارنـىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرىمەن، بۇنىڭ ئۈچۈن سىز ئارىمىزدىن تىرىك كېتىشىڭىز شەرت!

پاشىشاخان مۇشۇ تاپتا ئۆمرىدىكى ئەڭ زور، ئەڭ قىيىن بولغان بىر تاللاشقا دۇچ كىلىۋاتاتتى، پاشىشاخان ئاخىرى بىر قارارغا كەلدى. . .

- بۇپتۇ شـۇنداق قىلايلى، ئېيتقانلىرىم ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئاللاھ خـالىســا ھـامـان كۆرىشــىمىز، ئۇلارنـىڭ قولـىدىن قېچىـپ كەتكەن چېغىڭلاردا چۇقۇم مەن تۇغۇلغـان تـاغ-تۇرادا پـانـاھلىنىڭلار، ئىمكـان بولسـا سـىز سـول بىلىكىڭىزنى تەكشـۈرۈتۈپ بېقىڭ، شـۇ بىلىكىڭىز نورمال ئەمەس، چۈشەندىڭىزمۇ؟

تىللاخـان ئۇلارنـىڭ «مـاتېرىيـال» ۋە «نورمال ئەمەس» دېگەن سـۆزلىرىنى ئاڭلاپ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى سـوراي دەۋاتقاندا بەرناخان ئالقىنىنى كارناي شەكىلدە قىلىپ يېقىن تەرەپتىكى قۇرام تاش تەرەپكە قاراپ ئۈنلۈك ۋارقىراپ گەپ قىلدى:

- ســىلەرگە لازىـمـى بىـزنىـڭ جېنىمىزمۇ يـاكى قولىمىزدىكى ستالىنىنىڭ پولشالىقلارنى ئۆلتۈرۈشكە چۈشۈرگەن تەستىق قەغىزىمۇ؟

- نېمە. . . نېمە دېدىڭ؟، -دەپ ۋاقىرىدى كاناي.

- ســاڭا كاتىن قانلىق قىرغىنچىلىقى ياكى تۈركمەنىســتان يادرو سىنىقىنىڭ ئەملى ئەھۋالى لازىم ئەمەسمۇ؟، -دەپ ۋاقىرىدى بەرناخان تازا كۆچەپ.

ئالاھىدە قىسىم جىمىپ كەتتى، ئۇلار بۇ دوكلاتنى يۇقىرىغا تېلگىراممىا ئارقىلىق مەلۇم قىلىۋاتاتتى، يۇقىرىدىن جىددىي بۇيرۇق كەلدى:

»قانچىلىك بەدەل تۆلەشتىن قەتئىي نەزەر، ماتېرىيال قولغا ساق-سالامەت چۈشۈرۈلسۇن!«

- سىلەر ماتىرىيالنى تاپشۇرساڭلار، ھاياتىڭلارغا كېپىللىك قىلىمىز، بولمايدىكەن، ھەممىڭلار قىرىپ تاشلىنىسىلەر!، - كاناي يەنە ياڭراشقا باشلىدى.

- ناۋادا بىر پاي ئوقنى بىزگە ئاتىدىكەنسىلەر، ماتېرىيالمۇ يوق، بىزمۇ يوق بولىمىز!، - بەرناخان شۇنداق دىگىنىچە يانىدىكى شېھىت يىگىتنىڭ بىر جۇپ ئايغىنى قۇرسىقى تەرەپكە تېڭىپ ئورنىدىن ئۆرە بولۇپ تۇردى.

- ئاتامدۇق؟، - دەپ سورىدى ئالاھىدە قىسىمنىڭ مەرگىنى بەرناخاننىڭ بېشىنى نىشانغا ئېلىپ تۇرۇپ.

- پوق يىمە ! كۆرمىدىڭمۇ ئۇنىڭ قورسىقىغا تېڭىۋالغان بومبىسىنى!، - دەپ ۋاقىرىدى باشلىق مەرگەنگە، - خالىدە دېگەن مۇناپىق ئەشۇ شۇ، ئۇنىڭدىن ئېھتىيات قىلىڭلار، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ! ۋاقتى كەلسە ئۇ يالغۇز بىزگە تېتىيالايدۇ، بۇنى بىلەمسەن!

بەرناخان يانىدىكىلەرگە ئاستا گەپ قىلدى:

- ئۇلار ئەمدى ھېچقايسىمىزغا ئالدىراپ قول سالالمايدۇ، تىللاخان سىز بۇ قېرىندىشىمىزنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ قورسىقىڭىزغا تېڭىۋېلىڭ! پاششاخان مەن ھە دىگەندە سىز ئالدى تەرەپكە بار كۆچىڭىز بىلەن قېچىڭ، ئالدىڭىزدا تىك كەتكەن بىر يارلىق بار، ئۆزىڭىزنى شۇ يەردىن ھاڭغا ئېتىڭ، ئۇدۇللا ئىران تەۋەلىكىدىكى

چوڭقۇر كۆلگە چۈشسىز، ئامان بولساق تاغ-تۈرادا سىزنى كۈتىمىز پاششاخان! ئەڭ مۇھىمى ماتېرىيالنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش، بۇنى ئۇنتۇماڭ!

شۇ چاغدا يۇقىرىدىن يەنە يېڭى بۇيرۇق ئالغان كارناي ئۈنلۈك ياڭراشقا باشلىدى:

- خالىدە! سەن قاراپ تۇرۇپ بىزگە خائىنلىق قىلامسەن؟ سەن بىزگە ئىز قالدۇرمىغان بولساڭ، سىلەرنى بۇنچە تېز تېپىۋالالمدۇق، سەن نەگىلا بارمىغىن بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن! دەرھال ھوشۇڭنى تاپ، ك گ ب سىنىڭ ئائىلەڭ خالىدە! بىز سىنى قارشى ئالىمىز!

قەستەن ئىچكى ماجرا پەيدا قىلماقچى بولغان كارنايدىكى بۇ رۇسچە ئاۋازنى ئىللاخان ئاڭلاپ چۈشەندى، ئۇنىڭ ئەرۋايى قىرىق گەز ئۆرلەپ قۇيقا چېچى تىك تۇردى.

- ھۇ ئىپلاس خوتۇن، شۇنچە تۇساقلاردىن بىمالال ئۆتكىنىمىز بىكار ئەمەس-كەندە؟ ئەسلى قېرىندىشىمىزنىڭ جېنىغا زامىن بولغىنى سەنكەن ئەمەسمۇ؟!، ـ ئىللاخاننىڭ ئاچچىقتىن كەلگەن شەيتىنى بارمىقىغا كىلىپ توختىدى، ئۇ شۇنداق دىگىنىچە تاپانچىنى خالىدەگە قارىتىپلا تەپكىنى ئالدىراپ بېسىۋەتتى. . .

پاششاخان ئىللاخاننىڭ چىرايىغا قاراپلا «ياق» دىگىنىچە چاقماق تىزلىكىدە بەرناخاننى قۇچاقلىۋالدى، ئوق پاششاخاننىڭ ئوڭ تەرەپ دۈمبىسىدىن كىرىپ كەتتى. . . پاششاخان بەرناخاننى قۇچاقلىغىنىچە قۇرام تاشنىڭ كەينىگە يېقىلدى، شۇئان پاششاخاننىڭ ئاغىزىدىن بۇلدۇقشۇپ قان ئېقىشقا باشلىدى.

- ئاكا، مەن. . . ، ـ ئىللاخان قولىدىكى تاپانچىنى تاشلىۋېتىپ ۋاقىرىغىنىچە ئۆزىنى ئاكىسىغا ئاتتى.

- تىللاخان ئۇكام. . . ، - پاشـﺸـﺎخانىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان قان ئۇنى سـۆز قىلدۇرمايۋاتاتتى، بەرناخان ئۆكسـۈپ يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ لەۋلىرىدىن ئېقىۋاتقان قاننى سـۈرتۈۋاتاتتى، - خالىدە ئۇ. . . ئۇ مەن ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن. . . ھېلىقى بەرناخان شۇ. . .

- ئـاكـا، مەن. . . بـۇ. . . - تـىللاخـان ھۆكـرەپ يىغلىغىنىچە پاشاخاننى قۇچاقلىۋالدى.

- ئۇكام، مەن بۇلالماي قالدىم. . . لېكىن سىلەرنى قوغدىيالايمەن، بۇ يەردىن دەرھال ئايرىلىڭلار!

تىللاخان ئاكىسـى پاشـﺸـﺎخانىنىڭ قاتتىق جان تالىشـﯟاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ مەڭزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىپ چىقىراپ يىغلاپ كەتتى، ئاندىن ئۆزىچە جىم بولۇپ قالدى. . .

- تىللاخان!، ـ دەپ چاقىردى پاشـﺸـﺎخان تەسـلىكتە كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىچە شۇك بولۇپ قالغان تىللاخانغا قاراپ.

تىللاخـان ئورنىـدا داڭ قېتىـپ ئولتۇراتتى، ئۇ پاشـﺸـﺎخانغىمۇ بەرنـاخانغىمۇ قارىماسـتىن ئالقىنىدىكى قان يوقىغا قاراپ پىسـرلاپ بىرنىمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. . .

- ئۇكام تىللاخان!، ـ كۈچەپ ۋاقىرىدى پاشـﺸـﺎخان ئۇكىسـىنىڭ يوغىناپ كەتكەن كۆز قارىچۇقىغا قاراپ ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ.

تىللاخان ئەمدىلىكتە يىغلاشـتىن توختاپ كۈلۈشـكە باشـلىدى، ئۇ قۇچىقىـدا ياتقان ئاكىسـىنى يانغا ئىتتىرىۋېتىپ بىخىرامان ھالدا قۇرام تاشـنىڭ كەينىگە بېرىپ تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ كاللىسـىنى يەرگە ساڭگىلاتقىنىچە بىر نىمىلەرنى دەپ يەرنى جىجىلاشقا باشلىدى. . .

بەرنـاخان پاشـﺸـﺎخانىنىڭ ئوق تەگكەن يېرىنى تېڭىش ئۈچۈن

ياندىكى شەھىد يىگىتنىڭ كۆينىكىنى چىشى بىلەن يىرتىۋاتاتتى، ئۇ تىللاخاننىڭ نۇرمالسىز ئەھۋالنى كۆرۈپ قۇلىدىكى پارچە رەختنى تاشلاپ قويۇپ ئۆز-ئۆزىگە گەپ قىلىۋاتقان تىللاخاننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ باردى-دە ئۇنىڭ يېرىم يۇمۇلغان كۆزىنىڭ قاپقىنى قولى بىلەن كەرىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ كۆز قارىچۇقىدىن بىرنىمىنى سەزگەندەك بولدى.

- پاشىشاخان ئۇ. . . ، - دېدى بەرناخان كۆزىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ بېشىنى چايقاپ، - ئۇنىڭ نېرۋىسى بۇ بېسىمغا بەرداشلىق بىرەلمەپتۇ! ئۇ سىزنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرىدىكەن. . .

- ۋاي ئىست. . . جېنىم ئۇكام!، - پاشىشاخان ياتقان يېرىدىن تەسلىكتە ئۆمىلەپ تىللاخاننىڭ ئولتۇرغان يېرىگە كىلىپ ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتقىنىچە، - ئەمدى قانداق قىلىمىز بەرناخان؟، - دېدى ئۈمىد بىلەن بەرناخانغا قاراپ.

بەرناخان ئالاھىدە تەربىيە كۆرگەن ك گ ب نىڭ مۇنەۋۋەر ئايال خادىمى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنداق ئىشلارنى نەچچە قېتىم ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئىدى، ئۇ بۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ھودۇقۇپ قالماستىن سالماقلىق بىلەن قارار چىقاردى.

- پاشىشاخان!، -دېدى بەرناخان كەسكىن ھالدا، - تىللاخان گەرچە مۇشۇ ھالەتكە كىلىپ قالغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ تېخى ھايات، ئۇقمۇ سىزنىڭ ئەجەللىك يېرىڭىزگە تەگمەپتۇ، سىز ھازىرنىڭ ئۆزىدە قېچىپ كىتەلىسىڭىز تىللاخانمۇ ھايات قالىدۇ، مەنمۇ ھايات قالىمەن، ناۋادا قېچىپ كىتىش قولىڭىزدىن كەلمىسە ئۈچىلىمىزنىڭ ھاياتىدىن ئۈمىد يوق، قارار قىلىڭ پاشىشاخان!

بۇ قېتىم بەرناخاننىڭ كۆزىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى،

پاششاخان باشقا گەپ قىلماي بېشىنى لىڭشىتىپ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلدى. بەرناخان دەرھال كىلىپ پاششاخاننى يۆلەپ تىللاخانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزدى ئاندىن يەردىكى يىرتىق لاتىلارنى ئېلىپ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تېڭىپ چىقتى.

- بۇپتۇ، بەرناخان مەن قاچاي. . . سىلەرنى ئاۋۋال ئاللاغا تاپشۇردۇم. . . ، -دېدى پاششاخان بەرناخانىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ ھاسىرىغىنىچە.

- قولىڭىزدىن كېلىدۇ پاششاخان، - خالىدە كۆزىگە ياش ئېلىپ ئاغىزىدىن قان ئېقىۋاتقان پاششاخانىنىڭ يۈزىنى كۆكسىگە مەھكەم باستى، - سىزنى كۈتىمەن تاكى سىز قايتىپ كىلىپ مىنى باغرىڭىزغا باسقۇچە پاششاخان!

- مەن چوقۇم قايتىپ كېلىمەن بەرناخان، مىنى ساقلاڭ!

پاششاخان بېشىنى تەسلىكتە كۈتۈرۈپ بەرناخانىنى باغرىغا بېسىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى ئاندىن ئۇكىسى تىللاخانىنىڭ پىشانىسىگە قايتىلاپ سۆيۈپ كۆز يېشى قىلغاندىن كېيىن داق يەردە كۈزى ئۇچۇق ياتقان شەھىد يىگىتنىڭ يۈزىگە يۈزىنى يېقىپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

ئۇلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن بەرناخان تىللاخانىنىڭ قولتىقىدىن يۆلەپ ئۇنى قارشى تەرەپتىكى قورالىق ئالاھىدە قىسىم يوشۇرۇنغان تەرىپىگە ئېلىپ ماڭدى.

ئالاھىدە قىسىمنىڭ باشلىقى بۇ ئىككەيلەننى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئارسىدا زادى نىمە ئىشلارنىڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمەي بىر ئاز جىددىلىشىپ قالدى، چۈنكى يۇقىرىدىن كەلگەن بۇيرۇقتا خالىدەنىڭ «ئالاھىدە جاسۇس» ئىكەنلىكىنى ناۋادا قىلدىن قىيىق سەۋەنلىك

ئۆتۈلسە بۇ قىسمنىڭ خالىدەنىڭ قۇلىدا ھالاك بولىدىغانلىقى ئالاھىدە ئەسكەرتىلگەن ئىدى.

- خالىدە !، - دەپ كارنايدا ۋاقىرىدى باشلىق، - بىر ئادىمىڭغۇ بايام ئۆلدى، يارلانغان يەنە بىرى قېنى؟

- بايام ھەممىنى كۆردىڭ، ئۇق ئۇنىڭ جىگىرىنى يېرىۋېتىپتۇ، ئۇ بۇلالمىدى!

- بىزگە لازىملىق ماتېرىيال قېنى؟

- ئۇ قورسىقىمىدىكى پارتلاتقۇچنىڭ كەينىگە تېگىقلىق! ماتېرىيالنىڭ قالغان يېرىمى يېنىمدىكى بۇ يىگىتنىڭ قويىنىدا! - ئۇنىڭ ۋاقىرىدى بەرناخان قۇلىنى كارناي قىلىپ تۇرۇپ.

قىسىم باشلىقى يەنە ۋاقىرىدى:

- قولۇڭىدىكى قۇرالنى تاشلىۋەت!

- مانا كۆردىڭمۇ ھەممىسى مانا مۇشۇ !

بەرناخان بىلىدىكى قىستۇرۇلغان تاپانچىلاردىن جەمئىي تۆت دانىنى قۇلىدا ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇلارغا كۆرسەتكەندىن كېيىن يەرگە بىربىرلەپ قۇيۇشقا باشلىدى.

باشلىق دۇربۇن بىلەن ھەممىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىۋاتاتتى، ئۇ بەرناخاننىڭ يەرگە قۇيغان تاپانچىلارنىڭ سانىغا قاراپ كۆڭلى بىر ئاز ئارام تاپقاندەك بولدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە تەشۋىش ئىچىدە قۇلىدىكى سائەتكە قاراپ قۇيۇپ يېنىدىكى ياردەمچىسىگە ئېيتتى:

- يۇقىرىدىن كېلىدىغان ياردەمچى قىسىم ئەجەب كەلمىديا؟ ھەممىدىن چاتىقى ماۋۇ خالىدە دىگەن نىمە. . . ھەي . .!.

- تىك ئۇچارنىڭ كېلىدىغان ۋاقتىمۇ بولاي دېدى باشلىق، لېكىن

بىز ئالتە ئادەم، ئۇ ئىككىسى ئاسماندا ئۇچسمۇ بىزگە تېتىيالماس باشلىق!

- ئۇ گېپىڭنى قوي، - دېدى باشلىق قاپىقىنى تۈرۈپ، - باش شتاب بىكارغا ياردەمچى قىسىم ئەۋەتەمتى، ئاۋۇ ئايالدىن ئەنسىرەيمەن، بىلەمسەن؟

ئاڭغىچە بەرناخان بىلەن تىللاخان ئۇلار تۇرغان قۇرام تاشقا يېقىنلاپ كەلدى، تىللاخان قۇلىقى يۇمشاق كىچىك بالىدەك بەخىرامان هالدا بەرناخاننىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئەگىشىپ كىلىۋاتاتتى. ئۇلار قۇرام تاشنىڭ يېنىغا كىلىشى تاشنىڭ كەينىدىن ئالتە قۇراللىق خادىم چاقماقتەك ئېتىلىپ چىقىپ ئۇلارنى ئارىسىغا ئېلىۋالدى.

- قولۇڭنى بېشىڭغا ئېلىپ يەردە يات!، -بۇيرۇق قىلدى باشلىق ئىككىسىنىڭ بېشىغا ئاپتوماتنى تەڭلەپ تۇرۇپ.

شۇ ئەسنادا بەرناخان قىسىم باشلىقىنىڭ قەدەمنى خاتا باسقانلىقىنى سىزىپ كۆڭلىدە چوتنى سوقۇپ بولغان ئىدى، ئۇ قولىنى بېشىغا قويماقچى بولۇپ ئىككى قولىنى كۆتۈرگەندەك بىر قىلىپلا كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تىللاخاننىڭ بەل قىسمىغا يوشۇرۇپ قويغان تاپانچىنى ئېلىپ چاقماق تىزلىكىدە قىسىم باشلىقىنىڭ مېڭىسىگە بەتلەپ ئۆلگۈردى.

- ھەممىڭ قۇرالنى تاشلاش! بولمىسا بۇنىڭ كاللىسىدىن تۆشۈك ئېچىۋېتىمەن!، - غەزەپ بىلەن ۋاقىرىدى بەرناخان قالغان بەش خادىمغا.

قالغان مەرگەنلەر كۆز ئالدىدىكى بۇ ئىشلارغا ئىشىنەلمەي گاڭگىراپ تۇرغاندا «پاڭ» قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن بەرناخاننىڭ قولىدىكى تاپانچىدىن بىر پاي ئوق ئېتىلىپ چىقىپ ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى باشلىققا

يىراقراق تۇرغان بىرسـىنىڭ پېشانىسـىدىن تۆشـۈك ئېچىۋەتتى، بىچارە خادىم قۇلىدىكى قۇرالنى تاشـلاشـقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي تىزلانغان ھالدا جان تەسلىم قىلدى.

ئاڭغىچە پاشـاخان بەرناخان بىلەن ئالدىن دېيىشـۋالغىنى بويىچە ئوق ئـاۋازىنى ئـاڭلاپلا قۇرام تاشـنىڭ كەينىدىن جىنىنىڭ بارىچە چېگرا تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. . . ئۇ بار كۈچىنى ئىشـقا سـېلىپ لىۋىنى-لىۋىگە چىشلەپ يۈگۈرۈۋاتاتتى. . .

ئۆز خادىمىنىڭ پېشانىسـىنىڭ ئوتتۇرسـىدىن شـۇرقىراپ چىقىۋاتقان قاننى كۆرگەن قىسـىم باشـلىقىنىڭ قۇلى تىترەپ ئاپتوماتنى ئىختىيارسـىز بەرنـاخـانغا ئۆتتۈپ كەتتى، ئۇ كېكەچلەپ قول ئاسـتىدىكىلەرگە بۇيرۇق قىلدى:

- دەرھال ئۇنىڭ دىگىنىدەك قىلىڭلار!

قالغانلار شـۇئان باشلىقىنىڭ دىگىنى بويىچە قۇلىدىكى ئاپتوماتلارنى يەرگە قويۇپ ئىككى قۇلىنى بېشـىنىڭ ئۈسـتىگە ئېلىشـى بەرنـاخان «تـات. . . تـات. . . » قىلىپلا قۇلـىدىكى ئـاپتومـات بىلەن كەينىگە كىرىۋالغان بۇ ئالاھىدە قىسمنى دۇنيادىن پاك-پاكىزە قىرىۋەتتى.

بەرناخان ئىشـنى تۈگىتىپ دەرھال پاشـاخاننىڭ كەينىدىن چېگرا تەرەپكە مېڭىشـقا تەمشـىلىۋاتقاندا ئاسـماندا بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان پەيدا بولۇپ ئۇلارنى مۇھاسـىرىگە ئېلىۋالدى، بەرناخان ئامالسـىز ئاخىرى قۇرال تاپشۇرۇشقا مەجبۇرى بولدى. . .

قانسـىراپ كەتكەن پاشـاخان شـۇ يۈگۈرگىنىچە بەرناخان ئېيتىپ بەرگەن ھېلىقى تىك يـارغـا ئـاران يىتىپ بـاردى، شـۇنـداق قىلىپ ئۇ كەينىگە قاراشـقىمۇ مادارى يوق ھالدا ئۆزىنى ئىران تەۋەلىكىدىكى كۆلگە ئاتتى. . .

# ئون يەتتىنچى باب

## سۆرە ياسىن

جەننەت يەتتىنىڭ پىرىزدىنىتقا ئېيتىپ بەرگەن گۈلزارلىقىنىڭ ھىكايىسى ئاخىرلاشقاندا كەچكى قۇياشمۇ بەش بۇرجەكلىك بىنانىڭ دەرىزىلىرىدىن ئۆزىنىڭ نۇر دەستىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ زىمىنىنىڭ ئۇ قېتىغا ئاتلىنىشقا تەمشىلىۋاتاتتى.

- پاششاخان ئوغلۇم!، - پىرىزدىنىت ئۇنىڭ قولىنى يەنە بىر قېتىم مەھكەم تۇتۇپ ئېيتتى، - كۆپ جاپا تارتىپسىز!

پاششاخان پىرىزدىنىتنىڭ ئاتىلارچە قاراشلىرىدىن، سەممىي سۆزلىرىدىن كۆزىگە ياش ئالدى.

- پىرىزدىنىت ئەپەندى، - دېدى پاششاخان بېشىنى لىڭشىتقان ھالدا كۆزىدىن سىرغىغان ياش تامچىسىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، - سىزنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان قاتىل ئاددى ئادەم ئەمەس، ئۇ ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدۇ!

- قېنى پاششاخان ئېيتىڭە، ئۇ كىم؟، - دەپ سورىدى پىرىزدىنىت بۇ گەپتىن ھەيرانۇ-ھەس قالغان ھالدا ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ.

- ئېيتىشقا تىلىم كۆيىدۇ ئالىيلىرى. . .

- بىزگە ھازىرغىچە تۇتۇق بەرمىگەن زادى قانداق ئادەم ئۇ پاششاخان؟

- ئۇ دەل سىزنىڭ مۇشۇ زېمىندىكى ئەڭ يېقىن دوستىڭىزنىڭ دادىسى!

- مېنىڭ ئەڭ يېقىن دوستۇم. . . ئەڭ يېقىن دوستۇم. . . ، - پېرېزدېنت بارمىقىنى چىشلەپ ئويلىنىشقا باشلىدى، -ھە، سىز مۇئاۋىن پېرېزدېنتنى دېمەكچى ئەمەستۇ؟، - پېرېزدېنت كۈلۈپ كەتتى، - چاقچىقىڭىز ئېغىر كەتتى پاششاخان!

- ياق، بۇ ھەرگىز چاقچاق ئەمەس پېرېزدېنت ئالىيلىرى!، - دېدى پاششاخان سەممىيلىك بىلەن، - بۇ ئىشتىن دوستىڭىزنىڭ پۈتۈنلەي خەۋىرى يوق ئەمما بۇ ئىشنى پەردە ئارقىسىدا پىلانلىغۇچى دەل ئەشۇ مۇئاۋىن پېرېزدېنتنىڭ دادىسى!

- بۇنداق دېيىشكە نېمە ئاساسىڭىز بار؟ ئۇنىڭ دادىسى مېنىڭ ئونىۋېرسىتېتتىكى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئۇستازىم بولىدۇ پاششاخان؟، - دېدى پېرېزدېنت پاششاخانغا قايتىدىن سىنچىلاپ قاراپ.

- مەن شۇ قېتىم تۈركمەنىستان چېگىرىسىدىن ئىراندىكى كۆلگە ئۆزەمنى ئاتقاندىن كېيىن شۇ ئىرانلىقلار تەرىپىدىن قۇتقۇزۇلۇپ ئاخىرى بىر قانچە يىلدا مىڭ بىر مۇشەققەت بىلەن دۆلىتىڭىزگە يېتىپ كەلدىم، ئاندىن ھېلىقى ماتېرىيالنى ئالدىنقى نۆۋەتلىك پېرېزدېنتقا ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇردۇم، - دېدى پاششاخان ئۇلۇق-كىچىك تىنغان ھالدا، - بەرناخاننىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىكەن، شۇ چاغدا ك گ ب مېنى ھەر تەرەپتىن ئىزدەپ قېزىۋەتتى، مەن ئىراندىكى ۋاقتىمدا رۇس جاسۇسلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالدىم، ئامېرىكا پېرېزدېنتى ماتېرىيالنى تەپسىلى كۆرۈپ مەندىن نېمە تەلىپىڭ بار دەپ سورىغاندا مەن ئارتۇقچە شەرت قۇيالمىدىم، شۇ چاغدا ك گ ب

دىن ۋاقىتلىق ئۆزەمنى قوغداپ تۇرۇش ئۈچۈن ماڭا نىسبەتەن سىلەرنىڭ«كىراۋىن ھەربىي تۈرمىسى» دە يۇشۇرۇنۇپ تۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ ئاقىلانە چارە ئىدى شۇڭا پېرىزدىنىت بۇ تەكلىپىمنى ماقۇل كۆرۈپ ئۆزى شەخسەن بۇنى تەستىقلىدى، شۇنىڭ بىلەن مەن يەنە ئۈچ يىلنى ئەشۇ جايدا بىخەتەر ئۆتكۈزدۈم. . .

بىر كۈنى سىزنىڭ ۋال ستىرىت كوچىسىدىكى يىغىلىشتا سۆز قىلىدىغانلىقىڭىزنى تېلېۋىزوردىن ئاڭلاپ قالدىم، لېكىن شۇ كېچىسى سىزنى چۈشەپ چىقىپتىمەن، ئەتىسى كاللامغا سىز توغرىلىق بىر خىل خىيال كېلىۋالدى، سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى ئويلىنىۋېتىپ سىز نۇتۇق سۆزلەيدىغان ئەشۇ كۈنى سىزدىكى ئۈچ خىل بىئولوگىيىلىك ھالەتنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئەڭ تۆۋەن نوقتىغا چۈشىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم. . .

- قايسى ئۈچ خىل بىئولوگىيىلىك ھالەت بالام؟، - سورىدى پېرىزدىنىت ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ.

- مەن سىزگە سۆزلەپ بەرگەن چىنى ماچىندىكى ھېلىقى قولىيازما توغرىسىدىكى گەپ ئېسىڭىزگە باردۇ ھەقىچان، ئۇنىڭدا ئىنسان تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئۇنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ 33 كۈندە، كەيپىياتىنىڭ 28 كۈندە، تەن قۇۋۋىتىنىڭ 23 كۈندە بىر دەۋر قىلىدىغانلىقىنى كۆرگەن ئىدىم، بۇ خىل نەزەرىيەنىڭ ئۆزىنى-ھازىرقى زامان ئالىملىرى تېخى 1930-يىللاردىلا ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى ئامېرىكىدا بولسا بۇ تېما توغرىسىدا 1960-يىلى ئاندىن رەسمىي خەلقئارالىق يىغىن ئېچىلدى، سىزنىڭ نۇتۇق سۆزلەيدىغان بۇ كۈنىڭىزدە مانا بۇ ئۈچ خىل دەۋرىيلىكنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئەڭ تۆۋەن نوقتىغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم، ئاندىن ئۆزەمچە بۇ

ئىشقا قىزىقىپ قېلىپ سىزنىڭ تۇغۇلغاندىكى يۇلتۇز تۆركۈمىڭىزگە قاراپ باقتىم، سىز مەيلى غەرب ئاسترولوگىيىسى ياكى شەرق ئاسترولوگىيىسى تەرەپتىن بولمىسۇن تۇغۇلغان ۋاقتىڭىزدىكى يۇلتۇزىڭىز تۇپراق يۇلتۇزغا تەۋە ھېسابلىنىدۇ، ھېلىقى قول يازما پۈتۈكتە «تۇپراق يۇلتۇزلۇق بۇرجلارغا شامالغا تەئەللۇق كەۋاكىپلار ئېقىپ كىرسە تەبىئەتتە بوران-تۇپا كۆتۈرۈلۈش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ، ھەمدە شۇنىڭغا ماس ھالدا تۇپراق يۇلتۇزلۇق ئادەمنىڭ بەدىنىدىكى خىلتلار ئارىسىدا يەنى تۇپراققا ۋەكىللىك قىلىدىغان سەۋدا خىلتى بىلەن قان خىلتى ئوتتۇرىسىدا مۇناسىپ ئۆزگۈرۈشلەر كىلىپ چىقىدۇ» دېگەن تەلىماتلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان، ئاندىن «ئىنسان بەدىنى ئۆز يۇلتۇزىنىڭ تەبىئىتىگە خاس تەبىئەتلىك كەۋاكىپنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا قۇۋۋىتى ئېشىپ، تۈرلۈك ئىشلىرى ئوڭ كېلىدۇ ھەتتا دىنىي ئىبادىتى مەقبۇل بولىدۇ، ئەكسىچە ئۆز يۇلتۇزىنىڭ تەبىئىتىنى ئاجىزلاشتۇرغۇچى كەۋاكىپلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسا بەدەنىنىڭ تەگپۈگلۇقى قالايمىقانلىشىپ تۈرلۈك ئىشلىرى يۈرۈشمەيدۇ ھەتتا ئىبادىتى مەقبۇل بولمايدۇ» دىگەنىدەك بەزى خۇراپىي تەلىماتلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان، ئەمىلىيەتتىمۇ ياۋرۇپادىكى ھازىرقى زامان غەرب ئاسترولۇگىيىسى مانا مۇشۇ خىل تەلىمات ئاساسىدىكى قەدىمى ئاسترولوگىيەنى تۇتقا قىلىپ كېڭەيگەن.

سىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە قارايدىغان بولساق بۇ كۈنى دەل سائەت ئون ئىككى يېرىمدا ئاسترولۇگلار نەزىرىدىكى ئاتالمىش شۇم يۇلتۇزىڭىز يەنى سىزگە پايدىسىز بولغان كەۋاكىپ سىزنىڭ بېشىڭىزغا ئەڭ تىك ئۇدۇللانغان بولىدۇ. ئەمىلىيەتتىمۇ ھازىرقى زامان ئاسترونومىيىسىگە قارايدىغان بولساق بۇ كۈنى سائەت ئون ئىككىدىن ئوتتۇز مىنۇت ئۆتكەندە قۇياش سىستېمىسىدىكى بىر سەييارە دەل ۋال-

ستىرت كوچىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنىغا نىسبەتەن ئەڭ تىك ھالەتتە ئۇدۇل كەلگەن بولىدۇ.

ئەمدى شۇ كۈندىكى شامالنىڭ تۇيۇقسىز كۈچىيىشىگە كەلسەك بۇ سائەتتە ئاي شارىمۇ سىز دەسسەپ تۇرغان جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا نىسبەتەن ئاتالمىش «شامال كۈچىنى كۈچەيتىدىغان مۇناسىۋەتلىك بىر بۇرچقا كىرگەن بولىدۇ» بەلىم بۇ خىل تەلىماتنى پۈتۈنلەي يوققا چىقىرىشقىمۇ بولماس، بۇ توغرىسىدىكى گەپلەر يىراق قەدىمي شەرقتىكى ئۇرۇش ئالىمى سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرىدىمۇ ئاز تولا ئۇچرايدۇ. دېمەك ئاسترولوگلار «بۇ كۈندىكى تۇيۇقسىز ئۆزگەرگەن شامال كۈچىنىڭ يۆنىلىشى ئوقنىڭ تېخىمۇ يىراققا بېرىشىغا تۈرتكە بولىشى مۇمكىن» دەپ قارىغان، سىزمۇ بىلىسىز قاتىلنىڭ مەرگەنلىكىدە شامال كۈچى ئەڭ مۇھىم ئامىلنى ئىگەللەيدۇ.

ئادەتتە مانا مۇشۇ خىل پايدىسىز ئامىللار ئىچىدە سىزگە قول سېلىش دەل ئاتالمىش ئاسترولوگلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بولغان بولىدۇ، مەن تۆنۈگۈن بۇيرۇقتا ئاساسەن ئاقسارايي ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان مۇھىم شەخسلەرنىڭ ئارخىپىنى تەپسىلى كۆرۈپ چىقتىم، سىزنىڭ بۇ قېتىمقى نۇتۇق پائالىيىتىڭىزنىڭ كۈن تەرتىپىنى سىزنىڭ ئاقىللار گۇرۇپپىڭىز ئورۇنلاشتۇرغان بولىدۇ، ئاقىللار گۇرۇپپىڭىزنىڭ مەسئۇلى بولغان ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم شەخس ستېۋېن بولسا دەل مۇئاۋىن پېرىزدىنتىنىڭ دادىسى دوكتور كالدىيانىڭ خارۋارد ئونىۋېرسىتېتىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسى، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاتا-بالىلىق مۇناسىۋەتتىنمۇ يېقىن بولۇپ ئادەتتە ستېۋېن ھەرقانداق ئىشنى ئۇستازى كالدىياغا مەسلىھەت سالماي قىلمايدىكەن، دوكتور كالدىيانىڭ ئەسلى كەسپى جەمئىيەتشۇناسلىق بولسىمۇ ئەمما ئۇنىڭ ئاسترونومىيە ۋە ئاسترولوگىيە جەھەتتىكى

بىلمى تەڭداشسىز، دۆلەت ئىچىدىكى بەزى نوپۇزلۇق ئاسترولوگىيە تەتقىقات ئورۇنلىرى ئۇنى پات-پات دەرس سۆزلەشكە تەكلىپ قىلىدىكەن، شەكسىزكى بۇ ئىشنى دوكتور كالدىيا بىر قوللۇق پىلانلىغان.

پىرىنسېس پادىشاھنىڭ باياتىن ئىشلارنى ئاڭلاپ ئولتۇرغان يېرىدە ئۇزۇنغىچە ئولتۇرۇپ كەتتى، ئۇ ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ پادىشاھقا ئېيتتى:

- سىز بىلمەيسىز پادىشاھ، مەن دوكتور كالدىيانىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان، مېنىڭ بۆگۈنكى كۈنگە ئېرىششىمنى ئۇستازىم كالدىيا ئەپەندىنىڭ ئەجرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئۇ ئاجايىپ كۆيۈمچان بىر ئاتا، مەسئۇلىيەتچان بىر ئۇستاز ئىدى، ئەمدى قانداق بولۇپ بۇ ئىشقا قول تىققاندۇ؟ زادى ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ دەڭا!

- ئالدىغا ئىگىلمەيدىغان قول يوق، ئىشلارنىڭ يەنە يامانغا ئۆزگۈرۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇنى تېپىپ بۇ ئىشلارنى ئاخىرلاشتۇرۇشىڭ پىرىنسېس ئەپەندى!

- سىزنىڭچە. . . ؟، - بېشى قاتقان پىرىنسېس پادىشاھقا ئۈمىد بىلەن قارىدى.

- مېنىڭچە مۇئاۋىن پىرىنسېس بۇ ئىشتىن ئەسلا خەۋەرسىز، دوكتور كالدىيامۇ نوپۇزلۇق ئالىم ھەم مۇنەۋۋەر بىر ئاتا، بۇ ئىشنى سىز ئۇڭۇشلۇق ھەل قىلالايسىز پىرىنسېس!

- گېپىڭىزنى چۈشەندىم، - دېدى پىرىنسېس بېشىنى ئارقا-ئارقىدىن لىڭشىتىپ- ئۇنداقتا ئېغىر كۆرمىسىڭىز مەن ئۇستازىمنىڭ ئۆيىگە بىر بېرىپ كېلەي، ماڭا دەيدىغان گەپلىرىڭىز تېخى تۈگىمىدىغۇ دەيمەن؟، - پىرىنسېس پادىشاھقا قاراپ مەنىلىك كۈلۈمسىرىدى.

- شۇنداق ھۆرمەتلىك پېرىزدېنت، بۇ كۈننى كۈتكىلى ماڭا ساپمۇ-ساق ئۈچ يىل بولدى، غەلبە بىلەن قايتىپ كېلىشىڭىزنى كۈتىمەن! - پاششاخانىمۇ پېرىزدېنتقا جاۋابەن ئىللىق كۈلۈمسىرىدى.

پېرىزدېنتنىڭ سالامەتلىكى تېخى سەللىمازا ئەسلىگە كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ پاشاخانىنىڭ ياردىمىدە ناھايىتى تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى، ئۇ باشقىلارغا ئۆزىنىڭ قەيەرگە بارىدىغانلىقىنىمۇ ئېيتماي شەخسىي قوغدىغۇچىسى بىلەن بەش بۇرجەكلىك بىنادىن ئايرىلىپ ئۇدۇل دوكتۇر كالدىيانىڭ داچىسىغا يېتىپ كەلدى، ئىشىك باققۇچى پېرىزدېنتنىڭ ماشىنىسىنى كۆرۈپ دەرھال دەرۋازىنى ئۇلۇغ ئېچىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

پېرىزدېنت قوغدىغۇچىسىنى گۈللۈك ھويلىدا قالدۇرۇپ قويۇپ قۇلىدىكى ھاسىسىنى تايانغىنىچە ھاسىراپ تۇرۇپ ئىشىكنىڭ قوڭغىرىقىنى باستى، ھايال ئۆتمەي خىزمەتچى ئىشىكنى ئېچىپ پېرىزدېنتنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن ئۇنى دوكتور كالدىيانىڭ كۇتۇپخانىسىغا ئۇدۇللا باشلاپ ئەكىردى.

ئىشىك يېنىك چېكىلدى.

- كىرىڭ !

يېقىملىق ھەم تونۇش رۇخسەت ئاۋازىدىن كېيىن پېرىزدېنت ئىشىكنى ئېچىپ كىرىسلودا ئولتۇرۇپ ماتېرىيال كۆرۈۋاتقان دوكتور كالدىيانىڭ ئالدىغا ئاستا مېڭىپ كەلدى، يەتمىشلەرگە يېقىنلاپ قالغان دوكتور بۇرنىنىڭ ئۇچچىغا چۈشۈپ قالغان يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆز ئەينەكنى بىر قۇلى بىلەن ئوڭشاپ تۇرۇپ بېشىنى كۆتۈرۈپ پرىزدېنتقا قارىدى.

- كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن ئۇستاز!، - دېدى پېرىزدېنت

مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى ئىگىپ كۈلۈمسىرەپ.

دوكتور كالدىيا تۇرمۇشتا پىشقان تەجرىبىلىك بىر ئۇستاز ئىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئامراق ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئۈلۈمدىن ساق قېلىپ ئالدىدا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ناھايىتى خۇشال بولدى شۇنداقلا بۇ ھۆرمەتكە لايىق پېرىزدىنتنىڭ ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈش قىلماي تۇيۇقسىز ئۆيىگە يالغۇز كىلىپ قالغانلىقىدىن ھەيران قالدى.

- كېلىڭ ئوغلۇم !، -دېدى دوكتور خۇشچىراي ھالدا ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ، - قانداق شامال ئەكەلدى ئەمدى سىزنى بۇ يەرگە؟

- سىز بىلەن خوشلىشاي دەپ تۇيۇقسىز كەلدىم ئۇستاز، - پېرىزدىنت ئورنىدىن تۇرغىلىۋاتقان دوكتۇرنىڭ مۆرىسىنى يىنىك تۇتۇپ ئۇنىڭغا يېقىن ئولتۇردى.

- دېمەكچى بولغىنىڭىز. . . ؟، - دېدى دوكتور پېرىزدىنتنىڭ سۆزىدىن ئەجەبلىنىپ.

- مەن ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىناي دېگەن، بەلكىم بۇ بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قالار، مەن ئەمدى ئامېرىكا زىمىنىغا قايتا قەدەم باسماسلىقىم مۇمكىن ئۇستاز!

- بۇ نېمە دىگىنىڭىز ئوغلۇم؟، - دېدى دوكتور كۆز ئەينىكىنى ئېلىۋېتىپ پېرىزدىنتقا بۇيرۇلۇپ قاراپ.

- سۆيۈملۈك ۋەتىنىم ماڭا قۇچاق ئاچمىدى ئۇستاز، ئارقا-ئارقىدىن ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراۋاتىمەن، بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەم بالىلىرىم ئاتىسىز قالغۇدەك، ئەمدى ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئائىلەمدىكىلەر بىلەن خاتىرجەم ئۆتكۈزسەم دەيمەن؟

- بۇ سەۋەب ئەمەسقۇ بالام؟، - دېدى دوكتور كۆز ئەينىكىنى سۈرتىۋېتىپ بولغاندىن كۆزىگە ئۇنى قايتا تاقاپ تۇرۇپ.

- شۇنداق بۇ سەۋەب ئەمەس، ئەمما. . . ، - پېرىزدىنىت گېپىنىڭ ئايىغىنى ئېيتالمىدى.

- ئېيتىڭە زادى نېمە سەۋەب بولدى؟، - دەپ سورىدى دوكتور پېرىزدىنىتنىڭ قولىنى چىڭ تۇرۇپ تۇرۇپ.

- ئەمما. . . ئەمما مىنىڭ تەلەي يۇلتۇزۇم ماڭا ئالدىنى قىلمايۋاتىدۇ ئۇستاز!، - پېرىزدىنىت بۇ گەپنى دەپ بولۇپ كۆزىگە مۆلدە ياش ئالدى.

دوكتور كالدىيا «تەلەي يۇلتۇزى» دېگەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ھەممە ئىشنىڭ تېگىگە يەتتى، ئۇ ئورنىدا ئۈزۈن ئولتۇرۇپ ھېچقانداق گەپ قىلمىدى، ئاندىن يېنىدىكى پرىزدىنىتنىڭ مۆرىسىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

- ئوغلۇم منى ئەپۇ قىلىڭ!، - دېدى دوكتور كۆزىدىن مارجاندەك ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، - كىتىدىغان ئادەم سىز ئەمەس مەن بالام!

- ياق ئۇستاز . .!.

ئۇلار ئۇن-تىنسىز قۇچاقلىشىپ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشلىرى ئارقىلىق بىر-بىرىدىن ئەپۇ سورىشىۋاتاتتى. بىر ھازادىن كېيىن پېرىزدىنىت مېڭىشقا تەمشەلدى.

- بالام سىزگە دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى. . . ، - دېدى دوكتور كالدىيا ئىشىك يېنىغا بېرىپ قالغان پېرىزدىنىتنى توختىتىپ.

- قۇلىقىم سىزدە ئۇستاز، - دېدى پېرىزدىنىت كەينىگە بۇيرۇلۇپ قاراپ.

- ئوغلۇمغا بۇ ئىشلارنى ئېيتمىغان بولسىڭىز، - دېدى دوكتور پۇشايمان ياشلىرىغا تولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، - ئالىم

بولماقتىن ئادەم بۇلىشىنىڭ تەسلىكىنى ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن. . .

- خاتىرجەم بۇلۇڭ. . . ئۇ مىنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ يېقىن دوستۇم، ئۇنىڭ ھاياتى مىنىڭ بارلىقىم ئۇستاز!، - دەپ كۇلدى پېرىزدىنىت دوكتورغا ئىشەنچ بىلەن تىكىلىپ قاراپ.

شۇنداق قىلىپ پېرىزدىنىت يېرىم سائەت ئىچىدە دوكتور كالدىيا بىلەن بولغان ھېساب-كىتاپنى بۇغۇپ كۆڭلى ناھايىتى خۇشال ھالدا ئاقسارايغا قايىتتى، ياتاقتا ساقلاپ تۇرغان پاشاخان پېرىزدىنتنىڭ ئۇچۇق چىرايىغا قاراپ ئىشلارنىڭ ئۇڭۇشلۇق بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئىچىدە خۇداغا مىڭ شۈكۈرى قىلدى.

- قانداق بولدى پېرىزدىنىت ئەپەندى؟، - دەپ سورىدى پاشاخان ئۇسسۇلۇق ئىچىۋاتقان پېرىزدىنتتىن ئەھۋالنى بىلگۈسى كىلىپ.

- قانداق بۇلاتتى ئوغلۇم، - دەپ كۇلۈپ كەتتى پېرىزدىنىت قۇلىدىكى ئىستاكاننى ئويناپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ يارىلانغانلىقىنى ئۇنۇتقان ھالدا، - ئىشلار سىزنىڭ دېگىنىڭىزدەك بولۇپ چىقتى، ئېيتىڭا ئەمدى مەن سىزگە نېمە قىلىپ بىرىمەن پاشاخان؟

پېرىزدىنتنىڭ مۇشۇ تاپتا كۆڭلى ناھايىتى خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن دوستىدىن شۇنداقلا بۇ يېقىن دوستىنىڭ دادىسى بولغان كالدىيا دوكتوردىنمۇ ئايرىلىپ قالغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا پاشاخان پۇرسەتنىڭ يىتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ گەپنى ئەگىتمەي ئۇدۇللا ئېيتىۋەردى:

- قەدىرلىك پېرىزدىنىت ئەپەندى، ئاللاھ خالىسا مىنىڭ ۋەتىنىمنى رۇسلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىۋېلىڭ!

پېرىزدىنتنىڭ خۇشال كۇلكىسى يۇقۇلۇپ چىرايىنى بىر غەم

باسقاندەك بولدى، بىر دەمدىن كېيىن چىرايىغا ئاۋالقىدەك خۇشاللىق يۈگۈرتۈپ پاششاخانغا تىكىلىپ قارىدى.

- بولىدۇ بالام، - دېدى پېرىزدىنىت ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، - مەن بار كۈچۈم بىلەن تىرىشىمەن، بۇ ئىشقا بىر ئاز ۋاقىت كېتىدۇ، مەن تەلىۋىڭىزنى ھەممە كۈن تەرتىپىنىڭ ئەڭ ئالدىغا قويىمەن! بۇ مېنىڭ سىزگە قىلغان رەھمىتىم بولۇپ قالسۇن!

- رەھمەت پېرىزدىنىت ئەپەندى! ئۇلۇغ ئاللاھىمدىن سىزگە ئۆمۈرلۈك بەخت-سائادەت تىلەيمەن!، - دېدى پاششاخان ئالقىنى بىلەن تاراملاپ تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، - تۈركمەنىستان سىزنى مەڭگۈ ئۇنۇتمايدۇ!

- پاششاخان، - پېرىزدىنىت بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ ئېيتتى، - سىزنىڭ بۇندىن كېيىنكى ھاياتى بىخەتەرلىكىڭىز دۆلىتىمىز تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، سىزنى پات ئارىدا ۋەتىنىڭىزگە قايتۇرىمەن، بېرىپ دوستىڭىز تىللاخان بىلەن بەرناخاننى ئىزدەپ تېپىڭ، ھەرقانداق تەلىپىڭىز بولسا موسكۋادىكى ئەلچىخانىمىزغا كىرىپ ئەھۋالنى ئېيتىڭ، مەن ھەرقانداق ۋاقىتتا سىزنى قوبۇل قىلىمەن! پۈتۈن رەسمىيەتلىرىڭىزنى ئۆزەم بىر قوللۇق بىجىرىپ بېرىمەن، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئامېرىكىغا بىمالال كىرىپ چىقالايسىز شۇنداقلا سىز تاپشۇرغان ماتېرىياللارنى ئەتىلا پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىۋاتىمىز، شۇنىڭ بىلەن ك گ ب مۇ سىزنى ئىزدەشتىن توختايدۇ، ۋەتىنىڭىزگە قايتىپ بېرىپ ئىشلىرىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇڭ، ۋەتىنىڭلارنى مۇستەقىل قىلىشتا ئەڭ مۇھىمى تۈركمەنلەرنىڭ ئۆز ئىچىدىن بىرگە ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىشى، بىزنىڭ خوشخەۋىرىمىزنى كۈتۈڭ پاششاخان!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ۋەتەن ئىشقىدا يۈرىكى سۇ بولۇپ كەتكەن

پاشاخاننىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئېتىلىپ چىقىشقا باشلىدى، ئۇ پېرىزدىنتنىڭ قۇلىنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ ئىسەنكىرەپ يىغلاپ كەتتى، پېرىزدىنتمۇ تۈركمەنىستاننىڭ بۇ قانۇنلۇق پادىشاھىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ كۆزىگە ياش ئالدى. . .

شۇنداق، ئامېرىكا پېرىزىنتىدەك بۇنداق ئۇلۇغ ئەرباب ئۆزىنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن ياش تۆكەلىگەن، ئۆزىنىڭ خەلقى ئۈچۈن بارلىقىدىن كېچەلىگەن بۇنداق ئەركەكلەرنى ئۆز ئوغلىدىنمۇ ئۈتە ئەتىۋارلىيالايتتى، قەدىرلەيتتى. ئەي كەرەملىك شاھ ! تاجىڭ بېشىڭدا بار ۋاقىتتا يېتىم-مىسكىنلەرگە، ئىگە چاقىسىزلارغا ئېھسان قىلغىن! مەيلى ئۇ قايسى مىللەت، قايسى ئىرىق، قايسى دىندا بولمىسۇن ئۇنىڭ ياراتقۇچىسى بىلەن سىنىڭ ياراتقۇچىڭ پەقەت ۋە پەقەت بىر، ئالتۇن كۇرسىلاردا جاھانغا پاتمىغان نى-نى شاھلارنىڭ ئۈز خەلقىگە قىلغان زۇلۇملىرى سەۋەبلىك بىر قەدەم ئېلىشقىمۇ قۇربى يەتمەيدىغان قۇرسىقى ئاچ ئاجىز گادايلار تەرىپىدىن قۇلاقلىرى سۈزۈلۈپ چالما-كېسەك بولۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۇنتۇمىغىن ! ئادالەت ئۈچۈن، ھەققانىيەت ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ خۇداسىدىن باشقا ھېچنىمىسى يوق ئېزىلگەن بىچارىلەرنىڭ ئاھۇ-زارى ئۈچۈن شەمشىرىڭنى ئېگىز كۆتۈرگىن ! دەھشەتلىك زىندانلار ئالدىدا ئۆز ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ قىزىتىلغان تۆمۈرلەر ئازابىدىن چىقىراپ قىلغان يىغا-نالىسىدىن يۈرۈگىنى مۇجۇپ يىغلاپ ئولتۇرغان بىچارە ئانىلارنىڭ شىكەستىلەنگەن يۈرىگى ئۈچۈن، جەينامازلاردا ئولتۇرۇپ قىيىن-قىستاق، تاياق - توقماق ئاستىدىكى كۆز قارىچۇقلىرى ئۈچۈن ياش تۆككەن دەرمانسىز ئاتىلارنىڭ دۇئاسى ئۈچۈن ئادالەت قىلىچىڭنى غىلىپىڭدىن سۇغارغىن ! شۇندىلا سەن بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياد ئېتىلىسەن، مەڭگۈ قەدىرلىنىسەن ئەي ئامتى ئۇگدىن كەلگەن ئۇلۇغ ئىنسان!

*   *   *   *   *

ۋاشىنگتوننىڭ كىنىندى ئايدۇرۇمىغا پاشىشاخان مەخسۇس ماشىنا بىلەن ئېلىپ كېلىنىۋاتاتتى، ئۇ ھەشەمەتلىك ماشىنىنىڭ كەينىدە ئولتۇرۇپ قۇلىدىكى ئامېرىكا پۇقرالىق سالاھىيەتنامىسىغا ئۇزۇندىن-ئۇزۇن قاراپ كەتتى، ئاندىن پاسپورت-ۋىزىلىرىغا سىنچىلاپ قاراشقا باشلىدى. يېنىدا ئولتۇرغان تۈرمە باشلىقى مارشال ھايكىر پاشىشاخاننىڭ ھەركەتلىرىگە زەن سالغاچ ئۇنىڭدىن بىر گەپنى سورىدى:

- پاشىشاخان، مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى كاپىتان جونسۇن سىزگە سالام ئېيتتى، ئۇنىڭ سىزدىن سورايدىغان بىر ئىشى بار ئىكەن، بىلمىدىم ئېيتسام بولامدۇ؟

- قۇلىقىم سىزدە ھۆرمەتلىك مارشال، - دېدى پاشىشاخان كىنىشكىلەرنى مەيدە يانچۇقىغا سالغاچ ئۇنىڭغا قاراپ.

- ئۇنىڭ بىر ئىشىنى بىلگۈسى بار ئىكەن، - دەپ كۈلۈپ كەتتى مارشال يول بويىدىكى ئېگىز بىنالارغا سەپ سالغاچ، - تۈرمىدە بىز سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىزنى ھەر قېتىم تەكشۈرتكەندە مېڭە قانتومۇرىڭىزدا ناھايىتى كىچىك ئۆسمە كۆرۈنەتتى، لېكىن قانداق بولۇپ ھازىرغا كەلگەندە يوقاپ كەتتى؟

پاشىشاخان ئەسلىدە چىن ماچىندىكى سىرلىق كىتاپتىن ئابدىمىلىك زەھىرىنىڭ ئىشىنى بىلىش بىلەن بىرگە يەنە بىر خىل ئۆسۈملۈك ئۇرۇغىنىڭ مېڭە قانتومۇرىدا ۋاقىتلىق قانتومۇر كۆپۈشۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنىمۇ بىلىۋالغان ئىدى، ئۇ ئىراندىكى چېغىدا بۇ خىل ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىنى قولغا چۈشۈرۈپ ئۆزىگە سىناپ بېقىپ

مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندىن كېيىن ئامېرىكىدىكى كىراۋىن ھەربىي تۇرمىسىگە قامىلىشتىن بۇرۇن بۇ خىل زەھەرلىك ئۇسۇملۇك ئۇرۇقىنى يۇمشاق كاۋچۇك پىلاستىر بىلەن ئۇراپ شۇ پېتى يۇتىۋالغان ئىدى. كېيىن تۇرمىدە ئۇنى ياخشى يۇشۇرۇپ ساقلاپ ھەر قېتىم پەسىللىك ياكى يىللىق سالامەتلىك تەكشۈرتكەندە ئۇ بۇ خىل ئۇسۇملۇك ئۇرۇقىنى يەۋالاتتى، ئۇرۇقنىڭ بۇ خىل تەسىرى ئىككى-ئۈچ كۈندە يېنىپ كىتەتتى.

تۇرمە باشلىقىنىڭ بۇ سوئالىغا پاششاخان ئەينەن جاۋاب بەردى، لېكىن ئۇ خىل زەھەرلىك ئۆسۈملۈكنىڭ ئىسمىنى ئېنىق ئېيتىپ بەرمىدى.

مارشالمۇ ئالى جانابلار بىلەن سۆھبەتلىشىپ كۈنۈپ كەتكەچكە بۇ توغرىلىق پاششاخاندىن بەك ئىنچىكىلەپ گەپ سۇرالمىدى. ماشىنا ئايدۇرۇمغا يىتىپ كەلدى، بىر قاتار رەسمىيەتلەر بېجىرىلگەندىن كېيىن پاششاخان ئايروپىلانغا چىقىش ئالدىدا مارشال بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى، شۇ چاغدا مارشال يەنە بىر ئىشنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ پاششاخاندىن چاقچاق ئارىلاش سورىدى:

- دوستۇم، ماڭا ئەمدى بىر ئىشنى دەپ بېرىڭ بولمىسا يەنە مىنىڭ ئۇيقۇمنى قاچۇرىسىز؟

- قايسى ئىشنى دەيسىز تۇرمە باشلىقى؟، -دەپ كۈلۈپ سورىدى پاششاخان.

- سىز ھېلىقى كۈنى ئاخشىمى سوراق قىلىنغان ۋاقتىڭىزدا كۆرۈنمەس ئەينەك تامنىڭ ئارقىسىدىكى ئادەملىرىمىزنىڭ جەمئىي تۆت نەپەر ئىكەنلىكىنى قانداق بىلگەن ئىدىڭىز؟

پاششاخان بۇ سوئالدىن كۈلۈپ كەتتى:

- ئۇ بىر پەرەز خالاس، سىزمۇ بىلىسىز مەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەم، قارىسام چۈشلىرىم شۇنداق ياخشى، ئاللاھ ماڭا خۇددى ياخشىلىق ئىلتىپات قىلىۋاتقاندەك، بىزنىڭ ياراتقۇچىمىزمۇ پەقەت بىر ئاللاھ، دىنىمىزنىڭ ئىبادەت ئەھكاملىرىدىمۇ تاق سان ئاساس قىلىنىدۇ، شۇڭا مەن ئۇ كۈنى سوراقخانىدىكى ئادەملەرنىڭ سانى تاق بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۆت ئادەمگە مىنى قاتتاندا ئاندىن بەش بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مىنىڭ كىچىك چېغىمدىن باشلاپ قىلغان بەزى پەرەزلىرىم كۆپىنچە توغرا چىقىپ قالاتتى، ئانام بۇنى كۆرۈپ ھەمىشە «سەن ئاي بىلەن كۈن بىر يەرگە كەلگەندە تۇغۇلغان، بۇنداق كۈندە تۇغۇلغان كىشىلەرنىڭ ئوينىشىپ مۇنداقلا دەپ قويغان گېپىمۇ راستتا چىقىپ قالىدۇ، سەن بىر تۇغما بىشارەتچى بالام!» دەپ ئەركىلىتەتتى. ئۇكۈنى مەن ئېتىقاد قىلغان دىنىمغا ئادەتتىن تاشقىرى ئىشەنگەنلىكىمدىن مەن ئۇ ئۇلۇغ زاتقا تەۋەككۇل قىلىپ ئۇلارنىڭ تۆت ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم.

- ئۇ زات كىم ئىدى؟

- ئەلۋەتتە سىز بىزنى ياراتقان بىر ئاللاھ!

مارشال بۇ جاۋابتىن رازى بولۇپ كۈلۈپ كەتتى، ئاندىن ئاخىرقى بىر سوئالنى سورىدى:

- قاتىلنى بىلەمسىز؟

بۇ سوئالغا پاششاخان ئېغىزاكى جاۋاب بەرمىدى، ئۇ مارشالغا ئاخىرقى قېتىم بېشىنى لىڭشىتىپ بىلىدىغانلىقىنى ئىشارەت قىلدىيۇ ئاندىن يەنە بېشىنى چايقاپ قويدى.

تۈرمە باشلىقى مارشال ھايكىر پاششاخانىڭ باش ئىشارىتىدىن ھەممىنى چۈشەندى، ئۇ ئالدىدىكى بۇ تۈركمەن يىگىتكە چەكسىز

ئېپتىخارلىق نەزىرى بىلەن قاراپ ھەربىيچە سالام قىلىپ ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ھۆرمىتىنى بىلدۈردى. پاشىشاخانىمۇ تۈركمەنچە ھەربىي سالام قىلىپ مارشال بىلەن ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتى.

* * * * *

موسكۋادا ئۇنىڭ تەسۋىرى سۈرىتىدىن باشقا ھېچقانداق شەخسى ئۇچۇرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن پاشىشاخان تۈركمەنىستان زىمىنىغا خاتىرجەم قەدەم باستى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى پاشىشاخاننىڭ سالاھىيىتىنى «ئامېرىكا تۆمۈر-رودا سودىگىرى» قىلىپ ئۆزگەرتىشتىن باشقا ئامېرىكا جاسۇسلىرىنىڭ كۆز قارىچۇق رەڭگىنى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئەڭ يېڭى ئۇسۇلنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغان ئىدى، ئۇ بۇرۇنقى ساقالسىز، قوي كۈزلۈك ھالىتىدىن سېرىق ساقال-چاچلىق ھەم كۆك كۆز ھالەتكە ئۆزگەرگەچكە ئۇنىڭدىن موسكۋا تەرەپ ھېچقانداق گۇمانلىنىشتا بولمىغان ئىدى.

ئۇ بۇ بىر قانچە يىل ئىچىدە ئاستانىنىڭ بۇرۇنقىدىن ئانچە ئۆزگەرمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى، كوچا-كويلاردىكى بىنالاردا يوق دېيەرلىك ئۆزگىرىشتىن باشقا شەھەر ئىچىدىكى ئاۋات جايلارنىڭ بۇرۇنقىدەك قىززىپ كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئەسلىدە ھېلىقى ئۇقۇغۇچىلار نامايىش ھەرىكىتىدىن كېيىن ھۆكۈمەت ئاستانىدىكى كۆچمەن تۈركمەنلەرنى يەنى ھەرقايسى ۋىلايەت-شەھەرلەردىن ئاستانىگە تۈرلۈك تىجارەت ئىشلىرى ياكى ئىشلەمچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تۈركمەنلەرنى تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن قولغا ئېلىپ قالغانلىرىنى ئۆز يۇرتىغا قوغلاشنى كۈچەيتكەن بولغاچقا شەھەردىكى

تۈركمەنلەر نوپۇسى ھەسسىلەپ ئازىيىپ شەھەرنىڭ ئاۋاتلىقىمۇ بۇرۇنقىدىن خېلىلا چۆلدەرەپ قالغان ئىدى.

پاششاخان شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى زاۋۇتىنىڭ ئورنىنى رۇسلارنىڭ مېھمانخانا بىناسى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈپ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى. ئاندىن شۇ مېھمانخانىغا چۈشۈپ ئەتىسى ئەتىگەن ئانىسى ۋە مومىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇكىسى تىللاخان بىلەن مەشۇقى بەرناخاننىڭ ئىزدىرىكىنى قىلىشقا باشلىدى، پاششاخان ھەپتىگىچە ئۇلار توغرىلىق ھېچقانداق يىپ ئۇچچىغا ئېرىشەلمىدى.

پاششاخاننىڭ كۆڭلى بىئارام بولۇپ ئاخشىمى يۇشۇرۇنچە «قەلەندەرلەر كوچىسى» دىكى بۇرۇنقى كونا ئۆيىگە بېرىپ باقتى، بۇ ئۆي شۇ پېتى تۇرغان بولسىمۇ لېكىن ئۆي ئىچىدىكى سەرەمجانلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى، ئىشىك-دەرىزىلەرنى تۇغ-توزان قاپلىغان بولۇپ بۇ نەچچە يىل ئىچىدە بۇ ئۆيگە ئادىمزات ئايىغىنى باسمىغاندەك قىلاتتى.

ئەتىسى پاششاخان ئاخىرقى ئۈمىدىنى ئۆزى تۇغۇلغان ھېلىقى تاغ تۇراغا باغلىدى، چۈنكى پاششاخان ئۇلاردىن ئايرىلىش ۋاقتىدا بەرناخانغا بۇ جاينىڭ يوشۇرۇنۇشقا ئەپلىك جاي ئىكەنلىكىنى نەچچە قېتىم تاپىلىغان ئىدى، شۇڭلاشقا پاششاخان تاغ-تۇراغا چىقىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلماقچى بولۇپ رەستىگە قاراپ ماڭدى. . .

تومۇز ئىسسىق بولغانلىقى ئۇ ئارغامچا بازىرىدىن قايتىۋېتىپ ئۆستەڭ بۇيىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىدا بىردەم ئارام ئالماقچى بولۇۋاتقاندا بىر توپ باللار ئۆستەڭگە سامدىشىپ ماڭدىغان كىچىك بىر ئېرىقنى بويلاپ ئالا-تۇپىلاڭ ۋاقىرىشىپ كېلىشتى، پاششاخان

كۆڭلىدە كىچىك باللاردىن بىرەسى ئېرىققا چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئېرىق بويىغا بېرىپ قارىغان ئىدى، باللارنىڭ ئېرىق ئىچىدىكى بىر ساراڭغا چالما-كېسەك ئېتىپ «ئاكام كەلدى. . . ئاكام كەلدى. . . » دەپ ئويۇن قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى، پاشاخاننىڭ چاچ-ساقاللىرى پاخپايغان، كىيىملىرى ھەددىدىن ئارتۇق يىرتىق، يۈزىنى پۈتۈنلەي قارا باسقان بۇ ساراڭغا ئىچى ئاغرىپ باللارغا ئاچچىقلىنىپ ئۇلارنى قوغلىۋەتتى، ساراڭ تىزىغا كېلىدىغان ئېقىن سۇنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ بايام باللار تاش ئېتىپ يېرىۋەتكەن جەينىكىدىكى قاننى ئالقىنى بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى. . . شۇ ئەسنادا باللار يەنە يۈگۈرۈپ كىلىشىپ «ئاكام كەلدى. . . ئاكام كەلدى. . .» دەپ يەنە ئۇ ساراڭنى جىلە قىلىشقا باشلىدى لېكىن بۇ قېتىم باللار پاشاخاننىڭ ئېرىق لىۋىدىن كەتمىگەنلىكىنى كۆرۈپ يەنە قېچىشىپ نېرىغا بېرىشىپ قاراپ تۇرۇشتى.

پاشاخان باللارغا ساراڭنى بوزەك قىلسا يامان بولىدىغانلىقى توغرىلىق تەربىيە قىلماقچى بولۇپ ئۇلارغا ئۈنلۈك گەپ قىلدى:

- ئۇكىلىرىم، بۇ ئادەمگە ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، قاراڭلار ئۇنىڭ جەينىكىدىكى زىدىسىگە، ئۇنىڭمۇ سىلىدەك ساغلام بولغۇسى بار، ئەمدى ئۇنى بوزەك قىلماڭلار، ئاخىرەتتە يامان بولىدۇ!

- ياق ئۇ بىر ساراڭ!

- ئۇ بىر ئېرىق سارىڭى!

- ئۇنى بىز «ئاكام كەلدى» دەپ ئاتايمىز!

- ئۇ ئەتتىگەندىن كەچكىچە مەينەت كىيىمى بىلەن ئېرىقتىكى سۇدا يۈرۈپ «ئاكام كەلدى. . . ئاكام كەلدى. . . » دەپ ئادەمنى ھۆ

قىلىدۇ، ئېقىن سۇنى بولغايدۇ!

باللار تۆشمۇ-تۆشتىن پاشاخانغا چۇرقىراشتى، پاشاخان يەنە زېرىكمەي باللارغا ساراڭنى بۇزەك قىلسا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يامان بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. باللارغا پاشاخاننىڭ گېپى ياقمىدى بولغاي گەپ تۈگىمەستە ئۇلار سۇغا چۆمۈلگىلى كېتىپ قېلىشتى.

پاشاخان ئېرىق ئىچىدە گاھى «ئاكام كەلدى. . . ئاكام كەلدى. . . » دەپ بىرنىمىلەرنى دەۋاتقان گاھى «ھى. . . ھى. . . » دەپ ھىجىيىپ تۇرغان بۇ ساراڭغا قاراپ ئۆزىنىڭ ئۇكىسى تىللاخاننى ئەسلەپ ئالدى.

«ئۇلۇغ ئاللاھىم ئۇكام تىللاخاننىڭ ئېلىشىپ قېلىشىغىمۇ مەن سەۋەپچى بولغان، ئۇلارنىڭ دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىشىغىمۇ مەن سەۋەپچى بولغان، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن ! مەندىن ئېھسانىڭنى ئايىمىغىن ! ئۇلارنىڭ بار يېرىنى ماڭا بىلدۈرگىن! دۈشمەن قولىدا بولسا ياكى بىرە جايدا يۈرگەن بولسا ئۇلارنىڭ تۇرغان يېرىنى دىلىمغا سالغىن! مىنى ئەمدى قىينىمىغىن! مىنىڭ سىنىڭ ئىشىكىڭگە بېرىپ ئېسىلىپ يىغلاشتىن باشقا ئىلاجىم يوق! مەن بىر ئاجىز بەندىمەن!»

پاشاخان دىلىدا ئاللاھتىن تىلىدى، ئۇ ساراڭنىڭ «ئاكام كەلدى. . . » دېگەن سۆزىدىن تەسىرلىنىپ «توۋۋا خۇدايىم مۇشۇ مىنىڭ ئۇكام تىللاخان بولۇپ قالغان بولسا، ئۇ مىنى كۆرۈپ ئاكام كەلدى دەپ ۋاقىرغان بولسا نېمە دېگەن ياخشى بۇلاتتى!» دەپ ئويلاپ كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالدى.

پاشاخان ئايىغىنى سېلىۋېتىپ شىمىنى تىزىغىچە تۈرۈپ ئېرىق ئىچىدە كۈلۈپ تۇرغان ساراڭنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ باردى، ئاندىن ساراڭنىڭ بىچارە چىرايىغا سەپ سېلىپ قارىدى، پاشاخاننىڭ يۈرىكى

قـارتتىدە قىلىپ قالدى، چۈنكى كۈلۈپ تۇرغان بۇ «ئېرىق ســـارىڭى» نىـڭ كۆزى ئۇكىســـى تىللاخـانىنىـڭ كۆزىگە ئوخشـــاپ قېلىۋاتـاتتى. پاشـــشـــاخان دەررۇ ئالقىنى بىلەن ئېرىقتىكى ســۇنى ئۇچۇملاپ ئېلىپ ســـاراڭنىـڭ كىردىن قـارىـداپ كەتكەن يۈزىگە چېچىپ ئۇنىڭ يۈزىنى يۇيۇپ كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

ســاراڭمۇ ئەكســىچە كۈلۈپ ھىجىيىپ پاشــشــاخانغا قارىتىپ سـۇ چېچىشقا باشـلىدى، پاشـشاخانىنىڭ ساراڭنىڭ يۈزىنى بەكمۇ كۆرگۈسى كېلىپ كەتكەن ئىدى، قېرىشقاندەك ساراڭ ئېرىققا ئىڭىشىپ توختىماي پاشـشاخانغا قارىتىپ سۇ چېچىپ چىرايىنى كۆرسەتمەيۋاتاتتى. ئاڭغىچە ساراڭنىڭ يۈزىدىكى كىر مەينەتلەر سـۇنىڭ چاچرىشـى بىلەن يۇيۇلۇپ ئۇنىڭ چىرايى بارا-بارا ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

«ئاھ خۇدا. . . ئۇكام تىللاخانىنىڭ ئۆزىغۇ بۇ!» پاشـــشـــاخانىنىڭ كۆزىدىن ياش ئېتىلىپ چىقىپ ســـاراڭنىڭ قولىنى تۇتىۋالدى، ئاندىن ئۇنىڭ چىرايىغا تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ زەن ســـېلىشـــقا باشـــلىدى. . . «شـــۇنـداق بۇ دەل تىللاخان ئۇكامنىڭ ئۆزى، بىچارە جېنىم ئۇكام!» پاشـشاخان ساراڭنى باغرىغا بېسىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ ئىسەنكىرەپ يىغلاپ كەتتى. . .

شـۇنداق قىلىپ پاشـشـاخان ياداپ بىر تىرە بىر ئۇسـتىخان بولۇپ كەتكەن ئۇكىسـى تىللاخانىنى سـاتىراشـخانىغا يېتىلەپ ئاپىرىپ ئۇنىڭ سـاقاللىرىنى قىرىپ چاچلىرىنى چىرايلىق قىلىپ ياسـاتقۇزدى، ئاندىن بـاشـــتىن ئـايـاغ كىيىملىرىنى يەڭگۈشـــلەپ ئەســـلىـدىكى چىرايلىق كېلىشـــكەن تىللاخـانلىق ھالىتىگە يېقىنلاشـــتۇردى، لېكىن تىللاخان كۆرۈنۈشـــتە نورمالدەك كۆرۈنســـىمۇ يەنىلا«ئاكام كەلدى. . . ھى. . . ھى. . . » دەپ ئاغزىنى چوڭ ئېچىپ كۈلۈپلا تۇراتتى.

پاششاخان ئۇكسىنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ نېرۋا كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ دوختۇرلار ئۇنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ ساقايتقىلى بولمايدىغانلىقىنى، بەلكىم كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزلىكىدىن ئوڭشىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭمۇ بارلىقىنى ئېيتىپ ئۇلارنى قۇرۇق يولغا سالدى.

پاششاخان ئۇكسى بىلەن ياتاقتا بىر قانچە كۈن بىللە تۇرغاندىن كېيىن بەرناخاننىڭ ئىزدىرىكىنى قىلىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز تاغ تۇراغا چىقىپ قاراپ باقماقچى بولدى، چۈنكى ئۇ بەرناخاننىڭ دۈشمەنلەرنىڭ قولىدىن ك گ ب نىڭ چاڭگىلىغا ئۆتۈپ بولغىچە ئۇنىڭ ئاللاقاچان قېچىپ كېتىدىغانلىقىغا چىن پۈتكەن ئىدى. مېڭىش ئالدىدا ئۇ تىللاخاننى قەلەندەرلەر كوچىسىدىكى كونا ئۆيدە قالدۇرۇپ بىرەسىنى ئۇنىڭغا قاراتقۇزۇپ قويماقچى بولدى، شۇنىڭ بىلەن پاششاخان بىر - ئىككى ھەپتە ئۇيان-بۇيان چېپىپ يۈرۈپ قەلەندەرلەر كوچىسىدىكى كونا ئۆيىنى بۇرۇنقى ھالىتىگە ئوخشاش قىلىپ سەرەمجانلاشتۇردى پاششاخان بۇنداق قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەلبىدىكى شەھىد بولۇپ كەتكەن يىگىتلىرىنىڭ سېغىنىش ئۇتىنى باسماقچى بولۇۋاتاتتى.

شۇنداق قىلىپ پاششاخانلارنىڭ بۇرۇنقى ئائىلىسى پۈتۈنلەي ئەسلىگە كەلدى، شۇ چاغدىكىگە ئوخشايدىغان زىلچا گىلەم، شۇ چاغدىكىگە ئوخشايدىغان يەتتە كىشىلىك يوتقان - كۆرپە، شۇ چاغدىكىگە ئوخشايدىغان ئۆي سەرەمجانلار پاششاخاننى نەچچە يىلنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارغاندەك بولىۋاتاتتى، ھەتتا ھويلىغا قۇيۇلغان شۇتىدىن باشلاپ ئۆز ئورنىغا سېلىنغان تونۇر، ئۆگزىدىكى كەپتەرخانىغىچە ھەممىسى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدىكىگە ئۆز ئەينى ئوخشىتىپ ياسالدى.

پاشىشاخان كونا ئۆيگە قانماي قارايتتى، ھېلى بۇ ئۆيگە ھېلى ئۇ ئۆيگە كىرىپ باقاتتى، مېھمانخانىدىكى بەش كىشىلىك يوتقان كۆرپىگە قاراپ يىگىتلەرنى يادىغا ئېلىپ توختىماي كۆزىگە ياش ئالاتتى. . .

شۇنداقتىمۇ پاشىشاخان بەرناخاننىڭ ئىزدىرىكىنى قىلىش ئۈچۈن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۇكىسى تىللاخاننى بۇ ئۆيگە باشلاپ ئەكەلدى، ئۆيگە قارايدىغان ئادەمنى ئۇقۇشۇپ ئۇنىڭغا ناھايىتى يۇقىرى ھەق بېرىپ ئۇكىسى تىللاخاننى ئۇنىڭغا تاپشۇردى ھەم شۇ كۈنىلا تاغ-تۇراغا چىقىدىغانغا ياخشى بىر ئۇلاغ تېپىش ئۈچۈن شەھەرگە يېقىن بولغان بىر تاغلىق سەھراغا ئات ئىزدەپ چىقىپ كەتتى.

قاتتىق يامغۇر ياغقانلىق سەۋەبىدىن تاغلىق سەھرا يۇلىدا ئاخشىمى يول مېڭىش خەتەرلىك ئىدى، شۇ سەۋەپتىن پاشىشاخان ئۇ يەردە بىر كۈن قۇنۇپ قېلىشقا مەجبۇرى بولۇپ قالدى، قايتىشقا ئىنتىزار بولغان پاشىشاخان ئەتىسى سەھەردىلا سېتىۋالغان نەسىللىك ئېتىنى يورغىلاتقىنىچە يامغۇرغا قارىماستىن شەھەرگە يول ئالدى.

پاشىشاخان چىڭقى چۈشتىن ئاشقاندا قەلەندەرلەر كوچىسىدىكى ئۆيگە يېتىپ كەلدى، ئۇ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ يورغا ئاتنى ھويلا ئىشىكى ئالدىدىكى كونا سۆگەتكە باغلاپ قويۇپ يېرىم يېپىلغان ئىشىك قانىتىنى ئاچقىنىچە ئۇكىسى تىللاخاننى كۆرۈشكە ئالدىرىدى چۈنكى ئۇ كېچىچە تىللاخاننى چۈشەپ ياتالمىغان ئىدى.

پاشىشاخان ھوجرىسىغا كىرىپ تىللاخاننىڭ يوقلىقىنى كۆرۈپ دەرھال مېھمانخانىغا چىقتى، تىللاخان ئۇيەردىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئاندىن ئاشخانا ئۆيگە قاراپ باقتى، ئاشخانىدا نەچچە يىلنىڭ ئالدىدىكىگە ئوخشاش بىر قازان گۆش پۇرۇقشۇپ قايناپ تۇراتتى.

پاشىشاخان ئۆيگە قارايدىغان ئادەمنىڭمۇ يوقلىقىنى بىلىپ بەلكىم

ئۇلار سىرتقا چىكەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ ھويلا ئالدىدىكى كوچىغا چىقىپ قاراپ باقتى.

«ياق، ئۇلار سىرتقا چىقسا ئىشىكنى بۇنداق ئۇچۇق قويماس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ئۇلارنىڭ سىرتقا چىقماسلىقىنى ناھايىتى بەك جېكىلىگەن تۇرسام، توختا. . . ئۆي ئىچى، ھويلا- ئارام ھازىرلا تازىلانغاندەك تۇرىدۇ، قازاندىكى شورپىغا سالىدىغان دورا-دەرمەكنى تىللاخاندىن باشقا ئۆيگە قارايدىغان كىشمۇ بىلدىغان بولمىغىيتتى!» پاششاخان بۇلارنى ئويلاۋېتىپ يۈرىگى قارتتىدە قىلدى، شۇ چاغدا پاششاخاننىڭ دەرھال ئۆگزىدىكى كەپتەرخانىغا قاراپ باققۇسى كەلدى، چۈنكى تىللاخان باللىق چاغلىرىدا ئاكىسىغا قېيدىۋالغاندا كەپتەرخانىنىڭ ئالدىدىكى كونا كارۋاتتا كەينىنى قىلغىنىچە يەرگە قاراپ ئولتۇرۇۋالاتتى.

پاششاخاننىڭ يادىدا بۇنىڭدىن نەچچە يىل ئالدىدىكى ئۆزىنىڭ جۇڭگودىن قايتىپ كەلگەندە ئۇكىسى تىللاخاننىڭ قېيدىۋالغانلىق ھالىتى شۇ پېتى ساقلىنىغلىق ئىدى. شۇ چاغدىكى تىللاخان بىلەن دېيىشكەن گەپ-سۆزلەرمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ياڭراپ تۇراتتى.

پاششاخان چەكسىز ھاياجانلىنىش ئىچىدە شۇتىنىڭ بالدىقىغا پۇتىنى ئالدى، پاششاخانغا ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆگزە شۇنداق ئېگىز، شۇتىنىڭ بالدىقى تۈگىمەس بىلىنىۋاتاتتى. . .

پاششاخان ئۆگزىگە چىقىپ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىگە ئىشىنەلمەي قالدى، دىگەندەك تىللاخان كەپتەرخانا ئالدىدىكى ئاپتاپ ئىسسىندىغان كونا كارۋاتتا كەينىنى قىلىپ بېشىنى يەرگە ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى. . .

پاششاخان ئىختىيارسىز كۆزىگە مۆللىدە ياش ئېلىپ شۇ ۋاقىتتىكى

ئېيتقان سۆزلىرىنى قايتا تەكرارلاپ سالدى:

- تىللاخان ئۇكام ! مەن كەلدىم! - دېدى پاشاخان كۆزىدىن تاراملاپ ئاققان ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

ئاڭغىچە تىللاخاننىڭ كۆزىدىن ئاققان سېغىنىش يېشى ئۇنىڭ پاكىزە قىرىلغان ساقىلىدىن سىرغىپ ئۆتۈپ كىيىملىرىنى ھۆل قىلىۋەتكەن ئىدى، شۇنداقتىمۇ تىللاخان قىمىرلىماستىن ئولتۇراتتى.

پاشاخان يۈگۈرۈپ كىلىپ ئۇكىسىنىڭ كەينىدىن قۇچاقلىدى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش ئۇكىسىنىڭ مۆرىسىگە يامغۇر كەبى تامچىلايتتى.

- ئۇكام مىنى كەچۈرگىن! - دېدى پاشاخان پەس ئاۋازدا ئىنىكىنى ئۇكىسىنىڭ دۈمبىسىگە يېقىپ تۇرۇپ.

- ئاكا بۇ سەنمۇ؟ - دېدى تىللاخان كۈزلىرىدىن ئاققان ياشنى يېڭى بىلەن سۈرتكەچ ئاكىسىنىڭ قۇلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، - بۇ چۈشۈم ئەمەستۇ ئاكا؟

- ياق ئۇكام، بۇ چۈشۈڭ ئەمەس! ماڭا قارىغىنا تىللاخان!

- ساڭا قاراشتىن قورقىمەن ئاكا، مىدىرلىساملا چۈشۈمدىن ئويغۇنۇپ كىتىدىغاندەك! سەن راست قايتىپ كەلدىڭمۇ ئاكا؟!

- شۇنداق ئۇكام، ئەمدى ھېچيەرگە بارمايمەن، ماڭا قارىغىن چىرايىڭنى بىر كۆرەي!، - دېدى پاشاخان كۆزلىرىدىن ئاققان ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

- ئەمىسە ماڭا ۋەدە بەرگىن!

- ماقۇل ئۇكام، ساڭا ۋەدە بېرەي!

تىللاخان ئۆرۈلۈپ ئاكىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

- بۇ كۆنلەرمۇ كىلىدىكەن ئاكا ! ئەمدى بىزنى تاشلاپ كەتمىگىن. . .

- بولىدۇ ئۇكام، ئەمدى نەگە بارسام سىنى بىللە ئېلىپ ماڭىمەن.

پاششاخان ئۇكىسىنى بەكلا سېغىنغان ئىدى، ئۇلار ئۆگزىدە ئۇزۇنغىچە قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى.

پاششاخان ئۇكىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئەسلى ھالىتىگە كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكى يېرىلغۇدەك خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇلار ئۆگزىدە ئۇزۇنغىچە قۇچاقلىشىپ كۆز يېشى قىلىشتى.

مانا بۇ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ «ئاللاھ يۇلىدا ئاكا-ئۇكا بولۇشقانلار»غا بەرگەن يەنە بىر قىممەتلىك كاتتا سوۋغىتى ھەم بۇ خىل مېھرلىك كۆرۈشۈشنىڭ كىشى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە قايتا تەكرارلىنىشى ئىدى.

ئاخشىمى ئۇلار ئۇزۇنغىچە ئۇخلىماي چەكسىز خۇشاللىق ئىچىدىكى بۇ ھاياجانلىق مىنۇتلاردا ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىشىپ پاراڭلىشىپ ياتتى، پاششاخانمۇ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە ئېيتىپ بەردى.

- شۇ قېتىم تاپانچامدىن قانداق بولۇپ ئوق چىككەنلىكىنى بىلمەيمەن، - دېدى تىللاخان ئېغىر ئۇھ تارتىپ- قارىسام ئېغىزىڭدىن توختىماي قان چىقىۋاتىدۇ، بۇ ھالىڭنى كۆرۈپ باشتا سىنى ئۆلۈپ كىتىدىغان بولدى دەپ ئويلاپ ئۆزەمنى ئېتىۋېلىشنى ئويلىدىم، مەن ئۇ ئىشلارغا زادى بەرداشلىق بىرەلمىدىم، كىيىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، كېچىچە پەقەت چۈشۈمدە مۇشۇ ئۆينى كۆرۈپ سىنى ئۆيمۇ-ئۆي ئىزدەپ چىقتىم ئەتتىگەن ئويغانسام مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپتىمەن، لېكىن ئىشلار بىر خىل نورمال ئەمەستەك، دەرھال ئۆيدىكى ناتونۇش

كىشــىدىن بۇ قايســى چاغ دەپ ســورىســام ئۇ باشــقىچە گەپ قىلىپ يۈرۈيدۇ، شـۇنىڭ بىلەن سىرىتقا چىقىپ باشقىلاردىن ئۇقۇشۇپ نەچچە يىـلـنىــڭ بىـر مىـنۇتـتـەك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلــدىم، بۇ جەرياندىكى ئىشلاردىن بىرىمۇ ئىسىمدە يوق ئاكا!

- شۇنداق، سەن خاتىرەڭنى يۇقاتتىڭ، بۇ جەرياندىكى ئىشلارنى ئېسـىڭگە ئالالمايسـەن، ئېسـىڭگە ئېلىشىڭنى مەنمۇ خالىمايمەن ئۇكام، ئەمدى بىز ۋاقىتنى چىڭ تۇتايلى، بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇش بىزگە خەتەر ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلار گەرچە مىنى تونىيالمىغان بىلەن سـىنى ھەرۋاقىت تونۇۋېلىشــــى مۇمكىن، شـــۇڭا ئەتىلا ئىككىمىز ئىككى يولغا ماڭايلى، ھېلىقى بورھـانبەگنىـڭ يۇرتىدىكى مازارلىققا كۆمۈلگەن ئۈچ ســــاندۇق ئالتۇن ئىسىڭدە بارمۇ؟

- ھەئە ئىسىمدە بار، تۇغ قادالغان قەبرە ئاستىدىغۇ؟

- توغرا دېدىڭ، سـالاسۇنغا«ئەلى شەيخ» دەپ ئويۇلغان، ئەمدى ئۇنى ئىشـلىتىدىغان ۋاقىتمۇ كىلىپ قالدى، ئارىدىن ئۇزۇن يىل ئۆتۈپ كەتتى، شـۇڭا سـەن بېرىپ ئۇنىڭ بار-يوقلىقىنى ئۇققىن، مەن ئەتىلا تاغ تەرەپكە چىقىپ باقاي، بەرناخان ماڭا شـۇ يەردە باردەكلا بىلىنىدۇ ئۇكام!

- كۆڭلۈڭ بۇنى تۇيغان بولســا دەرھال يولغا چىققىن ئاكا، ئويلاپ باقسـام بەرناخاننىڭ بىزگە قىلغان ياخشـىلىقى ئاز ئەمەسـكەن، سىنىڭ تۇيغۇڭ ئەزەلـدىن خـاتـا چىققـان ئەمەس، مېنىڭچە بەرنـاخـان چوقۇم ھايات، ئۇ سىنى شۇ يەردە ساقلىۋاتىدۇ ئاكا!

شـــۇنــداق قىلىــپ ئۇلار يېرىم كېچىــدىن ئـاشـــقـانــدا ئـانــدىن پاراڭلىششتىن توختاپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

* * * * *

بەرناخان بۈگۈن ئاخشام تاغ-تۈرادىكى بۇ كونا تۇرالغۇسىدا ئۇيان ئۆرۈلۈپ ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى، پاششاخان گەرچە بۇ زېمىندىن كەتكىنىگە بىر قانچە يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ لېكىن بەرناخانغا پاششاخان ھازىرلا كېلىدىغاندەك بىلىنىپ قېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ يۈرىگى سېلىپ بارغانسېرى ئۇيقۇسى قېچىشقا باشلىدى، ئۇ ياستۇق ئاستىدىكى يوسۇفۇرلۇق يانچۇق سائىتىگە قاراپ سائەتنىڭ ئۈچتىن ئاشقانلىقىنى بىلىپ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئەينەكلىك ئاسما چىراقنى ياقتى، ئاندىن كۆڭلىدىكى تۈيغۇسىغا ئاساسەن چىراقنى كۆتۈرگىنىچە پۈتىنىڭ ئۇچىدا يېنىك دەسسەپ سىرتقا چىقتى.

«كېچىدىكى غۇي-غۇي تاغ شاملى بەرناخاننىڭ يېپىنچىسىنى سىلكىپ بوش چىگىلگەن ياغلىقىدىن چىقىپ قالغان سۇمبۇل چاچلىرىنى ھەريانغا پۇلاڭلىتاتتى. ھۇشيار ياتقان ئالا بويناق ئىت ئۇنى كۆرۈپ قۇيرىقىنى شىپاڭلاتقىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى، بەرناخان ئالا بويناق بىلەن بىرگە ئۆينىڭ ئالدىدىكى قويۇق ئوت باسقان دۆڭلۈككە چىقىپ پاششاخاننىڭ كېلىدىغان يولغا قاراپ تۇردى، ئاسماندىكى تولۇن ئايمۇ خۇددى بەرناخاننىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك پۈتۈن ئەتراپنى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى.

بەرناخان يورۇق ئايدىڭغا قارىماستىن چىراقنىڭ پىلىكىنى تېخىمۇ چىقىرىپ ئۇنى بىر قولىدا كۆتۈرگىنىچە دۆڭ ئۈستىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن ئۆرە تۇردى، بەرناخاننىڭ چىراغ كۆتۈرۈۋالغان بىلىكىدىكى ئىز قوغلىغۇچنى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئوپراتسىيە قىلىپ ئېلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ بىلىكى ئاسانلا تالىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى، ئۇ

چىراقنى يېنىدىكى چوڭ قۇرام تاشنىڭ ئۈستىگە مۇقىمداپ قويۇپ ئۆزى ياندىكى كىچىك قۇرام تاشقا كىلىپ ئولتۇردى، ئالا بويناقمۇ بەرناخان بىلەن تەڭ قۇيرىقىنى شىپاڭلىتىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى، بەرناخان ئۇنىڭ بۇ خىل ئوماق ھەركىتىدىن زوقلىنىپ ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ ئۇنى ئەركىلەتتى. تۇيۇقسىز ئالا بويناق ئالدى تەرەپكە بېشىنى سوزۇپ بىر ئىككىنى قاۋاپ قويدى-دە ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ كەتتى، بەرناخان ئالا بويناقنىڭ بۇنداق يۈگۈرۈپ كىتىشىدىن پاششاخاننى قايتىپ كەلدىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ نەچچە يىلدىن بىرى پاششاخانغا ساقلاۋاتقان يۈرىگى ئىككى ھەپتىدىن بۇيان مۇشۇنداق رېتىمسىز سوقۇۋاتاتتى، ئۇ خۇشاللىقىدىن قۇرام تاش ئۈستىدىكى چىراقنى قولىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىككى يانغا يىنىك پۇلاڭلاتتى.

پاششاخان يىراقتىكى تۆپىلىكتە بەرناخاننىڭ ئۆزىگە ساقلاپ چىراغ كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ ئېتىغا قامچا سالدى، ئاڭغىچە ئالا بويناق قۇيرىقىنى شىپاڭشىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كىلىپ بولدى، «ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ھەقىقەتەن چەكسىز ئىدى، ئادەم تۇتمىغاننى ئىت تونۇيدۇ ئەمەسمۇ؟!» پاششاخان ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ئالا بويناقنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئۇنى ئەركىلەتتى. ئۆز ۋاقتىدىكى ئىنىك ئانا سېتىۋەتكەن قارا بويناقنىڭ نەسلىدىن بولغان بۇ ئالا بويناق گەرچە پاششاخاننى تۇنجى قېتىم كۆرگەن بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭغا قۇيرىقىنى شىپاڭشىتىپ يېقىنچىلىق قىلىپ ئەركىلىۋاتاتتى، پاششاخان يەنە ئېتىغا مېنىپ سۈرئەتنى تىزلەتتى.

ساقلى پاكىزە قىرىلغان ئەسلى ھالەتتىكى پاششاخان كۆرۈشمىگىلى نەچچە يىل بولغان مەشۇقى بەرناخاننى يىراقتىن كۆرۈپ ئاتتىن سەكرىگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى، ئاشىقىنىڭ دەردىدە

تولا يىغلاپ كۆزىدىن ئايرىلاي دەپ قالغان بەرناخانمۇ ياشلىرىنى مارجاندەك ئاققۇزۇپ ئۆزىنى پاشاخاننىڭ باغرىغا ئاتتى. . .

پاششاخان بەرناخاننى قۇچىقىغا ئېلىپ توغرىسىغا كۆتۈرۈۋالدى، بەرناخانمۇ ئەركىلىگىنىدىن ئىككى قولىنى پاششاخاننىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالغان ئىدى، بەرناخان ئۇنىڭ قولىقىغا ئېغىزىنى يېقىپ تۇرۇپ ناماز ۋاقتىنىڭ بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆزىنىڭ سۇرە ياسىنىنىڭ قىرائىتىنىڭ بەكلا ئاڭلىغۇسى بارلىقىنى پىچىرلىدى، بۇنى بىلگەن پاششاخان كىچىكە تولغان بىر قولىدا بەرناخاننى قۇچاقلىغىنىچە يەردىن دەس كۆتۈرۈپ ئېلىپ يەنە بىر قولى بىلەن كەينىگە كىرىۋالغان ئالا بويناقنى ئېگىشىپلا ئۈۋىسىغا باغلاپ قويدى. ئاندىن بەرناخاننى كۆتۈرگىنىچە خۇشپۇراق تارقىلىپ تۇرغان ئۆينىڭ ئىچىگە ئەكىردى. . .

پاششاخان باغرىغا چىڭ بېسىۋالغان بەرناخاننى سۇپا ئۈستىدىكى تولا ناماز ئوقۇلۇپ ئۇپىرغىنىدىن يىرتىلىپ كېتەي دەپ قالغان جايناماز نىڭ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ئۆزى جەينامازدا يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. . . ئاندىن قۇرئاننى مەيدىسىگە تېڭىپ قۇرئاننى ئارقا-ئارقىدىن سۆيۈپ كەتتى. . .

بۇ بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مۇھەببىتى، رەھمەت- شۈكۈرى يۈزىسىدىن ئاللاھقا يىغلىغان كۆز ياشلىرى ساماۋى ئالەمدە يۈرىۋاتقان پەرىشتىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىۋاتاتتى، ئۇلار بەس-بەستە مۇنازىرىگە چۈشۈپ بىر-بىرىدىن سوراشتى : «بۇ جايدا بۇرۇنمۇ بىر جۈپ ياش مانا مۇشۇنداق ئۇسۇلدا كۆرىشەتتى، بۇلارنىڭ گەپ-سۆزىمۇ، ھەركىتىمۇ شۇلارنىڭكىگە ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ، بۇلار زادى كىملەردۇر؟» بۇ چاغدا يەنە بىر پەرىشتە پىخىلداپ كۈلگىنىچە چاڭىلداپ كەتتى: « كىم بۇلاتتى، تۈركمەنىستان خاندانلىقىنىڭ باش

سانغۇنى، ئاللاھنىڭ ئەزىزى ئەشۇ پاششاخانىنىڭ دوستلىرى- ياۋۇزبەگ بىلەن مەلىكە كۆن چېچەكنىڭ پەرزەنتلىرى ئەمەسمۇ!؟»

ئۇلار شۇئان بۇ خۇشخەۋەرنى بىھىشباغدا سەيلە قىلىۋاتقان ئىككى ئاشىق-مەشۇققا يەنى ياۋۇزبەگ بىلەن مەلىكە كۆنچېچەكنىڭ روھىغا يەتكۈزۈشتى، ئاشىق-مەشۇق روھلار بۇنى ئاڭلاپ دەرھال قول تۇتۇشقىنىچە ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك پارىلىرىنى كۆرۈشكە ئالدىرىدى. . .

ئۇلار پاششاخان بىلەن بەرناخانىنىڭ جەينامازدا ئولتۇرۇپ ئاللاھنى زىكرى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشۈپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى، ئاندىن ئۆزلىرىنى ئورىۋېلىشقان پەرىشتىلەرگە «ئۇلار بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز بولىدۇ!» دەپ پەخىرلەنگىنىچە ئۈنلۈك ئېيتىشتى، شۇ چاغدا ئىنىك ئانىنىڭ روھى قاياقتىندۇر پەيدا بولۇپ كىلىپ «ياق، ئۇلار مىنىڭغۇ !» دەپ كۈلگىنىچە مەلىكە كۆن چىچەكنىڭ پىشانىسىگە سۆيدى. . .

مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە پاششاخانىنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان سۈرە ياسىنىنىڭ مۇڭلۇق قىرائىتى تاغ-داللاردىن ئېشىپ پۈتۈن تۈركمەنىستان زىمىنىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇۋاتاتتى. . .

ئېغىر ئۇيقۇدىكى يۈرەكلىرى شىكەستىلەنگەن بۇ خەلق پاششاخانىنىڭ قەلبلەرگە راھەت بىرىدىغان قىرائىتىنى تىڭشاپ زۇلمەت قاراڭغۇدا يەنە بىر قېتىم چىراقلىرىنى ئاستا-ئاستا سىيلىشتۇرۇشقا باشلىدى. . .

## خاتىمە

شۇندىن ئېتىبارەن دۇنيادىكى ئەڭ رەھىمدىل ۋە ئەڭ رەھىمسىز بۆرە يۈرەك يىگىت پاششاخان باشچىلىقىدىكى «تۈركلەر ئىتتىپاقى» زۇلمەت باسقان تۈركمەنىستان زېمىنىدىكى مۇستەقىللىق ھەركىتىنى بىر مىنۇتمۇ توختاتمىدى. . .

تۈركمەنىستانىنىڭ كوچا-كويىلىرى ئۆز يۇرتىغا كىتىشنى خالىماي تۈركمەنىستانىنى ئەزەلدىن رۇسىيەنىڭ ئۆز زېمىنى دېگەن شوئارغا ئىشىنىپ كەتكەن ئەخمەق رۇس پۇقرالىرىنىڭ شۇنداقلا مىللەتچىلىكى چېكىدىن ئاشقان رۇس ئەمەلدار-ھەربىيلىرىنىڭ قېنىغا بويالدى. . .

شەھىدلەرنىڭ قېنى دەريا بولۇپ ئاقتى. . .

«زۇلمەتلىك تۇپراق» تېخى تۈگىمىدى يەنە ئۇنىڭ يېزىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن -نۇرغۇن ھېكايىلىرى بار. . . پاششاخانىنىڭ ئىران پەھلەۋى خاندانلىقىدىكى ئاجايىپ ھېكايىلىرى، ئۇنىڭ «كىراۋىن ھەربىي تۈرمىسى» گە كىرىپ پانالانغۇچە بولغان ئارلىقتىكى ئامېرىكا قارا جەمئىيىتىدىكى خەتەرلىك سەرگۈزەشتىلىرى، ئاخىرىدا دۇنيانى زىل-زىلىگە سالغان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇكرائىنادىكى «چېرنوبىل يادرو ئېلىكتىر ئىستانسى» ۋەقەسىنىڭ باش جىنايەتچىسى يەنى يەتتە مىڭدىن كۆپرەك ئۇكرائىنالىق رۇس پۇقراسىنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەپچى بولغان دۇنيادىكى ئەڭ رەھىمسىز ئادەم پاششاخانىنىڭ خەلقئارا سوت تەرىپىدىن سوتلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ يەنە ھايات قېلىشى. . . ۋاھاكازالار. . .

ئۈزنى دۇنيادا تەڭداشسىز چاغلاپ باشقا مىللەتلەرنى ئۆزىگە بېقىندى قىلىشنى مەقسەت قىلغان بۇ تەكەببۇر رۇس ھاكىمىيتى مۇستەملىكە رايۇنلاردىكى ئۆزلۈكسىز ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پارتىزانلىق ئۇرۇشلارنىڭ زەربىسىدە كۈندىن-كۈنگە ھالسىراشقا باشلاپ بۇلالماي قالدى. . .

ئۇنىڭ ئۈستىگە سانسىز بىگۇناھلارنىڭ خۇن قەرزىگە بۇغۇلغان سوۋېت ھاكىمىيتى ئامېرىكىنىڭ ناھايىتى ئۇستاتلىق بىلەن باشلىغان ھەربىي ھازىرلىقلار جېڭىگە بەرداشلىق بېرەلمەي 1990-يىلى پارچىلىنىپ ئاخىرى ئۈزۈل -كېسىل مەغلۇپ بولدى. . .

شۇندىن كېيىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مۇستەملىكە رايونلىرىنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ مۇستەقىللىق ئېلان قىلىپ ئىنسانىي ياشاش ھۇقۇقىنى قولغا كەلتۈردى. . .

بۇ ئەسەر 2012-يىل 12-ئاينىڭ 20-كۈنى خوتەن قاراقاشتا تاماملاندى، 2013-يىل 6-ئاينىڭ 15-كۈنى ئېلكىتابى ئىشلەپ تارقىتىلدى.

# زۇلمەتلىك تۇپراق

ئاپتورى: ئابلىمىت غوجابدۇللا قاراقاش(شەيخىم)

تېلېفون نومۇرى: 18690304949

QQ ئالاقە نومۇرى: 1569249255

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: قۇتاد تورىدىن تەشنا

ئېلكىتاب فورماتى: 184×260 مىللىمېتىر 1/16

مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: قۇتادغۇبىلىك مۇنبىرىدىن تەشنا

# زۇلمەتلىك تۇپراق

**ئابلىمىت غۇجابدۇللا قاراقاش (شەيخىم)**

مەزكۇر ئەسەرنى ياقتۇرغان بولسىڭىز، ئاپتورغا كۆڭۈل ئىزھار قىلغايسىز !

**پوچتا بانكىسى** 邮政银行
阿卜力米提・霍加阿卜杜拉
6221888960000957686

**سودا سانائەت بانكىسى** 工商银行
阿卜力米提・霍加阿卜杜拉
6222023015001123178

مەزكۇر ئېلكىتابتىكى ئۇچۇرلارنى ئاپتورنىڭ رۇخسىتىسىز، ئۆزگەرتىشكە، سودا ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولمايدۇ، بايقىلىپ قالسا قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ.